نەبجان تۇرسۇن ئەسەرلىرى

# قانلىق تارىخ

# ئاچچىق ئەسلىمە

1 ـ توپلام

# مۇندەرىجە


تارىخ ــ پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى نەبىجان تۇرسۇن ھەققىدە ........................................................................ 1

چېگرا ھالقىغان خىياللار.......................................................................................................... 12

موسكۋا خىياللىرى............................................................................................................... 25

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ــ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭمۇ پاجىئەسى ...................................... 186

رۇسىيەدە 20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى...................... 213

ستالىنىنىڭ ئاتوم بومبىسى ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئېچىلمىغان سىرلىرى ............................................ 239

چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەر ..................................................................................... 314

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەتقىقاتىغا ئائىت مەسىلىلەر ......................................................................... 434

ئاق ساراي خىياللىرى............................................................................................................ 459

جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسى ئېتنوگېنېزى.......................................................... 516

ئوتتۇرا ياۋرو ـ ئاسىيادىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر............................................................................. 522

مۇرات ناسىروف ھەققىدە ........................................................................................................ 533

مۇرات ناسىروف ۋە مەن .......................................................................................................... 563

مۇرات ناسىروفنىڭ ۋاپاتىغا ئىككى يىل توشقاندا.............................................................................. 604

ئوش پاجىئەسى قىزىل ئىمپېرىيىنىڭ مىراسى ............................................................................... 616

تۈركىستان مۇختارىيىتىدىن مۇستەقىل تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىگىچە .................................................... 645

# تارىخ ــ پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى

# نەبىجان تۇرسۇن ھەققىدە

## نەبىجان تۇرسۇننىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى

تارىخ پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى، ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي-مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتچىسى. ئاپتورنىڭ «موسكۋا خىياللىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئوچېركى، 1995-1998-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا «تەڭرى تاغ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «بوستان»، «تەقدىرداشلار» قاتارلىق ژۇرناللاردا تەكرار ئېلان قىلىنغان ھەمدە خەلق ئىچىدە توپلام سۈپىتىدە تارقىتىلىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاپتور كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان. ئۇنىڭ ئىلمىي-ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئىلگىرى-كېيىن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىشچىلار گېزىتى»، «تەڭرىتاغ ژۇرنىلى»، «ئاسىيا كىندىكى»، «بىزنىڭ دوكتورلىرىمىز»، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيىسى، «ئۇيغۇر ئاۋازى»(قازاقىستان)، «يېڭى ھايات گېزىتى »(قازاقىستان)، «قىرغىز تۇغى» (قىرغىزىستان-بىشكەك)، «پىئونېر»( ئامېرىكا)، «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ غەربىدىكى مۇسۇلمانلار رايونى»(ئامېرىكا) قاتارلىق كىتاب ژۇرناللار ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە تونۇشتۇرۇلغان، ئۇندىن باشقا رۇسچە، ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، ئۆزبېكچە توربەتلەردىمۇ ئالىمىمىزنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئىش-پائالىيەتلىرىنى ئۇچرىتالايمىز.

نەبىجان تۇرسۇن 1990-يىلىدىن 1996-يىلىغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى (1992-يىلىدىن كېيىن رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا-ئۇيغۇر تارىخى بويىچە ئوقۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان بولۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، موسكۋا شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرىدا دەرس بەرگەن ھەمدە ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان. 2001-يىلىدىن ئېتىبارەن ئامېرىكىدىكى جونس ھوپكىنس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا-كاۋكازىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، غەرب دۇنياسى بويىچە تۇنجى ھەم ئەڭ چوڭ ئۇيغۇر تەتقىقات قۇرۇلۇشى تەركىبىدە باشقا 17 نەپەر ئامېرىكا ئالىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپ، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان تەتقىقات ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغان. ئۇ 1912-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە بولغان سىياسىي تارىخ ۋە كونتروللۇق ئىستراتېگىيىسى ۋە 20-ئەسىر ئۇيغۇر مىللىي تارىخشۇناسلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ياۋرو-ئاسىيادىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ناملىق مەخسۇس تەتقىقاتلىرىنى ئورۇنلىغان.

2004-يىلى نەبىجان تۇرسۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان 18 ئامېرىكىلىق ئۇيغۇرشۇناسنىڭ بىرلەشمە ئىلمىي ئەمگىكى «شىنجاڭ جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار چېگرا زېمىنى» دېگەن نام ئاستىدا ئوتتۇرا ئاسىيا -كاۋكازىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، ئاتاقلىق ئالىم فرەد ستارنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابتىكى ئىككى باب نەبىجان تۇرسۇن بىلەن ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناسلاردىن جامەس مىللىۋارد ھەم گاردنەر بوۋىڭدوننىڭ بىرلەشمە قەلىمىگە مەنسۇپتۇر. مەزكۇر كىتاب ھازىر غەرب دۇنياسىدىكى ئۇيغۇر ئېلى ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەڭ تولۇق ۋە كۆپ مەلۇمات بېرىدىغان نوپۇزلۇق ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دوكتور نەبىجان تۇرسۇن بۇنىڭدىن باشقا يەنە يېقىنقى يىللاردىن

بۇيان شەرقىي ئوكلاخوما ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى، چەتئەل ئىنستىتۇتى، ئوكلاخوما دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شەرق- غەرب مەركىزى، ئوتتۇرا ئاسىيا-كاۋكازىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى قاتارلىق ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قانچە قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ، ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىي مەسىلىرى ھەم ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىكى مەسىلىلىرى ھەققىدە دوكلات قىلغاندىن سىرت يەنە ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ سىياسەت تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن بىرى شەرق-غەرب مەركىزىنىڭ مەخسۇس تەتقىقات لايىھىسىگە قاتنىشىپ، «ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىكىنىڭ شەكىللىنىش» دېگەن تېمىدا ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ 20-ئەسىر ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىكىنىڭ تارىخى ۋە «ياۋرو-ئاسىيانىڭ خەستىلەنگەن يۈرىكى» ناملىق كىتابلىرى پۈتۈش ئالدىدا.

## «موسكۋا خىياللىرى»دىن «ئاق ساراي خىياللىرى»غىچە

ئالىم نەبىجان تۇرسۇن ئىنتايىن زېچ ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقات سىجىللىقى ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپمۇ، ئۆز مىللىتىگە قەلب ھېسلىرىنى بىلدۈرۈشنى، ئۆز مىللىتىنى قاراڭغۇ تارىختىن خەۋەردار قىلىشنى، ئۆز مىللىتىنى تەربىيىلەشنى بىر دەقىقىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ئالىم ئامېرىكىغا ئىلمىي پائالىيەت ئۈچۈن تەكلىپلىك بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ «موسكۋا خىياللىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي خاتىرىلىرىدىن كېيىنكى «ئاق ساراي خىياللىرى» ناملىق يېڭى ئەدەبىي خاتىرىسىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى تاماملىدى. بۇ ئەسەردە ئۇنىڭ ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىنكى كۆرگەن-بىلگەنلىرى، ئاڭلىغان ۋە ھېس قىلغانلىرى ھەم ئۇنىڭ ئۇيغۇر سىياسىي-ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەپەككۇرلىرى ھەم كۆز قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەزكۇر ئەسەر ئون ئۈچ باب بولۇپ

(ئىنتېرنېت توردا ئىككى بابى ئېلان قىلىنغان) بابلار مۇندەرىجىسى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى باب: قىتئەلەر ئاتلاپ
ئىككىنچى باب: ئاق ساراي ئالدىدىكى يىغا ئاۋازى
ئۈچىنچى باب: ئەركىنلىك ئىلاھى يىغلايدۇ
تۆتىنچى باب: ئامېرىكىنى ئۇيغۇرلار تاپقان
بەشىنچى باب: دوللار ۋە ئەقىل
ئالتىنچى باب: كۆكرىزى روھى نىيوركتا
يەتتىنچى باب: ئاخىرقى بىر ئىندىئان ۋە ئۇيغۇرلار
سەككىزىنچى باب: ھۆرلۈك ياشلىرى
توققۇزىنچى باب: كرېمىلدىن ئاق سارايغىچە
ئونىنچى باب: ۋاشىنگتون ۋە ۋەتەن سەھرالىرى
ئون بىرىنچى باب: خىياللار چوڭقۇرلاشماقتا
ئون ئىككىنچى باب: تارىخ كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ
ئون ئۈچىنچى باب: مىراسخور خىياللار

ئاپتور بۇ ئەسىردە، ئۆز ھاياتىدا ئۇچراتقان، ھەمسۆھبەتتە بولغان تۇرلۇك سەۋىيە ۋە سالاھىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزگە خاس بولغان سىماللىرىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوي پىكىرلىرىنى ئۆز پېتىچە تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بەدىئىي ۋاستىلەر ھەم ئۆزگە خاس ئۇسلۇب قوللىنىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ھەققىدە تەپەككۇرلىرىنى ئەسىردە ئورۇن ئالغان رېئال شەخسلەرنىڭ تەپەككۇرلىرى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشقدۇ. دوكتور نەبىجان تۇرسۇننىڭ يېڭى ئەسىرى «ئاق ساراي خىياللىرى» نى ئەمەلىيەتتە «موسكۋا خىياللىرى» نىڭ داۋامى دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

## غەرب دۇنياسىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان غەرب دۆلەتلىرىدە ئۇيغۇرلارغا بولغان قىزىقىشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېت ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى مەخسۇس ئوقۇ-ئوقۇتۇش ھەم تەتقىقات پائالىيەتلىرى قانات يايماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك مەسىلىلىرىنى ئىلمىي ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئۈچۈن شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمۇ قوزغالماقتا. بۇ جەھەتتە، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئەڭ ئالدىدا بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ خارۋارد، ئىندىئانا، كانساس، ستانفورد قاتارلىق بىر قىسىم ئاتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا مەخسۇس ئۇيغۇر تىلى پروگراممىلىرى تەسىس قىلىنغان. مەزكۇر بىلىم دەرگاھلىرىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ماگىستىر ۋە دوكتور ئاسپىرانتلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر تىلىغا ھەم ئۇيغۇرلارغا قىزىقىدىغان، ئەسلىدە خەنزۇ ۋە ياكى تۈرك، ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي تىللارنى ئۆگەنگەنلەرمۇ ھەر خىل سەۋىيىدىكى كۇرسلار بويىچە ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنمەكتە.

ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئامېرىكا قاتارلىق بىر قىسىم غەرب ھۆكۈمەتلىرىمۇ ئۇيغۇر تىلىنى خەتەر ئاستىدا قالغان شۇنىڭدەك ئىستراتېگىيىلىك تىللار قاتارىغا كىرگۈزگەن بولۇپ، بۇ تىلنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتقان. نۆۋەتتە، يەنە ياپونىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق سەككىز سانائەتلەشكەن دۆلەتلەر ئىتتىپاقىدىكى بىر قىسىم مەملىكەتلەردىمۇ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش يولغا قويۇلماقتا.

لېكىن، غەرب دۇنياسىدا تاكى ھازىرغىچە ھەممە ئېتىراپ قىلغان،

سىستېمىلىق بىرەر ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىپ باقمىغان بولۇپ، پەقەت بىر قانچە سۆزلىشىش خاراكتېرلىك دەرسلىكلەر ھەم بىر قانچە لۇغەت ئېلان قىلىنغاندىن باشقا بۇ ساھەدە كۆرۈنەرلىك ئەمگەك يورۇقا چىقمىغان ئىدى.

يېقىندا بۇ بوشلۇق دوكتور نەبىجان تۇرسۇن تەرىپىدىن تولدۇرۇلدى. ئۇنىڭ بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان «Uyghur Reader» (ئىنگلىزچە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى) دەپ ئاتالغان كىتابى ئامېرىكىنىڭ مارىلاند شتاتىدىكى دونۋۇئودى نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىنىپ سېتىلىشقا باشلىدى. ئىنگلىز تىلىدا تارقىتىلىدىغان خەلقئارالىق شىنجاڭ تەتقىقات ئۇچۇر-ئالاقە تورىدا ئامېرىكىدىكى جورجتوۋن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىنجاڭ تارىخى پروفېسسورى جەمىس مىللىۋاردنىڭ بۇ كىتاب ھەققىدىكى قىسقىچە ئۇچۇرىدا كۆرسىتىلىشىچە، دوكتور نەبىجان تۇرسۇننىڭ بۇ كىتابى 45 تاللانمىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مۇتلەق كۆپچىلىك تاللانمىلار ئاپتور تەرىپىدىن بىۋاسىتە يېزىلىپ، تەييارلانغان ياكى ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى يازغان ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان، بىر قىسىم تاللانمىلار بولسا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى قازاقىستان قاتارلىق مەملىكەتلەردە نەشر قىلىنغان كىتابلار ۋە مەتبۇئاتلاردىن قىسقارتىپ ئېلىنغان. كىتاب قاتتىق مۇقاۋىلىق بولۇپ، جەمئىي 253 بەت. كىتابنىڭ باش قىسمى ئىنگلىز تىلىدىكى كىرىش سۆز، ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات، ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى ھەققىدە قىسقارتىلما بايان، ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە گىراماتىكا ئاتالغۇلىرى، پايدىلانغان ئەسەرلەر تىزىملىكى ۋە كىتابقا ئىشلىتىلگەن گىراماتىكىلىق ئاتالغۇلارنىڭ قىسقارتىلمىسىغا ئىزاھات قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىز تىلىدا تەييارلانغان. كىتابنىڭ باش قىسمىلىرىدا يەنە نەبىجان تۇرسۇننىڭ قىسقىچە ئىلمىي تەرجىمىھالىمۇ تونۇشتۇرۇلغان، ئىككىنچى قىسمى تاللانمىلاردىن ئىبارەت

بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى، ئېتنوگرافىيىسى، مەدەنىيىتى، تارىخى، ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىياتى، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تېبابەتچىلىك، ھاۋا رايى ھەم جۇغراپىيىلىك مۇھىت قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلار ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. تېكىستلەر ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە يۈزلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ھەر بىر تېكىستنىڭ ئاستىغا مۇھىم خام سۆزلەر شۇنىڭدەك تېكىستتە ئۇچرايدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە ۋە لوگىكىلىق مەسىلىلەرگە شۇنىڭدەك تارىخ، مەدەنىيەت، جۇغراپىيە ۋە باشقا مەسىلىلەرگە ئائىت سۆزلەر ۋە ئاتالغۇلارغا مەخسۇس ئىنگلىز تىلىدا ئىزاھات بېرىلگەن. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ تىل سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

كىتابنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكى بارلىق 45 تېكىستنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدىن ئىبارەتتۇر. كىتاب ئاخىرىغا بولسا، يەنە مەزكۇر كىتابتا ئۇچرايدىغان بارلىق سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچە–ئىنگلىزچە لۇغىتى بېرىلگەن .

يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، نەبىجان تۇرسۇننىڭ ئوقۇشى ۋە ئاپتورلۇقىدا 45 تېكىست ۋە ئۇنىڭ سۆزلۈكلىرىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدىكى ئاۋازلىق CD پلاستىنكىسىمۇ نەشر قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر «Uyghur Reader» تېكىست ۋە ئاۋازدىن ئىبارەت بىر يۈرۈش ئۆگىنىش ماتېرىيالى بولۇپ، بۇ جەھەتتىمۇ غەرب دۇنياسىدىكى تۇنجى ئەمگەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەزكۇر كىتابنى ئوقۇغان ئامېرىكىلىق ئۇيغۇرشۇناسلار بۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، غەرب جۇملىدىن ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىدىكى دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش ھەم ئوقۇتۇش ئۆلچەملىرىگە لايىق سەۋىيىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئوتتۇرا سەۋىيىدىن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى مۇددىئا قىلغان

تىل ئۆگىتىش ئورۇنلىرىدا مۇھىم دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغانلىقىنى ئېيتىشماقتا.

نۆۋەتتە، يەنە كۆپلىگەن چەتئەللىكلەر بېيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئالىي مەكتەپلەردىمۇ ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنمەكتە. ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغانلارنىڭ سانىمۇ يىلدىن يىلغا ئاشماقتا. ھەتتا، چەتئەللەردىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە تەتقىقاتچىلارمۇ بۇ ساھەدە ئۇرۇمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ھەمكارلىشىش تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقانلىقى مەلۇم. ئەلۋەتتە، ئون مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە ئادەملەر سۆزلەيدىغان، دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي ۋە باي مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇرغان تىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ پارلاق بولۇشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى يەنىلا ئالدى بىلەن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىمىزگە باغلىق. چۈنكى، بۇ تىلنىڭ ئىگىسى بىز، ئۇنى بىز سۆزلەيمىز. چەتئەللىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش باشقا بارلىق تۈركىي تىللارنى ئۆگىنىشنىڭ شۇنىڭدەك ئاسىيا-ياۋروپا جۇغراپىيىلىك بوشلۇقىغا ھېچ تەمتىرىمەي كىرىشنىڭ ئاچقۇچى! چۈنكى، ئۇيغۇر تىلىنى بىلىش، ئۆزبېك تىلى، تۈرك تىلى، ئېزەر تىلى، قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىنى ناھايىتى ئاسانلا ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ تۈنجى قەدىمىدۇر. ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلگەن ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭمىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، بۇ تىلنى بىلىش ئۆزىنىڭ كېيىن جۇڭگوغا داڭلىق يازغۇچى بولۇشىدىكى مۇھىم ئاچقۇچ بولغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ئىدى. نەبىجان تۇرسۇننىڭ بىر قاتار ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ مەزكۇر كىتابى ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

# ئاپتورنىڭ ھازىرغىچە ئېلگىرى كېيىن نەشر قىلىنغان كىتابلىرى ۋە ئاساسلىق ئەسەرلىرى

چەتئەل مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر:

1. جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگېنىزى مەسىلىلىرى. رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1997-يىلى، موسكۋا (رۇسچە)

2. ئۇيغۇر سىياسىي تارىخي مەسىلىلىرى. رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1998-يىلى. موسكۋا (رۇسچە نەشرى)

3. ئۇيغۇر پوئىزىيىسى ( ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرىنىڭ رۇسچە تەرجىمىلىرى توپلىمى). بىشكەك، 2002-يىلى.

4. 1884-1978-يىللىغىچە بولغان تارىخ ۋە كونتروللۇق ئىستراتېگىيىسى ( جامېس مىلىۋارد بىلەن بىرگە)– شىنجاڭ جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار چېگرا زېمىنى. 2002-يىلى، نيورك.(ئىنگلىزچە)

5. تارىخي نۇقتىنەزەرلەر كۆرىشى( گاردنەر بوۋىڭدون بىلەن بىرگە –شىنجاڭ جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار چېگرا زېمىنى. 2002-يىلى، نيورك.(ئىنگلىزچە)

6. ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ۋە مىللەتپەرۋەرلىكىنىڭ شەكىللىنىشى– شەرق-غەرب تەتقىقات مەركىزىنىڭ ۋاشىنگتون شۆبىسى، 2005-يىلى.( ئىنگلىزچە)

7. 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقات پروگراممىلىرى– ئۇيغۇر

پوئىزىيىسى ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالە. 2002-يىلى.( رۇسچە)

8. قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچى ئېتنىك تەركىب مەسىلىسى–يېڭى ھايات گېزىتى، قازاقىستان.

9. جۇڭگودا ماناس تەتقىقاتى – قىرغىز مىللىي ئېپوسى خەلقئارا مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشىدا – رادلوپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 160 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلانغان مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى، بىشكەك، 1998-يىلى. (رۇسچە)

10. ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆز قاراشلىرى– ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالە ( ئىنگلىزچە)، مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيا تەتقىقات ئۇچۇرلىرى ژۇرنىلى،2005-يىلى.

11. تارىخ ۋە ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىكى – ئۇتاھ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالە(ئىنگلىزچە). تۇز شەھىرى، ئۇتاھ شتاتى، ئامېرىكا.

12. تۇرپان ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ قىسقىچە مەدەنىيەت ئوچېركى – ئىنتېرنېت تورى (www.ymyt.com) 2004-يىلى.(رۇسچە)

**ھازىرغىچە ئېلان قىلىغان ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر:**

1. «موسكۋا خىياللىرى» 1995-1998-يىللىرى «تەڭرى تاغ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «بوستان»، «تەقدىرداشلار» قاتارلىق ژۇرناللاردا تەكرار ئېلان قىلىنغان.

2. «شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەر» ئىنتېرنېت توردا بۆلۈپ ئېلان قىلىنغان جەمئىي ئۈچ بۆلۈم.

3. «ستالىننىڭ ئاتوم بومبىسى ۋە ئۇيغۇرلار» ئىنتېرنېت توردا بۆلۈپ ئېلان قىلىنغان.

4. «رۇسىيەدە 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى» ئىنتېرنېت توردا ئېلان قىلىنغان.

5. «ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى – ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭمۇ پاجىئەسى» ئىنتېرنېت توردا ئېلان قىلىنغان.

6. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەتقىقاتىغا ئائىت مەسىلىلەر» ئىنتېرنېت توردا ئېلان قىلىنغان.

7. «چېگرا ھالقىغان خىياللار»

8. «ئاق ساراي خىياللىرى» ئىنتېرنېت توردا بۆلۈپ ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ.

9. «ئوتتۇرا ياۋرو-ئاسىيادىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر» ئىنتېرنېت توردا بۆلۈپ ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ.

10. «ئوش پاجىئەسى قىزىل ئىمپېرىيىنىڭ مىراسى» ئىنتېرنېت توردا ئېلان قىلىنغان.

11. «تۈركىستان مۇختارىيىتىدىن مۇستەقىل تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىغىچە» ئىنتېرنېت توردا ئېلان قىلىنغان.

12. ئىنتېرنېت توردا ئېلان قىلىنغان مورات ناسىۋوف ھەققىدىكى ماقالىلەر.

بۇلاردىن باشقا يەنە ئاپتورنىڭ 100 پارچىغا يېقىن ھەر خىل مەزمۇندىكى ماقالىلىرى ئۇيغۇر، قىرغىز، ئۆزبېك، رۇس، ئىنگلىز تىللىرىدا نەشر قىلىنغان ۋە ئىنتېرنېت توردا ئېلان قىلىغان.

# چىگرا ھالقىغان خىياللار

(ئەدەبىي خاتىرە)

قوللىرىغا پاسپورت ئېلىپ چەتئەلگە چىقماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئاشۇ چېگرادىن ئۆتىدىغان مىنۇتلارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ جىددىيلىشىپ يۈرگىنىنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۇلارغا تەسەللى بەرگۈڭىز، سەپىرىگە ئاق يول تىلىگىڭىز كېلىدىغاندۇ؟ ئاشۇنداق گۈزەل پۇرسەتكە سىزنىڭمۇ ئېرىشكۈڭىز كېلىدىغاندۇ؟!

1990-يىلى 23-مارت. بېيجىڭدىن ئۇچقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانى شۇ كۈنى موسكۋا ئايرودرومىغا چۈشۈپ، تاموژنىدىن ئۆتۈپ سىرتقا چىققاندىن كېيىن، موسكۋا كېچىسىنىڭ نەمخۇش ھاۋاسىدىن تۇنجى نەپەس ئالغاندا، كاللامدا چاقماق تېزلىكىدە «يالت» قىلىپ ئۆتكەن بىچارىلىك، تەنھالىق، مۇساپىرلىق تۇيغۇلىرى مېنى ئىختىيارسىز ھالدا بەش مىڭ كىلومېتىر يىراقتا قالغان ئاشۇ ئانا ۋەتەن تەرەپكە قاراپ ئېغىر ئۇھ تارتىشقا ھەمدە «ۋەتەن» دىن ئىبارەت مۇقەددەس ئاتالغۇ ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە مەجبۇرلىدى. ئۇ ئون قېتىملاپ دۆلەت چېگرىسىدىن كىرىپ-چىقىپ يۈرۈپ، ۋەتەندىن ۋاقىتلىق ئايرىلىش پىسخىكىسى مەن ئۈچۈن خېلىلا كونىراپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ بىچارىلىك، مۇساپىرلىق تۇيغۇلىرى ھەر قاچان، ھەر مىنۇت مەندىن ئايرىلماي كەلدى.

ۋەتەن دېگەن نېمە؟ ئۇ نېمىشقا شۇنچىلىك مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ؟ ۋەتەن دېگەن بۇ ئىبارە ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن ئىزاھات شۇنىڭدىن

ئىبارەتكى: ۋەتەن كىشى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭ گىراژدانى ھېسابلايدىغان مەملىكەت ياكى ئانا يۇرت. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا زېمىن.

ۋەتەننىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، نەقەدەر مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ۋەتەندىن ئايرىلىپ يات ئەللەرگە قەدەم قويغاندا تېخىمۇ ياخشى بىلىش مۇمكىن. گەرچە ھەممىلا ئىنساننىڭ قەلبى ۋەتەن مېھرى، ۋەتەن مۇھەببىتى، ۋەتەن ساداقىتى بىلەن سۇغۇرۇلغان ھەم بۇ خىل ساداقەت ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي تۇيغۇلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ۋەتىنىدە يۈرگىنىدە ۋەتەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ۋەتەن مۇھەببىتىنىڭ، ۋەتەن قەدرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتمەك تەس. ۋەتەندىن ئايرىلىپ ياشىغان ئاشۇ مۇساپىرلىق كۈنلىرى ھايات لەززىتى گويا تۈزى تەڭشەلمىگەن تائامدەك سىزگە ھۇزۇر بېغىشلىيالمايدۇ. چاڭقىغان دىللارنى قاندۇرالمايدۇ. ھامان تۇرمۇشۇڭ موھتاجلىق، كۆڭلۈڭ يېرىمچىلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. باشقىلارنىڭ گىدىيىپ يۈرۈشلىرىگە قاراپ ئىچى تارلىقىڭ، ھەسەت قىلغۇڭ كېلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئاسمىنىدا لەپىلدەۋاتقان بايراقلىرىغا قاراپ، دۆلەت گېمىنىنى ئاڭلاپ ياش تۆككۈڭ كېلىدۇ.

1990_1991-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمرىلىشىنىڭ ئالدىدىكى موسكۋانىڭ قىيىنچىلىق كۈنلىرىدە، ئۇيغۇرچە لەڭمەن، مانتىلارنى يەپ، ئۇيغۇرچە سۆزلىشىپ، ئۇيغۇرچە ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاپ، ئازراق بولسىمۇ ئۇيغۇرچە تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىپ، موسكۋا ھاياتى ئۇچۇن مەنىۋى ۋە جىسمانىي ئېنېرگىيە توپلاش مەقسىتىدە پات-پات ئالمۇتاغا باراتتىم. ئۇ يەردە ياشايدىغان يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئائىلىسى كىشىگە ياۋروپا ئۇسلۇبى ئارىلاش ئۇيغۇرچە ھاياتتىن لەززەت بېرەلەيتتى. موسكۋادىن ئالمۇتاغا كۈندە بىر قېتىم ئايروپىلان ئۇچاتتى. بىلەت باھاسىمۇ ناھايىتى ئەرزان بولۇپ، شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا سەۋىيىدە مائاش ئالىدىغان بىر كىشى مائاشىغا ئىككى قېتىم موسكۋاغا بېرىپ كېلەلەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە بىلەت

باھاسى يۇقىرىلاپ 250 ئامېرىكا دوللىرى سەۋىيىسىگە يەتتى. ئەينى ۋاقىتتا بېلەت باھاسى ئاشۇنداق ئەرزان بولغاچقا موسكۋاغا بېرىپ كېلىدىغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بېلەت بەك قىس ئىدى. لېكىن يەنىلا ھەر خىل چارىلەر بىلەن بېلەت سېتىۋېلىپ سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەتتۇق. ئاۋئاتسىيە قائىدىسى بويىچە چەتئەللىكلەر ئايرىم تەكشۈرۈش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، ئايروپىلانغا چىقاتتى. قىزىق يېرى شۇكى، ئۇ چاغلاردا ھەر قېتىم ئالمۇتاغا بارغاندا مەن پەقەت بىرلا چەتئەللىك بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ئايرىم تەكشۈرۈش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، ئايروپىلانغا چىقاتتىم. قىسقىسى ھەر دائىم دېگۈدەك يالغۇز چەتئەللىك بولۇپ ئۇچاتتىم. ئايروپىلان كۈتكۈچىلىرى ۋە ساقچى خادىملىرى ماڭا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرگىنىدە ئۆزۈمنىڭ چەتئەللىك ئىكەنلىكىمدىن پەخىرلىنىپ كېتەتتىم.

سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، قازاقىستان ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى مۇستەقىل بولۇپ، يەنە بىر قانچە قېتىم بۇ خىل ئۇيغۇرچە ھاياتتىن لەززەتلىنىش سەپىرىمنى داۋاملاشتۇردۇم. بۇرۇن مەن بىردىنبىر چەتئەللىك بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ئايرىم تەكشۈرۈش ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن بولسام ئەمدىلىكتە قاتار ئۆچىرەتلەر پايدا بولغان بولۇپ بىرەر يۈزچە چەتئەللىك ئالمۇتاغا قاراپ ئۇچىدىغان بولغانىدى. ئۇلار ھەر قايسى دۆلەتلەردىن بولۇپ، «كازاقىستان»، «ئالمائاتا» دېيىشىپ قازاقىستان ۋە قازاقلار توغرىسىدا بىر-بىرلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇراتتى. ھەتتا بىر قانچە گېرمانىيىلىك ۋە فرانسىيىلىك مۇھاجىرلار بىلەن تۆت سائەتلىك ئۇچۇش سەپىرىدە سۆھبەتلىشىپمۇ ئۈلگۈردۈم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار بۇرۇن ئۆزلىرى بۈگۈن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان مەزكۇر دۆلەت ۋە مەزكۇر دۆلەتنىڭ ئىگىسى بولغان قازاقلار توغرىسىدا ھېچقانداق ساۋاتقا ئىگە ئەمەسلىكىنى «قازاق» دېسە ئىپتىدائىي چارۋىچى مىللەت كۆز ئالدىغا كېلىدىغانلىقىنى ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. مەن ئاخىردا ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى ئېيتسام، تېخىمۇ ھەيران بولۇپ،

يانچۇقلىرىدىن كىچىك خەرىتىلەر توپلىمىنى چىقىرىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نەدە ياشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشىمنى سورىدى. مەن كۆرسىتىپ بەردىم ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. رۇس تىلىنى ياخشى سۆزلەيدىغان بۇ ياۋروپالىقلار ئەسلىدە كارخانىچى بولۇپ قازاقىستاندا شىركەت قۇرۇش ئۈچۈن ماڭغان ئىكەن. ئۇلار ۋاقىت بولسا شىنجاڭغىمۇ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىسىم كارتۇشكىلىرىنى بەردى. سېرىق ساقاللىق، ئاق يۈزلۈك نېمىس خەرىتىدىكى مەن كۆرسەتكەن يەرگە «ئۇيغۇر» دەپ يېزىپ قويۇپ «ئەمدى سىلەرنىڭ مىللىتىڭلارنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان بولدۇم» دېدى يۇمۇرلۇق ھالدا.

مەن كېيىن بىشكەك، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ ئۇچتۇم. بۇ ئايروپىلانلارمۇ ئوخشاشلا چەتئەللىكلەر بىلەن تولغانىدى. مەن شۇ چاغدا ۋەتەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چۈشەندىم. ئالمۇتا، بىشكەك، تاشكەنت، ئەنجان شەھەرلىرىنىڭ كوچىلىرىدا بۇرۇن چىرايىدىن چۈشكۈنلۈك بىلەن ھەسرەت ۋە ئەنسىرەش ئالامەتلىرى يېغىپ تۇرىدىغان ئۆزبېكلەر، قازاق، قىرغىزلارنى كۆرگەن بولسام مانا ھازىر مەيدىسىنى كېرىپ يۈزلىرىدىن نۇر ياغقان، كۆزلىرىدىن مەغرۇرلۇق جۇلالىنىپ تۇرغان ئۆزبېك، قازاق، قىرغىزلارنى كۆردۈم. رۇس كىشىلىرىنىڭ بۇرۇنقى ھاكاۋۇر، مەنمەنچى تەلەتىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغان. ھەممىلا ئىشتا ئۆزلىرىنى مۇلايىم تۇتۇشقانلىرىنى كۆردۈم. ۋەتەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن رۇسلار، نېمىسلار ۋە ئۇكرائىنلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئۆز ئانا ۋەتەنلىرىگە كۆچۈپ كەتمەكتە ئىدى. ئويلىدىمكى، بۇ بىچارىلەر ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇنداق پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغان بولغىيتتى.

بىشكەك كوچىلىرىدا مېنى شەھەر ئايلاندۇرۇپ كۆرسىتىپ كېتىۋاتقان قېرى رۇس تاكسى شوپۇرى مېنىڭ ئۇنىڭ ئېغىزىنى كولىغىنىمنى بىلدى بولغاي مەن بىلەن مۇلايىم رەۋىشتە سۆزلەشتى.

—ياقا يۇرتتىن كەلگەن ئوخشايسىز بالام، —دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، —ئىشقىلىپ يەرلىك ئەمەسسىز، رۇس تىلى تەلەپپۇزىڭىزدىن قارىغاندا ئۆزبېكىستانلىق بولسىڭىز كېرە؟!

—ئۇنداق ئەمەس، —دېدىم مەن ئەدەپ بىلەن بوۋاينىڭ پەرىزىنى رەت قىلىپ —جۇڭگودىن كەلگەنمەن، موسكۋادا ئوقۇيمەن، قىرغىزىستانغا ئىلمى مۇھاكىمىگە كەلگەنىدىم.

—ئۆھۆ! قالتىس! —دېدى بوۋاي چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ماڭا بۇرۇلۇپ تىكىلىپ قارىغانچە، —ئۇيغۇر ئىكەنسىزدە، سىز چوقۇم قەشقەرلىكسىز شۇنداقمۇ؟

—شۇنداق، مەن ئۇيغۇر، —دېدىم بوۋايغا قاراپ خۇشاللىق بىلەن. چۈنكى مەن ئۇنىڭ مېنى بىر قاراپلا تونۇۋالغانلىقىدىن قەۋەتلا خۇش بولغانىدىم. ھەتتا بۇ قېرى رۇس قەشقەرنىمۇ بىلەتتى.

بوۋاي مەمنۇنىيەت بىلەن:

—بىشكەكتە ئۇيغۇرلار خېلىلا كۆپ، ھەممىسى بىر-بىرىدىن يارامىلىق، ئەقىللىق يىگىتلەر بىز بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنى «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەھۇدىيلىرى» دەپ ئاتايمىز. چۈنكى ئۇلار سودا تىجارەت ۋە باشقا ھەممە ئىشلاردا ناھايىتى چاققان. ناھايىتى ئۇستا. بىشكەك سودىسى شۇلارنىڭ قولىدا، —دېدى ۋە، —مەن ئۇيغۇرلار بىلەن ناھايىتى چىقىشىمەن. دۇنيادا ئۇلار بىلمەيدىغان ئىش يوق.

بىز ئۇيغۇرلار توغرىسىدا خېلى پاراڭلاشتۇق. مەن بوۋايدىن:

—رۇسىيە گېزىتلىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن رۇسلار تۈركۈملەپ رۇسىيىگە كۆچۈۋېتىپتۇ بۇ راستمۇ؟ —دەپ سورىدىم، —بۇ بىچارىلەر شۇنچە ياخشى شەھەرلەرنى تاشلاپ نەگىمۇ بارار؟

— نەگە باراتتى؟! ئۇلۇغ رۇسىيىگە باردۇ، — دېدى بوۋاي ئېغىر تىنىپ، يانچۇقىدىن ئەرزان باھالىق «بېلومور» ماركىلىق پاپىروسىنى چىقىرىپ ئېغزىغا سالدى. مەن چاققانلىق بىلەن بوۋاينىڭ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئۈلگۈردۇم.

— ھەي! ھەي! - دېدى بوۋاي تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ، — كەتمەي ئامال يوق. ھازىر كەتمەكچى بولغانلار تېخىمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. رۇسىيە ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىغا بارساڭ قاتار — قاتار ئۆچرەتلەرنى كۆرىسەن.

— سىزچۇ؟ — دەپ سورىدىم بوۋايدىن، — كەچۈرۈڭ سورايمەن. ئەلۋەتتە مۇنداق سوراشتا باشقا مەقسىتىم يوق. مېنى چۈشىنىڭ.

— چۈشىنىمەن ئوغلۇم، مەن ھەممە نەرسىنى توغرا چۈشىنىش تەرەپدارىمەن ئەگەر ئادەملەر بىر-بىرىنى ئۆز-ئارا توغرا چۈشەنسە ئىدى، ھەممە ئىشلار ياخشى بولار ئىدى. مەن بىشكەكتە تۇغۇلغان، دادام قازاقلاردىن. بىز ئۈچ ئەۋلاد بۇ يەردە ياشاۋاتىمىز. بۇ يەرنىڭ ھەممە نەرسىسى مەن ئۈچۈن قەدىرلىك. لېكىن بىزگىمۇ كەتمەي ئامال يوق. راست گەپنى دېسەم مېنىڭ قىلچىلىكمۇ كەتكۈم يوق ئىدى. لېكىن شارائىت مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. رۇسىيىدە ھېچقانداق تۇغقىنىمىز قالمىغان.

— كېتىپ نېمە قىلىسىز. ياشاۋېرىڭ، سىزگە ھېچكىم توسالغۇلۇق قىلمىسا، — دېدىم مەن جاۋابەن.

— قانداقسىگە توسالغۇلۇق يوق دەيسىز؟ ھەممە يەردە توسالغۇ بار. قاراپ تۇرۇڭ، ھازىرلا توسالغۇ پەيدا بولىدۇ. مانا قاراپ تۇرۇڭ، — دېدى بوۋاي ئالدى تەرەپنى تومشۇقى بىلەن ئىمالاپ. دەل شۇ چاغدا يول بويىدىكى قاتناش ساقچىسى بىزگە يىراقتىنلا سىنچىلاپ نەزەر تاشلاپ ئالا كالتەكنى پۇلاڭلىتىپ، ماشىنىنى توختاتتى. ساقچى قىسىق كۆزلۈك قىرغىز يىگىتى ئىدى. ئۇ بوۋاينىڭ ھۆججەتلىرىنى چىقىرىپ كۆرسىتىشنى سورىدى. بوۋاي كۆرسەتتى. ساقچى كۆزلىرىنى قەغەزلەرگە تىكىپ، ئۇنىڭدىن بىر

خاتالىق ئىزدەشكە ئۆزۈنغاندەك بەكمۇ تەپسىلىي گۇمان بىلەن بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئاخىرى ھۆججەتلەرنى بوۋايغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ماشىنىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى ــ دە، غەزەپ ۋە مەسخىرە ئارىلاش:

ــ كەچۈرۈڭ بوۋاي، ماشىنىڭىزنىڭ ماتورى كونىراپ كېتىپتۇ، قاتناش قائىدىسى بويىچە سىزدىن شىتىراف (جەرىمانە) ئېلىنىدۇ، ــ دېدى.

بۇ گەپتىن ھەيران قالغان بوۋاي، ئالدىرىماي، ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ تۇرۇپ:

ــ نېمىگە شىتىراف تۆلەيمەن كوماندىر؟ ماشىنامنىڭ كونىراپ كەتكەن ماتورىغىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ياق، گىراژدان! ــ دەپ كەسكىن ئېيتتى ساقچى، ــ موتورىڭىزدىن چىقىۋاتقان قويۇق ئىس ــ تۈتەككە شىتىراف تۆلەيسىز. سىزنىڭ موتورىڭىز ھەر قاچان قاتناش ھادىسىسى پەيدا قىلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە موتورىڭىز شەھەر مۇھىتىنى بۇلغىدى. ھەتتا سىز قاتناش قائىدىسى بويىچىلا ئەمەس مۇھىت ئاسراش قانۇنى بويىچە شىتىراف تۆلەيسىز.

مەن بوۋاينىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا زەن سالدىم. بوۋاي ئاچچىقتىنمۇ ياكى قورقۇشتىنمۇ، تىترەپ كەتكەندى. ئاخىرى ئۇ ساقچىنىڭ دېگىنى بويىچە شىتىراف تۆلىدى ۋە يولىمىزغا يۈرۈپ كەتتۇق. بوۋاي خېلى بىر يەرگىچە ئۈن تىنمىسىز ماڭدى. ئاخىرى ئۇ:

ــ مانا، تۇسالغۇلۇق بارمىكەن ئوغلۇم؟ كۆردىڭىزمۇ؟ ھازىر ساقچىلار تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈۋېرىدۇ. باياتىنقى شىتىراف ئۇنىڭ يانچۇقىغا چۈشتى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ دېمەك مەن كېتىشىم كېرەك.

ــ لېكىن ھەممىلا يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت بوۋا، ــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا، ــ رۇسىيىدە تېخىمۇ شۇنداق، ئۇ يەردىمۇ ساقچىغا پۇل كېرەك.

ــ لېكىن، ئوخشىمايدۇ، ــ دېدى بوۋاي كەسكىن رەۋىشتە، ــ بىز

ھازىر ۋەتەنسىز گىراۋدانلارمىز. ھوقۇقى يوق مىللەتنىڭ ۋەتىنى بولمايدۇ. ۋەتەن ــ ئازاد، ئەركىن ئىنسانلارنىڭ ئۆيىدۇر. قۇللۇق ئورنىغا قالغان، خارلانغان مىللەتنىڭ ۋەتىنى بولمايدۇ. رۇسىيە ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتەن. نېمە بولسام شۇ يەردە بولاي. بىلەمسىز بۇرۇن بىزنىڭ روسلىرىمىز ئەنە شۇنداق تۇخۇمدىن تۆك ئۈندۈرۈپ، ئاشۇ قولىدىكى ئالا كالتەكتىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىناتتى. قىرغىزلار ئۆز ۋەتىنىدە گويا باشقا يەردىن ئېقىپ كەلگەن كەلگىندىلەردەك ھەممىلا يەردە قېقىلىپ، سوقۇلۇپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى. پەلەكنىڭ چاقى ئايلىنىپ ئالا كالتەك قولىدىن كەتتى. ئەمدى ھەسسىلەپ شىتىراق تۆلەيمىز.

ــ سىز ۋەتەن توغرىسىدا ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزگەندەك قىلىسىز،
ــ دېدىم مەن بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ.

ــ ئەتراپلىقمۇ، ئەتراپلىق ئەمەسمۇ. مەن ئۈچۈن بەرىبىر يىگىت،
ــ دېدى بوۋاي ئېرەنسىز ھالدا ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ، ئۆلۈك قولىنى يېنىك پۇلاڭلىتىپ، ــ قۇشلارنىڭمۇ، بارلىق ھايۋانلارنىڭمۇ ئۆز ۋەتىنى ئۆز ۋەتەن تۇيغۇسى بولىدۇ. ئەگەر سىز بىرەر جان-جانىۋارنى ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىن ئايرىپ، باشقا بىر جايغا ئاپىرىپ قويسىڭىز، ئۇنىڭ شۇ يېڭى مۇھىتقا كۆنەلمەي كېچە-كۈندۈز نالە قىلىدىغانلىقىنى كۆرىسىز. ئەگەر سىز قىرغىزىستان ھاۋا كىلىماتى ۋە تەبىئىي مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان بىرەر ئۆسۈملۈكنى ئافرىقىغا ياكى ئۇ يەردىكى ئۆسۈملۈكنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ ئۆستۈرمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئەي بولۇشى ناتايىن. قىسقىسى ھەر كىم ئۆز ۋەتىنىدە ياشايدۇ ھەم ئەركىن ئازادە ياشىشى كېرەك. شۇڭا مەن قىرغىزىستاننى ئەسلا ئۆزۈمنىڭ ۋەتىنى دېيەلمەيمەن.

بوۋاي «ئۆھۆ-ئۆھۆ» قىلىپ، كالتە يۆتىلىۋېلىپ ئاپئاق قول ياغلىقى بىلەن ئېغىزىنى سۈرتتى-دە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— لېكىن شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قوۋملارنى مىسىر فىرئەۋنلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىپ، قوۋمنى باشلاپ چۆل-جەزىرىلەردە 40 يىل سەرگەردان بولغان ئىدى. بۇ 40 يىل ئىچىدە ھېچ يەردە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قالماي، سەرگەردانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن بىر يەرنى ماكان قىلىپ، شۇ يەردە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، ئۇ يەرنى ۋەتەن قىلمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

بوۋاي مىيىقىدا كۈلۈپ، ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆكۈش كۆزلىرىنى ماڭا تىككەن ھالدا سوئال نەزىرى بىلەن مەندىن جاۋاب كۈتتى.

— بىلمىدىم، — دېدىم مەن بىر ئاز ئويلىنىپ،

— بىلىشىڭىز كېرەك يىگىت، بۇ بىر ھەقىقەت! — دېدى بوۋاي كەسكىن رەۋىشتە، — ئۆز قوۋمنى 40 يىل سەرگەردان قىلغان مۇسانىڭ مەقسىتى ئۇزۇن مەزگىل قۇللۇق ئاسارىتىدە ياشاپ قۇللۇق، ھوقۇقسىزلىق تۈپەيلىدىن دىللىرى خەستىلەنگەن، جاھالەتكە كۆنگەن ئەۋلادلىرى ئۆلۈپ تۈگەپ، قۇللۇق، زورلاۋانلىق زۇلۇمنى كۆرمىگەن، ئەركىن ئازاد ئەۋلادلارنىڭ تۇغۇلۇپ، ئەركىنلىكنىڭ، ئازادلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەۋلادلىرى بىلەن ئۆز ۋەتىنىنى تېپىشنى مەقسەت قىلغانىدى. چۈنكى ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىغان ئادەم ئەسلا قۇل بولۇشنى خالىمايدۇ. شۇنداقمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆز ئانا ۋەتىنىم رۇسىيىگە كېتىشىم كېرەك.

بوۋاي قىزىل چىراغ يانغاندا ماشىنىسىنى توختىتىپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— لېكىن نۇرغۇن ئادەملەر ۋەتەنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. چۈشەنسىمۇ ھەقىقەتتىن قاچىدۇ. رۇس ئىمپېرىيىسى 150 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاننى ئىدارە قىلىپ، يەرلىك مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن قۇل قىلدى. رۇسلارنىڭ بۇ

جايلارغا قاراتقان مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى ھەر خىل سىياسىي دەۋردە ھەر خىل بولدى. ھازىرقى مىللىي زىددىيەتكە تارىختىكى چوڭ مىللەتچىلىك سەۋەب بولغان. شۇڭا مەن يەرلىك خەلق تەرىپىدىن ماڭا قىلىنغان بارلىق مۇئامىلىلەرنى توغرا چۈشىنىمەن.

مەن قايىللىق نەزىرىم بىلەن بوۋايغا سىنچىلاپ قارىدىم. ئاددىي-ساددا، ئەمما پاكىز رەتلىك كىيىنگەن بۇ بوۋاي كۆزلىرىمگە باشقىچە كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پىكىر بايان قىلغان چاغدىكى مۇلايىم ئەمما قەتئىي خاراكتېرى ماڭا ئالاھىدە ياققانىدى. ئويلىدىمكى، ئەگەر ھەممىلا ئادەمنىڭ مۇشۇ بوۋايدەك چۈشىنىش ئىقتىدارى بولغان بولسا، باشقىلارنىڭ ئىنسانى ئەركىنلىكىنى ھۆرمەت قىلغان بولسا، بۇ دۇنيا قانداق گۈزەل بولۇپ كېتەر ئىدى ھە؟! دېمىسىمۇ، مۇشۇ بوۋايدىكى ئىنسانى تەبىئەت ئەسلىدىنلا ئىنسانلارغا ئورتاق بولۇپ، لېكىن ھايات قانۇنىيىتى بۇ تەبىئەتنى بۇزۇپ تاشلىغانىدى. ئەسلىدە ئادەمنىڭ ماھىيىتى ياشاشتىكى مەقسىتى، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ھۆرمەت قىلغان ئاساستا قىسقىغىنا ھاياتنى گۈزەللىك بىلەن بېزەش ئەمەسمۇ؟! ئادەملەر ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مەقسەتلىرى ئۈچۈن يەنىلا قان تۆكىدۇ، بىر-بىرىنىڭ جانلىرىغا زامىن بولىدۇ. بىر-بىرىنىڭ ئەركى ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قەددىنى تىكلەشكە ئورنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى دەپسەندە قىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بۇندىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان يۇنان شائىرى لۇكىئاننىڭ «ۋەتەن شەنىگە» ناملىق ئەسىرىدىكى «مېنىڭ بۇ گەپلىرىم ناھايىتى كونا گەپلەردۇر، لېكىن ھەقىقەتەن شۇنداقكى، ئۆز ئاتىسىنى سۆيمىگەن پەرزەنت ئۆزگىلەرنىڭ ئاتىسىنى ھۆرمەت قىلىشنى خالىمايدۇ. ئۆز ۋەتىنىنى سۆيمىگەن كىشى ئۆزگىلەرنىڭ ۋەتىنىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ» دېگەن سۆزلىرى يادىمغا كەلدى.

ئۆز ۋەتىنىنى سۆيمىگەن ئادەم نەپسانىيەتچى، خائىن مىجەز كېلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن باسقۇنچىلار ئۇنىڭ ۋەتىنىگە باستۇرۇپ كەلسە، ئۇنىڭغا باش ئېگىپ ئۆز قېرىنداشلىرىنى ساتىدۇ. كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ۋەتىنىگە خائىنلىق قىلىدۇ.

ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگەن ئادەم باشقىلارنىڭ ۋەتىنىنى، يەنى ئۇنىڭ پۈتۈن مەۋجۇدىيىتىنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش ئاساسىدا سۆيىدۇ. ئەگەر ۋاقتى كەلسە باشقىلارنىڭ ۋەتىنى ئۈچۈن جان بېرىپ، ئۇنىڭ مەلئۇنلارنىڭ ئىپلاس تاپىنى ئاستىدا ئاياق ئاستى بولۇشتىن قوغدايدۇ. مەسىلەن: ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى دەل ئەنە شۇنداق ئىنسانپەرۋەر خەلق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سانسىزلىغان ئۇيغۇر ئوغۇل-قىزلىرى نېمىس فاشىستلىرى تەرىپىدىن ئاياق-ئاستى قىلىنغان ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ ئانا ۋەتەنلىرى ئۈچۈن ئىسسىق قانلىرىنى تۆككەن. ئۇيغۇر خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ ئارقا سېپىدە تۇرۇپ، قېرىنداش خەنزۇ خەلقىنىڭ ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئاياق-ئاستى بولۇشتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن مال-دۇنيالىرىنى ۋە چوڭقۇر مۇھەببەتلىرىنى تەقدىم قىلغان. ھەتتا سوۋېت ئۇيغۇر جەڭچىلىرى شەرقى شىمالنى ياپونلاردىن ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ قان ۋە جانلىرىنى تەقدىم قىلغانىدى.

ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگەن كىشى ئۆز ۋەتىنىنىڭ، مىللىتىنىڭ ھۆرمىتىنى كۆتۈرۈش، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىش روھىغا ئىگە بولىدۇ. ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگەن ئادەملەر ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرى ۋە شانلىق مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ. تارىخىمىزدىكى مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋايى، لۇتفى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان نامايەندىلەر دەل ئەنە شۇنداق ئادەملەر ئىدى. ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگەن ئادەم ئۆز ۋەتىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ. ئۇنىڭ غۇرۇرى، ئىناۋىتىنى ھېچكىمنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋەتەن مۇھەببىتى، ۋەتەن ساداقىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر ئەڭ ئاخىرقى

تىنىقى قالغاندىمۇ «ۋەتەن» دېگەن ئىبارىنى ئېيتىپ، بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ روھى ئادەملەرگە يەنىلا ۋەتەننى قانداق سۆيۈشنى ئۆگىتىدۇ. سادىر پالۋان، نۇزۇگۇم، تۆمۈر خەلىپە، خوجانىياز ھاجىم، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئەخمەتجان قاسىمى، رىزۋانگۈل ۋە باشقا ۋەتەن، مىللەت يولىدا جان بەرگەن سانسىزلىغان نامسىز ئوغلانلار دەل ئەنە شۇنداق ئادەملەر ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىر دۇنياسىنى تىترەتكەن چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا مەدەنىيەت ئۆگىتىپ مەسلىھەتچىلىك قىلىپ ھەتتا ئۇلارنىڭ مەمۇرى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، نۇرغۇن زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ سادىر بولۇشىنى چەكلىگەن ئىدى. موڭغۇللارنىڭ مەدەنىيەتسىز، قالاق، باسقۇنچى مىللەتتىن مەدەنىيەتلىك مىللەتكە ئايلىنىپ، ياۋرۇ-ئاسىيانى ئىدارە قىلىشىدا ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى باشقان يەرلەردە تېزلا تىنچلىق ئورنىتىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۆھپىسى زور بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلىنىڭ ئىناۋىتى ئېشىپ، پۈتۈن ئاسىيا، ئىدىل ئۇرال بويلىرىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ يوقىلىش گىردابىدىكى تاڭ سۇلالىسىنى توپىلاڭچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ قايتا تىكلىشى شۇنداقلا لەپەڭشىپ، ئاجىزلاپ قالغان تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلماي ئۇنى ھەتتا تىبەتلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ، تاڭ سۇلالىسى خەلقىنى خانىۋەيرانچىلىقتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق نۇرغۇن مىساللار ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقەتەن ئىنسانپەرۋەر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر تارىخنى ۋاراقلىساق مۇنداق پاكىتلار ناھايىتى نۇرغۇن.

مەن ۋەتەننىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا كۆپ ئويلاندىم. ئىشىنىمەنكى، بۇ ئويلىرىم تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. مەشھۇر رۇس تەنقىدچىسى بېلىنىسكىنىڭ «كامال تاپقان ۋە ساغلام قەلبتە ۋەتەن تەقدىرى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ھەر قانداق ئالىيجاناب شەخس ۋەتەن

بىلەن قان-قېرىنداشلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى مۇقەددەس باغلىنىشنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ» دېگەن سۆزى ھەر قاچان، ھەر مىنۇت ۋەتەن توغرىسىدا تەپەككۇر يۈرگۈزۈشۈم ۋە ئۇنى تېخىمۇ سۆيۈشۈم ھەم باشقىلارغا سۆيۈندۈرۈشۈم ئۈچۈن ئۈندەيدۇ.

تۈگىدى.

# موسكۋا خىياللىرى

(ئوچېرك)

## تۇنجى قەدەم

1990 - يىلى 23 - مارت، باش باھارنىڭ سىم - سىم يامغۇرلۇق كەچلىكى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېيجىڭدىن ئۇچقان «ئىل - 86» تىپلىق ئايروپىلانى موسكۋانىڭ «شېر مېتىۋا - 2» نامىلىق خەلقئارا ئايرودرومىغا يېنىككىنە قوندى. ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن موسكۋا ھەققىدىكى خىياللىرىمنىڭ، ياق، ئانا ۋەتەنگە بولغان ھەقىقىي سېغىنىشىمنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

مەن موسكۋا شەھىرىنىڭ خەرىتىسىگە قاراپ، ئاخىرى مېنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلغان سابىق س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنى تېپىۋالدىم. تاكسىنىڭ ياردىمى بىلەن موسكۋا شەھىرىنىڭ مەركىزىگە، يەنى قىزىل مەيداندىن ئانچە يىراق بولمىغان روژدېستۋېنكا كوچىسىغا جايلاشقان، سابىق س س س ر دىكى ئەڭ چوڭ، شۇنداقلا دۇنياغا مەشھۇر شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم. ئاسپىرانتۇرا باشلىقى ۋاسىلىي كاربوۋىچ مېنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى ھەم بىر دەمدىن كېيىن مېنى ئىلمىي رەھبىرىم، ئاتاقلىق تۈركولوگ، ئۆمۈر بويى قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ھەم تارىخىي ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىلىم ساھەسىدە شۆھرەت قازانغان ئالىم دىمىترىي ۋاسىلىيېۋ بىلەن تونۇشتۇردى. ئۇ مېنىڭ رۇس

تىلىدا ئۆزى بىلەن بىمالال سۆزلەشكىنىمنى كۆرۈپ، مېنى قىزغىن قۇچاقلاپ، هاياجان بىلەن: «يارايسىز، ھەقىقىي يىگىت ئىكەنسىز، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن تىل تېپىشىش ھەر قاچان ئاسان» دېدى.

بىز چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق. پاراڭ ئارىسىدا ئىشخانىنىڭ بېزىلىشىگە دىققەت قىلدىم. مۇئەللىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىشخانىسى بولۇپ، مۇئەللىم مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەن. قىزىق يېرى شۇكى، ئىشخانىنىڭ بىر تېمىغا 19-ئەسىردىكى ئاتاقلىق رۇس شەرقشۇناسى ن. بىچۇرىنىنىڭ سۈرىتى ئېسىلغان، يەنە بىر تامغا تۈركىيە مەنزىرىسى چاپلانغان ئىدى. مەن شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر ئۇسسۇلچى قىزلىرىنىڭ ھەر خىل ئۇسسۇل سۈرەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 1990-يىللىق كالېندارنى مۇئەللىمگە تەقدىم قىلدىم. ئۇ، كالېندارنى زور ئىشتىياق بىلەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن تامغا ئېسىپ قويىدى ۋە: «مانا بۈگۈندىن باشلاپ رۇس ۋە ئۇيغۇر تارىخىدا يېڭى كۈن، يەنى بىزنىڭ شەرقشۇناسلىق مەركىزى بولغان بۇ ئىشخانىنىڭ تېمىدا تارىختا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر كالېندارى ئېسىلدى» دېدى ھاياجان بىلەن ئۈنلۈك ئاۋازدا.

ئىشخانىدىكى كاتىپ، ماشىنىست ۋە باشقا خادىملارمۇ چاۋاك چېلىشتى. مەنمۇ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدىم. دېمەك، ھاياتىمدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا باشلانغان تۇنجى كۈنۈم مانا مۇشۇنداق تەسىرلىك ئۆتتى. مۇئەللىم مېنى مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملەرگە باشلاپ كىرىپ، ئالىملارغا تونۇشتۇردى ۋە ئاخىرىدا مەن تەقسىم قىلىنغان «شەرق ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىي تەتقىقات بۆلۈمى» گە باشلاپ كىرىپ، باشقا ئالىملارغا تونۇشتۇردى. بۇ يەردە مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخىي تېمىلىرى ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان بىر قانچە ئالىم بار ئىدى. ئۇلار مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ھەممىسى ئەڭ تاتلىق سۆزلەر بىلەن ئۇيغۇر مىللىتى توغرىسىدا ئېغىز-ئېغىزغا تەگمەي سۆزلەشتى. بىز كۆپ پاراڭلاشتۇق. چۈشتىن كېيىن

ۋاسلىيىف مېنى پىكاپتا موسكۋا شەھىرىنى ئايلاندۇردى ... ھە، مانا بۇ، «ماكسىم گوركىي باغچىسى»، مانا بۇ، موسكۋادىكى ئەڭ چوڭ كوچا «ماكسىم گوركىي كوچىسى»، مانا بۇ مايكوۋسكىي ھەيكىلى ...

ئۇستاز يول بويى ھەر بىر كوچا ھەتتا ھەر بىر ھەيۋەتلىك بىناغىچە تونۇشتۇرۇپ ماڭدى. موسكۋا كوچىلىرى ھەقىقەتەن رەتلىك، ھەممە ئورۇن ئۆز رېتى بويىچە ئورۇنلاشقان، ماگىزىنلار ئاز بولۇپ، ئادەملەر رەتلىك، پاكىز كىيىنىشىپ، تېز-تېز قەدەملەر بىلەن مەغرۇر يۈرۈشەتتى. كوچىدا ماشىنىلارنىڭ گۈركىرەشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ۋاڭ-چۇڭلار يوق، قىسقىسى كاۋاپچىلار، تاڭجاڭلار، زاسۇيپەزلەر، پىچاق چاقلىغۇچىلارنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىراشلىرى، ماشىنىلارنىڭ قالايمىقان سىگناللىرى بۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە مەززىلىك تاماق پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان قاتار-قاتار ئاشخانىلاردىن قىلچە ئەسەر يوق بولۇپ، قورسىقىڭ ئاچسا ئۆيۈڭگە قايتىشتىن باشقا ئامال يوق، رۇسلارنىڭ بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋاقتى يوق بولسا كېرەك، قىسقىسى، ئۇلار قورساق تويدۇرىدىغان جايلارنى كۆپلەپ قۇرۇشنى ئويلاشمىغانىدى. ئەكسىچە، بىز جۇڭگولۇقلار قورساقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغىنىمىز، قورساق ئۇچۇن ياشاپ، يەنىلا شۇ قورساق غېمىدە بۇ دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىمىز ئۇچۇن، بىرىنچى بولۇپ شەھەرلەرنى ئاشخانىلاشتۇرۇشنى ئويلاشقان بولساق كېرەك. دېمىسىمۇ، موسكۋاغا كەلگەن ئۈچ كۈندىن بۇيان قىزىق بىر پىيالە چاي، ئىسسىق بىر تەخسە لەغمەن، تۆت زىق كاۋاپ، ياكى بولمىسا تونۇردىن يېڭى سويۇلغان شىرمەن نان بىلەن شورپىلىرى ئېقىپ تۇرغان سامسىلارنى بەك سېغىندىم، ئاشۇ تائاملىرىمىزغا زار بولدۇم. مەن بىلەن بىيجىڭدىن بىرگە چىققان ھەمراھلىرىمۇ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، ماڭا ئەپسۇسلۇق بىلەن قاراشماقتا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، جاۋغايلىرى يىرىلىپ، گەز باغلاپ كەتكەن بولۇپ، توختىماي «تۆت تەخسە قورۇما» نىڭ گېپىنى قىلىشىپ، ئۆيلىرىنى ئەسلەشمەكتە ئىدى.

ئۇستازىم چىرايىمغا قاراپ بىر نەرسىنى سەزدى بولغاي:

ــ ساقلىنىڭىز يوقمۇ نېمە؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھە، ــ دېدىم مەن، ــئۈچ كۈن بولدى، بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىۋاتىدۇ.

ــ بەلكىم ھاۋا ماسلاشمىدى بولغاي، كۆنۈپ قالىسىز، ــ دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرغاچ پىكاپىنى بۇراپ ــ بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن كونا بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە: ــئۆيگە مەرھەمەت، سىزنى چايغا تەكلىپ قىلىمەن، ــ دېدى.

بىز ئۆيگە كىردۇق. بۇ، ھاياتىمدا كۆرگەن تۇنجى رۇس كىشىنىڭ ئۆيى ئىدى. رۇس ئۆيلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن چوڭ پەرق قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ۋاسلىيېف كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ ئۆيۈمدە قورۇنماي چاي ئىچىشىڭىز ۋە تاماق يېيىشىڭىزنى سورايمەن، چۈنكى بىز توڭگۇز گۆشى ئىشلەتمەيمىز، ــ دېدى ئەسكەرتىپ.

شۇنداق قىلىپ، موسكۋاغا كېلىپ تۇنجى قېتىملىق ئىسسىق چاي بىلەن ئىسسىق تاماق (كالا گۆشى بىلەن ياڭيۇ) نى مۇئەللىمىمنىڭ ئۆيىدە يېيىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. جىسمىمغا قايتىدىن كۈچ كىرگەندەك بولدى. قورساق تويدۇرغاندىن كېيىن بىز يەنە سىرتنى ئايلىنىش قارارىغا كەلدۇق. مانا ئەمدى شەھەر مەنزىرىسى باشقىچىرەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى، خېلىلا روھلىنىپ قالدىم.

ۋاسلىيېف موسكۋا شەھىرىنىڭ تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەچ قوشۇمچە قىلىپ:

ــ قەشقەرنىڭ تارىخى موسكۋانىڭ تارىخىدىن 1000 يىللار ئۇزۇن، بىز رۇسلار ياكى سلاۋيانلار موسكۋا شەھىرىنى بەرپا قىلىپ، ئەمدىلا ئورمان ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سلاۋيان دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى

قۇرغان ۋاقتىمىزدا سىلەر ئۇيغۇرلار ئالىلقاچان شەھەرلىشىپ بولغان، شانلىق يۇقىرى مەدەنىيەت هاياتىدا ئىدىڭلار، — دېدى، ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ: — مەشهۇر كلاسسىك رۇس تۈركولوگلىرىدىن ۋ. رادلوف: «ئۇيغۇرلار قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر جۈملىسىدىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى ۋاقىتلاردىن باشلاپلا تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە باشلامچىلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن ئەڭ قەدىمكى، كۆپ سانلىق تۈركىي خەلق ئىدى» دېگەن. مەشهۇر رۇس ئالىمى س. مالوفمۇ: «ئۇيغۇرلار قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان شەھەر هاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى» دېسە، ئامېرىكىلىق مەشهۇر رۇس شەرقشۇناس گ. ۋېرسادسكىي: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى رولى سىياسىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلەردە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغانىدى. ئۇلار جۇڭگودىن تاكى كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان جايلاردىكى سودا يولىنى كونترول قىلىپ، جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن هىندى-ياۋروپا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلەر مۇناسىۋەتلەردە ۋاسىتىچىلىك رول ئوينىدى» دەپ هۆكۈم قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ئورنى ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. ئەگەر هازىر دۇنيادىكى 40 نەچچە دۆلەتتە ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىۋاتقان ۋە ئالدىنقى ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلغان شەرقشۇناسلارنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى خۇلاسىلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ ئولتۇرساق گەپ ئۇزىرىپ كېتىدۇ. قىسقىسى، سىلەر ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇلۇغ خەلق. بۇ، تارىخىي ۋە ئىلمىي يەكۈن-ئەلۋەتتە. بۈگۈنكى هالىتىڭلارنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. قىسقىسى، سىلەر يەنىلا ئۆز تىرىشچانلىقىڭلارغا تايىنىپ ياشاۋاتىسىلەر. كېلەچەكنىڭ سىلەردە بولۇش-بولماسلىقى پەقەت ئۆزۈڭلارغىلا باغلىق، — دېدى.

كەچكى ۋاننا ماڭا شۇنچىلىك ياقتىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئەۋزەل شارائىتىدىن بەهۇزۇر هۇزۇرلاندىم. شۇنى قوشۇمچە قىلماي

بولمايدۇكى، يەنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىغان كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئۆزگىچىلىكلىرىنى كۆردۈم. قىسقىسى، ھەر قانداق ئۆيدە، مەيلى چەت يېزا ـ قىشلاق بولسۇن ياكى شەھەردە بولسۇن، كېچە ـ كۈندۈز ئىسسىق سۇ تەييار تۇرىدۇ. ئېلېكتىر، گاز، ئىسسىق سۇ بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئېگىدا ئەڭ ئەقەللىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ھېسابلىنىدۇ. تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئېلېكترلەشتۈرۈلگەن ۋە ماتورلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كۆپلىگەن ئائىلىلەرنىڭ شەخسىي پىكاپى ياكى موتسىكلىتى بار. توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور ۋە باشقا ئېلېكتىر بۇيۇملىرى ئەڭ چەت يېزا ـ قىشلاقلارغىچە ئومۇملىشىپ بولغان. كىشىلەر ھەر كۈنى ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئۆز ئۆيىدىكى ۋاننىلىرىدا نەچچە ۋاق يۇيۇنۇپ، پاكىز دەزماللانغان كىيىملەرنى كىيىشىپ، خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى چېچىشىپ يۈرۈشىدۇ. كەچلىرى ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى ـ ئەرلىرى چوقۇم كاستۇم-بۇرۇلكىلىرىنى، ئاياللىرى ئۆزى خالىغان يارىشىملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ تىياتىرخانىلاردا ئولتۇرۇشلىرىغا قارىسىڭىز شۇنچىلىك مەستلىكىڭىز كېلىدۇ. ئۇلار قالايمىقان ۋارقىراشمايدۇ، ئۆز ئارا كۇسۇلداشمايدۇ، ھەممە كىشى جىمجىت ئولتۇرۇپ، دىققەت بىلەن كونسېرتلاردىن ھوزۇرلىنىدۇ. زوْروْر تېپىلغاندا چاۋاك چالىدۇ ۋە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خالىغان ئارتىسقا گۈل تەقدىم قىلىدۇ (ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ تەقدىم قىلىدىغىنى بىزنىڭكىدەك سۈنئىي گۈل ئەمەس). ئۇلارنىڭ كىنو ـ تىياتىرخانىلىرىنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئەگەر قىش كۈنلىرى بولسا، سىز تاشقىرىقى ئىشىكتىن كىرىپلا بىرىنچى بولۇپ پەلتوىيىڭىزنى سېلىپ، باش كىيىمىڭىزنى ئېلىپ گاردىروپكا (كىيىم ساقلايدىغان جاي) غا تاپشۇرىسىز ـ دە، پوپايكا ياكى كاستۇم-بۇرۇلكىڭىز بىلەنلا ئولتۇرۇپ تىياتىر كۆرىسىز. بىر تەرەپتە بولسا تامامەن باشقىچە، تىياتىرغا بارغاندا ياسىنىشقا ئانچە دىققەت قىلمايدۇ. تىياتىرخانىدا ئەرلەر ئاشۇ سىرتتا كىيىپ يۈرىدىغان شلەپىلىرى بىلەن، ھەتتا قۇلاقچىلىرىنى كىيىپ، پەلتولىرىغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئەلۋەتتە مەن بۇنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن.

چۈنكى ئۈرۈمچى تىياتىرخانىلىرى. رېستورانلىرى، جامائەت سورۇنلىرى، ھەتتا ئىدارە-ئورگانلار، مەكتەپلەردە بىردەك ھالدا گاردىروپكا تەسىس قىلىنمىغان. يېڭىلىشمىسام، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40-50-يىللىرىدا بىزدە بۇ مەدەنىيەت بار ئىدى. ئۇيغۇرلىرىمىز ياۋروپا يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ (سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە ۋە باشقىلار ئارقىلىق) تەسىرىنى ئاللىقاچان قوبۇل قىلىپ، ئاياللىرىمىز ئىگىز پاشنىلىق تۇپلىيلارنى كىيىپ، چاچلىرىنى بانتىلاپ، ئەرلىرىمىز كاستۇم-بۇرۇلكىلارنى كىيىپ، چاچلىرىنى مايلاپ ياكى دوپپىلىرىنى ياراشتۇرۇپ كىيىشىپ لىرىك ۋالىس كۈيىگە پىرقىرىشاتتى. دېمەكچىمەنكى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان شۇنداقلا ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە ئىگە خەلق بولغاچقا، ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ھەر قانداق مەدەنىيەت شاماللىرىغا يەنىلا ئېرەنسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلسا كېرەك. يەنە بىر ياقتىن، بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىمىزغا ۋە مىللىي پىسخىكىمىزغا باغلىق بولۇپ، ياۋروپالىقلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە ئۇيغۇرلار غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلالايدىكەن ھەم شۇنىڭغا پىسخىكا جەھەتتىن يېقىنلىقى بار خەلق ئىكەن. دېمىسىمۇ، 80-يىللاردا جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىششى بىلەن ئۆز ئارا بېرىپ-كېلىش باشلانغاندىن كېيىن، ياۋروپا مەدەنىيىتى (ئەلۋەتتە مەن بۇ يەردە نوقۇل ھالدا مەدەنىيەتنىڭ بىر تەرىپىنىلا كۆزدە تۇتىمەن) ئالدى بىلەن غۇلجا، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا قايتا نامايان بولدى. ئۇيغۇر بوۋاي-مومايلىرى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شەكىللەنگەن ياۋروپا مودىسىدىكى كىيىملىرىنى بىراقلا 70-80-يىللارنىڭ ياۋروپا پاسونىغا ئۆزگەرتتى. ئۇيغۇر قىز-يىگىتلىرى، ئوتتۇرا ياشلىقلىرى سوۋېت پەلتولىرى، ئۆتۈكلىرى، كاستۇم-بۇرۇلكىلىرىنى كىيىشىپ، بىر مەھەل كىيىم-كېچەكتە ياۋروپالىشىش دولقۇنى قوزغىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ماگىزىنلىرى سوۋېت ماللىرى بىلەن تولدى. ھەممە ياقتا ئۆزبېكچە، تۈركچە، رۇسچە، ھەتتا ئىنگلىزچە ناخشىلار ياڭرىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئاتالمىش سوۋېت ماللىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا گېرمانىيە،

فرانسىيە، چېخ، رۇمىنىيە ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ماللىرى ھەم ئۇلارنىڭ يېڭى-يېڭى پاسونلىرى ئىدى.

ئۇخلىماقچى بولۇپ يېشىندىم، لېكىن مېڭەمدىن خىياللار ھېچ كەتمەيتتى. ئەكسىچە، خىياللار تېخىمۇ كۆپىيىشكە، تېخىمۇ مۇرەككەپلىششكە باشلىدى ...

## ئاڭلانماس ئاۋازلار

ھەر بىر مىنۇتنى ساناپ يۈرۈپ دېگۈدەك بىرىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىنى تۈگەتتىم. ئەمدى موسكۋا مەن ئۈچۈن تونۇشلۇق بىر شەھەرگە ئايلاندى. مۇئەللىم مېنى پىكاپ بىلەن ئايلاندۇرغان ئاشۇ كوچىلارنى ئۆز ئاياغلىرىم بىلەن تەنھا ئارىلىدىم. بۇ يەرگە خاس ياشاش ئۇسۇلىنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم. ئۇزۇن ئۆچىرەتلەردە سەۋرچانلىق بىلەن كىتاب ئوقۇغاچ نۆۋەت كۈتۈشكىمۇ كۆنۈپ قالدىم. بەلكىم رۇسلار ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئۆز نۆۋىتىنى كۈتۈش سەۋرچانلىقى جەھەتتە دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان خەلق بولسا كېرەك. رۇسلارنىڭ تەشكىلچانلىقى يۇقىرى خەلق، ئۇلارنىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇزۇن مەزگىللىك ئۇرۇش ۋە قۇرۇلۇش سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. سىز موسكۋا كوچىلىرى، ماگىزىنلىرى ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك ئۇزۇن-ئۇزۇن ئۆچىرەتلەر توپىنى ئۇچرىتىسىز. ئۆچىرەتتە تۇرغاندا ئەگەر كېيىنكى ئۆز نۆۋىتىنى باشقىلارغا دەپ قويماي كېتىپ قېلىپ، كېيىن قېتىلىۋالىمەن دېسە ۋە ياكى خالىغانچە قىستىلىپ كىرىمەن دېسە دۈپدۈگىلەك، سېمىز رۇس مومايلىرىنىڭ تىل-ھاقارىتىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا ھەممە ئۆز نۆۋىتىنى چىڭ قوغدايدۇ. ئۇلارنى تەشكىللەش كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ۋاقىت قارىشى شۇنچىلىك كۈچلۈككى، پۈتۈشۈپ قويغان ۋاقىتقا چوقۇم بىر مىنۇتمۇ كېچىكمەي ئۈلگۈرۈشى شەرت. بىزلەردەك «سائەت مانچىدە» دەپ پۈتۈشسە

«ئانچىدە» سوْرىلىپ كىلىدىغان، قىسقىسى، كىلىشىۋالغان پەيتكە كىچىكىدىغان ئىشلار ئۇلاردا مەۋجۇت ئەمەس. بىزدە تەشكىللىچانلىقمۇ يوق. ئىختىيارىي تەشكىللىچانلىقىمىز پەقەت ھەر ھىيىت نامىزى كۈنىلا تولۇق ئايان بولىدۇ. ئەگەر ھەممە ئۇيغۇر ئادەتتىكى كۈنلىرىمۇ ئاشۇ ھىيىت نامىزى، بولۇپمۇ قۇربان ھىيىت نامىزى كۈنى نامازغا ئۇلگۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ۋە ئالدىرىغان چاغدىكىدەك ھىسسىياتتا بولسا ئىدى كاشكى، بىزدىكى ئىنتىپاقسىزلىق، چىچىلاڭغۇلۇق تۈگىگەن بولار ئىدى. ئەگەر ئاشۇ ھەر ھىيىت نامىزىدىن يانغان چاغدىكىدەك ئوْز ئارا تونۇشمايدىغانلارمۇ بىر-بىرىمىز بىلەن قول ئىلىشىپ كوْرۈشۈپ، ئوْز ئارا ئاللادىن خاتىرجەملىك تىلەشكەندەك باشقا كۈنلەردىمۇ بىر-بىرىمىزگە شۇنداق دوستانە، سەممىي تىلەكلەرنى تىلەشسەكمۇ كاشكى، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولار ئىدى. قىسقىسى، بىز چىچىلاڭغۇلۇقىمىز، ئىنتىپاقسىزلىقىمىز، ھەسەتخورلۇقىمىز تۈپەيلى ھەر قاچان ئوْزىمىزنى گۈللەندۈرۈش، دۇنياغا تونۇتۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك بىر ئىدىيە، بىر مەقسەت ئۈچۈن تەشكىللىنەلمىدۇق. مېنىڭچە، تەشكىللىچانلىقى ۋە ئۇيۇشقاقلىقى يوق خەلقتە ئىستىقبالمۇ بولمايدۇ. بۈگۈن ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان، ئاقسۇ، خوتەن كوچىلىرىدا چىرايىمىزدىن توپا ياغقان، ئوبرازىمىز خۇنۈكلەشكەن، قاتۇرۇپ كىيىۋالغان كاستۇم-بۇرۇلكىلىرىمىزدىن يەنىلا ئەسكى جەندە پۇرىقى كىلىپ تۇرىدىغان شۇ ئىتىبارسىز ھالەتلىرىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەنە شۇ قەيت قىلىنغان تەرەپلەردىن بولغان بولسا كىرەك.

رۇسىيىدە ئاسپىرانتۇرا تۇرمۇشى ئوْزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئاسپىرانتلار ئارىسىدىكى ئوْز ئارا يىقىن دوستلۇق، مىھرىبانلىق ئالاھىدە گەۋدىلىك ئەھۋال. ھەر كۈنى كەچتە ھەممە ئاسپىرانت كۇتۇپخانىلار ۋە ئىش ئورۇنلىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كىيىن بىر-بىرىنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىپ چاي ئىچكەچ پاراڭ سوقۇشىدۇ. بەزىدە بۇ سوْھبەتلەر قىزغىن ئىلمىي

مۇنازىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ قىز ئاسپىرانتلار مۇنازىرىگە تېخىمۇ ئامراق كېلىدۇ. ئۇلار گۈزەل-لاتاپەتلىك ۋە قائىدە-يوسۇنلۇق، شۇنداقلا جەلپ قىلارلىق بولۇپ، سانىمۇ كۆپ، ئىلمىي سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى. ئۇلار ھامان دادىللىق بىلەن ئۆز پىكرىنى، نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن ئۇلار ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى، ئايال كىشىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئىشلىرى، يەنى ئۆي ئىشلىرى ۋە باشقا ئىشلارنىڭ (بۇ يەردە تەپسىلىي توختىلىپ ئولتۇرمايمەن) ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئېسىدىن چىقارمايدۇ. قىسقىسى، ئۇلار ياخشى بىر ئالىم، ياخشى بىر ئانا ھەم ياخشى بىر رەپىقە بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار كۆپ ئوقۇيدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىق روھى ئەرلەرنىڭكىدىنمۇ ئۈستۈن. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى ئاياللار تەشكىل قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە قىزلىرىمىزنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. بىزنىڭ قىزلىرىمىزمۇ مەيلى ئەقىل-پاراسەت، گۈزەللىك ۋە ئەخلاق-پەزىلەتتە بولسۇن، دۇنيادىكى ھېچقانداق قىزلاردىن قېلىشمايدۇ.

ئۇيغۇر قىزلىرى ئۆتكەنلىكى كوچىلار، ئۇلار دەسسىگەنلىكى تۇپراق، ھۇزۇرلانغان مەنزىرىلەر ۋە چاچلىرىنى يۇيۇپ-تارىغان دەريا-كۆللەر، قىسقىسى، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قەدىمى تەگكەن ھەر قانداق يەردىن مەڭگۈ مۇھەببەت ۋە باھار ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ، شۇڭا مەن ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە مۇنداق خاسىيەتلىك قىزلىرىمىزنى ئاسراشنى، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى، ھالىغا يېتىشنى، ئۇلارنىڭ قەدرىنى، ھۆرمىتىنى كۆتۈرۈشكە ھەر قاچان تەييار تۇرۇشنى تىلەيمەن، ئۇيغۇر قىزلىرى بىزنىڭ سىڭىللىرىمىز، ھەدىلىرىمىز ۋە ئانىمىز. ئۇلارنىڭ ھاياتتا خورلىنىپ، بىزلەرگە نەپرەت، سەسكىنىش، يىرگىنچ بىلەن قارىشىنى كۆرۈپ تۇرۇش نېمىدېگەن ئازابلىق ئىش — ھە؟ شۇڭا مەن دوستلىرىمغا مىللەتنىڭ ئانىسى بولغان ئۇيغۇر قىزلىرىمىز ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمىزنى دەڭسەپ بېقىشنى تەۋسىيە

قىلىمەن.

گېپىمىزگە كەلسەك، رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ياتاقخانىلىرىدىكى ئاسپىرانتلار ئارىسىدىكى بۇ قىزغىن مۇنازىرىلەر دائىم دېگۈدەك كۆلكە-چاقچاقلارغا ئايلىنىپ، ئەچچىلىگەن شامپانىسكى، ۋىنولارنىڭ قۇرۇقدىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئارقىدىن ئۇدارلىرى كۈچلۈك دىسكو مۇزىكىسىنىڭ دولقۇنلىرىغا جور بولۇپ، ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ۋە ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن دىسكوغا چۈشىدۇ. چارچىغاندىن كېيىن بولسا رومانتىك، يېنىك مۇزىكىلار قويۇلۇپ، تىنچ تانسا ئوينىلىدۇ. قىسقىسى، بىزدىكىدەك سىپسىق، ئاچچىق 60 گرادۇسلۇق ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، بىرى چاقچاق قىلسا كۆلدۈم دەپ تۆكىنى تارتقان ئۆچكىدەك سەتەمەرەيدىغان، ئارقىدىن ھۆ-ھۆ دەپ قۇسىدىغان، ھاراقنى زورلايدىغان قىلىقلار بۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەس. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئەڭ ئالىي ئىلمىي تەتقىقات مەركىزى بولغان بۇ ئاكادېمىيىنىڭ ئىشىكى ھەممە مىللەت ئۈچۈن داغدام ئېچىۋېتىلگەن، بۇ يەردە ھەر قايسى سابىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ۋە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەردىن ئاسپىرانتلار، بىلىم ئاشۇرغۇچىلار شۇ يەرنىڭ يەرلىك مىللىتىنى ئاساس قىلىپ كۆپلەپ ئەۋەتىلىدۇ ياكى ئۆز ئىختىيارلىرى بويىچە ئىمتىھان بېرىپ كىرىدۇ. بۇ يەردە قازاق-قىرغىزلارنى، ئەزەربەيجان، تاجىك، موڭغۇل، تۈركمەن ۋە ئۆزبېكلەرنى كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان نۇرغۇنلىغان دوكتور ۋە كاندىدات دوكتورلار ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرىدە ھەتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بەزىبىر تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا سانى ئاز ھېسابلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 249 مىڭ بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەت مەلۇماتى بويىچە پۈتكۈل ئىتتىپاقتىكى 130 دەك مىللەتنىڭ ئىچىدە 60-ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئۇيغۇرلاردىمۇ ھازىرغىچە 500 دەك دوكتور ۋە كاندىدات دوكتور يېتىشىپ

چىققان. ئەگەر بۇنى نوپۇس بويىچە سۇندۇرساق ھەر بەش-ئالتە يۈز ئۇيغۇرغا بىر دوكتور ۋە ياكى بىر كاندىدات دوكتور توغرا كېلىدۇ. پەقەت موسكۋا ۋە سانكت-پېتربورگنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدا تەخمىنەن 80 گە يېقىن ئۇيغۇر ئالىمى (بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دوكتور، پروفېسسور ۋە دوتسېنت) ئىشلەيدۇ. مەسىلەن: موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، فىزىكا پەنلىرى دوكتورى، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاتوم-يادرو تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، دۇنياغا داڭلىق ئالىم ئالېكساندىر رەخىموف، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ پروفېسسورى، تېخنولوگىيە پەنلىرى دوكتورى، ئالەم كېمىلىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ماشىنىسى مۇتەخەسسىسى، ئاتاقلىق ئالىم تېلمان كەرىمبايېف، سانكت-پېتربورگلىق مەشھۇر ئالىم، پروفېسسور، دوكتور دەمىر ئىسمائىلوۋ، جەمئىيەتشۇناس پروفېسسور، دوكتور ئابلەھەت قاھاروۋ، موسكۋا دۆلەتلىك كونسېرۋاتورىيىسىنىڭ پروفېسسورى، ئاتاقلىق دىرىژور ئەزىز دۇگاشىف ۋە باشقىلار، ھېلىمۇ ئىسمىدە، بىر كۈنى دەل ئەنە شۇنداق چايلارنىڭ بىرىدە مەپتۇن قىلارلىق قارا كۆزلىرى ھەممىگە قىزىقىش ۋە مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان، ئىقتىسادشۇناس، ئۆزبېك قىزى X X ماڭا:

—رۇسلار مەرد خەلق، سەن ئۇلار بىلەن چىقىشىشنى بىلسەڭ سەندىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدۇ، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئىچى تارلىق قىلمايدۇ. ئىچىدە بىر ئادەمگە ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ. ئەگەر سېنىڭ قابىلىيىتىڭ بولسا سېنى ھېچنېمىدىن چەكلىمەيدۇ. لېكىن چوڭ ئىشلاردا ھەرگىزمۇ ئۇتتۇرمايدۇ. ئۆزبېكىستاندا ھەر 1000 ئادەم ئىچىدە 860 ئادەم ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن. قىرغىزىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستاندىمۇ بۇ سانلار ئانچە پەرق قىلمايدۇ. دېمەكچىمەنكى، بىزنىڭ مىللىي مائارىپىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. ئىلىم-پەننىڭ ھەممە

ساھەلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاكادېمىك، دوكتور، كاندىدات دوكتورلىرى بار. ھازىر تېخىمۇ كۆپەيمەكتە. بىر ئۆزبېكىستاندىن ھەر يىلى تەخمىنەن 20 مىڭ ئەتراپىدا ئادەم موسكۋادىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ۋە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلىدۇ، — دېدى. ئۇ، بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىن مەغرۇرانە ئالامەتلەرنى ياغدۇرۇپ سوئال نەزىرى بىلەن ماڭا قادالدى، — ئۇنىڭىز ئىچىگە چۆشۈپ كەتتىڭىزغۇ؟ سىلەرنىڭ ئۇيغۇرلاردىمۇ ئاكادېمىك، دوكتور، كاندىدات دوكتورلارمۇ بەك جىققۇ دەيمەن؟! سىلەر ئۇيغۇرلارمۇ بېيجىڭ، شاڭخەيلەرنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ۋە ئالىي تەتقىقات مەركەزلىرىدە كۆپلەپ تەربىيە ئالامسىلەر، ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى خېلى كۆپمۇ؟ — دېدى.

مېنىڭ ھەقىقەتەن ئۈنۈم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. مەن نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي بوينۇلىرىمغىچە قىزىرىپ، ئۆز-ئۆزۈمگە ئۆكۈندۇم... قايسىدۇر بىر ماتېرىيالدىن كۆرگەن سانلىق مەلۇمات ئېسىمگە كەچتى، بىزدە ھەر 10 مىڭ ئادەم ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەنلەر تۆت-بەش ئەتراپىدا. خەلقىمىزدە ساۋاتسىزلار كۆرمىڭ. قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋە باشقا جايلاردا ھازىرمۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قالدۇقلىرىنى ئۇچرىتالايسىز. يېزىلاردىكى ئادەملىرىمىز دۇنيادىن بىخەۋەر، ئۇلار ئۆزىنىڭ تېخىچىلا ئاشۇ ئوتتۇرا ئەسىر تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرى بىلەن ياشىماقتا... مەن: «بىزدە ھازىر ئاز بولسىمۇ دوكتوردىن بىر نەچچىسى چىقتى. بېيجىڭ، شاڭخەيلەردە ئوقۇۋاتقانلار بولسا، كۈنسايىن كۆپىيىۋاتىدۇ. ھەقىقەتەن سىز ئۆزبېكلەرنىڭ بەختى بار ئىكەن. ئاللا سىزلەرنى تېخىمۇ بەختلىك قىلغاي» دېمەكچى بولدۇميۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ۋە گەپنىڭ تېمىسىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتىم. ئۇمۇ مېنىڭ نىيىتىمنى چۈشەندى بولغاي، مېنى ئارتۇقچە قىستىمىدى.

مەن موسكۋاغا كەلگەن دەسلەپكى كۈنلىرىمدە مۇئەللىم مېنى ئىنستىتۇتتىكى ئالىملارغا تونۇشتۇرغاندا: «ئۇيغۇر ئاسپىرانت» دېگەن

ئىزاھاتنى بەرمەي قالمايتتى. مەن تونۇشقان بۇ ئالىملار مۇئەللىمنىڭ تولۇقلىمىسىنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن قولۇمنى چىڭ سىقىپ، مېنى قارشى ئالىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مېنى «ئۇلۇغ مىللەتنىڭ پەرزەنتى» دەپ سۈپەتلىگەندە، مەن رۇسلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇرلارنى ياخشى بىلىسە كېرەك، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. ئەپسۇسكى، ئىش مەن ئويلىغاندەك چىقمىدى. كېيىن مەن ھەر خىل سورۇنلاردا تونۇشۇپ قالغان ھەر خىل كەسىپ ۋە ھەر خىل تەبىقىگە تەۋە رۇسلارغا ئۆزۈمنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ دېگەن جايىدىن كەلگەنلىكىمنى ئېيتسام، ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن: «سىز جۇڭگولۇقلارغا ھېچ ئوخشىمايدىكەنسىز، ئاتا-بوۋاڭلار جۇڭگوغا قاچان بېرىپ قالغانىكەن؟» دېگەندەك بىمەنە سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى ئېيتسام، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ سوئاللارنى قويۇشتى. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغان ئادەملەرنى بەكلا ئاز ئۇچراتتىم. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى يىراق شەرق ۋە ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ياكى خىزمەت قىلغانلار ئىدى. ئەگەر ئۇيغۇرلارنى ۋە مۇشۇنداق بىر مىللەتنىڭ يەر يۈزىدە بارلىقىنى بىلىدىغان بىرەر ئادەمنى ئۇچراتسام، قەۋەتلا ھاياجانلىنىپ كېتەتتىم. بولۇپمۇ بۇ يەردىكى ياشلار «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەتنىڭ يەر شارىدا بار-يوقلۇقىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «ئۇيغۇر دېگەن نېمە ئۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى بېرىپمۇ قوياتتى. ھەتتا مەن بىلەن بىرگە ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلار ئىچىدە موڭغۇل ۋە ئافغانلاردىن باشقىلىرى «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە مەن ياتىقىمغا دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى ئېسىپ قويدۇم ۋە ئۈرۈمچىدىن شىنجاڭغا، ئۇيغۇرغا ئائىت ھەر خىل رەسىملىك ماتېرىياللارنى ئەكەلدۈردۈم. خىيالىمدا، ياتىقىمغا بىرەر مېھمان كىرىپ قالسا، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ساۋاتقا ئىگە بولسۇن، ھېچبولمىغاندا نوپۇسى 8 مىليون، دۇنيادىكى 2000 مىللەت ئىچىدە نوپۇسى جەھەتتە 94-ئورۇندا تۇرىدىغان، قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەت ھېسابلانغان بۇ ئۇيغۇرلار

توغرىسىدا ئازراق چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ قالسۇن، ئەڭ بولمىغاندا بۇ مىللەتنىڭ نامىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ قالسۇن، دېگەن ئويغا كەلدىم. 90-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئايلاندىم، ئۇ يەردىكى ئادەملەر ئۇيغۇر دېگەننى پەقەتلا بىلمەيدىكەن. دېمەك، غەربىي ياۋروپا، ئافرىقا، ئامېرىكا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى قاتارلىق جايلارغا بارساق بىزنى بىلمەيدىغانلار تېخىمۇ كۆپ. مەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ، بۇ يەرگە كەلمىگەن بولسام، مەنمۇ ئاشۇ ئۇيغۇر قېرىنداشلاردەك: «بىز ئۇيغۇرلارنى پۈتكۈل دۇنيا بىلىدۇ، دۇنيادا بىزدەك ئۇلۇغ خەلق يوق» دەپ مەيدەمگە مۇشتلاپ، كېرىلىپ يۈرۈۋەرگەن بولاتتىم. ھازىر شۇنداق ئويلايمەنكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇلۇغ خەلق، پەخىرلەنگۈچىلىكىمىز بار. لېكىن بىز دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن مۇزىكا گۇرۇپپىسى بولغان «12 مۇقام» نى بولۇشىچە ياڭرىتىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قەدىمكى گۈزەل سەنئەت غارلىرى بولغان مىڭ ئۆيلىرىمىزگە كىرىپ ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرۇپ، دۇنيا بويىچە بىرلا ۋاقىتتا تەڭلا كۆپ ئادەم ئوينايدىغان «ساما» ئۇسسۇلىمىزنى قەشقەر ھېيتگاھىمىزنىڭ ئالدىدا تازا كۆچەپ، ئەسەبىيلەرچە ئويىنساقمۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى «ئىدىقۇت شەھىرى» نىڭ ئەڭ ئېگىز خارابە مۇنارى ئۈستىگە چىقىپ، ئۇزۇملىرىمىزنى يېگەچ يىراقلارغا كېرىلىپ نەزەر سالساقمۇ، ئۈرۈمچىدىكى «قىزىلتاغ» مۇنارىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، يىراقلارغا: «مەن پالانچى، بىزنىڭ مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپىمىز، پەخىرلەنگۈدەك پالانى، پوكۇنلىرىمىز بار...» دەپ جار سالساقمۇ، جاھان ئەھلى بىزگە: «سەن كىم؟» دېگەن سوئالنى بېرىۋېرىدۇ...

كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە مانا موسكۋادا بەش يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئەمدى ماڭا موسكۋانىڭ ھېچنېمىسى يات ئەمەس. بۇ يىللاردا ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى بولدۇم. لېنىننىڭ قاتۇرۇلغان دىدارىنى كۆردۈم. قىزىل

مەيداندا تۇرۇپ، كرېمىل سارىيىنىڭ ئەڭ ئېگىز مۇنارى ئۈستىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل بايرىقىنىڭ بىر پاي ئوقسىز قانداق چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم. س س س ر نىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى زۇڭتۇڭى مىخائىل گورباچېفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلانغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنىڭ تاماملانغانلىقى توغرىسىدىكى ئاخىرقى نۇتقىنى ئاڭلىدىم. قىسقىسى، مەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېلىپ، ئۆزگەرگەن رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدە قالدىم. ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم: قېنى، تارىختىكى چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى؟ قېنى، ئەجدادلىرىمىز قۇرغان ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى؟ قېنى، شۇ ئالېكساندىر ماكېدونسكىينىڭ قۇرغان ئىمپېرىيىسى؟ قېنى شۇ قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسى؟...

دېمەك، تارىخ چوقۇم ئۆز تەرەققىيات يولى بويىچە ماڭىدۇ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ، ئەمما ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلىشى مۇمكىن، خالاس. مەن كۆرگەن شۇنچە قۇدرەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقى ھېچبىر شەپىسىزلا دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاندى. بۇنى كىم قىلدى، بۇنىڭغا كىم ئەيىبلىك؟ مېنىڭچە، بۇنىڭغا ھېچكىم ئەيىبلىك ئەمەس، بەلكى بۇ ئىنسانىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئادىل ھۆكۈمى، بۇنداق ھۆكۈمدىن ھېچقانداق كۈچ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى، تارىخ رەھىمسىز ۋە ئەڭ ئادىل سوتچىدۇر. مەن بۇ قىممەتلىك بەش يىلدا 2-قېتىملىق ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. گەرچە 1917-يىلىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ قىشلىق سارايغا قانداق ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن بولساممۇ، لېكىن 1993-يىلى 4-ئۆكتەبىردە توپ ئوقلىرىنىڭ ئاق سارايغا قانداق تەگكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئادەملەرنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم ۋە كۆردۈم. بۇ، ھەقىقەتەن بىر دەھشەتلىك مەنزىرە ئىدى.

مانا يەنە بىر سوۋغا — 1995-يىلى 9-ماي سابىق سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 50 يىللىق خاتىرە كۈنى، سوۋېت تارىخىدا مۇنداق كاتتا بايرام پەقەت ئىككى قېتىم بولغان. بىرىنچىسى، 1945-يىلى 9-ماي، ئىككىنچىسى مانا بۇ يىل. موسكۋا كوچىسىدا قايىنام-تاشقىنلىق بايرام كەيپىياتىنى موسكۋالىقلار بىلەن بىرگە سۈردۇم. بۇ كۈنى كوممۇنىستلارنىڭ، دېموكراتلارنىڭ ئادەملىرى يول-يولدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ھازىرقى رۇسىيە دۆلەت تۈزۈمىگە بولغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇاتتى. يەنىلا ھەممە ياقتا «ھۇررا، ھۇررا» دېگەن سادالار ئاڭلىناتتى. بۇ بەئەينى يېڭى ئىنقىلابقا ئوخشايتتى. بۇ كۈنى كوچىلارغا ھازىر رۇسىيىدە مەۋجۇت بولغان ھەممە پارتىيە-گۇرۇھلار ئۆزلىرىنىڭ پلاكاتلىرىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل گېزىت، تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقىتاتتى، بۇنىڭغا قاراپ رۇسلار سىياسىي قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى خەلق ئوخشايدۇ دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە، سانسىزلىغان تاماشىبىنلار سىياسەت بىلەن قىلچە كارى بولماستىن، سەيلە قىلىشاتتى، ئارتىسلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرەتتى. كۆلكىلىك يېرى شۇكى، سىياسىي نۇتۇق ئاڭلاشنى خالىماي، ئارتىسلارنىڭ سىياسىي تۇس ئالغان ناخشىلىرىنى ئاڭلايتتى. بۇ كۈنى قىزىل مەيداندا ۋە «ھۆرمەت بىلدۈرۈش تېغى» دا ھەيۋەتلىك پارات ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭغا 40 نەچچە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. مەن يەنىلا ئۆزۈم يالغۇز بايرام كەيپىنى سۈردۈم. ئويلىدىمكى، ھېچكىممۇ مۇشۇ مىڭلىغان مېھمانلار ئارىسىدا بىر ئۇيغۇرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغاندۇ، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەندۇ. بىرەرى سوراپ قالسا ئۇنىڭغا: «مەن ئۇيغۇر» دېسەم، تايىنلىق ھەيران قالار، بەلكى «سىنىڭ نېمەڭ قايسى فرونتتا ئۆلۈپتىكەن» دەپ ئادەتتىكىدەك سوئال قويار، بەلكى يەنە شۇ ئۇيغۇر مىللىتىنى چۈشەندۈرۈپ قىينىلارمەن. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىغا 200 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر قاتنىشىپ، يېرىمى دېگۈدەك جەڭدە قۇربان بولغان، ئۇيغۇر يىگىتلىرى موسكۋا، لېنىنگراد (سانكت-پېتربورگ)، كىيېۋ، ستالىنگراد، مىنسكىي، ئودېسسا قاتارلىق كۆپلىگەن

چوڭ شەھەرلەردىكى دەھشەتلىك جەڭلەردە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى گېرمان فاشىستلىرىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. ھەتتا ئۇلار بېرلىن، كراگوۋ، ۋارشاۋا، بۇداپېشت، بۇخارېست، پىراگا قاتارلىق نۇرغۇن ياۋروپا شەھەرلىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك مەردلىكلەرنى كۆرسەتكەن. نۇرغۇن ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ جەسەتلىرى ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭ جەڭ خارابىلىرى ئارىسىدا تاشلىنىپ قالغان. ھازىرمۇ شۇ شەھەرلەرگە بارساڭ كۆڭلۈڭدە بىر خىل ئاجايىپ ئىللىق سەزگۈلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ بەلكى ئاشۇ يىگىتلەرنىڭ ئاققان ئىسسىق قانلىرىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. بۇ ئورۇشتا ئاز نوپۇسلۇق ئۇيغۇرلاردىن ئۈچ نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى، بىر نەپەر پولشا جۇمھۇرىيىتى قەھرىمانى ۋە بىر نەپەر قازاقىستان خەلق قەھرىمانى چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا، لېنىن ئوردېنى، قىزىل يۇلتۇز ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئوردېن-مېداللارغا ئېرىشكەنلەر ناھايىتى نۇرغۇن. ھەتتا كۆپلىگەن ئۇيغۇر يىگىتلىرى 1945-يىلى ئاۋغۇستتا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىدە شەرقىي شىمالغا كېلىپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالنى ياپون فاشىستلىرىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزغان ئەمەسمۇ؟ كىم بىلىدۇ، شەرقىي شىمالنىڭ بىپايان زېمىنىدا نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ جەسەتلىرى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندۇ؟!

## بايقال سۈيى

1990-يىلى ئىيۇلدا يازلىق تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئانا ۋەتىنىمگە قاراپ يولغا چىقتىم. مەن بۇ سەپەردە موسكۋا-بېيجىڭ تۆمۈر يولىنى تاللىۋالدىم. 1990-يىلى 16-ئىيۇن كەچتە موسكۋانىڭ يارۇسلاۋىسكىي ۋوگزالىدىن چىققان پويىز شەرققە قاراپ ئۈز سەپىرىنى داۋام قىلدى. بىر

ئۇخلاپ ئويغانسام، پويىز يېشىل ۋادىلارنى ئارىلاپ تېز سۈرئەت بىلەن كېتىۋېتىپتۇ. دېرىزىدىن ئەتراپقا نەزەر سالدىم، شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىنىڭ مەخمەلدەك يېشىل ۋادىلىرى، ئورمانلىرى، دەريالىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان بۇ پويىز دېرىزىسىدىن ئەتراپقا قاراش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى.

كۆز ئالدىمدا تېز-تېز غايىب بولۇپ، ئۆز-ئارا ئالمىشىپ تۇرغان سۈرەت كەبى گۈزەل مەنزىرىلەر، دېرىزىدىن ئۇرۇلۇپ كىرىۋاتقان ئەتىگەنلىك نەمخۇش-ساپ هاۋا مېنى يەيلەپ قايتىدىن شېرىن ئۇيقۇ قوينىغا ئېلىپ كەتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن، پويىزنىڭ سىلكىنىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام سەپەرداشلار-بىر پولەك، بىر هونگىر، بىر بومبا ساقاللىق قېرى رۇس (تومۇر يول خادىمى) سىرتقا مېڭىۋېتىپتۇ. ياش هونگىر سەپەردىشىم ماڭا ئىستانسىغا كەلگەنلىكىمىزنى، پويىزنىڭ 15 مىنۇت توختايدىغانلىقىنى ئېيتتى. پويىزدىن چۈشۈپ ئۇياق-بۇياققا يۈرۈپ، بىر دەم هەرىكەتلەندىم. بىر دەمدىن كېيىن پويىز يەنە قوزغالدى. مەن پويىز رېستورانىغا كىرىپ ئەتىگەنلىك ناشتا قىلدىم، ئاندىن ۋاگونغا كىرىپ جايىمنى تېپىپ ئولتۇردۇم. قارىسام بومباساقاللىق رۇس ۋودكىسىنى تىكلەپ قويۇپ، قارا ئارپا نېنىنى كېسىپ، ئۈنىڭغا سېرىق ماي بىلەن ئاق ماي سۈركەپ يەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا بىر ئىستاكانغا ۋودكا قۇيۇپ ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، رەهمەت ئېيتىپ، ئۇنى گۇيپىدە كۆتۈرۈۋەتتىم. قېرى رۇس مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ، ئېغىزىمغا ئۆز قولى بىلەن هېلىقى زاكۇسكىلىرىدىن سېلىپ قويدى. بىر دەمدىن كېيىن هونگىر بىلەن پولەك پەيدا بولدى. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ، سومكىلىرىدىن بىردىن بوتۇلكا چىقاردى. شىرە ئۈستىدە هەش-پەش دېگۈچە هونگىر ۋىنوسى بىلەن پولەك ۋودكىسى پەيدا بولدى. مەنمۇ سومكامدىن ئۇرۇمچىگە ئەكېتىپ دوستلارغا خاتىرە قىلاي، دەپ ئېلىۋالغان رۇس ۋودكىسىنى چىقاردىم. بىر دەمدىلا شىرە هەر خىل زاكۇسكىلار بىلەن توشتى.

شۇنداق قىلىپ، سەپىرىمىزنىڭ ئىككىنچى كۈنى باشلاندى. قېرى رۇس تولىمۇ قىزىق ئادەم ئىدى. ئۇ ئەسلى دون كازاكلىرىدىن بولۇپ، ئۇلان ئۇدە شەھىرىدىكى تۆمۈر يول ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىدىكەن. بۇ ئۇنىڭ ئوكرائىنىيىگە بېرىپ، موسكۋا ئارقىلىق ئۆيىگە قايتىش سەپىرى ئىكەن. ھونگىر بۇداپىشتلىق ئىشچى بولۇپ، ئاتپوسكا ئېلىپ موڭغۇلىيىنى كۆرۈش ئۈچۈن كېتىۋېتىپتۇ. ئۇ، رۇس تىلىدا يامان ئەمەس سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، موڭغۇلىيىدە قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان ھونلار ياشاپتۇدەك. ئۇ شۇ ئانا تۇپراقنى كېچىكىدىن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان بولۇپ، مانا بۈگۈن شۇ جايغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. بۆلەك كىشى سودىگەر بولۇپ، جۇڭگودىن مال ئېلىپ، ئۇنى موسكۋا ئارقىلىق پولشىغا يۆتكەپ ساتىدىكەن. بۇ ئۇنىڭ جۇڭگوغا ئونىنچى قېتىم بېرىشى ئىكەن.

بىز بىر ياقتىن ئىچكەچ پاراڭلىشىپ خېلى چىقىشىپ قالدۇق. ھاراقنىڭ كەيپى تۇتقانسېرى چىرايلىرىمىز ئېچىلىپ يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ كەتتۇق. بولۇپمۇ رۇس بوۋاي مېنىڭ تارىخقا قىزىقىدىغىنىمنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۆزىنىڭمۇ ئەڭ چوڭ ئارزۇسىنىڭ ئەسلىدە تارىخچى بولۇش ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى ئۇرۇش پارتلاپ، جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىپ، بەش يىل قانلىق جەڭدىن ساق چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغاچقا، تەقدىرىنىڭ قىسمىتى بىلەن ئۇلان ئۇدەگە كېلىپ، تۆمۈر يول مەكتىپىدە ئوقۇپ شۇ يەردە قالغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ نەگە بارسا شۇ يەرنىڭ تارىخىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان مىجەزىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ، ئۇيغۇرلۇقۇمنى بىلگەندىن كېيىن، ماڭا ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىر قانچە مۇھىم ۋەقە ۋە دۆلەتلەرنى ئاتاپ بەردى. بۇ مەن ئۇچراتقان ئاددىي رۇس پۇقرالىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا ئازراق بولسىمۇ ساۋاتى بار تۇنجى رۇس كىشىسى ئىدى. مەن ئۇنى ۋاسلىي بوۋاي دەپ ئاتىدىم. ئىچىمدە بۇ ھاراقكەش بوۋايغا ھۆرمىتىم قوزغىلىپ قالدى. ئايلىنىپ-چۆرگىلەپ، گېپىمىز يەنىلا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا

بولۇپ قالدى. ۋاسلىي بوۋاي تاماكىسىنى قاتتىق بىر سورۇۋېتىپ:

ــ بىلەمسەن ھونگىر، يېڭىنگدىكى بۇ يىگىت كىم؟ سەن ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسەن، ــ دېدى رۇس بوۋاي مەسخىرە قىلغاندەك ۋە ئىشەنچ بىلەن، ــ بۇ سېنىڭ تۇغقىنىڭغۇ، شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ تارىخىي مەنبەلەرنى ئۇبدان ۋاراقلاپ باق، ھونلار دېمەك، قەدىمكى ئۇگۇر دېمەكتۇر. ئالىملار بۇ ئۇيغۇر دېگەن سۆز بىلەن باغلىنىشى بار، دېيىشىدۇ. قىسقىسى، كۆپلىگەن ئالىملار ھونگىرلار قەدىمكى ھونلارنىڭ ئەۋلادى بولغان بولسا، ئۇيغۇرلارمۇ ئوخشاشلا ئاشۇ ھونلارنىڭ ئەۋلادى، دېيىشىدۇ. دېمەك، سىلەر تۇغقان خەلقسىلەر.

ھونگىرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ راستمۇ؟ دېگەندەك قىلىپ ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى ۋە مەندىن:

ــ سىلەر قاراچاچلىق، قارا كۆزلۈك، بىز سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك، بىزنىڭ قىياپەتلىرىمىز تامامەن باشقىچە تۇرسا، قانداقسىگە تۇغقان بولىمىز؟ ــ دەپ سورىدى. بۇ سوئالغا يەنىلا ۋاسلىي بوۋاي جاۋاب بەردى:

ــ ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ، لېكىن ئازراق موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى ئارىلىشىپ قالغان، بۇلار قەدىمدە تېخىمۇ روشەن ياۋروپا ئىرقلىق خەلق ئىدى، ھەتتا كۆكۈچ كۆزلۈك، سېرىق چاچلىق، ئاق يۈزلۈك، قاڭشارلىق خەلق ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار موڭغۇل ئىرقىي ۋە باشقا ھىندى-ياۋروپا خەلقلىرى بىلەن ئارىلىشىش نەتىجىسىدە ۋە تۈرلۈك سەۋەب تۈپەيلىدىن بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كەلگەن. خاتالاشمىسام، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قەدىمكى بۇ ھالەتلەر ھازىرمۇ مەۋجۇتقۇ دەيمەن؟ دېدى.

بېشىمنى لىڭشىتتىم، بوۋاينىڭ بىلىمىنىڭ كۆپلۈكىگە قايىل بولدۇم. بىز ئۈنىڭدىن كەلگەنلىكى شەھەرلەرنى سورىساق، ئۇ، بۇ شەھەرنىڭ

تارىخىي توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرەتتى. مەن مۇشۇنداق قىزغىن سەپەرداشلىرىمنىڭ ھەمراھلىقىدا زېرىكىشنى ئۇنتۇپ، پويىز ئۈستىدە ھەش-پەش دېگۈچە ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. چەكسىز تايگا ئورمانلىقىنى ئارىلاپ يۈرۈپ 3-كۈنى چۈشتىن كېيىن بايقال كۆلى بويىغا يېتىپ كەلدۇق. پويىز بايقال بويىدىلا 6 سائەت يۈردى.

بوۋاي دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىپايان بايقال سۈيىگە قاراپ، ئولتۇرۇپ كۆتۈرەڭگۈ، بوم ئاۋازدا بايقال توغرىسىدىكى كازاك ناخشىلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئېيتىشقا باشلىدى. پويىز ئاخىرى بايقال بويىدىكى بىر ئىستانسىدا توختىدى. پويىزنىڭ بۇ يەردە توختاش ۋاقتى 10 مىنۇت بولغاچقا، ئادەملەر گۈزەل بايقال مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن پويىزدىن يۈگۈرۈشۈپ، قىستىلىشىپ دېگۈدەك چۈشۈشتى. بۇ يەردە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپمۇ ئۈلگۈردى. بوۋاي ھايت-ھۇيت دېگۈچە يوغان بىر باكقا بايقال سۈيىنى قاچىلاپ پويىزغا چىقتى. پويىز يەنە قوزغالدى. بوۋاي ھەممىمىزگە بايقال سۈيىدىن قويۇپ بېرىپ:

ئىچىڭلار ئاغىنىلەر، بۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ پاكىز، تاتلىق كۆل سۈيى، تەنگە داۋا، قانغۇچە ئىچىۋېلىڭلار، — دېدى. ئۇ يەنە ماڭا ۋە ھونگىرگە قاراپ، — سىلەر تېخىمۇ كۆپ ئىچىڭلار. چۈنكى، سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار مۇشۇ سۇدا ئاتلىرىنى سۇغارغان ۋە ئۆزلىرىمۇ ئىچىپ مۇشۇنداق باتۇر ئوغلان بولۇپ يېتىشكەن! — دېدى.

بىز سۇدىن قانغۇچە ئىچىشتۇق، ھاراققا زاكۇسكا قىلدۇق. بۇ سۇ بىلەن ھاراق ئىچسەم ئۆزۈمنى پەقەت مەست بولمايدىغاندەك ھېس قىلدىم. بەدىنىمگە يېڭى كۈچ-قۇۋۋەت كىرگەندەك بولدى. پويىز ئالغا يۈرمەكتە، بەزىدە ئەتراپتىكى پاكار تاغلار ئارىسىدا شۇڭغۇپ كىرىپ، بۇ تاغلار ئارىسىدىكى ئايلانما يوللاردا يۈگۈرسە، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆل مەنزىرىسى غايىب بولاتتى. مەن كۆز ئالدىمدىن توختاۋسىز ئۆتۈۋاتقان بۇ تاغلار مەنزىرىسىگە قاراپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. بۇ تاغلار قارىماققا ئانچە

ئىگىز-ھەيۋەتلىك ئەمەس ئىدى. لېكىن زىچ ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، كىشىگە سىرلىق تىلسىماتقا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. قانچىلىك ۋاقىت مۇشۇنداق قاراپ ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا بوۋاينىڭ يوغان قوللىرى مۈرەمگە چۈشكەندە خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئەندىكىپ بوۋايغا قارىدىم.

— نېمىگە بۇنچىۋالا ھاڭۋېقىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي. ئۇ خىلىدىن بېرى مېنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك، — سەن نېمانچىۋالا خىيالچان بالىسەن، كۆزلىرىڭدە ئوي-خىيالدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ئېيتقىنچۇ، بۇ تاغلاردىن سەن زادى نېمە ئىزدەيسەن؟ بىرەر گۈزەل قىز ئىزدەمسەن يا؟ قىز دېگەن موسكۋادا قالدى! — چاقچاق قىلدى بوۋاي.

— ۋاسىلىي ئىۋانوۋىي، — دېدىم جاۋابەن ئۇنىڭغا، — قەدىرلىك ۋالىي بوۋا، بولدى، چاقچىقىڭىزنى قويۇڭ، مەن بۇ تاغلارغا خىلىدىن بېرى سوئال قويۇۋاتىمەن، ئۇلار ھېچ جاۋاب بەرمەيدۇ، كۆڭلۈمدە شۇ تاپتا زور بىر ئېچىنىش ۋە ماتەم تۇيغۇسى بار. بوۋا.

— نېمە ئىش، دېگىنىچۇ ئوغلۇم؟ مەن ساڭا ياردەم قىلارمەن. ھېچ بولمىغاندا بۇ تاغنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەرمەن، — دەپ كۈلدى بوۋاي يەنىلا چاقچاق ئارىلاش.

— تامامەن ئەكسىچە ۋاسىلىي ئىۋانوۋىچ، — دېدىم ئۇنىڭغا جىددىيلىك بىلەن، — ئەكسىچە، مەن بۇ تاغنىڭ ھېكايىسىنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي. بىلمەمسىز، بۇ تاغنى پۈتكۈل شىنجاڭ خەلقى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى مۇشۇ تاغلار 1949-يىلى 28-سېنتەبىردە بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ باشلامچىسى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرىي ئەھمەتجان قاسىمى قاتارلىق سۆيۈملۈك ئوغلانلىرىمىزنى يۇتۇپ كەتكەن. ئاشۇ ئورمانلار ئارىسىدا ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ

روھلىرى كېزىپ يۈرگەندۇ...

مەن بوۋايغا ئەھمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئاشۇ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پاجىئەسى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. ھېكايەمنى ھونگىرمۇ، پولەكمۇ قىزىقىش ۋە زور ئېچىنىش بىلەن ئاڭلىدى ھەم ئۆزلىرىمۇ ئىختىيارسىز ئاشۇ تاغلارغا قارىشىپ سۆزسىز ئولتۇرۇشتى. ئاخىرى يەنىلا بوۋاي سۈكۈناتنى بۇزدى:

— يىگىتلەر، بولدى قىلىڭلار، قېنى، ئاشۇ تارىخ ئۈچۈن بىر رومكىدىن قېقىۋېتەيلى، ئال رومكىنى نەبجان، — دېدى ئۇ. ئارقىدىنلا گۈپپىدە ئىستاكاننى كۆتۈرۈۋەتتى.

سەپىرىمىز داۋاملىشىۋەردى. پويىز ئۈچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. يېرىم كېچە بولغاندا ۋاسلىي بوۋاي مېنى ئويغاتتى، ئۇ ماڭا يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن پويىز ئۇلان ئۇدە شەھىرىگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دېمەك ۋاسلىي بوۋايدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىت كەلگەنىدى. ئۇ، يېنىمدا ئولتۇرۇپ ماڭا مېھرىبانلىق بىلەن سىنچىلاپ قاراپ، بىر بوتۇلكىنى سۇندى.

— ئال بۇنى، بۇ بايقال سۈيى، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن،
— بۇنى قانغۇچە ئىچ، بۇ سىبنىڭ ئەجدادلىرىڭ ئىچكەن سۇ. سىبنىڭ ئەجدادلىرىڭ مۇشۇ سۇنى ئىچىپ باتۇر بولغان، ئاتلىرىمۇ مۇشۇ سۇنى ئىچكەنلىكى ئۈچۈن بولۇشىچە چېپىپ ئاسىيادىن ياۋروپاغا بېسىپ ئۆتكەن. بۇ، خاسىيەتلىك سۇ. بۇ سۇنى ئىچكىنىڭدە قەھرىمان ئەجدادلىرىڭنىڭ قانلىرى تومۇرلىرىڭدا قايتىدىن دولقۇنلايدۇ. شۇ چاغدا مەن تارىختىكى سىبنىڭ بوۋىلىرىڭ — باتۇر تەڭرىقۇتنى، ئوغۇزخاننى، مۇيۇنچۇرنى، سۇلتان سۇتۇقنى كۆرگەندەك بولىمەن! ...

بىز قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق. ھونگىرمۇ، پولەكمۇ ئويغاندى. بوۋاي يېرىمداپ قالغان بوتۇلكىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، ئۇنى تۆتكە بۆلۈپ تەڭ

قىلىپ قويدى. بىز بوۋاي بىلەن خوشلىشىش ھارىقىنى ئىچىشتۇق. كۆلكە-چاقچاقلار بىلەن ئاخىر پويىزنىڭ ئۆلان ئۆدەگە يېتىپ كەلگىنىنىمۇ بىلمەي قاپتۇق.

بىز بوۋايغا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن پويىزدىن چۈشۈپ بىردەم پاراڭ سوقۇشتۇق. ئاخىرى گۇدۇك چېلىندى. بوۋاي ئۈچىمىزنى بىر-بىرلەپ سۆيۈپ چىقتى ۋە ھەر بىرىمىزنىڭ يەلكىسىگە تېخى مۇشتلىرى بىلەن نوقۇدى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى بىلمىلىك، چىقىشقاق ۋاسلىي بوۋاي بىز بىلەن كۆز قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى.

ئۈچىمىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ ئۈن-تىنسىز كارىۋاتلىرىمىزغا چىقىپ يېتىشتۇق. قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئويغانسام تاڭ يورۇپ، ۋاگوندا يولۇچىلارنىڭ پاراڭلىرى، رادىئودىن ناخشىلار ياڭراپ كېتىپتۇ. ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، دېرىزىدىن سىرتقا نەزەر سالدىم. پاھ! پويىز كاتتا بىر دەريانى بويلاپ كېتىۋېتىپتۇ. دەرھال يېنىمدا ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك خەرىتىلەر توپلىمىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بۇ دەريانىڭ ئىسمىنى تاپتىم. بۇ دەل ئاشۇ مەشھۇر ئانا دەريا-ئورخۇن دەرياسى، كىتابلاردىن تولا ئوقۇپ قەلبىم قېتىغا چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ياۋروپا-ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ئالەمشۇمۇل رول ئوينىغان ئۇيغۇر-تۈرك قەبىلىلىرىنى ھاياتلىق ۋە مەردلىك سۈيى بىلەن سۇغارغان ئۇلۇغ ئانا دەريا ئىدى! مانا بۈگۈن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. قىرغاقلىرى قويۇق ئورمانلىق ۋە چاتقاللىقلار بىلەن پۈركەلگەن دەريا، سۈيىنىڭ شۇنچىلىك ئۇلۇغ بولۇشىغا باقماي تولىمۇ تېز ئاقاتتى. بەزى جايلىرى خىلى كەڭرى بولۇپ، بەزى جايلىرى چوڭقۇر قايناملارنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئادەتتە بۇنداق جايلارنىڭ كەڭلىكى سەل تارراق بولسىمۇ، لېكىن بىر خىل سىرلىق ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. پويىز ئورخۇن بويىدا ئالاھازەل ئىككى سائەتچە ماڭدى. پويىز جەنۇبقا قاراپ يۈرگەنسېرى

دەريانىڭ ئېقىش دائىرىسىنىڭ تارىيىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئېقىش تېزلىكىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن ئىدى. بارا-بارا ئورمانلار ۋە سۇ يۈزىگە ساڭگىلاپ چىلىشىپ تۇرغان چاتقاللار ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئېگىز، قويۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر ئىگىلىدى. دېمەك، دەريا ئەمدى بىپايان يايلاقنى ئىككىگە بۆلگەن هالدا ئاقماقتا ئىدى. يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن توپ-توپ قوي پادىلىرى، يوغان سىيىرلار ۋە يىلقىلارنىڭ دەريانىڭ بىر قانچە ئاراللارغا بۆلۈنگەن كەڭرى بىر جايىدا سۇ ئىچىۋاتقان مەنزىرىسى نامايان بولدى. پاكار ئاتلار ئۈستىدىكى موڭغۇل مالچىلار قامچىلىرىنى ئاسمانغا شىلتىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشاتتى. بۇ يەردە هېچقانداق بىر هازىرقى زامان تۇرمۇشىغا ئائىت نەرسىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا بۇ مەنزىرىلەر كىشىنى يىراق قەدىمكى چاغلارغا ئېلىپ كېتەتتى.

مەن دېرىزە يېنىدىكى قاتلىما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، هاياجان بىلەن ئورخۇن ۋادىسىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلماقتىمەن. پويىز تېز سۈرئەتتە ئۆچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. پويىز چاقلىرىنىڭ رېلىسقا ئۇرۇلۇپ قاتتىق گۈپۈلدەشلىرىمۇ هېچ قۇلىقىمغا ئاڭلانمايتتى.

تۇيۇقسىز يادىمغا بىر ئوي كېلىپ قالدى، ئۇ بولسىمۇ ئاشۇ ئانا سۈتىدەك پاك ئورخۇن سۈيىدىن بىر بوتۇلكا قاچىلاپ، ۋاسلىي بوۋاي بەرگەن بايقال سۈيى بىلەن بىرگە ۋەتەنگە ئېلىپ كېتىش ئىدى. پويىزنىڭ ئورخۇن بويىدىكى بىرەر بېكەتتە توختىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلدىم. لېكىن ئورخۇن بويىدا بىرەرمۇ ۋوگزال يوق ئىكەن. دېمەك ئالدىمىزدىكى چوڭ ۋوگزال موڭغۇلىيە جۇمهۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتور شەهىرى ئىدى. لېكىن، يەنىلا ئەپسۇسلانمىدىم. چۈنكى ئورخۇن سۈيى ئاخىرقى هېسابتا بەربىر بايقال كۆلىگە قۇيۇلاتتى. دېمەك بايقال سۈيى چوقۇم ئاشۇ ئورخۇن سۈيىدىن كۆپەيگەن، بايقال سۈيى مەردلىك قەتىرلىرىنىڭ توپلىنىشى ئىدى.

پويىز ئۇلانباتور شەھىرىگە كىلىپ توختىدى. سوۋىت پاسونىدا سېلىنغان بىنالار بىلەن بېزىلىپ، سوۋىت شەھەرلىرىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يايلاق شەھىرىنىڭ بۇ ۋوگزالى كۆزگە تولىمۇ سۆرۈن كۆرۈنەتتى.

بۇ شەھەرنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن بىر خىل چۈشكۈنلۈك بىلەن غايىۋى مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. بۇ يەردە يېرىم سائەتتىن ئوشۇق توختىغاندىن كېيىن پويىز قايتا سەپەرگە ئاتلىنىپ، بىپايان يايلاقلارنى، ئېگىز تاغلارنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، ئىككىنچى كۈنى چۈشتە بېيجىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ۋاسلىي بوۋاينىڭ بۇ يادىكار سوۋىنى بېيجىڭغىچە، ئۇرۇمچىگىچە ئېلىپ كەلدىم ھەم دوستلىرىمغا، ۋەتەنداشلىرىمغا ئېچكۈزدۈم. شانلىق تارىخنى ئەسلەپ، قەھرىمان ئەجدادلارنى ياد ئېتىپ بۇ سۈنىڭ بىر قىسمىنى ئۈرۈمچىدىن ئۈچتۇرپانغىچە بولغان سەپىرىمدە يوللارغا، بىپايان ئېتىز-داللارغا، تارىم دەرياسىنىڭ باشلىنىشى بولغان ئاقسۇ، توشقان دەريالىرىغا چېچىۋەتتىم.

## ئۇيغۇر ناۋايخانىسىدىكى چۆشلۈك چاي

موسكۋانىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرى بولغان ۋولگاگراد يولىدا پىكاپىڭىزنى سائىتىگە 80 كىلومىتىر تېزلىك بىلەن ھەيدەپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ، تېكىستىلشىكىي (توقۇمىچىلار) مېتروسىغا يېقىن كەلگىنىڭىزدە، يول بويىغا ئورنىتىلغان ئېگىز ئېلان تاختىسىغا كۆزىڭىز چۈشمەي قالمايدۇ. بۇ ئېلان تاختىسى يېنىدىن كۈنىگە نەچچە ئون مىڭلىغان ماشىنىلار ئۆتۈپ تۇرۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نەچچە يۈز مىڭلىغان كۆزلەر بۇ ئېلان تاختىسىغا تەڭلا تىكىلىدۇ، مەن گېزىتلەردە نامىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بۇ ئېلان تاختىسى يېنىغا ئاخىرى يېتىپ كەلدىم. كۆز ئالدىمدا يوغان رۇسچە خۇشخەت بىلەن يېزىلغان «ئۇيغۇر — خلىب»

دېگەن سۆز چاقناپ تۇراتتى. دېمەك، مانا بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا خېلىلا مەشھۇر بولۇپ قالغان موسكۋادىكى ۋە پۈتكۈل رۇسىيەدىكى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتكۈل ياۋروپادىكى بىردىنبىر «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى» نىڭ ئېلان تاختىسى بولۇپ، مەن ئاشۇ ئېلان تاختىسىدا كۆرسىتىلگەن ستىرېلكا بويىچە سول تەرەپكە ئالاھازەل 2-3 يۈز مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، كونا پاسوندا سېلىنغان ئون قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىغا كەلدىم. بۇ بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋەتلىرى ماگىزىن بولۇپ، ئۈستۈنكى قەۋەتلىرى ئائىلىلىكلەر ئىدى، مانا بۇ بىنانىڭ ئىككى قەۋىتى «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى» غا تەۋە بولۇپ، ماگىزىنىنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە يوغان قىلىپ يېزىلغان «ئۇيغۇر-خىلىپ» دېگەن سۆزلەرنى خېلى يىراقتىن تونۇۋېلىش مۇمكىن. مەزكۇر ناۋايخانا شۇ رايوندىكى نەچچە ئون مىڭلىغان ئائىلىلەرنى كۈندىلىك نان ۋە باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەيتتى. مەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىن ئۇرغۇۋاتقان ھۆرمەت، سۆيۈنۈش ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ماگىزىن سىرتىدىكى ئاشۇ «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى» دېگەن سۆزلەرگە تىكىلىپ خېلى ئۇزاق تۇردۇم. ماگىزىندىن سومكىلىرىغا نان قاچىلاپ، كۈنسايىن شىددەت بىلەن ئۆسۈۋاتقان مال باھاسى ۋە ئۆزگىرىشچان ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى، رۇسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن ياكى زۇڭلى چېرنامىردىن ۋە ياكى ژىرونوۋسكىي قاتارلىقلار توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلغاچ ئۆيلىرىگە قايتىشقان خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. تۇيۇقسىز «ئوغلۇم، نان ئېلىشىمغا ياردەم قىلىڭ» دېگەن تىترەك ئۆتۈنۈش ئوي-خىياللىرىمنى بۆلۈۋەتتى.

يېنىمدا نۇرسىز كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇرغان، چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر موماي خىرىستوسقا چوقۇنغان ھالدا ئۈمىد بىلەن ماڭا قاراپ تۇراتتى. يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئۇ، شۇ تاپتا كۆزۈمگە رۇس موماي ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مومايدەك كۆرۈنۈپ كەتتى، ئۇ بىزنىڭ ئاشۇ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋە ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا دائىم كۆزگە

چىلىقىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر تىلەمچى مومايلىرىمىزغا بەكمۇ ئوخشايتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ پەرقى، بىرسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى تىلغا ئالسا، يەنە بىرسى ھەزرىتى ئىيسانىڭ نامىنى تىلغا ئالاتتى. بىرسى ئالقىنىنى ئېچىپ دۇئا قىلسا، يەنە بىرسى قولىنى ئىككى مۈرىسى، پېشانىسى ۋە يۈرىكىگە ئاپىرىپ دۇئا قىلاتتى. مەن دەرھال يانچۇقۇمدىن ئون مىڭ رۇبلى (بۇنىڭغا ئون نان كېلەتتى) چىقىرىپ مومايغا بەردىم. موماي ماڭا قايتا-قايتىلاپ رەھمەت ئېيتىپ، ئۆز ئادىتى بويىچە دۇئا قىلىپ، ئاللادىن ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە باياشاتچىلىق تىلىدى ھەمدە ماگىزىنغا كىرىپ كېتىپ ئىككى نان كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ مېنىڭ تېخىچە ماگىزىن ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ قورۇق باسقان چىرايىدىن كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا ماڭا قاراپ:

ئاللا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ــ دېدى.

توساتتىنلا كاللامغا بۇ موماي بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىش خىيالى كىردى. مەن:

ــ موما، بۇ نان يېيىشلىكمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ بەك يېيىشلىك، بەك تەملىك، مەن بۇ ناۋايخانىنىڭ نېنىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، ــ دېدى موماي جاۋابەن.

ــ ئۆيىڭىز مۇشۇ ئەتراپتىمۇ؟ ــ سورىدىم يەنە.

ــ شۇنداق، ئوغلۇم.

ــ ئۇنداقتا، سىز بۇ ناۋايخانىنىڭ نېنىنى يەۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بوپتۇ-دە.

ــ ھەئە. ئىلگىرى بۇ ناۋايخانا باشقا نام بىلەن ئاتىلاتتى. نېنىنىڭ تەمىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، نەچچە يىل بولدى، ناۋايخانىنىڭ نامىمۇ، نېنىنىڭ تەمىمۇ ئۆزگەردى، مېنىڭچە، بۇنىڭغا يېتىدىغان

مەززىلىك، يۇمشاق نان ھېچيەردە يوق، ــ دېدى موماي ئېغىزى-ئېغىزىغا تەگمەي ماختاپ.

ــ ئۇنداقتا، نېمشقا «ئۇيغۇر-خلېب» دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇر دېگەن سۆز نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، ــ دەپ سورىدىم ئەتەي. مەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ شۇنداق گەپ تەشكەنىدىم.

ــ نېمە مەنىنى بىلدۈرەتتى؟ ناننىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ، ــ دېدى موماي ئېرەنسىزلا.

تۇرۇپلا غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى بۇ موماي مېنىڭ ئۇلۇغ مىللىتىمنى ھازىرغىچە يەيدىغان نەرسە دەپ بىلىپ كەپتۇ ئەمەسمۇ! لېكىن، باشقىلار بىزنى بىلمىگىنى ئۈچۈن ئەيىبلەشكە ئاساسىم يوق. چۈنكى بىز ... مەن ئالدىمدا مۆلايىم كۈلۈپ تۇرغان مومايغا سىنچىلاپ قارىدىم. نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۇ بۇ يېمەكلىكنى يەپ ھايات كەچۈرگەن. بۇ يۇمشاق، تەملىك نان ئۇنىڭغا ھايات لەززىتى بەرگەن، ئۇنىڭ ئاجىز تېنىگە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغانىدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن «ئۇيغۇر» ناملىق بۇ ناننىڭ خاسىيىتىنى تولۇق بىلگەن. شۇڭا مەن يەنىلا مومايدىن سۆيۈندۈم، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقۇم كەلدى. لېكىن موماي ماڭا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئەسلىدە رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىكى مەن ئىدىم. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاكى ئۇنىڭ قارىسى يۈتكىچە قاراپ تۇردۇم. توساتتىن مېڭەمدە بىر خىيال، ئاجايىپ بىر پىكىر ۋاللىدە پەيدا بولدى. «دېمىسىمۇ بۇ ھەزرىتى ئەيسا مۇرىتلىرىغا ‹بۇ مېنىڭ تېنىم› دەپ ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن ناندەك ناھايىتى ئېسىل، تەملىك ئەمەسمۇ؟»".

مەن باش-ئايىغى يوق خىياللارغا چۆمگەن كاللامنى سىلكىۋېتىپ ماگىزىنىغا كىردىم. 2-قەۋەتتىكى ئىشخانىدا مېنى ئۇيغۇر ناۋايخانىسىنىڭ خوجايىنى ــ موسكۋادا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر يىگىتى نارىمان

مۇھەممەت ئوغلى قوۋچىقنى ئېچىپ كۆتۈۋالدى. كۆكۈش كۆزلۈك، ئاق تەنلىك، قاڭشارلىق، يوغان چاسا يۈزلۈك، گەۋدىلىك كەلگەن بۇ ئۇيغۇر يىگىتنى كۆرۈپ كۆز ئالدىمدا بىزنىڭ ئاشۇ باتۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ سىيماسى پەيدا بولدى. ئۇ، ئۇيغۇر تىلىنى ئانچە راۋان سۆزلىيەلمىسىمۇ، لېكىن ئىمكانقەدەر ئۇيغۇرچە سۆزلەشكە تىرىشاتتى ۋە ئۇيغۇرچە قائىدە-يوسۇنلار بويىچە مۇئامىلە قىلاتتى.

— سىزنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىز مۇناسىۋىتى بىلەن مەن بۈگۈن ناۋايخانىمىزغا يەنە بىر قانچە موسكۋالىق مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىملارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ قويغانىدىم. مانا ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بوپقالدى، — دېدى ئۇ سائىتىگە قاراپ.

دەل شۇ چاغدا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم» دەپ سالام بەرگەن ھالدا 60 ياشلار چامىسىدىكى سالاپەتلىك بىر كىشى ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق.

— بۇ كىشى ھۆرمەتلىك پروفېسسور تىلمان كەرىمبايېف ئاكىمىز بولىدۇ، — دەپ ماڭا ئۇنى تونۇشتۇردى نارىمان

مۇھەممەت ئوغلى ۋە ئارقىدىنلا مېنىمۇ پروفېسسورغا تونۇشتۇردى:

— بۇياق ئۈتكەندە سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن شىنجاڭلىق يىگىت نەبىجان بولىدۇ.

پروفېسسور مېنى چىڭ قۇچاقلاپ ھاياجان بىلەن: «كەلگىنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، بالام. سىز بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن» دېدى.

بىر قىزغىن كەيپىياتتا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. باشقا مېھمانلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن كىرىپ كېلىشتى. ئۆي ھەش-پەش دېگۈچە ئون نەچچە ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن تولدى. مەن ئۆزۈمنى

گويا ۋەتەندە —ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ ئۇيغۇر دۇنياسىدا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ھەقىقەتەنمۇ يىراق چەت ئەل شەھەرلىرىدە بىر يەرگە يىغىلىپ مۇشۇنداق ئۆز ئانا تىلىمىزدا ئېچىلىپ-يېيىلىپ كەڭ-كۇشادە پاراڭ سېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش كەم نېسىپ بولىدىغان غەنىيمەت پۇرسەت ھېسابلىناتتى. بۇ يالغۇز مەن ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئانا ۋەتەندىن ئايرىلغان پۈتكۈل مۇساپىرلار ئۈچۈن ئورتاق تۇيغۇ ئىدى. مەن ھەيران قالغان نەرسە شۇ بولدىكى، بۈگۈن مەن بىلەن بىر داستىخانغا جەم بولغان بۇ قېرىنداشلىرىمنىڭ نەچچىسى موسكۋادا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ھەتتا نەچچىسىنىڭ ئانىسى رۇس، بىر قانچىسىنىڭ موسكۋادا ياشاپ خىزمەت قىلغىنىغا 40 يىللاردىن ئاشقانىكەن، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئانا تىلى — ئۇيغۇر تىلىدا ياخشى سۆزلەيتتى، ھەتتا بار ئىمكانىيەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەشكە، بىرمۇ رۇسچە سۆز ئارىلاشتۇرماسلىققا تىرىشاتتى. بىر قانچىسى ئۆزلىرىنىڭ كىچىككىدىنلا رۇس مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت ئائىلىسىدىكىلەر بىلەنلا سۆزلىشىپ ۋە كېيىن موسكۋادا ياشاپ يۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەش كۈچى ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىنى، سۆزلىگەندە قىينىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن بەك ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، ۋاقىت چىقىرىپ مەندىن ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش ئويلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىشتى. مەن بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم. ئۇلارنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم ...

مەن بۇنداق ئەھۋالنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتتىم ۋە ئاڭلىدىم. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قېرىنداشلىرىمىز دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىغا چېچىلىپ كەتكەنلىكى ھەممىگە ئايان. مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولسۇن، مەيلى تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردە بولسۇن، بىزنىڭ ئۇيغۇر مۇساپىر قېرىنداشلىرىمىز ھەر قانچە باياشات تۇرمۇش كەچۈرمىسۇن

ئۇلارنىڭ كۆڭلى سۇنۇق. ئۇلارنىڭ قەلبى ھەر ۋاقىت-ھەر مىنۇت ۋەتەنسىزلىك ئازابى بىلەن ئۆرتىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى، ھەر بىر ھۈجەيرىسى «ۋەتەن» دىن ئىبارەت بىرلا مۇقەددەس ئۇقۇمغا مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەردىن چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ چوڭقۇر، دۇنيانىڭ ھەر قانداق بىر بۇلۇڭىغا بارسىڭىز بىرەر ئۇيغۇرنى ئۇچراتماي قالمايسىز. ئېنىقكى، بۇ ئۇيغۇر ئۆز ئانا تىلىدا ئاددىي بولسىمۇ سۆزلەيدۇ ياكى سۆزلەشكە تىرىشىدۇ. ئۇيغۇر ئانا تىلىغا ئېغىزى كېلىدىغانلىكى بالىلارنىڭ 12 مۇقام ۋە باشقا ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن دىققەت قىلىپ ئاڭلايدىغانلىقىنى كۆرىسىز. مەن ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋالنى ئۇچراتقىنىمدا دەرھال ئۈرۈمچى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئاپتوبۇسلاردا، تىياتىرخانىلاردا، يوللاردا، قىسقىسى، ھەممە سورۇنلاردا ھەر ۋاقىت ھېلىقى يېرىمى ئۇيغۇرچە، يېرىمى خەنزۇچە، ھېچبىر گىراماتىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق باغلىنىشى بولمىغان، ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدىغان ۋە ئېچىندۇرىدىغان جۈملىلەرنى ئاڭلىغىنىمدا، شۇ جۈملىلەرنىڭ ئىگىلىرىگە يىرگىنىش ۋە ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن قارايمەن. ئۇلار ئۆزىچە كالتە-كۆسەي خەنزۇچە سۆزلەپ، خەنزۇچە ئىپادىلىيەلمىگەننى ئامالسىز ئۇيغۇرچە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، خۇددى خەنزۇ تىلىنى تولۇق بىلىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىپ كېرىلىپ يۈرۈشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلگەن تەقدىردىمۇ يۇقىرىراق تەلەپ بىلەن ئېيتقاندا، يالغۇز خەنزۇچىغا مۇكەممەل بولۇشىنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈنچىۋالا كېرىلىپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەسلىكىنى بىلمىسە كېرەك. بىزدە ئىشتىن سىرت ئىككى-ئۈچ خىل چەت ئەل تىلى ئۆگىنىپ بولۇپمۇ داۋراڭسىز يۈرۈۋاتقان ياشلىرىمىز ئازمۇ؟ ئەجەبا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خەنزۇچىنى چالا-بۇلا سۆزلىگىنى ئۈچۈن قىلچە ئۇيالمىسا-ھە؟ ئۆزىنى سۆيمىگەن، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشنى، قەدىرلەشنى بىلمىگەن ئادەمنى ئۆزگىلەرمۇ ھەر قاچان ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا تەڭ قىلمايدۇ. ئۇنى پەقەت ئەخلەت-چاۋار قاتارىدىلا

كۆرىدۇ، خالاس.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر كۈنى ئۈرۈمچىدە كۆپ يىل تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن بىر چەت ئەللىك ئالىم ماڭا: «سىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدەك ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك، چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان، شۇنداقلا خەلقئارادا ئەھمىيەتلىك، يەنى ئىچكىرى جۇڭگودىن تارتىپ غەربتە تاكى ياۋروپاغىچە، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكازىيە، ئىدىل-ئورال، شۇنداقلا كىچىك ئاسىيا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە بولغان دائىرىدە زور ئىشلىتىش رولى بولغان ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارغا ئىگە تىل ئاز ئۇچرىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىختىكى خەلقئارالىق ئورنى ۋە ئەھمىيىتى شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى بۇ مەسىلە پۈتكۈل دۇنيادىكى ئۇيغۇر مىللىتىنى چۈشىنىدىغان ئادەملەرگە ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەر قانداق بىر ئەزاسىغا ئايدىڭ مەسىلە دەپ ئويلايمەن. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، مەن ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا، ئۈرۈمچىنىڭ ھەممىلا سورۇنلىرىدا ئۆز تىلىنى بۇزۇۋاتقان، ئۆز تىلىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋاتقان، ئۇنى خۇنۈكلەشتۈرۈۋاتقان ‹چالا ئۇيغۇر› لارنى بەك كۆپ ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كىچىكىدىن ئۇيغۇر مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئۇيغۇر تىلىدا ئالىي مەكتەپ تۈگەتكەن زىيالىيلار» دېگەنىدى.

دېمىسىمۇ ئېغىز تىلىنى قويۇپ تۇرۇپ، يېزىق تىلىغا تەرجىمە قىلىنىۋاتقان فىلىملەرگە، ئەسەرلەرگە ۋە ھەر خىل يېڭى ئاتالغۇلارغا قارايدىغان بولساق، ئەھۋال ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. تەرجىمانلىرىمىز، يازغۇچىلىرىمىزمۇ ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئىشلەتسە، ئەسىرى پاساھەتلىك چىققاندەك ھېس قىلىشىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنى ساپلاشتۇرۇش جەھەتتە ئۆزبېك، قازاق قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەردەك بولالمايۋاتىدۇ. ئالايلۇق، بىز ھاۋارايىدىن مەلۇمات بەرگەندە نۆلدىن تۆۋەن مانچە گرادۇس، نۆلدىن يۇقىرى مانچە گرادۇس دېگەندەك ئاتالغۇلارنى

ئىشلىتىمىز. قازاقلار بولسا، «نۆلدىن تۆۋەن، نۆلدىن يۇقىرى» دېگەنىدەك مىنۇس، پىلۇس (مەنپىي ۋە مۇسبەت) تىن تەركىب تاپقان ماتېماتىكىلىق چۈشەنچىنى چىقىرىپ تاشلاپ، «بۈگۈن مانچە گرادۇس ئىسسىق بولىدۇ ياكى مانچە گرادۇس سوغۇق بولىدۇ» دېگەنەدەك ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، جانلىق ئالىدۇ. مېنىڭچە، يېڭى كىرگەن سۆزلەرنى مانا شۇنداق جانلىق، ئېغىز تىلىغا يېقىن ئېلىش كېرەك. چۈنكى خەلقىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يېزا ـ قىشلاقلاردىكى دېھقانلار، ئۇلارغا بۇنداق مۇجمەل تۈيۈلىدىغان ئىلمىي ئاتالغۇلار ئانچە ياقمايدۇ. بۇنداق سۆزلەر خۇددى «يولداش» دېگەن بەزى تېگىشلىغان سۆزلەردەكلا تىلىمىزغا ھەقىقىي ئۆزلەشمەيدۇ.

يەنە ئالايلۇق، قازاقلار تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرنى ئىخچام، ئوبرازلىق قىلىپ: «كۆرۈرمەنلەر» دەپ ئىشلىتىدۇ. بىز بولساق «تاماشىبىنلار ياكى تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر» دېگەنىدەك قۇلايسىز ئاتالغۇ بىلەن ئىستېمال قىلىمىز، قازاقلار كىتاب ئوقۇغۇچىلارنى «ئوقۇرمەن» دەپ ئىشلەتسە، بىز «كىتابخان» دەپ ئاتايمىز (گەرچە بەزىلەر «ئوقۇرمەن» سۆزىنى تېخى يېقىندىلا ئاندا-ساندا ئىشلىتىپ يۈرگەن بولسىمۇ)، بۇنداق مىساللار تالاي.

يەنە بەزى تەرجىمانلىرىمىزنىڭ ئۆلۈك ـ جانسىز تەرجىمىلىرىمۇ يېزىق تىلىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ. مەن يېقىندا بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭدا، بىر نەچچە دوستلىرىنى تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ دەرھال قېچىشقا دەۋەت قىلغانىدا: «ئاتقا چىقايلى!» دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم. بىر تۇرۇپ كۈلگۈم، بىر تۇرۇپ ئېچىنغۇم كەلدى. بەلكىم ئۇيغۇر ئەمەس، ھەتتا خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىدىغان خەنزۇ تەرجىمانمۇ بۇنداق سۆزلىمەس بولغىيتتى.

ئۆز مىللىتىنى سۆيگەن كىشى ئانا تىلىنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدۇ، قەدىرلەيدۇ، ئۇنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن كۈرىشىدۇ. موسكۋادىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئەنە شۇنداق، ئۆز ئانا تىلىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. لېكىن يۇرتىمىزدىكى خېلى كۆپ ئۇيغۇر قىزلىرى ھېچ ھاجەتسىزلا ئۆز تىلىنى باشقا

تىللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بۇزۇپ سۆزلەيدۇ. ئۇلار ئاشۇنداق ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىگەندە خەنزۇلار مىيىقىدا مەسخىرىلىك كۈلۈشىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئۆز قەدىر-قىممىتىنى، ئىززەت-غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغانلىق. مەن بەش يىل مابەينىدە نۇرغۇن دۆلەتلەردە بولدۇم، نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشتىم. بۇنداق ئۆز ئانا تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەيدىغان ئەھۋاللار پەقەت بىزنىڭ شىنجاڭدىلا مەۋجۇت ئىكەن. ئەگەر بىز ئۆز تىلىمىزنى ئاسرىمىساق دىلىمىزنى، روھىمىزنى ئاسرىيالمايمىز. بىر مىللەتنىڭ راۋاجلانغان ئەدەبىي ۋە ئېغىزاكى تىلى، ئورتاق ئېتىقاد ۋە ئۆزىگە خاس مىللىي روھى، خاراكتېرى بولۇشى كېرەك. بۇ بىزدە مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن. مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدە.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋە رۇسىيىدىكى شۇنچە كۆپ مىللەتلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار رۇس تىلى ۋە رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ھەم بېسىمى بىلەن ئۇزۇن مەزگىل ياشاپمۇ يەنىلا ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇمىغان. ئېيتايلۇق، قازاق، تاجىك، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، باشقىرت، قۇمۇق، چېچەن، چېركەس ۋە باشقا مىللەت كىشىلىرى ئۆز ئارا بىر-بىرى بىلەن ياكى تولۇق ئانا تىلىدا ياكى تولۇق رۇس تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخىمۇ شۇنداق. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلىششى 98% نى، تۈركمەن ۋە تاجىكلارنىڭ 99%؛ قىرغىز قازاقلارنىڭ بۇنىڭدىن سەل تۆۋەنرەك ئىكەن. ئەگەر باللار كىچىكىدىنلا رۇس تىلىدا ئوقۇغان بولسا ئامال يوق، ئۇلار چوقۇم رۇس تىلىدا سۆزلەشمەي مۇمكىن ئەمەس. بىراق ئۇلار ئۆز ئانا تىلىنى ھامان ئىگىلىۋالالايدۇ. بىزدەك ئىككى تىلنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىمەيدۇ. ئەلۋەتتە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر ۋە تىل شارائىتى بىزگە قارىغاندا كۆپ مۇرەككەپ، بۇنىسى ھەممىمىزگە ئايان.

قىسقىسى، ئۆز ئانا تىلىنى قەدىرلەش، باشقا تىللاردىن قانداق پايدىلىنىش بىر ئادەمنىڭ مىللىي ئەخلاقى ۋە ئاڭ سەۋىيىسىگە باغلىق، ئۆز

خەلقىنىڭ ئۆتمۈشى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇغان، يۇرتىدە ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق ئەسلىمىلىرى قالمىغان ئادەم مەڭگۈ گادايلىققا، مەڭگۈ ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر. ئەمەلىيەتتە ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆز خەلقىنى، ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشى تەبىئىي، چۈنكى بۇنداق سۆيگۈ ھەر بىر ئىنساننىڭ تومۇرلىرىدىكى ئىسسىق قانلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان. بىر مىللەتكە نىسبەتەن تىل يالغۇزلا يېزىق تىلى ۋە ئېغىز تىلى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئىنچىكىلەپ كۆزەتكەندە، مىللەتنىڭ تاشقى تىلى ۋە ئىچكى تىلىمۇ مەۋجۇت، بەلكى بۇلار مۇھىم تەرەپ، تاشقى تىل-تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى بىلەن، تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن يېزىلغان بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئومۇمىي تارىخىي، مىللەتنىڭ ئىچكى تىلى-شۇ مىللەتنىڭ مەڭگۈ-ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزگە خاس يوشۇرۇن ئىستىكى-روھىي تارىخىي، مىللەتنىڭ تاشقى تىلى تارىخ بىلەن، ئىچكى تىلى سەنئەت بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ، شۇڭا، ھەر بىر شەخس ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ مىللىي تىلى ئۈچۈن كۈرەشكۈچى ۋە تۆھپە ياراتقۇچى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ھەممىلا ئۇيغۇر بىلگەندەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ قەدىمىي تىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىق ئەنئەنىسىگە ئىگە خەلق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىش كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى بولغان شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىلىك، تېكستولوگىيىلىك ۋە تارىخشۇناسلىق تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە دۇنيادا قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئېلىپبەلىك يېزىق قوللىنىلغان جايلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىش بىلەن بىرگە يەنە قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دا ئەجدادلىرىمىز ۋە باشقىلار تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغانلىقى، ئۇيغۇر يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى دەسلەپكى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە خەلقئارالىق يېزىق ۋە تىل سۈپىتىدە شەرقتە ئىچكى جۇڭگودىن تارتىپ غەربتە ياۋروپاغىچە، جەنۇبتا مىسىرغىچە قوللىنىلغانلىقى

ئىسپاتلاندى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قوليازمىلار ۋە ھۆججەتلەر پارچىلىرى چەت ئەللەردىكى كۆپلىگەن شەھەرلەردە ساقلانماقتا. رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ سانكىت-پېتربورگ شۆبىسى مەخسۇس تەسىس قىلغان دۇنيادىكى قەدىمكى قولىيازمىلار فوندىنىڭ بىرسى «قەدىمكى ئۇيغۇر قولىيازمىلىرى فوندى» بولۇپ، بۇ فونددا رۇس شەرقشۇناسلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇرشۇناسلىرى ئولدېنبورگ، گىرانكوف، مالوف قاتارلىقلار تەرىپىدىن تېپىلغان ۋە توپلانغان 4228 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلار ۋە قولىيازما پارچىلىرى ساقلانماقتا. بېرلىن شەھىرىدە، گېرمانىيە ئۇيغۇرشۇناسلىرى گىرۇنۋېدىل بىلەن لېكوك تەرىپىدىن 1902-1914-يىللىغىچە ئېلىپ بېرىلغان تۆت قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيىسى نەتىجىسىدە توپلانغان 8 مىڭ پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازما ۋە قولىيازما پارچىلىرى ساقلانماقتا. يەنە لوندوندىكى ئۇلۇغ بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ئاۋرېل ستېيىن تەرىپىدىن توپلانغان كۆپ ھەجىمدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر قولىيازمىلىرى ساقلانماقتا. بۇ قولىيازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلام شارائىتىدا، شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل-ئورال، ئىران قاتارلىق جايلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقى بىلەن يېزىلغان (مىلادى 11-15-ئەسىرلەرگىچە) قولىيازمىلار ياۋروپادىكى بىر قانچە چوڭ شەھەرلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرى ۋە مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. يۇقىرىدىكى قولىيازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ خەلقئارالىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ بىرىنچى ئۇستازى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. موڭغۇل شاھزادىلىرىنىڭ، بەگلىرىنىڭ ئوقۇش، يېزىش ۋە باشقا مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە رول ئوينىغانلىقى، جۈملىدىن موڭغۇللارغا يېزىق ئىجاد قىلىپ بەرگەنلىكى دۇنيا ئالىملىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان تارىخىي پاكىت. ئۇيغۇرلارنىڭ

موڭغۇللارنىڭ گۈللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ھەمدە موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئەتىۋارلاپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا قويۇشى، ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھاياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. تاتاتۇڭا، قارابۇقا، مۆڭگۈز، شىبان، ئانىزاك، ئوردوتېگىن، ئارغۇن سالى قاتارلىق كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار چىڭگىزخانىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئوت چىگىن، چىڭگىز ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ يېنىدا كاتىپلىق، تەرجىمانلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ھەم ئۇلارغا ئۇستاز بولۇپ ئىلىم ئۆگەتكەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خەنلىن ئاكادېمىيىسىنىڭ 47 نەپەر ئۇيغۇر ئەزاسى بولغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئالىملىرى، شائىرلىرى، تەرجىمانلىرى، تىلشۇناسلىرى، تېۋىپلىرى، شۇنداقلا سانغۇنلىرى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار يۈەن ئوردىسىدا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن سىرت جاي-جايلارغا دارىخاچ ۋالىي قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تۆھپىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، يۈەن دەۋرىدىكى موڭغۇللار تەبىقە ئايرىغاندا ئۇيغۇرلارنى موڭغۇللاردىن قالسا 2-دەرىجىلىك ئىمتىيازلىق مىللەت قاتارىدا كۆرگەن. سۇي-تاڭ دەۋرى، بولۇپمۇ يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغاندى.

ئۇيغۇرلار چىڭگىزخانىنىڭ نەۋرىلىرىدىن ھىلاكوخانىنىڭ ئىراندىكى ھۆكۈمرانلىقى، باتۇنىڭ ئالتۇن ئوردا خانىدانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيەتلىرىدىمۇ مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر تىل-يېزىقى بۇ دۆلەتلەردە دۆلەت يېزىقى ۋە مەمۇرىي تىل تەرىقىسىدە قوللىنىلدى. ئومۇمەن، ئۇيغۇر تىل-يېزىقى پۈتكۈل موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە مۇھىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي رول ئوينىدى. شۇنداقلا، موڭغۇل خانىدانلىقلىرى بىلەن باشقا دۆلەتلەر

ئارىسىدىكى ئالاقە ئىشلىرىدا ۋاسىتىچىلىك رولىنى ئوينىدى. بۇ ھەقتە غەربىي ياۋروپالىق ساياھەتچى ۋىلگىلىم دى روبىروك، ئىرانلىق جۇۋەينى، رەشىدىددىن قاتارلىقلار ناھايىتى ياخشى مەلۇمات بېرىدۇ. ئىران تارىخچىسى جۇۋەينىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، موڭغۇللار ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشنى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قاراپ، بۇ يېزىقنى ئۆگىنىشنى ئۆزلىرىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ئىران خەلقلىرىنىڭ ئۆگىنىشىنىمۇ تەشەببۇس قىلغان. ئىلخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر يېزىقى ئىلخانىلار دۆلەت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئىرانلىق مەمۇرلارمۇ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان ھەتتا ئەينى دەۋردە ئىلىم-پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان خۇراساندىمۇ قىرغىنىدىن ساق قالغان ئالىملار ۋە پۈقرالار ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئۆگەنگەن.

رەشىدىددىننىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ھىندىستان ۋە خۇراسانلاردىمۇ ئەمىر-پەرمانلار ئۇيغۇر تىل-يېزىقى بىلەن چۈشىنىشكەنىكەن. تۈرك تارىخچىسى زىكى ۋەلىدى توغاننىڭ قارىشىچە، ھىلاكوخان ھازىرقى تۈركىيىدىكى كونىيە قاتارلىق جايلارغا تۇللۇك باقشى ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر كىشىنى ئەۋەتىپ، بۇ جاينىڭ باش ۋالىسى قىلغان. بۇ جايلارغا ئىلخانىلاردىن مەلىكشاھ ۋالىي بولغاندا كۆپلىگەن تۇرپانلىق ئۇيغۇرلار (ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار) ۋە قەشقەرلىك، كۇچالىق، خوتەنلىكلەر (ئەينى يىللاردا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلار) كونىيە ۋە ئىگدى قاتارلىق جايلارغا كېلىپ يەرلىكلەشكەن. ئىلخانىلاردىن ئەبۇسەئىد زامانىدا ئۇيغۇر ئەرتەنەبەگ پۈتكۈل ئاناتولىغا باش ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن، قىسقىسى، ئاناتولى، ئەزەربەيجانلاردا ئۇيغۇر تىلى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان. ئومۇمەن ئىلخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ تەسىرى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتكە زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ھەتتا ئىلخانىلارنىڭ ئارغۇن خانى فرانسۇز كارولى

فىلىپIV كە ئەۋەتكەن دۆلەت خېتىنى موڭغۇل تىلىدا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يازغانىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە دۇنيادا ئەڭ كەڭ قوللىنىلغان چوڭ تىل-يېزىقلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەگەر بىز بۇ ھەقتە سۆزلەپ كەلسەك تالاي پاكىتلارنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن.

موسكۋادىكى ئۇيغۇر ناۋايخانىسىغا يىغىلغان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلكە-چاقچاقلىرى يەنىلا ئانا ۋەتەن مۇھەببىتى بىلەن سۇغۇرۇلغاچقا، ھەممىنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلدى. چۈنكى ئانا ۋەتەن توپىسىنىڭ ھىدى ۋۇجۇدۇم ۋە جىسمىمدىن مانا مەن دەپ پۇراپ تۇراتتى.

— سىزنى يەنە بىر سۆيۈپ قوياي، — دېدى پروفېسسور، دوكتور تېلمان كەرىمبايېۋ ئاكا، — سىزنى سۆيسەم ئاشۇ ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمنى سۆيگەندەك بولىمەن. چۈنكى سىز شۇلارنىڭ ۋەكىلىسىز. مەن ئەنجان شەھىرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. دادام شۇ ئۇلۇغ قەشقەردىن چىققان. ۋەتەن تۇپرىقىنى كۆرگىنىم يوق، لېكىن قان-قېتىمدا بىرلا نەرسە يەنى دادامنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت، مۇھىمى ئۇنى بىر كۆرۈش، شۇ مۇقەددەس تۇپراقنى تۇتىيادىنمۇ ئەزىز بىلىپ كۆزۈمگە بىر سۈرتۈش ئارزۇسى بار. مېنى تەتقىقات ئىنستىتۇتىمىزدىكى ۋە پۈتكۈل ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى ساھەسىدىكى ھەممە ئالىملىرىمىز ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنى مەن ئارقىلىق تونۇيدۇ. 40 يىل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيە ئۈچۈن ئىشلىدىم. 20 نەپەردىن ئارتۇق دوكتور ۋە كاندىدات دوكتور تەربىيىلىدىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن رۇسلار. نۇرغۇن خەلقئارالىق يىغىنلارغا قاتناشتىم، ھازىرمۇ قول ئاستىمدا 200 نەپەردىن ئارتۇق ئالىم ئىشلەيدۇ، مۇنداقچە ئېيتساق، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، رۇسىيىنىڭ ئالەم كېمىسى مەنسىز ئاسمانغا چىقمىغان، ئامېرىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەت مېنى يۇقىرى مائاش بىلەن ھەمكارلىققا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ. لېكىن بىرلا نەرسىگە ئېچىنىمەن، تا ھازىرغىچە ئانا ۋەتەن ئۈچۈن بىرەر ئۇيغۇر بالىسىنى تەربىيىلەپ، ئۇنى ئالەم تېخنىكىسى

مۇتەخەسسىسى قىلىپ يېتىشتۈرەلمىدىم. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كاللىسىمۇ بۇنداق تېخنىكىغا ئوبدان ئىشلەيدۇ. ھازىرغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇشۇ كەسپى بويىچە ئونغا يېقىن ئۇيغۇر ئالىمى تەربىيىلىنىپ چىقتى. ھازىر مەن بىلەن بىرگە دوكتور كامىلجان كەرىمبايىۇ، يەنى مېنىڭ چوڭ ئىنىم بىرگە ئىشلەيدۇ، ئىنىم بىلەن ئىككىمىز-موسكۋادىكى بىر مەركەزدە ئىككى ئۇيغۇر ئالىم ئىشلەۋاتىمىز. ھەي ئىسىت، تارىخچى بولماي تەبىئىي پەن مۇتەخەسسىسى بولغان بولسىڭىز، سىزنى مەن ئۆزۈملا تەربىيىلىگەن بولاتتىم، — دېدى.

نارىمان مۇھەممەت ئوغلى قائىدە بويىچە مېھمانلارنى يەنە بىر قېتىم تونۇشتۇرۇپ چىقتى ۋە بۇ سورۇننى «چۈشلۈك چاي زىياپىتى» دەپ ئاتىدى. تونۇشتۇرۇشتىن قارىغاندا، ئۇ، بۇ يەرگە موسكۋادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۆزى يېقىن ئۆتىدىغان ۋە دائىملىق مۇناسىۋەت قىلىدىغانلاردىنلا ئاشۇ 15 كە يېقىن ئادەمنى يىغقانلىقىنى ئېيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالىملار بولۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز تەتقىقات ئورۇنلىرىدا بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوكتور ۋە كاندىدات دوكتورلار بولۇپ، بىر قانچىسى پروفېسسور ۋە دوتسېنت ئىدى. نارىمان يەنە بۈگۈنكى چايغا موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاتوم يادرو تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، فىزىكا پەنلىرى دوكتورى ئالېكساندىر رەخىموفنى ۋە باشقا يەنە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەيدىغان ئىككى ئۇيغۇر پروفېسسورنىمۇ تەكلىپ قىلغانلىقىنى، ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ بەك ئالدىراش ئىشى چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

سۆھبەتلەر ئارىسىدا نارىمان مۇھەممەتنىڭ ئايالى گۈلبەھرەم ئۆيدە تەييارلىغان لەگمەن ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ئەكىلىپ داستىخان راسلىدى. توققۇز ياشلىق قىزى ئىسكرىپكا بىلەن بىر قانچە ئۇيغۇرچە مۇزىكا ئورۇنداپ بەردى. ئوماققىنە كەلگەن بۇ قارىقۇمچاق قىز موسكۋا شەھىرى

بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ رويال چېلىش مۇسابىقىسىدە ئۆزى ئىشلىگەن مۇزىكىسىنى ئورۇنداپ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى. موسكۋا تېلېۋىزىيىسى بۇ قىز ۋە بىر قانچە ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن مەخسۇس كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ھەم بۇ ھەقتە خەۋەرلەر بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى» دىكى بۇ چۈشلۈك چاي ئاخىرىدا مەشرەپ تۈسىگە ئايلىنىپ، بىر قانچە بوتۇلكىلارمۇ بىكار بولدى، كەيپىيات تېخىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ھەر بىر ئادەم بىر قەدەھتىن كۆتۈرۈپ قىزىقچىلىق ۋە ياكى بىرەر شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشتى. جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور ئابلەھەت قاھاروف قەدەھ سۆزى سۆزلەپ، موسكۋادىكى ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىغا، شۇنداقلا ماڭا بەخت ۋە ئۇتۇق تىلىدى، ئاندىن ئۇ شۇنداق دېدى:

ــ موسكۋادا ياشايدىغان، ھازىرچە ئېنىق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسەن مىڭ ئائىلە دەپ پەرەز قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان بۇ يەرگە كېلىپ، مۇشۇ يەردە ئوقۇپ، ئالاھىدە نەتىجە ياراتقانلىرى، قىسقىسى، تاللانغان ـ سەرخىللىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ تەركىبى ھەر خىل، يەنى ئاتاقلىق يازغۇچىلار، رەسساملار، ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرى، ئارتىسلار، شۇنداقلا زاۋۇت-كارخانا باشلىقلىرى ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي ـ مەمۇرىي ئورگانلىرى خادىملىرى، شەخسىي شىركەت ئىگىلىرى ۋە تېخنىك ئىشچىلار، تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، موسكۋا، سانكىت-پېتربورگنىڭ ھەر قايسى ئىلمىي ئورۇنلىرىدا 80 نەپەردىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئالىم (پروفېسسور، دوتسېنت، دوكتور، كاندىدات دوكتورلار) ئىشلەيدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ھەتتا خەلقئارادا كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملار. بۇلاردىن ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ئالىم نوبېل مۇكاپاتى لائۇرىياتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن. ئەزىز دۇگاشىف، مۇرات ناسىروف قاتارلىق

ئارتىسلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز موسكۋا، سانكت-پېتربۇرگ جۇملىدىن پۈتكۈل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سەنئەت مۇخلىسلىرىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى. مۇرات ناسىروف سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيە بويىچە بىر قانچە قېتىم 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا سازاۋەر بولدى. ھازىر ئۇنىڭ ناخشا-مۇزىكا ئەترىتى «يېڭى پورت» موسكۋادا خېلى داڭ چىقارغان بولۇپ، مۇرات ناسىروف ئالدىنقى قاتاردىكى ناخشىلار سېپىگە ئۆتتى. سپارتاك ئەخمەتوف قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى موسكۋا ئوقۇرمەنلىرىگە يېقىندىن تونۇشلۇق. قىسقىسى، موسكۋا ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل-پاراستى بىلەن جامائەتنى قايىل قىلدى. ئەپسۇسكى سانسىزلىغان رۇسلار بىز ئۇيغۇرلارنى بىلمەيدۇ. ئاز ساندىكى بىلگەنلىرى بولسا بىزنى ئىنتايىن ئۇلۇغ، ئىلغار، ئەقىل-پاراسەتلىك مىللەت دەپ چۈشىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى موسكۋادا ياشىغان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز غۇرۇرى ۋە ئابرۇيىنى قاتتىق قوغدىغانلىقىدا بولسا كېرەك...

پروفېسسور ئابلەھەت قاھاروف سۆزىنى ئەمدىلا توختىتىشىغا ئىشىك چېكىلدى.

نارىمان مۇھەممەت ئوغلى بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم» دېگىنىچە ئاۋئاتسىيە خادىمى فورمىسىنى كىيگەن بىر كىشى كىرىپ كەلدى.

—مانا، مانا، ئاخىرى كەلدى، —دېدى نارىمان خۇشاللىق بىلەن، —سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ ياق ئابلىكىم بولىدۇ. قازاقىستان ھاۋا يوللىرىنىڭ داڭلىق ئۇچقۇچىسى، يەنى ئايروپىلان باشلىقى.

ئوتتۇرا بويلۇق بۇ ئادەم يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا قەدەھ سۆزى بېرىلدى. ئۇ، ساپ ئۇيغۇر تىلىدا، ھازىرلا ئالمۇتادىن ئۇچۇپ كەلگەنلىكى، بۈگۈن بىر كۈن دەم ئېلىپ، ئەتە يەنە ئۇچىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ بۇ سورۇنغا ئۈلگۈرۈپ كەلگىنىگە ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكى

ھەققىدە سۆزلىدى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ بىلەن خېلى چىقىشىپ قالدۇق. ئۇ، پاراڭ ئارىلىقىدا ماڭا قازاقىستان ئاۋتونوم جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇيغۇر ئۇچقۇچى، 20 دەك كۆتكۈچى قىزنىڭ بارلىقىنى، ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرنىڭ ھازىر ئايروپىلان باشلىقى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى سوۋېت ئارمىيىسىدە قىرغۇچى ئايروپىلان ھەيدەپ، كېيىن كەسىپ ئالماشقانلىقىنى، ھازىر «ئىل-86»، «تۇ-154» تىپلىق ئايروپىلانلارنى ھەيدەيدىغانلىقىنى، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان ئاۋتونوم جۇمھۇرىيىتىدىمۇ ئۇيغۇر ئۇچقۇچى ۋە كۆتكۈچى قىزلارنىڭ، شۇنداقلا تېخنىك خادىملارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەن ئويلىنىپ قالدىم. پروفېسسور، دوكتور ئالېكساندىر رەخىموف سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە بۈگۈنكى رۇسىيىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئاتوم يادرو تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاتوم يادرو تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى بوپتۇ. ئۇ، قول ئاستىدىكى نەچچە يۈزلىگەن كۆچلۈك ئالىملارغا، رۇسىيە ئاتوم يادرو تەتقىقات ساھەسىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپتۇ. پروفېسسور، دوكتور تېلمان كەرىمبايېف سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى (ھەم بۈگۈنكى رۇسىيە) ئالەم بوشلۇقى تەتقىقات مەركىزىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، 200 دەك ئالىمغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئالەم كېمىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ، پروفېسسور، دوكتور دەمىر ساتتاروف سانكت-پېتربورگدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئوپتىكا تەتقىقات مەركىزىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، بۇ ساھەدە پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئەڭ داڭلىق ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپتۇ. دوتسېنت، دوكتور قەھرىمان نامىشىف موسكۋادىكى رۇسىيە ئوپتىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا بۆلۈم باشلىقى ھەم لابورانت بولۇپ ئىشلەپ، بۇ ساھەدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە موسكۋا قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى،

دوكتور م. روزىن، رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماتېماتىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى، پروفېسسور، دوكتور ناتالىيە تۇرسۇن قىزى، ئېلېكترونلۇق مېگە تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، پروفېسسور پولات ئاخمېتوف، تېمرىيازېف نامىدىكى يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي خادىملىرى ــ دوتسېنت، دوكتورلار، ئاكا-سىڭىل شۆھرەت مۇتەللىپوف بىلەن مارىيە مۇتەللىپ قىزى ھەم ئاكادېمىيىنىڭ يەنە بىر ئالىمى، دوكتور شەۋكەت ۋە مېدىتسىنا پەنلەر دوكتورى، پروفېسسور بۇرھان شۇنداقلا باشقا نۇرغۇنلىغان ئىستېداتلىق ئالىملار يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئاتاقلىق دىرىژور، پروفېسسور ئەزىز دۇگاشىف دۇنياغا داڭلىق ئاشۇ «باللىشوي تىياتىر» (چوڭ تىياتىر) دا ئىشلەپ، بۇ تىياتىر سەھنىسىدە ياۋروپا كلاسسىك مۇزىكىلىرىغا، سىمفونىيىلىرىگە دىرىژورلۇق قىلىپ، پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىنى قايىل قىلىپ، بەش ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىڭ «خەلق ئارتىسى» دېگەن نامغا سازاۋەر بولۇپتۇ. مۇرات ناسىروف پۈتكۈل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە داڭقى كەتكەن ناخشىچىلارنىڭ بىرسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. سانكت-پېتربورگدا ياش رەسسام ئازاد مۇھەممەدوف سەنئەت مۇخلىسلىرىنى قايىل قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى يىراق-يىراقلارغا تونۇتالاپتۇ. قىرغىزىستانلىق ئايتۇرغان تۆمۈر قىزى پۈتكۈل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا داڭقى كەتكەن كىنو چولپىنىغا ئايلانغان بولۇپ، 20 دىن ئارتۇق فىلىمدە باش رول ئېلىپ، دۆلەتنىڭ كىنو مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولۇپتۇ. مەشھۇر كومپوزىتور، پروفېسسور قۇددۇس غوجامىياروۋ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنياغا داڭلىق كومپوزىتور بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ ھەمدە «سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئارتىسى» نامغا سازاۋەر بولۇپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھۆكۈمەت موسكۋادىكى چوڭ تىياتىردا مەخسۇس ئۇنىڭ مۇزىكا-سىمفونىيىلىرىنى ئورۇندىتىپ تەبرىكلەپتۇ. ئەگەر بىز ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى نەقىل كەلتۈرسەك، مەخسۇس توختىلىشقا

توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە پەقەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا داخىلى كەتكەن بىر قانچە ئالىملارنىلا مىسال قىلىدۇق، خالاس. پىرتوكول سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ئالىمى ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسى بويىچە ئاكادېمىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. مەسىلەن، قىرغىزىستانلىق ئەزىز نارىنبايېف، قازاقىستانلىق خوجائەخمەت سەيدۇۋاققاسوف ۋە مۇرات ھەمرايېف؛ تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدىمۇ ئۈچ نەپەر ئالىم شۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن پروفېسسورلار ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرىدە ۋە سابىق س س س ر دا زور ئابرۇيغا ئېرىشكەن. 60 نەپەردىن ئارتۇق ئارتىس ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ «خەلق ئارتىسى »، «خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىس» نامىغا سازاۋەر بولغان. 20 نەپەردىن ئارتۇق رەسسام بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتلىرىغا ۋە پەخرىيناملىرىغا سازاۋەر بولغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلىرىدىن سوۋېت ئارمىيىسى ھاۋا، تانكا، قۇرۇقلۇق، ئىچكى ئىشلار تارماقلىرى بويىچە گېنېرال، پولكوۋنىك، پودپولكوۋنىك، مايور قاتارلىق يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋاندىكى ئوفىتسېرلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە تۈركىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ئىستېداتلىق ئۇيغۇر كىشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بولالمايمىز...

پەقەت ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويغۇم كېلىدۇ: بىز ئۇيغۇرلار راستىنلا چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلالمامدۇق؟ قالاقلىق، قاششاقلىق بىزگە ئاللا تەرىپىدىن بەخش ئېتىلگەنمۇ؟ شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ھەر قانداق ئىلغار ئىنسانلار تويپىدىن قېلىشمايدۇ. ئۇلار باشقا ئىنسانلارغا تامامەن ئوخشاش. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆتمۈش زاماندىكىدەكلا ھەسسە قوشۇش ۋە يېڭىدىن يېڭى شانلىق تارىخ يارىتىشقا ھەقلىق، بۇ تامامەن ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئۆزىنى تەرەققىياتقا ئالغا كەتكەن ئىلغار مىللەتلەرگە

سىلىشتۇرۇش روھىلا كېرەك، خالاس. ئادەم ھەممىگە قادىر، دېمەك ئادەم شارائىتنى يارىتىدۇ. ئۆزى نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋانىڭ ساپ بولۇش-بولماسلىقى يەنىلا ئادەمگە باغلىق، ئىرادىسىز، قورقۇنچاق ئادەملەرگە، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىرادىسىز خەلققە ھېچقاچان بەخت يار بولمايدۇ.

«ئۇيغۇر ناۋايخانىسىدىكى چۆشلۈك چاي» مەن ئۈچۈن قانچىلىك زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يېزىپ ئولتۇرمايمەن. مېنىڭچە، بۇ ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىگە ئايان، دېمەكچىمەنكى، بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردىمۇ ھازىرقى زامان ئىلىم-پېنىنىڭ ئەڭ ئىلغار، ئەڭ يېڭى تەرەققىياتىنىڭ ئىگىلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما تالاپلىغان ئادەملىرىمىز تېخىچە قالاق تەرەققىي دۇنياسىدا ياشاۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئىگى ۋە ياشاش ئۇسۇلى تېخىچە ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا. بۇ نېمىدېگەن زور پەرق-ھە؟! بىزگە ئوخشاش ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدىن كۆپ ئارقىدا قالغان باشقا مىللەتلەر قانچىلىك؟ ...

نېمە سەۋەبتىن موسكۋا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى شۇنچە زور تۆھپىلەرنى يارىتالايدۇيۇ، بىز شۇلاردەك بولالمايمىز؟ شۇلارنىڭ قېنىدا ئاشۇ ئەقىللىق، بېجىرىم ئەجدادلارنىڭ گېنى تۇگىمىگەن، بىراق بىزدىچۇ؟... بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمىدە؟... ئىچكىرىلەپ ئويلىغانسېرى خىياللىرىم چىگىشلىشىدۇ. بولدى بەس!

«ئۇيغۇر چايخانىسىدىكى چۈشلۈك چاي» مېنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ «چاي» مېنىڭ موسكۋانى تېخىمۇ چۈشىنىش، ئاشۇ ئۇيغۇر مىللىتىمنى تېخىمۇ سۆيۈش ئىستىكىمنى ئاشۇردى.

كەچ سائەت ئونلاردا «چاي» تارقاپ، ھەممە تەرەپ-تەرەپلەرگە، ئۆيلىرىگە قايتىشتى. يەر ئاستى پويىزىنىڭ تېز سۈرئەتتە يېنىك سىلكىشىگە

ئەگىشىپ ئولتۇرۇپ، نارىمان مۇھەممەت ئوغلىنىڭ «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى» دا بولۇپ ئۆتكەن بۈگۈنكى «چاي» زىياپىتى ۋە ئانا ۋەتەندىكى ئۈستى چەللە بىلەن يېپىلغان سانسىزلىغان قاپقاراڭغۇ ناۋايخانىلار، چايخانىلار، ناۋايلارنىڭ دوزاختقا ئوخشاش كۆيىدۈرگۈچ ئۆتىنىڭ تەپتىدىن قىزارغان قىپقىزىل يۈزلىرى، توختىماي شۇرۇلداپ قۇيۇلۇۋاتقان مونچاق-مونچاق تەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن ئۈستۋاشلىرى، ئىشلەتكەن قاپقارا لۆڭگىلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ھەممىسى ئوخشاش بىر ئۇيغۇر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ روھى، ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشىغىچە پەرق ھەققەتەن زور ئىدى.

## ئۆزۈلمەس مۇقام ساداسى

مەركىزىي پوچتىخانىنىڭ تېلېگراف بىناسىدا 1991-يىلنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە گەپ-سۆزلەر ياڭرىدى، تېلېفون كۆتۈش زالىدا تېلېفونىستلارنىڭ: «ئۈرۈمچى!، ئۈرۈمچى!» دەپ چاقىرغان ئاۋازلىرى باشقا دۆلەت ۋە شەھەرلەرنىڭ نامىنى چاقىرغان ئاۋازلىرىدىن ئېشىپ كەتتى. پوچتىخانا خادىملىرىنىڭ تىلى ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاتۇش، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلىرىمىزنىڭ نامىغا خېلىلا كۆنۈپ قالدى. رۇس تېلېفونىست قىزلار بۇ ئىبارىلەرنى ئانچە قىينالمايلا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيغۇر تەلەپپۇزىدا ئىشلەتكەچكە دەرھاللا ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇيغۇر قىزلىرى كېلەتتى. سۆزلىشىش نۆۋىتىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان ھەر دۆلەت، ھەر ئىرقتىكى ئادەملەر بۇ ئىبارىلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئىگىلىرىگە قىزىقسىنىپ قارىشاتتى.

تۇرمۇش ئىرىكچىلىكى يولىدا تىجارەت بىلەن بۇ شەھەرگە كېلىشكەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئانا ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىش ۋە سۆيگۈسى ئىنتايىن چوڭقۇر ھەم كۈچلۈك كېلىدۇ. ئۇلار كۈندە دېگۈدەك مانا مۇشۇ پوچتىخانىغا كېلىپ ئۆز يۇرتلىرىدىكى ئاتا-ئانىلىرى، خوتۇن-بالىلىرىغا تېلېفون بېرىپ

ئۇلارنىڭ ۋە يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇشنى ئادەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار بەس-بەستە سودا ئۆچۈرى ئېگىلەيدۇ. ئۇلار ئادىتى بويىچە بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئانچە-مۇنچە تىللاپ تۇرۇشقىنى بىلەن، بىر يەرگە جەم بولسا، بولۇپمۇ بۇ پوچتىخانىدا ئۇچراشقاندا ئۆز ئارا ئەھۋال سورىشىپ، قۇچاقلىشىپ يېقىن ئاغىنىلەردەك مۇئامىلە قىلىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە يەنىلا ئۆزلىرى بىلىدىغان «دەردى» يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ دەردلەرنىڭ تۈپ ئاساسى يەنىلا ئۆز ئارا كۆرەلمەسلىك ۋە ھەسەتخورلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، لېكىن ئۇلار بۇنى ھەرگىزمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىدۇ. ئۇلار سودىدىن سىرت پاراڭلىرىدا دۇنيانىڭ كۈندىلىك سىياسىي ۋەزىيىتى، مۇسۇلمانلار دۇنياسى بىلەن ياۋروپانىڭ ئۆز ئارا ئىقتىسادىي، دىنىي پەرقى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۆزگىرىش توغرىسىدا ئۆزى بىلگىنىچە تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ. ئايلىنىپ، چۆرگىلەپ، دۇنيادا ئۇيغۇرلاردەك ئۇلۇغ مىللەت، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدەك ياخشى ئۆرپ-ئادەت يوق. ئۇيغۇرلار تارىختا دۇنيا بويىچە ئەڭ يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان، مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار كىتاب يازغان چاغلاردا رۇسلار تېخى ئىشتان كىيىشنى بىلمەيتتى. بىز ھازىر قالاق مەدەنىيەتسىز، ئىتتىپاقسىز، پەقەت ئۆز ئارا بىر-بىرىمىزگىلا كۈچىمىز يېتىدۇ، دېگەندەك خۇلاسىگە كېلىشىدۇ. قەشقەرلىك قەشقەرنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىيىتىدىن پەخىرلەنسە، ئاتۇشلۇق ئۆز يۇرتىنىڭ تارىختىكى ئورنىدىن ھەمدە ھازىرقى ئاتۇشلۇقلارنىڭ ھەر قايسى جەھەتتە ئۇيغۇرلاردىن چىققان «يەھۇدىي» ئىكەنلىكىدىن سۆز ئېچىپ، ئۆزلىرىنى ئۇچۇرسا، غۇلجىلىق يېقىنقى زامان تارىخىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىدىن ماختىنىدۇ. ئۇنداق تالىشىپ، مۇنداق تالىشىپ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاشلا ھەممە يەردە قېقىندى-سوقۇندى بولۇپ يۈرۈشىدىكى سەۋەب ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىدىن، چېچىلاڭغۇلۇقىدىن بولغان دەپ ھۆكۈم قىلىشىدۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلار بۇنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ خۇيىنى تاشلىمايدۇ،

ئۇنى ئۆزگەرتمەيدۇ. بىر كۈنى مەلۇم بىر مەشھۇر رۇس ئۇيغۇرشۇناسى ئۇيغۇر تارىخىي ۋە تىلى ئۈستىدىكى ئىلمىي مۇزاكىرىدە ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىنى بايان قىلىۋېتىپ دېگەنلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇۋېتىۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكى، ئۇلارنىڭ ئورتاق، مۇستەھكەم يۇرتۋازلىق پسىخىكىسىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدا، باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلاردا ئالاھىدە ئېغىر. ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتۋازلىق پسىخىكىسى ھەر قاچان ئۇلارنىڭ ئورتاق روناق تېپىشى، ئورتاق گۈللىنىشىگە ۋە باشقا نۇرغۇن مۇھىم ئىشلىرىغا توسقۇن بولغان. ئۇيغۇرلاردىكى ئورتاق پسىخىكا، ئۆزلىرىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىدىن ھەددىدىن زىيادە پەخىرلىنىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار خەلق ھېسابلاش روھىنىڭ ھەر بىر قانائەتچان ئۇيغۇرنىڭ قەلب قېتىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنلىكىدە، ئەگەر زامانىۋى ئەقىل-پاراسەت بىلەن مۇشۇنداق روھ بىرلەشسە، ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق روھى بىلەن ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن ئۆزلىرىنى تەشكىللىيەلىسە، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ روھىيىتىدىكى بارلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ، پارلاق كېلەچەككە قاراپ ماڭغان بولاتتى!»

1993-يىلى ئەتىيازدا ئۆزبېكىستانغا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بارغان چېغىمدا، تاشكەنتنىڭ «مۇستەقىللىق مەيدانى» دا كېتىۋېتىپ تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان بىر ئۆزبېك شەرقشۇناس پروفېسسور، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى توغرىسىدا مەن بىلەن مۇنازىرە قىلىپ: «دۇنيادا ئۆز مىللىتىنى، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيمىگەن ئادەمنى قانداقسىگە ئادەم دېگىلى بولسۇن؟! مېنىڭ قارىشىمچە، دۇنيادا ئۆزبېكىستانىمدەك ئۇلۇغ جاي يوق، مەيلى ئامېرىكا، مەيلى شۋېتسارىيە ۋە ياكى يەنە باشقا كاتتا جايلار يەنىلا مېنىڭ قەدىردان ئۆزبېكىستانىمدەك ئەمەس، چۈنكى ئۆزبېكىستان مېنىڭ شۇنداقلا ئەجدادلىرىمنىڭ قېنى تۆكۈلگەن مۇقەددەس ئانا تۇپرىقىم، بىزلەر ئىلگىرى سەمەرقەنتلىك،

بۇخارالىق، تاشكەنتلىك، نامەنگەنلىك دېيىشىپ، بىر-بىرىمىزگە نەپرەت كۆزلىرىمىز بىلەن قاراشقانىكەنمىز. شۇنىڭ بەدىلىگە بىزلەر خارابلاشتۇق. مەگەركى، ھازىر كىم سەن ئۇ يەرلىك، مەن بۇ يەرلىك دەپ يۇرتۋازلىق قىلسا، مەن شۇنى مىللىتىمنىڭ دۈشمىنى ھېسابلايمەن» دېگەنىدى. ئۇ يەنە غاڭزىسىنى قاتتىق بىر سورىۋېتىپ: «ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ خەلق، بىزلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىردۇر. قاراڭ، بىز ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى يۈزدە يۈز چۈشىنەلەيمىزكەن. بۇ يەردە ھېچكىم سىزنى ئۇيغۇر دېمەس، بەلكى مەن سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلارغا بارسام مېنى كىشىلەر ھېچ ئۆزبېك دېمەس، قىسقىسى، بىر-بىرىمىزنى ئۆز كۆرەرمىز، خالاس. كەچۈرۈڭ، دوستۇم، بىر گەپنى سىزگە ئېيتقۇم بار. سىلەر ئۇيغۇرلار نېمانچە ئىتتىپاقسىز، تۆت ئۇيغۇر بىر-بىرىڭلارنىڭ كۆتۈڭلارنى كولايسىلەر، شەخسىي مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن بىر-بىرىڭلارنى ساتىسىلەر. سىلەردە ھەسەتخورلۇقتىن باشقا نەرسىلەر جۈدەكەم ئىكەن. تاشكەنتتە يۈرگىنىمدە ئۇيغۇر ئورتاقلىرىم (دوستلىرىم دېمەكچى) قاتمۇ-قات زىددىيەتلەرگە تولغانتى. ئالما-ئاتا، بېشكەككە بارسام ئۇ يەردىمۇ بىر-بىرى بىلەن تالىشىپ، دۈشمەنلىشىپ يۈرۈشكەن ئۇيغۇرلارنى كۆردۈم. تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە باشقا جايلاردىمۇ ھەم شۇنداق، مېنىڭچە، سىلەر ئۇنداق قىلمىساڭلار بولار ئىدى. ئۆملۈك بولمىغان مىللەتتە قانداقمۇ ئىستىقبال بولسۇن؟! ... مېنىڭچە، بۇنىڭ بىرلا سەۋەبى باردۇر، يەنى سىلەردە شەخسىي مەنپەئەت ئېڭى جۈدە كۈچلۈك، ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى جۈدە كەم. بىز ئۆزبېكلەردىمۇ شەخسىيەتچىلىك ئېغىر، لېكىن بىزلەر بۇنى تۈزىتىمىز، چۈنكى، بۇ بىزدىكى دۆلەتلىك ئىسلاھات پىلانىنىڭ بىر قىسمى، سىلەردە بولسا، ئۆزۈڭلارغا خاس خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، مەنۋىيىتىڭلارنى ئوڭلىيالىساڭلار سىلەر روناق تاپالايسىلەر» دېگەنىدى.

ھەقىقەتەن بۇ ئالىملار دېگەنىدەك، ساناپ كەلسەك ئاخىرى چىقمايدىغان بىزدىكى تۈگىمەس زىددىيەتۋازلىق ئىللەتلىرىنىڭ ئۆز

تەقــدىرىمىزنى قانچىلىــك پــاجىئەلەرگە دۇچــار قىلغــانلىقىنى، بــۇ پــاجىئەلەردىن ئىللەتلىرىمىزنىــڭ تېخىمــۇ كۆپىيىــپ، گويــاكى شىپاســىز كېســەللىك كەبــى مىللىتىمىزنىــڭ روھىــي دۇنياســىنى خارابلاشــتۇرۇپ، ئاجىزلاشــتۇرۇپ ھەم خۇنۇكلەشــتۈرۈپ بېرىــۋاتقىنى ھەر بىرىمىــزگە بەكمــۇ ئايان.

ئــالىملار مىللىتىمىزنىــڭ بۈيــۈك نــامى «ئۇيغــۇر» دېــگەن ئاتالغۇنىــڭ مەنىســىنى ھەر خىــل يېشــىپ چۈشــەندۈرۈپ كــۆرۈپ، ئەڭ ئاخىرىــدا «ئىتتىپاقلىق»، «ئۇيۇشقاق» دېــگەن مەنىلەرنــى مۇقىملاشــتۇرغاندا، «بــۇ مىللەتنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدە بۇ مەزمۇنلار بــارمۇ-يــوق؟» دېــگەن ســوئالنى قويۇپ كۆرگەن بولغىيمىدى؟ مېنىڭچە، ئىتتىپــاقلىق، ئۇيۇشــقاق، بىرلىــك دېگەنــدەك مەنىلەرنــى ئــۆزىگە مۇجەسسەملەشــتۈرگەن نــام بىــلەن ئاتالغــان مىللەت دۇنيــادا پەقەت بىــرلا بىزنىــڭ سۆيۈملۈك مىللىتىمىــز بولســا كېرەك. ئەپسۇسلىنارلىقى، بىز ھازىر بۇ نامغا مۇناسىپ ئەمەس!

بىزنىــڭ ئېتنىــك تەركىبىمىــز ئۆزىنىــڭ مــۇرەككەپلىكى بىــلەن بىزنــى ئەقىللىــق گېنېتىــك ئالاھىــدىلىكلەرگە ئىــگە قىلغــان بولســا، يەنە بىــر تەرەپتىن، ئۇ بىزنىڭ بۇگۈنكىــدەك زىــددىيەتلىك روھىــي دۇنيــايىمىزنى ۋە مىللىــي پســىخىكىمىزنى شــەكىللەندۈرگەن. قوپــال قىلىــپ ئېيتقانــدا، ساۋاتسىزلىق، قاششاقلىق، ھەددىدىن زىيادە نامراتلىق قاتارلىق تەرەپلەر قوشــۇلۇپ، بىزنىــڭ زىــددىيەتۋازلىق خــاراكتېرىمىزنى تېخىمــۇ كــۈچەيتتى. ئەپسۇسكى، ساۋاتسىز ئاھالىمىز بىر چەتتە قايرىلىپ قېلىپ، مىللىتىمىزنىڭ روھىي ئىنژېنېرلىرى بولغان زىيالىيلىرىمىز، يازغۇچىلىرىمىز، ئــالىملىرىمىز، ســەنئەتكارلىرىمىز، مەمۇرلىرىمىزمــۇ زىــددىيەت قاينىمىغــا غەرق بولۇشــتى. (ئەلۋەتتە بۇنــداق كىشــلەر يەنــىلا ئــازچىلىق بولــۇپ، ھەممىنــى دېمەكچى ئەمەسمەن). يۇرتۋازلىق يەتمىگەندەك گۇرۇھۋازلىق قىلىشىپ، بىر-بىــرىگە ئورا كولاپ، بىر-بىرىنى ئورىغا تىقىشىنىڭ، پۇتلاشنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇ يولــدا قوللىنىلغــان بەزىبىــر رەزىــل ۋاســىتىلەرنى ئېيتىشــقا ئــادەم نومــۇس

قىلىدۇ. ئۇ ۋاستىلەر شۇنچىلىك قەبىھكى، «ئاقنى قارا، قارىنى ئاق» قىلىپ، بىر-بىرىگە ئەشەددىي بەتنام چاپلايدۇ. بۇ بەدناملار ھەتتا بىر-بىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشى، شەخسىيىتى، ئىجتىمائىي سالاھىيىتى، سۆز-ھەرىكىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇنىڭ تۈپ مەنبەسى نېمە دېگەن سوئالنى قويغاندا: «شەخسىي مەنپەئەت» دەپ جاۋاب بېرىش مۇمكىن. «قۇربان بېرىش روھى» بولمىغان ئادەمدىن ۋاپا، ساداقەت ۋە ياخشىلىقمۇ كەلمەيدۇ. بۇنداق ئادەملەردىن تەركىب تاپقان مىللەتتە ئابرۇيمۇ بولمايدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردىكى «سۇ بېشىدىن لاي بولىدۇ» دېگەن ماقالنىڭ ھەقىقەتەن توغرىلىقىنى ھېس قىلدىم. «ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قوپۇپ كۆلگە سىيەر» دېگەندەك، ئاڭلىق ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى بىلگەننى قىلىشى، كۆرمىگىلىغان ساۋاتسىز خەلقنىڭ روھىيىتىدىكى كىسەللىكلەرنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. فرانسۇزلار، ئىنگلىزلار، ياپونلار، رۇسلار، تۈركلەر ۋە گېرمانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىش روھى ھازىرچە بىزگە تېخى تولۇق ئايان بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ شانلىق ئىجادچانلىق، ئەركسۆيەر، ئۆزىنى قۇربان بېرىش روھى بىزگە ناتونۇش ئەمەس. بىز ھەر ۋاقىت، ھەر مىنۇت ئۆزىمىزنى ئاشۇ كۈچلۈك، قۇدرەت تاپقان مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇشىمىز كېرەك. مەن بەزىدە شۇنداق ئارزۇ قىلىمەن:

مېنىڭ سۆيۈملۈك خەلقىم — مىللىتىمنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆز كېلەچىكىگە گۆر قېزىۋاتقان ئاشۇ ئىنتىپاقسىزلىق، شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق مىللەتلەر بىراقلا يوقالسا، مىللىتىم دۇنيادا قايتىدىن بىر تۆرەلگەن بولسا-ھە! لېكىن مەن نېمە ئۈچۈندۇر يەنە بۇ كېسەلچان مىللىتىمنى بەك ئەيىبلەشنى خالاپ كەتمەيمەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ روھى دۇنياسىدا يەنىلا ئالىيجانابلىقنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىمەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ ئەقىل-ئىدراكنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. بەزىدە ئۇنىڭدىكى شەخسىي رىقابەت ئىجابىي

رولمۇ ئويناپ قالدۇ. ئۇ يەنىلا قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي رىقابەت روھىنى چىڭ ساقلىغانىدى.

تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى تارىخنىڭ تەكرارلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ: قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئوينىغان ئۇلۇغ رولىنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسى سوۋېتتە 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا بىزنىڭ ساۋاتسىز تىجارەتچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ «ئىرسىيەت خاراكتېرلىك سودا تالانتى» نى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. بىزنىڭ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىمىز ئېغىزدىن قوپال ئىبارىلەرنى ياغدۇرۇپ تۇرۇپ، ھەتتا بىر-بىرى بىلەن مۇشتلىشىپ يۈرۈپ، بىر مەھەل موسكۋانىڭ مەركىزىي پوچتىخانىسى ۋە موسكۋادىكى «ئۆزبېكىستان»، «باكۇ» غا ئوخشاش ئاساسلىق رېستورانلارنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرى بولۇپ قالدى. كىيېۋسكىي، قازانسكىي، سانكىت-پېتربورگ پويىز ۋوگزاللىرىنى، شېرمېتىۋا، دامادېدوۋا، ۋنوكوۋا قاتارلىق خەلقئارالىق ۋە ئىچكى ئايروپورتلارنى كونترول قىلدى. «ئۆزبېكىستان» رېستورانىنىڭ ئالدىدىكى «گۈلزارلىق كوچا» نىڭ چىرايلىق تۆمۈر رېشاتكىلىرى ئۈستىدە خۇددى دۆڭگۈزۈۋرۈكتە ئولتۇرۇشقاندەك تاماكىلىرىنى پۇرۇلدىتىشىپ چېكىشىپ، توپ-توپ بولۇپ ئولتۇرۇشتى. «ئۆزبېكىستان» رېستورانىدا ئۇيغۇر مۇقام كۈيلىرى ياڭرىدى. رېستوراننى ئۇيغۇرچە پاراڭلار قاپلىدى. بۇ جاي بىراقلا پۈتكۈل دۇنيا ئۇيغۇرلىرى (ئاساسلىقى تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار) نىڭ ئۇچرىشىدىغان مەركىزىگە، شۇنداقلا پۈتكۈل چېچەن، گورزىدىن، ئەزەربەيجان، ئۆزبېك، رۇس مافىيلىرىنىڭ «تىجارەت تەقدىرى» نى پىچىدىغان مەركىزىگە ئايلاندى. بىزنىڭ ئاشۇ ئۆز ئات-جۇنىنىمۇ تۈزۈك يازالمايدىغان تىجارەتچىلىرىمىز ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچنى تاقىلدىتىپ ئۇرۇپ، ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالغان چالا-پۇلا رۇسچە گەپلەر بىلەن ھەر خىل ئىما-

ئىشارەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ رۇس تىللىق كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتى ياكى يەرلىك سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ۋە ياكى ئۆزبېك باللىرىنى تەرجىمانلىققا يالىلاپ ئىشلەتتى. موسكۋادا ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر، تۈركمەنلەر ھەتتا قازاقلارمۇ موسكۋاغا كېلىشىپ، بۇ رېستورانلارنىڭ ئالدىغا توپلىشىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا تورى تېخىمۇ كېڭىيىشكە يۈزلەندى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدى. قىزىق يېرى شۇكى، ۋوگزالغا ياكى ئايروپورتقا بارسىڭىز، ئۇ يەردىكى خادىملار، ھەتتا ساقچىلارمۇ بىر قاراپلا ئۇلارنى تونۇۋېلىپ، ئىللىق مۇئامىلە قىلىشىدىغان بولدى. بۇ تىجارەتچىلەر ماللىرىنى دەسلەپ شەرقتە-بېيجىڭغا ماڭدۇردى. بۇ يول ئېتىلسە غەربكە-ۋارشاۋا، سوفىيە، بۇداپېشت، پىراگالارغا ماڭدۇرۇشتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى تەگمىگەن جايلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ياۋروپا شەھەرلىرى ۋە يول ئۈستىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شەھەرلىرىدە، رۇمىنىيىنىڭ چۆللىرىدە، ئوكرائىنىيىنىڭ پاتقاقلىق سازلىقلىرىدا، بېلورۇسىيىنىڭ ئورمانلىرىدا، ۋارشاۋانىڭ ئەتىرگۈللۈك كوچىلىرىدا، سوفىيىنىڭ ۋوگزاللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى قالدى.

بىر ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ، بىر كۈنى بىر تونۇش تىجارەتچىنىڭ ئۆيىگە باردىم، بۇ ئۆيگە ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردىن چىققان يەتتە-سەككىز ئادەم يىغىلىپ قاپتۇ. قىزغىن پاراڭلار بىلەن ئولتۇرۇشتۇق. قەشقەرلىك بىر ھاجىم بازار ئەھۋالىنى سۆزلەپ كېلىپ، يېڭى بازار ئېچىشنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر ياشانغانراق ھاجىم سومكىسىدىن پۈرلىشىپ كەتكەن دۇنيا خەرىتىسىنى چىقىرىپ ئۈستەل ئۈستىگە يايدى-دە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش دۆلەتلەرنى، ئۇلار بىلەن تۇتىشىدىغان يوللارنى ئىزدەشكە باشلىدى ۋە تۆمۈر يول بولماي قالسا، تاشيول بىلەن مال يۆتكەيدىغانلىقىنى، ئۇمۇ

بولمىسا دېڭىز ئارقىلىق يۆتكەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. دېمەكچىمەنكى، بۇ بوۋاي خەرىتىدىكى خەتلەرنى ئوقۇيالمايتتى، ئەمما شۇ خەرىتىدىكى بەلگىلەر ئارقىلىق تۆمۈر يول، تاشيوللارنى پەرق ئېتەلەيتتى، ئۇنىڭدىن ئۆزگە يول تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئىزدىنىش روھى ھەر قانداق ئادەمنى قايىل قىلاتتى. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە بۇ ئادەملەر ستېپخىيلىك تۈردە بولسىمۇ موسكۋانى مەركەز قىلىپ، ئۇنى شەرقتە سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيە ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن، غەربتە شەرقىي ياۋروپا بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئەكىلىپ كىچىك ئاسىيا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى، جەنۇبىي ئاسىيا شۇنداقلا سىنگاپور ئارقىلىق شياڭگاڭ، ياپونىيە، تايلاند، مالايشىيا قاتارلىق رايون ۋە دۆلەتلەرنى تۇتاشتۇرۇپ، ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ چوڭ بىر سودا چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇيغۇرلار ھەر خىل سودىدىن تەركىب تاپقان بۇ ھازىرقى زامان «يىپەك يولى» بىلەن ياۋروپا-ئاسىيانىڭ ھاۋا بوشلۇقى، قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرۇپلا قالماي، تىنچ ئوكيان، ھىندى ئوكيان، كاسپىي دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزلاردا ئۈزدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئۇيغۇرلار گەرچە ئاللىقاچان موسكۋانى تاشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەسىرى خېلى ئادەملەرنىڭ ئېڭىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

ئۆزبېك ئالىمىنىڭ سۆزى مېنى چوڭقۇر ئويلاندۇرسا، تىجارەتچىلىرىمىزدىكى سودا ماھارىتى مەندە يېڭى ئۈمىدلەرنى پەيدا قىلاتتى. ھەقىقەتەنمۇ تارىختىن بۇيان ئىتتىپاقسىزلىق ئاساسلىق ئامىل سۈپىتىدە تەقدىرىمىزنى خانىۋەيران قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان بولمىش پاكىت. نادانلىق، شەخسىيەتچىلىك، چىرىكلىك، ساتقۇنلۇق خاراكتېرى بىلەن ئىتتىپاقسىزلىق ئىللىتى بىرلىشىپ بىر-بىرىمىزگە ئۆز-ئارا ھالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان مىجەزلەر شەكىللەندى. بۇ، بىز ئۈچۈن چوڭ بەختسىزلىك بولدى. بۇ بەختسىزلىكىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان بىردىنبىر يول، نادانلىقنى تۈگىتىپ، 20-ئەسىرگە خاس ئاڭلىق، مەدەنىيەتلىك،

ئۇلغار تەپەككۇرلۇق، مىللەت-خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە، دۇنياغا يۈزلەنگەن، سىرتقى مۇھىتنىكى ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار ئۇيغۇر بولۇپ شەكىللىنىش ئىدى.

يەنە بىر ياقتىن ئالغاندا، ئەگەر ئاشۇ تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ ئۇلغار تەرىپى بولغان جاندىن كېچىپ رىقابەتلىشىدىغان، هامان يېڭى يول ئىزدەيدىغان روهى مىللەتىمىزنىڭ ئورتاق مىللىي پسىخىكىسى بولسا ۋە ياكى ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئاتۇش خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسەتلىكلىكى، خوتەن خەلقىنىڭ ئىرادىلىكى، سۆزدە چىڭ تۇرىدىغان روهى، ئىلىلىقلارنىڭ مەدەنىيەتپەرۋەر، يېڭىلىقپەرۋەر روهى، قەشقەرلىكلەرنىڭ هوشيار، تاكتىكىچانلىق مىجەزى، ئاقسۇلۇقلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن يەكەنلىكلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا پۇختا مىجەزى، قۇمۇل-تۇرپانلىقلارنىڭ ئوچۇق-يورۇق، جەڭگىۋار روهى بىلەن كەلپىنلىكلەرنىڭ ئىتتىپاق-ئۆملۈكى، ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روهى، ئالتاي-چۆچەكلىكلەرنىڭ ئەركىن، مەرد مىجەزى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىمىز ۋە يەرلىك پسىخىكىلىرىمىز قوشۇلۇپ، يۇغۇرۇلۇپ، بىر ئورتاق مىللىي پسىخىكىغا ئايلانسا، ئۇيغۇر خەلقى چوقۇم قايتا گۈللىنىش ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ.

## كرېمىل تېمى يېنىدىكى «مەڭگۈلۈك يالقۇن»

لېنىن مۇزېي يېنىدىكى كرېمىل سارىيى تېمىنى بويلاپ ئارقا ئىشىكىگىچە بولغان ئارىلىقتا مەشھۇر ئالېكساندىرووۋسكىي باغچىسى جايلاشقان. موسكۋا شەھىرىنىڭ ئەڭ مەركىزىدىكى بۇ باغچە ئانچە چوڭ، ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ داڭقى پۈتكۈل دۇنياغا پۇر كەتكەن. ھەر يىلى باش يازدا بۇ باغچىدا خىلمۇ-خىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايرىشىدۇ، ئۇ، سۈرەتتەك گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن

تاماشىبىنلارنى ئۆز قوينىغا تارتىدۇ. گۈللۈكنى چۆرىدەپ ياسالغان ئورۇندۇقلاردا ئادەملەر گۈللەرنى تاماشا قىلغاچ دەم ئېلىشىدۇ ياكى جۈپ-جۈپ بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ گۈلدەك هايات ۋە گۈزەل ئەسلىمە لەززىتىگە چۆمۈلىشىدۇ. ئادەملەرگە مۇھەببەت ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدىغان بۇ باغچە توغرىسىدا كۆپلىگەن شائىرلار يارقىن مىسرالارنى، مۇزىكانتلار ئەڭ لىرىك مۇزىكىلارنى قالدۇرۇشقان. قىز-يىگىتلەرنىڭ ئورتاق هاياتقا بولغان تۇنجى قەدىمى مۇشۇ باغچىدا بېسىلىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ توي قىلغانلىقى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇ باغچىدا، يەنى كىرىمېل تېمىنىنىڭ يېنىدا مەرمەر تاشتىن ياسالغان سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «يۇلتۇز» دىن ئاجايىپ كۈچلۈك بىر ئوت يالقۇنلاپ تۇرىدۇ. بۇ ئوت ئادەملەردە هاياتقا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەت ئويغىتىدۇ. مانا بۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرىسى ئۈچۈن يېقىلغان دۇنياغا مەشهۇر «مەڭگۈلۈك يالقۇن» دۇر. ئالېكساندىروۋسكىي باغچىسىغا كىرگەن كىشى مۇشۇ ئوتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بىر پەس ئېغىر سۈكۈتتە قاراپ تۇرماي قالمايدۇ. بەزىلەر دەستە-دەستە گۈللەرنى قويۇپ، كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆككەن هالدا ئۈن-تىنسىز ماتەمگە چۆمىدۇ.

بۇ يەردە كۈنىگە سانسىزلىغان خاتىرە سۈرەتلەر تارتىلىدۇ. ئورتاق هاياتقا قەدەم قويغان قىز-يىگىتلەر توي كۈنىنىڭ بىرىنچى سائىتىدە بۇ يەرگە كېلىپ گۈل قويىدۇ ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشىدۇ. بۇنداق رەسمىيەت پۈتكۈل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خاراكتېرلىك بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ-كىچىك شەھەرلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇشۇنداق قەھرىمانلار خاتىرىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بولۇپمۇ ھەر يىلى 9-ماي «غالىبىيەت بايرىمى» كۈنى بۇ خاتىرە سۇپىسى گۈللەرگە پۈركىنىدۇ. كۆپىنچە هاللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياكى رۇسىيىگە زىيارەتكە كەلگەن دۆلەت ئەربابلىرى بۇ يالقۇن يېنىغا كېلىپ ئېغىر قايغۇ ئىچىدە

تەزىيە بىلدۈرۈپ، گۈل تەقدىم قىلماي كەتمەيدۇ. بۇ خىل ئادەت خەلقئارالىق دىپلوماتىيە رەسمىيەتلىرىنىڭ بىرسىگە ئايلانغان. 1990 ـ يىلى لى پىڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا كەلگەندە «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ، ماتەم بىلدۈرۈپ گۈل تەقدىم قىلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر سۈپىتىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسى تۆمۈر داۋامەتمۇ قاتناشقان ۋە موسكۋا ئاخبارات ساھەسى بۇ ھەقتە بەس-بەستە خەۋەر بەرگەنىدى. ئاخبارات ئۇچۇرلىرىدا لى پىڭ زۇڭلى بىلەن تۆمۈر داۋامەتنىڭ نامى ۋە سالاھىيەتلىرى ئالاھىدە تەكىتلەنىدى. چۈنكى بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ، 1950 ـ يىلى ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ۋەكىللەر ئۆمىكى (ئۆمەك تەركىبىدە سەيپىدىن ئەزىزىمۇ موسكۋاغا كېلىپ، ماۋزېدۇڭ بىلەن بىرگە «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ ماتەم بىلدۈرگەن) دىن كېيىن 2 ـ قېتىم بۇ ئوت ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرۇشى ئىدى. 1990 ـ يىلغا كەلگەندە جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى نورماللىشىپ، تۇنجى قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۇچرىشىشىدا سەممىي دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق قايتىدىن تەكىتلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلانغانلىقى جاكارلاندى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ موسكۋا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن باشلىنىپ، سەيپىدىن ئەزىزى جۇڭگو ـ سوۋېت دىپلوماتىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ستالىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ۋەكىلى بولۇپ، تېگىشلىك ھۆججەتلەرگە قول قويغان بولسا، تۆمۈر داۋامەت س س ر نىڭ ئاخىرقى ۋە تۇنجى زۇڭتۇڭى بولغان گورباچىپنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر ۋەكىلى بولۇپ قالدى. جۇڭگو ـ سوۋېت دىپلوماتىيە تارىخىدىكى بۇ ئىككى قېتىملىق دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشىدا ئۇيغۇر ۋەكىللىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك سىياسىي ۋەزىپىلەر يۈكلەنگەنلىكى، سوۋېت مەتبۇئاتلىرىنىڭ

شۇنداقلا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ خەۋەر بېرىشتىكى يېزىق تېمىلىرىغا ئايلانغانىدى. ئەلۋەتتە، جۇڭگو ۋەكىللىرىنىڭ تەركىبىدە، بولۇپمۇ لى پېڭ زۇڭلىنىڭ يېنىدا بېشىغا دوپپا، ئۇچىسىغا يارىشىملىق ئاق كاستيۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، قاپقارا قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ-چوڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان بۇ 2-دەرىجىلىك ھوقۇقلۇق جۇڭگو ئەربابى مانا مەن دەپلا گەۋدىلىنىپ، ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. ھەتتا مۇخبىرلارنىڭ جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا لى پېڭ زۇڭلىغا ۋاكالىتەن جاۋاب بېرىپ، پارتىيىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نەتىجىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى يورۇتۇپ بەرگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى بىر قانچە يىللار ئىچىدە دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ موسكۋادا زىيارەتتە بولغانلىقىنى موسكۋا «ماياك» رادىئوسىدىن ئاڭلىغانىدىم.

1994-يىلى ئەتىيازدا ئىسمائىل ئەھمەد لى پېڭ زۇڭلى بىلەن بىرگە يەنە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە زىيارەتتە بولدى. لى پېڭ زۇڭلىنىڭ زور سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ ئىستراتېگىيىلىك زىيارىتىدە ئىسمائىل ئەھمەدمۇ خۇددى تۆمۈر داۋامەتكە ئوخشاشلا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، شۇنداقلا رۇسىيە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغانىدى. ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىدە بەلگىلىك دەرىجە سىمۋوللۇق رول ئوينىغان بىلەن بىرگە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنى ۋە مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى يەنە بىر قېتىم دۇنياغا جاكارلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ، شۇنداقلا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ جۇڭگوغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇشتا كاتتا رول ئوينىدى.

بۇ قېتىمقى زىيارەتتە ئىسمائىل ئەھمەد ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پايتەختلىرىدىكى «مەڭگۈلۈك يالقۇن» خاتىرىسى ئالدىدا ماتەم بىلدۈرۈپ، گۈل تەقدىم قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى خالايمەنكى، بىزنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەدكە ئوخشاش پېشۋالىرىمىز دۆلەتلەر ئارا دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى بىلەن شۇ «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا قەھرىمانلارغا بولغان قايغۇسىنى بىلدۈرۈپ تەزىيە گۈلى تەقدىم قىلغان بولسا، مەنمۇ ئوخشاشلا جۇڭگودىن كەلگەن ئۇيغۇر ئاسپىرانت بولۇش سۈپىتىم بىلەن قەھرىمانلار خاتىرىسىگە ئاتاپ گۈل قويغانىدىم.

مەن ھەر قېتىم ئالېكساندىرووۋسكىي باغچىسىغا كىرگىنىمدە، كىرىمىل سارىيىنىڭ يېنىدىكى «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىغا كېلىپ، لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇنغا بىردەم قاراپ تۇرۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. «مەڭگۈلۈك يالقۇن» خاتىرە سۈپىتى يېنىدىكى موسكۋا، لېنىنگراد (سانكت-پېتربورگ) ستالىنگراد، ئودېسسا، مىنسكىي قاتارلىق ئون «قەھرىمان شەھەر» نىڭ ئازاد قىلىنغان ۋە قوغداپ قېلىنغانلىق خاتىرىسى ئۈچۈن قويۇلغان ئون كىچىك مەرمەردىن ياسالغان خاتىرە تاشقا قايتا ـ قايتا قارايمەن. قەھرىمان سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇندەك ئوتلۇق يۈرىكى ۋە ئوتتەك ئىسسىق قانلىرى، شۇنداقلا لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇن كەبى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، ئەركىنلىك سۆيەر روھى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزى، زوراۋانلىقى، قۇل قىلىشىدىن ساقلاپ قالغانىدى. بەش يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ قەھرىمانلىقلار، سوۋېت جەڭچىلىرىنىڭ، سوۋېت خەلقىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش، قۇربان قىلىشتەك پىداكارانە روھي پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنى ھەيران قالدۇرۇپ، بۇ روھ دۇنيا خاراكتېرلىك رىۋايەت، داستانلارغا، ناخشىلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مەن

ھەر قېتىم ئاشۇ يالقۇن ئالدىغا كەلگىنىمدە سانسىز قەھرىمانلارنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدۇ، تومۇرلىرىمدا قانلار ئۇرغۇيدۇ. بۇ نىمدىگەن مۇقەددەس روھ-ھە! ھەر قانداق بىر مىللەت، ھەر قانداق بىر خەلق ئوغلانى ۋەتەننى سۆيسە ئەنە شۇنداق سۆيۈش كېرەك، ئەركىنلىكنى سۆيسە ئەنە شۇنداق سۆيۈش كېرەك!

ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، دېموكراتىيە ئەنە شۇنداق ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈش روھىغا ئىگە كىشىلەرگە مەنسۇپتۇر! «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس» دېگەندەك، ئەنە شۇنداق پىداكارلىق روھ بولغاندىلا، خۇددى ماتىروسوف پىلىموتنى مەيدىسى بىلەن توسۇپ غەلىبىگە يول ئاچقاندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر، شىر يۈرەك ئوغلى سۇلھى لۇتپۇللىن ئۆزى يالغۇز ئاخىرغىچە جەڭ قىلىپ، بەدىنىنىڭ ساق يېرى قالمىغاندىمۇ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، گېرمانلارنىڭ 18 تانكىسىنى بىتچىت قىلغاندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلى مەسۇم ياقۇپوف بەدىنىنىڭ ئون نەچچە يېرى يارىلىنىپمۇ ئۆزى يالغۇز جەڭ قىلىپ، نۇرغۇن گېرمان ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىستىھكامنى قوغداپ، پۈتكۈل ئۇرۇش سېپىنى ئوڭشىغىنىدەك ئاجايىپ قەھرىمانلىق روھى بولغاندىلا ۋەتەننى باسقۇنچىلارنىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى، خەلقنىڭ قەددىنى، ئوبرازىنى تىكلىگىلى بولىدۇ. سوۋېت خەلقى ناھايىتى توغرا يەكۈنلەنگەن بۇ زاكوننى پۈتكۈل ئېزىلگۈچى خەلقلەرگە تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاشۇ «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا باش ئېگىپ، بۇ ئوغلانلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە بىزگە تەقدىم قىلغان ئاشۇ قەھرىمانلىق روھىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، گۈل تەقدىم قىلىمەن، ئەڭ ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەش يىللىق ۋەتەن ئۇرۇشىدا يېقىنقى ئەڭ يېڭى سان بويىچە تەخمىنەن 20 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم چىقىم بولغان بولۇپ، جەمئىي 11618 ئادەمگە «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك-ئالىي نام بېرىلگەن. بۇ 11618 مەشھۇر

قەھرىمانىنىڭ بەش نەپىرى ئۇيغۇر، 96 نەپىرى قازاق، 69 نەپىرى ئۆزبېك، 18 نەپىرى تۈركمەن، 14 نەپىرى تاجىك، 12 نەپىرى قىرغىز ئىكەن. سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ بەش نەپەر ئۇيغۇر قەھرىمانىنىڭ خاتىرىسىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش يۈزىسىدىن موسكۋا، ئالما-ئاتا، تاشكەنت، ئەنجان، يەركەت، چونجى قاتارلىق شەھەرلەردىكى بىر قانچە چوڭ-كىچىك كوچىلار، مەكتەپ ۋە باشقا ئاممىۋى مەركەزلەرگە ئۇلارنىڭ نامىنى بەرگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك خاتىرە مۇنارلىرىنى تىكلىگەن، ھەيكەللىرىنى ئورناتقان.

ھەر يىلى 9-مايدا پۇتكۈل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە «غالىبىيەت بايرىمى» بولغاندا، ئۇرۇش قاتناشچىلىرىغا كۆرستىلىدىغان ئالىي ھۆرمەتلەر، خاتىرە پائالىيەتلەر، ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىشلار داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ پائالىيەتلەرنى كۆرگەندە، سىز يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكەن روھنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلماي قالمايسىز. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن بۇ خىل بايرام كەيپىياتلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا سەل ئازلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھۆكۈمەت ۋە باشقا كىشىلەر بار ئىمكانىيىتى بويىچە ئۇرۇش قاتناشچىلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. مەيدىلىرى لىقمۇ-لىق مېدال-ئوردېنلار بىلەن تولغان بوۋاي-مومايلارنىڭ گەرچە بۈگۈنكى كۈندە سىياسىي، ئىقتىسادىي ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن بىر بولگىنغىمۇ قۇربى يەتمىگۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا تېتىك روھ بىلەن قەددىنى تىك تۇتۇپ مەغرۇر يۈرۈشكىنىنى، ئۇلارنىڭ يەنىلا ئاشۇ ئۇرۇش يىللىرىدىكىدەك جەڭ مارشىنى ياڭرىتىپ، يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى، نامايىش ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

دېمەك، ئۇلار تا ھازىرغىچە ۋەتىنىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى، جۈملىدىن ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى توختاتمىغان.

بۇلارنىڭ نەزىرىدە، ۋەتەندىن باشقا مۇقەددەس، ئۇلۇغ بىلىدىغان ھېچنەرسە يوق. ۋەتەن غېمى ئۇلار ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم.

1995-يىلى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا 9-ماي خاتىرىسى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن چاي پائالىيىتىگە بىردىنبىر چەت ئەللىك ئاسپىرانت سۈپىتىدە تەكلىپ بويىچە قاتناشتىم، ئۇرۇش قاتناشچىلىرىغا گۈل تەقدىم قىلىندى، قەدەھلەر كۆتۈرۈلدى، مەدھىيىلەر ئوقۇلدى، نۇتۇقلار سۆزلەندى، شۇ قاتاردا ماڭىمۇ سۆز بېرىلدى. مەن قەدەھ سۆزى سۆزلىدىم. ئاخىرىدا: «سىلەرنىڭ ئاشۇنداق ھەممىنى قۇربان قىلىش روھىڭلار، مىللەت-خەلقنىڭ ئىززەت-غۇرۇرىنى قوغداش روھىڭلار مەڭگۈ ئىنسانلارنىڭ تارىخى بىلەن بىرگە ياشايدۇ» دەپ سۆزۈمنى خۇلاسىلىگىنىمدە، بىرلىنىغىچە جەڭ قىلىپ بېرىپ، رەيىخستاگ سوقۇشىدا بولغان بىر پروفېسسور مېنى قۇچاقلاپ، رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە كۆپچىلىككە ئۆزى بىلەن بىرگە غەربىي ئۇكرائىنىيە جەڭ فرونتىدا مۇرنى-مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان بىر جۇڭ ئاكا-ئۇكا ئۇيغۇرنىڭ جەڭدىكى ئاجايىپ قەھرىمانلىقى، پۈتكۈل دىۋىزىيە بويىچە داڭق چىقارغانلىقى، ئۇلارنىڭ «قىزىل يۇلتۇز» ئوردىنى بىلەن مۇكاپاتلانغانلىقى، ئۇلار جەڭدە بىرىنچى بولۇپ ماڭىدىغانلىقى، چېكىنگەندە ھەممىنىڭ كەينىدە سوقۇشۇپ چېكىنىدىغانلىقى، ئەڭ قىيىن ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ رازۋېدچىك ئىكەنلىكى، بۇ ئاكا-ئۇكىلارنىڭ بىرسى سازەندە بولۇپ، راۋابىنى ئاپتومات بىلەن بىرگە كۆتۈرۈپ يۈرۈپ جەڭ قىلغانلىقى، ئارام ئېلىش ۋاقتىدا راۋاب چېلىپ جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغانلىقى، ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقى، ئۇلار كۆپ قېتىم دەھشەتلىك جەڭلەرگە قاتنىشىپ ھىتلېرنىڭ ئۇۋىسى بولغان رەيىخستاگ بىناسىغا ھۇجۇم قىلغاندا ئەڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى، ھىتلېرچىلارنىڭ ئۇژۇل-كېسىل مەغلۇپ بولغانلىقىنى پۈتكۈل دۇنياغا جاكارلايدىغان بۇ ئەڭ ئاخىرقى جەڭدە قۇربان بولغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ ھەممىنى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى.

ئاخىرىدا ئۇ يەنە:

— ئۇيغۇرلارنى مەن ئاشۇ ئىككى ئاكا - ئۇكا دوستلىرىمدىن بىلگەنىدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق باتۇر كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار ئىسسىق قېنى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ، مىللىتىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى تىكلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئارىمىزدىن بىر رۇس جەڭچى بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكىغا چاقچاق قىلىپ: «سىلەردىن مەخسۇس بىر دېۋىزىيە تەشكىللەپ، بىر بۇيرۇق بىلەن بېرلىنغا ھۇجۇمغا ئەۋەتسە، ئۇدۇل بارغانچە ھىتلېرنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ ئەكەلگۈدەكسىلەر» دېگەنىدى. گەرچە بۇ بىر چاقچاق بولسىمۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەھرىمانلىقىغا، سوۋېت زېمىنىنى فاشىستلاردىن قوغداشتا نەقەدەر باتۇرلۇق - پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكىگە ئوقۇلغان مەدھىيە ئىدى. كېيىن مەن ئاسپىرانت بولدۇم. مەخسۇس شەرق تارىخىنى ئۆگەندىم. شۇ چاغدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى، مەدەنىيەتلىك، ئۇلۇغ بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن ئاشۇ يىگىتلەر كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقتىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاشۇنداق قەدىمىيلىكى، مەدەنىيەتلىكلىكى، قىسقىسى، ئۇلۇغ بىر مىللەت بولغانلىقىدىن بۇ قەھرىمانلىق روھىنىڭ بۇ مىللەتكە ئەسلى تۇغما ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. قىسقىسى، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋە قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، قاراقالپاق ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ماددىي، مەنىۋى، جىسمانىي ياردىمى بولمىغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبىسى بولمىغان بولاتتى، — دېدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلىرى نوپۇسىنىڭ ئاز بولۇشىغا باقماي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئورۇشىدا ۋەتەننى ئازاد قىلىش ۋە ياۋروپا خەلقىنى گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر ئۇلۇش ھەسسىسىنى قوشتى. جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەركىزىدىكى باتۇرلۇق، ئىنسانپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە مەدەنىيەتلىك، ئاق كۆڭۈل خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن 2 - دۇنيا ئۇرۇشىغا فاشىزمغا قارشى

مىللەتلەر قاتارىدا قاتنىشىپ، شەرقتە ياپون فاشىزمىنى (يەنى جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلار گەرچە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتناشمىسىمۇ، لېكىن خەلق ئاممىۋى سەپەرۋەرلىك بىلەن ئىئانە توپلاپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى ۋە چوڭ ئارقا سەپنى جان پىدالىق بىلەن قوغدىدى)، غەربتە گېرمانىيە فاشىزمىنى گۇمران قىلىش ئۈچۈن ئىسسىق قانلىرىنى قىلچە ئايىماستىن تۆكتى ۋە كۆپ قۇربانلارنى بەردى.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى «ھەممە فرونت ئۈچۈن!» دېگەن شوئارغا بىنائەن، قىرى-ياش، خوتۇن-قىزلارغىچە ھەتتا باللارغىچە سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەممىدە ياۋروپانىڭ جەڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئۈچ-تۆت ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كاپالەتلەندۈردى. ئوش ئوبلاستىنىڭ ئۇيغۇرلىرى 1 مىليون رۇبلى يىغىپ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تانكا قىسمىغا ياردەم قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ياردىمى ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن قىلىنغان ئەڭ چوڭ ياردەملەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق ھاياجانلانغان ستالىن ئەينى ۋاقىتتا ئوش ئۇيغۇرلىرىنىڭ خالىسانە ياردەم قىلىش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئىمىن ئاخۇن ئەھمىدۇۋقا: (مېنىڭ قېرىنداشلارچە چوڭقۇر سالىمىمنى ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ رەھمىتىنى «مېھنەتكەش ئۇيغۇر» نامى بىلەن 1 مىليون 100 مىڭ رۇبلى ئەۋەتكەن ئوش ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇڭ) دەپ تېلېگراما يوللىغانىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قىرغىزىستان جالالئاباد رايونىدىكى ئۇيغۇرلار 359 مىڭ 227 رۇبلىنى ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان قىزىل ئارمىيىگە ئەۋەتىپ بەرگەن. بۇلار ستالىنغا يازغان خېتىدە: «سىزگە خەت يازغۇچى قىرغىزىستان س س س ر نىڭ جالالئاباد رايونىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلاردۇرمىز. بىز سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدا ئۇزۇندىن بۇيان ياشاپ

كېلىۋاتىمىز. بىز ھەممىمىز قەشقەردىن كەلگەن، ئاچلىق ۋە موھتاجلىق بىزنى بۇ يەرگە قوغلىغان. بىز پەس كۆرۈلگەن، خارلانغان ھالدا ئىش ئىزدەپ يۈرگەنىدۇق. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە بولغان ئارىلىقتا بولغانىدى. بىز ھازىر ھەممە باراۋەر گراژدانلارمىز. بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىزگە فاشىستلار باستۇرۇپ كەلگەندە بىز فاشىستلارغا قارشى جەڭگە ئاتلانماي تۇرالمايمىز. مالال كۆرمەي ئاز بولسىمۇ بۇ سەممىي ئىئانىمىزنى قىزىل ئارمىيە فوندىغا قوبۇل قىلغايسىز ۋە شۇ ياردەملەرنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قارارسىز». ستالىن بۇ خەتكە جاۋاب تېلېگراما يېزىپ، ئۆزىنىڭ ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ رەھمىتىنى بىلدۈرگەن.

يەنە قازاقىستاننىڭ تالقار رايونىدىكى «قىزىل غەيرەت» كولخوزى 4800 پۇت ئاشلىقنى قىزىل ئارمىيە فوندىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. چېلەك رايونىدىكى سەئىدۇللايۇف، دارۋانقۇلۇف دېگەن كىشىلەر ئۆزلىرى يالغۇز 100 مىڭ رۇبلىنى قىزىل ئارمىيە فوندىغا ئەۋەتىپ، ستالىننىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇيغۇر رايونى 140 مىڭ رۇبلى ئىئانە قىلغان.

ئۇيغۇر خەلقى ۋەتەن ئۇرۇشى ئۇچۇن ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە 200 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ئوغۇل-قىزلىرى جەڭگە ئاتلىنىپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى ۋە سوۋېت ئارمىيىسى ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانغان.

ئۇيغۇر جەڭچىلىرى پۇتكۇل ئۇرۇش سەپلىرىدە، شۇنداقلا موسكۋا، لېنىنگراد، ستالىنگراد، سىۋاستىپول قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى قوغداش ۋە ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. يەركەتلىك جەڭچى لوقمان ئىسھاقوۋ قوشۇننىڭ سىياسىي كومىسسارى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئاجايىپ زور تەشكىللەش ۋە ئىلھام بېرىش قابىلىيىتى، شۇنداقلا باتۇرلۇقى ئارقىلىق جەڭچىلەر ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئۇ، ستالىنگراد ئۈچۈن بولغان جەڭدە ئۆزىنىڭ مەردلىكى،

باتۇرلۇقىنى كۆرستىپ ئاخىرىغىچە سوقۇشۇپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ھەر خىل ئوردېنلىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن. ئىنژېنېر تاھىر ئىمىنوف ۋە ئەكرەم دوغانوفلارنىڭ قەھرىمانلىقى ھازىرغىچە سوۋېت پۇقرالىرى ئىچىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە. بۇلار باشقا ئۇيغۇر جەڭچىلىرى بىلەن بىرگە موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان.

موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشىدا داڭق چىقارغان يەنە بىر ئۇيغۇر جەڭچىسى، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ كوماندىرى شەۋكەت بىر قېتىملىق جەڭدە 50 تىن ئارتۇق گېرمان ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىستىھكامنى ئۆزى يالغۇز قوغداپ قالغان ھەم چېكىنمەي جەڭ قىلىپ، پۈتكۈل ئۇرۇش سېپىنى قوغداپ ئاخىرى مەردلەرچە قۇربان بولغان. ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ئۈچۈن «قىزىل يۇلتۇز» ۋە «قىزىل بايراق» ئوردېنلىرى بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن بۆلەك يەنە مەرگەن ئوسمان توختايېف، ياقۇپ ئەھمەدوۋ قاتارلىق جەڭچىلەرگىمۇ يۇقىرىقىدەك ئوردېنلار بېرىلگەن. قىسقىسى، موسكۋا بوسۇغىسىدا نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى ئاققاندى.

سوۋېت ئارمىيىسىدە يۇقىرى خىزمەت ئۆتىگەن ئوفىتسېرلاردىن 192-دىۋىزىيىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ئابدۇللا باقىيوف بەش يىللىق جەڭدە ئاجايىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇ، سوۋېت ئارمىيىسى تەركىبىدە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا ياپون كانتون ئارمىيىسىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسى ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم «ۋەتەن ئۇرۇشى» ئوردېنى بىلەن «قىزىل يۇلتۇز» ئوردېنى ۋە باشقا مېداللارنى تەقدىم قىلغان. ئالمۇتادا تەشكىللەنگەن پانفىلوف دىۋىزىيىسىنىڭ ئاساسىي تەركىبى ئۇيغۇرلار بولۇپ، بۇ دىۋىزىيىنى كىچىكىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭ بولغان گېنېرال پانفىلوف ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭدىكى باتۇرلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ تەشكىللىگەن. كېيىن بۇ دىۋىزىيىنى موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشىغا

قاتناشتۇرغان. بۇ دىۋىزىيە ھەقىقەتەنمۇ موسكۋانى قوغداش جېڭىدە ئاجايىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەن. مانا مۇشۇ دىۋىزىيەدىكى باتۇر جەڭچىلەرنىڭ بىرى، ئۇيغۇر پەرزەنتى باتۇر شەرىپوف باتۇرلۇق بىلەن سوقۇشۇپ بىر قانچە قېتىم يارىدار بولسىمۇ سەپتىن چېكىنمەي، ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىنى نامايان قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامى بىر قەھرىمانلىق رىۋايىتىگە ئايلانغانىدى. «ھەربىي چاقىرىق» گېزىتىدە ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى مەخسۇس ئوچېرك قىلىپ بېسىلغان. ئوچېركتە «باتۇر شەرىپوف جەڭلەردە ھەر قاچان بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن، ئۇنىڭ ھەربىي پەلتوسى ئوق زەربىسىدە ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ تىتىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدۇ، ئۇ، ئاپتوماتنى ئېلىپ فاشىستلار ئارىسىغا كىرىپ دۈشمەننى خۇمارىدىن چىققۇچە قىرىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق روھى ئالدىدا ئۆلۈم ئۇنىڭغا ھامان بويى سۇنىدۇ ... » دەپ مەدھىيىلىگەن. بۇ ئەزىمەت موسكۋادىن تاكى بېرلىنغىچە بولغان مۇساپىدە ئاجايىپ زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ئۇرۇشتىن ساق-سالامەت قايتقان ھەم 1945-يىلى 24-ئىيۇلدا قىزىل مەيداندا ئۆتكۈزۈلگەن غەلىبە پاراتىغا شەرەپ بىلەن قاتناشقان.

1941-يىلى 22-ئىيۇن گېرمان فاشىستلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغان تۈنجى كۈنى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرىنچى مۇداپىئە توشۇقى بولغان مەشھۇر چېگرا پونكىتى — بىرىس قورغىنىنى قوغداش ئۇرۇشىدا ئۇيغۇر يىگىتلىرىدىن ئى. كامالوۋ، ئا. سوپىيوف، ك. تۇردىيوف قاتارلىق جەڭچىلەر باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوردېنلار بىلەن تەقدىرلەنگەن. گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن بىخەۋەر تۇرغان سوۋېت ئارمىيىسى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە زور بەدەل بېرىش بىلەن بىرگە سەپ بويىچە گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، نۇرغۇن يەرلەرنى قولدىن بېرىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن

گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بىرىنچى ھۇجۇم لىنىيىسى بولغان بىرتىس قورغىنىنى گېرمانلار ئۇزاققىچە ئىشغال قىلالمىغان. بىرتىس قورغىنىنى قوغداش چېڭى سوۋېت ۋەتەن ئۇرۇشىدا مەشھۇر مۇداپىئە ئۇرۇشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرتىس ئۈچۈن بولغان جەڭدىكى سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ قەھرىمانلىقى، تېز پۈكمەس روھى ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتقان دېيىلگەندە، بۇ ئۇرۇشتا ئاخىرقى بىر پاي ئوق قالغۇچە سوقۇشۇپ، قۇچاقلاشما جەڭ قىلىپ، گېرمانىيە ئەسكەرلىرى بىلەن تەڭ ھالاك بولغانلار يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىدۇر. بۇ يىگىتلەرنىڭ مەردلىك-باتۇرلۇق روھى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشى، جۈملىدىن بىرتىس ئۇرۇشى توغرىسىدىكى تارىخىي ئەسلىمىلەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ مەدھىيىلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، لېنىنگراد ئۈچۈن بولغان جەڭدە ئۇيغۇر ئوغلى نىزامىددىنوف زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ «1-دەرىجىلىك ۋەتەن ئۇرۇشى ئوردېنى»، «قىزىل يۇلتۇز» ئوردېنى ۋە باشقا باتۇرلۇق مېداللىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن.

سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئۇيغۇر كوماندىرلىرىدىن شاماخۇن ئۆزىنىڭ قىسمى بىلەن بىر قېتىملىق ۋەزىپە ئورۇنداش جېڭىدە دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ، قورشاۋدا ئەسكەرلىرىگە باتۇرلۇق بىلەن توغرا قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسىتىپ قەتئىي تېز پۈكمەيدۇ. ئۇلار ئوقلىرى تۈگىگىچە سوقۇشۇپ، ئاخىرى گېرمانىيە ئەسكەرلىرى بىلەن قۇچاقلاشما جەڭ قىلىپ ھەممىسى قىرىلىدۇ، شاماخۇن پىلموتنى كۆتۈرۈپ دۈشمەن توپىغا ئېتىلىپ بېرىپ، بىراقلا دۈشمەننىڭ 60 نەچچە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن ئوق تۈگىگەندە قۇچاقلاشما جەڭ قىلىپ قۇربان بولىدۇ. شاماخۇننىڭ باتۇرلۇقى، تېز پۈكمەس روھى ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنى ئالىي دەرىجىلىك ئوردېنلار بىلەن تەقدىرلىگەندىن باشقا پۈتكۈل سوۋېت

مەتبۇئاتلىرىدا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندۇ.

بىنپىر دەرياسى بويىدىكى كىيفنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا سوۋېت ئارمىيىسى پاراشۇتچى قىسىملىرىنىڭ ئۇيغۇر ئوفىتسېرى مەسۇم ياقۇپوف پولكوۋنىك ئۇرۇش سېپىنى قوغداپ كىيفنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئاجايىپ زور تۆھپە قوشقىنى ئۈچۈن «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا ئېگە بولغان.

1943 - يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئارمىيىسى گېرمانىيە ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ دىبپىر دەرياسى مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كىيفقا ھۇجۇم قىلىش جىڭىنى باشلايدۇ. مۇستەھكەم ئىستىھكام ۋە دولقۇنلۇق دىنپىر دەرياسىنىڭ سۈيىدىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇق بىلەن مۇستەھكەم مۇداپىئەلەنگەن گېرمانىيە فاشىستلىرى دەريا يۈزىنى يامغۇردەك پىلىموت ئوقلىرى ۋە زەمبىرەك ئوقلىرىغا تۇتۇپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قارشى قىرغاقا ئۆتۈشىگە قەتئىي يول قويمايدۇ. ئەنە شۇنداق ھايات-ماماتلىق پەيتتە، مەسۇم ياقۇپوف 24 نەپەر جەڭچىنى باشلاپ، قولۋاق بىلەن دەريادىن ئۆتۈشتىن ئىبارەت خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدۇ. يامغۇردەك پىلىموت ئوقلىرى ۋە توپ ئوقلىرىنىڭ دەھشەتلىك پارتلاشلىرى ئىچىدە ئاخىرى دەريادىن ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ مۇداپىئە توسۇقىنى ئىشغال قىلىپ، دۈشمەنگە ئوت ئېچىپ سەپنى كېڭەيتىدۇ. دۈشمەن بۇ ئەترەتنى يوقىتىش ئۈچۈن نەچچە ئون قېتىملاپ ھۇجۇمغا ئۆتىسىمۇ، لېكىن مەسۇم ياقۇپوف ئەترىتى دۈشمەننىڭ بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇپ ئىستىھكامنى بىر سوتكا قوغداپ، پولكوۋنىك باتالىيوننىڭ دەريادىن ئۆتۈۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. باتالىيون دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، گېرمان فاشىستلىرى بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ دەريا بويىدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، پولكوۋنىك سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ كىيىف شەھىرىگە كەڭ-كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشىغا ئاساس يارىتىدۇ. باتۇر مەسۇم ياقۇبوف باشچىلىق قىلغان ئەترەت ۋە باتالىيون بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئاجايىپ زور

تۆھپە ياراتتى. مەسۇم ياقۇپوف ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ، سەپتىن قالماي ئىلگىرىلەپ ئۆزى يالغۇز دۈشمەن بىلەن سوقۇشۇپ 12 نەپەر گېرمان ئەسكىرىنى ئەسىر قىلىپ، پولك كوماندىرىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ بېرىپلا يىقىلىدۇ. مەسۇم ياقۇپوفنىڭ تىللاردا داستان بولارلىق بۇ ئاجايىپ قەھرىمانلىق پۈتكۈل سوۋېت ئارمىيىسىدە زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا دەرھال «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دەپ ئالىي نام بېرىدۇ. ئەمما قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ باتۇر جەڭچى چالا ئۆلۈك ھالەتتە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنىپ، داۋالانغاندىن كېيىن ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ يۇرتى ئالما-ئاتاغا قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ. چۈنكى پولك كوماندىرى ئۇنى ئۆلدى، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. كۆپ ئىزدەشلەر ۋە سۈرۈشتۈرۈشلەردىن كېيىن، ئارىدىن 15 يىل ئۆتۈپ ئاخىرى بۇ قەھرىمان تېپىلىدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى بىۋاستە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مەسۇم ياقۇپوفقا ئالمۇتادا چوڭ-داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن ئوردېننى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ ۋە ئالمۇتادىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، جۈملىدىن بىر قانچە كوچىلارنىڭ نامىنى مەسۇم قايۇپوف نامى بىلەن ئاتاشنى بۇيرۇيدۇ.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە يەنە داداش باباجانوف، سۇلھى لۇتپۇللىن كەبى تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلار يېتىشىپ چىققان. داداش باباجانوف سۋاستىپول ئۇچۇن بولغان جەڭدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. ئۇ، جاھىللىق بىلەن مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان دۈشمەننىڭ ئىستىھكامىنى ئۇچۇقتۇرۇشقا ئۈچ جەڭچى قاتارىدا ئەۋەتىلىپ، ئىككى جەڭچى قۇربان بولغاندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز دۈشمەننىڭ ئاساسىي ئىستىھكامىنى پارتلىتىپ تاشلاپ، بىراقلا 40 دۈشمەننى يوقاتقان ۋە ئارقىدىنلا داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان دۈشمەن زەمبىرەك ئىستىھكامىغا باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنى پارتلىتىپ تاشلىغاندىن

باشقا، تىرىك قالغان دۈشمەننى ئەسىر ئېلىپ، چوققىغا ئۆزى يالغۇز قىزىل بايراق قاداپ غەلىبە تەنتەنىسىنى نامايىش قىلغان. داداش باباجانوفنىڭ قەھرىمانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن. سۇلھى لۇتپۇللىن ئۆزى يالغۇز گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ 18 تانكىسى ۋە بىر نەچچە پرونىۋېكلىرىنى پارتلىتىپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. بۇ يەردە يەنە بىر ئاجايىپ قەھرىمان، «پولشا جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەھرىمانى» دەپ نام بېرىلگەن قاھار شەرىپوفنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇ، گېرمانىيە فاشىستلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن پولشىدىكى يىغىۋېلىش لاگېرىدا ياتقان. ئاخىرى ئۇ تۆت نەپەر سەپدىشى بىلەن لاگېردىن قېچىپ، پولشا پارتىزانلىرىغا قوشۇلغان ۋە ئالتە قېتىم يارىدار بولغان بولسىمۇ ھەر قېتىم قوشۇنغا قايتقان. ئۇ، پولشا پارتىزانلىرى بىلەن بىرگە گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ كۆۋرۈكلىرىنى بۇزغان، پويىز، ھەربىي مۇلازىمەت ئاپتوموبىللىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن. ھەتتا بىر قېتىم گېرمانىيە ئەسكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ قەتئىي تىز پۈكمىگەن. ئۇنى جازا مەيدانىغا ئاتقىلى ئېلىپ چىققاندا ئەپچىللىك بىلەن قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ يەنە قېچىپ كەتكەن. پولشا ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۇ پولشا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن لىگۇنا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقى ئۈچۈن پولشا ھۆكۈمىتى ئۇنى ئەڭ ئالىي ئوردېن «پارتىزانلىق ئالتۇن كرېست»ى بىلەن تەقدىرلىگەن، «پولشا جۇمھۇرىيىتى قەھرىمانى» دەپ قارىغان ھەم ئۇنىڭ شەرىپىگە لىگۇنا شەھىرىگە ئۇنىڭ ئېگىز مىس ھەيكىلىنى ئورناتقان. يەنە ھاكىم ئېيسايېفنىڭ نامى چۆچەكلەردىن قەھرىمانلاردەك تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ، بېلورۇسسىيىنىڭ ئورمانلىرىدا بېلورۇسسىيىدىكى تۆت چوڭ پارتىزان ئەترىتىنىڭ بىرسىدە مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇرۇش جەريانىدا ئۇ ئىككى پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا لېنىنگراد (سانكت-پېتربورگ) قا قايتىپ كېلىپ ئىشلىگەن.

يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ۋە ئاتالمىغان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ قاتارىدا قەمەرە جامال ئەلىيەۋا، رىزۋانگۈل قادىرووۋا، روشەن قادىرووۋا قاتارلىق ئۇيغۇر قىز ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى ياكى بىرلىنغىچە جەڭ قىلىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقى ئەينى ۋاقىتتا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنغانىدى.

هازىرمۇ ئالما-ئاتا، بىشكەك قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە بارسىڭىز ئاشۇ قانلىق ئۇرۇشنىڭ، باتۇرلۇقنىڭ، مەردلىكنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە مەيدىسىگە لىق ئوردېن-مېداللارنى تاقاپ، كۆكرەكلىرىنى كېرىپ يۈرگەن، 70-80 لەردىن ئاشقان بولسىمۇ ۋۇجۇدىدىن كۈچ-قۇۋۋەت، مەردانىلىك ئۇرغۇپ تۇرغان ئۇيغۇر بوۋايلارنى كۆرىسىز. بۇ بوۋايلار بىلەن پاراڭلاشسىڭىز ئۇلاردىكى ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك-مەردانىلىك، مەردلىك بولۇپ، ھەر كۈن، ھەر ۋاقىت باللارغا تەربىيە بېرىپ، قانداق ئۇيغۇر بولۇش كېرەكلىكىنى سۆزلەۋاتقانلىقىنى، قىسقىسى، پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئۆز مىللىتى ئىشقىدا كۆيۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

مەن 1994-يىلى ئالمۇتادا 9-مايدىكى «غالىبىيەت بايرىمى» غا قاتناشتىم، قازاقىستان خەلق ئارتىسى، شۇنداقلا لېنىننىڭ رولىنى ئويناپ پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە شۆھرەت قازانغان ئارتىس، ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى مەخپىر ئاكىنىڭ ئۆيىدە مېھماندا بولدۇم. ئايالى-قازاقىستان خەلق ئارتىسى، مەشھۇر سەنئەت ئەربابى روشەنگۈل ئىلاخۇنوۋا پېشانەمدىن سۆيۈپ، مېنى قىزغىن قارشى ئالدى. شۇ كۈندىكى بايراملىق چايغا ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتناشقان، يېشى 80 لەر ئەتراپىدىكى، مەيدىسى لىق ئوردېن-مېداللار بىلەن تولغان ئوندەك ئۇيغۇر بوۋايلار، يەنە پېشقەدەم جەڭچىلەر كەلدى. بۇلارنىڭ بىرسى توكۇر، بىرسى چولاق بولسىمۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن يەنىلا باتۇرلۇق، مەردلىك ئۇرغۇپ تۇراتتى.

شۇنىسى قىزىقكى، بوۋايلار شۇنچە كۆپ هاراق ئىچىپمۇ يەنىلا جەڭگىۋار ھالەتتە ئىدى. ئۇلار زادىلا مەست بولمىدى. شۇ چاغدا مەخپىر

ئاكىنىلىك: «ئۇيغۇر بولساڭ باتۇر بول، بولمىسا يوق بول» دېگەن سۆزى تا ھازىرغىچە قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلايدۇ.

مەن ھەر قېتىم مېترولاردا، چوڭ رەستىلەرنىڭ پىيادىلەر يوللىرىدا، باغچىلاردا، ھەر خىل جامائەت سورۇنلىرىدا مەيدىسىگە ئوردېن-مېداللارنى تاقىۋالغان بىر پۇتى ياكى قولى يوق مېيىپ تىلەمچى بوۋايلارنى، قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن ئاجىز مومايلارنى كۆرگىنىمدە ئۇلارنى دىۋانە كۆرگىنىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى چەكسىز ھۆرمەتلىگىنىم ئۈچۈن پۇللارنى ئايىماي بېرىمەن. شۇ ۋاقىتتا ئاشۇ كىرىمىل تېمى يېنىدىكى «مەڭگۈلۈك يالقۇن» كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ ئوردېن-مېدال تاقاپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان بىچارە بوۋاي-مومايلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كۆرسەتكەن پىداكارلىق روھلىرى ئاشۇ «مەڭگۈلۈك يالقۇن روھى» بىلەن بىر ئىدى ئەمەسمۇ ؟!

ھازىر رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كرىزىسى تۈپەيلىدىن بۇ روھنى ئېغىزىدا قۇرۇقتىن-قۇرۇق مەدھىيىلىگىنى بىلەن مەيدىسىگە ئوردېن-مېدال تاقىغان بوۋاي-مومايلارنىڭ كوچىغا تاشلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولماقتا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي قايسى شەخسلەرنىڭ بانكىسىغا ۋە يانچۇقىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن بۇ ئوردېن-مېدال تاقىغان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ-نەپرەت ئۇچقۇنى چىقىۋاتقانلىقىنى ھەر كۈن، ھەر مىنۇت رادىئو-تېلېۋىزور، گېزىت ۋە يىغىلىشلاردا سۆزلەشسىمۇ، بەربىر بۇ دۆلەت تارىخ ئاتا قىلغان تەقدىر يولىدا پەقەت بىر كېلەچەكتىلا خۇلاسە چىقىرالايدىغان نەتىجىگە قاراپ كېتىپ بارماقتا.

لېكىن، ئادەملەر يەنىلا شۇ روھقا ئاتاپ «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا باشلىرىنى ئېگىپ پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەرنى تەقدىم قىلىشىدۇ.

مەن 1994-يىلى غۇلجىغا بارغاندا تونۇشۇمنىڭ قورۇسىدىكى گۈللۈكتە پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىل گۈللەردىن بىر دەستە تەييارلاپ باغچە

تەرەپكە ماڭغىنىمدا، ئادەملەرنىڭ ماڭا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراشقانلىقىنى سەزگەنىدىم. ھەتتا بەزىلەر ماڭا بۇ گۈلنى قايسى جانانغا تەقدىم قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى سوراپ ئۈلگۈردى. مەن بۇ گۈللەرنى بىزنىڭ ئۆز تۈپرىقىمىزدا بىز ئۈچۈن ئاشۇنداق مۇقەددەس روھنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئەھمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئوغلانلارنىڭ قەبرىسىگە قويدۇم. گەرچە بۇ يەردە كېچە-كۈندۈز يېنىپ تۇرىدىغان «مەڭگۈلۈك يالقۇن» بولمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا قەبرىلەردىن «مەڭگۈلۈك يالقۇن» نىڭ تەپتىدىنمۇ كۈچلۈك سىرلىق ئوت يالقۇنلاپ تۇراتتى.

مەن بۇ قەبرىلەر ئالدىدا تۇرۇپ ئويغا پاتتىم. كىرىمپىل تېمى يېنىدىكى ئاشۇ «مەڭگۈلۈك يالقۇن» خاتىرىسى ھەر قاچان گۈللەر بىلەن يېپىلىدۇ. ئەپسۇس، بىزدىكى بۇ قەبرىلەر ماڭا گويا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراۋاتقان ئادەمدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە بۇ قەبرىلەرمۇ ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت گۈللەر بىلەن يېپىلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟!

بىزنىڭ ئەپسۇسلىنىدىغان، ھەتتا ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى ئالدىدا خىجىل بولىدىغان يەرلىرىمىز خېلى كۆپ. ئېيتايلۇق، بەخت-سائادىتىمىز ئۈچۈن شېھىت بولغان تالاي ئوغلانلىرىمىزنىڭ قەبرىلىرىگە گۈل قويالىدۇقمۇ؟ يامان يېرى شۇكى، بىز ھەتتا بۇ قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرى نەدە ئىكەنلىكىنى تېخىچە بىلمەيمىز...

1995-يىلى غوجىغا يەنە بىر قېتىم باردىم ۋە باغچىغا بىر دەستە گۈل ئېلىپ كىرىپ، ماڭا تونۇش بولغان قەبرىگە چوڭقۇر سېغىنىش ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە گۈللەرنى قويدۇم، قولۇمنى دۇئاغا كۆتۈردۈم. دەل شۇ چاغدا ئاپئاق توي كىيىمى كىيىپ، قولىدا قىزىل ئەتىرگۈل كۆتۈرگەن نازاكەتلىك قىز بىلەن قاملاشقان، قارا بۇرۇتلۇق يىگىتنى ئارىغا ئالغان، قوللىرىدا گۈللەر كۆتۈرۈشكەن بىر توپ ياشلار قايغۇ ۋە شادلىق ئارىلاش ۋاڭ-چۇڭلىرى بىلەن قەبرە يېنىغا كېلىشتى-دە، سۈكۈتتە تۇرۇشتى. قىز بىلەن يىگىت گۈللەرنى ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ قەبرىسىگە قويدى ۋە

ئارقىدىن ھەممەيلەن قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى. مەنمۇ ئىختىيارسىز شۇلار بىلەن بىرگە بۇ تويى مۇراسىمىغا قاتناشتىم، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن روھى ھامان ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. ئۇ، كۈندىن-كۈنگە كۆچىيىپ، ئۇلغىيىپ، يېڭى ئەۋلادلارنىڭ تومۇرىدىكى قانلار بىلەن بىرگە ئاقىدۇ!

خىياللارغا پاتتىم، خىياللىرىمنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقى ئۆزۈمگە ئايان. مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ قىزىل مەيدانغا بارغۇم كەلدى. چۈنكى قىزىل مەيدان بىزنىڭ ئىنستىتۇتتىن پىيادە 20 مىنۇتلۇق يول ئىدى. قىزىل مەيدانىنى بىردەم ئايلاندىم. كېيىن قەدىمىم ئاستا-ئاستا كىرىمىل سارىيى يېنىدىكى ئالېكساندىروۋسكىي باغچىسىغا قاراپ تاشلاندى، يەنىلا شۇ ئادىتىم بويىچە گۈل سېتىۋېلىپ «مەڭگۈلۈك يالقۇن» نىڭ قېشىغا بېرىپ گۈل قويدۇم-دە، چوڭقۇر خىياللارغا پاتتىم...

## ئەتىرگۈل ۋە كىتاب

1990-يىلىنىڭ بېشى ۋە س س س ر پارچىلانغان دەسلەپكى يىلى — 1991-يىلى موسكۋا ھەققىدىكى خىياللىرىم تېخىمۇ مۇرەككەپلەشكەن چاغ بولدى. ھەممە يەردە ئۆچىرەت، ماگىزىنلاردا مال، بولۇپمۇ يېمەك-ئىچمەك خېلىلا كەمچىل ئىدى. بەزى تاۋارلار ئىسكىلاتقا سولانغان، موسكۋا شەھىرىدە بىر خىل جىددىيچىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. لېكىن ئىككىلا نەرسە ھەممىلا يەردە ھاياتقا گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇراتتى. بۇ نەرسە-ھەر خىل گۈللەر ۋە رۇسلارنىڭ ھاياتىدا ئىككىنچى بولكا (نان) دەپ ئاتالغان كىتاب ئىدى. رەڭگىرويىدىن ئېغىر روھىي بېسىم چىقىپ تۇرغان رۇس كىشىلىرى پەقەت بىرلا نەرسىدىن يەنى كىتابتىن ئۆزلىرىگە تەسەللى تاپالايتتى. ئاپتوبۇس، ترانۋاي، مېترو، سامالىيوت، تاكسىلاردا كېتىۋاتقان ھەتتا پىيادە يۈرگەن كىشىلەرنىڭ قولىدىن گېزىت، كىتابلار چۈشمەيتتى.

(ئۇلار تېز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دۇنيانىڭ ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدىن تولۇق، ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇشقا تىرىشاتتى. ئەگەر بىرەر كۈن تېلېۋىزور ياكى گېزىت خەۋەرلىرىنى كۆرەلمەي قالسا، خۇددى بىر كۈن ئاچ قالغاندەك ئەپسۇسلۇقتىن ئىچى سىقىلاتتى).
شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مېترو، تراموۋايلاردا، ئاپتوبۇس، تاكسىلاردا ھەمدە پىيادە يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەر خىل چىرايلىق گۈللەرنى كۆتۈرۈۋالغىنىنى، شۇنداقلا چىرايىدىن بىر خىل خۇشاللىق ياكى ئاللىقانداق جىددىيلىك چىقىپ تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ، جۈملىدىن رۇس خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا ھەر خىل خاتىرە كۈنلىرىدە ئۆز-ئارا گۈل تەقدىم قىلىش، ياش يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ سۆيگەن قىزلىرىغا دائىم گۈل سوۋغا قىلىپ تۇرۇش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان. مۇنداق چاغلاردا قىز تەرەپنىڭ ياخشى كۆرىدىغان گۈللىرى ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆز-ئارا دوستلۇق، ھەر خىل ھېيت-بايرام، بولۇپمۇ «ئاياللار بايرىمى» ھەمدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا مەلۇم نەتىجە قازانغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ گۈل تەقدىم قىلىنىدۇ. ئۇلاردىكى يەنە بىر ئېسىل ئەنئەنە، سىزگە ئوخشاشلا كونسېرتلاردا ئۆزلىرى خالىغان ئارتىسلارغا گۈل تەقدىم قىلىشتىن سىرت خىزمەت، ئىلمىي ئەمگەكلەردە زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارغىمۇ گۈل تەقدىم قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. (بۇ خىل گۈل تەقدىم قىلىش گاھىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىنمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەلۋەتتە)، گۈل تەقدىم قىلىشنىڭمۇ ئۆز قائىدىسى بولۇپ، تاق سان ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ، ئادەتتە تەقدىم قىلىنىدىغان گۈللەر 3 ياكى 5، 9، 11 تالدىن تىزىلىدۇ. مەيلى قانچىنى تەقدىم قىلىلىڭ، خۇشاللىق، ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن تاق سان بولۇش كېرەك. جۈپ سان چوقۇم قايغۇدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ ۋە مۇسىبەت خاتىرىسى ئۈچۈن مۇشۇ جۈپ سان بويىچە گۈل قويۇلىدۇ.

قىسقىسى، گۈل تەقدىم قىلىش رۇسلارنىڭ، جۈملىدىن

ياۋروپالىقلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، سىمۋول خاراكتېرلىك بىر ئەنئەنە. ئەينى ۋاقىتتا موسكۋاغا كەلگەن جۇڭگولۇقلارمۇ رۇسلارنىڭ بۇ ئادىتىنى ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا گۈل تەقدىم قىلىدىغان بولۇشقانىدى. ھەتتا گۈل تەقدىم قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ رومانتىك ئالاھىدىلىكىدىن مەستخۇش بولغان، ئەمما بۇ ھەقتىكى قائىدىلەرنى پىششىق بىلىشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەن جۇڭگولۇق بىر ساۋاقدىشىم موسكۋاغا كېلىپ كېيىنكى ھەپتىسىلا بىر گۈزەل رۇس قىزىغا گۈل تەقدىم قىلغانىكەن، ئەپسۇس، ئۇ، قىزنىڭ تەشەككۈرىنى ئەمەس، ئەكسىچە تىل-ئاھانىتىنى ئاڭلاپتۇ، ئەسلى ساۋاقدىشىم ئۇقۇشماسلىق بىلەن ئۇ قىزغا تۆت تال گۈل تەقدىم قىلىپ قويغانىكەن. بۇ گۈللەرگە خوش بولۇش ئەمەس، ئەكسىچە خاپا بولغان ئۇ قىز: «كىمنىڭكە شۇملۇق تىلەيسەن، كۆتۈر بۇ نېمەڭنى!» دەپ ۋارقىراپ گۈللەرنى بېشىغا ئاتقانىدا، جۇڭگولۇق بۇ ساۋاقدىشىم داڭقېتىپ قېلىپ يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي نەچچە كۈنگىچە بېشىنى سىلىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ، پەرىشانلىق ئىچىدە ئەھۋالنى ماڭا ئېيتقانىدا، مەن ئۆزۈمنى باسالماي كۈلۈپ كەتكەنىدىم. ئىككىمىز چىرايلىق بەش تال ئەتىرگۈل ئېلىپ ھېلىقى قىزنىڭ قېشىغا يەنە باردۇق. مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم، ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىنى ئېيتتىم، «بىزنىڭ جۇڭگودا ئوغۇللار قىزلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ جۈپ ساندا گۈل تەقدىم قىلاتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ قائىدىسى بويىچە سىزگە تۆت تال گۈل تەقدىم قىپتۇ» دەپ ئەسكەرتىش بېرىپ قويدۇم. قىز خۇشاللىق بىلەن گۈلنى ئالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ قىز بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. كېيىن بۇ ھېكايە ئاسپىرانتلار ئارىسىدا تارقىلىپ لەتىپىگە ئايلىنىپ كەتتى.

گۈلدىن ئىبارەت تەبىئىي گۈزەللىك ئارقىلىق ئىنسانلار ھاياتلىقنى بېزەيدۇ، قەدىرلەيدۇ ۋە سۆيىدۇ. يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكەنىدەك، ياۋروپالىقلارنىڭ، جۈملىدىن رۇسلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا شۇنچىلىك

مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان گۈل، ئەلۋەتتە خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن، گۈل ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، شۇنداقلا گۈل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پاك - سەممىي تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەش بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ بىرى. يىگىتلىرىمىز پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈلنى ياكى ئەتىرگۈلنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ چېچىغا گۈل قىستۇرۇپ قويۇش ياكى قىزلىرىمىز چېچىغا گۈل قىسىپ يۈرۈش ئەنئەنىۋى ئېسىل ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرى. ھاياتىمىزدا گۈل شۇنچىلىك قەدىرلىك بولغاچقا قىزلىرىمىزنىڭ ئىسمىغىمۇ «گۈل» ئىبارىسىنى قوشۇپ ئاتايمىز. بۇ ئادەت مېنىڭچە، بىزگىلا خاس بولسا كېرەك. ھەتتا ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكىمىزدىمۇ كۆپلىگەن دورىلارغا قىزىلگۈل قېتىپ ياساپ ئىستېمال قىلىمىز، قىزىلگۈلدىن ئېسىل ئېچىملىك ياسايمىز. ئۆلۈم - يېتىم بولغاندا قۇرۇتۇلغان قىزىلگۈل بەرگىنى تاۋۇت ئىچىگە چاچىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي قول سانائىتىمىزدىمۇ گۈلنى يۇقىرى ئورۇندا قويۇپ رەختلەر، گىلەملەر، تەڭلىمات كىگىزلەرگە گۈل باسىمىز. رەختلەرگە ئېسىل گۈل نۇسخىلىرىدىن كەشتە ئىشلەيمىز. ئۇيغۇر مېمارچىلىقىدىمۇ گۈل نەقىشلىرى ئىشلەش بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىمىز. شۇڭا تارىختا ئۆتكەن كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن لۇتپى، ناۋائىي، خىرقىتى، زەلىلىي، نىزارىيلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ گۈل توغرىسىدا قالتىس ئېسىل مىسرالارنىڭ قالدۇرۇلغانلىقى ھەممىگە ئايان.

ئەپسۇسكى، ھازىر بىزنىڭ گۈلگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئېسىل ئادەتلىرىمىز يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. پاك مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قىزلىرىمىزغا گۈل تەقدىم قىلىدىغان ئادەتلىرىمىز ئاساسىي جەھەتتىن يوقالغان. (گەرچە قىسمەن ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ). بىزنىڭ گۈلنى شۇنداق قەدىرلىگەنلىكىمىز ئەسلىدىنلا ئانا تەبىئەتنى ۋە تەبىئىي گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ئاق كۆڭۈل، ساپدىل، سەممىي، تىنچلىقپەرۋەر خەلق ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. نىيىتىمىزنىڭ ساپلىقى،

كۆڭلىمىزنىڭ ئاقلىقىدىن يۇرتىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەر قانداق مېھماننى دەستە-دەستە گۈل تەقدىم قىلىپ كۈتۈۋالىمىز ھەمدە چىن سەممىيلىك بىلەن سورۇنىنىڭ تۆرىگە تەكلىپ قىلىپ ئۆزىمىز پەگاھتا ئولتۇرىمىز ئەمەسمۇ؟ بار نەرسىمىزنىڭ ھەممىسىنى ھەم ئىچ سىرىمىزنى قوشۇپ ئايىماي مېھماننىڭ ئالدىغا تۆكۈپ، ئۆزىمىز ئاچ-زېرىن يۈرۈۋىشكە رازى ئەمەسمۇ ؟... قىسقىسى، گۈل مەنىۋى كامالەتكە تەلپۈنگۈچى ئۇيغۇر روھىنىڭ ئەڭ يارقىن سىمۋولى.

مەن موسكۋادا ياشاش جەريانىدا قانچىلىك گۈل تەقدىم قىلغانلىقىم ۋە باشقىلارنىڭ ماڭا قانچىلىك گۈل تەقدىم قىلغانلىقى ئېسىمدە يوق. بىر مەنزىرە تاھارىزغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

1991-يىلى قارلىق كەچ. مەن مېھماندارچىلىقتىن يېنىپ ياتىقىمغا قايتىپ كېتىۋېتىپ، ئۇ نەچچە قەدەم نېرىدا ئىت يېتىلەپ كېتىۋاتقان زىلۋا بويلۇق بىر قىزغا كۆزۈم چۈشتى. قىز يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشىدىن تاماكا سورىۋېدى، ئۇ كىشى تاماكا يوقلۇقىنى ئېيتتى. يەنە بىرسىدىن سورىغانىدى، ئۇ كىشى تاماكا چىقىرىپ قىزغا بەردى ھەم قىزنىڭ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەرگەچ قىزغا پوخورلۇق قىلدى. قىز ئەمدىلا بىر شورىغان تاماكىنى ئېغىزىدىن شۇ زامان يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە تاشلىدى-دە، كېتىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن قىز يەنە تاماكا چېكىپ كېتىۋاتقان بىر ئېگىز بويلۇق يىگىتتىن تاماكا سورىدى، يىگىت تاماكىدىن بىر تال بېرىپ ئوت تۇتاشتۇرغاچ قىزغا بىرگە سەيلە قىلىش تەكلىپىنى قويدى. قىز بىر نېمىلەرنى دەپ قارشىلىق بىلدۈرگەندەك قىلدى. يىگىت ئۇنىڭغا يەنە گەپ ئاچتى، ئاخىرى قىز تاماكىنى تاشلاپ، ئويناقلاپ-تېپىچەكلەپ كېتىۋاتقان كۈچۈكنى سىلكىپ تارتقىنىچە كېتىپ قالدى. دېمەك بۇ قىزنىڭ بەك خۇمارى تۇتقان بولسىمۇ، تاماكا ئالاي دېسە يېنىدا پۇلى يوق، چەكمەي دېسە ئامالسىز قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاخىرى مەن قىزغا يېتىشىۋالدىم-دە، ئۇنى توختاتتىم. قىز ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن خاپا

چىراي ھالەتتە قارىدى.

— كەچۈرۈڭ، - دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەكەللۇپ بىلەن، - مېنى باشقىچە ئويلاپ قالماڭ. بىر مىنۇت مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرسىڭىز، مەن سىزگە تاماكا ئەكېلىپ بېرەي.

قىز ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ قارىدى، كوچا چىرىغىنىڭ نۇرىدا ئۇنىڭ مۈرىسىگە چۈشكەن ئالتۇن چاچلىرى جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئەگمە قاشلىرى قاڭشارلىق بۇرنىغا خوپ ياراشقان، ئۇزۇن كىرپىكى يوغان، چوڭقۇر كۆزلىرىگە قوشۇلۇپ ئادەمگە بىر خىل سېھىرلىك تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى. ئەمدىلا 17 - 18 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ قىزنىڭ جىددىي ئەمما سەمىمىيلىك يىغىپ تۇرغان كۆزىگە پاكلىق ۋە ھاياتىي كۈچ يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ ماڭا ئىشەنچسىزلىك بىلەن كۆزلىرىنى يالت قىلىپ تىكتى - دە:

— مەن سىزدىن تاماكا سورىمىدىم، كەچۈرۈڭ، ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، رەھمەت، — دېدى ئۇ رەت قىلىپ.

— مېنى باياتىنقى ئادەملەرگە ئوخشاتماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

— ھە، سىز ھەممىنى كۆرۈپسىز - دە؟ بولىدى، ئەمدى خۇمارىم بېسىقتى، — دېدى قىز.

بىز ئاشۇنداق پاراڭلاشقاچ مېترونىڭ يېنىغا كېلىپ قالدۇق. مەن دەررۇ بېرىپ بوتكىدىن ئىككى قاپ تاماكا، بىر دانە چاقماق ئالدىم - دە، ئۇنى قىزغا بەردىم ھەم تاماكىغا ئۆز قولۇم بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەردىم، قىز تاماكىنى سورىغاچ ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇ مەندىن ھېلىقى ئادەملەرگە ئوخشاش تاماكىنى بېرىپلا ئاللىقانداق بىرەر شەرت قويىدۇ دەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ ئۇ، تاماكىنى ئارقا - ئارقىدىن شوراپ، سورىدى

— سىز تاماكا چېكەمسىز؟

مەن تاماكا چەكمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئۇ، خىجىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ تاماكا چېكىشىنى ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى، ئىمكان بار تاماكىنى تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا بىردەم كۈتۈپ تۇرۇشىنى ئېيتىپ، چىرايلىق ئېچىلغان ئەترگۈلدىن ئۈچنى سېتىۋېلىپ، قىزنىڭ يېنىغا باردىم. قىز كەتمەي مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا مەن قىز مېنى ساقلىماي كېتىپ قالارمۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەكسىچە ئۇ مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، مەن گۈلنى قىزغا بەردىم. قىز تېخىمۇ ھەيرانلىق بىلەن گۈلنى ئالدى-دە، ماڭا قاراپ سۆزسىز تۇرۇپلا قالدى. سۆھبەت ئارىلىقىدا قىز مەندىن:

— سىز ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەنمۇ؟ - دەپ سورىدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمنى ئېيتسام، قىز ھەيرانلىق بىلەن:

—مەن سىزنى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۆزبېك ياكى قازاق دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. راستىنى دېسەم، سىز جۇڭگولۇققا ئوخشىمايدىكەنسىز، — دېدى.

مەن قىزغا ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى، جۇڭگودا كۆپ مىللەت بارلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگودىكى چوڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن قوشنا ۋە نۇرغۇن جەھەتتە ئورتاقلىقى ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى سۆزلەپ بەردىم.

— بۈگۈن ئىنتايىن خۇشالمەن، - دېدى قىز ھاياجان بىلەن، - بوۋام دەل ئۇيغۇرشۇناس ئىدى. ئۇ، ۋاپات بولۇپ كەتكەن. مەن ئۇنىڭ يازغان كىتابلىرىنى ئوقۇغان. ئىشقىلىپ، بوۋامنىڭ شەرقشۇناسلىق ساھەسىدە خېلى داڭلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. بىز ھازىرچە ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ساقلاۋاتىمىز. قارىسىڭىز ھەممىسى شەرقشۇناسلىققا ئائىت كىتابلار. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ شەرقتىكى نۇرغۇن جايلارغا بارغانلىقىنى ئېيتقان ھەتتا ئۇيغۇرلار

توغرىسىدا ماڭا كۆپ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۆيلىمىغان يەردىن بۇۋام سۆزلەپ بەرگەن مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۇچرىتىپ قاپتىمەن. بەك ياخشى بولدى. خالىسىڭىز بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ، مەن سىزنى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە تونۇشتۇراي. بۇۋامنىڭ كىتابلىرىنى كۆرۈپ بېقىڭ. قىزىقسىڭىز ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇڭ، ــ دېدى.

ـ مەنمۇ بەكلا خۇشال بولدۇم، ئۇيغۇرشۇناسنىڭ نەۋرىسى بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالىدىغانلىقىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن، ـ دېدىم مەن.

مەن قىزغا خۇشاللىق ۋە ئامەت تىلەپ خوشلىشىپ، مېترو تەرەپكە ماڭدىم. مېترو ئىشىكىدىن كىرىشتىن ئىلگىرى ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، ئۇ قىز گۈلنى تۇتقىنىچە ماڭا قېتىپ قالغاندەك قاراپ تۇراتتى. شۇ چاغدىلا مەن ئۇ قىزغا دادىللىق بىلەن ئېغىز ئېچىپ، ھەتتا گۈل تەقدىم قىلىپ ياخشى قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ يارىشىملىق، لاتاپەتلىك فىگۇرىسى كۆزۈمگە تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈندى. ئۇنىڭ ماڭا مېتروغا كىرىپ كەتكۈچە قاراپ تۇرغىنىدىن شۇنىڭغا ئىشەندىمكى، ئۇ ئۆيىگە بارغاندا ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭدىن بۇ گۈلنى كىم تەقدىم قىلدى دەپ سورىسا، بۇنى بىر ئۇيغۇر تەقدىم قىلدى دەر. ئائىلىسىدىكىلەر بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ناھايىتى خۇشال بولار. ئۇ قىز ھەتتا ساۋاقداشلىرىغا، دوستلىرىغا ئۇلار ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئۇيغۇر مىللىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەر.

تەقدىرنىڭ ئەڭ قىزىق يېرى شۇكى، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، مەن موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگوشۇناسلىق سىنىپىغا دەرس بەرگىنىمدە، ناتاشا ئىسىملىك بۇ قىزمۇ موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەنىدى. ئۇ قىز سىنىپتا ئەلاچى بولۇپ ئوقۇپ كەتتى. شۇ سائەتلىك دەرستە مەن ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. ئۆرۈمچى ۋە قەشقەرنىڭ سۈرەتلىك ئالبوملىرىنى كۆرسەتتىم. شۇنداقلا رۇس ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار

توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردىم. ئىلگىرى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغان بۇ ياش ئوقۇغۇچىلار مانا ئەمدى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدى. كېيىن ئۇ قىز ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرشۇناس بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ناتاشا بىكار ۋاقىتلىرىدا رۇس ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى كىتابلىرىنى خېلى كۆپ ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىمى سىنىپ بويىچە خېلى مول ئىدى. ناتاشا ۋە سىنىپتىكى بىر قانچە بالا ئۇيغۇرشۇناس بولۇشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، تارىخي، مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، بۇ ساھەدە بۇرۇنقىلارنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

دېمەكچىمەنكى، ئاشۇ قارلىق كېچىدىكى ئاددىيغىنە بىر دەستە گۈل نېمىدېگەن خاسىيەتلىك-ھە! ئاشۇ ئاددىيغىنە گۈل ناتاشانىڭ قەلبىدە قانچىلىك ئورۇن تۇتقان بولسا، ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئاشۇ گۈل ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغانىدى.

رۇسلارنىڭ (باشقا خەلقلەردىمۇ بار ئەلۋەتتە) كىتابقا بولغان مۇھەببىتى نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى رۇس زېمىنىغا تۇنجى بولۇپ ئاياغ باسقان كىشى چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايدۇ. رۇسلار كىتابنى مەنىۋى بايلىق شۇنداقلا ماددىي ئوزۇقلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشەنگەچكە، كىتابقا «2-بولكا» دەپ نام بەرگەن.

دېمەكچىمەنكى، رۇس ھاياتىدا بولكا (نان) بىلەن كىتاب تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. مەيلى ئىشچى، دېھقان ياكى ئالىم بولسۇن، كىتابقا بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇر. ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرسىڭىز مەخسۇس كىتاب جاۋىنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇلار ئادەتتە سىز بىلەن پاراڭلاشقاندا چوقۇم ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەر ياكى مەلۇم بىر يازغۇچى توغرىسىدا قىزغىن سۆھبەتلىشىدۇ.

رۇسلاردا بىر-بىرىگە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىتابنى تەقدىم قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. ھەتتا قىز-يىگىتلەرمۇ دوستلۇق ۋە مۇھەببەت خاتىرىسى ئۈچۈن ياخشى يېزىلغان كىتابلارنى تەقدىم قىلىشىدۇ.

يېقىنقى ۋاقىتلاردا بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن مەخسۇس كىتابپۇرۇشلار، كىتاب ۋە نەشرىيات سودىگەرلىرى كۆپەيدى. كۆپلىگەن نەشرىياتلار ۋە فوتوگرافىيە ئورۇنلىرى شەخسلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى ياكى ھۆددىگە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيە نەشرىياتچىلىقىدا يېڭى بۇرۇلۇش دەۋرى باشلىنىپ، نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ سۈپىتى، تۈرى تېخىمۇ ئاشتى، مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىدى. بۇرۇنقى ئىدېئولوگىيە كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان نەشرىيات سودىگەرلىرى ۋە نەشرىياتچىلار بازار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ھەر خىل تېمىدىكى كىتابلارنى تارقىتىش بىلەن بىرگە، بازارغا جىددىي ئېھتىياجلىق كىتابلارنى كۆپلەپ باستى. شۇڭا ھازىر موسكۋانىڭ ھەر قانداق كوچىسىدا، ھەر قانداق مېترو ئىستانسىسى زاللىرىدا كۆپلىگەن كىتاب يايمىچىلىرىنى كۆرىسىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاخبارات ساھەسىنىڭ ئەركىنلەشتۈرۈلۈشى بىلەن يېڭى-يېڭى گېزىتلەر نەشر قىلىندى. بەزىلىرىنىڭ ناملىرى ئۆزگەرتىلىپ مەزمۇن، سۈپەت جەھەتتىن تامامەن يېڭىچە تۈس ئالدى. ئاشۇ كۈندىلىك چىقىۋاتقان گېزىتلەرنى تولۇق ئوقۇپ چىقىش مۇمكىن بولسا ئادەمنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، رۇسىيە ۋەزىيىتى، دۇنيا ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى خېلى يېتەرلىك ھالدا ئۆسكەن بولاتتى. ھازىر بۇ يەردىكى ئادەملەر غەرب دۆلەتلىرىگە ئوخشاشلا گېزىت ئۇچۇرلىرى بويىچە ئىش ئىزدەيدىغان، ئۆزلىرىگە جورا تاپىدىغان سەۋىيىگە يەتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن بىر قانچە يىلنىڭ ئىچىدىلا بارلىققا كەلدى.

رۇسىيىلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۈستۈن بولۇشى مەدەنىيەت سەمەرىسى بولغان كىتابنى قەدىرلەش ۋە سۆيۈش بىلەن بىرگە ئۆز تۇرمۇشى، ھاياتى، مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاستە تەسىر

كۆرسىتىدىغان ھەر خىل سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىدىن بولغان. سىز بۇ يەردە مەيلى بوۋاي-موماي ۋە ياكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولسۇن، ھەر قانداق كىشىدىن رۇسىيە ۋەزىيىتى، بولۇپمۇ ھاكىمىيەت تالىشىۋاتقان كىشىلەر توغرىسىدا سوئال سورىسىڭىز، شۇ زامان سىزگە ئۆز كۆز قارىشىنى ئوچۇق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. ناتىقلىق، سۆزمەنلىك، نۇتۇققا ئەھمىيەت بېرىش رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەر قانداق كىشى ئۆز سەۋىيىسى بويىچە چىرايلىق، راۋان جۈملىلەر بىلەن ئۆز كۆز قارىشىنى ئەركىن بايان قىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى بىزگە سېلىشتۇرساق، ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدە ناتىقلىق ئالاھىدىلىكى ناھايىتى كەمچىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىز، خىزمەتچىلىرىمىز، باشلىقلىرىمىز ئاساسىي جەھەتتىن قەغەزگە قارىماي تۇرۇپ مىكروفون ئالدىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئەركىن، دۇدۇقلىماي بايان قىلالمايدۇ. ئادەتتىكى سۆھبەتتىمۇ بۇ ئەھۋال دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆزلەش ئۇسۇلىمىز، سۆزلەرنى ئىشلىتىشىمىز ۋە تەلەپپۇزىمىز، سۆزلىگەن چاغدىكى روھىي كەيپىياتىمىز كۆپىنچە ھاللاردا يېقىمسىز، قوپال تۇس ئالغان، بىز سىلىق، مۇلايىم، ئىلمىي، ئەدەپلىك سۆزلەشنى بىر خىل ئاجىزلىق، ئۇ «ئەرلەرگە خاس ئەمەس» دەپ قارايمىز. ھەتتا ئاخبارات خادىملىرىمىز يەنى مۇخبىرلىرىمىز، رادىئو-تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى رىياسەتچىلىرىمىز، دىكتورلىرىمىزدىمۇ بۇ خىل قوپاللىق ياكى پىكرىي مەجرۇھلۇق (مۇھەررىردىن) كەيپىياتلىرى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ.

يەنە بىر نەرسىنى ئېيتىش كېرەككى، ھەر بىر مىللەت ئۆزىگە خاس مىللىي پسىخىكا ۋە تىلغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ، شۇڭا بىز دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ھەر خىل ئېسىل ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز، مەدەنىيەت ساپاسى ئۈستۈنرەك بولغان مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

ئەگەر سىز تاشكەنت كوچىلىرىدا يۈرسىڭىز، ئۆزبېكلەرنىڭ شۇنچە يۇمشاق-سىيلىق، ئىلمىي يوسۇندا بىر-بىرى بىلەن سۆزلەشكىنىنى، تىنچلىق سوراشقانلىقلىرىنى كۆرىسىز. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرسىڭىز دىكتورلار شۇنچە لاتاپەتلىك سۆزلەيدۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىگە پۇختا بولۇپلا قالماي، بىلىملىرىنىڭ ئاجايىپ مول ۋە ئەتراپلىق ئىكەنلىكى، كۆپلەپ كىتاب ئوقۇغانلىقى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇرىدۇ.

يامان يېرى شۇكى، بىزدە كىتابقا يامان كۆز بىلەن قاراش، ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئەقلىي ئەمگەكنى قەدىرلىمەسلىك خاھىشى ئېغىر، بۇ بىزنىڭ ئەڭ نومۇس قىلارلىق ئاجىزلىقىمىز. بىزدە 80% ئادەمنىڭ كىتاب ئوقۇمايدىغانلىقى ئېنىق. ئىلمىي خادىملار، كىتابخۇمار كىشىلىرىمىزنى كىتاب مەستانىسى ياكى كىتاب خالتىسى دەپ مازاق قىلىدىغان، كىتاب سېتىۋالغۇچىلارنى كۆرسە، مەسخىرىلىك قاراپ قويىدىغان ئىش پەقەت بىزدىلا مەۋجۇت بولسا كېرەك. كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان، بىلىم ئىشقىدا يۈرگەن ئادەملەرنى پەس كۆرىدىغان ئىللەت بىزدىلا بار، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەردىمۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كىم بەك تىرىشسا، كىم كېچە-كۈندۈز كىتاب كۆرسە ئۇنى ئارىغا ئالمايدىغان، ئۇنىڭغا ھەر خىل لەقەملەرنى قويىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئەھۋال ئەۋج ئالغان. ئۇنداق باللار ھەر جەھەتتىن چەتكە قېقىلىدۇ، ھاقارەتلىنىدۇ، مازاق قىلىنىدۇ، ئۆي-ئوچاقلىق كىشلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەھۋالدا يەنە زور پەرق يوق؛ بەزى ئائىلىلار ئېرى ھاراق ئىچسە، قىممەت باھالىق تاماكىلارنى چەكسە شۇنىڭغا چىدايدۇكى، بىرەر كىتاب سېتىۋالسا چىدىمايدۇ، تاپا-تەنە قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇ كىشى ئائىلىدىن يوشۇرۇن كىتاب سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ... بۇ نېمىدېگەن زور پاجىئە-ھە؟ بۇنداق پاجىئە پەقەت بىزدىلا مەۋجۇت. ئەگەر سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرساق، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى يۈكلەنگەن ئاشۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزمۇ يامان ئىللەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانماقتا...

خەلقىمىز ساۋاتسىزلىق، نادانلىق، كەمبەغەللىك، كېسەللىك دەردىدىن بارچە ئۈمىدىنى ئاشۇ جەسۇر، قانلىرى قايناپ، جىسمانىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا-ئاشۇ ئوت يۈرەك ياش ئەۋلادلارغا يۆكلىگەن تۇرسا، ئۇلار تېخىچە ئۆزلىرىنىڭ خەلق، مىللەت، شۇنداقلا كېلەچەك ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىنى ئۇنتۇپ، يەنىلا بىر-بىرىنى ھاقارەتلەپ يۇرۇشمەكتە ۋە تەستە قولغا كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتماي، چۈشكۈن-نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئالدىغا ئەمەس ئارقىغا قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ساۋاتسىز ئادەملەردەك قوپال، گېپىنىڭ تۇتامى، باش-ئاخىرى يوق، ئەركىن پىكىر بايان قىلىشنى، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنەلمەيدۇ. رۇس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل دۇنيا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالى بولسا ئۇنداق ئەمەس.

موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس ئۆتۈش، 1991-يىلىنىڭ بېشىدا موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسىيا-ئافرىقا ئىنستىتۇتىدا يۇقىرى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم لېكسىيە ئاڭلاش، شۇنداقلا ئالما-ئاتا ۋە تاشكەنت، سانكت-پېتربورگ قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا كۆپ نەرسىلەرنى ھېس قىلدىم.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى پسىخىكا ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. نەتىجىدە مەن ئىككى دۆلەتنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى ئۆزگىچە مېتودىكىلىق پەرقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، رۇس ئوقۇغۇچىلىرىدا ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىق يۇقىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭرى، بىلىمىنىڭ چوڭقۇر، مۇستەقىل-ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش روھىغا باي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى بۈگۈنكى رۇسىيىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەددىدىن زىيادە ئېغىر

بىسىم تۆپەيلىدىن زور قىيىنچىلىققا يولۇققان بولسىمۇ، لېكىن زور كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار يەنىلا چىداشلىق بىلەن ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار رۇسىيە جەمئىيىتىنىڭ چۆشكۈنلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان پاجىئەلىك تەقدىرىگە ئېچىنىپ، رۇس مىللىتىنى كرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش ئىشەنچلىرىنى ئۇرغۇتۇپ، يەنىلا تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ. ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ پۈتكۈل ۋۇجۇدى، ئەقىل-پاراسىتىنى ئورتاق مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن قۇربان قىلىۋاتىدۇ. كېيىسىپ ئېيتىمەنكى، رۇس ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىيىنچىلىققا چىداش روھى بىزنىڭ ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭكىدىن كۈچلۈك، رۇس ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش-ئۆگىنىش، قىسقىسى، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بىر ئادەم بولۇپ تەربىيىلىنىش ھەر بىر ياشنىڭ مەجبۇرىيىتى، دەپ قارايدۇ. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن رۇسىيىدە كەمبەغەللەر بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىنتايىن چوڭ بولدى. ھەممە ئادەم ياشاش ئۈچۈن پۇل تېپىشقا، چوڭ-كىچىك سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشتى. زىيالىيلارنىڭ مائاشى بىراقلا چۈشۈپ، جان بېقىش ناھايىتى تەسكە توختايدىغان بولۇپ قالدى. ھەممە جايدا زىيالىيلار، مائارىپچىلار تەبىقىسى ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، تەسەۋۋۇرلىگۈسىز ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى. ئىلىم ئەھلىنىڭ ئىناۋىتى ۋاقىتلىق يەرگە ئۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى تۈپەيلىدىن، پۇل تاپقان ھەر قانداق باي، مەنسەپدار، ھەتتا قاراقچىنىڭمۇ بىلىمى بار ئادەم ئۇچرىسا، ئۇلارغا تەكەللۇپ قىلىۋاتقان، ئەھۋال سوراۋاتقان، ھۆرمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھەممىلا يەردە ئۇچرىتىش مۇمكىن. نۇرغۇنلىغان سورۇنلاردا يەنىلا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا، ئەسكەرلەرگە ئېتىبار بېرىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش پۈتكۈل جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئادەت، چۈنكى باي-مىليونېر بولسۇن ياكى قاراقوللار گۇرۇھىنىڭ ئادەملىرى ۋە ياكى ئىشچى-دېھقانلار

بولسۇن، ھەممىسىنىڭ نەزىرىدە بىرلا نەرسە، يەنە «ۋەتەن»، «رۇسىيە» دېگەن مۇقەددەس ئۇقۇم مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ھەممىلا جايدا، ھەتتا ئاپتوبۇس، مېتروۋلاردىمۇ رۇسىيىنىڭ بۈگۈنكى سىياسىتى، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىپ، بىر-بىرى بىلەن جېدەللىشىپ، مۇشتلىشىپ كەتكەن كىشىلەرنى دائىم ئۇچرىتىش مۇمكىن. رۇس ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، جۈملىدىن رۇس زىيالىيلىرى ئۆز ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئەڭ باش قاتۇرىدىغان زور كۈچ. ئۇلار ئېگىلمەس-سۇنماس روھ ۋەتەن-مىللەت مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان روھقا ئىگە. رۇس زىيالىيلىرىدا بىزدىكىدەك ئىتتىپاقسىزلىق، شەخسىيەتچىلىك، ئۆز مەنپەئىتىنى ۋەتەن-مىللەت مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن قويىدىغان ساختىپەزلىك ياكى ئىرادىسىزلىك، بوشاڭلىق، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئىللەتلىرى مەۋجۇت ئەمەس. نادان خەلقنى ئالدايدىغان، رۇس خاراكتېرىگە ئاسىيلىق قىلىدىغان، پىشقەدەملىرى بىلەن ياشلىرى بىر-بىرىگە ئورا كولايدىغان، بىر-بىرىنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىپ تۆھپىلىرىنى ئىنكار قىلىشىدىغان، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن مەشھۇر خەلق رەھبەرلىرى، ئالىم، شائىر-يازغۇچىلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئورنى، ئەمگىكىگە توغرا، ئىلمىي باھا بەرمەستىن، ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ئەخلاقسىز قىلمىشلار، قوپاللىراق ئېيتقاندا، قارا قۇرساقلا مەۋجۇت ئەمەس. ھازىر بىزدە پۇلى بارلار بىلەن ئىلمى بارلارنىڭ، ھوقۇقى بارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق ئىنتايىن زور. بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەتلا «نادانلىق» تىن ئىبارەت بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

بۈگۈن بىزنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇشىغا قارىماي-بىر-بىرىنى يارىتىشمايدىغان بىر تۈركۈم «بىچارە» زىيالىيلىرىمىز (ئەلۋەتتە، بىر تۈركۈم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى) ئۆتكەنلەرنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش، ئۆزلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ

كېڭەيتتىش، دۇنيادىكى ئىلغار زىيالىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، مىللەتنىڭ يۈز-ئابرۇيى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزلىرىنى شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن قۇربان قىلماقتا.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئۆزلىرىنى چوقۇم باشقىلارغا سىڭلىشتۇرۇشى كېرەك. جەنۇبىي كورىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىلىم ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان قاتتىق سۆڭەك روھى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش روھى، رۇس ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇنيا ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش روھى بىزگە ئۆرنەك بولۇشى كېرەك. پېشقەدەم زىيالىيلىرىمىز بولسۇن ياكى ئوتتۇرا ياش، ياش زىيالىيلىرىمىز بولسۇن چوقۇم كاللىسىنى سەگىتىپ، باشقىلار قانداق، مەن قانداق؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆرۈشى لازىم.

ئەگەر بىز ئىلگىرى ھېچقانداق مەدەنىيەت ياراتمىغان ياۋايى بىر مىللەت ئەۋلادلىرى بولساق ئىدۇق. چۈشكۈنلىشىپ كەتسەكمۇ ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، تارىختا جاھان مەدەنىيىتىنىڭ تاكامۇللىشىشىغا شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان مىللەتنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىمىزگە ۋە كەلگۈسىمىزگە جاۋاب بېرەلمىسەك، دۇنيادا بىز ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ چوڭ جىنايەت يوق!

لېكىن مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مىللىتىمىز ئاشۇ قىزىل ئەتىرگۈلدەك گۈزەل، ھەم ئاشۇ گۈل تۈيغۇلىرىدەك سەممىي، پاك ۋە غۇبارسىزلىقى بىلەن چوقۇم نادانلىق، قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، جاھان مەدەنىيەت گۈلزارلىقىدا تېخىمۇ پورەكلەپ ئېچىلىدۇ. گۈل مىللىتىمىزنىڭ سىمۋولى بولسا، مەرىپەت-مەدەنىيەت مىللىتىمىزنىڭ ھاياتلىق-مەۋجۇتلۇق نىشانىدۇر.

## موسكۋا ئاخشىمىدىكى تۋېرسكىي كوچىسى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 50 ـ يىللاردا پۈتكۈل دۇنياغا داڭقى كەتكەن «موسكۋا ئاخشىمى» ناملىق ناخشىسىنى بىزنىڭ چوڭلىرىمىز ئەينى چاغلاردا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئېيتقان، شۇ ناخشىنىڭ مېلودىيە دولقۇنىغا جور بولۇپ، رومانتىك خىياللارغا چۆمۈشكەنىدى. مانا بۈگۈن مەنمۇ گۈزەل كەچقۇرۇنلۇقى موسكۋانىڭ مەركىزىدىكى ئەڭ چوڭ، ھەشەمەتلىك، رومانتىك تۋېرسكي كوچىسىدا كېتىپ بارماقتىمەن. موسكۋالىقلار بۇ كوچىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بۇ كوچىنىڭ داڭقى موسكۋانىڭ تارىخي مۇساپىلىرى بىلەن بىرگە پۈتكۈل دۇنياغا تارالغان بولۇپ، موسكۋانىڭ ھايات رىتىمى ۋە ئوبرازىنى مۇشۇ كوچىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

ياش قىز ـ يىگىتلەر جۈپ ـ جۈپ بولۇشۇپ، ياز كۈنلىرىنىڭ سالقىن شاماللىق ئاخشاملىرى، ھەتتا قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ قار ـ شىۋىرغانلىق سوغۇق ئاخشاملىرىدىمۇ بۇ كوچىدا سەيلە قىلىشىدۇ. بۇ كوچىدا ھەر خىل ئىرقتىكى چەت ئەللىكلەرمۇ توپ ـ توپ يۈرۈشىدۇ، تۋېرسكي كوچىسى موسكۋادىكى قەدىمىي كوچىلارنىڭ بىرى. بۇ كوچا بۇرۇن ـ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى تۋېرسكي كوچىسى، دەپ ئاتالغان، كېيىن ماكسىم گوركىي نامىغا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن يەر ناملىرى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، بۇ كوچا يەنە شۇ ئەسلىدىكى تۋېرسكي نامى بىلەن ئاتالدى. موسكۋاغا كەلگەن ھەر بىر كىشى بۇ كوچىدا چوقۇم بىرەر قېتىم ماڭماي قالمايدۇ، بۇ كوچىدا قانچىلىغان دۆلەت ئەربابلىرى، داھىيلار، سىياسىيونلار، خەلق قەھرىمانلىرى، بۈيۈك يازغۇچى-شائىرلار، سەنئەتكارلار ۋە ئالىملارنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى قالغان. شۇنداقلا، ئۆز مەۋقەسى ئۈچۈن كۈرەشكەن سانسىزلىغان ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى ئاققان، ئادەملەرنىڭ مەغرۇرانە ۋارقىراشلىرى، نالە ـ پەريادلىرى، «ھۇررا» سادالىرى ھەم شۇنداقلا ئاكاردىيئون، بايانلارنىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق سادالىرىمۇ قالغان.

مەن بۇ كوچىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ئۇ خاسىيەتلىك كوچا، مانا بۈگۈن مەن بۇ كوچا ئارقىلىق ماياكوۋىسكىي مەيدانىغا قاراپ ئەركىن قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن. شۇ تاپتا خىيال قۇشلىرىم قاناتلانغانىدى. بۇ كوچىدا ئەينى يىللاردا بىزنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۇلۇغ ئوغلانلىرىمىزمۇ ماڭغانىدى. بەلكى، ئاشۇ ئوغلانلىرىمىز بۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئاجايىپ ئېسىل رومانتىك خىياللارغا، غايىۋى ھېسلارغا چۆمۈشكەن بولغىيتتى. بەلكى بۇ كوچىدا قىزىل بايراقلارنىڭ لەپىلدىگىنىنى كۆرۈپ، «ھۇررا» سادالىرىنى، پۈتكۈل ئېزىلگەن مەھكۇم خەلقلەرگە بېرىلگەن «ئازادلىق» ۋەدىلىرىنى ئاڭلاپ قانلىرى ئۇرغۇغان، قەلبى ئۆز خەلقىنىڭ شانلىق كېلەچىكىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن تولغان، شۇنداقلا قەلبىدە ئۆز خەلقى ئۈچۈن جان بېرىش ئىستەكلىرى يېلىنجىغان بولغىيتتى. مەن ئاشۇ ئوغلانلار ئارزۇ قىلغان ئەمما كۆرەلمەي كەتكەن بۈگۈنكى كۈنلەرنى ئويلاپ، ئېغىر خورسىنىش ئىچىدە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان ھالدا كېتىپ بارماقتىمەن. تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا ئۇيغۇرچە گەپلەر ئاڭلانغاندەك بولدى. ھەيرانلىق بىلەن ئەتراپىمغا قارىسام، ئون نەچچە قەدەم ئالدىمدا قارا چاچلىق ئىككى ئادەم ئۈنلۈك پاراڭلاشقاچ كېتىۋېتىپتۇ. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان بۇ ئىككى ئۇيغۇر كىشىگە تېز-تېز قەدەم تاشلاپ يېتىشىۋالدىم. ئۇلار شۇنچىلىك ئۈنلۈك ۋارقىرىشىپ سۆزلىشەتتىكى، ئاۋازلىرى ھەتتا ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرىنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى. مەن ياشىراقىنىڭ مۈرىسىنى تۇتتۇم، ئۇ ئىتتىك بۇرۇلۇپ، ئەجەبلەنگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن ماڭا قارىدى. مەن: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم» دېدىم، ئۇلارمۇ تەئەججۈپ ئىچىدە ئالدىرىشىپ: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېيىشتى. بىز خۇشاللىق بىلەن قول ئېلىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئەسلىدە ئۇلار خوتەندىن چىققان سودىگەرلەر بولۇپ، تىجارەت بىلەن تۈركىيىگە مېڭىش سەپىرىدە موسكۋاغا چۈشۈپ ئۆتۈۋاتقان ئىكەن. بىز قىزغىن پاراڭلاشتۇق، ئۇلار ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كېتىشتى. بىز بۇ كوچىدا بىرەر سائەتچە ئايلانغاندىن كېيىن

مەن ئۇلارنى «ئۆزبېكىستان» رېستورانىغا باشلاپ كىردىم، تاماق يېگەچ پارىڭىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇاڭجۇ ـ شاڭخەيلەردە كۆپ يىل تۇرۇپ تىجارەت قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن خېلىلا تۈزۈك بايۋەچچىلەر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ گەپلىرى ئەتراپىنى بىر ئالدى، ئۇلار شۇ يۇقىرى ئاۋازلىرى بىلەن ئەتراپىمىزدىكى باشقا شىرەلەردە ئولتۇرۇپ تاماقلىنىۋاتقان كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە قاراشقا مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇلار بىزارلىق ۋە مەسخىرە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بىزگە قارايتتى، ئەمما ھەمراھلىرىم بۇنىڭدىن قىلچە خەۋەرسىز ھالدا تاماقنى شالاپشىتىپ يېگەچ پارىڭىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. مەن خىجىللىق ئىلكىدە تاقەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسامۇ، يات مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەسخىرىلىك قاراشلىرىدىن خورلۇق ھېس قىلىپ، ئۇلارنى سەممىي ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش نىيىتىدە ئاخىر ئېغىز ئاچتىم. مەن ئۇلارغا ئادەملەرنىڭ بىزگە قاراۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇلاردىن چوڭقى تىترەپ كەتتى ۋە كۆزلىرىنى ئالايتىپ:

ــ ئۇنداق سېسىق ئورۇسلار بىلەن نېمە كارىمىز؟ تاماق يېسەك ئۆزىمىزنىڭ پۇلىغا يېدۇق، بۇنداق نېمىلەردىن پەرۋايىمىز پەلەك، ــ دېدى. ئاندىن مېنى تەنقىد قىلىپ شۇنداق دېدى، ــ ئۇكام، سىز مۇشۇ سېسىق ئورۇسلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىمەن، دەپ ئاۋارە بولماڭ، مەدەنىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىز ئۇلارغا ئۆگىتىپ قويىمىز. بۇ ئورۇسلار بىزنى نېمە كۈنلەرگە قويمىدى، دەيسىز؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلاردىن يەنە نېمىشقا تەپتارتاتتۇق!

مەن ئۇلار بىلەن ئارتۇقچە گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئۈندىمىدىم. ئۇلارمۇ جىم بولۇشتى ۋە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن تاماق يېيىشنى داۋاملاشتۇردى. ئەمدى بايىقى ھەممىنى ئۆزىگە قاراتقان ئاۋازلار يوقالغانىدى. ئارىمىزدا خېلى ۋاقىت جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۇلارنىڭ تاماق يېيىشى تولىمۇ ئەدەپلىك تۇسكە

كىردى، ئاخىرى جىمجىتلىقنى ياش بايۋەچچە بۇزدى:

— توغرا گەپ قىلدىڭىز، - دېدى ئۇ خىجىللىق بىلەن، — ئوقۇغان ئادەملەر زادى بىزدىن پەرقلىنىدۇ. بىز كۆپ ئىشلارغا دىققەت قىلمايدىكەنمىز، بىز ئوقۇيالماي قالغانلار تەتۈرەك كېلىمىز، خاپا بولماڭ، بىزدىمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايدىغان ئاجايىپ قائىدە- يوسۇنلار بار، ئاتا- ئانىمىز كىچىك ۋاقتلىرىمىزدا بىزگە تاماقنى ئاۋاز چىقارماي ئەدەپ بىلەن چىرايلىق يېيىش، كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قاراپ چۈشكۈرمەسلىك، ئەسنىمەسلىك، يۆتەلمەسلىك، قالايمىقان ۋارقىرىماسلىق، سىلىق- سىپايە بولۇش قاتارلىق قائىدىلەرنى ئۆگەتكەنىدى. بۈگۈن بىز بۇ قائىدىلەرنى بۇزۇپ قويدۇق، ھەقىقەتەن بىزنىڭ نۇرغۇن ئېسىل قائىدە- يوسۇنلىرىمىز بۇزۇلۇپ كەتتى. ئەجدادلىرىمىز، ئاتا- بوۋىلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل ئەخلاق- پەزىلەتلىرىمىز، قائىدە- يوسۇنلىرىمىز ئۇنتۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. مەيلى مېھماندارچىلىققا بارايلى، سەپەرگە چىقايلى، قانداقلا بولسۇن، ھەر قانداق جايدا ئۆرپ- ئادەت، قائىدە- يوسۇنغا دىققەت قىلغان تۈزۈك.

مەن يەنىلا جىم ئولتۇردۇم. ئۇ كىشى ھەقىقەتەن توغرا سۆزلەۋاتاتتى. ئىچىمدە ئۇ كىشىگە ھۆرمىتىم قوزغالدى...

مەن شۇنىڭغا ھەيران بولدۇمكى، مېنىڭ بۇ ئىككى ھەمراھىم ئۆزلىرى دېگەندەك ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ ئاشۇ بىر قاتار ئەدەپ- قائىدىلىرىنى بىلىدىكەنۇ، نېمىشقا ئۇنىڭغا رىئايە قىلمايدۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرىچە ئاشۇ «سېسىق ئورۇسلار» بىلەن تەڭلەشمەكچىمۇ؟ لېكىن ئۇلارنىڭ ئەقىللىق يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئەمما ئېتىبارسىز قاراش تۈيغۇسى ھامان ئۇلارنى خاتالىققا باشلايدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇ «سېسىق ئورۇسلار» نىڭ مېھماندارچىلىقتىكى سالاپىتى، رېستوراندىكى ئولتۇرۇشى، ئۆزلىرىنى تۇتۇشى، قانداق ئورۇۇقلىنىشىغا دىققەت بىلەن بىر زەن قويغان بولسا

قانداق بولاتتىكىن؟! مېنىڭچە، ھەقىقەتەن شۇ يىگىت ئېيتقاندەك ئاشۇ «سېرىق ئورۇسلار» دىن ھېچنېمىمىز قېلىشمايدۇ. ئەسلىدە مەدەنىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىز شۇلارغا ئۆگەتكەن. بۇنىڭغا رۇسلار ئۆزلىرىمۇ ئىقرار، ھەتتا شۇنداق ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالايمەنكى، بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز، قىزلىرىمىز ئۇلاردىن گۈزەل، ئۇلاردىن قاملاشقان، يامان يېرىمىز شۇكى، بىز تويـ تۆكۈن ۋە باشقا سورۇنلارغا گويا كىنولاردا سۈرەتلەنگەن ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرىدەك كىرىپ، ئۇنىڭدىن مەستـ ئەلەس، دەلدەڭشىپ يېنىپ چىقمىز ئەمەسمۇ ؟! سورۇنلاردا بىز ھەر قانچە ئۆزىمىزنى پەردازلاپ گىدىيىشىپ ئولتۇرۇپ، شۇ تۇۋگىمەس «تاڭگو» لارغا دەسسەسەك، «ۋالس» لارغا پىرقىرىساقمۇ، بەربىر گەپـ سۆزىمىز، يۈرۈشـ تۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزنى تۇتۇشىمىزدىن بىچارىلىك، نادانلىق، ئەخمەقلىق ۋە چۈشكۈنلۈك، پۇتمەسـ تۈگىمەس غەمـ غۇسسە، ئەندىشە مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ بىر مىللەت خارابلاشقاندا ياكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلىرىنى يوقاتقاندا شۇنداق بولامدۇ يە ؟... نېمىلا دېگەن بىلەن بىز يەنىلا مېنىڭ ئاشۇ ھەمراھلىرىم ياراتمىغان «سېرىق ئورۇس» لاردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىكمىز. لېكىن رۇسلارمۇ بۆگۈنكى كۈندە خارابلاشقان، چۈشكۈنلەشكەن، شۇنداقلا نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلىرىنى يوقاتقان ۋە يوقىتىۋاتقان خەلق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ھۆرىيەتپەرۋەر، ۋەتەن سۆيەر، ئۇلار ئۆز غۇرۇرى ۋە ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى تىكىشتەك ئېسىل خىسلەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇنداق ئالىيجاناب خىسلەتكە تەن بەرمەسلىككە ئامالىمىز قانچە ؟!

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر رۇس پسىخولوگى، پەيلاسوپى ب. ئولوسكىي ئۆزىنىڭ «رۇس خەلقىنىڭ خاراكتېرى» دېگەن كىتابىدا، رۇسلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق رۇس جەمئىيىتىنى ياۋروپا جەمئىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، رۇسلارنىڭ

چۆشكۈنلەشكەن، قاششاق ھالىتىگە خاتىمە بېرىش، رۇس مىللىتىنى زاۋاللىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى تېپىش ئۈچۈن، رۇسلارنىڭ گۈللىنەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە رۇسلاردا ساقلانغان يامان ئىللەتلەرنى رەھىمسىز ھالدا ئېچىپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەددىدىن زىيادە ھاراقكەشلىك، ئۇرۇشقاقلىق، مەنمەنچىلىك، چېقىمچىلىق، شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق بىر قاتار ئىللەتلەر رۇس مىللىتىنى زاۋاللىققا ئېلىپ بارىدىغان ئېغىر مەنىۋى كېسەللىك ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ مانا مۇشۇ ئىللەتلەر ۋە باشقا كونكرېت سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن رۇس ئىمپېرىيىسى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولدى، رۇس مىللىتىنىڭ غۇرۇرى يەر بىلەن يەكسان قىلىندى.

بۈگۈن مەن بۇ خىل ئىللەتلەرنى ئۇيغۇرۇمنىڭ-ئۆز خەلقىمنىڭ جىسمىدىن كۆرۈۋاتىمەن. بىز بۇ ئىللەتلەرگە يەنە ساختىپەزلىك، ئىچى تارلىق، ھەشەمەتچىلىك، قارىغۇلارچە دورامچىلىق، نەيرەڭۋازلىق، سۇخەنچىلىك، ساتقۇنلۇق، ۋىجدانسىزلىق، شەھۋانىيلىق، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئىللەتلىرىنى قوشۇپ، ئۇلارنى ئۆزگىلەردە ساقلانغان يامان ئىللەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىتىمىزگە ھالاكەت چىللاۋاتقانلىقىمىزنى سەزمەيۋاتىمىز. قىسقىسى، بىز ئۆزىمىزنى تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆزۈل-كېسىل ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا، كېلەچەكتە ئەۋلادى يوق، نەسلى قۇرۇغان، خۇددى بۈگۈن بىز پەقەت تارىخنامىلەرنى ۋاراقلىغىنىمىزدىلا ئۇچرىتىدىغان ئاشۇ كىدانلار، سىيانپىلار، جۇرجانلار ۋە باشقا يوقىلىپ كەتكەن مىللەتلەرگە ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار قىلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز. بۇ خىل پاجىئەلىك تەقدىرنىڭ سەۋەبكارى پەقەت ئۆزىمىزلا، خالاس!

بۈگۈندىن شۇنداق سوئال تۇغۇلىدۇكى، بىزنىڭ مىللىتىمىز يامان تەرەپنى تېز ئۆگىنىدىغان، چىرىكلىكنى تېز قوبۇل قىلىدىغان، جىن-شاياتۇنلارنىڭ دېپىغا ئاسان ئۇسسۇل ئوينايدىغان مىللەتمۇ؟! ئەلۋەتتە، بۇ

ئىللەتلەر پۈتكۈل مىللەتتىكى ئىللەت ئەمەس، لېكىن قىسمەنلىك ئومۇمىيلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ، شۇڭا بۇ ئىللەتلەرگە قارىتا پۈتكۈل مىللەت باش قاتۇرۇشى كېرەك.

بىز رېستوراندىن چىقتۇق. ئۇلارنى مەن ئۆزلىرى چۈشكەن مېھمانخانىغىچە ئۇزىتىپ قويدۇم. بىز خېلىلا چىقىشىپ قالغانىدۇق. مەن ئۇلارغا ئۆزۈم ياتقان ياتاقنىڭ ئادرېسىنى يېزىپ بەردىم. ئەپسۇسكى، ئۇلار مەندىن رەنجىگەندۇ ياكى ماڭا ئۆچ بولۇپ قالغاندۇ. ئەگەر ئۇلار «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەن ئاتىلار سۆزىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغان بولسا، چوقۇم مەندىن رەنجىمەيدۇ، ماڭا ئۆچ بولمايدۇ، دەپ ئويلايمەن.

مەن تۋېرسكىي كوچىسىدا كۆپ ماڭدىم، ھەر قېتىم مۇشۇ كوچىدا ماڭغىنىمدا يېڭى-يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرىمەن، ئۈچ-تۆت يىلنىڭ ئالدىدا كىشىگە بىر خىل تىنچلىق، خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىدىغان بۇ كوچا ھازىر تامامەن ئۆزگەرگەن، ھازىر بۇ كوچىدا ئاۋات، قاينام-تاشقىنلىق مەنزىرە بىلەن رەڭگارەڭ چىراغلار، ھەر خىل رەڭلىك ئېلان تاختىلىرى بىلەن قەدەمدە بىر دېگۈدەك رېستوران، قەھۋەخانا، كېچىلىك بەزمىخانا، تىياتىرخانىلار ئۇچرايدۇ، بۇ كۇلۇبلارنىڭ تاملىرىغا ئاجايىپ-غارايىپ ئېلانلار چاپلانغان بولۇپ، بەزىلىرىدە قويۇق شەھۋانىي تۈس ئالغان سۈرەت بولسا، يەنە بەزىلىرىدە ئاياللارنىڭ قىپيالىڭاچ سۈرەتلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، سىزگە كۆزىنى قىسىپ قارايدىغان ئۇزۇن پاچاقلىق رۇس گۈزەللىرىنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيگەن بولۇپ، ئۇلار ھەر قەدەمدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىزگە سۈۋۈنىدۇ، سىزنى سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 16 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغان قىزلار بولۇپ، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز.

ئۇلارنىڭ بۇ گۈزەل جىسمىدىن قاراتەنلىكلەر، سېرىق تەنلىكلەر ۋە ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئادەملىرى خالىغانچە ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇ گۈزەللەرمۇ چەت

ئەللىكلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى چەت ئەللىكلەرنىڭ يانچۇقى توم-دە! موسكۋاغا كەلگەن چەت ئەللىكلەرنىڭ تولىسى رۇس گۈزەللىرىنىڭ ئېسىل پارىژ ئەتىرلىرى بىلەن ئېيىق پۇرىقى چىقىپ تۇرغان ئاشۇ لاتاپەتلىك، ئاپئاق جىسمىدىن ھۇزۇرلانماي كەتمەيدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ موسكۋادا كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ گۈزەللەر ئۆزلىرى بۇرۇن ياراتمىغان ئاشۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ يوشۇرۇن شەھۋانىي ھېسلىرى بىلەن بىر خىل يالغان تارتىنىش ھەم ئىشەنچسىز مەردلىكى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگىمۇ مەسخىرە ئارىلاش قارايدىغان بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن سودا-سېتىق، ئىش ئىزدەش ۋە تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن رۇسىيىگە جۇڭگولۇقلار مىڭلاپ، يۈز مىڭلاپ كىرىشكە باشلاپ، بىردىنلا موسكۋا شەھىرىنىڭ مېترولىرى، چوڭ-كىچىك كوچىلىرى، مېھمانخانىلىرى، كىنوخانىلىرىدا توپ-توپى بىلەن ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈشۈپ، ۋارقىرىشىپ-جارقىرىشىپ يۈرۈشىدىغان بولدى. ھەتتا سەككىز-ئون يەردە ئۇلارنىڭ توپ تارقىتىش بازىرى شەكىللەندى، بۇلارنىڭ بازىرى دەل ئۈرۈمچىدىكى توپ تارقىتىش بازىرىغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر توپ جۇڭگولۇق قاراقول قاراقچىلىرى پەيدا بولۇپ، ئالدى بىلەن جۇڭگولۇقلاردىن باج، ئالۋان ئېلىپ، ھەتتا پۇل بەرمىگەنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، موسكۋانى زىلزىلىگە سالدى. ئۇلار تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ پۈتكۈل رۇسىيىگە تارالدى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگىچە يېتىپ باردى. موسكۋادىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ قارا قول گۇرۇھى شۇنچىلىك زىلزىلە پەيدا قىلدىكى، ۋەھشىيلىكتە داڭق چىقارغان «چېچەن قارا قول گۇرۇھى» مۇ بىر چەتتە قالدى. شۇ ۋاقىتلاردا موسكۋادا كۈچلۈك چېچەن مافىيىسى (گۇرۇھى) جۇڭگو مافىيىسىنىڭ ئالدىدا پېئونېرلارغا ئوخشايدۇ، دېگەن گەپ كەڭرى تارقىلىپ يۈردى. ھەتتا بىر مەزگىل جۇڭگولۇقلار بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، بىر-بىرىدىن تولىمۇ

ئېھتىيات قىلىدىغان، ھەتتا رۇسلارمۇ جۇڭگولۇقلارنى كۆرسە سەسكىنىدىغان، نەپرەتلىنىدىغان ۋە ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان مەنزىرە شەكىللەندى؛ نۇرغۇن جامائەت سورۇنلىرىدا، ۋوگزاللاردا جۇڭگولۇقلار زور چەكلىمىگە ئۇچرىدى، موسكۋادىكى چەت ئەل ئەلچىخانىلىرى بىردەك جۇڭگو پاسپورتلىرىنى چۆرۈپ تاشلىدى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، جۇڭگو قارا قوللار گۇرۇھلىرى تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ «بېيجىڭ گۇرۇھى»، «شەرقىي شىمال گۇرۇھى»، «جەنۇب گۇرۇھى»، «شاڭخەي گۇرۇھى» دېگەندەك گۇرۇھلار بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، ئۆز ئارا بىر-بىرىنى بۇلاپ-تالىدى، بىر-بىرىنى ئۆلتۈردى. يەنە ئۇلار ئۆز ئارا بىرلىشىپ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ رۇسىيە پۇقرالىرىغا ھۇجۇم باشلىدى. بولۇپمۇ 1993-1995-يىللىرى بىر مەھەل موسكۋا-بېيجىڭ پويىزىنى قالايمىقان قىلدى. ئۇلار يەرلىك رۇس ساقچىلىرى ۋە رۇس قاراقچىلىرىنى سېتىۋېلىپ، موسكۋادىن يولغا چىققان پويىزغا ئاپتومات، تاپانچىلار بىلەن چىقىپ، يولۇچىلاردىن قايسى دۆلەتنىڭ ئادىمى بولۇشتىن قەتئىينەزەر مەجبۇرىي پۇل يىغىدى، ماللىرىنى بۇلىدى، يولۇچىلارنى ئۇرۇپ، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى. رۇس ئاخباراتچىلىرىنىڭ يېزىشىچە، مۇنداق ھەرىكەت رۇس-سوۋېت تارىخىدا، جۈملىدىن ھازىرقى زامان قاتناش تارىخىدا بولۇپ باقمىغان ۋەقە ئىكەن. مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر مەھەل «موسكۋا-بېيجىڭ پويىزى» قۇرۇق مېڭىشقا، يولۇچىلار ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇشقا مەجبۇر بولدى. جۇڭگولۇق قاراقوللارنىڭ بۇ خىل رەزىل قىلمىشلىرىغا رۇس جامائەتچىلىكى ئاخبارات ۋاستىسى ئارقىلىق قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. رۇسىيە گېزىتلىرىدە جۇڭگولۇق قاراقۇللارنىڭ ھەر خىل قىلمىشلىرى توغرىسىدىكى خەۋەر-ماقالىلەر كۆپلەپ بېسىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، رۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋالغا بىر مەھەل سۈكۈت قىلىپ تۇردى. كېيىن رۇسىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ قاتتىق چارە قوللىنىپ، پويىز قاراقچىلىرىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن يىغىشتۇردى. يۇقىرىقى ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن بىر مەھەل موسكۋا كوچىلىرىدا جۇڭگولۇقلار

خاتىرجەم ماكانلىنىۋالمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى تۋېرىسكىي كوچىسىدىكى مېھمانخانىلار، رېستورانلار، كېچىلىك ئىشرەتخانىلاردا جۇڭگولۇقلار ياۋروپا بايلىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئاشۇرۇپ ھۇزۇر-ھالاۋەت سۈرەتتى. رېستوران، كېچىلىك ئىشرەتخانىلاردا، ياۋروپانىڭ ئىلغار پاسونىدىكى ھەشەمەتلىك ئىشرەتخانىلاردا جۇڭگولۇقلارنىڭ «گاۋشىڭ» ئويناپ ۋارقىراشقان ئاۋازى ياڭرايتتى. ئۇلار تۇتام-تۇتام پۇللارنى تەڭلەپ ئارتىسلارغا ناخشا زاكاز قىلاتتى. شەھۋانىي ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان ئىشقۋاز قىزلارنىڭ لىپتىكلىرى ئارىسىغا پۇللارنى مەردلەرچە قىستۇرۇپ قويۇشاتتى. ياۋروپالىقلار ۋە باشقا دۆلەت بايلىرى مېيىقىدا كۈلۈشۈپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ خىل «مەرد» لىكىدىن ھۇزۇرلانسا، رۇسلارنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرىدىن غەزەپ نۇرلىرى چاقناپ كېتىشەتتى.

تۋېرىسكىي كوچىسى ئادەملەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئاجايىپ ھۇزۇر-ھالاۋەت بېغىشلىدى. قىسقىسى، 20-30-يىللاردىكى رۇس ياشلىرىنىڭ ئاۋانگارت ناخشىلىرى، 40-يىللاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك سادالىرى، قەھرىمانلىق كۈيلىرى، 50-يىللاردىكى، رومانتىك ھېسسىياتلارغا چۆمۈشكەن جۈپ-جۈپ ئاشىق-مەشۇقلار، چىرايى، تەقى-تۇرقىدىن ئىلمىيلىق، ئېتىقاد ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان موسكۋالىقلار ئەمدىلىكتە تۋېرىسكىي كوچىسىدىن مەڭگۈ يىتكەندى. ئەكسىچە، ئەمدىلىكتە ئۇ يەردە 70-80-يىللاردىكى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پۇراقلىرىدىن باشلىرى ئايلىنىپ، ئاتا-ئانىلىرى، بوۋىلىرى، مومىلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن كۈنلىرىگە مازاق قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ياشلىرى گاڭگىراپ يۈرۈشەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئىگە بولغان «دېموكراتىيە» بۇ كوچىغا زور يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى. بۇ خىل «دېموكراتىيە» رۇسلارنىڭ چۈشكۈنلىشىپ، ئىناۋىتى دەپسەندە بولۇپ

ئېرىشكەن «مۇۋەپپەقىيىتى» بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن تۋېرسكىي كوچىسىدا يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىشلەر بولغاندىن باشقا كوچا تاملىرىغا ھەر خىل شەھۋانىي سۈرەتلەر، «قىز تونۇشتۇرىمەن»، «بىر كېچىلىكىمنى بىر ياش بايۋەچچىگە تەقدىم قىلىمەن»، «بىزگە كىرىڭ»، «لاتاپەتلىك-گۈزەل نازىنىنلار سىزگە مەڭگۈلۈك بەخت ۋە ھاياتقا ئىشەنچ بەخش ئېتىدۇ» دېگەندەك «قىز شىركەتلىرى» نىڭ ئېلانلىرى ئۇلارنىڭ تېلېفون نومۇرلىرى بىلەن بىرگە چاپلاندى. بۇنىڭدىن سىرت، گېزىت، رادىئو-تېلېۋىزىيە ۋاستىلىرى ئارقىلىقمۇ بۇنداق ئېلانلارنى كۆپلەپ خەۋەر قىلىنىش بىلەن بىرگە مەخسۇس «ئەيدىز»، «يەنە بىر قېتىم»، «شەخسىي تۇرمۇش» دېگەندەك گېزىتلەر چىقىرىلىپ، شەھۋانىيلىق مەخسۇس تەشۋىق قىلىندى. ھەتتا «موسكۋا ھەقىقىتى»، «موسكۋا كومسومولى» دېگەندەك گېزىتلەرمۇ بۇنداق ئېلانلارنى كۆپلەپ باستى. خەلقنىڭ دېموكراتىيە تەلپى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن بولسا، دېموكراتىيىنىڭ تۇنجى غەلىبىسىگە ئېرىشكەن رۇسلارنىڭ باشلىرى گاڭگىراپ، ئەركىنلىك بىلەن دېموكراتىيىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىراقلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسىدى. ئاخباراتچىلار، ژۇرنالىستلار، نەشرىياتچىلار، زىيالىيلار ئۆز ئىدىيىلىرى، كۆز قاراشلىرىنى خالىغانچە بازارغا سالدى. سىياسىيونلار ئۆز كۆز قاراشلىرىنى تىكلەش ئۈچۈن كۈچەپ تەشۋىقات-تەرغىبات بىلەن شۇغۇللاندى. قىسقىسى، دېموكراتىيە چۈشەنچىسىنىڭ دۆلەت ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئېڭىدا ئۆز ئورنىنى تېپىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن 70 يىلدا كىشىلەرنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ شەكىللەنگەن بىر خىل ئىدېئولوگىيىنى ئۆزگەرتىش، رۇس خەلقىنى قايتىدىن تەربىيىلەش كېرەك ئىدى. ئومۇمەن، بۇ دۆلەتتە دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ھەققىدە چۈشەنچە ھەر خىل ۋە قالايمىقان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۈگۈنكى كۈندە رۇسىيىدە 43 پارتىيە-گۇرۇھ ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەرغىب قىلىپ، پارلامېنتتا رەھبەرلىك

ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن تىرىشماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېموكراتىيە (ئەلۋەتتە ئۆز كۆز قاراشلىرى بويىچە) نى كۆچەپ تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مەن يەنىلا شۇ تۋېرسكىي كوچىسىدىكى ئۇزۇن پاچاقلىق رۇس گۈزەللىرىنىڭ «دېموكراتىيە» نىڭ ھەقىقىي غەلىبىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

موسكۋادىكى دۇنياغا داڭلىق بۇ تۋېرسكىي كوچىسىدا كىملەر ماڭمىغان دەيسىز. ھازىر بۇ كوچىدىن كۈندە نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەم مېڭىپ ئۆتىدۇ. بۇ كوچىدا ئەينى يىللاردا لېنىنمۇ ماڭغان، ستالىنمۇ ماڭغان، ھەتتا نۇرغۇن چەت دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى قاتارىدا، ماۋزېدۇڭمۇ موسكۋاغا قىلغان زىيارىتىدە بۇ كوچىدا ماڭغان. 30-يىللاردا كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئوغۇل-قىزلىرى قاتارىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، خەلق چىن دىلىدىن سۆيىدىغان رەھبەر ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ماڭغان. بۈگۈن مەن تەنھا ھالدا مۇشۇ كوچىدا ئاشۇ زاتلارنىڭ قەدەم ئىزىنى بېسىپ كېتىپ بارماقتىمەن. ئېھ، ئاشۇ ئۇلۇغ زاتلار بۇ كوچىدىن ئۆتكەندە بۇ كوچىنىڭ بۈگۈنكى مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولغىيمىدى؟ مانا بۇ بىر تارىخىي تراگېدىيە! ئۇ ھەممىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر!

مەن يازلىق تەتىلدە ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمدە، ئاشۇ رومانتىك «موسكۋا ئاخشىمى» دېگەن ناخشىنى ئۈرۈمچىدە موسكۋادىكىدىنمۇ كۆپرەك ئاڭلىدىم. موسكۋالىقلار بۇ ناخشىنى ئۇنتۇپ قالغان بىلەن، بىزنىڭ جۇڭگولۇقلار ئېسىدە چىڭ ساقلىغانىدى. ئۈرۈمچىدە تۋېرسكىي كوچىسى بولمىغىنى بىلەن، ئۆز ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە كوچىلار بار. بۇ يەردە يۇقىرىقىدەك گېزىت، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئېلانلىرى بولمىغىنى بىلەن قاۋاقخانا، كېچىلىك كۇلۇب، رېستورانلار سىزگە تولىمۇ ئۇنۇملۈك خىزمەت قىلىدۇ. بەلكى بۇ ئىشرەتخانىلارنىڭ خوجايىنلىرى موسكۋادىكىدەك گېزىت، تېلېۋىزىيە ئېلانلىرىنى چىقىرىشنى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تايلاندلاردىكى رەڭگارەڭ

چىراغلارنىڭ بۇ يەردىمۇ يېنىپ، كۆزلەرنى قاماشتۇرۇۋېتىشىنى قانچە ئارزۇ قىلدىغاندۇ-ھە ؟!

ئاشۇ تۋېرىسكىي كوچىسىدا رۇس گۈزەللىرىنىڭ نازاكەتلىك جىسمى ئۆز ئىقتىدارىنى قانداق كۆرسەتكەن بولسا، بۇ يەردە بىزنىڭ قىزلىرىمىزنىڭ گۈزەل، لاتاپەتلىك جىسمى ئۇرۇمچى قاۋاقخانىلىرىنىڭ، كېچىلىك كۇلۇبلارنىڭ، مېھمانخانىلارنىڭ زىننىتى بولماقتا. ئەڭ پاجىئەلىك يېرى شۇكى، بۇ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئەرزان بولغىنى ئۈچۈن، تولا ئادەم بۇ زىننەت بۇيۇمنى خالىغان يەرلىرىگە ئېلىۋالغۇسى كېلىدۇ.

بۇرۇن ئۇيغۇر قىزلىرىدىن خۇش بوي ئوسما پۇرىقى بىلەن قىزىل ئەتىرگۈل ھىدى پۇراپ، كىشىگە باھار تۇيغۇسى بەخش ئەتسە، ھازىر بۇ پۇراقلار يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر خىل ماركىدىكى يۇز مىيىنىڭ كىشىنىڭ نېرۋىلىرىنى سۇنئىي غىدىقلايدىغان كۆڭۈلسىز ھىدى ئالماشقان. كىشىگە رومانتىك مۇھەببەت تۇيغۇسى بەخش ئېتىدىغان، پارىژ ئەتىرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى پەردازلىغان تۋېرىسكىي كوچىسىدىكى رۇس گۈزەللىرى بىلەن ھەر خىل ماركىلىق يۈز مىيى ۋە گىرىم بۇيۇملىرى بىلەن سولغۇن، ئۈمىدسىز چىرايىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئۇيغۇر قىزلىرىنى سېلىشتۇرغۇم كېلىدۇ.

تارىخ 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا رۇس مىللىتىنى چۈشكۈنلىشىش، خارابلىشىشقا ئېلىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ چۈشكۈن نىدالىرى غەرب ۋە ئۇنىڭغا قوشنا باشقا دۆلەتلەرنىڭ گۈلقەقەلىرىنى ئېچىۋەتتى. بىر مەھەل «شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقلىرى» دەپ نام ئالغان رۇسلارنىڭ دەھشەتلىك ھەم كۈچلۈك ھۆركىرەشلىرى مانا بۈگۈن بىراقلا ئاجىز ئىڭراشقا ئۆزگەردى. رۇس جامائىتىدە كۈنسايىن ئۆتكۈرلىشىۋاتقان رۇس مىللىتىنىڭ مىللىي غۇرۇرى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر بىۋاسىتە رۇس قىزلىرىنىڭ شەھۋانىي ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىغا سېتىلىپ ۋە ياكى يالىنىپ، «تىجارەت» ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىغا قارىتىلغان. پۇتكۈل تۈركىيە، جۇڭگو ۋە باشقا

غەربىي، شەرقىي ياۋروپا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە مىليونلىغان رۇس قىزلىرى ئېقىپ بېرىپ، ئېيپىتىنى سېتىش بەدىلىگە ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقى رۇس تارىخىدا كۆرۈلمىگەن ھادىسە بولۇپ، ئاقىۋەتتە كىشىلەر ئېغىزىدا «رۇس ئاياللىرىنىڭ ئىشتانىبېغى بوش» دېگەن گەپنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەمەلىيەتتە رۇسلارنىڭ مىللىي غۇرۇرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغانلىقىنىڭ ئىسپاتى. يەنە رۇسىيە ئاخباراتلىرى جۇڭگونىڭ قانچىلىغان رېستوران، قاۋاقخانىلىرىدا رۇس قىزلىرى ياللىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەنلىكى، رۇس قىزلىرىنى رېستوران، قاۋاقخانىلاردا ھەر خىل «پائالىيەت» كە قويۇپ مېھمان كۈتۈش بىر مودا بولۇپ قالغانلىقىنى ئېچىنىش بىلەن خەۋەر قىلغانىدى. بۇ پاجىئەلىك قىسمەت ئەمدىلىكتە بەزى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بېشىغىمۇ چۈشتى. ئىچكىرى ئۆلكە، بولۇپمۇ دېڭىز ياقىلىرى رايونلىرىدىكى شەھەرلەردە بەزى بەلگىلىمىگە خىلاپ رېستوران، تانسىخانا، قاۋاقخانىلار ئوخشاشلا ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن بەزى ئۇيغۇر قىزلىرىنى ياللاپ ئىشلىتىپ، ئۇلارنى «ئۈچتە ھەمراھ بولۇش» يوسۇنى بويىچە ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە گىرىپتار قىلغانلىقىنى پۈتكۈل جەمئىيەت بىلىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھازىر ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن قاۋاقخانىلارنىڭ سانى كۈندىن كۈنگە ئازلاۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇر قىزلىرى بۇ قاۋاقخانىلارنىڭ ئەڭ كۆپ خېرىدار چاقىرىدىغان، ئەڭ ئەرزان ئەمگەك كۈچىمىش. ئۇلار ئۆزىنىڭ چىرايلىق، پاك جىسمى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزمەكتە، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرمەكتە. ئەگەر بىز تارىخىمىزنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك، تارىختا بۇنداق ئىشلار ھەرگىز بولۇپ باققان ئەمەس. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئاقىۋەتتە ھېچنېمىگە ئەرزىمەس، ئېتىبارسىز خەلققە ئايلىنىپ قالىمىز. شۇنى تەكىتلەشنى خالايمەنكى، ياۋروپالىقلار سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن شەكىللەنگەن يېڭى مەدەنىيەت تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ تەخمىنەن ئۈچ ئەسىرلىك جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، بارا-بارا بۈگۈنكىدەك ھازىرقى زامان ياۋروپا ئەدەپ-

ئەخلاق چۈشەنچىسى، ئېتىقاد چۈشەنچىسى، جىنس چۈشەنچىسى دەۋرىگە كەلگەن. تۆنۈگۈنلا تېخى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەتلىك مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسىنىڭ زەنجىر-كىشەنلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان جۇڭگولۇقلاردىن بەزىلەر ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى دەرىجىدىن تاشقىرى تېز، غەلىتە راۋاجلىنىشنىڭ زەربىسى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى قارىغۇلارچە تىز قوبۇل قىلىپ، بىراقلا چىرىكلىك ناخشىسىنى ئېيتىشتى. ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغان بۇ جۇڭگولۇقلار تېخى تۆنۈگۈنلا «ھېسسىيات» گادايلىقى بىلەن فېئوداللىق ئەخلاقنىڭ قۇربانلىرى ئىدى. بىزنىڭ مىللىتىمىزمۇ ئەنئەنىۋى ئەخلاق-پەزىلەت چۈشەنچىسى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىتلار ساغلام تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. مانا بۈگۈن تۇيۇقسىزلا پارتلاش خاراكتېرلىك ئەخلاق بۇزۇلۇشىغا دۇچ كېلىپ، كىشىنى سەسكەندۈردى، ئاياللارنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاجايىپ ئېسىل پەزىلىتى، دىيانىتى، شەرم-ھاياسى بۇزۇلدى. بۇ، جەمئىيەتنىڭ ھەممىلا قاتلىمىدا كىشىنى ئويغا سالىدىغان مەسىلىگە ئايلاندى، مەن ھەرگىزمۇ قىزلىرىمىز (ئاياللىرىمىز) نى ئەيىبلەشنى خالىمايمەن. چۈنكى ئۈرۈمچىدىكى ئاشۇ ھەشەمەتلىك، كاتتا XX مېھمانخانىنىڭ 2-قەۋىتىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقلاردا قاتىرىسىغا ئولتۇرۇشۇپ مېھمان كۈتۈشكە تەييار تۇرغان ئۇيغۇر قىزلىرى ۋە باشقا مېھمانخانىلارنىڭ مەخپىي، ئاشكارا قارا تىزىملىكلىرىدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ، چوڭ-كىچىك كۇلۇب ۋە قاۋاقخانىلاردىكى «ئۈچتە ھەمراھ» بولغۇچىلار قاتارىدىكى مەخسۇس «ئۇخلاشقا ھەمراھ» بولغۇچى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بۇ خىل قىسمەتلىرىنىڭ روشەن سەۋەبى بار، ئەلۋەتتە! ئەمما بۇ سەۋەب ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنى مۇقەررەرلەشتۈرەلمەيدۇ!

## يىللارنىڭ سوۋغىسى

يىللار ئىنسانىيەتكە ھەممىنى سوۋغا قىلىدۇ، ئىنسانىيەت يىللار بىلەن قېرىيدۇ ۋە ياشىرىدۇ. خۇددى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئېيتقاندەك: «يىللار سېخىي، قۇرۇق كەلمەيدۇ، ئەكېلىپ بېرىدۇ قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال!»

يىللارنىڭ ماڭا مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد، شۇنداقلا ئىرادە سوۋغىسىنى ئاتا قىلغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا، مەن يىللارغا چىن قەلبىمدىن چەكسىز تەشەككۇر ئېيتقۇم كېلىدۇ.

1995-يىلى 17-مارت ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك ۋە ئەڭ شەرەپلىك كۈن ئىدى. چۈنكى مەن شۇ كۈنى موسكۋادىكى جاپالىق بەش يىللىق ئەجرىم بەدىلىگە ئىلمىي-پەن مۇنبىرىدە قەد كۆتۈرگەن تۇنجى كۈنۈم ئىدى. ئاشۇ 17-مارتتىكى ئۇنتۇلماس مەنزىرىلەر، پاساھەتلىك نۇتۇقلار، ئىلمىي باھا ۋە تەنقىدلەر دائىم قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلايدۇ.

17-مارت ئەتىگەن سائەت توققۇز يېرىمدا رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى) شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي كېڭەش زالىدا رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەخسۇس دىسسېرتاتسىيە ياقلاش كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ سۆرلۈك، ئەمما ئېغىر-بېسىق تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇشلىرىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، دىسسېرتاتسىيە ياقلاش كومىتېتىنىڭ باشلىقى، رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، پروفېسسور بۇنگارت لىۋىننىڭ رىياسەتچىلىكى ھەمدە ئۇنىڭ ئىلان قىلىشى بىلەن مۇنبەرگە چىقىپ، دىسسېرتاتسىيەمنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇم. زال ئىچى ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى، ھەر خىل رەڭدىكى كۆزلەر ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى، بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت داۋاملاشقان دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتا، دىسسېرتاتسىيىنى كۆرۈپ بېكىتكۈچى ئالىملاردىن مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس، پروفېسسور چۇرىخانىم، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئانتروپولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە

تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، مەشھۇر ئېتنوگراف، پروفېسسور باسلىيىف، شەرقشۇناسلاردىن پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى قاھاروف، ئۇيغۇرشۇناس دوكتورى ژوتوف، دويرووۋسكايا، كابىلوف، كېلياشتورنىي قاتارلىق كاتتا ئالىملار دىسسېرتاتسىيەم توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. قىزغىن پىكىر بايان قىلىش ۋە سوئاللارغا جاۋاب بېرىشلەردىن كېيىن، ئىلمىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەخپىي چەك تاشلىشى ئۆتكۈزۈلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئىلمىي كېڭەش رەسمىي نەتىجىنى ئېلان قىلدى.

ئاكادېمىك بۇنگارت لىۋىن بۈگۈنكى دىسسېرتاتسىيىنى باھالاش ئەھۋالىدىن خۇلاسە چىقىرىپ:

— بۈگۈن يېڭى ئۇيغۇر ئالىمى دۇنياغا كەلدى — رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا تۇنجى قېتىم دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ، ئالىملىق دەرىجىسىگە ئېرىشكەن ياش ئالىم مەيدانغا كەلدى. بۇ بىزنىڭ رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەھمىيەتلىك ۋەقە. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قىزىقارلىق ۋەقە شۇكى، مەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان تالاي قېتىم دىسسېرتاتسىيە ياقلاش كېڭىشىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ ھېچ كۆرمىگەن بىر ئىش، بىزنىڭ 23 كىشىلىك ئىلمىي كېڭەش ئەزالىرى نەبجاننىڭ دىسسېرتاتسىيىسىگە 25 بىلەت تاشلىغان. بۇنىڭ ئۆزىلا دىسسېرتاتسىيە ئاپتورىغا بېرىلگەن يۇقىرى باھا. مەن نەبجان تۇرسۇنغا، جۈملىدىن نەبجان تۇرسۇننىڭ دۆلىتىگە ھەم بۇ ئالىمنى تەربىيىلىگەن ئاتا-ئانىسىغا زور مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت-سائادەت تىلەيمەن.

رىياسەتچىنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىش بىلەن زال ئىچىدە قىزغىن چاۋاكلار، «ھۇررا!» سادالىرى ياڭرىدى. ئاخىرىدا مۇنبەرگە ئىلمىي رەھبىرىم دىمترىي ۋاسلىيىف تەكلىپ قىلىندى.

ئۇ، چوڭقۇر ھاياجان بىلەن:

— نەبىجان تۇرسۇن ئۆزىنىڭ بەش يىللىق جاپالىق ئەجرى، تىرىشچانلىقى بىلەن بۈگۈنكى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. مەن ئۇنىڭ پۈتكۈل جاپا-مۇشەققەتلىك ئۆگىنىش جەريانىنىڭ گۇۋاھچىسىمەن. مەن ۋە بىزنىڭ تەتقىقات بۆلۈمىمىزدىكىلەر ئۇنى سۆيىمىز، چۈنكى ئۇ ئەقىل-ئىدراكى، ئېسىل ئەخلاقىي-پەزىلىتى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ھەممىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ھەممىمىزنى قايىل قىلدى. مەن ئۈرۈمچىگە بارغان، ئۇ يەردە مەن نەبىجاننىڭ مىللىتىنىڭ ھاياتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مەن شۇ چاغدا ئۇيغۇر مىللىتىنى سۆيگەنلىكىمدىن پەخىرلەنگەنىدىم. ئۇيغۇرلار ئېسىل، ئاق كۆڭۈل مىللەت، سېخىي مىللەت، بۇ مىللەتكە نەبىجاندەك ئالىملار تولىمۇ زۆرۈر. نەبىجان خەنزۇ، پارس، تۈرك، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مەنبەلەرگە ئاساسەن ئۇيغۇرلار تارىخىي ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارغا باھا بەردى ۋە بۇ تەتقىقاتنى سىستېمىلاشتۇرۇشقا قارىتا ئۆز نۇقتىئىنەزىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىشىنىمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىن زور نەتىجىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. نەبىجاننىڭ نامى دۇنيا شەرقشۇناسلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئاخىرىدا مەن بۇ پەخىرلىك ئوقۇغۇچىمنىڭ تۇرمۇشىغا بەخت، ئۇنى تەربىيىلىگەن ئاتا-ئانىسىغا سالامەتلىك تىلەيمەن.

ئاكادېمىك پۇنگارت لىۋىن ئاخىرىدا خۇلاسە نۇتقى سۆزلەپ، ئىلمىي كېڭەشنىڭ بىردەك ھالدا ماڭا تارىخ، پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى ئۇنۋانىنى بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى ھەم مېنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ دىسسېرتاتسىيە ياقلاش كېڭىشىنىڭ قارارىنى ۋە مېنىڭ بارلىق ماتېرىياللىرىم (خاراكتېرىستىكا، دىسسېرتاتسىيىنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسى، ئىلمىي كېڭەشنىڭ پىكرى، ئىنستىتۇتنىڭ پىكرى، تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ پىكرى، ئالىملارنىڭ باھا سۆزلىرى، شۇنداقلا باشقا ماتېرىياللار) نى روسىيە فېدېراتسىيىسى ئالىي ئۇنۋان بېرىش كومىتېتىغا يوللايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. رىياسەتچىنىڭ

سۆزى تۈگىشى بىلەن ئىلمىي رەھبىرىم، تەتقىقات بۆلۈمى شۇنداقلا دوستلىرىم مېنى تەبرىكلەپ گۈللەرنى تەقدىم قىلدى.

شۇنى قوشۇمچە قىلماي بولمايدۇكى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئومۇملاشقان بىر ئادەت، بىرەر كىشى دىسسېرتاتسىيە ياقىلىغاندا، دىسسېرتاتسىيە ياقىلىغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ ئەھمىيەتلىك كۈننى خاتىرىلەپ، ئۇستازلىرى ۋە ئىلمىي ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بەرگەن مۇتەخەسسىسلەر ھەمدە دوستلىرىنى ئالاھىدە چايغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇستازلىرى ۋە دوستلىرىمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىختىيارىي ھالدا ساھىبخانىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي ئىشلىرىغا زور ئۇتۇق ۋە تۇرمۇشىغا بەخت تىلىشىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ سورۇن ناخشا-ساز، ئۇسسۇلسىز بولمايدۇ.

رۇسىيە زىيالىيلىرىنىڭ نەزىرىدە بۇ ئەڭ ئەھمىيەتلىك خاتىرە پائالىيەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىزدە بۇنداق چاي پائالىيىتى تېخى شەكىللەنمىگەن، چۈشىنىشىمچە، بۇ ئەنە شۇنداق مەدەنىيەت ساپاسى ئۈستۈن، ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغان مىللەتكە خاس پائالىيەت بولۇپ، بۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ياۋروپالىقلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ھەر خىل شەكىلدىكى چايلىرىمىزغا يېتىشىپ بولالماي ئۆزىمىزدىن ۋە دۇنيادىن زارلىنىپ يۈرىمىز ئەمەسمۇ؟

مەن شۇ كۈنى چۈشتە ئىنستىتۇتنىڭ كىچىك زالىدا چاي تەييارلىدىم، دوستلىرىم ۋە خىزمەتداشلىرىم ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولدى. مەن تەكلىپ قىلغان ئالىملار ۋە مۇناسىۋەتلىك زاتلار، شۇنداقلا موسكۋادىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇ چايغا ۋاقتىدا كېلىپ قاتناشتى. موسكۋادا ياشىغىنىغا 40 يىل بولغان، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كان مىنىستىرلىقى كان چېرتيوژلىرىنى لايىھىلەش ئىنستىتۇتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، كان ئىشلىرى بويىچە كاتتا مۇتەخەسسىس، ئالىي ئىنژېنېر شېرىپجان ئەھمىدى ۋە ئۇنىڭ ئايالى

ئـاررۇگۇل ھەدە ئۆزىنىـڭ بـارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسـەتتى. ئـاررۇگۇل ھەدە چېۋەر قوللىرىـدا تەييارلىغان پولۇ، مانتـا ۋە باشـقا سـوغۇق سـەيلەر سـورۇن ئەھلىنىـڭ ئىشتىھاسـىنى ئېچىـۋەتتى. ئۇيغـۇر مىللىتىنـى بىـر ئۆمـۈر تەتقىـق قىلىـپ، تېخـى ئۇنىـڭ تامىقىنىـڭ تەمىنـى تېتىـپ باقمىغـان رۇس ئـالىملىرى ئۇيغـۇر مۇقـام سـاداسـىدىن ھۇزۇرلىنىـپ ئىچىلىـپ-يېيىلىـپ ئولتۇردى. تائاملارنى ئېغزى-ئېغزىغا تەگمەي ماختـاپ كەتتـى. بـۇ سـورۇنغا سـابىق سـوۋېت ئىتتىپـاقى ۋە خەلقئـارا شەرقشۇناسـلىق ساھەسـىدە كـۆزگە كـۆرۈنگەن مەشـھۇر ئۇيغۇرشۇناسـلاردىن تاجىكىسـتان ۋە ئىتـالىيە پەنـلەر ئاكادېمىيىلىرىنىڭ ئاكادېمىكى، پروفېسسور لىتۋىنىسكىي، تـۈركىيە پەنـلەر ئاكادېمىيىسـىنىڭ پەخرىـي ئاكـادېمىكى د. ۋاسـىلىيېۋ، ھىندىسـتان پەنـلەر ئاكادېمىيىسـىنىڭ پەخرىـي ئاكـادېمىكى، پروفېسسـور ل. ئـالايېۋ، يەنە پروفېسسـور باسـىلىيېۋ ۋە باشـقا ئـۇچتەك ئۇيغۇرشـۇناس، تۈركشـۇناس قاتناشـتى. چـاي ناھـايىتى قىـزغىن كەيپىيـات، كـۈلكە-چاقچاقلار ئىچىـدە ئۆتتى.

## شىنجاڭ ھەققىدە تەتقىقاتلار

### رۇس سایاھەتچى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچى ئالىملارنىڭ مۆۋەپپەقىيەتلىرى

19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، شىنجاڭ رايونى غەربىـي ياۋروپا ۋە رۇسىيە ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىپ، ياۋروپادا بىر مەيدان «شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقـى» نـى قوزغىـدى. ئۇنىڭغـا يەنـلا ئالـدى بىلـەن شـىنجاڭنىڭ بـاي، قەدىمـىي مەدەنىيىتـى، ئالاھىـدە جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە ئۇنىڭ ياۋروپا-ئاسىيا سىياسـىي جۇغراپىيىسـى ( گېئوپولىتىكا) دە تۇتقان ئورنى سـەۋەب بولغانىـدى. گەرچە 19-ئەسـىرنىڭ

باشلىرىدا بۇ رايون ياۋروپا ئىلىم-پەن ۋە دىپلوماتىيە ساھەسىگە تېخى ئانچە تولۇق مەلۇم بولمىغان ھەمدە بۇ ساھەلەر ئۇچۇن مۇھىم ئەمەس، دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ برىتانىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا جۇملىدىن ھىندىستان، ئافغانىستانغا قاراتقان سىياسىتىگە زىتلىشىپ قېلىشى بىلەن شىنجاڭ رايونى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دىپلوماتىيىسىدە نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسەتتى. ئەينى ۋاقىتتا رۇسىيە، ئەنگلىيە ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي مەنپەئەتى بىۋاستە شىنجاڭ رايونىدا توقۇنۇشتى، بولۇپمۇ لىڭشىپ قالغان مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ زېمىنغا بولغان كونتروللۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ۋەھشىيانە زوراۋانلىقى، تەيپىڭ-تيەنگو قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن خەلقنىڭ ئازادلىق قوزغىلاڭلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش، قىسقىسى، بۇ رايوننى ئۆز خەرىتىلىرىگە كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇشتەك خەلقئارا ۋەزىيەت شەكىللەندى.

يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، رۇسىيە ۋە غەرب دۆلەتلىرى بۇ رايونغا نىسبەتەن كەڭ كۆلەملىك ئېكسپېدىتسىيە ۋە ساياھەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دىپلوماتىيە، ئىقتىسادىي، ھەربىي ھەمدە ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرماقچى بولدى.

غەربىي ياۋروپالىقلاردىن تۇنجى بولۇپ گېرمانىيىلىك ئا. شىگالىۋىت 1857-يىلى كەشمىر ئارقىلىق قەشقەرگە كەلدى. 1863-1869-يىللىرى ئەنگلىيىلىك شوۋ بىلەن گروۋرد قەشقەرگە كېلىپ، مول ماتېرىياللارغا ئىگە بولدى.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يەنە شۋېتسىيىلىك مەشھۇر ئالىم سىۋېن سېيدىن، گېرمانىيىلىك ئا. گرونۋېدىل، ئا. فون لىكوك، فرانسىيىلىك د. رېنىس ۋە ف .پېللىئوت، ياپونىيىلىك ئوتانى فاندۇ، ئىتالىيىلىك ف. دې فىلىپىنى ۋە ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل ستېيىن (تۆت قېتىم) قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە زور ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئاۋرېل ستېيىن، ئا .گرونۋېدىل، ئا. فون لىكوك ھەم ف. فىللىئوت قاتارلىق بىر قانچە ئالىمنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. بولۇپمۇ ئا. ستېيىن ئۆزىنىڭ تۆت قېتىملىق شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيىسىدە توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا 20 نەچچە توملۇق كىتاب ئېلان قىلدى.

ئا. ستېيىن ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخىي ۋە مەدەنىيىتىنى ئافغانىستان، ھىندىستان، جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلدى. ئۇ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە خاس ئارخېئولوگىيىسى، جۇغراپىيىسى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى، تارىختىكى دىنلار ۋە تىل-يېزىقلار توغرىسىدا ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، ياۋروپادا شىنجاڭ توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ تېخىمۇ ئەۋج ئېلىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى. ئاۋرېل ستېيىننىڭ مول ھوسۇللۇق ئىلمىي ئەمگىكى ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل غەرب دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن ياۋروپادا ئېكسپېدىتسىيە نەتىجىسىدە توپلانغان سوغدى يېزىقى يادىكارلىقلىرى (بۇ ساھەدە لىيودېرسا، گوتىيو، سىلۋانا، گېرىنىلى قاتارلىق ئالىملار)، ساك، تۇخار يازما يادىكارلىقلىرى (لىيودېرسا، سىلۋانا، راسپورت سىنار قاتارلىقلار)، قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا (تومسېن، مىيۇللېر قاتارلىقلار) كەڭ كۆلەمدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغانىدى.

شىنجاڭغا، جۈملىدىن قەشقەرىيىگە رۇسلارنىڭ ساياھىتى ۋە ئېكسپېدىتسىيىسى ناھايىتى بۇرۇنلا باشلانغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا،

رۇسلاردىن بىرىنچى بولۇپ، 16-ئەسىردە رۇس پادىشاھى ئىۋان گروزنىي جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىدىن كازاك ئاتامانلىرى ئىۋان پېتروف، بۇرناش، يامىشىشىف قاتارلىقلار كەلگەن. كېيىن 1774-يىلى رۇسىيە ئوفىتسېرى ف. ئېفرېموف قىرغىزلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ، بۇخارا ئارقىلىق قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ، بۇ يەر ئارقىلىق ھىندىستانغا كەتكەن ۋە شۇ يەر ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتىپ، «ئېفرېمىفنىڭ كۆرگەنلىرى» ناملىق كىتابىنى يازغان. بۇنىڭدا قەشقەرىيە توغرىسىدا قىممەتلىك، مول ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن دانىل ئاتانوسوف تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا رۇسىيىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئېھتىياجى تېخىمۇ روشەنلەشتى. چۈنكى، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن قازاقىستاندا ئۆزگە يېڭى يەرلەرنى قارىتىۋېلىش بىلەن بەند بولۇۋاتقان رۇسىيە بۇ رايوندا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرگە بىپەرۋا قارىمايتتى. سەۋەبى، رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۇچۇن ئۇيغۇرلار ۋە تۇڭگانلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئازادلىق كۈرەشلىرىنىڭ تەسىرى خەۋپلىك ئىدى. بولۇپمۇ ياقۇپبەگنىڭ ئۇلۇغ برىتانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى رۇسلارنى تېخىمۇ خەۋپلەندۈرۈپ، ئۇلارنى باشتىن ئاخىر بۇ رايونغا نىسبەتەن سوغۇققان مۇئامىلە قىلىش ھەمدە دىپلوماتىيىلىك يول بىلەن بۇ رايوننىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى كۈچەپ ئىگىلەپ، پەيتى كەلگەندە ئۇنى بىراقلا ئىشغال قىلىش ۋە ياكى مەزكۇر رايوندا مۇستەقىل بىر ھاكىمىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە قەتئىي يول قويماسلىق قارارىغا كەلتۈردى. بۈيۈك برىتانىيە پادىشاھلىقىمۇ 1876-يىلى ئاۋغۇستتا ھاكىمىيەتنى ياقۇپبەگنىڭ قولىدا قالدۇرۇشقا ھەم شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدا ئۆز پوزىتسىيىلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ئاخىرقى قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە لوندون رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە يەتتە شەھەرنىڭ ‹مۇستەقىللىقى› نى ئىناۋەتكە ئېلىشنى تەكلىپ قىلغانىدى. بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنمىغاندىن كېيىن، يەنە يەتتە شەھەرنى ‹بىتەرەپ دۆلەت›

دەپ تونۇش تەكلىپىنى بەردى. بىراق، بۇ تەكلىپمۇ قوبۇل قىلىنمىدى (داۋۇت ئىيىسىيىف: ‹يەتتە شەھەر دۆلىتى› 92 - بەت).

مانا مۇشۇنداق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، رۇسىيىنىڭ شىنجاڭ ئۈستىدىكى تەتقىقاتىغا رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئىقتىساد ۋە ھەربىي ئىشلار مەھكىمىلىرى، شۇنداقلا رۇس سانائەتچىلىرىنىڭ ھەر خىل تەشكىلاتلىرى، جۈملىدىن رۇسىيە سودا - سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش جەمئىيىتى، تاشكەنت سودىگەرلەر جەمئىيىتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەخسۇس ئىلمىي ئورگانلاردىن رۇسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى، سانكىت - پېتربورگ ۋە قازان ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ شەرق فاكۇلتېتلىرى، كېيىنرەك يەنە شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيا تەتقىقاتى بويىچە رۇسىيە كومىتېتى قاتارلىق ئورگانلار قاتناشتى. ئەمما بۇ تەتقىقاتتا رۇسىيە ھەربىي ئىشلار مەھكىمىسى بىلەن رۇسىيە جۇغراپىيە تەتقىقات جەمئىيىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، زور نەتىجە قازاندى. ئۇلار شىنجاڭ توغرىسىدا سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت، ئېتنوگرافىيە، جۇغراپىيىلىك ۋە باشقا كۆپلىگەن تەرەپلەردىن مول ماتېرىياللارغا ئېرىشتى. قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف 1858 - 1859 - يىللىرى قەشقەرگە، سودىگەر قىياپىتىدە كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئېتنوگرافىيىسى توغرىسىدا مول ماتېرىياللارنى توپلىدى. ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى رۇسىيە شەرقشۇناسلىقىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنيا شەرقشۇناسلىق تارىخىدا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ تەتقىقات ماتېرىياللىرى ھەمدە ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا توپلىغان ماتېرىياللىرى كېيىن توپلىنىپ كۆپ توملۇق «چوقان ۋەلىخانوف ئەسەرلىرى» بولۇپ، بىر قانچە قېتىم نەشر قىلىندى. 1867 - يىلى رۇسىيە مەركىزىي قوماندانلىق شتابى كاپىتان رېيىنتالنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. 1870 - يىلى رۇسىيە مەركىزىي قوماندانلىق شتابىنىڭ كاپىتانى كولبارس قەشقەرگە كەلدى. 1876 - يىلى ن.

كوروپاتكىن شىنجاڭغا كېلىپ، قەشقەرىيە توغرىسىدا سىستېمىلىق ماتېرىياللارغا ئېرىشىپ، «قەشقەرىيە» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، رۇسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئالتۇن مېدال بىلەن تەقدىرلەندى. رۇس تەتقىقاتچى، ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇننى مەشھۇر بوتانىك، جۇغراپىيىشۇناس ب. م. پىرژىۋالسكىي ئىگىلەيدۇ. ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىياغا قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە كېلىپ، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىسى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسى توغرىسىدا قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەمگەكلىرى قاتارىدا «غۇلجىدىن تەڭرىتاغنىڭ ئۇ تەرىپىگىچە ۋە لوپنۇرغىچە»، «ساياھەت خاتىرىسى» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى يازدى. پىرژىۋالسكىي بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئا .سوسنوۋسكىي باشچىلىقىدا ۋراف پ. ياپىياسىپسكىي، توپوگراف ئە. ل .ماتوسوۋسكىي قاتارلىق ئۈچ نەپەر رۇس ساياھەتچىسى قۇمۇل رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك، قۇمۇللۇقلارنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ئەھۋالتوغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 1876 ـ 1877 ـ يىللىرى گ. ن. پوتانىن موڭغۇلىيىگە قىلغان ساياھىتىدە قۇمۇلدىن ئۆتۈپ، قۇمۇل توغرىسىدا ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان.

1885 ـ يىلى چار رۇسىيە مەركىزىي ھەربىي قوماندانلىق شتابىنىڭ كاپىتانى گالكىن قەشقەرگە كېلىپ، مەخسۇس تۆردە چېك ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەردىكى ھەربىي ئەھۋالى توغرىسىدا ماتېرىيال توپلىدى. 1885 ـ يىلى، 1891 ـ يىلى پ. ل .گرومبىچېۋسكىي قەشقەرىيىدە قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە بولدى ۋە بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن «ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتى» ناملىق ئۈچ توملۇق كىتاب يازدى. بۇ كىتاب ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پولشادا پولەك تىلىدا نەشر قىلىندى. بۇ يەردە يەنە بىر رۇس ساياھەتچىسى، جۇغراپىيىشۇناس، تارىخشۇناس گروم گرژىمايلوفنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

بۇ ئالىم 1986-، 1989-، 1890-يىللىرى شىنجاڭ بويىچە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخ، ئېتنوگرافىيە ۋە جۇغراپىيىسىگە، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ئائىت مول ماتېرىياللارنى توپلىدى. ئۇ، «غەربىي جۇڭگو ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئا. ن. كراسنوف ( 1886-يىل)، م. ئى. روبوروۋسكىي، ب. ف. بوگاياۋلېنسكىي، د. ئا. كلېمېنتس، ۋ. ۋ. رادلوف، س. ف. ئولدېنبورگ (1909-، 1910-، 1914-، 1915-يىللىرى) ن. ئوبرېچېف، م. م. پروزوۋسكىي، ن، ف، پېتروۋسكىي، ن. ن. گرادكوا قاتارلىق كۆپلىگەن شەرقشۇناس ئالىملار شىنجاڭغا كېلىپ، قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشتى. بۇلار ئىچىدە گرۇم گروژىمايلوۋ، س. ئى. مالوف، ۋ. ۋ رادلوف، س. ف. ئولدېنبورگ، ن. ف. پېتروۋسكىي قاتارلىق ئالىملار توپلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا مەخسۇس تۈردە شىنجاڭنىڭ تىلشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيىلىك تارىخىي مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

م. ئا. پېۋسوف «ئاسىيا چۆللىرىدە» دېگەن كىتابىنى يازدى. ۋ. ئى. روبروۋسكىي قاتارلىقلار بولسا، مەخسۇس جۇغراپىيىلىك ھەمدە تارىخىي مەدەنىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئىچىدە كلېمېنتس تۇرپان رايونىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۆز دەۋرىدە تۇنجى قېتىم تۇرپان ئارخېئولوگىيىسى توغرىسىدا يۇقىرى سەۋىيىدە ئىلمىي ئوبزور ئېلان قىلدى، شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئاساس سالدى. ئومۇمەن، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي، ھەربىي، ئېتنوگرافىيىلىك، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشلەر زور مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن نەتىجىلىنىپ، شەرقشۇناسلىق جۈملىدىن

ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زور ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينىدى. مەزكۇر قىدىرىپ تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە زور مىقداردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ۋە باشقا قەدىمىي تىللاردىكى يازما يادىكارلىقلار توپلىنىپ ھەمدە بىر قىسىم يېزىقلار ئوقۇپ چىقىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ۋە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تارىخىي ئۈستىدىكى تونۇشتا يېڭى بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئورنىغا يۇقىرى باھا بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك يەرلىك خەلق ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

گەرچە بەزى رۇسىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى ھەربىي ئاخبارات توپلاش، رۇسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، لېكىن رۇس ئالىملىرىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا توپلىغان مول ماتېرىياللىرى بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى دەۋرلەر تارىخىنى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنى چۈشىنىشىمىزدە بىرىنچى قول ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

## سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى تەتقىقاتتىن قىسقىچە بايان

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، لېنىننىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتكۈل رۇسىيە تېررىتورىيىسىدە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مىللىي جۇمھۇرىيەتلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ۋە قانۇنىي ئورنى پرىنسىپلىرى تەكىتلەندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللەتلەرنىڭ نامىلىرى قايتا بېكىتىلىپ، ئۇلارنىڭ تەۋەلىك چېگرىلىرى كۆرسىتىلىپ، ئالدى بىلەن ئۆز شەھەرلىرى بويىچە ئاتىلىپ، بىر-بىرىدىن ئېتنىك نام جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈلمىگەن ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ، «قىرغىز» ۋە ياكى «قارا قىرغىز» نامى بىلەن ئاتالغان قازاق-قىرغىزلارنىڭ ئېتنىك نامى ۋە چېگرىلىرى بەلگىلەندى. دېمەك، لېنىن ۋە ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، شەرق خەلقلىرىنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. ئالدى بىلەن بۇرۇنقى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى دەپ ئۆزگەرتتى ۋە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شەرق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدە شەرق مەسىلىلىرى بويىچە تەتقىقات مەركەزلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەر تەسىس قىلدى. مەسىلەن، ئاكادېمىك س. ف ئولدېنبورگ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تاجىكىستان شۆبىسىگە مەسئۇل بولدى. مەشھۇر ئالىم ئې. ئە بېرتېلىس (1890-1957) تارىخ-فىلولوگىيە بۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرلەر تۈركىي ۋە پارس ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللاندى. مەشھۇر تۈركولوگ ئا. ب سامايلوۋىچ (1880-1938) قازاقىستان ئىلمىي تەتقىقات سۆبىسىگە مەسئۇل بولۇپ، تۈركىي تىللار مەسىلىسى بىلەن شۇغۇللاندى. 1936-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارار چىقىرىپ، س س س ر خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۆزبېك، تۈركمەن، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ تارىخ تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى كۆپلەپ نەشر قىلىشنى تەكىتلىگەندىن كېيىن، شەرق خەلقلىرى تارىخىي تەتقىقاتى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. ئومۇمەن 20-40-يىللاردا بىر ئەۋلاد پېشقەدەم شەرقشۇناسلاردىن ۋ.ۋ.بارتولد. ب. ي. مار، س.ف.ئولدېنبورگ، پ.ي.ۋلادېمىرسوف، س.ئې.مالوف، ئا.ب.بېرنىشتام، ئا. ب. مانايلوۋىچ،

ئى.ئە.بېرتېلىس، ئا.يۇ.ياكوبوۋسكىي، كىسلىيف قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملارئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى مەسىلىلىرى تەتقىقاتىغا ئاساس سېلىش بىلەن بىرگە، بىر ئەۋلاد يېڭى ئالىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

30 - يىللاردا ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدە مەشھۇر ئالىم س. ئې. مالوف ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان تىل مەسىلىسى بىلەن پاراللېل ھالدا يەنە قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ۋە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى، تارىخىي ۋە ئېتنوگرافىيىسى بويىچە نۇرغۇن ئىلمىي ئەمگەك سىڭدۈردى. ئومۇمەن ئۇ مەدەنىيەتشۇناسلىق، فىلولوگىيىلىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئورنىغا باھا بەردى. س. ئې. مالوف ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم شىنجاڭغا ۋە گەنسۇدىكى سالالار، سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تەكشۈرۈشكە كېلىپ، تىل، ئېتنوگرافىيە، ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ، بۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەكلىرى» (1914 - يىل)، «سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى شامانىزم قالدۇقلىرى» (1919 - يىل) «ئۇيغۇرچە ئىككى ھۆججەت» (1927 - يىل) قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي تەتقىقات مېۋىلىرى 1950 - يىللاردا ئېلان قىلىندى. بۇنىڭغا «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى تېكىستلىرى ۋە تەتقىقات» (1951 - يىل)، «لوپنۇر تىلى تېكىستلىرى ۋە تەرجىمە لۇغەت»(1956 - يىل) ئەسەرلەرنى باشقا كۆپلىگەن كۆرسىتىش مۇمكىن. 30 - 40 - يىللاردا مالوفنىڭ زامانىدىشى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئا. ن. بېرنىشتام سوۋېت ئىتتىپاقى تۈرك-ئۇيغۇر تارىخىي تەتقىقاتىدا تالانتلىق ئارخېئولوگ، تارىخشۇناس سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىي، مەدەنىيىتى،

ئارخېئولوگىيىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىي توغرىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ، قىسقىغىنە ئىلمىي ھاياتىدا ھونلار توغرىسىدا «ھونلار تارىخىنىڭ ئوچېركى» (1951-يىلى) ناملىق مونوگرافىيىسى ۋە باشقا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى، «تۈرك-ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرى توغرىسىدا»، «8-ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ ئۇرۇقداشلىق قۇرۇلمىسى» (1934-يىلى)، «5-8-ئەسىرلەردىكى تۈركلەردە دۆلەت ۋە سىنىپلارنىڭ شەكىللىنىشى» (1936-يىلى)، «5-8-ئەسىرلەردىكى ئورخۇن، يېنسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى» (1946-يىلى) ناملىق مونوگرافىيىسى، «ئۇيغۇر قول يازمىلىرىدىكى رۇنىك يازمىلىرى» (1938-يىلى)، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئېتنوگېنزىدىكى قەدىمكى تۈرك ئېلېمېنتلىرى» (1947-يىلى) قاتارلىق ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى كۆپلىگەن نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇ يەنە مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدىمۇ تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئوچېركى» (1951-يىلى) ناملىق كىتابىنى ۋە باشقا ماقالىلەرنى يازدى. شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئارخېئولوگىيىسى، بولۇپمۇ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇنىڭغا مىسال قىلىپ «شىمالىي قىرغىزىيىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئوچېركلىرى» (1941-يىل)، «تەڭرىتاغ، پامىر، ئالاينىڭ تارىخىي، ئارخېئولوگىيىلىك ئوچېركى» (1952-يىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ۋە باشقا كۆپلىگەن ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئا. ن. بېرنشتام ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى يەرلىكلىك مەسىلىسى ھەمدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئېتنىك تەركىب ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپلىرىنىڭ مىللىي تەركىبىي قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەردە پىكىر يۈرگۈزۈپ، «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ

ئوچېركى» ناملىق ئەسىرىدە «ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا زور رول ئوينىغان. ئۇلار گاۋگۇيلار(قاڭقىللار) نىڭ ئەۋلادى» (ئا. ن بېرنىشتام: «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئوچېركى، ئالمۇتا 1951 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 20 - 21 - بەتلەر) دەپ خۇلاسە چىقىرىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا قەدىمكي ۋاقىتلاردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن يەرلىك خەلق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ، ئۇيغۇرلارنى ئېتنىك تارقىلىش جەھەتتىن: 1 - شىمالىي ياكى سېلىنگا گۇرۇپپىسى، 2 - غەربىي جەنۇبىي ياكى شىنجاڭ گۇرۇپپىسى، 3 - غەربىي شىمالىي ياكى يەتتە سۇ گۇرۇپپىسى (ئا. ن بېرنىشتام: «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئوچېركى، ئالمۇتا 1951 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 20 - 21 - بەتلەر) دەپ ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلىدۇ. بېرنىشتامنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تارىخي توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى ئەمەلىيەتتە رۇسىيە سوۋېت تارىخشۇناسلىقىدا ئۇزۇندىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان قاراش ئىدى. رۇس تارىخشۇناسلىرىدىن بىچورىن، كازىمبىك، ۋالىيىف، گرىگورىيىن، رادلوف، پوزنىيىف، گرۇم گرژىمايلوف قاتارلىقلار ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ۋە تارقىلىشى شىنجاڭ بىلەن قەدىمدىنلا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمىي خەلقلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ھەتتا پوزنىيىف، بىچۇرىن قاتارلىقلار چېشلار (قۇش) نىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى (ئەجدادى) ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشكەنىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مىلادىدىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغانىدى. بېرنىشتام قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىنى مەشھۇر ئالىم تىخونوف قوللىدى، ئۇ، ئۆزىنىڭ «10 - 14 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى» (1966 - يىل) ناملىق ئەسىرىدە، ئۇيغۇرلار خەنزۇ مەنبەلىرىدە قەيت قىلىنغان چېدى (تۇرا) لارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. (تىخونوف: «10 - 14 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي،

ئىقتىسادىي ئەھۋالى» موسكۋا 1966 - يىل نەشرى، 22 - بەت). س. ئى. مالوف بولسا «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، «ئۇيغۇرلار قەدىمكى ۋاقىتلاردىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى تەرەققىي قىلغان شەھەر ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى» (س. ئى. مالوف: «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى»، موسكۋا، 1951 - يىل نەشرى، 59 - بەت) دەپ خۇلاسە چىقاردى. ئەرەب، پارس مەنبەلىرى بويىچە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر تارىخى، بولۇپمۇ قوچو ئىدىقۇت خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلغان مەشھۇر ئالىم ئا. يۇ. ياكوبوۋسكىي ئۆزىنىڭ «9 - 10 - ئەسىرلەردىكى تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدىكى ئەرەب، پارس مەنبەلىرى» (1947 - يىل) ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇيغۇرلارنىڭ زور بىر قىسمى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بالدۇر ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا كىردى ھەم ھەممىدىن بۇرۇن شامانىزم بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئالدى بىلەن مانى دىنىنى، كېيىنرەك بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى. تۈركىي خەلقلىرى ئىچىدە بالدۇر يېزىق يارىتىپ، جۇڭگو بىلەن ماۋرائۇننەھر ئارىسىدىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلققە ئايلاندى» (ئا. يۇ. ياكوبوۋسكىي: «9 - 10 - ئەسىرلەردىكى تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدىكى ئەرەب، پارس مەنبەلىرى»، دۆلەتلىك ئېرمىتاژنىڭ شەرق سەنئىتى تارىخى، مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى، لېنىنگراد، 1947 - يىل، 4 - توم، 424 - 324 - بەتلەر) دېگەن خۇلاسىلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىغا ئورۇنلۇق باھا بەردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك تەرەققىيات تارىخى ھەم مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى توغرىسىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى كۆپلىگەن مەخسۇس ۋە يانداش تۈردە سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلدى. بۇلارغا مىسال

قىلىپ مەشھۇر ئارخېئولوگ س .كىسلېيېفنىڭ چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەمگىكى «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخي» (1951 - يىلى) ۋە باشقا ئىلمىي ماقالىلىرى، مەشھۇر ئالىم ئىنوستىرانسېفنىڭ «ھۇننۇ ۋە ھونلار» (1929 - يىلى)، ن. كاتانوفنىڭ «شەرق خرونولوگىيىسى» (1920 - يىلى)، ن. ل. گوملېفنىڭ «ھونلار» (1960 - يىلى)، « 4 - ئەسىردىكى ئېفتالىتلار ۋە ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى» (1959 - يىلى)، «قەدىمكىي تۈركلەر» (1967-يىلى)، «دىڭلىڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، ل. ر. كىزلاسوفنىڭ «تۇۋانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخي» (1964 - يىلى) قاتارلىق كۆپلىگەن مونوگرافىيە ۋە ماقالىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى ب. ئا. لىتۋىنسكىي، س. گ. كىلياشتورنىي، بورفكوۋا، تېخونوف، گ. ئىسھاقوف قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملارمۇ مەزكۇر مەسىلە توغرىسىدا تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى.

60 - 70 - يىللاردىن باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇر تارىخي تەتقىقاتى ناھايىتى زور سىستېمىلىشىش يولىغا كىردى. كۆپلىگەن ئالىملار ئۇيغۇر تارىخىنى مەخسۇس دەۋرلەر بويىچە سىستېمىلىق تۈردە تەتقىق قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخي ساھەسىدە ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرى ئۈستىدە ن. ل. گۇملېف، س .گ. كىلياشتورنىي، ل. ر. كىزلاسوف، ئا. كامالوف، د. ئېيسىيېف، سۇپرونېنكو ۋە باشقىلار تەتقىقات ئېلىپ باردى. يەنە مەشھۇر ئالىم، تۈركشۇناس گوملېفنىڭ چوڭ ھەجىملىك «قەدىمكى تۈركلەر» ناملىق مونوگرافىيىسى، «ياۋروپا - ئاسىيا تارىخىنىڭ رىتمى»، «كاسپىي دېڭىزى ئەتراپىنىڭ 1000 يىللىق تارىخي» ناملىق كىتابلىرى، ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس مالياۋكىننىڭ «تاڭ تارىخنامىلىرى»، «تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىبەتنىڭ قەشقەرىيە ئۈچۈن بولغان كۈرەشلىرى»، «تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ناملىق كىتابلىرى ۋە كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلىرى، ئۇيغۇر ئالىمى ئابلەھەت

كامالوفنىڭ «ئۇيغۇر قاغانلىقى» ناملىق مونوگرافىيىسى، خاكاس ئالىمى كىزلاسوفنىڭ «تۇۋانىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخى» ناملىق كىتابى، مەشھۇر تۈركشۇناس، ئۇيغۇر شۇناس كېلياشتورنىينىڭ» قازاقىستاننىڭ 3000 يىلى» ، «قەدىمكى تۈرك-رۇنىك يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىقلىشتىكى رولى» ناملىق مونوگرافىيىلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ «تىرفىن مەڭگۈ تېشى» ، «تەس مەڭگۈ تېشى» توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرى ۋە باشقا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئاتاقلىق ئالىم، تۈركشۇناس د. ۋاسىلىيېفنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسىرى «قەدىمكى تۈرك-رونىك يېزىقى يادىكارلىقلىرى گرافىكىلىق فوندى » ، «ياۋروپا-ئاسىيا رايونىدىكى قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى گرافىكىلىق فوندى» ، «ياۋروپا-ئاسىيا رايونىدىكى قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ توپلىمى» قاتارلىق كىتابلىرىنى، بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرشۇناسلاردىن ۋاينەشتېين، زوتوۋ، باسكاكوف، تۇگۇشېۋا قاتارلىق ئالىملارنىڭ قەدىمكىي تۈرك ۋە قەدىمكىي ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تىل تارىخىغا ئائىت ماقالىلىرى ۋە مونوگرافىيىلىرىدە ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي، جۈملىدىن ئېتنوگرافىيىلىك مەسىلىلىرىگە ئائىت قىممەتلىك پىكىرلەر بار. شۇ قاتاردا ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن ئەزىز نارىنبايىفنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر پەلسەپە-ئىدىيە تارىخىدىن» ، م. روزىيېفنىڭ «قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇيغۇر قاغانلىقى ئۈستىدە توختالغان.

قاراخانىلار سۇلالىسى توغرىسىدا داۋىدوۋىچ، فېدروف، كارايېف، ئەمىر نەجىپ، ئىۋانوف، كونونوف، باسكاكوۋا قاتارلىق ئالىملار مەخسۇس رەۋىشتە تەتقىقات ئېلىپ باردى. تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى توغرىسىدا د. ئېيسىيېۋ، مالياۋكىن، تۇگۇشېۋا، تىخونوف، قادىر بايىف، ياكوۋسكىي، ئا. كېبروف قاتارلىق ئالىملار تەتقىقات ئېلىپ باردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيە ئارخېئولوگىيىلىك مەسىلىلىرى ئۈستىدە چېبوكسىاروف، كىسلىپىف، ئۇشانىستا، رەشىتوف، لىتۋىنىسكىي، ئوكلادنىكوف ۋە باشقىلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر دەۋرى يەنى چاغاتاي خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى توغرىسىدا مۇقىنوف، مەھمۇت قۇتلۇقوف، ئىۋانوف، ئاكىموشكىن، زوتوف، يۇدىن، بېرتىلىس قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملار مەخسۇس ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخي، ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى بىلەن بىرگە قىستۇرما يوسۇندا تەتقىقات قىلدى. بۇنىڭغا مىسال ئۈچۈن مەشھۇر ئالىم يۇدىنىنىڭ «مۇغۇلىستاندىكى مۇغۇللارنىڭ ئۇرۇقداشلىق قۇرۇلمىسى ھەم ئۇلارنىڭ قازاق ۋە باشقا قوشنا خەلقلەر بىلەن بولغان ئېتنىك مۇناسىۋىتى» (1965 - يىلى)، بېرتىلىسنىڭ «نەۋائىي» (1948 - يىلى )، «پارس - تاجىك ئەدەبىيات تارىخي» (1960 - يىلى) ناملىق مونوگرافىيىلىرى ۋە ماقالىلىرى، مۇقىنوفنىڭ «ئاسىيا خەلقلىرى مۇزىيىدىكى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار»، مەھمۇت قۇتلۇقوفنىڭ «موغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭ» ۋە «سەئىدىيە خانلىقى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى كۆرستىش مۇمكىن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى تارىخي توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئەڭ مۇھىم تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن دۇمان، كوزنىتسوف، خوجايوف، كېبىروف، دوبرووۋىسكايا، گورىيېۋىچ، كولېسنىكوف، چېۋىر، ھەيرزىۋا، ياسىنخانوف ۋە باشقىلارنى كۆرستىش مۇمكىن. بۇلاردىن بىز خوجايوفنىڭ «چىن ئىمپېرىيىسى ۋە ئەسىرلەردە شىنجاڭ» ناملىق مونوگرافىيىسى، مورىيېۋچىنىڭ «18 - 19 - ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر» ناملىق مونوگرافىيىسى ۋە كولېسنكوف بىلەن كىلياشتورنىينىڭ «رۇس سەيياھلىرىنىڭ نەزىرىدىكى شىنجاڭ»، دۇماننىڭ «18 - ئەسىردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق سىياسىتى» گە ئوخشاش كۆپلىگەن كىتابلار ۋە ماقالىلەرنى

مىسال قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئېپىسىپىفنىڭ «يەتتە شەھەر دۆلىتى»، چېۋىرنىڭ «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى»، مالىك كېبىروۋنىڭ «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتە سوغا كۆچۈشى» نى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، رۇس ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى كۆپلىگەن كوللېكتىپ تەتقىقات ماقالىلىرى مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭغا ئۈچ توملۇق زور ھەجىملىك كىتاب «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ» (1988-1990-يىللىرى نەشر قىلىنغان) ئارخېئولوگىيە، سىياسىي، تارىخىي ۋە مەدەنىيەت يازما يادىكارلىقلىرى بويىچە «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىي» (1991-يىلى)، «ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيانىڭ تارىخىي» (1985-يىلى)، «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ، مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرى»، «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخىي» قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر، شۇنداقلا يېقىنقى زامان تارىخىي توغرىسىدىكى تەتقىقاتى مول نەتىجە بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەزكۇر ساھەدىكى تەتقىقات قوشۇنى ساپا جەھەتتىن ئۈستۈن بولۇپلا قالماي، مول تەتقىقات تەجرىبىسىگە ۋە ئۆزىگە خاس ئىلمىي مېتودىكىغا ئىگە.

ئۇلارنىڭ كاتتا ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئالىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر تىلىنى ۋە ياكى باشقا بىر تۈركىي تىلنى پۇختا ئىگىلىگەن. تەتقىقات مېتودى جەھەتتە، مەنبە شۇناسلىق پرىنسىپى بويىچە ئۇيغۇر تارىخىي جۇڭگو يازما مەنبەلىرى بويىچە ئايرىم-ئايرىم تەتقىق قىلىنغان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تارىخىنى توغرا، ئەتراپلىق، ئىلمىي يورۇتۇشقا تىرىشقان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى تەتقىق قىلىۋاتقان مەزكۇر تېما ئۈستىدە ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ نەتىجىلىرى، كۆز قاراشلىرىنى ئۆرنەك قىلىش ۋە پايدىلىنىش بىلەن بىللە، باشقا دۆلەت ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى

ئەمگەكلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى زۆرۈر دەپ قاراپ، تېمىنىڭ ماتېرىيال ئاساسىنى كۈچەيتكەن. يالغۇز بىرلا خىل ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ چەكلىمىگە ئۇچراپ قېلىشتىن خالىي بولغان. دېمەك، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخىي توغرىسىدىكى تەتقىقات مېۋىلىرى، ئىلمىي مېتودىكىسى بىزنىڭ نۆۋەتتىكى بۇ ساھە ئۇستىدىكى تەتقىقاتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە دۇنياغا يۈزلەندۇرۇشىمىز ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

## تارىخ كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ

1995-يىلى 9-ماي خاتىرىسى ئۈچۈن شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئۆتكۈزۈلگەن چايغا قاتناشقان قېرى پروفېسسور قورۇق باسقان ئۇششاق بارماقلىرى بىلەن قاردەك ئاپئاق چاچلىرىنى سىلاپ ئېغىر خورسىندى. يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينىكى ئاستىدىكى بىر جۇپ كۆكۈچ كۆزلىرىدىن ئېغىر ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ، قول ياغلىقى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئۇھ تارتتى. ئارقىدىنلا غاڭزىسىغا ئالدىرىماي تاماكا بېسىپ، ئۇنى باشمالتىقى بىلەن چىڭداپ قويۇپ، ئوت تۇتاشتۇردى—دە، ئېغىر بىر شورىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

—شۇنداق، ئوغلۇم بىز رۇسلار بەزىدە خېلىلا يۈزسىز كېلىمىز، —دېدى. ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ، — مىللىتىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تارىخىي مۇساپىلىرى بىزنى ئاشۇنداق يۈزسىز، رەھىمسىز قىلىپ قويغان. ئورماندىن چىقىپ مەدەنىيەت بىلەن ئەمدىلا ئۇچرىشىپ، كىيېف رۇس دۆلىتىنى بەرپا قىلىپ، پۇتكۇل سىلاۋيانلارنى بىر سىياسىي بىرلىك ئاستىغا توپلاپ، دۆلەتچىلىك ھاياتىنى باشلىغىنىمىزدا، موڭغۇل، تاتارلارنىڭ بىر زەربىسى بىلەن ۋەيران بولۇپ، تەخمىنەن 300 يىلدەك ۋاقىت ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىدۇق. 15-16-ئەسىرلەردە

موسكۋا دۆلىتى، باشقا سىلاۋيان كىنەزلىكلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك قوشۇن بىلەن قىرىم خانلىقى، قازان خانلىقىنى بويسۇندۇردى. قازان خانلىقىنى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ جەڭدە ئىۋان گروزنىي رۇسلارنىڭ 300 يىللىق ئۆچىنى تاتارلاردىن بىراقلا ئالدى. قازاننى قانغا بوياپ، پۈتكۈل ئەر جىنسىنى ئۆلتۈردى. رۇسلارنىڭ ۋەھشىيلىك بىلەن بويسۇندۇرۇش تارىخىي بەلكى شۇنىڭدىن باشلانسا كېرەك.

رۇسلار رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنى شەكىللەندۈرۈش جەريانىدا قانچىلىغان خەلقلەرنى بويسۇندۇردى، قانچىلىغان ئۇرۇشلارنى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاياغلىرى ھەتتا ئالياسكىدىن ئۆتۈپ، ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغىمۇ يەتتى. مۇشۇ جەرياندا سىياسەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. رەھىمسىزلىك، بويسۇندۇرغۇچىلىق خاراكتېرى رۇس مىللىتىنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىن ئورۇن ئالدى. ئەپسۇسكى، تارىخ ئۆز تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە قانۇنىيىتى بىلەن مېڭىپ، ئەڭ ئاخىرىدا، ئېيىقتەك ھۆركىرىگەن، دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە رۇس دۆلەتچىلىكى بۈگۈنكى كۈندە بىراقلا ۋەيران بولۇپ، خاراپلىشىش، پارچىلىنىش يولىغا ماڭدى. بەلكى بۇ تارىخنىڭ جازاسى، تۆكۈلگەن قانلارنىڭ قىساسى ياكى تارىخنىڭ ھۆكۈمرانلىق نۆۋىتىنىڭ ئالمىشىشى ۋە ياكى تارىخىي قانۇنىيەت دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئاشۇ تارىخنىڭ تەكرارلىنىشىدۇ! دېمەكچىمەنكى، دۇنيادا مۇتلەق مەڭگۈلۈك ئىمپېرىيە بولمايدۇ ھەم ھېچقاچان بولمىغان!

— پەرىزىڭىزگە قوشۇلىمەن، — دېدىم مەن جاۋابەن ئۇنىڭ پىكرىنى تەستىقلاپ. بوۋاي غاڭزىسىنى سوراپ مەمنۇنىيەت بىلەن ئىللىق كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— رۇس مىللىتىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تارىخىي كەچۈرمىشلىرى ئۇنى بۈگۈنكى يېڭىچە تۈزۈمدىكى كېلەچىكى ئېنىق ئەمەس رۇسىيىگە قايتۇرۇپ كەلدى. رۇس پەيلاسوپلىرىدىن بەردىيايېف، كارامزىن،

سولژېنىتسىن ۋە باشقىلار رۇسلارنىڭ بۇگۈنكى تەقدىرىنى ئالدىغا قويغان، پەرەز قىلغانىدى، مەن ئۆمرۈمنىڭ ئۆتكەن ئىككى قىسمىنى شەرق مەسىلىسىگە بېغىشلىدىم، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتسام، مەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن ئۇيغۇرلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندىم. سىلەرنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغا قەدەر سىياسىي تەقدىرىڭلارنىڭ خۇلاسىسىنى ئۆگەندىم. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز رۇسلار سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلار بىلەن تولا ئويناشتۇق، بىز سىلەرنى ئويۇنچۇق قىلدۇق. سىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا دىپلوماتىيىسىدە گەۋدىلىك رول ئوينىدىڭلار. قىسقىسى، رۇسلارنىڭ يۈزسىزلىك خاراكتېرى سىلەرگە ناھايىتى ياخشى ئىشلىتىلدى. ئۆتكەن ئەسىر ۋە بۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى رۇسلار ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىم ئىدىكى، بۇنىڭدىن بەزىدە ئۆز مەنپەئەتلىرى ۋە مەقسەتلىرى ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانسا، ئوخشاشلا بەزىدە يەنە شۇ جانىجان مەنپەئەتى ۋە مەقسىتى ئۈچۈن رەھىمسىزلەرچە قۇربان قىلدى.

مەن بۇۋاينىڭ ئاچچىق-تەنە ئارىلاش تەھلىللىرى ۋە ھۆكۈملىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىدىم، دېمىسىمۇ تارىخ ھەممىگە ئايان، تارىخ ھەسرەت، نادامەت، ئاھ-زار بىلەن تولغان.

ئەگەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەۋجۇتلۇق تارىخىنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلىسىڭىز، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھاياتىغا ئۆزلىرىنىڭ ھەسسە قوشۇشىدىن ئىبارەت پائالىيىتىنىڭ بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالمىغانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھايات مۇساپىسى جەڭگىۋار مۇساپە ھەم ئۆز نۆۋىتىدە قايغۇ-ئەلەملىك مۇساپە، جۇملىدىن ئىجادچانلىق، غۇرۇرلۇق، پەخىرلىنەرلىك مۇساپە، ئۆز مەۋجۇدىيىتى يولىدا غالىبلارچە ئالغا ئىلگىرىلىگەن مۇساپە ئىدى.

بىز تارىخىمىزنىڭ غالىبلىق شەجەرىلىرىدىن چەكسىز پەخىرلىنىش

بىلەن بىرگە، ھەم ئۆز نۆۋىتىدە تارىخىمىزدا كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلەردىكى ساۋاقلارنى يەكۈنلىشىمىز كېرەك، بۇ بەكمۇ مۇھىم.

رۇسلارنىڭ ئومۇمەن ياۋروپالىقلارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۆز تارىخىنى بىلىشنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايدۇ، ئۇلار پەرزەنتلىرىنى كىچىكىدىنلا تارىخ بىلىملىرى بىلەن، جۈملىدىن ئۆز تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر مىللەتپەرۋەر قەھرىمانلارنىڭ شانلىق روھى بىلەن تەربىيىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تارىخنى بىلىش، قانداق كەسىپ ئەھلى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەر بىر پۇقرانىڭ، قىسقىسى، تەربىيە كۆرگەن ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەقەللىي بۇرچى. شۇڭا، ئۆز تارىخىدىن چەكسىز پەخىرلىنىش روھىغا ئىگە رۇسلار ئۆز مىللىتىدىن چىققان مەشھۇر قەھرىمانلار، سىياسىيونلار، ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار، ئالىملار ئۈچۈن ھەيكەل ئورنىتىش، يەر ناملىرىنى ئۇلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاپ، ئۇلارنىڭ روھى ۋە نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن.

رۇسلارنىڭ بۇ ئادىتى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان جۇمھۇرىيەتلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، يەرلىك مىللەتلەرمۇ بۇ خىل ئادەتنى قوبۇل قىلغان. جۈملىدىن رۇسلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەيلى ئۇ چوڭ مىللەت بولسۇن ۋە ياكى كىچىك مىللەت بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆز تارىخىدىكى مەشھۇر ئادەملىرىگە ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە يول قويغان ۋە قوللىغان. مۇبادا سىز ئۆزبېكىستانغا بارسىڭىز، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تاشكەنت شەھىرىدىكى ئېگىز ھەيكىلىنى، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئۇنىۋېرسىتېت، تىياتىر، كۇتۇپخانا، باغچە، كوچا ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىنى كۆرىسىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرونىي، مۇقىمىي، فۇرقەت، ئاتائىي، مەشرەپ، ئايبېك، غاپۇر غۇلام، سابىر رەخىموف ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان شەخسلەرگە بېغىشلانغان بۇنداق نامايەندىلەرنى ھەممىلا يەردە كۆرىسىز.

قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستانغا بارسىڭىز ئىبىن سىنا، ئەل خارەزمى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەبۇنەسىر ئەلفارابىي، ئاباي قونانبايى، ماناس، بېدىل، ئابدۇراھمان جامى، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي، مۇختار ئەۋېزوف، سەدىرىددىن ئەينى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھەم شۇ قاتاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاز مىللەت ھېسابلانغان ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئىسمائىل تاھىروف، سوپى زاراۋاتوف (ئىنقىلابچىلار)، ھېزىم ئىسكەندەروف، نۇر ئىسرائىلوف، ئۆمەر مۇھەممەدى، خىزمەت ئابدۇللىن، قۇددۇس غوجامىيارۇف، مۇرات ھەمرايوف، خوجائەخمەت سەيدنۇاققاسوف (ئەدىب، ئالىم، سەنئەتكەرلار)، بىلال نازىم، سادىر پالۋان، نۇزۇكۇم (مىللىي قەھرىمانلار ۋە كلاسسىكلار) .... قاتارلىق كۆپلىگەن شەخسلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى كۆرىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورگانلىرى، مەكتەپ، كوچا ھەم باشقا جامائەت سورۇنلىرىنى كۆرىسىز.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە تۆھپىسىنى مۇنداق قەدىرلەش روھى ئاساسىي ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان رۇس مىللىتىنىڭ مەدەنىيەتلىكلىكى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سوۋېت تارىخشۇناسى س. ماركوفنىڭ مەلۇماتىچە 1823 ـ، 1828 ـ يىللىرىدىكى مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى قەشقەر خەلق قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تەخمىنەن 70 مىڭ ئادەم مانجۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، سىر دەريا ۋادىسىغا، يەنى خوجەنت، دالۋاس ۋە تاشكەنت ئەتراپىغا كۆچۈپ بارغان ھەمدە تاشكەنت ئەتراپىدا يېڭى شەھەر رايونى پەيدا قىلغان. («چوققىغا ئۆرلىگۈچىلەر»، موسكۋا 1968 ـ يىلى نەشرى. 28- بەت)، 1847 ـ يىلىدىكى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندا يەنە 20 مىڭ ئادەم قوقەنتكە كۆچۈپ ـ كەتكەن (م. زورىيېف: «قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى»،

ئالمائاتا، 1979 -يىل نەشرى، 47 - بەت)

1878 - يىلى زوزۇڭتاڭ يەتتە شەھەرگە يۈرۈش قىلغاندا، تەخمىنەن 100 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قېچىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەن (د. ئىبىسىيىف: «يەتتە شەھەر دۆلىتى» ئالما ئاتا، 1990 - يىل نەشرى، 110 - بەت)، كورۇپاتكىن بۇ ھەقتە يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش جەريانىدىكى پاجىئەلىك قىسمىتى توغرىسىدا يۈزەكى بولسىمۇ مەلۇمات بېرىدۇ. 1881 - يىلى «جۇڭگو - رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ۋە 1878 - يىلىدىكى «جۇڭگو - رۇسىيە لىۋادىن شەرتنامىسى» غا ئاساسەن ئىلى مەنچىڭ خاندانلىقىغا قايتۇرۇلغاندا، 9572 ئائىلە يەنى 45373 ئۇيغۇر مانجۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، يەتتە سوغا كۆچكەندى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق دىرېكتورى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىك نامزاتى (مۇخبىر ئەزا) خوجائەخمەت سەيدىۋاققاسوف 60 - يىللاردا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن يازغان «پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابىدا قەيت قىلىشىچە، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسى 250 مىڭدىن 300 مىڭغىچە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوۋېت ئالىمى سولوگوفنىڭ مەلۇماتىچە، تۈركىستان گوبېراناتورلىقىدا 1915 - يىلى 279 مىڭ شىنجاڭلىق كۆچمەن بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار ئىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ 1926 - يىلىدىكى تەكشۈرۈش مەلۇماتىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئەينى ۋاقىتتا تەخمىنەن 710 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ 500 مىڭى ئوتتۇرا ئاسىيادا، تەخمىنەن 210 مىڭى يەتتە سۇ رايونىدا ياشىغانىكەن. بۇنىڭدىن، شۇ ۋاقىتتىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستانغا كۆچۈشىنى توختاتمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئەمما، 1959 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇرلار تەخمىنەن 100 مىڭ دەپ

ئېلان قىلىنغان بولسا، 1991-يىلى 249 مىلك دەپ ئېلان قىلىندى.

19-ئەسىردە مەشھۇر قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئېنىقلىشىچە، 1825-يىلى جاھانگىر غوجا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قەشقەرىيىدىن قوقەنت، شەھرىخان شەھەرلىرىگە ۋە پەرغانىنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە 7000 ئەتراپىدا ئۇيغۇر كۆچكەن، كېيىن بۇ سان كۆپىيىپ 300 مىلك ئەتراپىغا يەتكەن. 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا يەنە 15 مىلك ئۇيغۇر قوقەنتكە كۆچۈپ بارغان. قاراسۇ قاتارلىق جايلارغا 9000 دولانلىق ئۇيغۇر كۆچۈپ بارغان.

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قارىشىچە، شۇ چاغلاردا تاشكەنت شەھرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا يەنى يېڭى شەھەرگە قەشقەرلىك ئۇيغۇر كۆچمەنلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان، شەھرىخان شەھرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك قەشقەرلىك ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن، قاراسۇمۇ شۇنداق بولغان. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار 324 مىڭغا يەتكەن (چوقان ۋەلىخانوف: «قەشقەر خاتىرىلىرى»، ماقالىلەر توپلىمى، ئالمائاتا، 1962-يىل نەشرى، 172-، 222-، 335-بەتلەر.)

پروفېسسور بوۋاي غاڭزىسىنى سوراپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. ئۇ سوئال نەزىرى بىلەن: ــ ئويلىساڭ، تارىخ بەكلا سىرلىق ۋە ئاددىي، ئۇ ھامان سوئاللار بىلەن تولغان، بولۇپمۇ سىلەرنىڭ تارىخىڭلار ئەنە شۇنداق. نېمە ئۈچۈن مەرد يىگىت سېيىت نوچى ئۆلۈم خېتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنمۇ قاچماي رۇخسەت سوراپ، قەدىردان ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ خوشلىشىپ كېلىپ، ئۆلۈم مەيدانىغا ئۆزى بارىدۇ؟ «مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات! نا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە» دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئۆلۈمگە خۇشال-خورام ناخشا ئېيتىپ بارىدۇ. بۇنداق مەردانە كۆرۈنۈشنى دۇنيا تارىخىدىن ئىزدەپمۇ تاپالمايسىز، نېمە ئۈچۈن؟ 1932-يىلى تۆمۈر سىلىك قەشقەر كونا شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، ئەنگلىيە كونسۇلى ۋە سوۋېت كونسۇلى بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىپ،

بىرىگە «ناسارا» ، يەنە بىرىگە باشقىچە ئات قويۇپ، «ئۇ يەرلىك، بىر يەرلىك» دېيىشىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ دىن قېرىنداشلىرى بولغان تۇڭگان ئەسكەرلەرنىڭ قولىدا ئۆلدى؟ نېمە ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجى گېنېرال مايورلۇق فورمىسىنى كىيىپ، دوستلىرىنى تاشلاپ دۈشمىنىنىڭ يېنىغا كەلدى؟ نېمە ئۈچۈن شېڭ شىسەيگە مۇئاۋىن رەئىس بولدى؟ شېڭ شىسەي قانداق سەھنىگە چىقتى؟ نېمە ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى قەشقەردە ئەمەس، غۇلجىدا باشلىنىپ، گومىنداڭنىڭ كۈلىنى كۆككە سورىيالىدى؟ نېمە ئۈچۈن شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دۆلەت بايرىقىنى غەلىبىلىك ھالدا خانتەڭرىگە قاداپ، ئۇيغۇر خەلقىنى جۇملىدىن ھەر مىللەت خەلقىنى يېڭىچە ھاياتقا، سوتسىيالىستىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرەلىدى؟ دېگەن سوئاللار ھەر قاچان ئۆزىگە جاۋاب ئىزدەيدۇ، —دېدى.

موسكۋادىكى ھاياتىم ئەنە شۇنداق سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش بىلەن ئۆتتى. كىتاب دۆۋىلىرى ئارىسىغا چۆكۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەقىقەتلىرى، تەگسىزلىكلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرى بايان قىلىنغان ۋاراقلار ئىچىدە كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. بەزىدە ئاشۇنداق قېرى پروفېسسورلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگەنسەم، بەزىدە دەرسخانىلاردا، زاللاردا لېكسىيە ئاڭلىدىم، رۇسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسى، ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى كۇتۇپخانىسى، جۇڭگوشۇناسلىق كۇتۇپخانىسى، شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسى ۋە باشقا كۇتۇپخانىلاردا باش چۆكۈرۈپ كىتاب كۆرۈپ ۋەتەننى، مىللەتنى چۈشىنىش يولىدا تىنىمسىز ئىزدەندىم.

موسكۋا ھاياتى يەنە بىر ياقتىن ئالغاندا، مۇساپىرەتتىكى ئادەم ئۈچۈن تولىمۇ زېرىكەرلىك ۋە زارىقىشلىق ئىدى، ۋەتەندىن كەلگەن ھەر بىر خەۋەر ۋە خەت ماڭا ئالەمچە كۈچ - قۇدرەت ۋە روھ ئاتا قىلاتتى. ئادەمنىڭ ھەر كۈنى خۇشال ئۆتۈۋەرمەيدىكەن، خۇشاللىق بىلەن غەم- قايغۇ قوشكېزەك بولىدىكەن. 1994- يىل 13- دېكابىر ھاياتىمدىكى ئەڭ

كۆڭۈلسىز ۋە ئەك ئىچىنىشلىق كۈن بولدى. ياۋروپالىقلار ئۆچ كۆرىدىغان بۇ سان مەن ئۈچۈنمۇ كۆڭۈلسىز ۋە يامان سان بولۇپ قالدى. ئادەتتىكىدەك، ۋەتەن توغرىسىدا بىرەر خەۋەر كۈتۈپ تۇرغان 13 ـ دېكابىردا، ئالمائاتادىن كەلگەن دوستلۇرۇم، ئەڭ يېقىن دوستۇم، مەن ئۈچۈن ئاكا سۈپىتىدە كۆرىدىغان پىكىردىشىم، قەلبدىشىم، قېرىنداشىم نەبجان كېرىم ئوغلىنىڭ قارامايدىكى زور ئوت ئاپىتىدە قازا قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. مەن قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمىدىم. بۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى رۇسىيە ئاخبارات ساھەسى بۇ ۋەقە توغرىسىدا خەۋەر بەرگەنىدى. دوستلىرىمدىن ئاڭلىغان خەۋەرنى رۇسىيە ئاخبارات ساھەسىنىڭ خەۋىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ، ئاخىرى ئىشەندىم، ئاھ! تەقدىرگە تەن بەرمەي نېمە ئامال. تەقدىر ئەنە شۇنداق رەھىمسىزلىكى بىلەن ھەممە نەرسىنى تارىخقا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ ئەمەسمۇ.

مەن دوستۇم توغرىسىدا كېيىن ئېنىقراق خەۋەرگە ئىگە بولدۇم. ئۇ، ھەقىقىي يىگىتتەك، تارىختىكى مەرد ئوغلانلاردەك قۇربان بولغانىدى. ۋىجدان ئۇنى ئۆزىنى قاچۇرۇپ قۇتۇلدۇرۇشقا، باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ نارەسىدە باللارنىڭ ئاھ-زارىنى ئاڭلىماسلىققا يول قويمىدى. ئۇ، بىر قانچە باللىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، دەھشەتلىك ئوت ئىچىگە يەنە قايتا كىرگەن، ئۇ يەنە شۇ باللارنى-كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا جىنىنى تىككەن ئەمما 2 ـ قېتىم زالدىن چىقالماي قۇربان بولغانىدى.

مېنىڭ موسكۋا خىياللىرىم، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاشۇ دوستۇمنىڭ خىياللىرى ئىدى. ئۇ، مېنى ئىلمىي بولۇش، ۋەتەن-مىللەت يولىدا تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئۈندىگەن، شۇنداقلا تۇنجى رۇس تىلى دەرسىنى بېرىپ، مېنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئەخلاق-پەزىلەت، تۇرمۇش تەرتىپى شۇنداقلا غايە بىلەن تەربىيىلىگەن دوستۇم ھەم ئاكام ئىدى، ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياردەملىرىنى ئويلىسام، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا جاۋاب قايتۇرالمىغانلىقىمغا ئېچىنىمەن. ئۇ، ھەممىگە قىزغىن، ئوچۇق-

يورۇق مۇئامىلە قىلاتتى. پايدا-مەنپەئەتكە كۆز قىزارتمايتتى، كەسكىن مىجەزلىك، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ياش زىيالىي ئىدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن 1981-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا تونۇشقانىدىم، ئۇ، مەكتەپتىكى چاغدىلا پۈتكۈل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، چىقىشقاقلىقى بىلەن ھەقىقىي ھۆرمەت ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى پۈتكۈل شىنجاڭ ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ شەھەرلىرىدىمۇ قالدى. دۆلەت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرېشىت، قەييۇم باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار دوستۇمنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتىغا ماتەم بىلدۈردى. چۈنكى ئۇنىڭ خىزمەت تالانتى، قابىلىيىتى، ئەخلاق-پەزىلىتى ئۇلارنى قايىل قىلغانىدى.

مەن دوستۇمنىڭ پاجىئەسىدىن كېيىن ھاياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چۈشەندىم. دېمەك، ھاياتلىق تارىخ ھەم رېئاللىقتۇر. ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇنداق قايغۇ، خۇشاللىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ تارىخنى ياراتقان، بىزمۇ ئۆز دەۋرىمىز بىلەن تارىخنى يارىتىۋاتىمىز. مىللىتىمىزنىڭ قان - تەرى، جاپالىق ھايات مۇساپىسى، ئەمگىكى ئەنە شۇنداق بىز ھەم پەخىرلىنىدىغان، ھەم ئېچىنىدىغان تارىخىمىزنى ياراتقانىدى.

تۇنۇگۈنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى تارىخ بەتلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. مېنىڭ ئاشۇ قەدىردان دوستۇممۇ، نى-نى ئوغلانلار، ئالىيجاناب ئىنسانلار ھەتتا مەلئۇنلارمۇ تارىخ قۇرلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. شۇڭا، بىز تارىخنى ئەسلىسەك، ئۇنىڭ ئېيتىشارلىق بەتلىرىمۇ، قان - ياشلىق بەتلىرىمۇ بار. بىز تارىختىن كەچۈرۈم سورىساق. ئۇ بىزگە نەپرەت ۋە قايغۇ نىدالىرى بىلەنلا جاۋاب بېرىدۇ، ئۇنى ۋاقىتلىق ئالداش مۇمكىن، لېكىن مەڭگۈلۈك ئالداش ئەمەس! دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، بۈگۈن بىز ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى ھەقىقىي يوسۇندا بىلمەكچى بولساق، تارىخىمىزغا مۇراجىئەت قىلىشىمىز كېرەك! خەنزۇلار، رۇسلار جۇملىدىن ياۋروپالىقلارنىڭ

ئۆز تارىخىنى قەدىرلەش، سۆيۈش روھىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، تارىخىمىزنى قەدىرلىگىنىمىز، سۆيگىنىمىز دەل ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى قەدىرلىگەنلىكىمىز ھەم سۆيگەنلىكىمىزدۇر. قىسقىسى، ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى بىلمىسەك، ئۆزىمىزنى كېلەچەك ئۈچۈن تەييارلىيالمىساق، تارىختىكى شان-شۆھرەتلىك ئاشۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىنى مەڭگۈ خوش قىلالمايمىز، بىز دەسلەپ، تۆپىسىدە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، بىر-بىرىمىزگە ئورا كولاپ، شەخسىيەتچىلىك، تەخسكەشلىكتە دۇنيا رېكورتى يارىتىپ ياشاۋاتقان زېمىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىقىنى بىلمىسەك، چوقۇم بىزنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى تەقدىر ئەڭ پاجىئەلىك رەۋىشتە ئاياۋسىز قامچىلايدۇ.

خۇددى مەشھۇر رۇس تارىخشۇناسى، پەيلاسوپى م. كارامزىن ئېيتقاندەك: «تارىخ كېپەنلەرنى يىرتىپ، ئۆلۈكلەرنى ئويغاتقۇچى، قەلبلەرگە ھاياتلىق قېنىنى قۇيغۇچى، تىللارغا سۆز بەخش ئەتكۈچى، ھەشەمەتلىك سەلتەنەتلەرنى قايتىدىن ياراتقۇچى، ئۆتۈپ كەتكەن ئەسىرلەر زىلزىلىلىرىنى پۈتكۈل ھاياجانلىرى ۋە ئاپتورلىرى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ، ھاياتىمىز مەزمۇنلىرىنى كېڭەيتكۈچى مۆجىزىدۇر. بىز ئۇنىڭ مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن بارلىق ئۆتۈپ كەتكەن زامانلارنىڭ ئادەملىرىگە ھەمدەم ۋە ھەمنەپەس بولىمىز، ئۇلار بىلەن گاھ سۆيۈپ تۇرۇپ، گاھ كۆيۈپ تۇرۇپ، قەلبىمىزنى رىغبەتلەندۇرگۈچى ھېسلىرىمىزغا ئوزۇق بەرگۈچى تۇرلۇك ۋەقەلەر دۇنياسىغا شېرىك بولىمىز ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئويلانماي تۇرالمايمىز».

تارىخ، ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ كىسەللىك ۋارىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدە ۋۇرلىرى ۋە خۇشاللىقلىرى، غەلىبىلىرى، مەغلۇبىيەتلىرى، يارىتىش قۇدرىتى، جاسارەت ۋە خىيانەت، ئاق ۋە قارىنىڭ شىددەتلىك توقۇنۇشلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەر پۈتۈلگەن كۆندىلىك خاتىرىدۇر.

تارىخ ئەجدادلارنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، كېلەچەك

ئۇچۇن ئۆزىنى ئاتىغان ئادەملەرگە ئەينەك، ئۆز شەخسىي مەنپەئەتى ئۇچۇن ئانىسىغا ئوخشاش سۆيۈملۈك بولغان ۋەتەن-مىللىتىنى دەپسەندە قىلغۇچى مۇناپىقلار ئۇچۇن جازا ھۆكۈمىدۇر!

شۇنداق، تارىخ ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ!

## يىپەك يولىدىكى ھامماللار

قىرغىزلار توغرىسىدا سۆز بولغاندا، چوقۇم ئالدى بىلەن ھەر قانداق چەت ئەل كىشىسىنىڭ خىيالىغا «ماناس» ئېپوسى ۋە ماناسنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقى، مەردلىكى، تۈز كۆڭۈللۈكى شۇنداقلا ئىنسانپەرۋەرلىكى كېلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ماناس روھى قىرغىز خەلقىگە ئەسىرلەردىن بۇيان ساغلام روھىيەت، ئەركىن، ئاق كۆڭۈل، مەردانە مىجەزنى بەخش ئېتىپ، قىرغىز مىللىي روھىي، مىللىي پسىخىكىسى ۋە مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ بۈگۈنگىچە ئۇلىنىشىغا ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىرلەرگە يېڭىچە قىياپەت بىلەن كىرىشىگە مەنىۋى زېمىن ياراتتى. قىسقىسى، «ماناس روھى» قىرغىز خەلقى جۈملىدىن بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئەڭ ئېسىل، ئالىيجاناب روھ ۋە خىسلەتلەر بىلەن سۇغۇردى.

قىرغىزىستان! نېمىدېگەن يېقىملىق ۋە جەزىبىدار نام—ھە! دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى قايتىدىن سىزىشقا مەجبۇر قىلغان «ماناس روھى» قىرغىزىستان دېگەن مەزكۇر نام بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولغاچقا، ھەر قېتىم كىشىلەر مۇشۇ ئىككى نامنى تىلغا ئالغاندا، كۆزلىرىگە قىرغىز خەلقىنىڭ ئەسىرىمىزدىكى ئالىي تۇقانبايېف، تۈگۈلبەك سىدىقبېكوف، چىڭگىز ئايتماتوف ۋە ئەسقەر ئاتايېف قاتارلىق ئېسىل ئوغلانلىرى كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنىڭ بىرى، خۇددى ئاشۇ ماناس خىسلىتىدەك «دوستلۇق، كۆيۈمچانلىق، سەمىمىيلىك ۋە تەڭ باراۋەرلىكنى قەدىرلەش» بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزكۇر خىسلەتلىرىدىن بۈگۈنكى كۈندە

بەھر ئېلىۋاتقان ئادەملەر قاتاردا ئەلۋەتتە مەزكۇر «ماناس دۆلىتى» نىڭ مېھمىنى بولۇپ، بۇ ئەل تۇپرىقىدا قانۇنلۇق ھالدا ۋاقىتلىق تۇرۇپ، تىجارەت، قۇرۇلۇش ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، قىرغىز ئېلىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۈردە ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشۇۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ بار، 1991-يىلىدىن باشلاپ قىرغىزىستان بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا سودا كەڭ-كۆلەمدە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئەلگە كېلىپ تىجارەت قىلىش دولقۇنى قوزغالغاندا، كۆپلىگەن ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىدى. خۇددى قىرغىز خەلقىگە ئوخشاشلا روھىي دۇنياسى ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان، جاپاكەش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي پىسخىكىسىدا ئاشۇ ماناس ئەۋلادلىرىدا بار بولغان خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى!

90-يىللاردىن باشلاپ جۇڭگو بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، چېگرا سودىسى ئەۋج ئالدى. جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ئارىسىدىكى سودىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تىجارەت ھۆكۈمەت سودىسى شەكلىدىن شەخسىي سودا شەكلىگىچە تەرەققىي قىلىپ، ئالمائاتا، بىشكەك، تاشكەنت، ئوش، چىمكەنت، يەركەت قاتارلىق چوڭ-كىچىك شەھەرلەردە مەخسۇس شىنجاڭلىق تىجارەتچىلەر ئۈچۈن يەرمەنكە بازارلىرى ۋە توپ تارقىتىش بازارلىرى ئېچىلدى. بۇ بازارلار ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرى ئالمائاتادىكى «باراخولكا» بىلەن بىشكەكتىكى «تۇر بازار» بولۇپ، بەش يىلدىن بۇيان بۇ بازار بۇ دۆلەتلەرگە چوڭ پايدا يەتكۈزدى. تۆت-بەش يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ قەدىمى يەتمىگەن جايلار ئاز قالدى. بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ قەبرىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە قېپقالدى، نۇرغۇنلىغان قېرىنداشلارنىڭ بەدەنلىرىدە، ئوچۇقراقى يۈرەكلىرىدە بۇلاڭچى-باندىتلارنىڭ رەھىمسىز مۇشت-كالتەكلىرىنىڭ جاراھەت ئىزلىرى

قالدى. قانچىلىغان قېرىنداشلار خەلقىمىز تارىخىدا ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان پۇللارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. ئامېرىكا دوللىرىنى چامادانلاپ كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدىغان، ھەر قانداق سورۇندا مەيدىسىنى تىك تۇتۇپ، مەردانە ماڭالايدىغان، ئەڭ ئىلغار، دۇنياۋى ماركىدىكى پىكاپلارنى ھەپتىدە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ ھەيدىيەلەيدىغان، زۇڭتۇڭلار ياتىدىغان ئەڭ ئالىي مېھمانخانىلاردا ياتالايدىغان بولدى. ئەپسۇسكى، بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئامەتتىن گاڭگىراپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق كۈنلىرىنى، خەلقىمىز ئىچىدە كۆرمىگىلىغان ئادەملەرنىڭ موھتاجلىقتا سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلىدى. ئۇلار پۇلنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئەمەس، ئۇنىڭ قەغەز تەرىپىنى تونۇپ، روھى ۋە جىسمانىي دۇنياسى كېسەللىك بىلەن قاپلانغان رۇس پاھىشىلىرىنىڭ ئەۋرەتلىرى ئاستىغا تۇتامالاپ قىستۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرىنى خۇددى ھاياتنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك ھېس قىلىشتى. بىر-بىرىگە كۆز-كۆز قىلىشىپ، ئامېرىكا دوللىرىنى كۆيدۈردى، ئارقا پىشايىنى ئېرتتى، قوللىرىنى سۆرتتى. قىسقىسى، نەدە بۇزۇقچىلىق، مەنمەنچىلىك، ئۆز ئارا دۈشمەنلىشىش بولسا، شۇ يەردە ئۇلارنىڭ پۇللىرى ئۇچۇپ يۈردى. ھەتتا پۇل تولەپ بىر-بىرىگە باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق زەربە بېرىپ پۇخادىن چىقىپ، پۇلنىڭ كۈچىنى كۆرگەن نوچىلىرىمىز يوقسۇزلۇق، ئىشسىزلىق تۈپەيلىدىن مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن خارلانغان قانچىلىغان ياش ئۇيغۇر قىزلىرىمىزنى ئالداپ، ئاخىرى ئۇلارنى ئېپلاسلىق كوچىلىرىغا ئىتتىرىۋەتتى.

20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا بىر مەھەل گۈركىرىگەن بۇ بىر قىسىم تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئىسمىنى يازالمايدىغان ياكى تۈزۈك باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمىگەن نادان-جاھىل ئادەملەر ئىدى، تەقدىرىمىزنىڭ پاجىئەلىك يېرى، مۇنداق يوللار ياخشى نىيەتلىك، خەلقپەرۋەر ئادەملەرنىڭ قولىغا ئازراق چۈشتى ياكى چۈشمەي، ئەكسىچە

قارا نىيەت، جاھىللارنىڭ قولىغا بەكرەك چۈشكەنلىكى ئىدى. ئاقىۋەتتە، خەير - ساخاۋەت ۋە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلمىگەن بۇ پۇللار شۇنچە تېز سۈرئەتتە غايىب بولدى. لېكىن يەنە شۇنداق ئېسىل ئوغلانلىرىمىزمۇ باركى، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە تاپقان پۇللىرىنى خەلقىمىزنىڭ مائارىپ-مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە پاك ئىسلام ئەخلاقى تەربىيىسى، ئاپەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى، يېتىم يېسىرلار ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيا تىجارىتى يەنىلا داۋاملاشماقتا. ھازىر بۇرۇنقىدەك ئۇنداق كۆپ پايدىلار يوق. ئەمدى ئادەملەر ئاشۇ چاغلاردىكى پۇللارنى چۈشىدىمۇ كۆرەلمەس بولۇپ قالدى. ئاللا ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنى كۆپلەپ پۇل تېپىشقا نېسىپ قىلغاي.

مەن قىرغىزىستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپى، رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قىرغىزىستانغا كېلىپ دەرس ئۆتۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقات، ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا ۋەتەنداشلىرىمىنىڭ بىشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، چوڭقۇر ئويغا پاتتىم. بىشكەك شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سوۋېتىسكىي كوچىسىغا جايلاشقان، ساياھەتچىلەرنىڭ يازلىق دەم ئېلىش بازىسى (ئورنى) بولغان گۈزەل باغچىنى قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى مەخسۇس شىنجاڭلىق تىجارەتچىلەر ئۈچۈن توپ تارقىتىش ۋە پارچە سېتىش بازىرى قىلىپ قۇرۇپ بەرگەنىكەن. ھاۋاسى ساپ، ياپېشىل ئورمان بىلەن قاپلانغان بۇ باغچىغا كىرگەن كىشى گويا بىر كىچىك ئۇيغۇر دىيارىغا كەلگەندەك بولۇپ قالىدۇ. ھەممە ياقتا ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ ھىدى پۇراپ، ئۇيغۇر ناخشىلىرى ياڭراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك بەش ۋاق يېقىملىق ئەزاننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ئالدىراش نامازغا ماڭغانلىقىنى كۆرىسىز. قىسقىسى، بۇ يەر ئاجايىپ قاينام تاشقىنلىق، ئۆزگىچە خاس بىر دۇنيا. مەن «تۇر بازار»

ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، تارىخ پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور تۇردى جىرغالبەكنىڭ ئازادە ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتىم.

— قىرغىزىستان بويىچە ئەڭ چوڭ ھېسابلانغان بۇ بىشكەك «تۇر بازار» بازىرى 1993-يىلى تەسىس قىلىنغانىدى، — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ بازار قۇرۇلغاندىن بۇيان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شۇنداقلا تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانلارغا داڭقى كەتتى. بازار بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنى يېنىك سانائەت ماللىرى بىلەن تەمىنلىدى. بىز يىلىغا دۆلەتكە 40 مىليون سوم باج ۋە تاموژنا بېجى تۆلەيمىز. ھەر ئايدا كىرىدىغان ساپ پايدا 500 مىڭ سوم. بىلىشىمچە، مەملىكىتىمىزدە يىلدا دۆلەتكە مۇنداق ساپ پايدا يەتكۈزىدىغان ئورۇن پەقەتلا بىزنىڭ مۇشۇ شىركىتىمىزدۇر، — دېدى.

تۇردى جىرغالبەك ئاكىنىڭ مەلۇماتىچە، «تۇر بازار» بازىرى ئېچىلغان تۆت يىلدىن بۇيان بۇ يەردىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىگە كەلتۈرگەن ساپ پايدىسى تەخمىنەن 160 مىليون سومدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ يەردە دائىملىق تۇرۇپ تىجارەت قىلغۇچىلاردىن ئۆز ئىختىيارى بويىچە 1 مىليون سوم يىغىلىپ، ئەسلىدىكى ئەتراپى ئوچۇق «تۇر بازار» بازىرىنىڭ 5 گېكتار دائىرىسى ئېگىز تۆمۈر رېشاتكا بىلەن قورشالغان. يەنە بىر مىليون سوم يىغىلىپ «تۇر بازار» دائىرىسىدە 36 ئېغىزلىق ماگىزىن قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، بىر قىسمى پۈتۈپ ئىشقا چۈشكەن. 250 مىڭ سوم يىغىلىپ ئاپتوبۇس بېكىتى ياسالغان. 150 مىڭ 300 كىلوۋاتلىق گېنېراتور سېتىۋالغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە _ سومغا 250 تىجارەتچىلەردىن يىغىلغان پۇل بەدىلىگە تىككۈچىلىك، ياغاچچىلىق، رېمونتچىلىق، ئەۋرەز يولى قۇرۇلۇشى، چۆپ ئىشلەش، ماي زاۋۇتى قاتارلىق كەسىپلەر يولغا قويۇلغان.

—ئۇلۇغ ئۇيغۇر خەلقى، —دەيدۇ ھۆرمەتلىك ياش دىرېكتور، —مېنى ئۆزىنىڭ كۆپ ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن قايىل قىلدى. ئۇلار قىرغىزىستانغا—بىزنىڭ ئاشۇ پوتكۇل ۋۇجۇدى ۋە روھى دۇنياسى 70 يىلدىن بۇيان بۇلغىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەخلاقى، تىلى، مىللىي ئەنئەنىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن قىرغىزلىرىمىزغا مەزكۇر روھنى قايتا تىكلىۋېلىشىدا تېگىشلىك تۆرتكىلىك رول ئوينىدى. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشنى خالايمەنكى، بىزنىڭ بەزى كىشىلىرىمىز: «ھەممە يەرنى ئۇيغۇرلار قاپلاپ كەتتى، ئۇلار ئېلىمىزگە كېلىپ يەرلىرىمىزنى ئىگىلىۋالدى، جۇڭگونىڭ ناچار-سۈپەتسىز ماللىرىنى سېتىپ خەلقىمىزنى قاقتى-سوقتى قىلدى» دەپ زارلىنىدۇ. بۇ، ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ۋە نادانلىقتۇر، بۇ پەقەت مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىگىلا ئېسىلىۋالغانلىقتۇر. ئۇلارنىڭ تىجارىتى ۋە ئېلىپ كەلگەن تاۋارلىرى ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن بىزنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسىدىكى ئىستېمالچىلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجى بىلەن باغلىنىشلىق. ئېلىمىزگە يېقىنقى تۆت-بەش يىلدىن بۇيان كېلىپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇرلار ساناقلىقلا، بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغىنىمۇ يوق دېيەرلىك. شۇنداق دېگۈچىلەر بەلكى ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك. ئۇلارنىڭ بىز قىرغىزلاردىن كۆتىدىغىنى «ھەقىقىي دوستلۇق، سەمىمىيلىك ۋە ئۆز ئارا چۈشىنىش» بىزنىڭ مەشھۇر تارىخچىمىز سۇلتانايى ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ يېقىن تۇغقان خەلق ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. شىنجاڭلىق ئاتاقلىق قىرغىز تارىخچىسى ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندىمۇ قىرغىزلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ھېسابلانغان جيەنكۈن بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئېتنوگېنىزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان دىڭلىڭلارنىڭ ئارىلىشىپ، بىرلەشمە قەبىلە ئىتتىپاقى بولغانلىقىنى يازىدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، قىرغىزلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىر قانچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىتنىك، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن چەمبەرچاس باغلىنىپ ياشىغان، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى، تاغ-دەريالىرى بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىپ

كەتــكەن. ئۇيغۇرلارمــۇ بىرنىـــڭ قىرغىزلارغـــا ئوخشـــاش قـــۇچىقى كەڭ، مېھماندوست خەلق. ئاشۇ 1916 - يىلى قىرغىزلارنىڭ بېشىغا ئېغىر پاجىئەلەر چۈشـۈپ، قىرىلىـــپ، خـــانىۋەيران بولـــۇپ 100 مىڭـــدىن ئـــارتۇق ئاھالە تەڭرىتېغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۇيغۇرلار يېرىگە قېچىپ بارغانـدا، ئۇيغۇرلار ئۇلارنى تۆركۈم - تۆركۈملەپ ئىسسىق ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاش - ئوزۇق، ئـوت - چـۆپ بېرىـــپ، ئىمكانىيەتلىرىنىـــڭ يېتىشـــىچە يـــاردەم قىلغانـــدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىمـۇ يـاڭ زېڭشـىن ھۆكۈمىتىنىـڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ئاسـتىدا ئېزىلىـــپ تۇرمۇشـى ناھـايىتى قـىيىن ئەھۋالـدا ئۆتىۋاتـــاتتى. ئۇيغۇرلارنىـــڭ يـــاردىمى بىـــلەن بىرنىـــڭ زور تۆركۈمـــدىكى خەلقىمىز ھايـات قېلىــپ، تىرىكچىلىـك قىلـدى. ئۇيغـۇرلار يېـرىگە مۇنـداق تۆركـۈملەپ قېچىــپ بېرىــپ پانـــاھلىنىش 1916 - يىلـــدىن يـــاكى 1944 - يىلىغىچە داۋاملاشتى. ئـۆكتەبىر ئىنقىلابـى، كوپېراتسىيىلەشـتۈرۈش، ۋەتەن ئۇرۇشـى قاتـارلىق ۋەقەلەر كـۆپلىگەن قىرغىزلارنـى يەر، ئـۆي - ماكـانلىرىنى تاشلاپ، ئۇيغۇر يەرلىرىگە بېرىــپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر قىلـدى. ئۇيغـۇرلار قىرغىزلارغـا دوسـتلۇق، قېرىنداشـلىق مېھـرى بىـلەن مۇئـامىلە قىلـدى. مېـنىڭچە، قىرغىـز خەلقـى ھېچقاچـان ئۇيغـۇر خەلقىنىـــڭ بـــۇ تـــارىخىي ياخشـــىلىقلىرىنى ئۇنتـــۇپ قالمايـــدۇ. يەنە شـــۇ نـــۇقتىنى ئەســـكەرتىپ ئـۆتىمەنكى، قىرغىزىســـتان مۇســـتەقىل بولغانـــدىن كېـيىن قىرغىـز خەلقـى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەلۇم قىيىنچىلىققا دۇچ كەلـدى. دۆلەتـتە ئىشسىزلىق، ئاچارچىلىق ئەۋج ئالدى. بەلكـى ئاشـۇ ئۇيغـۇر تىجارەتچىلىرى بولمىغان بولسا، «تـۇر بـازار» بولمـاس ئىـدى. شـىركىتىمىزدىكى 120 نەپەر خىزمەتچى ئىشسـىز قېلىــپ ئـائىلىلىرى قانچىلىـك قىيىنچىلىققا دۇچ كېلەر ئىدى ؟! ئۇنىڭدىن باشقا، ئاشۇ جايدا تۇرۇۋاتقـان 500 دىـن ئـارتۇق ئـادەم ئىشسـىز قېلىــپ، ئىـش ۋە نـان ئىـزدەپ نەلەردىمـۇ يـۈرەر ئىـدى ـــ ھە ؟! ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى قانداق كۈنلەرنى كۆرەر ئىدى ؟! دېمەك، «تۇر بـازا» دىكى ئاشـۇ ئۇيغـۇر تىجارەتچىلىرى ئـۆز ئەمگەكلىـرى بىـلەن ئاشـۇ نەچچە يۈزلىگەن بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇۋاتىدۇ، ئەگەر «تۇر بازار» بولمىغـان بولسا،

هۆكۈمەتنىڭ خەزىنىسىگە ھەر يىلى 40 مىلىيون سوم كىرىمگەن بولاتتى. قىرغىزىستان دۆلىتى قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يىلىغا 40 مىلىيون سوم بولسىمۇ دۆلەت خەزىنىسىگە چۈشۈشى ياخشى ئىش. مەن ئويلايمەنكى، ئۇيغۇر خەلقى ۋە بۇ يەرگە كەلگەن ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكچانلىقى، تىرىشچانلىقى، جاپاكەشلىكى، شۇنداقلا ئىنسانپەرۋەرلىكى بىلەن بۈگۈن يەنىلا شۇ تارىختىكىگە ئوخشاشلا قىرغىز خەلقىگە پايدا يەتكۈزۈۋاتىدۇ، خالاس. ئەگەر ئۇلارنى زىيان سېلىۋاتىدۇ دېگۈچىلەر بولسا، مەن ئۇنىڭغا ھەر قاچان جاۋاب بېرىشكە تەييارمەن. ئەگەر كىمكى قىش - زىمىستان كۈنلىرى «تۇر بازار» غا كېلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرىنى بىر كۆرسە ھەممىنى چۈشىنىدۇ، بۇ بىچارىلەر كېچە-كۈندۈز 20 گرادۇسلۇق سوغۇقتا تالادا ماللىرىنىڭ ئۈستىدە يېتىپ، سوغۇقتا جاقىلداپ تىترەپ تۇرۇپ تىجارەت قىلىشىدۇ. نۇرغۇنلىرىنىڭ پۇت-قوللىرى ئۈششۈپ كەتكەن، ھەر خىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان. ئۇلارنىڭمۇ خوتۇن - بالىلىرى، ئاتا - ئانىلىرى بار، ئۇلارمۇ ئادەم، لېكىن ئۇلاردىكى جاپادىن قورقمايدىغان رىقابەت ئېڭى ھېچقاچان ئۇلارنى توختاتمايدۇ. ئەمما بىزنىڭ قىرغىزلىرىمىز بولسا، ئىككى تەڭگە تاپسا ئۇنىڭغا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، جېدەل چىقىرىپ يۈرۈشىدۇ. بەزلەرنىڭ تاپقان پۇلى ھاراق بىلەنلا تۈگەيدۇ. ئۇنداق سوغۇقتا تۇرۇپ پۇل تېپىشقا ئەلۋەتتە چىدىمايدۇ. «تۇر بازار» دا دائىملىق تۇرۇشلۇق مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدە ھاراق ئىچىپ، مايماق دەسسىگەن ئادەمنى كەمدىن-كەم ئۇچرىتىسىز. ھەممىسى دېگۈدەك بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدۇ. باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشتىن قاچىدۇ. ئادىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ 80% تى دېگۈدەك ئىسمىنى يازالمايدىغان ساۋاتسىزلار بولسىمۇ، لېكىن تەرتىپ-ئىنتىزام، ئادەمگەرچىلىك، تەشكىلچانلىقنى، مىللەت-دۆلەتنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاشنى بىلىدۇ. قىرغىز خەلقىگە ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن قارايدۇ، ئەمما ئۇلار تۇرمۇشتا ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئەڭ يامىنى شۇكى، بىزنىڭ بىر قىسىم يامان نىيەتتىكى ئادەملىرىمىز (ساقچىلىرىمىزمۇ

بار) ئۇلارنى قورقۇتۇپ، پۇل ئۇندۇرۇش ئوبيېكتى قىلىۋالغان. بۇ سودىگەرلەر بۇلاڭ-تالاڭغا ھەتتا ساقچىلارنىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، بىزنىڭ قىرغىز ئېلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەن ياخشى ۋە يامان كۈنلىرى بار، دەپ ئويلايمەن.

تۇردى ئاكا ئېيتقاندەك، ئۇيغۇرلىرىمىز ئىچىدە بۇ دۆلەتكە ئەڭ ياخشى ئىستەكلەر ۋە تۇيغۇلار بىلەن كېلىپ، كۆڭلى رەنجىپ، يامان تەسىراتلار بىلەن كېتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ھەتتا قىممەتلىك جانلىرىدىن بىگۇناھ جۇدا بولغانلارمۇ، يۈز مىڭلىغان ئامېرىكا دوللىرىنى ئىشەنچ تۈپەيلىدىن قىرغىزىستان شىركەتلىرىگە ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئالدىنىپ قېلىپ پۇلىنى يا مېلىنى ئالالماي ۋەيران بولۇپ، خەجلەيدىغان پۇلى قالماي ئاچ-يالىڭاچ، كوچىدا قېلىپ، شىنجاڭغا قايتالماي (پۇل ھۆكۈمەت شىركەتلىرىنىڭ بولغاچقا، ئەگەر ئۇلار بارسا قولغا ئېلىپ قانۇن جازاسىغا ئۇچرايدۇ)، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلەرمۇ يوق ئەمەس.

دىرېكتور تۇردى جىرغالبەكنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقىنىمدا كۆز ئالدىمغا يەنە بىر مەنزىرە كەلدى. بىر كۈنى ئاتۇشتىن چىققان بىر ئاغىنەم مېنى بىر يەرگە مېھمانغا ئېلىپ باردى. ئۆيگە كىرسەك ئالتە-يەتتە ۋەتەندىشىمىز ئولتۇرۇپتۇ، تائام يېگەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ خېلى چىقىشىپ قالدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ئاغىنەمدىن يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى قايتا-قايتا سوراپ كەتتى. چۈنكى ئاغىنەم يۇرتقا بېرىپ كەلگىلى بىر ھەپتىچە بولۇپ قالغانىدى. بىر دەمدىن كېيىن ھېلىقى كىشى ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرگەن باشقىلارمۇ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاشقا باشلىدى. ئۆي بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ماتەم تۇسىنى ئالدى. مەن ھەيرانلىق ۋە تەسىرلىنىش ئىلكىدە ئۇلارغا تەسەللى بەردىم، بىراق مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئۇلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ ئالتە دەردمەن ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر-ئاتۇشلاردا خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن باي تىجارەتچىلەردىن بولۇپ، گۇاڭجۇ، شاڭخەي، بېيجىڭ، شۇنداقلا موسكۋا، ئىستانبۇل قاتارلىق چوڭ

خەلقئارا شەھەرلەردە تۇرۇپ تىجارەت قىلىپ، بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن ئادەملەر ئىكەن. بۇلار قىرغىزىستانغا كېلىپ دەسلەپتە خېلى كۆپ پۇل تاپقان، پۇل كۆپەيگەنسېرى مەغرۇرلىنىپ، قىنىغا پاتماي ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالغانىكەن. ئۇلار قىرغىزىستان تىجارەتچىلىرى بىلەن شېرىكلىشىپ چوڭ كۆلەملىك تىجارەتلەرنى ماڭدۇرغان، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ۋەتەندىكى تىجارەتچىلەرمۇ دەسمايىلىرىنى ئۇلارغا قوشۇپ پايدىغا شېرىك بولغان. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىشەنچ تۇپەيلىدىن پۈتۈن دەسمايىلىرىنى سودىغا سېلىپ، بىراقلا لوق پايدىغا ئېرىشمەكچى بولغاندا، «ئەتكەسچىلىك» ۋە «قانۇنسىزلىق» تۇپەيلىدىن ماللار مۇسادىرە قىلىندى دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قىرغىز شېرىكلىرى يۈز ئۆرۈپ، بۇ سودىگەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بەزىلىرى قىرغىزىستانلىق تىجارەتچىلەرگە پۈتۈن دەسمايىسىنى پاي قىلىپ قوشۇپ، قىرغىزىستانلىق تىجارەتچىلەر بىلەن بىراقلا ۋەيران بولغان. جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى سودىسى باشلانغاندىن كېيىن كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە كېلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا بىر-بىرىگە پايدا يەتكۈزۈپ، كۆپلىگەن «يېڭى بۇرژۇئازلار» پەيدا بولغانىدى. قىسقىغىنا تۆت-بەش يىل ئىچىدە ئىككىلا تەرەپ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە پۇل تېپىپ بېيىپ، دۇنياۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يېتىشىۋالغان ئادەملەر كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ سودا ئالاقىسى چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۇيغۇرلارنى بىرلەشتۇرۇپ، مۇناسىۋەت، ئۆز ئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر تىل ۋە شەرت-شارائىتنى ياخشى بىلىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلدى. بۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن ئۆز دۆلەتلىرى تەۋەسىدە ئالدىنقى قاتاردىكى بايلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. لېكىن، مۇناسىۋەت قويۇقلاشقانسېرى بەزىبىر قارانىيەت ئادەملەر سودىدىكى مەغلۇبىيەتلىرى

تۆپۈيلىدىن سەۋەبىي ئۆزىدىن ئەمەس، شېرىكلىرىدىن ئىزدەشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئارىسىدا ئۆز ئارا ئىشەنمەسلىك ۋە چۈشەنمەسلىك پەيدا بولدى. بىر قىسىم يامان نىيەتلىك ئادەملەر پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىنى سېتىپ، شىنجاڭدىن چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ ساددا ۋە ئاق كۆڭۈللۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئالدايدىغان ھەتتا ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى بۇلايدىغان، ئۇرىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستانلاردا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان دىلولارنىڭ تولىسىغا ھامان شىنجاڭلىق تىجارەتچى ئۇيغۇرلار چېتىشلىق ئىكەن. شىنجاڭدىن چىققان تىجارەتچىلەر ئارىسىدىمۇ بىر قىسىم يامان نىيەتلىك ئالدامچىلار بار بولۇپ، ئۇلار يەرلىك ئۇيغۇرلارنى ئالدايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىغا بارساڭ، شىنجاڭدىن چىققان ئۇيغۇرلارنى ئەيىبلەيدىغان، كەمسىتىدىغان، ئىشەنمەيدىغان ئەھۋاللار شەكىللەندى، ھەتتا شىنجاڭدىن چىققان ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ بىر-بىرسىنى كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، نادانلىق تۈپەيلىدىن ئۆز-ئارا بىر-بىرسىنى ساتىدىغان، قاراقوللار گۇرۇھلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئادرېسى، پۇللىرىنىڭ سانىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنى بۇلاتقۇزغاندىن كېيىن پۇخادىن چىقىپ خوش بولىدىغان، خەلق ئىچىدە ئابرۇيى بار، پۇل تاپقان ئادەملەرنى كۆرەلمەي، ئۇلارغا سىياسىي بەتنام چاپلاشنى پۇل تېپىش يولى قىلىۋالغان بىر قىسىم مۇناپىقلارمۇ بولدى.

بۇ خىل رەزىللىكلەر ئىككى تەرەپ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىغىلا ئەمەس، ئۆز ۋەتەنداشلار ئارىسىغىمۇ ئېغىر سوغۇقچىلىق سېلىپ، مىللەتنى پارچىلاپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە ئىستىقبالىغا گۆر قېزىش رولىنى ئوينىدى. تۆت-بەش يىلدىن بۇيان بەس-بەستە ئېلىپ بېرىلغان بۇ چېگرا سودىسى بىزنىڭ كۆپلىگەن ئۇيغۇرلىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق پارتلاش خاراكتېرىدە پۇل تاپقۇزغان بولسا، يەنە ئوخشاشلا

چاقماق تېزلىكىدە گادايى قىلىپ تاشلىغانىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ سودىدىن يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار پايدا ئالدى. بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولغان قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە باشقىلار كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە پايدا ئالدى. بىشكەك، ئالمائاتا قاتارلىق شەھەرلەردە دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىدە سېلىنغان تۇرالغۇ جايلار، داچىلار كۆپەيدى، ئەگەر بۇ شەھەرلەردە كۆرۈنگەنلىكى چىرايلىق بىنا، ئېسىل شەخسىي تۇرالغۇ ياكى داچىلارنى سورىسىڭىز، بۇ، پالانچى مىنىستىرنىڭ، پالانچى گېنېرالنىڭ، پالانچى مىنىستىرنىڭ ئوغلىنىڭ ياكى قىزىنىڭ دېگەنىدەك جاۋابنى ئاڭلاش نورمال ئەھۋال. قازاقىستان، قىرغىزىستانلار مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، قازاقىستان، قىرغىزىستان ھۆكۈمەتلىرى قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مىللەتلەرگە سودىدا يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن. ئۇلار ئۇچۇن بانكىدىن ئۆسۈملۈك ياكى ئۆسۈمسىز قەرز ئېلىش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغان. بۇ ھال ئۇزاق ئەسىرلىك چارۋىچىلىق ھاياتىدا ياشاپ، سودىدىن قىلچە خەۋەرسىز قالغان قازاق - قىرغىزلارنىڭ تىجارەت ئېڭى ۋە قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ ھەم راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل-ئىدرىكىنى ئاچقان .بۇ چېگرا سودىسى ئۇلارنىڭ مىللىي ئىقتىسادىي ۋە ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ھازىر بىشكەك، ئالمائاتا كوچىلىرىدىكى ئۇششاق تىجارەتنىڭ تولىسىنى قازاق، قىرغىزلارنىڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇيغۇر، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان ۋە باشقا سودىغا ماھىر مىللەتلەر ھازىر ئۇلارنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشىپ بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان.

مېنى مېھمان قىلىۋاتقان بۇ قېرىنداشلىرىمنىڭ دەردلىرى ھەددىدىن زىيادە كوپ ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۈچ-تۆت يىلدىن بۇيان خوتۇن-بالىلىرىنىڭ، قېرى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىگەن، جۈملىدىن بۇلار ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۆلۈك-تىرىكلىكىنى ھېچكىمگە ئېيتماستىن، مەخپىي ياشاپ يۈرگەن. چۈنكى باشقىلار كۆرۈپ قالسا، قەرز

ئالغان پۇلنى بەر، دەپ قىستىشىدىن، باشقا يامان ئاقىۋەتلەرگە قېلىشىدىن قورققان. ھەتتا خەجلەيدىغان پۇلى يوق بىر نەچچە كۈن ئاچمۇ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى: «مېنىڭ ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم، بىر نان بولسىمۇ بالىلىرىم بىلەن يۇرتتا (ۋەتەندە) بۆلۈشۈپ يەپ، شۇلارنىڭ تاتلىق گەپلىرى، ئەركىلەشلىرى، ئايالىمنىڭ بىر كۈلۈپ قارىشىنى كۆرۈش» دەپ ھەسرەت چەكتى.

«تۇر بازار» دىكى تىجارەتچىلىرىمىز 20 گرادۇسلۇق سوغۇقتا تالادا مالنىڭ ئۈستىدە يېتىپ-قوپۇپ تىجارەت قىلىپ، بىر-بىرلىرى بىلەن پات-پات قەرز سۈرۈشتۈرۈپ جېدەللىشىش، نەچچە ئونمىڭ ئامېرىكا دوللىرى قىممەتتىدىكى ماللىرىنى باشقا مىللەتلەرگە نىسىگە بېرىپ قويۇپ، ئايلاپ-يىللاپ پۇلىنى ئالالماي زەردىگۈش بولۇپ «تۇر بازار» نىڭ سىرتىغا چىقسا، ئاچ بۆرىدەك چىشلىرىنى بىلەپ تۇرغان ساقچىلارنىڭ تىل-ھاقارىتىگە ۋە دۇمبالاشلىرىغا دۇچ كېلىش، ھەتتا قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرتۈپ، ئەپچىللىك بىلەن ئۇلارنىڭ يانچۇقىغا «نەشە» سېلىپ قويۇپ، سەندىن نەشە چىقتى، سېنى مەڭگۈلۈك سولايمىز، دەپ قورقۇتۇپ، ئاخىرى نەچچە مىڭ دوللارنى ئۇندۇرگەندىن كېيىن قويۇۋېتىش، بەھۇدە قاماقخانىلارغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ تاياقلىرى بىلەن ھەتتا ئۆلۈپ كېتىش، ھەر تۈرلۈك باج-سېلىق ۋە قاقتى-سوقتىلاردىن يۈرىكى قان-زەرداپ بولۇپ كېتىشتەك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھاقارەتلەرگە دۇچ كەلسىمۇ، بەربىر تېز سۈرئەتلىك ئوبوروت قوغلىشىپ، كۈندە دېگۈدەك نەچچە يۈز مىڭ دوللارنى جۇڭگوغا كىرگۈزۈپ، ئۈنى يىۋۇ، شاسەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى كارخانىچى خوجايىنلارنىڭ قوللىرىغا ساق-سالامەت تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە پۇلى ئەرزان تاۋارلارنى سېتىۋېلىپ، 5 مىڭ كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ، قىرغىزىستان ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇسىيە شەھەرلىرىگە يەتكۈزۈپ، ئۈنى ئامېرىكا دوللىرىغا ئايلاندۇرۇپ يەنە جۇڭگو خەزىنىسىگە يەتكۈزۈشتىن قەتئىي باش تارتمايتتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىلغار

سودا تەپەككۇرى قابىلىيىتىدىن مەھرۇم قالغان بۇ ساۋاتسىز تىجارەتچىلەر چىش چوتكىسى، ئاياغ مېيى، ھەتتا تىرناق ئالغۇچىنىمۇ ئۆز يۇرتلىرىدىن 5 مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىن ئەپكىلىپ، ساتىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئەڭ ئەقەللىي، ئەڭ ئاددىي تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان بۇ مەھسۇلاتلارنى قەشقەر، ئاتۇش، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇلارنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا زاۋۇت قۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورنىغا ئەنە شۇنداق ئۇزاق مۇساپىدىن مىڭبىر جاپا چېكىپ، ھەسسىلەپ زىيان تارتىش بەدىلىگە يۆتكەپ كېلىشنى شەرەپ دەپ بىلەمدۇ ياكى كاللىسىنىڭ بۇ تېخنىكىغا يەتمىگەنلىكىدىنمۇ، دېگەن سوئال قىرغىزىستان، قازاقىستانلىقلارنىڭ كاللىسىدا ھەر قاچان مەۋجۇت. بۇ ئەھۋاللارغا دىققەت قىلغان بىر رۇس تىجارەتچى ماڭا: «ئۇيغۇرلار يىپەك يولىدىكى ھامماللار بولۇشقا مۇناسىپ خەلق ئىكەن» دېگەنىدى.

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئاشۇ ئىسمىنى يازالمايدىغان تىجارەتچىلىرىمىز 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغۇسىغا كېلىپ قالغان بۈگۈنكى شىددەتلىك رىقابەت دۇنياسىدا زامانىۋى تىجارەت ئېڭى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەجدادلاردىن مىراس قالغان ئىرسىيەت خاراكتېرلىك تىجارەت گىنىنغا تايىنىپ تۇرۇپ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە، ھەتتا ئەڭ زامانىۋى كومپيۇتېر ئۈچۈرى تىجارىتى بىلەن رىقابەتلەشكەن ھالدا تىجارەت ئېلىپ بېرىپ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتتى. مېنىڭچە، ئىسمىنى يازالمايدىغان، ھېسابات ئەھۋالىنى خاتىرىلىيەلمەيدىغان، ئىككى جۈملە بولسىمۇ ھۆججەت يازالمايدىغان بۇ تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ كاللىسى كومپيۇتېردىن قېلىشمايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلساق مۇبالىغە بولماس. بۈلاردىكى كۈچلۈك تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى، توختاۋسىز ئالدىن پەرەز قىلىش ئىقتىدارى شۇنداقلا ھەر ۋاقىت يۈز بېرىش مۇمكىن بولغان سۈيقەستلەر ۋە ئالدامچىلىقلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ھەممىدىن گۇمانلىنىش پسىخىكىسى، ھەممىدە كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان تەۋەككۈلچىلىك روھىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلىكى بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يەنىلا

تىجارەت دۇنياسىدا ئۆز نىسۋىسىنى تېپىپ يېيىشىگە ئاساس بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئوتتۇرا ئاسىيا، يىراق شەرق ھەتتا ياۋروپادا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەن شەھەرلەر يوق دېيەرلىك. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنى قۇلايلىق شارائىتلارغا ئىگە قىلدى. چۈنكى ئۇلار بۇ شەھەرلەردە ھېچقانداق ياتسىرىمايتتى، تەمترىمەيتتى. بۇ ئوڭۇشلۇق شارائىتلار بىرىنچىدىن، دىن جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تۈركمەن، قاراقالپاق قاتارلىق مىللەتلەر ئۇيغۇرلار بىلەن ئېتنىك جەھەتتىن ئورتاق مەنبەداش، تۇغقانچىلىقا ئىگە بولۇپ، مىجەز (خۇلق)، تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت، ئانتروپولوگىيىلىك (ئىرق) تۈزۈلۈش ھەمدە ئېستېتىك، پەلسەپۋى قاراشلار شۇنداقلا قىممەت قارىشى ۋە تىجارەت پسىخولوگىيىسى جەھەتتىن ئاساسەن دېگۈدەك ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇيغۇرلار بىلەن بۇ قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدىكى پەرقلەر ئاساسەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن باشلاپ چوڭىيىشقا باشلىغان بولۇپ، 50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۆز ئارا ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈشى تۈپەيلىدىن پەرق تېخىمۇ زورايغانىدى. ئىككى خىل دۆلەت تۈزۈمى ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدە ياشىغان بۇ خەلقلەر ئارىسىدا بىر-بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئەسلىدىكى ئورتاقلىق تەرەپلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ پەرقلەر ئانچە كۆپ ئەكس تەسىر كۆرسىتەلمىدى ۋە خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزالمىدى. ئۈچىنچىدىن، تىل جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، لۇغەت فوندى، فونېتىك ۋە مورفولوگىيىلىك جەھەتتىكى قىسمەن پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تىلى بىر-بىرىگە ئاساسەن چۈشىنىشلىك ئىدى. قىسقىسى، سەمەرقەنتلىك بىر ئۆزبېك تىجارەتچى ئاتۇشنىڭ شورئېرىق، ئوگىئېرىق ۋە ياكى خوتەن، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل، غۇلجا،

چۆچەكنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدىن كەلگەن مەلۇم بىر ئۇيغۇر تىجارەتچى بىلەن ئەركىن سۆزلىشىپ تىجارەت قىلالايتتى. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تەرجىمان ئىزدەپ ئاۋارە بولمايتتى. ئەلۋەتتە قازاق-قىرغىزلار بىلەنمۇ شۇنداق. تىل جەھەتتىكى بۇ ئوڭۇشلۇق شارائىت ئۇيغۇرلارنى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاننىڭ ئەڭ چەت يېزا - قىشلاقلىرىغىچە توسالغۇسىز ماڭدۇردى. ئۇيغۇرلار يەرلىك خەلقلەر ئارىسىغا كىرىپلا كەتسە، ئۇلارنى باشقىلار ئالدىراپ تونۇپ ئالالمايتتى. تۆتىنچى، ئوڭۇشلۇق شارائىت-مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قانداق شەھەرلىرىدە يەرلىكلەشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇشى ئىدى. بولۇپمۇ قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرلار بىر قەدەر كۆپ جايلاشقاندۇر. بۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلار توپ بولۇپ ئويۇشۇپ ياشاپ، ئۆز ئۆرپ-ئادەتلىرى، تىلى، مىجەز-خۇلقى شۇنداقلا ئۆز ۋەتىنى بىلەن بولغان بىۋاسىتە مەنىۋى باغلىنىشىنى پۇختا ساقلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاھالىسى تىجارەتكە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، مەلۇم تەجرىبە-ساۋاقلار ۋە مۇناسىۋەتلەرگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك روھى ئۈستۈن بولۇپ، ئاساسەن دېگۈدەك ئۆز ئانا ۋەتىنىگە چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ساقلىغان. مانا بۇ سەۋەبلەر ئۇيغۇرلارنى قۇلايلىق سودا شارائىتى بىلەن تەمىنلىگەنىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن بۇ يەردىكى باشقا خەلقلەردىن ئۈستۈن دەرىجىدە دېگۈدەك ياشاش ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. ئۇلار ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىش ۋە مەسئۇل خىزمەت ئۆتەش ھوقۇقلىرىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقالىغانىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، موسكۋادىكى كۈنلىرىمدە دائىم دېگۈدەك

ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار بىلەن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك تېمىلاردا سۆزلىشىپ قالاتتىم. دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن كۆنسايىن ئېشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارالىق تەسىرى، گېزىت-ژۇرنال ۋە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىڭ كۆپىيىشى ئۇيغۇر خەلقىنى كۈندىن-كۈنگە دۇنياغا تونۇتماقتا ئىدى. بولۇپمۇ دۇنيانىڭ دىققىتى ئاسىيانىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق ۋە ئىككىنچى چوڭ ئويمانلىق ھېسابلانغان تەكلىماكان ۋە تۇرپانغا قارىتىلماقتا. شۇ سەۋەبتىن مېنىڭ كەسىپداشلىرىم—رۇس ئالىملىرى ماڭا سوئاللارنى ياغدۇرۇۋېتەتتى، مەنمۇ ئۇلاردىن ئۇيغۇرلار توغرىلىق پايدىلىق مەسلىھەت ۋە نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ قالسام ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلايتتىم. بىر كۈنى ئاتاقلىق تۈركشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس، رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى XX ماڭا: «سىلەر ئۇيغۇرلار 21-ئەسىرنى نېمە بىلەن كۈتۈۋالماقچى؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن ئۆز جاۋابىمنى بەردىم، لېكىن ئۇنى قايىل قىلالمىدىم. ئۇ ماڭا: «ھازىر دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر 21-ئەسىرگە ئۆز سوۋغىلىرىنى تەييارلىماقتا، سىلەر تېخى قورساق غېمىدە، تا ھازىرغىچە خانلەيلۇننى تووۋلاپ، بىغەملىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىسىلەر، كۆرمىدىڭ ئۇيغۇر ساۋاتسىز پېتى ئىنسانىيەت ئالەمشۇمۇل تەرەققىي قىلىدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل-ئىدراكى ۋە تەپەككۇرى پارتلاش خاراكتېرىدە يېڭىلىنىۋاتقان 21-ئەسىرگە خىجىل بولماستىن كىرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پۈتلىكاشاڭ بولماقچىمۇسىلەر» دەپ زەردە قىلغانىدى.

رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلار ئىنستىتۇتىنىڭ رەئىسى پروفېسسور، تۈركشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس XX ماڭا: «سىلەرنىڭ روھىي دۇنيايىڭلار چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغانىكەن. چىراي-تۇرقىڭلاردىن بىر خىل مەنىۋى گادايلىق بىلەن جىسمانىي تەكۈپۈكسىزلىق

چىقىپ تۇرىدۇ. كۈلكەڭلەردە ياسىمىلىق كۆپ. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ھەر قانچە خۇشال-خورام تۇتساڭلارمۇ تېگى-تېگىڭلاردىن بىر خىل مەيۈسلۈك، غەم-قايغۇ، ئېھتىيات ۋە ئەندىشە چىقىپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، سىلەردە 20-ئەسىر ئادەملىرىگە خاس روھ كەم ئىكەن. بۇنداق شارائىتتا 21-ئەسىردىكى ھالىتىڭلارنى ئالدىن پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. خۇددى جۇڭگو تارىخنامىلىرىدا خاتىرىلەنگەندەك: «ئۇيغۇرلار باتۇر-مەردانە، ھاكاۋۇر خەلق ئىدى» دېگەن خاراكتېردىن ھازىر سىلەر تامامەن يىراقتا ئىكەنسىلەر. بۇ ھالدا 21-ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشتىن نومۇس قىلىشىڭلار كېرەك >> دېگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

يەنە بىر ئاتاقلىق رۇس ئالىمى ئاچچىق بىلەن: «سىلەردە مىللىي روھتىن يۇرتۋازلىق روھى كۈچلۈك ئىكەن. مەن ئۇيغۇر دېگەننىڭ ئورنىغا مەن قەشقەرلىك، مەن خوتەنلىك، مەن غۇلجىلىق ۋە ياكى مەن ئاتۇشلۇق دېگەننى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ ئېيتىدىكەنسىلەر. ئاڭلىسام، سىلەر ئوغۇل ئۆيلىگەن، قىز چىقارغاندا ئالدى بىلەن يۇرتىنى سۈرۈشتە قىلىدىكەنسىلەر، سىلەر مىللىتىڭلاردىن پەخىرلەنمەي يۇرتۇڭلاردىن، شەھىرىڭلاردىن پەخىرلىنىدىكەنسىلەر، مانا مۇشۇنداق ئۆز مىللىتى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز يۇرتى، ئۆز شەھىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان خەلقتىن مىنىڭچە، دۇنيادا پەقەت سىلەرلا ئېشىپ قالدىڭلارغۇ دەيمەن. بىر-بىرىڭلارغا شەپقەتسىزلىك ۋە خائىنلىق قىلىدىغان، شەخسىي مەنپەئەت ۋە ئابرۇيى ئۈچۈن مىللىي مەنپەئەتنى-ئومۇم مەنپەئەتنى ساتىدىغان يامان ئىللەتىڭلار بىلەن سىلەرنى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايدۇ. ھازىر دۇنيادا تەرەققىي قىلغان، ئىلغار ھېسابلانغان مىللەتلەر ئالدى بىلەن ئۆز ئىللەتلىرىنى تونۇش، تۈزىتىش بەدىلىگە ئۆز قەددىنى تىكلىگەن. سىلەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق ئادىتىنى 21-ئەسىرگە سۆرەپ كىرىشكە ئۇرۇنۇپ، ئۆزۈڭلارنى گۇمران قىلماقچىمۇ؟» دەپ تەنە قىلغانىدى. كېيىن ياپونىيىلىك بىر ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ماڭا: «سىلەر بەك

ئارقىدا قاپسىلەر، خەلقىڭلار ئومۇمىيۈزلۈك نادان ئىكەن. سىلەرنىڭ پۇلغا بولغان مۇھەببىتىڭلار مىللەتكە بولغان مۇھەببىتىڭلاردىن كۈچلۈك ئىكەن. شۇنداق، مىللەتكە پۇل كېرەك، لېكىن پۇلنى مىللەتنىڭ ئاستىغا ئەمەس، بەلكى ئۈستىگە قويۇش سىلەرنىڭ خاراكتېرلىك تەرىپىڭلار ئىكەن. بىز ياپونلار بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن ئىككى كۈن ھەرىكەت قىلىمىز ياپون باللىرى كۈندە 12 سائەت ئۆگەنمىسە، ياپونىيىلىك بىر كۈندە 16 سائەت ئىشلىمىسە، ياپونىيىنىڭ كېلەچىكى بولمايدۇ، ياپون مىللىتى يەر شارىدىن يوقۇلىدۇ، دېگەن مەنتەقە بىلەن ياشايمىز. سىلەر ئۇيغۇرلار كۈنىڭلارنى يەپ-ئىچىش، غەيۋەت-شىكايەت، تانسا-مەشرەپ، ئاچچىق ھاراق، ناخشا-ئۇسسۇل بىلەن ئۆتكۈزمىسەك ئۇيغۇرغا ئوخشىمايمىز دېگەندەك مەنتەقە بىلەن ياشايدىكەنسىلەر. تارىخىڭلارنى ۋاراقلاپ كۆرسەڭلار، بېشىڭلاردىن ئۆتكەن ھەر بىر پاجىئەلەر مانا مۇشۇنداق نادانلىق، مەرىپەتسىزلىك، ئىتتىپاقسىزلىق، بوشاڭلىق قاتارلىق ئىللەتلىرىڭلار تۈپەيلىدىن سادىر بولغاندى. تارىخي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، 21-ئەسىرنى كاللاڭلارنى سىلكىۋېتىپ كۈتۈۋالمىساڭلار، بۇ ئەسىر باشقا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ھوقۇقىنى تالىشىدىغان ئەسىرى بولسا، سىلەرنىڭ يوقىلىش ئەسىرىڭلار بولىدۇ» دېگەنىدى.

شۇنداق، بۇ ئالىملارنىڭ باھالىرى خاھى يۇرتىمىزدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، ياكى بىشكەكنىڭ «تۇر بازار»، ئالمائاتانىڭ «باراخولكا»، تاشكەنتنىڭ «خەنزۇ بازىرى» دا پۇل ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇرغا-مەيلى ئۇ شىنجاڭلىق بولسۇن ۋە ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بولسۇن ھەممىسىگە ماس كېلىدۇ. چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلىرىمىز، مەيلى ئېگىز بىنالارنىڭ، چوڭ زاۋۇتلارنىڭ خوجايىنلىرى بولسۇن، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاستىدا بىردىن «مېرسىدىن 500» ماركىلىق ئالىي دەرىجىلىك پىكاپى بار بولسۇن، مەيلى ئوتتۇراھال ياكى كەمبەغەل سەۋىيىدىكى كىشىلەر بولسۇن،

روھىي دۇنياسى ئاشۇ يۇقىرىقى پروفېسسور-ئالىملارنىڭ ھۆكۈملىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ئەڭ چوڭ گادايلىق ھېسابلانغان سىياسىي مەھكۇملۇق تۇپەيلىدىن ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە ۋەتەن تەرەپكە قاراپ خىيال سۈرىدۇ، ۋەتەن تەرەپكە قاراپ يىغا-زار قىلىدۇ. ئۆزلىرىنى يېتىم بالىدەك، سەرگەرداندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ ئازغىنا ئۇيغۇر دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە تېرىقتەك چېچىلغان ۋە چېچىلماقتا. قايسى جاي، قايسى دۆلەتكە بارمىسۇن ئۇيغۇر ئۆزىدىكى ئەنە شۇنداق كەمچىلىكلىرى تۇپەيلىدىن مۇساپىرلىق، بىچارىلىك ناخشىلىرىنى ئېيتىپ يۈرۈشمەكتە. بۇ مۇساپىرلارنىڭ بەزىلىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاللاغا دۆڭگەمەكتە، بەزىلىرى بولسا دۆڭگەيدىغان سەۋەب ئىزدەپ قىينالماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زىيالىي دوستلىرىم ئىچىدە قىرغىزىستانغا زىيارەتكە كېلىپ، يامان تەسىراتلار بىلەن كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس، بۇ يىل قىشتا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئىككى دوستۇم: «ئىككىنچى بۇ ئەلگە دەسسىمەيمىز» دېگەن ئاچچىق بىلەن كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كەلگىنى شۇ بولدىكى، بىر كۈنى ئۇلار ماگازىنلارنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىپ يۈرسە، ئىككى ساقچى ئالدىنى توسۇپ، پاسپورت-ۋىزىلىرىنى چىقىرىپ كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلار رەسمىيەتلىرىنى تولۇق كۆرسەتكەن. ساقچىلار بۇلارنىڭ قولىدىكى رەسمىيەتلەرنىڭ تولۇقلۇقىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ قولىنى كۆتۈرتىپ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرغان. بۇنىڭغا چىدىمىغان ئىككى ۋەتەندىشىم: «بىزنىڭ رەسمىيەتلىرىمىز تولۇق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بۇنداق قوپاللىق قىلىسىلەر» دېسە، ئۇلار بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي ساقچىخانىغا ئېلىپ بېرىپ سولايدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئاخىرى بۇ ئىككى ۋەتەندىشىم ساقچىغا 1000 سومدىن 2000 سوم بېرىپ قۇتۇلغان. مېنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ ئىككى دوستۇم ماڭا: «مەن قىرغىزلارنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنى ياخشى بىلىمەن، ئۇلار توغرىسىدا كۆپ ئوقۇغان، شۇڭا ئۇلارغا ھۆرمەت ھېسسىياتىم يۇقىرى ئىدى.

قىرغىزىستاننى بىر قېتىم كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلغانىدىم. مانا كۆردۈم، بۇ دۆلەتكە بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتىم بىلەن كېلىپ، يامان تۇيغۇ بىلەن كەتتىم. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە قىرغىز ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارمۇ كۆپ باردۇ. ئۇلار قانۇن جەھەتتىن قوغدىلىدۇ، ھېچكىممۇ ئۇلارنى قاقتى-سوقتى قىلمايدۇ ۋە قىلالمايدۇ. بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ، ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدۇ، ھەتتا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قىزغىن مېھمان قىلىدۇ» دېيىشتى. مەن ئۇلارغا: «بۇ ئىشلار قىسمەنلىك، سىلەرنى بوزەك قىلغان بۇ كىشلەر پۈتكۈل قىرغىز خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، قىرغىزىستان يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەت، بۇلاردا تېخى مۇنتىزىم قانۇن يوق. قىسقىسى، ھاكىمىيەت، قانۇن تېخى تازا مۇكەممەللىشەلمىگەن، بارا - بارا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. ئادەملىرىنىڭ ئېڭى ئۆسۈپ، دېموكرات، ئىنسانپەرۋەر بولىدۇ، قىرغىزىستان تېخىمۇ گۈللىنىدۇ» دەپ چۈشەندۈردۈم. ئۇلار سۆزۈمگە قايىل بولدى.

مەن شۇنداق قىلىپ، تۇردى جىرغالبەك ئاكا بىلەن كۆپ مۇڭداشتىم، ئۇنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئىشەنچىمىز كامىلكى، ئۇيغۇر خەلقى بىلەن قىرغىز خەلقى چوقۇم چىن يۈرىكىدىن بىر-بىرىنى سۆيۈپ، بىر-بىرى ئۈچۈن جان پىدا قىلىدۇ. ئۇيغۇر بىلەن قىرغىز بىر يىلتىزنىڭ دەرەخلىرى، ئۇلار بىلەن تەقدىرداش، خۇددى جان بىلەن تەن، قان بىلەن تومۇرغا ئوخشاش. قىرغىزغا ئۇيغۇر كېرەك، ئۇيغۇرغا قىرغىز كېرەك. ئاللاھ بۇ رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جۈملىدىن بۇ ئىككى قېرىنداشنى ئورتاق گۈللەپ ياشناشقا، تەڭرىتاغنىڭ سۇلىرىنى بىللە ئىچىپ، ئىسسىق كۆل، باغراش، سايرام كۆللىرىدە بىرگە چۆمۈلۈپ ئۆتۈشكە نېسىپ قىلغاي دېيىشتۇق بىز...

1996 - يىل ئۆكتەبىر، موسكۋا — ئۈرۈمچى؛

1997 - يىل ئۆكتەبىر، بىشكەك.

# ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى — ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭمۇ پاجىئەسى

5-ئاينىڭ 8-9-كۈنلىرى ياۋروپادىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەر تەرىپىدىن گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىنغان «غالىبىيەت بايرىمى» كۈنى قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ھازىرقى رۇسىيە ھەم باشقا مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا ئەزا مەملىكەتلەر 9-ماي كۈننى غالىبىيەت كۈنى سۈپىتىدە 63 يىلدىن بېرى ئىزچىل خاتىرىلەپ كەلمەكتە. ئىنسانىيەتكە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى جۇملىدىن فاشىزمنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا ئىنسانىيەت ئىنتايىن زور بەدەل تۆلىدى.

2-دۇنيا ئۇرۇشى ئەمەلىيەتتە ئىككى زور دۇنياۋى ھەربىي سىياسىي ئىتتىپاقنىڭ ئۆز-ئارا ئۇرۇشى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشقا 61 دۆلەت جەلپ قىلىنغان، ئۇلارنىڭ 37 سى بىۋاسىتە ئۇرۇشقا قاتناشقان. پۈتۈن ئۇرۇش جەريانىدا دۇنيا بويىچە ھەر قايسى مەملىكەتلەردىن بولۇپ، جەمئىي 50 مىليوندىن 70 مىليونغىچە ئادەم ئۆلگەنلىكى پەرەز قىلىنماقتا.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئادەم ئۆلگەن دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقى بولۇپ، تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگۈچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ھۆكۈمىتى تۆت يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا 18 مىليون سوۋېت خەلقىنىڭ چىقىم بولغانلىقىنى ئېيتىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

يىمىرىلىشىدىن كېيىن ئىنقىلابتىن كېيىنكى مەخپىيەتلىك ۋە تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدىن پاش بولۇشىچە، ئۇرۇش جەريانىدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 27 مىليونغا يەتكەن. مەزكۇر 27 مىليون جاننىڭ ئىچىدە شەرقتە ياپونىيىگە، غەربتە گىتلېر گېرمانىيىسىگە قارشى ئۇرۇش سەپلىرىدىن شۇنچە يىراقتىكى تىنچ رايوندا ياشىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ سانسىزلىغان ئوغۇل-قىزلىرىمۇ بار. ئۇرۇش سەپلىرىدىن تېخىمۇ يىراقلىقتا ياشىغان ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى ۋە جانلىرى ھەم ماددىي-مەنىۋى ياردەملىرى ئارقىلىق، ياۋروپا خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقتىن ئازاد بولۇشىغا ھەسسە قوشتى.

## ئومۇمىي ئۇچۇر

1941-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى گىتلېر گېرمانىيىسى 190 دىۋىزىيە، 4000 دىن ئارتۇق تانكا، 5000 دىن ئارتۇق ئايروپىلان، 47 مىڭ زەمبىرەك، 200 پاراخوتنى ئىشقا سېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قۇرۇقلۇق، ھاۋا ۋە دېڭىزدىن كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ دەھشەتلىك ئۇرۇش ئىلگىرى كېيىن 27 مىليون سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.

رۇسىيىنىڭ ئىنتېرفاكس ئاگېنتلىقىنىڭ 2005-يىلى، ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان يېڭى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا سابىق رۇسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى سېرگېي ئىۋانوپ ئۇرۇش مەزگىلىدە جەمئىي 26 مىليون 600 مىڭ سوۋېت گراژدانىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە 8 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ھەربىي خادىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

رۇسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئۇۋانوپنىڭ ستاتىستىكىسى بويىچە ئالغاندا، 8 مىليون 660 مىڭدىن كۆپرەك سوۋېت ئىتتىپاقى جەڭچى-ئوفىتسېرى بىۋاسىتە جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەندىن تاشقىرى يەنە 4 مىليون 59مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ئېغىر مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىغان بولۇپ، پۈتۈن سەپلەر بويىچە گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ، سوۋېت ئەسكەرلىرى توپ-توپى بىلەن ئەسىرگە ئېلىنغان. بۇ جەرياندا ۋە كېيىن سوۋېت قوشۇنىدىن 4 مىليون 559 مىڭ ئادەم ئەسىرگە چۈشكەن.

4 يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا 15 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم يارىلىنىش، كېسەللىك، توڭلاپ قېلىش، ئاچارچىلىق قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆلگەن ئىكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ۋەتەن ئۇرۇشىغا ئائىت ھەربىي ۋە ك گ ب ئارخىپلىرىدىن پاش بولۇشىچە، ئۇرۇش جەريانىدا يەنە بىر مىليونغا يېقىن سوۋېت جەڭچى ئوفىتسېرى ئۇرۇشتا قورقۇنچاقلىق قىلغان، جىنايەت ئۆتكۈزگەن، خائىنلىق، جاسۇسلۇق قىلغان دېگەندەك ئەيىبلەر بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىك ئالاھىدە ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن. ستالىن ئۇرۇشتا چېكىنگەن، قورقۇنچاقلىق قىلغانلارنى بىردەك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن بولۇپ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ جېنىنى پەقەت ئايىماي قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئاخىرى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. قىسقىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى ئاساسىي ئامىللارنىڭ بىرى ئادەم ئامىلى بولۇپ، ئىلغار گېرمانىيە ئۇرۇش تېخنىكىسى ۋە گېرمانىيە ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادەم سانىدىكى ئۈستۈنلۈكى ئاستىدا قەدەم-قەدەم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

ئەلــۋەتتە، يەنە ئامېرىكــا، ئەنگلــيە، فرانســيە قاتــارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىككىنچى ئۇرۇش مەيدانى ئېچىپ، 1944-يىلى 6-ئايدا نورماندىيىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ، غەربىي سەپتە گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشىمۇ مۇھىم ئامىل بولغان ئىدى. گېرمانىيە ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيىدىن باشقا بارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىنى بېسىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئافرىقىغىمۇ كېڭەيگەن. گېرمانىيىنىڭ مۇنداق كۆپ سەپلەردە جەڭ قىلىشى ئۇنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالغان بولۇپ، 1943-يىلى ستالىنگراد ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇشى ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى ئۇرۇش پىلانلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە، بارا-بارا سوۋېت ئارمىيىسى مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە يۈزلىنىپ، 1944-يىلىغا كەلگەندە سوۋېت زېمىنى ئاساسەن ئازاد قىلىنىپ، ئۇرۇش شەرقىي ياۋروپاغا كېڭەيتىلدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۇرۇش جەريانىدا ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا خەلقىمۇ زور قۇربانلارنى بەردى.

## تۈركىي مىللەتلەرمۇ زور چىقىم تارتتى

2-دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە كاۋكازىيە ھەم ۋولگا دەرياسى بويلىرىدىكى ئاز بىر قىسىم تۈركىي خەلقلەرنىڭ يەرلىرى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا بىۋاسىتە يولۇققانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۈركىي مىللەتلەر جايلاشقان تۇپراقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دەپتۇدەك گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ بىۋاسىتە ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىغان. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار تۆت يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا ئەڭ زور بەدەل تۆلىگەن خەلقلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ بەدەللىرى، ۋەيرانچىلىقلىرى پەقەت ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا بولغانلىقىدىنلا كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا

قاتناشماسلىققا ۋە بۇ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىماسلىققا ئامالى يوق ئىدى.

1941 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، سوۋېت ئارمىيىسى پۈتۈن سەپلەر بويىچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ھەربىي ـ قوماندان ۋە جەڭ قىلغۇچى قوشۇنلار يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلدى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ستالىن ھۆكۈمىتى پۈتۈن خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇرۇش قىلالىغۇدەك ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ھەربىي خىزمەتكە چاقىردى. ئاھالىسى زىچ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئۇنىڭ ھەربىي قوشۇنلارنى تولۇقلاشتىكى مۇھىم بازىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستاندىن تۆرلۈك قوشۇنلارنى جىددىي تۈزۈپ، تۈركۈملەپ، ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى.

ئۆزبېكىستان: ئەينى ۋاقىتتا 6 يېرىم مىليون نوپۇسى بار ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ئىلگىرى كېيىن 1 يېرىم مىليون ئوغۇل ـ قىزنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدىن ئاشكارىلىنىشىچە، ئۇرۇشقا قاتناشقان بىر يېرىم مىليون ئۆزبېكىستانلىقنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزبېكلەر بولۇپ، 450 مىڭ ئادەم ئۆلدى، يەنى ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلمىدى. 640 مىڭ ئادەم يارىلاندى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزبېكلەردىن 15 دىۋىزىيە ۋە بىرىگادا تەشكىللىنىپ، ئۇرۇش سەپلىرىگە ئەۋەتىلدى.

قازاقىستانمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نوپۇسى كۆپرەك جۇمھۇرىيەت بولۇپ، ئوخشاشلا ئۇنىڭدىن بىر مىليون 600 مىڭ ئادەم ئۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 425 مىڭ ئادەم ئۆلدى. قازاقىستاندىن 20 دىۋىزىيە ۋە باشقا قوشۇنلار تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئالمۇتا، بىشكەك ئەتراپىدا تۈزۈلگەن پانفىلوپچىلار دىۋىزىيىسى موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشىغا سېلىنىپ، كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن.

تۈركمەنىستان، نوپۇسى ئازراق جۇمھۇرىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن 300 مىڭ ئادەم ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلىپ، 90 مىڭدىن كۆپرەكى ئۆلگەن. زور ساندىكى ئادەم يارىلانغان.

تاجىكىستاندىن 260 مىڭ ئادەم قاتنىشىپ، 90 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن.

قىرغىزىستاندىن 360 مىڭ ئوغۇل-قىز ئۇرۇشقا بېرىپ، 130 مىڭدىن كۆپرەكى ئۆلگەن، كۆپ ساندىكىسى يارىلانغان.

ئەزەربەيجاندىن 700 مىڭ كىشى ئالدىنقى سەپلەرگە ماڭدۇرۇلۇپ، يېرىمى دېگۈدەك ئۆلگەن.

## ئۇيغۇرلار ئۇرۇش سېپىدىن ئەڭ يىراق تۈركىي خەلق

ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا قانچىلىك ئۇيغۇر بارلىقى ئېنىق ئەمەس، بەزى مەنبەلەردە 300 مىڭدىن ئارتۇق دەپ ئېيتىلسىمۇ، بىراق بىرلىككە كەلگەن ئېنىق سان يوق. ئەمما، 20-يىللاردا سوۋېت ئۇيغۇر رەھبىرى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا 700 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر بارلىقىنى ھېسابلىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۆزبېكىستانغا جايلاشقان ئىدى.

ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستاندا تۇرۇۋاتقان قوشۇنلار تەركىبىدە بىردەك ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەن. تۆت يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا زادى قانچىلىك ئۇيغۇر ئالدىنقى سەپتە بولدى؟ قانچىلىكى ئۆلدى دېگەن مەسىلە ھەققىدە تالاش-تارتىش مەۋجۇت بولۇپ، بەزىلەر 200 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، يېرىمى ئۆلدى دېسە، يەنە بەزى مەنبەلەردە 100 مىڭ ئەتراپىدا

ئۇيغۇر بىرىپ، ئۇلارنىڭ 30 مىڭى قايتىپ كەلدى دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەلۋەتتە، ئۆزبېكىستاندىن ئۇرۇشقا بارغان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى نوپۇسلىرىدا ئۆزبېك دەپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزبېك كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلۈشى تەبىئىي، ھەقىقەتەن 2-جاھان ئۇرۇشىمۇ 1937-1938-يىللىرىدا ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مىللىي كىملىكىنى ئۆزبېككە ئۆزگەرتىش دولقۇنى قوزغالغان پەيتكە دۇچ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، 200 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ئۇرۇشقا قاتناشتى دېيىشنىڭ مەلۇم ئاساسىي بار بولۇپ، ئەلۋەتتە، ئۆزبېكىستاندىكى ئۆزلىرىنى ئۆزبېككە ئۆزگەرتىۋالغانلار ئۆزبېك دېگەن نام ئاستىدا ئۇرۇشقا باردى خالاس.

ئۇيغۇرلار ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەڭ مەركىزىگە جايلاشقان بىر خەلق بولۇشى سۈپىتى بىلەن مەيلى غەربىي ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى، ۋە ياكى شەرقىي جۇڭگو ھەم تىنچ ئوكياندىكى ئۇرۇش سەپلىرىدىن ئەڭ يىراقلىقتا ئىدى. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، زور بىر تۈلۈمدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەۋەسىدە بولۇشى ئۇيغۇر خەلقىنى بۇ ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى. ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ قەدەم ئىزلىرى شەرقىي رۇسىيە، ئۇكرائىنىيە، بېلورۇسىيە ھەم غەربىي ۋە شەرقىي ياۋروپا بوستانلىقلىرىدا، تاغ-ئېدىرلىقلىرىدا قالدى. سانسىزلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ تەنلىرى بۇ تۇپراقلارغا كۆمۈلدى. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ئاشۇ نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ تەنلىرى قۇچاقلاپ ياتقان ئاشۇ زېمىندىكى سانسىزلىغان ئادەملەر ئەينى ۋاقىتتا ھەتتا ھازىرمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن جانلىرىنى تەقدىم قىلغان بۇ ئادەملەرنىڭ قاتارىدا ئۇيغۇر دەيدىغان بىر بىچارە مىللەتنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتەنلىرىدە ھوقۇقسىزلىقىنىڭ ۋە خارلىنىشىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەمەلىيەتتە، 1944-1945-يىللىرىدا ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ سوۋېت ئارمىيىسى تەركىبىدە شەرقىي ۋە غەربىي ياۋروپادا جەڭ قىلىپ، پراگا، ۋارشاۋا،

كراكوۋ، بۇخارېست قاتارلىق شەھەرلەرنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە ھەتتا بېرلىننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردا قان تۆكۈۋاتقاندا شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئۇيغۇر جەڭچىلىرى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكە—مانجۇرىيىنى ياپونلاردىن ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە قۇربان بېرىۋاتقاندا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ شىمالىدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىمۇ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى قوزغىلىپ، ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنى چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان گومىنداڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، شىردەك گۈركىرەپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنى ماناس دەرياسى بويىغىچە قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئەپسۇسكى، ستالىن، شەرقىي ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ گىتلېر تاجاۋۇزىدىن ئازاد بولۇپ، قايتىدىن مۇستەقىل سوتسيالىستىك دۆلەتلەرنى قۇرۇشىنى قوللىدىيۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارغا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرماي، غۇلجىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ جۇمھۇرىيىتىنى گومىنداڭ بىلەن بىرلىششكە قىستىدى ۋە ئاخىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن بىرلەشتۈردى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى ستالىننىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلانغان ئىدى. قىسقىسى ئۇيغۇر خەلقى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا باشقىلارنىڭ سىياسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن بىر خەلق بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىنلا باشلانغان دۇنيا تەرتىپىنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدا كېلىپ چىققان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، ئەڭ زىيان تارتقان خەلققە ئايلاندى. ئەگەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى شۇ مەزگىلدە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا ھەل قىلىنىپ، غۇلجىدا قۇرۇلغان ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالالىغان بولسا ئىدى، بەلكى، باشقىچە ئاقىۋەتكە قالماس ئىدى، ئۆز تىللىرىنى ئىشلىتىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقلىرىمۇ خىرىسقا دۇچ كېلىش ۋە ئۆز تۇپراقلىرىدا ئازلاپ، كېلەچەكتە مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولالامدۇق-يوق دېگەن سوئاللارنى قويۇپ ئاۋارە بولۇش قىسمەتلىرىگە دۇچار بولماس ئىدى.

# تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ ياكى سىياسىي ئويۇنلار قۇربانىمۇ؟

1941-يىلى 6-ئايدا گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم باشلىغاندا، سوۋېت قوشۇنلىرى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، غەربىي سەپتىكى پۈتۈن قىزىل ئارمىيە بىتچىت بولۇپ كەتكەن. مانا مۇشۇنداق پەيتتە ستالىن بارلىق خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئالدىراشلىق بىلەن قوشۇن تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتكەن. بۇ ۋەزىپە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭمۇ بېشىغا چۈشكەن بولۇپ، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، تاجىك، قاراقالپاق ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بارلىق جەڭگە يارىغىدەك (پۇل-قوللىرى ساق، سالامەتلىكى ياخشى) يەنى 18 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئەرلىرى جۈملىدىن كۆپلىگەن ياش قىزلار ئالدىنقى سەپكە ماڭدۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا قورال يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر ئىككى ياكى ئۈچ ئادەمگە بىر مىلتىق بېرىلگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنى ئەڭ غەزەپلەندۈرگەن نەرسە شۇ بولغانكى، دۈشمەن يېقىنلىشىپ كەلمىگۈچە ئۆزبېك، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ جەڭچىلىرىگە قورال تارقىتىلمىغان. دۈشمەن يېقىنلاپ كەلگەندىلا ئاندىن قورال بېرىلگەن بولسىمۇ، بىراق سەپنىڭ ئالدىدا ھامان ئوتتۇرا ئاسىيالىق جەڭچىلەر، ئارقىسىدا رۇس جەڭچىلىرى مېڭىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۇلارغا ياخشى ھەربىي-تەلىم تەربىيە بېرىلمىگەنلىكى، ئالدىراپ قۇراشتۇرۇلغانلىق تۈپەيلىدىن، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن جەڭچىلەر بىھۇدە قىرغىنچىلىققا يولۇققان. ھەتتا ئۇرۇش سەپلىرىگە يېتىپ بارماي تۇرۇپلا، ئۇلارنى توشۇپ ماڭغان پويىزلار گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھاۋادىن قىلغان ھۇجۇملىرى ھەم بومباردىمانىغا ئۇچراپ، تۈركۈملەپ ئۆلۈپ كەتكەن. نورمال ھەربىي-تەلىم تەربىيە كۆرمىگەن، قوراللىرى ناچار، ئالدىدا زامانىۋى قوراللىرىدىن ئوق ياغدۇرۇۋاتقان گېرمانىيە قوشۇنلىرى، ئارقىسىدا ئاپتوماتلىرىنى تەڭلەپ

تۇرغان نىكۆد (كېيىنكى ك گ ب) قوشۇنلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان بۇ تەمەسسىز ئادەملەر ئاخىرىدا بىھۇدە قىرىلىشتىن كۆرە، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئارقىسىدىكى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ك گ ب قىسىملىرىغا ئوت ئېچىپ، گېرمان قوشۇنلىرىغا تۇشمۇتۇشتىن ئەسىرگە چۈشۈشكە باشلىغان ئەھۋالمۇ كۆرۈلگەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تارمار بولۇش جەريانىدا ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىدى.

ناتسىستلار تەشكىللىگەن ئەسىرلەر لاگېرلىرىنىڭ شارائىتى تېخىمۇ ناچار بولۇپ، يېمەك-ئىچمەكنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، كىيىم-كېچەك بېرىلمەسلىك ۋە تازىلىق ئىشلىرى جەھەتتىكى ناچارلىقلار تۈپەيلىدىن، ئەسىرلەر ئارىسىدا كېسەللىكلەر كۆپەيگەن. ھەممە ئادەمنى دېگۈدەك پىت بېسىپ كەتكەن. گىتلېر فاشىستلىرىنىڭ ئېغىر روھى ۋە جىسمانىي بېسىملىرى ئۇلارنىڭ جېنىغا تېگىپ، ئەسىرلەرنىڭ 80% ئۆلۈپ كەتكەن. مانا مۇشۇنداق ھالاكەتلىك پەيتتە گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىشى بىلەن مىللىي تۈركىستان كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا مۇستاپا چوقاي بىلەن ۋەلى قېيۇم باش بولىدۇ. بۇ كىشىلەر ھەر قايسى ئەسىر لاگېرلىرىغا كېلىپ، ئەسىرلەر ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنى ئايرىپ چىقىپ ئۇلارغا تەشۋىقات قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى تۈركىستان ئارمىيىسىگە قېتىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى جەڭ قىلىپ، ستالىن تۈزۈمىنى ۋە رۇسلارنىڭ تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى گۇمران قىلىشقا، گېرمانىيىنىڭ ياردىمى ئاستىدا مۇستەقىل تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇشقا چاقىرىدۇ. نەتىجىدە، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، قاراقالپاق، تاجىك ھەمدە ئۇيغۇر قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان كۆپلىگەن ئەسىرلەر بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشىدۇ. ھەتتا بۇلارنىڭ ئىچىدە سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغانلار، ئىلگىرى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلغانلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ ئىدى. نەتىجىدە، ئۇلار تۈركىستان قوشۇنلىرىنىڭ جەڭچىسى سۈپىتىدە سوۋېت ئارمىيىسىگە قارشى جەڭلەرگە ۋە باشقا ئۇرۇشلارغا ئىشتىراك

قىلىدۇ.

گىتلېرنىڭ بۇ لايىھىسى ئەسلىدە 1941 - يىلىنىڭ بېشىدا گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ ئىشغال قىلىنغان جايلارنى باشقۇرۇش مىنىستىرلىقىنىڭ باشلىقى ئالفرېد پوزېنبېرگنىڭ «تۈركىستاننى سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتى ئاستىدىن ئازاد قىلىش» دېگەن شوئارى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، گىتلېر ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇسۇلمان ئەسىرلەردىن قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇلارنى شەرقىي سەپتىكى جەڭ مەيدانلىرىغا ئەۋەتىش لايىھىسىنى تەستىقلىغان.

ئالفرېد روزېنبېرگ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تارىخىي، ئېتنىك ۋە دىنىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تامامەن يوقىتىلغاندىن كېيىن، «بۈيۈك تۈركىستان دۆلىتى» نى قۇرۇشنى پىلانلايدۇ. ئۇنىڭ پىلاندىكى بۈيۈك تۈركىستانغا غەربتە كاسپىي دېڭىزى بويىدىن، شەرقتە ئۇيغۇر ئېلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلار، جەنۇبتا سەمەرقەنت، بۇخارا رايونلىرى، شىمالدا قازاقىستاننىڭ زايسانغىچە بولغان بىپايان زېمىن كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مۇستاپا چوقاي بىلەن ۋەلى قەيۇمخان قاتارلىق ئىدىيولوگلار مەزكۇر پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىقلارنى قىلىدۇ.

بۇ پىلان بويىچە ئالدى بىلەن سابىق 1917 - 1920 - يىلىدىكى مۇستەقىل قوقەن ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى، ئۇزۇن يىللار فرانسىيىدە ياشاپ، «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ، سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى ئاۋانگارتلىق بىلەن سىياسىي كۈرەش قىلغان مۇستاپا چوقاي (قازاق) بىلەن ۋەلى قېيۇمنىڭ(ئۆزبېك) باشچىلىقىدا «تۈركىستان مىللىي كومىتېتى» ناملىق بىر تەشكىلات قۇرۇلۇپ، بۇ كومىتېتقا كەلگۈسىدە تۈركىستاننى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەشكىللەش ۋە باشقا سالاھىيەتلەر بېرىلىدۇ. بۇ كومىتېت يەنە «مىللىي تۈركىستان» ناملىق ژۇرنال شۇنىڭدەك گېزىت چىقىرىپ، تۈركىستانلىقلار ئارىسىغا تارقاتقان. ھەر خىل تەشۋىقات

ۋاراقلىرىنى تەييارلاپ، سوۋېت ئارمىيىسى جايلاشقان رايونلارغا ھاۋادىن تاشلىغان. بۇنىڭدا تۈركىستانلىقلارنى سوۋېتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش چاقىرىلغان.

تۈركىستان قوشۇنىنىڭ ھەربىي فورمىسى گىتلېر ئارمىيىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەرقلىق تەرىپى، ئۇلارنىڭ يەڭلىرىگە باشتا «بىز ئاللا بىلەن»، 1944-يىلىدىن كېيىن «تەڭرى بىز بىلەن» دېگەن خەتلەر يېزىلغان، ئاستىدا مەسچىتنىڭ سۈرىتى بار يېشىل بەلگىلەرنى تاقىغان. ئۇلارنىڭ بايرىقىنىڭ ئۈستى يېرىمى قىزىل ئاستى يېرىمى يېشىل بولۇپ، بۇ ئىككى رەڭنىڭ ئۈستىگە ئوق بىلەن يانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

گىتلېر، سوۋېت رۇسىيىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكازىيە ۋە ئىدىل–ئۇرال بويلىرىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئىدىيىسىدىن، ئۇكرائىنىيە، بېلورۇسىيە قاتارلىق سلاۋيانلارنىڭ مىللەتچىلىك ۋە كوممۇنىزمغا قارشى پىكىرلىرىدىن ھەمدە رۇسلار ئىچىدىكى كازاكلار ۋە باشقىلارنىڭ ستالىنغا قارشى ئىدىيىلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، بۇ مىللەتلەرگە ئەركىنلىك بېرىش شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

1941-يىلى نويابىر ئېيىدىن ئېتىبارەن پولشادا مەخسۇس تۈركىستان قوشۇنلىرىنى تەييارلاش لاگېرلىرى تەسىس قىلىنىپ، ھەربىي مەشىقلەردىن كېيىن، تۇنجى قېتىم تۆت روتىدىن تۈزۈلگەن تۈركىستان پولكى قۇرۇلدى. بۇ قوشۇن ئالدى بىلەن 1942-يىلى ئاستراخان ئەتراپىدىكى جەڭلەرگە سېلىندى. بۇ چاغدىكى گىتلېرنىڭ پىلانى ئاستراخان رايونىنى ئىشغال قىلىش ئارقىلىق، قازاقىستانغا يول ئېچىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلەش بولغان. ھەتتا يەنە ئەزەربەيجان ئارقىلىق تۈركمەنىستانغا تۈركىستان باتالىيونىنىڭ پاراشۇتچى قىسىملىرىنى تاشلىماقچى بولغان. بىراق، كېيىن بۇ پىلان ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب ھەر خىل بولۇپ، بىرىنچىدىن ئىراندا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ پائالىيەت قىلىشى بۇنىڭغا

توسقۇنلۇق قىلغان بولسا، يەنە ستالىنگراد ۋە موسكۋا جەڭلىرىدە گېرمان ئارمىيىسىنىڭ تارمار بولۇشى ھەمدە تۈركىستان پولكى تەركىبىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلەرنىڭ يۈز ئۆرۈپ، رۇس پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى ئىدى.

گېرمانىيە 1941-يىلدىن تاكى 1944-يىلىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەسىرلەردىن ئىلگىرى كېيىن 30 تۈركىستان باتالىيونى، بىر تۈركىستان پولكى ۋە 45 تۈركىستان روتىسى، ئاخىرىدا 162- تۈركىستان دىۋىزىيىسى قاتارلىق مۇنتىزىم ھەربىي قىسىملارنى قۇرغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئادەم سانى 70 مىڭغا يەتكەن (بەزى مەلۇماتلاردا 100 مىڭدىن ئاشقان دېيىلىدۇ).

كېيىنكى ۋاقىتلاردا گىتلېر گېرمانىيىسى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن تۈركىستان قىسىملىرىنى ئەسلى پىلان بويىچە ئىشقا سالماي، ئۇلارنى يۇگوسلاۋىيە، ئىتالىيە ۋە سلوۋېنىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى پارتىزانلارغا قارشى جەڭلەرگە ئەۋەتكەن ھەتتا تۈركىستان 162- دىۋىزىيىسىنى ئامېرىكا باشلىق ئىتتىپاقچى ئارمىيىنىڭ نورماندىيىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشىغا قارشى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە قويغان بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق ئىتتىپاقچى دۆلەتلەر قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئەمما تۈركۈملەپ قورال تاشلاپ، ئۇلارغا ئەسىرگە چۈشكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە گىتلېر گېرمانىيىسى ئۇلارنى پارتىزانلارنى باستۇرۇش، ئارقا سەپنى قوغداش، يول ياساش، ئارقا سەپ تەمىناتىنى يەتكۈزۈش، ئىشغال قىلىنغان جايلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش خىزمەتلىرىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغان.

تۈركىستان باتالىيونلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق ھەربىي فورمىسى، مىللىي بايرىقى بولۇپ، ھەر بىر باتالىيون ۋە روتىلارغا ئىسىملارنى بېكىتىلگەن. ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىچە رۇخسەت

قىلىنغان. قوشۇنلارنىڭ باش ئوفىتسېرلىرى گېرمانلاردىن تەيىنلەنگەن بولۇپ، 162 - تۈركىستان دىۋىزىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى گېنېرال مايور ئۇنۋانىدىكى گېرمان ئوفىتسېرى ئۈستىگە ئالغان. ئەمما، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تۈركىستان مىللىي كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ گېرمانىيىنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمەسلىك خاھىشلىرى ھەمدە ھوقۇق تالىشىش قاتارلىق ئىختىلاپلار كېلىپ چىققان بولۇپ، مۇستاپا چوقاي گېرمانىيىنىڭ ئەسلىدىكى پىلانى بويىچە تۈركىستان قوشۇنلىرىنى «تۈركىستان» غا ئەۋەتمەستىن بەلكى، باشقا جايلارنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشلىرىغا سېلىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى خارابلاشتۇرغانلىقىغا نارازى بولغان.

بىراق، قازاقىستانلىق تارىخچىلار مۇستاپا چوقاي ھەققىدە يېڭى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، چوقاي 1940 - يىلى گىتلېر گېرمانىيىسى فرانسىيىنى ئىشغال قىلغاندا، قولغا ئېلىنغان ھەمدە ئەنگلىيە جاسۇسى سۈپىتىدە قارىلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، گۇناھسىز دەپ قارىلىپ قويۇۋېتىلگەن. 1941 - يىلى يازدا غەربىي سەپتىكى ئۇرۇشتا تارمار بولۇپ، ئەسىرگە چۈشكەن سوۋېت ئەسكەرلىرى ئارىسىدا نۇرغۇن ساندا ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەسكەرلەر بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ رۇسچە ۋە باشقا ياۋروپا تىللىرىنى بىلمەسلىكتەك ئەھۋالىنى كۆرگەن ناتسىستلار تەرجىمانغا موھتاج بولغان. چوقاي، مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزلۈكىدىن تەرجىمان بولۇپ، لاگېرلارغا بارغان ھەمدە لاگېرلاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلاردىن قوشۇن تۈزۈپ، سوۋېت تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش لايىھىسىنى تەييارلىغان، گىتلېر بۇنىڭغا قوشۇلغان. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۆپ خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق ئەسىرلەر لاگېرىدىن 180 مىڭ ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ مەقسىتى، بۇ ئەسىرلەرنى بىھۇدە ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش بولۇپ، ئۇلاردىن قوشۇن

تۇتۇلۇپ، سوۋېت ئارمىيىسىگە قارشى جەڭ قىلىپ، قىرىلىپ كېتىشىنى خالىمىغان. ئەمما، ناتسىستلار ئۇلىنىڭ ئۇمىدىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، جىددىي ھالدا تۈركىستان قوشۇنىنى تۈزۈشكە كىرىشكەندە، چوقاي، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئارقىلىق گىتلېرگە خەت يېزىپ نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تۈركىستانلىقلاردىن قۇراشتۇرۇلغان بۇ قوشۇنلارنى پەقەت ئارقا سەپ ئىشلىرىغا سېلىش، ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇش لىنىيىسىگە ئەۋەتمەسلىك ھەققىدە مۇستاپا چوقاي بىلەن كېلىشكەن ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىنى ئەيىبلىگەن ھەمدە ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن.

مۇستاپا چوقاي 1941-يىلى، 12-ئايدا زەھەرلىنىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ۋەلى قېيۇم تۈركىستانلىقلارنىڭ رەھبىرى بولۇپ، مىللىي كومىتېتنى باشقۇرغان شۇنىڭدەك تۈركىستان باتالىيونى رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان.

مۇستاپا چوقاينىڭ سىرلىق ئۆلۈمى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت بولۇپ، بىرى ئۇنىڭ گېرمانىيىنىڭ پىلانىغا قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۈچۈن گېرمانىيە رازۋېدكىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن قاراش. يەنە بىرى چوقايغا قارشى تۇرۇپ، گېرمانىيىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق سوۋېت ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلىش ئىدىيىسىنى ھىمايە قىلىدىغان ئۆزبېكلەرنىڭ ۋەكىلى، ئەينى ۋاقىتتا مۇستاپا چوقاي بىلەن بىرلىكتە «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلىنى نەشر قىلغان ۋەلى قەيۇمخان تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن قاراشتۇر. ئەمما، تاكى ھازىرغىچە قايسى توغرا ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

يەنە بەزى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا ھەقىقەتەن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈركىستانلىقلار ئارىسىدىكى ھەر قايسى مىللەتتىن بولغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزئارا زىددىيەتلىشىشكە باشلىغان بولۇپ، تۈركمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم ھۆكۈمىتىنى تەسىس قىلىشنى، قازاقلار ئايرىم بولۇشنى تەلەپ قىلغان

نەتىجىدە، بېرلىن دائىرىلىرى 1943-يىلى قازاقلاردىن ئايرىم «ئالاش» ناملىق ئورگان قۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر قازاق كىشىنى مەسئۇل قىلىپ، بىر گۇرۇپپا ئادەمنى پاراشوت بىلەن قازاقىستان دائىرىسىگە تاشلىغان. بۇلارنىڭ مەقسىتى خەلق ئىچىدە تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىپ، قازاقلارنى ستالىن تۈزۈمىگە قارشى قوزغاش ئىدى. بىراق، بۇ گۇرۇپپا تېزلىك بىلەن ك گ ب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

بۇ جەرياندا تۈركىستان باتالىيونلىرىدا تۈركۈملەپ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە ۋە پارتىزانلارغا تەسلىم بولۇش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ، بىراق تەسلىم بولغانلار شۇ ھامان ۋەتەن خائىنى سۈپىتىدە ئېتىپ تاشلانغان. بىر قىسىم تۈركىستانلىقلارنىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىش تەقدىرلەشلىرىگىمۇ ئېرىشكەن بولۇپ، گېرمانىيە باش قوماندانلىق شتابى بىر قانچە تۈركىستانلىقنى ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلىغان.

ئۇرۇشتىن كېيىن، تۈركىستان قوشۇنىنىڭ تەقدىرى پاجىئەلىك بولغان بولۇپ، رۇسلارغا ئەسىرگە چۈشكەنلىرى ئېتىپ تاشلانغان. ئەمما، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قوشۇنىغا ئەسىرگە چۈشكەنلىرىنىڭ تەقدىرى باشقىچىرەك بولۇپ، ئۇلار بىر مەزگىل نورمال تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن ۋاقىت ئاتا-ئانىلىرىدىن، ئائىلىلىرىدىن ئايرىلغان بىر قىسىم ساددا كۆڭۈل ئادەملەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈرلۈك ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىغا ئىشىنىپ، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن بىر-بىرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى چەتئەللەردىكى بۇ زور ساندىكى تۈرلۈك مىللەتلەردىن بولغان ئادەملەرنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئويلاپ تېپىپ، ئۇلار تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرگە دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، گېرمانىيە قوشۇنىدا خىزمەت قىلغان تۈركىستانلىقلار، رۇسلار، كاۋكازلىقلار، ئۇكرائىنلار ۋە باشقىلارغا ستالىننىڭ ئۇلارنى كەچۈرگەنلىكىنى، ۋەتىنىنىڭ ھەممە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ئاتا-

ئانىلىرىنىڭ ئۇلارنى كۇتۇۋاتقانلىقىنى تەشۇىق قىلغان ھەتتا ئىلگىرى قايتىپ بارغانلارنى پويىز ئىستانسىلىرىدا ۋەتەن خەلقىنىڭ قانداق داغدۇغا بىلەن قارشى ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان كىنو لىنتىلىرى ۋە سۈرەتلەرنى ئېلىپ كېلىپ، بۇ ۋەتەنسىز قالغان كىشىلەرگە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈۋەتكەن. نەتىجىدە، مەزكۇر سۈپكەشلىك ئويۇنغا ئىشەنگەن سانسىزلىغان تۈركىستانلىقلار، گېنېرال ۋلاسوپنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى جەڭ قىلغان «رۇس ئازادلىق ئارمىيىسى» نىڭ جەڭچىلىرى ۋە باشقىلا ۋەتىنىگە قايتىپ، چېگرادىن كىرىشى بىلەنلا ك گ ب خادىملىرى تەرىپىدىن تۇركۇم-تۇركۇملەپ تۇتقۇن قىلىنىپ، ئېتىپ تاشلانغان. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن يەنە، ئىتتىپاقچى دۆلەتلەردىن سابىق سوۋېت پۇقرالىرى ھېسابلانغان بۇ كىشىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە كۆپ ساندىكى كىشىلەر قايتۇرۇلغان. ئەنە شۇنداق يول بىلەن ۋەتىنىگە قايتىپ پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولغان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا بىر قازاقىستاندىلا ئەنە شۇنداق يول بىلەن قايتىپ كەلگەن تۈركىستان باتالىيونىنىڭ جەڭچىلىرىدىن 600 دىن ئارتۇق ئادەمگە ھەربىي سوت ئۆلۈم ھۆكۈم قىلغان ئىكەن.

تۈركىستانچىلار ئىچىدە تەلىيى ئوڭلىرى- ئامېرىكا باشلىق ئىتتىپاقچى ئارمىيىگە ئەسىرگە چۈشكەنلىرى بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇلارنى موسكۋا ھۆكۈمىتىگە قايتۇرمىغان. نەتىجىدە، بىر قىسىم كىشىلەر گېرمانىيىدە ئۆيلىنىش يولىنى تۇتقان، بىر قىسىملىرى تۈركىيىگە ۋە باشقا ياۋروپا مەملىكەتلىرىگە كېتىۋالغان، ئاز ساندىكىلىرى ئامېرىكىغا كېلىپ، ئامېرىكىنىڭ پاناھلىقىغا ئېرىشكەن.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا گىتلېر گېرمانىيىسى ئەينى ۋاقىتتا، رۇسلارغا سوۋېت كوممۇنىست تۈزۈمىنى يوقىتىپ، مۇستەقىل ئەركىن رۇسىيە قۇرۇپ بېرىمىز دەپ ۋەدە بەرسە، رۇس ئەمەس مىللەتلەرگە سوۋېت

ئىتتىپاقىدىن كاۋكازىيە، بېلورۇسىيە، ئۇكرائىنىيىنى ھەمدە ۋولگا-ئۇرال بويلىرىنى شۇنىڭدەك تۈركىستاننى ئايرىپ چىقىرىپ، بۇ جايلاردا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ گېرمانىيىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتلىرىنى قۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. گېرمانىيىنىڭ بۇ پىلانىغا ئىشەنگەن كۆپلىگەن ستالىن تۈزۈمىگە قارشى رۇسلار، ئۇكرائىنلار، بېلورۇسلار، ئەزەربەيجانلار، گرۇزىنلار، ئەرمەنلەر، قالماقلار، تاتارلار، باشقىرتلار ۋە باشقا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمدە ستالىننىڭ ۋەھشىيلىكىدىن نارازى بولغان مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك گېرمانىيە تەشكىللىگەن قوشۇنلارغا ئىشتىراك قىلغان. گېرمانىيە فاشىست ھۆكۈمىتى بۇنداق قوشۇنلارنى «ياردەمچىلەر» دەپ ئاتىغان بولۇپ، 1941-يىلىدىن 1945-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرىپىدە ئۇرۇش قىلغان سوۋېت پۇقرالىرىنىڭ سانى 1 يېرىم مىليوندىن 2 مىليونغىچە بولغان ئىكەن.

گېرمانىيە بۇ جەرياندا يەنە تۈركىستانلىقلاردىن باشقا، ئەزەربەيجانلاردىن 12 باتالىيون، قالماقلاردىن 2 پولك، ۋولگا تاتارلىرىدىن 4 باتالىيون، ئەرمەنلەردىن 9 باتالىيون، گرۇزىنلاردىن 12 باتالىيون ۋە 6 كازاك پولكى ھەمدە ئاخىرىدا موسكۋا جەڭ مەيدانىدا گېرمانلارغا ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، ستالىن تۈزۈمىنى يوقىتىش شوئارى بىلەن گېرمانلارنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشكەن سوۋېت ئىتتىپاقى گېنېرال لېيتېنانتى ۋلاسوپنىڭ «رۇس ئازادلىق ئارمىيىسى» نىڭ بىر كورپۇس قوشۇن تەشكىللىگەن بولۇپ، ستالىنگراد جەڭ مەيدانىدا جەڭ قىلغان گېرمانىيە قوشۇنىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى گېرمانىيە تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىرى تەشكىل قىلغان ئىكەن.

ئەنە شۇنداق، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تۈركمەن، ئەزەرى، تاتار، ئۇيغۇر، قۇمۇق، قاراچاي، قاراپ قالپاق، بالقار، نوغاي قاتارلىق ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى گىتلېرگە قارشى جەڭ مەيدانلىرىغا

ئېلىپ كېلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ، قىممەتلىك ھاياتلىرىدىن ئايرىلدى. يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەنە شۇ خەلقلەرنىڭ كۆپلىگەن ۋەكىللىرى گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ «تۈركىستان قوشۇنى» شوئارى ئاستىدا سوۋېتلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ ھاياتىدىن ئايرىلدى. بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئىككى خىل مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى قىرغىن قىلدى، بىر-بىرىنىڭ قانلىرىنى تۆكتى. ئاقىۋەتتە سوۋېتلار تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلغانلار غالىبلار ئاتىلىپ مەيدىلىرىگە ئوردېن-مېداللىرىنى تاقاشتى ھەمدە چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشنى خالىماي، ۋەتىنىگە قايتقان ئاشۇ ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئېتىپ تاشلىدى. مېنىڭچە بۇ كۆپىنچە ئاجىز، مەزلۇم مىللەتلەرنىڭ ئورتاق قىسمىتى بولسا كېرەك؟. ئەركىنلىكى يوق قىلىنغان مىللەتلەر دائىم ئەنە شۇنداق ئويۇنچۇق بولىدۇ. شۇنداق ھەقىقەت باركى، بەزىدە ئەسلى ئوخشاش نىيەتتىكى، ئوخشاش قەلبتىكى بىر مىللەت ئوخشىمىغان ئىدېئولوگىيىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ، بىر-بىرىنى قىرىدىغان، ئۆز ئىچىدىكى پەرقلەرنى زىددىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئاشۇ مىللەتنىڭ ئورتاق رەقىبلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆز ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان ئىشلار بولىدۇ. ئەلۋەتتە، تۈركىستان ئارمىيىسىنىڭ نۇرغۇنلىغان جەڭچىلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىنى گىتلېر فاشىزم ئىدېئولوگىيىسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋەتىنى ھەم قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن توغرا دەپ تاللىغان ئاشۇ ئورتاق «تۈركىستان» غايىسىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى.

## بەدەل ۋە مۇكاپات

رەسمىي سانلىق مەلۇمات بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ ھېسابلىغاندا، تۆت يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 1 مىليون 200 مىڭ ئەتراپىدا. ئەگەردە يارىدارلىنىپ ۋە

مېيىپ بولۇپ ھايات قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇرۇش جاراھەتلىرى سەۋەبىدىن تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلگەنلەر، ئىز-دېرەكسىز يوقالغانلار، ئەسىرلەر لاگېرلىرىدا ئۆلگەنلەر شۇنىڭدەك ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى بىلەن كېسەللىك، ئاچارچىلىق ھەم باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۆلگەن پۇقرالارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، 2-جاھان ئۇرۇشى سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغان تۈركىيلەرنىڭ سانى تەخمىنەن ئىككى-ئۈچ مىليوندىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. بەلكى، ھېچ بولمىغاندا 27 مىليون سوۋېت پۇقراسىنىڭ تەخمىنەن بەش مىليونىنى تۈركىي مىللەتلەر ۋەكىللىرى دەپ پەرەز قىلساقمۇ خاتا بولماس.

ئەينى ۋاقىتتا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان ۋە ئەزەربەيجان قاتارلىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە مەلۇم ساندا رۇسلارنى ئاساس قىلغان سلاۋيان مىللەتلىرىدىن باشقا ھەر قايسى مىللەت ۋەكىللىرى بار بولسىمۇ، بىراق، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاھالە يەنىلا يەرلىك خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى يەرلىك مىللەتلەر پەرزەنتلىرى ئىگىلىگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ سانى 30 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئىدىل-ئۇرال ۋە كاۋكازىيىدىكى تاتارلار، قۇمۇقلار، باشقۇرتلار، چۇۋاشلار، بالقارلار، نوغايلار، قاراچايلار ھەم باشقىلارنىڭمۇ كۆپلىگەن ئوغۇل-قىزلىرى ئۇرۇش سەپلىرىگە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆلگەن.

2-جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن تۈركىيلەرنىڭ نوپۇس جەھەتتىكى مەزكۇر يوقىتىشى بىر پۈتۈن تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى ۋە تەرەققىياتىغا سەلبىي تەسىر پەيدا قىلغان بولۇپ، ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاساسەن ياشلار ئىدى. ئەگەر، بۇ چىقىم بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە تۈركىي خەلقلەرنىڭ نوپۇسى تېخىمۇ كۆپ

بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىن يىراق ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلىششىغا قارىماي، ئۆزلىرىنى بىر ئەسىرگە يېقىن قول قىلغان مۇنداق بىر ھاكىمىيەت تەرىپىدىن مەجبۇرىي تۈردە ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىلىشى، ئۇلارنى 2-جاھان ئۇرۇشىنىڭ زەردابىنى چەككەن پۈتۈن ئىنسانىيەت بىلەن تەقدىرداش قىلدى.

قىزىق يېرى شۇكى، پۈتۈن تۆت يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا سوۋېت ھەربىي خادىملىرى ئىچىدە ئوردېن-مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى رۇسلار تەشكىل قىلغان بولۇپ، رۇسىيە ئالىمى يوسىف كرېمېنتسكىينىڭ قارىشىچە رۇسلار 66.49% نى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇكرائىنلار 18.43%، بېلرۇسلار، 3.35%، تاتارلار،1.88%، يەھۇدىيلار 1.73%، قازاقلار 1.04% نى تەشكىل قىلغان. مەزكۇر سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىن بارغانلار ئىچىدە ئۆزبېكلەر ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولسىمۇ، بىراق تەقدىرلەنگەنلەرنىڭ سانى جەھەتتە ئالدىنقى قاتارغا كىرەلمىگەن. ئەلۋەتتە، بۇلاردىن باشقا يەنە قىرغىزلار، تۈركمەنلەر، تاجىكلار، ئۇيغۇرلار، قارا قالپاقلار، قۇمۇقلار ۋە باشقىلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرلىنىش سانى ئاز بولغان.

لېكىن، ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار بويىچە ئالغاندا، ئەڭ ئالىي «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» نامى 11618 ئادەمگە بېرىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى رۇسلاردۇر. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ نىسبىتى رۇسلار ۋە باشقا سلاۋيانلارغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاز بولۇپ، 11618 قەھرىماننىڭ ئاران 96 نەپىرى قازاق، 69 نەپىرى ئۆزبېك، 18 نەپىرى تۈركمەن، 14 نەپىرى تاجىك، 12 نەپىرى قىرغىز، تۆت نەپىرى ئۇيغۇردۇر. ئەكسىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۇرۇشقا بارغان رۇسلارنىڭ ئىچىدە «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» نامىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ سانى يەرلىك

مىللەتلەردىن كۆپرەك بولغان.

ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گىتلېر گېرمانىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشىدا ئوينىغان رولى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇھىم ئارقا سەپلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى 142 زاۋۇت قازاقىستانغا كۆچۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇرۇش ئايرودروملىرىنى ھەم باشقا ھەربىي قورال-ياراقلارنى ئىشلەيدىغان زاۋۇتلار ئۆزبېكىستان ۋە باشقا جايلارغا كۆچۈرۈلدى.( قازاقىستان ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە.)

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇرۇشقا يارىغۇدەك ئەر-ئاياللىرى ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلسا، قېرى-چۆرىلەر، ئاياللار، ھېيىپلا ھەتتا باللارغىچە ھەر كۈنى 11 ھەتتا 14 سائەتلەپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. قازاقىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بارلىق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ، جەڭچىلەرنى يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن ئۆزبېكىستان سانسىزلىغان ئۇرۇش مۇساپىرلىرىنى قوبۇل قىلدى. رۇسىيىنىڭ ياۋروپا قىسمىدا ئاتا-ئانىلىرى ئۇرۇشتا ئۆلگەن سانسىزلىغان يېتىم باللار ئوتتۇرا ئاسىياغا يۆتكەپ كېلىنىپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ بېقىشىغا تاپشۇردى. ئەينى ۋاقىتتا ھەتتا بىر ئۇيغۇر ئائىلە ھەر مىللەتتىن بولغان 14 بالىنى بېقىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا داڭ چىقارغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا يەنە ستالىنىنىڭ ۋولگا دەرياسى بويى ۋە كاۋكازىيىدىكى بالقار، قاراچاي–چەركەس، نوغاي،

چېچەن، ئىنگۇش، قىرىم تاتارلىرى، قالماق ۋە باشقا خەلقلەرنى گېرمانىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلدى دەپ سۈرگۈن قىلغان ماكانغا ئايلانغان ئىدى.

## تۈنۈگۈنكى «خائىنلار»، بۈگۈنكى كۈندىكى قەھرىمانلار

سوۋېتلار يىمىرىلگەندىن كېيىن، يېڭى مۇستەقىل بولغان بىر قىسىم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرى ۋەتەن ئۇرۇشىغا ھەمدە ئۆزلىرىدىن چىققان، گىتلېرنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنى مۇستەقىل قىلىمىز دېگەن مەۋقەدىكى ئاشۇ كىشىلەرگە قانداق باھا بېرىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولۇپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن 70 يىل دۈشمەن دەپ ئېلان قىلىنغان مۇستاپا چوقاينىڭ نامىنى ئاقلاپ، ئاخىرى ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. مۇستاپا چوقاي بۈگۈنكى قازاق مىللەتپەرۋەرلىكىنىڭ تۆردىن ئورۇن ئالدى. يېقىندا قازاقىستان دۆلەتلىك كىنو ستۇدىيىسى «مۇستاپا چوقاي» ناملىق كىنونى سۈرەتكە ئېلىپ پۈتتۈردى. مەزكۇر فىلىم قازاقىستان، پارىژ قاتارلىق جايلاردا سۈرەتكە ئېلىنغان بولۇپ، فىلىم ۋەقەلىكى ئاساسلىقى چوقاينىڭ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي كۈندىلىك خاتىرىسى ھەم ئايالىنىڭ قالدۇرغان خاتىرىسى ۋە باشقا ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى 70 يىل دۈشمەن تەرىقىسىدە چەكلىگەن مەزكۇر شەخس ئاخىرىدا بۈگۈنكى كۈندە كىنو ئېكرانى ئارقىلىق جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن شۇنىڭدەك فىلىمدە مۇستاپا چوقاي قانداقتۇر، گىتلېر فاشىزمى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان شەخس ئەمەس، بەلكى، 180 مىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈركىي ئىنسانلىرىنىڭ ھاياتىنى گىتلېر لاگېرلىرىدىكى ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرغان ھەمدە ئۇلارنى مۇستەقىللىق غايىسىگە يېتەكلىگەن شەخس سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

سوۋېتلار ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، تۈركىستان ئارمىيىسى ئىچىدىكى ھايات قالغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا بولسىمۇ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراقلىرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە مۇيەسسەر بولالىدى. ئەپسۇسكى، ئۆزىنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ ھەقىقىي ئوغلى، تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىنىڭ جەڭگىۋارى ھېسابلىغان ئاتاقلىق ئالىم، دوكتور باي مىرزا ھېيت 50 يىل ئايرىلغان ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىدىن ئەبەدىيلىك سەرگەردان بولۇشقا بۇيرۇلدى. چۈنكى، ئۇ ئىلگىرى ستالىننى سۆكۈپ، ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلغان بولسا، بۇ قېتىم 70 يىللىق سوۋېت تۈزۈمىنىڭ ھامىيسى بولغان كەرىموفنى تەنقىد قىلغان ئىدى. باي مىرزا ھېيت 90 ياش ئۆمۈر كۆرۈپ، يەنىلا شۇ گېرمانىيە تۇپرىقىغا دەپنە قىلىندى.

قازاقىستان، رۇسىيە، ئەزەربەيجان ۋە باشقا دۆلەتلەردە گىتلېر گېرمانىيىسى تەشكىللىگەن بۇ قوشۇنلار ھەققىدە نەچچە ئونلىغان كىتابلار يېزىلدى، يۈزلىگەن ماقالىلەر ۋە باشقا ئەسەرلەر يېزىلدى. ھەتتا رۇسىيىدە يىقىندىن بۇيان ئىشلىنىۋاتقان ۋەتەن ئۇرۇشىغا ئائىت كىنولاردىمۇ، گېرمانىيە تەشكىللىگەن گېنېرال ۋلاسوفنىڭ رۇس ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كىملىكى، نېمە ئۈچۈن بۇ كىشىلەرنىڭ سېۋەتلەرگە قارشى گىتلېر تەرەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلغانلىقى تېما قىلىنغان ۋەقەلىكلەرمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە دەپتۇدەك ئەسلى سوۋېت گېنېرالى بولغان ۋلاسوفنىڭ تەسلىم بولۇپ، قايتىدىن ئەسىرگە چۈشكەن رۇسلاردىن قوشۇن تەشكىللەپ، قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ سوۋېت ۋە كوممۇنىست تۈزۈمى، جۈملىدىن ستالىن تۈزۈمىنى يوقىتىپ، يېڭىچە رۇسىيە قۇرۇش دەپ چۈشەندۈرۈلدى. بولۇپمۇ ستالىننىڭ سوۋېت خەلقىگە قىلغان قىرغىنچىلىقى، دەھشەتلىك زۇلۇمىنىڭ كۆپلىگەن رۇس كىشىلىرىدە سوۋېت تۈزۈمىگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغانلىقى چۈشەندۈرۈلدى.

تارىخ ھەممىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەردە ئەينى ۋاقىتتا گىتلېرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى يوقىتىپ، ياۋروـئاسىيا خەرىتىسىنى قايتىدىن سىزىش پىلانى ئەمەلگە ئاشقان بولسا، بۈگۈنكى دۇنيا قانداق بولار ئىدى؟ گىتلېر قورال كۈچى بىلەن يوقىتالمىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ مۇستەبىتلىكى بىلەن ئاخىر ئۆز بېشىنى يەپ، يوقالدى، يەتمىش يىللىق دۆلەت پارچىلىنىپ، 15 دۆلەتكە بۆلۈندى. گەرچە گىتلېرنىڭ پىلانى بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرلەشتۈرۈلگەن بۈيۈك تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇلمىسىمۇ، ئەمما، ئاشۇ پىلان ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەنلەرنىڭ ئايرىم مىللىي مۇستەقىل دۆلەتلىرى مەيدانغا كەلدى. گىتلېر پارچىلىماقچى بولغان غەربىي سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنلىرى ئۇكرائىنىيە، بېلورۇسىيە ۋە باشقا مۇستەقىل دۆلەتلەرگە ئايرىلدى. قارىغاندا، تارىخ ئادىل سوتچىدۇر، ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە ھەر قانداق مانا مەن دېگەن قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن ۋەيران بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. باشقىلارنى بوزەك قىلىش، قۇل قىلىش، يوقىتىشنى نىيەت قىلغان ھەمدە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن ھەر قانداق بىر كۈچنىڭ ئاقىۋىتى گىتلېرنىڭ ئىرقچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىمپېرىيىسى ۋە ياكى مۇستەبىت سوۋېت ئىتتىپاقىدەك ئاقىۋەتكە قېلىشى تارىخنىڭ ئادىل ھۆكۈمى بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلاردىكى «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن ماقال دۇنيادىكى خېلى كۆپ خەلقلەرگە ئورتاق!

قىسقىسى، ئۇكرائىنىيە، رۇسىيە، بېلورۇسىيە ۋە ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتۋا ۋە باشقا مەملىكەتلەردە 60 يىلدىن بۇيان سوۋېت تۈزۈمى قارىلاپ كەلگەن نۇرغۇن شەخسلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەر باشقىچە باھاغا ئېرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەزىرىدىكى «خائىنلار»، بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەن مۇستەقىللىقى، ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان قەھرىمانلار بولۇپ باھالاندى. ھەتتا ئېستونىيىدىكى سوۋېت ئازادلىق جەڭچىسىنىڭ ھەيكىلىنىڭ ئېلىپ تاشلىنىش ۋەقەسى رۇسىيە-ئېستونىيە مۇناسىۋەتلىرىدە

سوغۇقچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. پولشا ھۆكۈمىتى بولسا 1939-يىلى گېرمانىيىدىن يېڭىلىپ سوۋېت چېگراسىغا چېكىنگەن 20 مىڭدىن ئارتۇق پولشا ھەربىي خادىمىنىڭ كاتىن ئورمانلىقىدا سوۋېت ئىتتىپاقى نىكۋدسى تەرىپىدىن ئېتىپ ۋە تىرىك كۆمۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى شۇنىڭدەك ستالىننىڭ گىتلېر بىلەن پۈتۈشۈپ، پولشا ئارمىيىسگە ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغاپ، گىتلېر ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە مەغلۇپ قىلغانلىقىنى پاش قىلىپ، بۈگۈنكى رۇسىيە ھۆكۈمىتىدىن ئارخىپلارنى تەلەپ قىلدى. چېخ، سلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە پولشا ۋە باشقا شەرقىي ياۋروپا جۇمھۇرىيەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنى ئازاد قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى قايتا بېسىۋالغۇچىلار دەپ ئەيىبلىدى.

بەلكى، قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە تەكىتلەۋاتقان مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنى قۇرۇش ئىدىيىسىنى بۇنىڭدىن 60 يىل ئىلگىرى ستالىن دەۋرىدە ۋە ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قانداق بىر مەزگىلىدە ئېيتقان بولسا، ئۇ ئاللىقاچان ئېتىلغان ھەم «پانتۈركىست»، «خائىن» ئاتالغان بولار ئىدى. ئۆتكەن ئەسىردىكى قازاق مىللىتىدىن بولغان مۇستاپا چوقاي بىلەن 21-ئەسىردىكى قازاق مىللىتىدىن بولغان نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ غايىسىدە قانچىلىك ئورتاقلىقلار ۋە قانچىلىك پەرقلەر مەۋجۇت؟. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ پەرقى شۇكى، بىرى زۇلۇم ئاستىدىكى، ئەركىسىز مىللەتنىڭ ۋەكىلى بولسا، يەنە بىرىنىڭ ئەركىن مۇستەقىل مىللەت ھەم دۆلەتنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىدىدۇر. شۇڭا بۈگۈنكى نازاربايېۋ دەۋرىدە قازاقلارنىڭ چوقاي ھەققىدە كىنو ئىشلىشى تاسادىپىي ئەمەس. ئەگەر شۇنداق تەلەي باشقىمۇ ئەسىر مىللەتكە نېسىپ بولسا، قانچىلىغان تارىخلار قايتا يېزىلار؟

ئومۇمەن، قىلىپ، ئېيتقاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشى نۆۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىن قۇتۇلغان ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ۋە دۆلەتچىلىك ئىدېئولوگىيىسى بىلەن

مۇناسىۋەتلىك مەسىلىگە ئايلىنىپ، بۇ ئۇرۇشقا قايتىدىن باھا بېرىشكە دۇچ كەلمەكتە. يېقىن كەلگۈسى ئىچىدە يەنە قانداق باھالار بېرىلىدۇ؟، ئۇنى ئەمەلىي ئەھۋال بەلگىلەيدۇ ۋە كۆرسىتىدۇ. 2- جاھان ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى خاتىرىلىنىۋاتقان شۇنىڭدەك يېگى چوڭ مىللەتچىلىكلەر باش كۆتۈرۈۋاتقان بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ بەرگەن قۇربانلىرىنى ئەسلەش زۆرۈر بولسا كېرەك ؟!

# رۇسىيەدە 20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى

بۈگۈنكى رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى سىياسىي تارىخى تەتقىقاتىغا مەلۇم دەرىجىدە دىققەت ئېتىبار بېرىلمەكتە. رۇسىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىغا ئائىت ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرى ۋە رۇسىيە فېدېراتسىيىسى دەۋرىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن. بۇ ئىككى دەۋردە مەۋجۇت بولغان دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە ئىدېئولوگىيىلىك سىستېما تۈپەيلىدىن ئىلمىي پائالىيەتلەردە روشەن پەرقلەر كۆرۈلگەن. ھازىرقى ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ تەتقىقاتلار ئەمەلىيەتتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ داۋامىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىككى دەۋرنىڭ پەرقى شۇكى، ئالدىنقى مەزگىلدىكى تەتقىقاتلار قاتتىق سېنزور ۋە ئىدېئولوگىيىلىك كونتروللۇق ئاستىدا دۆلەت مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىنغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى مەزگىلدە مەزكۇر توسالغۇلاردىن قۇتۇلغان ئەركىن ئىلمىي مۇھىتتا ئېلىپ بېرىلدى. بىز تۆۋەندە ئالدى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي تارىخى تەتقىقاتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز، چۈنكى بۇ دەۋردىكى تەتقىقاتلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئۆزگىچىلىكلىرى، ئىلمىي مېتودى ۋە يۆنىلىشى ھەم ئىلمىيلىق دەرىجىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدىنقى دەۋردىكى تەتقىقاتلارنى ئەسلەپ ئۆتۈشىمىز كېرەك.

## سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى تەتقىقاتلار

20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇر ئېلىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1919-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقى» نى باشتىن ئاخىرى خەلقئارا جەمئىيەتتىن مەخپىي رەۋىشتە ئېلىپ بارغاچقا ئاخىرقى كۈنلەرگىچە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى بۇ پائالىيەتلىرىنىڭ نازۇك قىسىملىرىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئىدى. 1949-يىلى 10-ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى شارائىتىدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تارىخى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. ھەر خىل چارىلەر بىلەن جاڭ كەيشى رەھبەرلىكىدىكى غەربپەرەس جۇڭخۇا مىنگونىڭ يوقىتىلىش سۈرئىتىنى تېزلەتكەن[1]. سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى ستالىننىڭ مەقسىتىمۇ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىن كۆزلىگەن چوڭ مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى يېڭى كوممۇنىستىك جۇڭگونىڭ قولىدا قالدۇرۇش[2] بىلەن ئاسىيا قىتئەسىدە جۇملىدىن دۇنيادا زور زېمىن ۋە ئادەم كۈچىگە ئىگە يېڭى كوممۇنىستىك دۆلەت—جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللاپ ھەم ئىلگىرى سۈرۈپ [3]، ئامېرىكا باشلىق غەرب كۈچلىرىگە قارشى يېڭى ئىتتىپاقچىغا ئىگە بولۇش شۇنىڭدەك بۇ ئارقىلىق سوتسىيالىزم لاگېرىنى دۇنيا يۈزىگە كېڭەيتىش ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنى دۇنيانىڭ رەھبەر دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى. نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى باشلامچىلىقىدىكى سوتسىيالىزم لاگېرى بىلەن ئامېرىكا باشلىق كاپىتالىستىك غەرب دۇنياسى ئارىسىدىكى ھەربىي-سىياسىي رىقابەت ۋە دېموكراتىيە بىلەن مۇستەبىتلىك

ئارىسىدىكى ئىدېئولوگىيىلىك توقۇنۇش ناھايىتى كەسكىن تۈس ئالغان بولسىمۇ، بىراق مەزكۇر «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئاساسى پۇختا بولمىغان سوتسىيالىستىك لاگېرنىڭ ئىچكى ھەم تاشقى تەسىرلەر تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇشى ۋە خارابلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ «شېرىن ئاي» دەۋرى ھېسابلىنىدىغان 1949-1959-يىللىرىغىچە بولغان دەسلەپكى 10 يىل ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى ھەر ساھە بويىچە ھەمكارلىق زور دەرىجىدە راۋاجلانغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ھەربىي قۇرۇلۇش، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت-مائارىپ، ئېغىر-يېنىك سانائەت، كانچىلىق، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ۋە باشقا بارلىق ساھەلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە غايەت زور ياردەم بەردى. «سوۋېت ئىتتىپاقى مودېلى» جۇڭگونىڭ 1949-يىلدىن ئىلگىرىكى ئۇزۇن يىل جەريانىدا شەكىللەنگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە يېڭىچە مەدەنىيەت-مائارىپ ئەنئەنىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. سىياسىي قۇرۇلمىدىن باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى جۈملىدىن تارىخشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق قاتارلىق بارلىق پەنلەر سوۋېت مېتودىكىسى بويىچە تەتقىق قىلىندى ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا شەكىللەنگەن مىللەت، جەمئىيەت ھەم دۆلەت نۇقتىئىنەزەرلىرى جۇڭگوغا كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، قوبۇل قىلىندى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن جۇڭگومۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مىللەت»، «مىللىي ئازادلىق»، «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دېگەن مىللىي سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى قوراللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈپ نىشانىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكى ۋە بۇ جەريانىدا ئىككى قېتىم مۇستەقىل دۆلەتچىلىكنى جاكارلىشىدىن قەتئىي نەزەر، مەزكۇر قوزغىلاڭلارغا «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى»، «دېموكراتىك ھەرىكەت»

دەپ تەبىر بەرگەن ئىدى. سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ مەزكۇر ئۇن يىللىق شېرىن ئاي دەۋرىدە سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخى مەسىلىلىرىدىكى كۆز قاراشلىرى جۇڭگو ئالىملىرى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىغان بولۇپ، ئۇلار مۇمكىن قەدەر 20-ئەسىرنىڭ 30-40-يىللىرى ھەققىدە كۆپ توختالماي، پەقەت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىقتىسادى-ئىجتىمائىي، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ھەم سانائەت تەرەققىيات مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىق قىلىشنى ئاساسىي تېما قىلدى. سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى شىنجاڭنىڭ قورۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ھەم سانائەت تەرەققىيات ئەھۋالى ھەم يۈزلىنىش مەسىلىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى كۈچەيتتى. ئەلۋەتتە، سوۋېت تەتقىقاتچىلىرى مەۋجۇت مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئۇنى تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ 1949-يىلدىن ئىلگىرى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي تۈزۈملىرى بىلەن سېلىشتۇرماي ئۆتەلمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتشۇناسلىق ۋە ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللەت نۇقتىئىنەزەرلىرىنى جۇڭگو مىللەتشۇناسلىق پېنى ۋە مىللىي سىياسىتىگە سىڭدۈرۈش جەريانىدا تەبىئىي ھالدا جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسەتلىرىنى تۈزۈش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە مىللىي ئاپتونومىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەم مىللەتلەرگە قارىتا ئىجتىمائىي-سىياسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، بۇ مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئەنە شۇنىڭ نەتىجىسىدە، بىر قىسىم سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى جۇملىدىن 40-يىللاردىكى سىياسىي تارىخى مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە بېرىلگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىجابىي باھا بېرىپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەيدانى بىلەن جۇڭگونىڭ

مەيدانىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى شەرھلەشتى. ر. خ. شەرەپىدىنوفنىڭ «جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى مىللىي مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولۇشى»[4] ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى دەل يۇقىرىدىكى تېمىغا بېغىشلانغان دەسلەپكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئا. گ. ياكوۋلېۋنىڭ « شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ 1944 - 1949 - يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ھەققىدە» [5] ناملىق مەخسۇس ئەسىرى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئاپتور بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي قوراللىق كۈرەشلىرىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت ۋە «مىللىي ئازادلىق كۈرەش» نۇقتىئىنەزەرلىرى ئاساسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، بەش يىل داۋاملاشقان مەزكۇر كۈرەشنىڭ تىپىك مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا شۇنىڭدەك ماۋزېدۇڭنىڭ 1949 - يىلى 8 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمغا ئەۋەتكەن خېتىدە كۆرسەتكەن «سىلەرنىڭ كۈرىشىڭلار جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دېگەن باھاسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئا. گ. ياكوۋلېۋنىڭ بۇ ئەسىرى جۇڭگو سىياسىيونلىرى ئۈچۈنمۇ يېڭىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن دەرھال خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئايرىم كىتابچە سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان ئىدى.

سوۋېت - جۇڭگو دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شېرىن ئاي دەۋرى 1959 - يىلى ئاخىرلاشتى. ئەمەلىيەتتە، 1953 - يىلى ستالىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بۇ ئىككى ئىتتىپاقداش دۆلەتنىڭ ئۆزئارا ۋە خەلقئارا مەسىلىلەردىكى كۆز قاراشلىرىدىكى ئورتاقلىق سۇسلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇپ، ستالىننىڭ ئۆلۈمى بىلەن سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ داھىيلىق تەمەسىنى تالىششتىن ئىبارەت ئاساسىي نۇقتا بۇنىڭدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى. ستالىن دەۋرىدە ئۆزىنىڭ تېخى يېڭى دۆلەت بولۇش بىلەن خەلقئارا سەھنىدىكى ئاۋازسىزلىقى ھەمدە ئىقتىسادىي، سانائەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن تېخى ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن ستالىننىڭ ھەممە شەرتلىرىگە

ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولغان بېيجىڭ ستالىننىڭ پۈتۈن دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر داھىيلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى. ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن ئىختىلاپلار يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارىلىنىشقا ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەملىرى بىلەن ئۆزىنى خېلى ئوڭشىۋالغان جۇڭگو تەرەپ موسكۋانىڭ «زومىگەرلىكى» ۋە «چوڭ ئاكىلىق» قىلىشىغا ئاشكارا قارشى چىقتى ھەمدە كۆپلىگەن مەسىلىلەردە ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆز بىلگىنىچە ئىش قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال نەتىجىسىدە ئىككى ئاكا-ئۇكا دوست دۆلەت مۇناسىۋەتلىرى كۆنسېرى سوۋۇش، يىرىكلىشىش، ئۆزئارا ۋە خەلقئارا سورۇنلاردا بىر-بىرىنى تەنقىد قىلىش ھەم ئەيىبلەش ھەتتا ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. 1960-يىلىدىن كېيىن بولسا سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى تامامەن بۇزۇلۇپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا ئىدېئولوگىيە كۈرىشى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، ئاخىرى ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە ھەربىي تەھدىت سېلىش ھەمدە كىچىك كۆلەملىك قوراللىق توقۇنۇشلار يۈز بېرىش دەرىجىسىگە يەتتى. ئىككى دۆلەت زىددىيەتلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، 1962-يىلى ئىلى-چۆچەك ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 60 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ ئۆتۈپ كەتتى[6]. ئومۇمەن، جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى 1955-يىلىدىن 1962-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن ۋە پۇقرالىق سالاھىيىتى بىلەن كەتكەنلەرنىڭ سانىنىڭ 200 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەخسۇس جۇڭگو ئىشلىرىغا مەسئۇل ك گ ب پولكوۋنىكى جۇسۇپاخۇنوۋنىڭ ئۇچۇرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئېلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلگەن ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ سانى بىر مىليون ئەتراپىدا بولغان[7]. نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى كونسۇلخانىلىرى ئارقىمۇ-ئارقىدىن تاقالدى ھەمدە چېگرالار قاتتىق قوغدالدى.

تارىخشۇناسلىق كۆرىشى — ئىككى پارتىيە ۋە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى بۇ خىل جىددىيلىكلەر تارىخشۇناسلىق ساھەسىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، جۇڭگو تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى تاجاۋۇزچى دەپ ئەيىبلەش بىلەن بىرگە چاررۇسىيىنىڭ تارىختا بىر يېرىم مىليون كۋادرات كىلومېتىر جۇڭگو زېمىنى بېسىۋالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەسەرلەرنى ۋە تەشۋىقاتلارنى كۈچەيتتى. جۇڭگو تارىخچىلىرى 1881-يىلىدىكى «جۇڭگو-رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى «جۇڭگو-چۆچەك كېلىشىمى» قاتارلىقلارغا ئاساسەن چاررۇسىيىنىڭ بالقاش كۆلىگىچە بولغان جايلارنى ۋە پامىرنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. جۇڭگو ئاپتورلىرى چاررۇسىيىنىڭ 19-ئەسىردىكى ئىلى رايونىغا قاراتقان سىياسىتىنى «تاجاۋۇزچىلىق»، «ئىشغالىيەتچىلىك» سىياسىتى دەپ ئەيىبلەش بىلەن 18-19-ئەسىردە رۇسىيە بىلەن مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا تۈزۈلگەن بارلىق كېلىشىملەرنى «تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەر» دەپ قاراپ، رۇسىيىنىڭ بۇ شەرتنامىلەر ئارقىلىق جۇڭگو زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى شەرھلەشتى.[8]جۇڭگو تارىخچىلىرى چاررۇسىيە «ئىلى شەرتنامىسى ئارقىلىق «70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر جۇڭگو زېمىنىنى بېسىۋېلىش» بىلەن بىرگە يەنە « جۇڭگونىڭ ئىلى تەۋەسىدىكى 100 مىڭ ئاھالىنى ھەيدەپ كەتتى» دەپ خۇلاسە چىقاردى [9]. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە چاررۇسىيە تاجاۋۇزچى، چىڭ خاندانلىقى تاجاۋۇزغا ئۇچرىغۇچى بولۇپ، قازاقىستاننىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكى ھەمدە قىرغىزىستاننىڭ بىر قىسمى ئەسلىدە جۇڭگو زېمىنى بولۇپ، چاررۇسىيە ئۇنى تاجاۋۇز قىلىپ تارتىۋالغان. بىراق، جۇڭگو تارىخچىلىرى مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋە 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىش ئارقىلىق، مەجبۇرىي يوسۇندا بېسىۋالغانلىقى، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ مەنچىڭ خاندانلىقىغا قارشى ئازادلىق قوزغىلاڭلىرىغا ئاتلىنىپ، ئىلگىرى كېيىن كۇچا ھۆكۈمىتى، يەتتە شەھەر

دۆلىتى ۋە ئىلى تارانچى سۇلتانلىقى ھەمدە ئۇرۇمچىدىكى تۇڭگانلار ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش ئارقىلىق، مەنچىڭ خانىدانلىقىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى پاچاقلاپ تاشلىغانلىقى ھەققىدە توختىلىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان ۋە ياكى مەزكۇر ھۆكۈمەتلەرنى قۇرغان كىشىلەرنى ئەيىبلىگەن بولسا ھەمدە ئىلى شەرتنامىسى تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئىلى تەۋەسىدىكى 50 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلارنىڭ مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىلىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا ئۆزلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقۇپ، رۇسىيە كونتروللۇقىدىكى جايلارغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كۆچكەنلىكى، بۇ كۆچۈشتىكى ئاساسىي سەۋەبنىڭ ئۇلارنىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلىش بولغانلىقىنى تىلغا ئالمىغان. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدىكى سىياسىيلاشتۇرۇلغان مەزكۇر خۇلاسىلەر ۋە ئەيىبلەشلىرىگە ئالدى بىلەن سوۋېت تارىخشۇناسلىرى ئۆزلىرى ئاساس تۇرغۇزۇپ بەرگەن بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لېنىن رەھبەرلىكىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلە سوۋېت رۇسىيىسىدە ئېلىپ بارغان بارلىق سىياسىي-ئىجتىمائىي ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشلار نەتىجىسىدە، سوۋېت رۇسىيىسى چار پادىشاھ رۇسىيىسىنى قارىلاپ، ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە تەنقىد قىلغان. ماركسىزملىق تارىخشۇناسلىق پرىنسىپ بويىچە رۇسىيىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا ۋە جۇڭگوغا تۇتقان سىياسىتى ھەققىدىكى باھالارمۇ ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئىلگىرى رۇس تارىخچىلىرى N. B. Bogoyawlensk, Ch. Ch. Welixanov, M. A. Terentiyew, A. N. Kropatkin, I. G. Kornilow, N. N. Pantusow, A. A. Aristow, G. E. Grumgrjimaylo ۋە باشقىلار چاررۇسىيىنىڭ بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ھەمدە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسا، 30-يىللارغا كەلگەندە ئۆزلىرىنى ماركسىزملىق ئىدىيە بىلەن قوراللانغان تارىخچىلار دەپ ئاتىغان M. N. Pokrowskiy. A. Afanasiyew-Kazanskiy, P. I Fesenko ۋە

باشقىلار تۈنجى بولۇپ چارروسىيىنىڭ شىنجاڭ، ئومۇمەن مەركىزىي ئاسىيادىكى سىياسىتىنى ئىشغالىيەتچىلىك سىياسەت دەپ باھالىدى.[10] چارروسىيىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا ۋە جۇڭگوغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ئوخشاشلا سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شېرىن ئاي دەۋرى ھېسابلانغان 50-يىللاردىمۇ شەرتلىك يوسۇندا تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئىككى دۆلەت ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى تۆپەيلىدىن ھەر ئىككىلا تەرەپ «چارروسىيىنىڭ جۇڭگو زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىشى» مەسىلىسىگە ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلدى شۇنىڭدەك سوۋېت-جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى بىردەك ھالدا ياقۇپ بەگنى تاجاۋۇزچى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ غالچىسى دەپ قارىلىغان ئىدى. سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلۇپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئىدېئولوگىيىلىك قارشىلىشىش ۋە چېگرا زىددىيەتلىرى كۆپەيگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخشۇناسلىقىدىكى يۇقىرىقى يەكۈنلەر جۇڭگو تارىخشۇناسلىقى ئۈچۈن ئۆنۈملۈك خىزمەت قىلدى ۋە دەستەكلىك رول ئوينىدى. سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى بارلىق يوشۇرۇن نارازىلىقلار بىراقلا پاش بولدى. بىر-بىرىنى قېرىنداش ئاكا-ئۇكىلار دەپ تەرىپلەشكەن ئىككى مىللەت بىردىنلا بىر-بىرىنى ئەڭ ۋەھشىي دۈشمەنلەر قاتارىدا كۆرۈپ، مىليون كىشىلىك قوشۇنلار بىر-بىرىگە خىرىس قىلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. بۇ مەزگىلدىكى ئەڭ چوڭ زىددىيەتلەرنىڭ بىرى چېگرا مەسىلىسى بولغاچقا، ئۇلار ئارىسىدىكى تېخى بەلگىلەنمىگەن چېگرا سىزىقلىرى ئۈستىدىكى تالىشىشلار تەبىئىي ھالدا ئۇلارنى تارىخنى ۋاراقلاشقا مەجبۇر قىلدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ تالىشىشى ئاللىقاچان تارىخ قۇرلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن مەنچىڭ ۋە چارروسىيە ئىمپېرىيىلىرى دەۋرىدىن ئېشىپ قالغان بولۇپ، ئىككى مەملىكەت ئارىسىدىكى مەۋجۇت چېگرالارمۇ ئەمەلىيەتتە مەنچىڭ ۋە چارروسىيە دەۋرىدە بەلگىلەنگەن ئىدى. سوۋېت-جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى ئارىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر توقۇنۇشى چېگرا مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە، شىنجاڭ قاتارلىق

جايلار زادى تارىختىن بېرى جۇڭگونىڭ زېمىنىمۇ؟ تارىختىكى جۇڭگو بىلەن بۈگۈنكى جۇڭگو ئۇقۇمى ئارىسىدا قانداق پەرقلەر مەۋجۇت؟ شىنجاڭ ھەقىقەتەن تارىختىن بېرى جۇڭگونىڭ زېمىنىمۇ؟ دېگەن ئاساسىي سوئاللارغا مەركەزلەشتى. 30-يىللاردا ئېتىراپ قىلىنغان «چارروسىيىنىڭ جۇڭگوغا، شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتى تاجاۋۇزچىلىق سىياسەت» دېگەن پەكۈننى 60-80-يىللاردا سوۋېت تارىخشۇناسلىرى تەرىپىدىن بىردىنلا ئىنكار قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «قازاقىستاننىڭ روسىيىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلۇشى»، «قىرغىزىستاننىڭ روسىيىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلۇشى» دېگەندەك نۇقتىئىنەزەرنى دەسسەتتى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنى «بېسىۋېلىشى»، مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى سىياسىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوراللىق ھەرىكەتلىرى ھەمدە قۇرغان ھاكىمىيەتلىرى، جۇملىدىن ياقۇپ بەگنىڭ يەتتە شەھەر دۆلىتى، ئېلى خەلقىنىڭ قوزغىلاڭلىرى ۋە باشقا يېقىنقى زامان مەسىلىلىرى تەتقىقاتى كۈچەيتىلىپ بۇ ھەقتە بىر قانچە ئون مونوگرافىيە ۋە كۆپلىگەن ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. سوۋېت تارىخچىلىرى يەنە قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى مەسىلىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىمۇ كۈچەيتكەن بولۇپ، مەيلى خەن، مەيلى تاڭ سۇلالىسى بولسۇن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ تارىم ۋادىسىنى تولۇق ۋە ئۇزۇن مەزگىل بويسۇندۇرالمىغانلىقى ھەمدە خەنزۇ ئېتنىك تەركىبىنىڭ ئەزەلدىنلا بۇ يەردە ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلىيەلمىگەنلىكىنى، پەقەت مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭلا شىنجاڭنى ئىشغال قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن «شىنجاڭنىڭ مۇستەملىكە زېمىن» ئىكەنلىكى ئىدىيىسى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. 60-80-يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنى ئىگىلەش مەسىلىسى ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ي. گ بارانوۋا ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە سۇغا

كۆچۈش مەسىلىسى، د. م. تىخونوۋنىڭ 19-ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىپ بارغان قارشىلىق كۈرەشلىرى، تۇڭگان ئالىمى م. سۇشانلونىڭ تۇڭگانلارنىڭ روسىيە تەۋەسىگە كۆچۈپ كېلىش مەسىلىسى شۇنىڭدەك ب. پ. يۇدىن، ئا. ك. ئوسمانوۋ، مۇقىموۋ ۋە باشقىلارنىڭ ئۇيغۇر تارىخىي مەنبەلىرى مەسىلىسىگە ئائىت ئەمگەكلىرى نەشر قىلىندى. يېقىنقى زامان تارىخى مەسىلىسى ھەققىدە ئەڭ كوپ ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئاتاقلىق جۇڭگوشۇناسلار ب. پ. گۇرېۋىچ بىلەن ۋ. س كۇزنېتسوۋ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تېمىسى روسىيە-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى، مەركىزىي ئاسىيا رايونى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئېلىدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر شۇنىڭدەك مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر ۋە قازاقلار رايونىغا قاراتقان سىياسەتلىرى تېمىلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، ۋ. س. كۇزنېتسوپ مەخسۇس 1765-يىلىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى ھەققىدە ئىلمىي ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنىڭ بىرى ب. پ. گۇرېۋىچنىڭ «17-ئەسىردىن 19-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى مەركىزىي ئاسىيادىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 60-80-يىللاردا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە باشقا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر تارىخچىلىرىمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە داۋۇت ئىسسىيېۋ (1937-1996)، گېگىل ئىسھاقوۋ، ئەخەت خوجايېۋ، مەشۇر روزىيوۋ قاتارلىقلار پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوشۇناسلىقىدا ئېتىراپ قىلىنغان ئالىملار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. داۋۇت ئىسسىيېۋ مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرغان ھاكىمىيەتلىرى شۇنىڭدەك مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش مەسىلىسىگە مۇراجىئەت قىلىپ، «يەتتە شەھەر دۆلىتى (1864-1877)»ناملىق كىتابىنى، ئەخەت خوجايېۋ «مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان»، مالىك كەبىروۋ «سوۋېت قازاقىستاندىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى» ناملىق بىر قەدەر نوپۇزلۇق ئىلمىي ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇردى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەربابى، 30-يىللاردا مەنسۇر ئەپەندى نامى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئۇيغۇر دىيارىغا، شىڭ شىسەيگە مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتىلگەن، 1945-1946-يىللىرى ئابدۇللا رامازانوۋ ئىسمى بىلەن چۆچەكتە مۇئاۋىن ۋالىي بولغان مەشۇر روزىبېقوۋ «قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى» ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەردە 19-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە خېلى كۆپ ئورۇن بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى مەخسۇس تۈردە جۇڭگو تارىخشۇناسلىرىنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر تارىخىنى، شىنجاڭ تارىخىنى ساختىلاشتۇردى دەپ تەنقىد قىلدى. مەزكۇر تېما بويىچە ئاكادېمىك س. ل. تىخۋىنسكىينىڭ «چوڭ جۇڭگو گېگومونىزمى ۋە جۇڭگودىكى تارىخشۇناسلىق تېمىسىدىكى ئەسەرلەر» (1975-يىلى)، ب. پ. گۇرىيېۋىچنىڭ «چوڭ جۇڭگو شوۋىنىزمى ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ 18-19-ئەسىر تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلىلەر» (1974-يىلى) ۋە «ئىلى مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو تەرىپىدىن ساختىلاشتۇرۇلۇش» (1982-يىلى) ئەخەت خوجايېۋنىڭ «چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 1875-1878-يىللىرى شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان سىياسىتى. ھازىرقى زامان جۇڭگو ئاپتورلىرىغا باھا» (1976-يىلى) ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. ئومۇمەن، سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەڭ يىرىك دەۋرىدە مەركىزىي ئاسىيا جۇملىدىن ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقاتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تازا تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھامان سوۋېت-جۇڭگو توقۇنۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن مەيلى جۇڭگو تەرەپ بولسۇن، مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بولسۇن ئۆتمۈش تارىخقا ھازىرقى زامان سىياسىي چۈشەنچىلىرى ۋە دۆلەت چېگرىسى مەۋقەلىرى بىلەن قاراش ۋە باھا بېرىش ئەۋجى ئالدى. قىسقىسى، تارىخ سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى.

# مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تارىخى تەتقىقاتى مەخسۇس ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىش تېمىسى بولدى

ئەلۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخشۇناسلىق ساھەسى سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلغاندىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا مەسىلىلىرىنى تارىخىي نۇقتىدىن چۈشىنىش ۋە شەرھلەش مەقسىتىدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ 18-19-ئەسىرلەردىكى ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى سىياسىي تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى، مىللىي ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر تارىخى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە 1931-1949-يىللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇزۇن مەزگىللىك مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرى، بولۇپمۇ، 1944-1949-يىللىرىغىچە داۋاملاشقان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب دەۋرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا قايتىدىن ئەھمىيەت بەردى. بۇ تېما، سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلغاندىن كېيىن مەخسۇس تەتقىقات ھەم تەشۋىقات تېمىسىغا ئايلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولۇپ، بۇنى ئىككى سەۋەبتىن چۈشىنىش مۇمكىن.

بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىي مىللەتلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، موسكۋانىڭ جۇڭگو سىياسىتىدە ئۇيغۇر ئامىلىنىڭ قايتىدىن مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىدۇر. سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى چېگرا توقۇنۇش دەرىجىسىگە يەتكەندە، موسكۋا ئىككى تەرەپ ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلاپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىدىيىلىرىنى قايتىدىن تەرغىب قىلىشقا تىرىشىپلا قالماستىن بەلكى، ھەتتا سابىق «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ بىر قىسىم ھەربىي-سىياسىي خادىملىرى ۋە مىللىي ئارمىيە جەڭچى-ئوفىتسېرلىرىنى شۇنىڭدەك قازاقىستان،

قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەرگە يەرلەشكەن ئەسلى ئۇيغۇر ئېلىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۇڭگان ۋە باشقا مىللەتلەردىن «يۇرتنى قايتۇرۇۋېلىش قوشۇنى» تۈزۈپ، ھەربىي مەشىق ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم. چۈنكى، 1946 - 1949 - يىللىرى ۋە 1955 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، 1944 - 1949 - يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان، ۋە ياكى ئۇنى كۆرگەن جۇملىدىن بەش يىل ئىلى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ياشىغان زور ساندىكى ئاھالىلەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن سابىق «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» نىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى، يۇقىرى-تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ھەم ئەسكەرلىرى بار ئىدى. مەسىلەن، جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمەت باش كاتىپى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى، مالىيە مىنىستىرى ئەنۋەر مۇسابايېف، مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن باش قوماندانى زۇنۇن تېيىپوۋ، خەلق قەھرىمانى غېنى باتۇر، يازغۇچى، پولكوۋنىك زىيا سەمەدى ۋە باشقا نەچچە ئونلىغان كىشىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە رۇسلاردىن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى، گېنېرال گېئورگىي پالىنوۋ، 5 - كورپۇس قوماندانى پولكوۋنىك فاتىي لېسكىن، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتاب باشلىقى گېنېرال مازاروۋ، ھۆكۈمەت ئەزاسى، پاۋېل ماسكالىيېۋ، تاتارلاردىن فاتىخ مۇسلىموف، ئوتتۇرا يۈنىلىش قوماندانى مەرغۇپ ئىسھاقوۋ، پولك كوماندىرى ئايتۇغان يۈنچى، شۇنىڭدەك قازاقلاردىن پولك كوماندىرلىرى جاغدا بابالىكوۋ، موڭغۇللاردىن پولكوۋنىك ئېردە بۇلگۇنوف قاتارلىق يۈزلىگەن ئاتاقلىق ئەربابلار بار ئىدى. كېيىنكى، ئاشكارىلانغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مەزكۇر مۇھىم ئەربابلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 60 - 70 - يىللاردا جۇڭگو ۋەزىيىتىگە باغلىق ئىستراتېگىيىلىك پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالمۇتا، فرۇنزې، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا تەشكىللىگەن تۈرلۈك

تەشۋىقاتچىلىق، سىياسىي ھەم ھەربىي پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇلغان. ئومۇمەن، بۇ كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مىللىي ئازادلىق» قەرتىنى يەنە بىر قېتىم ئويىنىشىغا ئىشتىراك قىلدۇرۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1962-يىلىدىن تاكى 80-يىللارنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا تاشكەنت رادىئوسى، ئالمۇتا رادىئوسى كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، 40-يىللاردىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب مەسىلىلىرى بۇ رادىئونىڭ مۇھىم تېمىلىرى بولغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تېمىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ھەم بۇ ساھە بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق موسكۋانىڭ ۋاقتى كەلسە شىنجاڭدا خۇددى 1944-1949-يىللىرىدىكىدەك سىياسىي ۋەزىيەت يارىتىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تەھدىت پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان ھەمدە شۇنىڭ ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس تەييارلىغان ئىدى. دېمەككى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30-40-يىللىرىدىكى ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى تەتقىقاتىنىڭ موسكۋانىڭ تەتقىقات ۋە تەرغىبات تېمىسىغا ئايلىنىشىنىڭ روشەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بار بولۇپ بۇ ئەمەلىيەتتە يەنىلا شۇ سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ دۈشمەنلىك مەنزىرىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئىككىنچىدىن، بۇ موسكۋانىڭ جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش، «سوۋېت شىيۇجىڭجۇيىچىلىرىغا قارشى تۇرۇش»، «ئەكسىل ئىنقىلابچىلارغا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىگە بېرىلگەن جاۋابى بولۇپ، ھەقىقەتەن 1958-يىلىدىكى يەرلىك مىللەتچىلىككە، ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ۋە 60-70-يىللاردىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نەتىجىسىدە سابىق ئىلى ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى مەسىلەن ئەسئەت ئىسھاقوپ، مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوپ، ئابدۇللا زاكىروپ، ئىبراھىم تۇردى، سەيدۇللا سەيفۇللايوپ قاتارلىق ئونلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ۋە يۈزلىگەن ئىنقىلاب قاتناشقۇچىلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت سېپىدىن تازىلاندى شۇنىڭدەك زەربە بېرىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

بۇ مەزگىللەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە، 30-يىللاردىكى مىللىي ھەرىكەتلەر ھەققىدە ماقالە ۋە كىتاب يېزىپ ئېلان قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1931-1949-يىللىرىدا يۈز بەرگەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە گەرچە «دېھقانلار ئىنقىلابى»، «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ باھا بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ئىلمىي تەتقىقات يۈرگۈزۈش ۋە كىتابلارنى يېزىش ھەم ئۇنى خاتىرىلەش مۇمكىن بولمىدى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت-جۇڭگو كومپارتىيىلىرى بىردەك قوبۇل قىلغان «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» ئۇقۇمى جۇڭگو تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش بىلەن شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەسىرى ۋە رەھبەرلىكى ئاستىدا بولغانلىقى» ئىدىيىسى گەۋدىلەندۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىغا كۆرسەتكەن زور تەسىرى، بولۇپمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ زېمىنىنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدە ساقلىنىپ قېلىشىغا قوشقان تۆھپىسى ۋە ھەمدە بۇنىڭدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى نەزەردىن ساقىت قىلىندى. ئۇيغۇرلارنىڭ «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» نۇقتىئىنەزىرىنىڭ سوۋېت تارىخشۇناسلىقىدا قايتىدىن تەكىتلىنىشى سوۋېت-جۇڭگو ئىدېئولوگىيىلىك توقۇنۇشىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ مەزگىلدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تېمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ئۇيغۇر ئېلىدە يۈز بېرىۋاتقان ئاشۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىش بىلەن باغلىق ئىدى. 60-70-يىللاردا ئىلگىرى-كېيىن، ماخمۇت قۇتلۇقوۋ[11]، ئالىمجان ھاكىمباييېۋ [12] (N. N. Mingulov)، ل. باداۋاموۋ قاتارلىقلار موسكۋا، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا مەزكۇر تېما بويىچە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇلاردىن باشقا يەنە جۇڭگودىكى مىللەتلەر سىياستى، مىللەتلەر تارىخى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئائىت يېزىلغان ئايرىم ئاپتورلارنىڭ ۋە كوللېكتىپ ئاپتورلارنىڭ يازغان مونوگرافىيىلىرى ھەمدە كىتابلىرىدىمۇ 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي

تارىخقا مەلۇم دەرىجىدە ئورۇن بېرىلدى. 60-، 70-يىللاردا، ماخمۇت قۇتلۇقوۋنىڭ «شىنجاڭدا 1944-، 1949-يىللىرىدىكى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب ھەرىكىتىنىڭ جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى توغرىسىدا» ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى (1963-يىلى، تاشكەنت)، N. N. Min'gulov نىڭ «شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى (1944-، 1949-يىللىرىدىكى)» دىسسېرتاتسىيىسى (1962-يىلى، ئالمۇتا)، ل. باداموۋنىڭ «شىنجاڭدىكى قازاقلار گومىنداڭنىڭ جاڭكەيشى گۇرۇھىغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىدە» ماۋزۇلۇق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى (1967-يىلى، ئالمۇتا) ئالىمجان ھاكىمباييېۋنىڭ «شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ 20-ئەسىرنىڭ 30-، 40-يىللىرىدا ئېلىپ بارغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى» (1971-يىلى، موسكۋا) ۋە «1931-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە شىنجاڭدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» (1974-يىلى) ناملىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى، تۇرسۇن رەھىموۋنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىدە تۇتقان ئورنى» (1977-يىلى، موسكۋا) ۋە «ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شىنجاڭ ئازادلىق ھەرىكەتلىرىدىكى رولى» (1978-يىلى، موسكۋا)، V. N. Fyodorov نىڭ «شىنجاڭدىكى سىياسىي تۈزۈلمىلەر» (1933-، 1949-يىللىرى) ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى (1973-يىلى، ئالمۇتا) ۋە باشقا ئىلمىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ يەردە شۇ نۇقتىنى تەكىتلەش كېرەككى، مەزكۇر تېمىغا ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئەۋەتىلگەن ۋە ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئېلىگە قاراتقان سىياسىي ئىستراتېگىيىلىك خىزمەتلىرىگە بىۋاستە ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى جەلپ قىلىندى. مەسىلەن، ئالىمجان ھاكىمباييېۋ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ موسكۋادىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى بولۇپ [13]،

ئۇ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب دەۋرىدە، يەنى1946-1949-يىللىرى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان، 1949-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە سىرلىق قازاغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ قەتئىي كۆرسىتىشى بىلەن ئۇ، سەيپىدىن ئەزىزى، تۈجى قاتارلىق ئۈچ كىشىلىك ئۆمەكنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە بېيجىڭغا بېرىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقان. قىسقىسى، ئۇ بېيجىڭدىكى بارلىق ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەتلەرگە ئىشتىراك قىلغان شەخس ئىدى. ئالىمجان ھاكىمباييۇنىڭ «1931-يىلىدىن 1949-يىلغىچە شىنجاڭدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» (1974-يىلى) ماۋزۇلۇق ئەسىرى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان ۋە پايدىلىنىدىغان ئەسەر سۈپىتىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسىرى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مەخسۇس توپلاملار تىزىملىكى بويىچە ئايرىم ساقلىنىپ، پەقەت مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭلا كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنىغان. ئا. ھاكىمباييېۋ بۇ ئەسىرىدىن باشقا يەنە 1971-يىلى «شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ 20-ئەسىرنىڭ 30-40-يىللىرىدا ئېلىپ بارغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» ماۋزۇلۇق مەخسۇس دوكلات خاراكتېرلىك ئەسىرىنى ئىچكى قىسىمدا ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى بەزى تارىخىي ۋەقەلەر ھەم شەخسلەر ھەققىدىكى باھالىرى كېيىنكى ئەسىرىدە پەرقلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان. بۇ ئەسەرلەردە 30-40-يىللاردا يۈز بەرگەن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابلارىنى بىر قەدەر تەپسىلىي يورۇتقان بولۇپ، ئاپتور ئاساسلىق دىققىتىنى 40-يىللارغا قارىتىپ، ئىنقىلابنىڭ پارتلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبنىڭ، شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى كۆرسىتىپ بەرگەن مىللىي سىياسەتتىن يۈز ئۆرۈپ، ئەكسىيەتچىل گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن باستۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكى ھەم خەلققە قاراتقان ئېزىش ۋە زۇلۇمنى كۈچەيتكەنلىكى

بىلەن باغلاپ چۈشەندۈردۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت، بولۇپمۇ سوۋېت-جۇڭگو رىقابىتى شۇنىڭدەك جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى قۇرۇپ، ئامېرىكا-ئەنگلىيىنىڭ تەسىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارقا سېپى ھېسابلىنىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىگە قوشنا ئۇيغۇر ئېلىگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەھدىت پەيدا قىلغانلىقى، بۇ ئەھۋاللارنىڭمۇ موسكۋانىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى قوزغاش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ئىكەنلىكىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. ئالىمجان ھاكىمبايېۋ كىتابىدا جۇمھۇرىيەتنىڭ تەسىس قىلىنىشى، 9 ماددىلىق خىتابنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى، مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھەربىي ھەرىكەتلىرى، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلغاندىن كېيىن تاكى 1949-يىلى 8-ئايغىچە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت-مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات پائالىيەتلىرى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى» نىڭ پائالىيەتلىرى ۋە باشقا بىر قاتار ئەھۋاللارنى تەپسىلىي يورۇتىدۇ.[14] ئەلۋەتتە، بۇ ماتېرىيالدىن باشقا يەنە ئالىمجان ھاكىمبايېۋ سەيپىدىن ئەزىز بىلەن بېيجىڭدىكى پائالىيەتلەردە باشتىن-ئاخىرى بىرگە بولغان تارىخىي شاھىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېيجىڭدا مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە باشقا نازۇك مەسىلىلەر ھەققىدە موسكۋانىڭ مەخسۇس ئورگانلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىرەر تەپسىلىي دوكلات تەييارلىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ئېنىق ئۇچۇر يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ماخمۇت قۇتلۇقوۋ 1945-1946-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تەگرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ئېلىپ بېرىلغان تاشقورغاننى بازا قىلغان قوراللىق ھەرىكەتلەرگە ھەمدە 1946-1949-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سىياسىي كۆرەشلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان سوۋېت ئىتتىپاقى خادىمى بولۇپ، ئۇ دەسلەپتىلا قەشقەر تەرەپلەردە پائالىيەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەن ئىدى. ماخمۇت قۇتلۇقوۋ يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ئەسەردىن

باشقا يەنە مەخسۇس ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرى جەريانى ۋە چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا «1945 ـ 1947 ـ يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭ (قەشقەرىيە) خەلقلىرىنىڭ دېموكراتىك ھەرىكەتلىرى» (1960 ـ يىلى) ھەمدە «شىنجاڭ خەلقىنىڭ 1944 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرگەن كۈچلەرنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە» (1962 ـ يىلى) ناملىق ماقالىلەرنى يازغان. يەنە بىر تونۇلغان جۇڭگوشۇناس تۇرسۇن رەھىموۋ 30 ـ يىللاردا تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغاندا ئۇيغۇر ئېلىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلەردە بولغان. 1943 ـ 1949 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ خىزمىتى» گە ئارىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، 1943 ـ يىلى تاشكەنتتە چىقىرىلغان «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى ۋە باشقا تەشۋىقات ـ ئاخبارات ئىشلىرىغا قاتناشقان ھەمدە 1955 ـ يىلىغىچە سوۋېت مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئارىلاشقان شەخس ئىدى. تۇرسۇن رەھىموۋ 1960 ـ 80 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي پارتىيە ئورگانلىرى ۋە س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ موسكۋادىكى يىراق شەرق تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگوشۇناسلىق بۆلۈمىدە تەتقىقاتچى ۋە رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدا ئىشلىگەن. ئۇ، بۇ جەريانىدا «جۇڭگودىكى خەنزۇ ئەمەس مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى» قاتارلىق كىتابلىرىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، بۇ كىتابلىرىدىمۇ ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى مەسىلىسىدە ھەققىدە ئومۇملاشتۇرۇپ توختالغان ئىدى. تۇرسۇن رەھىموۋ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاپ، رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، بىر كىتاب سۈپىتىدە نەشر قىلىشقا تۇتۇش قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۇلگۈرەلمەي ۋاپات بولغان.[15]

# مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تارىخى ئاممىۋى تېما بولدى

60-يىللاردىن تارتىپ تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگۈچە بولغان ئارىلىقتا 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تارىخى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى موسكۋا، سانكىت-پېتربۇرگ، تاشكەنت ۋە ئالمۇتادىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر ھەم ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ دىپلوم ئىشلەش ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىش ھەم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، مەزكۇر تېما بويىچە مەلۇم ساندىكى كىشىلەر تارىخ پەنلىرى دوكتورى ئۇنۋانلىرىغا سازاۋەر بولدى. بۇ مەزگىللەردە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تېمىسى پەقەت ئاكادېمىيىلىك دائىرىدىلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنقىلابقا قاتناشقان يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ھەم ئاتالمىغان تارىخىي شاھىدلارنىڭمۇ قەلەملىرى ئاستىدا ئەسلىمە ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر سۈپىتىدە سوۋېت مەتبۇئاتلىرىدا بىر-بىرلەپ يورۇق كۆرۈشكە باشلىدى. مەسىلەن، سابىق مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن باش قوماندانى، كېيىنكى جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال مايورى زۇنۇن تېيىپوۋنىڭ «ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش» ناملىق ئەسلىمە خاراكتېرلىك كىتاب 1974-يىلى، موسكۋادىكى پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن رۇس تىلىدا نەشر قىلىندى. بۇ ئارقىدىنلا ئۇيغۇر تىلىدا ئالمۇتادا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ كىتابنىڭ جاۋابكار تەھرىرلىكىنى تۇرسۇن رەھىموۋ قىلغان ھەمدە مەخسۇس كىرىش سۆز يازغان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەرنىڭ موسكۋانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە قاتتىق نازارىتى ئاستىدا يېزىلىپ نەشر قىلىنغانلىقى روشەن. زۇنۇن تېيىپوۋ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سابىق مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى، يازغۇچى زىيا سەمەدىنىڭ 30-يىللاردىكى ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تارىخىغا بېغىشلانغان تۆت توملۇق «يىللار سىرى» ناملىق رومانى ئارقىمۇ-ئارقا نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەردە قۇمۇل ئىنقىلابىدىن تارتىپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەلەر، خوجا نىياز ھاجىم، سابىت داموللام، ماخمۇت

مۇھتى، ئابدۇنىياز كامال قاتارلىق يۇزلىگەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى، خوجا نىياز ھاجىم بىلەن شېڭشىسەينىڭ ھەمكارلىششى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى، شېڭشىسەي قاتارلىق مىلىتارىستلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى قانداق ئالدىغانلىقى، گېنېرال ماخمۇت مۇھىتىنىڭ 1934-1937-يىللىرىدىكى قەشقەردە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەمدە كۈرەشلىرى شۇنىڭدەك ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم شېڭشىسەينىڭ بۇ رايوندا ئېلىپ بارغان دىپلوماتىك ۋە سىياسىي كۈرەشلىرى ھەم باشقىلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. زىيا سەمەدى يەنە خەلق قەھرىمانى غېنى باتۇرنىڭ ھاياتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىنقىلاب دەۋرىدە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان «غېنى باتۇر» ناملىق پوۋېستىنى ئېلان قىلىپ، ئىلى ئىنقىلابىنى 30-يىللاردىكى ئىنقىلابلارنىڭ داۋامى سۈپىتىدە بايان قىلغان.
1985-يىلى، مىخائىل گورباچېۋنىڭ «قايتا قۇرۇش» تەك دېموكراتىك ئىسلاھاتى نەتىجىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە قوزغالغان ستالىن دەۋرىگە قايتا باھا بېرىش، 1937-1938-يىللىرىدىكى ئاتالمىش خەلق دۈشمەنلىرىنى ئاقلاش، تارىخىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئەركىن پىكىر قىلىشتەك سىياسىي ئىسلاھات دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخى مۇساپىلىرى، بولۇپمۇ 20-ئەسىر تارىخى مۇساپىلىرىنى ئەسلىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. نەتىجىدە 40-يىللاردىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان خېلى كۆپ ساندىكى زىيالىيلار، مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى «يېڭى ھايات»، «كوممۇنىزم تۇغى» قاتارلىق گېزىتلەردە ئارقىمۇ-ئارقىدىن ئېلان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا چىقىدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتى مۇھىم رول ئوينىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 30-40-يىللاردا ئۇيغۇر ئېلىدىكى ھەربىي-سىياسىي ۋە دىپلوماتىك پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان رۇس ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولغان ئەربابلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەسلىمە ۋە ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى.[16]

## ئىزاھاتلار:

[1] سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئەزەلدىنلا قوللاپ كەلگەن شۇنىڭدەك سوۋېت ئارمىيىسى 1945-يىلى 8-ئايدا شەرقىي شىمالغا كىرىپ، ياپونىيە كانتون ئارمىيىسىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ياپونلاردىن ئولجا ئالغان بارلىق قوراللارنى گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ئەمەس بەلكى كوممۇنىستلار رەھبەرلىكىدىكى ئازادلىق ئارمىيىگە بەرگەن. بۇ قورال ياراقلار ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ھەمدە گومىنداڭ قوشۇنى ئۈستىدىن غالىپ چىقىپ، كېيىنكى ئۈچ چوڭ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلىرىدا غەلىبە قازىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى.

[2] رۇسىيە ئالىمى بارمىننىڭ ئېيتىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش نىيىتى ئەزەلدىن بولغان ئەمەس، بۇ ھەقتە ھېچقانداق ھۆججەتمۇ يوق. валерий. а. бармин. синзиян в советско-китайских отношениях 1941-1949 гг. (1941-1949-يىللىرىدىكى سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدە شىنجاڭ) بارنائۇل، 1999-يىلى، 185-بەت.

سەيدۇللا سەيفۇللايېفمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستلارنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنى كوممۇنىستلار رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگونىڭ قولىدا قالدۇرۇشنى قارار قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە 1949-يىلى 30-يانۋاردىن 8-فېۋرالغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخپىي ئەلچىسى ئا. ئى مىكويان شىبەيپوغا يوشۇرۇن كېلىپ، ماۋزېدۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، كەلگۈسى جۇڭگو مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەندە شىنجاڭ مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ستالىننىڭ «شىنجاڭ جۇڭگو تەركىبىگە كىرىدۇ» دېگەن سۆزىنى يەتكۈزگەن. (ئا. لېدوۋسكىي, секретная миссия а. и микояна в китай январ- феврал «ئا. ئى. مىكوياننىڭ جۇڭگوغا قىلغان مەخپىي سەپىرى — يانۋاردىن-فېۋرالغىچە»، «يىراق شەرق مەسىلىلىرى» موسكۋا،1995. 2-سان،106-بەت) ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخىرقى سىياسىي تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ قارار ۋە سۆھبەتتىن غۇلجىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلىرى خەۋەرسىز ئىكەنلىكى ئېنىق.

[3] 1949-يىلى7-ئايدا ليۇ شاۋچى موسكۋانى مەخپىي زىيارەت قىلىپ، ستالىن بىلەن كۆرۈشكەندە ستالىن ئۇيغۇر ئېلىگە تېزدىن ئەسكەر كىرگۈزۈش ھەمدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى تېزدىن قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ئەسلىدە ماۋزېدۇڭ ئۇيغۇر

ئېلىگە 1950-يىلى قوشۇن ئەۋەتىش ھەمدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىمۇ بىر يىل كېيىن ئېلان قىلماقچى ئىدى. نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى 45 دانە توشۇش ئايروپىلانى ئەۋەتىپ، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 12446 ئوفىتسېر ۋە ئەسكىرىنى ھەمدە 125734 توننا ئېغىر-يېنىك قوراللىرىنى ئۇيغۇر دىيارىغا يۆتكەپ بەرگەن.

[4] 1954-يىلى، ر. خ. شەرەپىدىنوف. натсиуоналного разрешәние вопроса в провинсии синзияна после попеда китайской револиутсии (جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى مىللىي مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى)، 1954-يىلى، لېنىنگراد. دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىنىڭ قىسقارتىلمىسى.

[5]. ياكوۋلەۋ ئا. گ. к вопросу о насионално-освободитәлного движһәниа народов синзяна в 1944-1949-гг (شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ 1944-1949-يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ھەققىدە). س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي خاتىرىسى، جۇڭگو توپلىمى، 11-توم. موسكۋا، 1955.

[6] ئابدۇرېھىم ياقۇپ. ئىلى-چۆچەك ۋەقەسىنىڭ باش-ئاخىرى، شىنجاڭ تەزكىرىسى ھەم «ئالتۇن تارىم» تورىغا قاراڭ شۇنىڭدەك، لىن دەنخۇي ۋە شېن جىخۇا. 1962-يىلىدىكى شىنجاڭ ئىلى-چۆچەك ۋەقەسىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەكشۈرۈش—جۇڭگو شىنجاڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن كەلگەن ئۇچۇرلار. شېن جىخۇا، لىن دەنخۇي خۇسۇسىي تورىغا قاراڭ.

[7]. جۇسۇپاخۇن جۇسۇپاخۇنوف، جۇڭگوغا ئېلىپ بېرىلغان سەپەر (ئەسلىمىسى)، 1997-يىلى، «دېلو نومېر»س گېزىتى، بىشكەك، (رۇسچە)

[8]. گو يون. جۇڭگو تارىخىدىكى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەر. بېيجىڭ، 1973-يىلى، چار رۇسىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى. بېيجىڭ. 3-توم.1981-يىلى

[9] شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە جۇڭگو-رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى، 1978-يىلى، بېيجىڭ. 1-بەت ۋە 41-42-بەتلەر

[10] ۋ. ئا. موئىسەيېۋ. Россиа и Китай в Сентралной Азии (رۇسىيە ۋە جۇڭگو مەركىزىي ئاسىيادا) 2007. بارنائۇل.

[11] ماخمۇت قۇتلۇقوۋ، تارىخ پەنلىرى دوكتورى، ئۇيغۇر. بىر ئۆمۈر تاشكەنتتە ياشاپ، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنى ۋە شەرقشۇناسلىق

تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، يۇقىرىدا ئاتالغان ھازىرقى زامان تېمىلىرىدىن باشقا يەنە سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ تارىخى، چاغاتاي خانلىقى ۋە موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر دىيارى ھەققىدە مەخسۇس ئىلمىي ماقالىلەر ۋە كىتابلارنى يېزىپ ئېلان قىلغان ئىدى.

[12]. مىنگۇلوۋ، ن. ن. натсионално–освободитəлноə движһəниə народов синтзянда как составная част обшəкитайиской рəволлютсии (شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ 1944-1949-يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى). تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى توپلىمى، 15-توم، ئالمۇتا، 1962-يىلى. 68-102-بەتلەر. بۇ ئاپتورنىڭ народй синтзяна в борбə за установлəниə народнои дəмократии (شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ دېموكراتىك ھاكىمىيەت ئورنىتىش جەريانىدىكى كۈرەشلىرى) ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى 1956-يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا پۈتۈپ، قىسقارتىلمىسى ئېلان قىلىنغان ئىدى.

[13] ئالىمجان ھاكىمبايېۋ (-1991) مىللىتى ئۆزبېك، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چۆچەككە كېلىپ ماكانلاشقان. ئىنقىلاب دەۋرىدە چۆچەكتە بىر مەزگىل مۇئاۋىن ۋالىي بولغان 1954-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەندىن كېيىن، موسكۋادىكى س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەت قىلغان ھەمدە بۇ جەرياندا بىر قانچە ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ، 1991-يىلى پالەچ كېسىلى بىلەن موسكۋادا ۋاپات بولغان. مەن، 1990-1991-يىللىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىنتىلگەن بولساممۇ لېكىن، ئۇ ئېغىر ئاغرىق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئىدى.

[14] ئا. ھاكىمبايېۋ. натсионално-освободитəлноə движһəниə в синтзянə в 1931-1949 годах (1931-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە شىنجاڭدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى). ئىككى قىسىم بويىچە، ئىككىنچى قىسىم. س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى. مەخسۇس توپلام. 6-سان (157). موسكۋا، 1974-يىلى.

[15] تۇرسۇن رەھىموۋ (1912-1986). بىشكەكتە تۇغۇلغان ئەسلى قەشقەرىيىلىك ئۇيغۇرلاردىن. تۇرسۇن رەھىموۋنىڭ ئىككى بالىسى بار بولۇپ، ئوغلى ئىسكەندەر رەھىموۋ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى يادرو فىزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، ئاتاقلىق يادرو فىزىكا ئالىمى، پروفېسسور دوكتور. قىزى ناتالىيە تۇرسۇن قىزى، ماتېماتىكا پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور. ئۇلار موسكۋادا ياشايدۇ. تۇرسۇن رەھىموۋ

يەنە «رۇسچە- ئۇيغۇرچە لۇغەت» قاتارلىق تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىق ئەسەرلىرىنى ۋە باشقا كۆپلىگەن سىياسىي ماقالىلەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇر ئەربابى ئىدى.

[16]. ب. پ. گۇرىيەۋىچ. там за тарбагатайәм из истории ранних совәтско—китаиских отношәний (تارباغاتاينىڭ ئۇ تەرىپىدە، دەسلەپكى سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى تارىخىدىن) يىراق شەرق مەسىلىلىرى، 1990-يىلى، 5-سان. ۋە 1933-1934 гринсәнко. я. что это бйл? к собйтиям в синтзянә в (بۇ نېمە ئىش ئىدى؟ 1933-1934-يىللىرىدىكى شىنجاڭ ۋەقەلىرى ھەققىدە) يىراق شەرق مەسىلىلىرى، 1990-يىلى، 5-سان. بۇ ماقالىلەردە 1933-1934-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن «تارباغاتايىسك» ۋە «ئالتايىسك» دەپ ئاتالغان قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنىڭ شىڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ، ئۇرۇمچىنى قورشىۋالغان ماجۇڭيىڭنى يوقىتىش ۋە قەشقەردىكى سابىت داموللام ھۆكۈمىتىنىڭ تارمار قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

# ستالىننىڭ ئاتوم بومبىسى ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئېچىلمىغان سىرلىرى

## مۇقەددىمە ئورنىدا

20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن زور مەبلەغ سەرپ قىلدى. بولۇپمۇ، گىتلېر گېرمانىيىسى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە دۇنيانى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى كۆڭۈلگە پۈككەنلىكى ئۈچۈن ھەربىي خامچوتىنى يىلدىن-يىلغا كۆپەيتىپ، ھەربىي تېخنىكىنى تېز سۈرەتتە راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش ھەم ئەڭ ئۈستۈن ھەربىي قۇۋۋەتلەرگە ئىگە بولۇش ئارقىلىق كۆزلىگەن پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. 2-جاھان ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىش ھارپىسىدىكى ئەنە شۇ قۇدرەتلىك كۈچلەر رىقابىتى ئەۋجى ئالغان پەيتلەردە ئىلگىرى-كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر ئالىملىرى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك پارتلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بومبا ياساپ چىقىش مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ، مەزكۇر بومبىنى ياساش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر قوللىنىلدى.

ئامېرىكىدىكى ئاتوم تەتقىقاتى ۋە ئۇنى ياساش پىكرى ئالدى بىلەن

1939-يىلى گېرمانىيە پولشىنى بېسىۋېلىپ، ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقاندىن كېيىن مەيدانغا كەلدى. 1939-يىلى، گىتلېر گېرمانىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالىماي، ياۋروپادىن ئامېرىكىغا قېچىپ كەلگەن بىر قىسىم ئاتوم ئالىملىرىدىن ۋېنگرىيىلىك فىزىك كىلاد سىيو ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەردە گېرمانىيە ئاتوم بومبىسىنى بۇرۇن ياساپ چىقسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئارقىدىنلا ئېينىشتېين شۇ يىلى 8-ئايدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلتقا خەت يېزىپ، ئاتوم بومبىسى ياساش تەكلىپىنى سۇندى. 1940-يىلغا كەلگەندە ئامېرىكا ئالىملىرى ئارىسىدا مەخسۇس ئاتوم بومبا ياساش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىنغان بولۇپ، پەقەت 1941-يىلى، 6-دېكابىر كۈنى ياپونىيە دېڭىز ۋە ھاۋا قىسىملىرى ھاۋاي ئارىلىدىكى پېرل-خاربور پورتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاشتىن بىر كۈن بۇرۇنلا روزۋېلت ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسى ياساش ۋە جىددىي تەرەققىي قىلدۇرۇش لايىھىسىنى تەستىقلىدى. 1942-يىلى، 8-ئايدا ئاتوم بومبىسى ياساشنى مەقسەت قىلىدىغان «خامىلتون لايىھىسى» نى تەستىقلاپ، مەزكۇر لايىھە بويىچە ئاتوم قورالى ياساشقا كىرىشتى. 1943-يىلى 7-ئايدا بولسا، ئاتوم تەتقىقات ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇپ، بۇ ساھەدىكى پۈتۈن تەتقىقاتلارنى مەركەزلەشتۈردى.[1]

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1940-يىلى ئاتوم بومبىسى ياساشنى قارار قىلىپ، بىر مەخپىي كومىتېت قۇردى. بۇ كومىتېتقا گېرمانىيىدە تۇغۇلغان كوممۇنىست، ئەمما 1933-يىلى گېرمانىيىدىن ئەنگلىيىگە كېتىپ، شۇ يەردە ئوقۇپ يەرلىشىپ قالغان، فىزىكا ئالىمى كلائۇس فۇكۇسمۇ قاتناشتۇرۇلدى. بۇ ئارىدا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئاتوم ياساش ساھەسى بويىچە يېقىندىن ھەمكارلاشقان بولۇپ، 1943-يىلى 12-ئايدا ئەنگلىيە ئاتوم ئالىملىرى ئامېرىكىنىڭ «خامىلتون پىلانى» غا قاتنىشىپ، ئىككى دۆلەت بىرلىكتە ئاتوم تەتقىقاتى ۋە ياساش ھەمكارلىقى ئېلىپ بارغاندا،

فكۇسمۇ ئامېرىكىغا بېرىپ، مەزكۇر لايىھىگە قاتناشتى ھەمدە ئاتوم تېخنىكىسىغا ئائىت تېخىمۇ زور مەخپىيەتلىكلەرنى بىلىش ھەتتا ئاتوم بازىسىنىڭ فىزىكا تەتقىقاتىغا مەسئۇل بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.[2]

ناتسىستلار گېرمانىيىسىدىكى ئاتوم پىلانى 1939-يىلى باشلانغان بولۇپ، گېرمانىيە ھەربىي تەييارلىقلار ۋە پىلان ئىدارىسى ئاتاقلىق فىزىكا ئالىملىرىدىن ۋېرنا خەرسېنبېرگ بىلەن ئوتتو گاننىڭ باشلامچىلىقىدا «ئۇران جەمئىيىتى» نامى ئاستىدا تەتقىقات ئورگىنى تەسىس قىلىش بىلەن ئاتوم تەتقىقاتى ۋە ئاتوم بومبىسى ياساشقا جىددىي كىرىشتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى پوۋل ھاداك گىتلېرگە ئاتوم بومبىسى ياساش، ئەگەردە گېرمانىيە ئاتوم بومبىسىنى ياساش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولسا، ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ سۇنغان ئىدى. 1940-يىلى شىمالىي ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم دۆلەتلەردە ئۇران كانلىرىنى تېپىپ ئۇران ئايرىش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشتى ھەمدە 1940-يىلى 5-ئايدا نورۋېگىيىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپادىكى بىردىن بىر ئېغىر سۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان نورۋېگىيىنىڭ ۋەيمونىك زاۋۇتىنى كونترول قىلدى. شۇنىڭدەك يەنە بېلگىيىنىڭ ئۇران كانىنى كونترول قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ ئاتوم بومبىسى پىلانى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شۇ يىلى، 12-ئايغا كەلگەندە ئۇران تاۋلاش تېخنىكىلىرىنى ئىگىلىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، گېرمانىيە ئالىملىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتوم بومبىسى ياساشقا كېرەكلىك تېخنىكىنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىپ ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيىنىڭ يادرو قورالى ياساش پىلانى ئىتتىپاقچى دۆلەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇملىرى ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرىغا ئۇچراپ، ناتسىستلارنىڭ ئاتوم بومبىسىنى ياساپ پۈتتۈرۈش ۋاقتى ئارقىغا

سۈرۈلدى. مەسىلەن 1943 - يىلى ، 2 - ئايدا ئەنگلىيە ئالىي ھەربىي قوماندانلىق شتابى گېرمانىيىنىڭ نورۋېگىيىدىكى ۋەيمونىك ئېغىر سۇ ياساش زاۋۇتىنى پارتلىتىش ئۈچۈن بىر زەربىدار ئەترەت تەشكىللىگەن بولۇپ ، ئالتە كىشىلىك مەزكۇر گۇرۇپپا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۇ زاۋۇتنى پارتلىتىۋېتىپ ، گىتلېرنىڭ ئاتوم بومبىسى ياساش پىلانىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. بۇ زاۋۇت بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئاتوم بومبىسىغا كېرەكلىك ئېغىر سۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇمكىنچىلىكىدىن مەھرۇم قالغان بولۇپ ، بۇ ئەھۋال گېرمانىيىنىڭ ئاتوم بومبىسىنى بۇرۇن ياسىشىنى كېچىكتۈرۈپ ، ئىتتىپاقچىلارنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىش رول ئوينىدى. ئەلۋەتتە ، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاتوم بومبىسى ياساشقا ئەڭ بۇرۇن كىرىشىپ ، يەنىلا ئۇنى ياساپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىدى؟ دېگەن سوئال ھازىرغىچە مۇنازىرە قوزغاۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ ، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى ئامىللارنى ئەسلەپ ئۆتۈش مۇمكىن.

بىرىنچىدىن ، ئىتتىپاقچى ئارمىيىنىڭ ناتسىستلارنىڭ ئاتوم ياساش بازىلىرىغا ھاۋا ھۇجۇمى قوزغاپ ، ئۇلارغا تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىشى ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا كۆپ سەپلەردە ئۇرۇش قىلىشى نەتىجىسىدە ماددىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ ، ئاتوم پىلانىغا سېلىنغان مەبلەغدە كەمچىللىك كۆرۈلۈشى.

ئىككىنچىدىن ، ئاتوم تەتقىقات تارماقلىرىنى تارقاقلاشتۇرۇۋېتىپ ، بىر مەركەزگە يىغىنچاقلىنالماي ، ئالىملار ئارىسىدا دائىم پىكىر ۋە تەتقىقات ئىختىلاپلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى شۇنىڭدەك يەنە ناتسىستلارنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىرقچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈپ ، ئېينىشتېين قاتارلىق كۆپلىگەن يەھۇدىي ۋە باشقا مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان ئاتوم ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك ئالىملارنى چەتكە قېقىشى ھەمدە ئۇلارنى زەربە بېرىشى ئوبيېكتى قىلىش تۈپەيلىدىن ، ئۇلارنىڭ گىتلېر گېرمانىيىسى ئۈچۈن

ئىشلەشتىن باش تارتىپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئاتوم بومبىسى پىلانى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى.

ئۈچىنچىدىن، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي قۇدرىتىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ، ئاتوم قورالى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى مەۋجۇت ھەربىي كۈچىگە تايىنىپمۇ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا بولغان ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىشتىن كېلىپ چىققان ئۆزلىرىنى كۈچلۈك چاغلاش ھەمدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈنچىۋالا تېز ئارىدا ئاتوم بومبىسى ياسىيالىشىغا ئىشەنمىگەنلىكى قاتارلىق خاتا ھۆكۈملىرىمۇ ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى ۋە كۈنسايىن جىددىيلىششى ھەمدە ئۇرۇش سەپلىرىنىڭ كېڭىيىشى شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق ئىتتىپاقچى دۆلەتلەرنىڭ 1944-يىلىدىن تارتىپ گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشى ھەربىي ھەرىكەتلىرى ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا ئۆتۈش جەريانىدا ئاتوم قورالىغا ئىگە بولۇش ۋەزىيەتنىڭ مۇھىم تەقەززاسىغا ئايلانغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا مەزكۇر قورالغا تېز ئىگە بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ جىددىي ھەمدە مۇتلەق مەخپىي تەدبىرلەرنى ئالدى. چۈنكى، مەزكۇر قورالنىڭ ئالدى بىلەن كىمنىڭ قولىدا بولۇش ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە تەرتىپىنى بەلگىلەشتىكى ئۈستۈنلۈككە باغلىنىشلىق مەسىلە بولغاچقا، ئەگەردە مەزكۇر قورال گىتلېر گېرمانىيىسى تەرىپىدىن بۇرۇن ياسىلىپ، ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىلسە، ناتسىستلارنىڭ پۈتۈن سەپلەر بويىچە ئىتتىپاقچىلارنى (سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، ئەنگلىيە) مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشى، بەلكى گىتلېرنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ، 3-ئىمپېرىيە قۇرۇش چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن 2-جاھان ئۇرۇشى داۋامىدا ئاتوم بومبىسى

گېرمانىيىدىن بۇرۇن ياساپ چىقىش ۋە ياكى گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ بۇ پىلانىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا يول قويماسلىق ئىتتىپاقچى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي-سىياسىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم كۈن تەرتىپىگە قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاتوم پىلانى ۋە تېخنىكىسى مۇتلەق مەخپىي تۇتۇلدى جۈملىدىن ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە بۇ ساھەدە ھەمكارلاشسىمۇ، بىراق ئۇنى ئۆز ئىتتىپاقچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەمدە ئورتاق رەقىبى گىتلېر گېرمانىيىسىدىن مۇتلەق مەخپىي تۇتقان بولۇپ، ئامېرىكا-ئەنگلىيە مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياكى گېرمانىيە بولسۇن ھەر ئىككىلىسىنىڭلا بۇ قورالغا ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئىگە بولۇشىنى خالىمىغان ئىدى. چۈنكى، بۇ قورالغا مەزكۇر ئىككى دۆلەتنىڭ قايسىسى ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئىگە بولسا، ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە خىلاپ بولۇپ، ئەگەر گېرمانىيە بۇرۇن ئىگە بولسا، 3-ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇدرىتى ئىتتىپاقچىلارنى ۋەيران قىلىپ، دۇنيا سىياسىي تەرتىپىنى گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ بەلگىلەش ئۇستۇنلۈكى بولاتتى. بۇ ئەلۋەتتە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئورتاق زىيانلىق بولسىمۇ، بىراق، ئامېرىكا-ئەنگلىيىنىڭ ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قورالغا ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئىگە بولۇشىنى خالىماسلىقىدىكى سەۋەب، ئەگەر ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان تەقدىردىمۇ، 30 يىلدىن بېرى غەرب كاپىتالىزم دۇنياسى بىلەن رىقابەتلىشىپ ھەم دۈشمەنلىشىپ كەلگەن، دۇنيانى ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن ئىككىگە بولۇپ، ئۆزلىرىگە كۈچ توپلاپ، ئاخىرىدا كوممۇنىزم لوزۇنكىسى ئاستىدا پۈتۈن دۇنيادىكى رەھبىرى دۆلەتلىك سالاھىيەتكە ئېرىشمەكچى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتوم قورالغا تايىنىپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشتا زور ھەسسە قوشقان، ئەڭ غالىپ ۋە قۇدرەتلىك مەملىكەت سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ، خۇددى گىتلېر گېرمانىيىسىگە ئوخشاشلا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى زەربىگە ئۇچرىتاتتى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا مەيلى ناتسىستىزم، مەيلى

كوممۇنىزم بولسۇن ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا خەتەرلىك ئىدېئولوگىيە بولۇپ، غەربنىڭ دېموكراتىك، ئەركىن ئىدىيىسى ۋە باشقا تۈرلۈك مەنپەئەتلىرىگە تامامەن خىلاپ ئىدى. نەتىجىدە، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى قايتىدىن بېكىتىشتە يالغۇز سوۋېت ئىتتىپاقىلا ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە بىر تەرەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تەرەپ بولۇپ، رول ئوينىدى. زاتەن، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىمۇ ئەنە شۇ مەنپەئەتلەر توقۇنۇشىنىڭ خۇلاسىسىدىن ئىبارەت ئىدى خالاس.

ئۇنداقتا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاتوم بومبىسى مەسىلىسىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتتى ھەمدە بۇ ساھەدە قانداق ھەرىكەت قوللاندى؟ نېمە ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىدىن تۆت يىل كېيىن مەزكۇر قورالغا ئىگە بولالىدى؟ دېگەن سوئالنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي. ئومۇمەن، بۇ ھەرگىزمۇ يېڭى سوئال ئەمەس، بەلكى مەزكۇر سوئاللار 50 يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئارىسىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولۇشىدا ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىكى دۇنيا سىياسىي تارىخىدىكى بىر مەزگىللىك قىستۇرما كۈي بولغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋە ياكى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى» قانداق رول ئوينىدى؟ دېگەن سوئالنى قوشقاندا مەزكۇر تېما بىرئاز يېڭىلىنىدۇ ھەمدە تولۇقلىنىدۇ.

## ستالىننىڭ ئاتوم بومبىسى خىيالى قانداق تۇغۇلدى؟

بۈگۈنكى رۇسىيە تارىخچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتوم ياساش ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەمدە بۇ ساھەدە مەخسۇس پىلان تۈزۈپ، ئىشقا كىرىشىشىنىڭ گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدىن كېيىن بولغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشىمۇ، لېكىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ ھەربىي خامچوتىنىڭ يىلدىن-يىلغا كۆپەيتىپ، ھەربىي

تېخنىكىسىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى ھەتتا 1939 - 1940 - يىللىرىدا پولشا ھەم باشقا بىر قىسىم شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى بېسىۋېلىشى ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئوخشاشلا ئەندىشىگە سالغان. گەرچە، 1939 - يىلى، 23 - ئاۋغۇست كۈنى گېرمانىيە پولشىغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنى باشلاشقا بىر ھەپتە قالغاندا موسكۋادا «سوۋېت ئىتتىپاقى - گېرمانىيە ئۆزئارا ئۇرۇش قىلماسلىق كېلىشىمى» تۈزگەن بولسىمۇ، بىراق موسكۋا يەنىلا ھەربىي جەھەتتىن گېرمانىيىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. بولۇپ، گىتلېر پولشىنى ۋە ئارقىدىنلا باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئارقىمۇ - ئارقا ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ھەربىي جەھەتتە گېرمانىيىدىن ئاجىز قېلىشنى تېخىمۇ خالىمىدى. ئۇرۇش ئوتلىرىنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە گېرمانىيە ئالىملىرىدىن ئوتتو گان، فرانسىيە ئالىمى فرېدېرىك زھولىيو كيۇرى قاتارلىقلار 1938 - يىلى، ئۇران - 235 نى پارچىلاش ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن كۈچلۈك بىر ئىنسسقلىق ئېنېرگىيىسى چىقىرىش مۇمكىنلىكىنى سەزدى. بۇ زور قىزىقىش قوزغىدى. ئارقىدىنلا رۇسىيە ئالىملىرىدىن گېئورگىي فلېروۋ بىلەن يۇلىيا خارتىنوۋ 1939 - يىلى، ئۇران - 235 رېئاكسىيىسىدىن كۈچلۈك پارتلاتقۇچ ياساش مۇمكىنلىكىنى بىلدى. 1939 - 1940 - يىلى بولسا، ئاتوم بومبىسى ياساش مەسىلىسى ئامېرىكا ئالىملىرى ئارىسىدا ھەتتا مەتبۇئاتلىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. قىسقىسى ئاتوم بومبىسىدىن ئىبارەت پارتلىتىش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك قىرغۇچى بومبا ئۈچۈن ئۇران - 235نىڭ ھەل قىلغۇچ ماتېرىيال قىلىنىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنىپ بولۇنغان ئىدى.

ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ بىر قاتار زور ھەربىي - سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە شۇنىڭدەك گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىي پەن -

تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلماسلىقى ھەمدە بۇنىڭغا جاۋابەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋە ئېغىر سانائىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىشنى ئويلاشماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەبلەردىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆز دۆلىتى تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى رايون ھېسابلانغان شىنجاڭ ئۆلكىسىدىمۇ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يەر ئاستى بايلىقلىرىنى جۇملىدىن ئۇران، ۋولفرام قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك كەم ئۇچرايدىغان مېتال بايلىقلىرىنى تېپىپ چىقىپ ۋە قېزىپ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك سانائەت پىلانلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى قارار قىلغان ئىدى.[3]

1941-يىلى، 6-ئايدا گېرمانىيە ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قوزغاپ، سوۋېت -گېرمان ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئالىملىرى ئارىسىدا ئاتوم بومبىسى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر مەيدانغا چىقتى ھەتتا 1941-يىلى «ھەقىقەت» گېزىتىنىڭ 13-ئۆكتەبىردىكى سانىدا ئاكادېمىك پ. ل. كاپىتسېنىڭ «بىر شەھەرنى ھەتتا مىليونلاپ ئادەمنى بىراقلا قىرىۋېتىش مۇمكىن بولغان ئاتوم بومبىسى ھەققىدىكى ئىنكاسى ئېلان قىلىندى» [4]. قىسقىسى، بۇ ۋاقىتتا سوۋېت فىزىكا ۋە خىمىيە ئالىملىرى ئارىسىدا ھەقىقەتەن مۇنداق بىر قورالنىڭ ئىجاد قىلىنىشى مۇمكىنلىكىگە بولغان ئىشەنچ شەكىللىنىپ بولغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنىڭ گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن زور مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىتىلىپ، دۆلەت تەقدىرى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كېلىۋاتقان 1941-يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرغان بىر يىغىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ كومىسسارى لاۋرېنتى بېرىيا دوكلات بېرىپ، ئەنگلىيىنىڭ ئاتوم قورالغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۇران پىلانى تۈزگەنلىكى، ئامېرىكىنىڭ بولسا ئاتوم بومبىسىنى ياساشقا جىددىي تۇتۇش

قىلىۋاتقانلىقىنى رازۋېدكا ئارقىلىق ئېگىلەنگەنلىكىنى مەلۇم قىلغان[5]. بۇ ماتېرىيالنى ئەنگلىيىنىڭ ئۇران تەتقىقات كومىتېتىدا ئىشلەۋاتقان فىزىكا ئالىمى. سوۋېت جاسۇسى فكۇس مەخپىي تۈردە تەمىنلىگەن بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيىنىڭ بەلكى ئىككى يىل ئىچىدە ئاتوم بومبىسى ياساپ چىقىشى مۇمكىنلىكىنى يەتكۈزگەن[6]. ئارقىدىنلا مەزكۇر جاسۇس يەنە ئۇران 235- نىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئايرىلىش ھەققىدىكى تېخنىكىلىق ئۇچۇرلارنى، ئۇزۇن ئۆتمەي، برىتانىيە ھەربىي كابىنېتى تەييارلىغان ئاتوم بومبىسى ھەققىدىكى مەخپىي دوكلاتنىڭ تولۇق تېكىستىنى موسكۋاغا يەتكۈزدى. بېرىيا بۇ ئۇچۇرلارنى ستالىنغا مەلۇم قىلدى. لېكىن، مەزكۇر ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى پەقەت كەسپىي ئاتوم ئالىملىرىلا چۈشىنەلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ماتېرىياللار تاكى 1943- يىلىغىچە بىر يېرىم يىل مەخپىي ساقلىنىلدى.[7]

شۇنى ئەسكەرتمەي بولمايدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنى پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ داھىيسى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى دەپ ھېسابلىغان يوسىف ستالىننىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىن قىممەتلىك، كەم ئۇچرايدىغان، ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە رەڭلىك مېتاللار جۇملىدىن «مۇناسىۋەتلىك يەر ئاستى بايلىقلىرى» نى تەكشۈرۈپ تېپىشقا ئۆزى بىۋاسىتە ئارىلىششى ھەم رەھبەرلىك قىلىشى، مەزكۇر پىلاننىڭ پەقەت ئاددىي ھالدا گېئولوگىيە ۋە رەڭلىك مېتال ساھەسىنىڭ خىزمىتى ئەمەسلىكى، بەلكى دۆلەتنىڭ ھەربىي- سىياسىي قۇدرىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك پىلان ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك.

## جاللاتلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن 50 يىللىق كېلىشىم

گرۇزىيىدىن چىققان يوسىف ستالىن بىلەن مانجۇرىيىدىن چىققان شېڭ شىسەينىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ

پاجىئەلىك تارىخىدا جاللاتلىق بىلەن مۇھىم ئىز قالدۇرغانلىقى تارىخ سوتى تەرىپىدىن ئاللىبۇرۇن ھۆكۈم قىلىنىپ بولۇنغان. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇستا يەنە بىر شاگىرت بولۇپ، بىراق رەھىمسىزلىكتە ھەر ئىككىسىلا ئوخشاش. ئۇستىسى ستالىن ئۆز ئائىلىسىنى ھەم ئەڭ يېقىن دوستلىرى، ئۆزىنى قوللىغان مەسلەكداشلىرىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، شاگىرتى شېڭ شىسەيمۇ ئوخشاشلا بىر قورساقتىن تۇغۇلغان ئۆز ئىنىسىنى ھەمدە ئەڭ يېقىن دوستلىرىنى ئۆلتۈرگەن. ئالدىنقىسىنىڭ قولىدا مىليونلىغان ئىنسانلار ھاياتىدىن ئايرىلغان ۋە خانىۋەيران بولغان بولسا، ئوخشاشلا كېيىنكىسىنىڭ قولىدىمۇ يۈزمىڭلىغان ئىنسانلار ئۆلدى ۋە خانىۋەيران بولدى. يەنە كېلىپ، بۇ ئىككى شەخسنىڭ قولىدا ئۆلگەن ھەم ۋەيران بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى ھېسابلاپ چىقىش تېخىمۇ قىيىن. ستالىننىڭ نەزىرىدە شېڭ شىسەي رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسى ئۆز تەۋەلىكىدىكى جاي بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 17 ـ ۋە ياكى 18 ـ جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشىتىلغان، چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا غەرب سىياسىيونلىرى تاشقى موڭغۇلىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 16 ـ جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاتقان ئىدى. بىراق، موسكۋانىڭ 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقىرىسىدىكى، ئۆزى بىلەن چېگرا مەزكۇر ئىككى رايوننىڭ موسكۋا ئۈچۈن ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى، كۆزلەنگەن مەقسىتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى تاشقى موڭغۇلىيە پەقەتلا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىنلا ئېتىراپ قىلىنغان مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ، ئەمما، شىنجاڭ ئۆلكىسى نامدا جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى دەپ ئېيتىلسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ يەر نەنجىڭگە ئەمەس، بەلكى موسكۋاغا بېقىناتتى[8]. ستالىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ يەردە مەيلى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ۋە ياكى باشقا مىللەتلەر ھەتتا مىللەتارىستلار تەرىپىدىن مۇستەقىل بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا قەتئىي يول

قويماسلىق قارارىغا كەلگەن بولۇپ، ھەتتا شېڭ شىسەينىڭ ئۇدا بىر قانچە قېتىم شىنجاڭنى مۇستەقىل سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت قىلىش ۋە ياكى ھېچ بولمىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە ئايلاندۇرۇش تەلىپىنى رەت قىلىپ،[9] شېڭ شىسەينىڭ «6 بۈيۈك سىياسىتى» نىڭ تەركىبىگە «شىنجاڭنى ئەبەدىي جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىش» دېگەن ماددىنى كىرگۈزگىزدى [10]. ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزى ئۆلكە ستالىن ئۈچۈن ئۆز ئېغىر سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى سانائەت خام ئەشياسى ھەم چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىسى شۇنىڭدەك يېنىك سانائەت ماللىرىنى ئوگچۈاشقا سېتىپ، زور سودا-ئىقتىساد كاپىتالى يارىتىدىغان مەخسۇس بازىرى ئىدى. غەرب دۇنياسىدا پەيدا بولغان ئاتوم قورالى ياساش پىلانىدىن ئارقىدا قېلىشنى خالىمىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ جايدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قىممەتلىك، كەم ئۇچرايدىغان مېتاللار ۋە باشقا يەر ئاستى بايلىقلىرى، قىسقىسى رادىئاكتىپلىق مېتاللارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ھەم ئۇنى قېزىش پىلانىنى ئاللىبۇرۇن بېكىتىپ بولغان ئىدى. ئەنە شۇ پىلان بويىچە، 1940-يىلى 26-ئۆكتەبىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىسسارىياتلىرى كېڭىشى يىغىن ئېچىپ، «شىنجاڭدا قەلەي ئىزدەش ھەم ئېلىش» ھەققىدە بىر مۇتلەق مەخپىي قارار قارارى قوبۇل قىلغان.[11] «مۇتلەق مەخپىي» دەپ بېكىتىلگەن مەزكۇر قارار رۇسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىسىدىكى «ستالىننىڭ ئالاھىدە پوپكىسى» دا ساقلانغان بولۇپ، بۇ ھۆججەت ھازىر تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن.[12]

ھۆججەتنىڭ تولۇق تېكستى مۇنداق :

«سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىسسارىياتلىرى كېڭىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۆلكىسىدە قەلەي ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كەم ئۇچرايدىغان پايدىلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئىزدەش ھەققىدە تۆۋەندىكى قارارنى چىقىرىدۇ.

1. سوۋېت ئىتتىپاقى رەڭلىك مېتال خەلق كومىسسارىياتى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان كېلىشىم لايىھىسىنى تەستىقلاش.

2. خەلق رەڭلىك مېتال كومىسسارىياتىغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بىلەن 50 يىللىق مۆھلەت بىلەن شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە قەلەي ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پايدىلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئىزدەش ھەم مەنبەلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ھەققىدە كونسېسسىيە كېلىشىمى تۈزۈش ھوقۇقى بېرىش.

3. شىنجاڭدا قەلەي ئىزدەش، مەنبەلەرنى تەكشۈرۈش ھەم ئىشلىتىش ئىشلىرى بويىچە كونسېسسىيە باشقارمىسىغا تۆۋەندىكى تەركىبنى بەلگىلەش

1) باشقارما باشلىقى. يولداش كارپىنكو فېدور ئاگېيېۋىچ
2) مۇئاۋىن باشلىقى يولداش شىبايېۋ پېتىس ئاندرېيېۋىچ
3) باش ئىنژېنېر يولداش شمانوۋ كونستانتىن ئىۋانوۋىچ
4) باش گېئولوگ يولداش لوزھېچكىن مىخائىل پاۋلوۋىچ

4. ف. ئا كارپىنكوغا ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى يولداش باكۇلىن ئىۋان نىكولايېۋىچنىڭ قاتنىشىشى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن كونسېسسىيە ھەققىدە كېلىشىم ئۈچۈن سۆزلىشىش ئېلىپ بېرىشنى تاپشۇرۇش.

5. خەلق رەڭلىك مېتال كومىسسارىياتى 1940 -يىلى دېكابىردىن بۇرۇن 1941 -يىللىق كونسېسسىيە خىزمەت پىلانىنى سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىسسارىياتلىرى كېڭىشى ۋە كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇشى كېرەك.

6. س س س ر خەلق كومىسسارىياتلىرى كېڭىشى يېنىدىكى ئىقتىسادى كېڭەش خەلق رەڭلىك مېتال كومىسسارىياتى تەلەپ قىلغان بارلىق كېرەكلىك ماتېرىياللار، ماددىي بۇيۇملار ۋە پۇلنى 1940 -يىلىنىڭ 4 -كۋارتالىغىچە ئاجرىتىپ بولۇشى كېرەك.

س س س ر خەلق كومىسسارىياتلىرى كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋىچېسلاۋ مولوتوۋ.
كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى يوسىف ستالىن» [13]

سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدا ئېلىنغان ئەنە شۇ مەخپىي قارار بويىچە شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى باكۇلىن، كارپېنكو باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى بىلەن شېڭ شىسەي ئارىسىدا 50 يىللىق مۆھلەتلىك «سوۋېت ئىتتىپاقى - شىنجاڭ كونسېسسىيە كېلىشىمى» ئىمزالىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى 50 يىلغا قەدەر بۇ زېمىننىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىش، سودا - ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى قانۇنلاشتۇردى. شېڭ شىسەي بىلەن ستالىن ئارىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم مۇتلەق مەخپىي بولۇپ، بۇنى ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلمەيتتى[14]. سوۋېت ئىتتىپاقى مەزكۇر كونسېسسىيە كېلىشىمى ئارقىلىق گېئولوگىيە خادىملىرىنى خالىغانچە، ئەركىن ھالدا شىنجاڭدا پائالىيەت قىلدۇرۇش، يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئىمتىيازلىرىنى قولغا كەلتۈردى. ستالىننىڭ مۇنداق زور ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشى، ئەمەلىيەتتە، ستالىننىڭ 1934 - يىلى خوجا نىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرىنى ئۆندەككە كەلتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شېڭدۇبەن باشچىلىقىدىكى ئۆرۈمچى ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن ئۆلكىنى كونتروللۇق ئاستىغا ئېلىشى، خوجا نىياز ھاجىمنى مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى قىلىپ، قىلتاققا چۈشۈرۈپ بېرىشى، «ئالتايسكى» نامىدىكى قىزىل ئارمىيە كۈچلىرىنى ئەۋەتىپ، 1934 - يىلى ما جوڭيىڭنى ئۆرۈمچى ئەتراپىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشى شۇنىڭدەك ئاخىرىدا يەنە 1937 - يىلى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا قايتىدىن قوشۇن كىرگۈزۈپ، ئابدۇنىياز بەگ ۋە ما خۇسەن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر - تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇپ، لەپپەڭشىپ قالغان شېڭشىسەي ھۆكۈمىتىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالغانلىقىغا بېرىلگەن تۆلەم ۋە ياكى بەدەلدىن ئىبارەت بولۇپ، پۈتۈنلەي دېگۈدەك موسكۋانىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان شېڭ شىسەينىڭ مۇنداق قىلمايمۇ ئامالى يوق ئىدى.

## قەيەردە ئۇران بار؟

ستالىن، ئەينى ۋاقىتتىكى چۈشەنچە بويىچە ئالغاندا، دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتىكى «ئەگگۈشتەر» ھېسابلىنىدىغان ئاتوم بومبىسىنى ياساپ چىقىش ئىددىيىسىگە كەلسىمۇ، لېكىن بۇ قورال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق كەم ئۇچرايدىغان رادىئاكتىپلىق ماددا ئۇران زاپىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدە تېخى تېپىلمىغانلىقىنى، موسكۋانىڭ قولىدا ئازراقمۇ ئۇراننىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇنى ئىزدەش ھەمدە قېزىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولۇپ، ئاتوم يادرو پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەمدە كېرەك بولغان يەر ئاستى بايلىقلىرىغا ئېرىشىش ۋەزىپىسى سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارى ۋالەنتىنە بېرىياغا تاپشۇرۇلغان ئىدى.

ئۇنداقتا نەدە ئۇران بار؟ بىر دانە ئاتوم بومبىسى ئۈچۈن زادى قانچىلىك ئۇران كېرەك؟ بۇ ئۇراننى قانداق ئۇسۇل بىلەن تاۋلاپ، ئاخىرىدا ئۇنى قورالغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن؟ دېگەندەك يۈز مىڭلىغان سوئاللار سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن تېخى ھەل قىلىنمىغان ھەم ھەل قىلىنىشى ناھايىتى مۇشكۈل بىر سىر ئىدى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ستالىن باشلامچىلىقىدا شېڭ شىسەي بىلەن كونسېپسىيە كېلىشىمى تۈزۈپ، شىنجاڭدا قەلەي كانلىرىنى ئىزدەش ۋە قېزىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىشىنى قانداقتۇر، ئاددىيلا قەلەي ئىزدەش دەپ ھۆكۈم قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇ بىر كۆرۈنۈشتىكى شەكىل بولۇپ، ھەقىقىي مۇددىئا ئەسلىدىن چاررۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى تەرىپىدىن يەر ئاستى بايلىقلىرى ئىنتايىن مول دەپ ئالدىن ھۆكۈم قىلىنىپ بولۇنغان بۇ زېمىندا ئۇران كانلىرىنىڭ بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئۇران قاتارلىق كەم ئۇچرايدىغان، قىممەتلىك يەر ئاستى مىنېراللارنى ئىزدەشتىن ئىبارەتتۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى

گېئولوگىيە ئالىملىرى ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 1941 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر ئېلىگە كىرىپ، كەڭ كۆلەمدە ئۇران قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ تەكشۈرۈشكە قاتناشقان، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق گېئولوگىيە ئالىمى بولغان ئاكادېمىك بورىس سوكولوۋ ئۆزىنىڭ 1941 - يىلى ۋەتەن ئۇرۇشى باشلىنىشتىن بىر قانچە ئاي ئىلگىرى ئۇيغۇر ئېلىدە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى، ئۇنىڭ تاكى 1943 - يىلىغىچە شىنجاڭدا رەڭلىك مېتاللار ۋە نېفىت مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈش ھەم گېئولوگىيىلىك سىزەتكە ئېلىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتكەن. [13] سوۋېت گېئولوگىيە ئالىملىرى بىر قانچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمال تەرەپلىرى، ئالتاي، پامىر ۋە قارار قورۇم تاغلىق رايونلىرىدا تاكى 1943 - يىلىنىڭ بېشىغىچە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇيغۇر تۇپراقلىرى ھەققىدە ئەڭ ئەتراپلىق ماتېرىياللارغا ۋە چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا مەيلى جۇڭگو، مەيلى ئەنگلىيە ۋە ياكى باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى مەزكۇر ئۆلكە توغرىسىدا بۇنچىلىك چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر مەنبەلىرىدىمۇ 1941 - 1942 - يىللىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. ھەتتا، رۇس تىلىنى ياخشى بىلگەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ 1941 - يىلىدىن تاكى 1942 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقى گېئولوگىيە ئالىملىرىغا تەرجىمان بولۇپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا بىر يىل ئەتراپىدا تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلىقى ھەققىدە تولۇقسىز مەلۇماتلار

مەۋجۇت. شۇ تەكشۈرۈشتە قەشقەردىن قېتىلىپ، يول باشلىغۇچى بولغان قىرغىز ئاق يولبەگنىڭ ئەسلىشىچە، ل. مۇتەللىپ ۋە ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوۋېت گېئولوگىيە تەكشۈرۈش خادىملىرى 1941-يىلى 6-ئايلاردا قەشقەر تەۋەسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە تاشقورغان، قىزىل تاغ، قوشراپ، ياركەنت قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، خوتەننىڭ يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان قاراڭغۇ تاغ دېگەن يەرگىچە بارىدۇ. [14] بىراق، مەزكۇر سوۋېت گېئولوگىيە ئەترىتى 10-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قايتىپ، 11-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە كېتىدۇ. لۇتپۇللا مۇتەللىپ دوستى ئاق يولبەگكە تۇيۇقسىز قايتىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قوزغىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ[15]. ئەمما، پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ل. مۇتەللىپ، 1942-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ چاغدا شېڭ شىسەي بارا-بارا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، گومىنداڭ بىلەن ئالاقە ئورنىتىۋاتقان بىر پەيت ئىدى. ل. مۇتەللىپ تەرجىمانلىق قىلغان سوۋېت گېئولوگلىرىنىڭ مەزكۇر تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئەمەلىيەتتە ئاشۇ ستالىن بىۋاستە بۇيرۇق بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇران قاتارلىق رادىئاكتىپلىق ماددىلارنى ئىزدەشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئەلۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ شېڭ شىسەينىڭ رازىلىقىنى ئالغان بۇ تەكشۈرۈشنىڭ تۈپ مەقسىتىنىڭ موسكۋانىڭ مۇتلەق مەخپىي ئاتوم بومبىسى ياساش ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇپ، پەقەت يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە نېفت مەنبەلىرىنى ئىزدەش ھەم تەكشۈرۈش دەپلا ئاتىغانلىقى ئۈچۈن 19 ياشلىق ئاددىي تەرجىمان ل. مۇتەللىپلا ئەمەس ھەتتا 1938-يىلىدىن تارتىپ سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، ستالىننىڭ ئىشەنچلىك مۇرتى بولغان، ئۆلكىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى شېڭ شىسەينىڭمۇ مەزكۇر تەكشۈرۈشنىڭ تۈپ مەقسىتىنى بىلمەسلىكى تەبىئىي ئەھۋال بولسا كېرەك. شۇ قېتىم جەنۇب

تەرەپتە پامىر ئېگىزلىكىنى ئاساسىي تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلغاندا سوۋېت ئالىملىرىنىڭ ئۇران زاپىسى بەلۋېغىنى بايقىغانلىقىنى نەزەردىن قالدۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار ئۇران زاپىسىنى بايقىغاندىن كېيىنلا سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇرۇمچىگە قايتقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى 1947-يىلى ئاشۇ سوۋېت گېئولوگىيە ئالىملىرى تاشقورغان بىلەن تۇتاشقان پامىر ئېگىزلىكىنىڭ تاجىكىستان تەۋەسىدىن زور مىقداردا ئۇران كانى تېپىپ، ئۇنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى باشلىغان ھەمدە پامىر ۋە تەڭرى تاغ سىستېمىسى تۇتىشىپ كەتكەن ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستانىنىڭمۇ ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بەلۋاغلىرىدىن ئۇران زاپاسلىرىنى تاپقان ئىدى.[16]

سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ستالىن گەرچە دەسلەپكى بىر قانچە ئايلار ئىچىدە گاڭگىراپ قالغان، پۈتۈن دىققىتى قانداق قىلىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىنى توسۇپ قېلىش ۋە موسكۋا، لېنىنگراد ھەم ستالىنگراد قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەرنى مۇداپىئە قىلىشقا قارىتىلغان بولسىمۇ، بىراق شىنجاڭدا يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئىزدەش خىزمەتلىرىنى بىراقلا بوشاشتۇرۇپ قويمىغان. سەۋەب شۇكى، ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئاساسلىق ئېغىر سانائەت بازىلىرىنى ئورال تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى سىبىرىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىگە يۆتكىگەن بولۇپ، بۇ زاۋۇتلار ھەربىي قوراللارنى ئىشلەپچىقىرىشقا جىددىي كىرىشىپ كەتكەن. بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن يەر ئاستى بايلىقلىرى تېخىمۇ كېرەك بولۇپ، خام ئەشياغا بولغان ھاجەت ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى ۋاقتىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا ستالىننىڭ بۇ ئۆلكىنى ئۆزىنىڭ خام ئەشيا ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشتىكى ئارقا سەپ خەزىنىسىگە كىرگۈزگەنلىكى تەبىئىي.

1942-يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە سوۋېت ئارمىيىسى موسكۋا

بوسۇغىسىدا گىتلېر ئارمىيىسىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، موسكۋانى قوغداپ قالغاندىن كېيىن، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىلىق ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاتوم پىلانىنى جىددىيلەشتۈردى. شۇ يىلى، 30-ئىيۇن كۈنى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئۇران قېزىشنى تەشكىللەش ھەققىدىكى قارارى تەستىقلانغان بولسا، 28-سېنتەبىر كۈنى يوسىف ستالىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ 2352-نومۇرلۇق «ئۇران خىزمىتى تەشكىللەش ھەققىدە» ناملىق بۇيرۇقىنى تەستىقلىدى [17]. مەزكۇر بۇيرۇقتا سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەركىبىدە ئالاھىدە ئاتوم يادروسى لابوراتورىيىسى قۇرۇش قارار قىلىنغان. ۋ. مولوتوۋ دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ 2542-نومۇرلۇق «ئۇران قېزىش» قارارىنى تەستىقلىغان [18].

1942-يىلى ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى رازۋېدكىسى ئۇران مەسىلىسى بويىچە ئەنگلىيىنىڭ كۆپلىگەن مەخپىي ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىپ تۇردى. ئامېرىكىنىڭ ئاتوم پىلانى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارمۇ داۋاملىق تۇردە ئىتالىيىلىك سوۋېت جاسۇسى بورنو ئونتېكوروۋو تەرىپىدىن يەتكۈزۈلۈپ تۇردى [19]. كلائۇس فۇكس ۋە بورنو ئونتېكوروۋو قاتارلىق مەزكۇر سوۋېت جاسۇسلىرى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئاتوم تېخنىكىسىدا قولغا كەلتۈرگەن ھەر بىر يېڭى ئىلگىرىلەش ۋە نەتىجىلەر ھەتتا پىلانلارنى ۋاقتى-ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكا ئورگانلىرىغا يەتكۈزۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ۋاقىتتا گېرمانىيىنىڭ ئاتوم تېخنىكىسىغا ئائىت ئۇچۇرلار ئاساسەن كەلمىگەن[20]. ستالىن 1943-يىلى 11-فېۋرالدا سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ «ئاتوم بومبىسى ياساش ھەققىدىكى پروگراممىسى ۋە قارارى»نى تەستىقلىدى ھەمدە ئاكادېمىك كۇرچاتوۋنى «2-نومۇرلۇق لابوراتورىيە» يەنى «مەخپىي ئاتوم ياساش ئىنستىتۇتى» نىڭ دىرېكتورى قىلىپ تەيىنلىدى. سوۋېت ئاتوم

ئالىملىرى چەتئەللەردىن ئېرىشكەن ئاتوم تېخنىكىسىغا ئائىت ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ، بۇ ساھەگە جىددىي كىرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ساھەدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى ئاستا بولىدى [21]. سەۋەب شۇكى، بۇ ۋاقىتقىچە سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدا ئۇران كانلىرى تېخى تېپىلىپ، ئۇران قېزىش باشلانمىغان ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسكىلاتىدا ئۇران يوق بولۇپ، «2-نومۇرلۇق لابوراتورىيە»دە پەقەت بىر قانچە كىلوگراملا ئۇران بولغان[22]. دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زور مىقداردا ئۇرانغا ئېرىشمەي تۇرۇپ، ئاتوم بومبىسىنى ياسىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە گېرمانىيىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئۇرانلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا ئىلگىرىلەشلەر داۋاملاشماقتا ئىدى.

## ستالىننىڭ قىلىچى ــ ئەيتىنگون قانداق ئۇچۇرغا ئېرىشتى؟

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ك گ ب گېنېرالى، 40-يىللاردا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارلىقىنىڭ (كېيىنكى ۋاقىتتىكى ك گ ب) سوۋېت ئىتتىپاقى دۈشمەنلىرىنى تازىلاش ۋە يوقىتىش ئوپېراتسىيە تارمىقىنىڭ مەسئۇلى، گېنېرال لېيتېنانت پاۋل سۇدوپلاتوۋنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېلان قىلغان ئەسلىمىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىچە، 1943-يىلى باھاردا ئۇنىڭ مۇئاۋىنى، يوسۇف ستالىننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى گېنېرال مايور نائۇم ئەيتىنگون شىنجاڭغا مەخسۇس ئەۋەتىلگەن [23]. دۆلەت بىخەتەرلىك ساھەسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن گېنېرال مايورى نائۇم ئەيتىنگون ستالىننىڭ بىۋاسىتە بۇيرۇقى بويىچە، مېكسىكىدا پاناھلىنىۋاتقان سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى رەھبەرلىرىدىن بىرى، لېنىننىڭ قوللىغۇچىسى، ئەمما ستالىننىڭ ھوقۇق تالىشىش بويىچە كونا رەقىبى لېۋ تروتسكىينى ئۆلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىگە قوماندانلىق قىلغان شەخس بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشتەك دۆلەت

تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىجراچىسى بولۇش بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ك گ ب تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئېرىشكەن[24].

گېنېرال سۇدوپلاتوۋ «نائۇم ئەيتىنگون 1943 - يىلى شىنجاڭدىن ئىبارەت مەزكۇر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جايىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەربىي - سىياسىي ئەھۋالى ھەققىدىكى رازۋېدكا دوكلاتىدىنمۇ كۆپ مۇھىم ھېسابلىنىدىغان ئۇچۇرنى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسى يوسىف ستالىنغا ئېلىپ كەلدى.» دەپ يازىدۇ [24]. ئۇنداقتا، نائۇم ئەيتىنگون ستالىنغا ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇر دىيارى ھەققىدىكى مەزكۇر ئىنتايىن مۇھىم ۋە مەخپىي ئۇچۇر زادى قانداق ئۇچۇر؟ بۇنىڭ ستالىننىڭ ئاتوم پىلانى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ يوق؟ دېگەن سوئالنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تەبىئىي. گەرچە، ھازىرچە ئەيتىنگوننىڭ زادى قانداق قىممەتلىك ئۇچۇرنى ستالىنغا بىۋاسىتە يەتكۈزگەنلىكى ھەققىدىكى ئېنىق تارىخىي ئارخىپ تېخى ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ھەقتە ھەر خىل پەرەزلەر مەۋجۇت. رۇس تارىخچىسى ۋادىم ئوبۇخوۋ بۇ ئۇچۇرنىڭ سوۋېت گېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ شىنجاڭدا ئۇران كانىنى بايقىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ [25]. ئەمما، شۇنداق ئېھتىماللىقنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇكى، ئۇنىڭ دوكلاتىدا بىرىنچىدىن سىياسىي جەھەتتە ئۆلكىگە ئامېرىكا ۋە ئەنگىلىيىنىڭ سىڭىپ كىرگەنلىكى، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ كونسۇلخانا قۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇرۇمچى، غۇلجا ۋە باشقا جايلارنى ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك دائىرىگە كىرگۈزۈپ، بەزى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى، جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتىنىڭ بولسا ئامېرىكىنىڭ تەسىرىنى بۇ جايغا ئېلىپ كىرىش تاكتىكىسى قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى ئۈزۈل - كېسىل قوغلاپ چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارقا سېپىگە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت سىياسىي ئۇچۇر. ئىككىنچىدىن سوۋېت

گېئولوگلىرىنىڭ تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە ئالتاي تاغلىرىدا ئۇران زاپىسى بارلىقى ھەمدە ئىلى ۋە ئالتاي تاغلىق رايونلىرىدىن تىتان، ۋولفرام، ئالتۇن ۋە باشقا رەڭلىك مېتال زاپاسلىرى، ئورۇمچى رايونىدىن بولسا مول نېفىت ۋە كۆمۈر زاپىسى بايقىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەربىي سانائەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۈچۈر بولۇشى مۇمكىن. ۋادىم ئوبۇخوۋ، ستالىننىڭ ئەينى ۋاقىتتا نائۇم ئەيتىنگوننىڭ قوماندانلىقىدىكى دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنىنىڭ مەخسۇس قوغداش ئەترىتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا سوۋېت گېئولوگىيە ئالىملىرى بىلەن بىرگە يەنە گېئولوگىيە رازۋېتچىكلىرىنىمۇ ئۇيغۇر ئېلىگە ئۇران ئىزدەشكە ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ دوكلاتىنىڭ ئاشۇ ئۇران قاتارلىق قىممەتلىك رادىئاكتىپلىق مېتال زاپاسلىرىنىڭ تېپىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىدۇ. [26]

شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشلەردە سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئالتاي تەۋەسىدىكى كۆك توقاي رايونىدىن ئۇران ماددىلىرىنى تاپقانلىقىنى، ئۇران قاتارلىق رادىئاكتىپلىق ماددىلار مەنبەلىرىنىڭ گەرچە تارباغاتاي-ساۋۇر تاغلىرىنىڭ قازاقىستان تەۋەسىدىكى قىسىملىرىدىمۇ بارلىقى سېزىلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆك توقاي كان مەنبەلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلامغا جايلاشقانلىقى ۋە قېزىشقا ئاسان ئىكەنلىكىنى سەزگەنلىكى ئېھتىماللىقتا يېقىن.

بىراق، پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، 1943-يىلى، نائۇم ئەيتىنگوننىڭ سوۋېت گېئولوگلىرىنىڭ ئالتايدا ئۇران كانلىرىنى بايقاپ، ئۇنى دەرھال قېزىشقا بولىدىغانلىق ھەققىدىكى ئۈچۈرى ستالىننى خۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خۇشاللىقى غەزەپكە ئايلاندى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا، شېڭ شىسەي ستالىندىن تولۇق يۈز ئۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئۆلكىدىكى بارلىق تەسىرگە ۋە پائالىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئاشكارا ھالدا ستالىن بىلەن دۈشمەنلەشتى ھەمدە ئۆزىنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، تۇنجى قېتىم بۇ جايغا مەركەز قوشۇنلىرى

يېتىپ كەلدى. شىنخەي ئىنقىلابى يۈز بېرىپ، پەقەت 32 يىلدىن كېيىنلا، جۇڭخۇا مىنگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچى يېتىشكە باشلىغان بۇ ئۆلكىگە ئاتوم بومبىسى ياساش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان يەنە بىر قۇدرەتلىك دۆلەت ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ تەسىرىمۇ يېتىپ كەلدى [27]. جاڭ كەيشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارقا ئىشىكى يېنىغا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ تەسىرىنى ئېلىپ كىرىش تاكتىكىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا چېگرىسى يېنىدا يۈز بېرىۋاتقان، ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرىگە تەتۈر تاناسىپ يېڭى سىياسىي ۋەزىيەت ستالىننىڭ ئاتوم بومبىسى ياساش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا تۇنجى قېتىم بايقىغان ئۇران كانىنى قېزىش پىلانىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كىرىۋاتقان، سوۋېت ئىتتىپاقى ستالىنگراد ئۇرۇشىدا ئەمدىلا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش ۋاقتى جەدۋىلى ئېنىق بولمىغان، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئىككىنچى ئۇرۇش سېپىنى تېخى ئاچمىغان ئەھۋال ئاستىدا ستالىن ئۆزىنىڭ 12 يىللىق « بۇفېر زونى»( تەسىر دائىرىسىدىكى رايون) دىن ئايرىلىپ قېلىشىنى، ئۆز دۆلەت مەۋجۇتلۇقى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان يادرو قورالى پىلانىغا كېرەك بولغان بىردىن بىر ئۇران مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر دىيارى ئۇنىڭ بىردىن بىر تاپقان ئۇران مەنبەسى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىپايان زېمىنلىرىدا تېخى ئۇران كانلىرى بايقالمىغان ئىدى. ئۇنداقتا نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇران بولمىسا، ئاتوم بومبىسىنى قانداق ياسايدۇ؟ ئەگەر ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئامېرىكا ۋە ياكى گېرمانىيە بۇ قورالغا ئېرىشىۋالسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەقدىرى، ستالىننىڭ تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟ ئالتايدا تاپقان ئۇرانلارغا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا ئوگچىۋاشقا ئېرىشىۋالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ستالىن كرېمىل

سارىيىدىكى ئازادە ئىشخانىسىدا غاڭزىسىنى شوراپ، ئۇيىاقتىن ـ بۇياققا ئېغىر قەدەملىرىنى ئاستا تاشلاپ، مېڭىپ يۈرۈپ، پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىن ئۈنۈملۈك يول، ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك خەلقلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى قوللاپ، شېڭ شىسەينى ئورنىدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت.

## كرېملدىن چىققان سادا: شېڭ شىسەينى يىقىتىش كېرەك!

دېمەك، 1943 ـ يىلى شېڭ شىسەي موسكۋادىن يۈز ئۆرۈش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا سىرتىدىكى بىردىن ـ بىر مۇھىم تەسىر دائىرە ئاستىدىكى كولونىيىسىدىن ئايرىپ تاشلىدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن زەربە بولدى. ستالىن قاتارلىق سوۋېت رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى ھەمدە بۇ يولدا ئاققۇزغان قانلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە تىكلىگەن مەزكۇر «ئىشەنچلىك قونچىقىدىن» دەككىسىنى يەپ، ئالدىن ئويلاپ باقمىغان ماددىي ۋە مەنىۋى زەربىلەرگە ئۇچرىدى. چۈنكى،1931 ـ يىلىدىكى قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئاستىدا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىنى قاپلىغان ئىنقىلاب يالقۇنلىرى نەتىجىسىدە 1933 ـ يىلى، 12 ـ نويابىر كۈنى قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تەسىس قىلىنىدى. بۇ ۋاقىتتا پەقەت ئۈرۈمچىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولۇپ، ئەمما، 1933 ـ يىلى، 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئۆلكىنىڭ دۇبەنلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالغان شېڭ شىسەي ما جوڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالغاندا، موسكۋانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمىتىنى ئەمەس بەلكى مىلىتارىست شېڭ شىسەينى قوللاش قارارى بويىچە «ئالتايىسكىي» نامىدىكى قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرى چېگرادىن كىرىپ، ماجوڭيىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى ھەمدە شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى

مۇستەھكەملىدى.

ئەلۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىڭ شىسەينى قوللاش قارارىغا كېلىشمۇ ئاسانغا چۈشمىگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللاش بىلەن مىللەتارىستلارنى قوللاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل پىكىر ئىتقىمى مەۋجۇت بولغان[28]. 3-ئىنتېرناتسىئونال قەتئىي تۈردە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت بەرپا قىلىشىغا ياردەم بېرىش مەيدانىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئاخىرقى ھېسابتا مىللەتارىست شىڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش قارارىنى قوبۇل قىلغان ئىدى[29].

1934-يىلىدىن تارتىپ تاكى 1942-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسى ھەمدە تەسىرى ئاستىدا پۈتۈن ئۆلكىنى ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلىپ، جۇڭخۇا مىنگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ رايوندا ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىشى ۋە ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇشىنى چەكلىدى. شىڭ شىسەينى يۆلەپ تۇرغۇزغان سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن مەركۇر ئۆلكىنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە كونتروللۇقى ئاستىدىكى نۇقتىغا ئايلاندۇرۇپ، تۈرلۈك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولدى ھەتتا 1940-يىلى شىڭ شىسەي بىلەن تۈزگەن 50 يىللىق مەخپىي كونسېسسىيە كېلىشىمى ئاساسىدا ئۇيغۇر دىيارىدا كەڭ كۆلەملىك گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە تاپقان ۋولفرام، نېفىت ھەم باشقا يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېزىشقا باشلىغان ئىدى. بىراق، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتلىرىنى كۆرگەن شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تامامەن

تۈگەشتى دەپ ھېسابلاپ، ئاستا-ئاستا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە ئورناتتى. 1943-يىلى، 3-ئايغا كەلگەندە پۈتۈنلەي نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئاشكارا ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەمگە كەلگەن ھەر كەسپتىكى بارلىق خادىملارنى ھەتتا قومۇلدىكى 8-پولك نامىدىكى قىزىل ئارمىيە قوشۇنىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى، ئۈرۈمچى تۇدوڭخابادىكى ئايروپىلان ياساش زاۋۇتىنى ھەم مايتاغدىكى نېفىتلىكنى تاقاشنى تەلەپ قىلىپ، بۇنى ئىشقا ئاشۇردى [30]. قىسقىسى، شېڭ شىسەي ستالىننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ھەتتا مولوتوۋنىڭ مۇئاۋىنى دېكانازوفنى ئەۋەتىپ، مەخسۇس شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشقا دەۋەت قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئاشكارا قوپال سىياسەت يۈرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي-سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشتىن يانمىدى. بۇ ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۇچرىغان بۇ زەربىلەرنى ئاساسلىقى ئىككى نۇقتىدىن چۈشىنىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئېغىر يىللىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتلىك ھېسابلىنىدىغان شىنجاڭدىن ئالىدىغان نېفىت قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلار مەنبەسىنىڭ ئۈزۈۋېتىلىشى. يەنە بىرى، يەنى ئەڭ مۇھىم ئامىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1943-يىلىغا كەلگەندە ئاتوم قورالى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۇران قاتارلىق رادىئاكتىپلىق مېتاللارنى قېزىش پىلانىنىڭ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن بىتچىت قىلىۋېتىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. مەزكۇر ئىككى نۇقتا، بولۇپمۇ ئۇران قېزىپ، ئاتوم بومبىسى ياساش ستالىنغا ئەڭ كېرەك بولۇپ، سوۋېت گېئولوگلىرى مەخپىي تۈردە ئالتاي قاتارلىق جايلاردىن تاپقان ئۇران كېنىنى قېزىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان توسالغۇلارنى يوقىتىپ، قىممەتلىك يەر ئاستى بايلىقىنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئېلىشقا توسقۇنلۇق قىلمايدىغان ھەتتا ئۇنى قوللايدىغان

بىر سىياسىي ئاتموسفېرا ۋە ياكى سىياسىي گەۋدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى.

گەرچە، شىڭ شىسەي ۋە جاڭ كەيشى بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان قوپال چارىلارنى ئەمەلگە ئاشۇرسىمۇ، لېكىن، بۇ ئۆلكىدە ئەمدىلا كونسۇلخانىسىنى ئېچىپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى باشلىغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان ئامېرىكا ئۆلكىدە جىددىي ۋەزىيەت شەكىللىنىشىنى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا، جۈملىدىن ئۆزى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا قارشىلىشىشنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. چۈنكى، مەيلى ئامېرىكا، مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىنىڭلا بىر-بىرىگە ھاجىتى بار بولۇپ، ئۇلار فاشىزمغا قارشى كۈرەشتىكى ئىتتىپاقچىلارغا ئايلانغان. ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشلىرىغا يېنىكلىك پەيدا قىلىشىنى ئارزۇ قىلسا، سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ ئامېرىكىنىڭ تېزرەك ئىككىنچى فرونت ئېچىپ، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا چىقىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشى، بۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گىتلېر ئارمىيىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدىن تېزرەك قوغلاپ چىقىرىشىنى ئىلگىرىلىتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئامېرىكا شىڭ شىسەينىڭ تېزرەك ھوقۇقتىن قېلىشىدا بەلگىلىك رول ئوينىدى [31].

مانا مۇشۇنداق بىر قانچە خىل ئامىل ۋە ئېھتىياجدىن چىقىش قىلغان ستالىن ئۆزىنىڭ قايتا-قايتا نەسىھىتىنى ئاڭلىمىغان [32] شىڭ شىسەينى ئورنىدىن يوقىتىپ، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مىللىي ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق يېڭى سىياسىي ئاتموسفېرا يارىتىش قارارىغا كەلدى. ئاخىرى بۇ قارار 1943-يىلى 16-ماي كۈنى قوبۇل قىلىندى. شۇ كۈنى كرېمل سارىيىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي

كومىتېتى سىياسىي بۇيورىسى مەخسۇس شىنجاڭ مەسىلىسى ھەققىدە يىغىن چاقىردى. يىغىنغا ستالىن، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ كومىسسارى لاۋرېنتىن بېرىيا، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىسسارىياتلىرى كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئالېكسېي كوسىگىن، سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتلىرى ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى مىخائىل سۇسلوۋ ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر قاتناشقان بولۇپ، مەزكۇر يىغىندا تۆۋەندىكىدەك قارار قوبۇل قىلىندى؛

«شىڭ شىسەي يۈزسىز ۋە سەممىيەتسىز ئادەم، گەرچە سوۋېت دۆلىتى كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆپ ياردەملەرنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، بۇ ياردەملەرنى قەدىرلىمەيلا قالماستىن بەلكى، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلدى. بۇ سەۋەبتىن شىڭ شىسەينى ئۆلكە ھاكىمىيىتىدىن قالدۇرىدىغان زۆرۈر چارىلارنى قوللىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە ياشاۋاتقان ئادەملەر شۇنىڭدەك سوۋېت گراجدانلىقىدىكى يەرلىك مىللەت كىشىلىرىدىن ‹مىللىي گۈللىنىش گۇرۇپپىسى› قۇرۇشنى باشلاش. بۇلاردىن باشقا يەنە قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستانلاردا شىنجاڭ ئاھالىسى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى لازىم بولغان تەشۋىقاتچىلارنى ھەم بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ كوماندىرلىرىنى تەييارلايدىغان بىر قانچە مەكتەپلەرنى قۇرۇش»[33].

بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر دىيارىدا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى قوزغاش، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن بىر ئالاھىدە گۇرۇپپا قۇرغان ھەمدە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان. 1943 - يىلى ماينىڭ ئاخىرىدا س س ر خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى بېرىيانىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەت بىخەتەرلىك، رازۋېدكا ئورگانلىرىنىڭ باشلىقلىرى ھەمدە ئۇيغۇر ئېلى

بىلەن قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى يەرلىك ئېچكى ئىشلار، چېگرا قوغداش ھەم رازۋېدكا باشلىقلىرىنىڭ شۇنىڭدەك ئۇرۇمچى، قەشقەر، غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق شەھەرلەردىكى سوۋېت كونسۇللىرى ھەمدە كونسۇلخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان رازۋېدكا خادىملىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يىغىن چاقىرىلىپ، كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ئېلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتنىڭ كونكرېت چارە-تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىنىدى [34]. يىغىن خۇلاسىسى سۈپىتىدە س س س ر خەلق ئېچكى ئىشلار كومىسسارىياتىغا تەۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپنى قوغداش ئىشلىرىغا مەسئۇل قوشۇنلىرىنىڭ كوماندىرى گېنېرال مايور ۋلادىمىر ئېگناروۋ ۋە ئۇنىڭ كەسپىدىشى، خەلق ئېچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ (ن ك ۋ د) 4-باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال لېيتېنانت ئالېكساندىر لاڭفاڭ يېتەكچىلىكىدە بىر ھەرىكەت پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. مەزكۇر ئىككى گېنېرالنىڭ يېتەكچىلىكىدە «ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى» تەسىس قىلىنىدى شۇنىڭدەك پىلان بويىچە ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئورگانلىرىغا كونكرېت ۋەزىپىلەر بېرىلدى [35] ۋە ئالمۇتا، تاشكەنت ۋە بىشكەك قاتارلىق شەھەرلەردە قوراللىق ھەرىكەت قىلىدىغانلار ئۈچۈن كۇرسى ئېچىلىپ، مەخسۇس ئادەملەر تەربىيىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەر، ئالتاي، غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق شەھەرلەردە تۇرىدىغان كونسۇلخانىلىرىدىكى ئالاھىدە خادىملارغا قەيەردە ئىنقىلاب قوزغىسا، مۇۋاپىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۇچۇر توپلاش ۋەزىپىسى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەر قايسى جايلاردىكى كونسۇلخانا خادىملىرى موسكۋاغا دوكلاتلار يوللاپ، سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتنى باشلايدىغان ئورۇننى بېكىتىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن، ئالتايدىكى سوۋېت كونسۇلى مىخايلوۋنىڭ دوكلاتىدا «ئوسمان باشچىلىقىدىكى قازاقلارنىڭ گۇرۇپپىسى قۇلايلىق شارائىت ئاستىدا ئالتايدا قازاقلارنىڭ يېڭى قوزغىلىڭىنى تەييارلاش ۋە ئېلىپ بېرىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەندىن سىرت يەنە

«ئوسماننىڭ گۇرۇپپىسىدىن باشقا ئالتايدىكى مىللىي ئازادلىق كۈرەشىنىڭ راۋاجلىنىشى جەريانىدىكى، ياخشى ۋەزىيەت شارائىتىدا ۋىلايەتنىڭ زور كوپ ساندىكى ئاھالىسى ئۇنىڭغا قاتنىششى مۇمكىن» [36] دەپ ھۆكۈم قىلىنغان.

قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلى شىپستېركوۋ بولسا، ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىنىڭ جەنۇب بولسا مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، دوكلات سۇنغان. ئۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، گەرچە خەلقنىڭ مۇستەملىكىچىلەرگە قاتتىق ئۆچمەنلىكى بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچكى كۈچىگە تايىنىپ، ئاكتىپ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى «بۇنىڭ ئۈچۈن كېرەك بولغان ماددىي ئىمكانىيەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي يوقلۇقى، ھەر قانداق بىر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى تەشكىللەش مۇمكىنچىلىكى ھەم مىللىي ئازادلىق كۈرەشنى بىرلەشتۈرىدىغان ۋە رەھبەرلىك قىلىدىغان كۈچلۈك، ئابرۇيلۇق شەخسنىڭ يوقلۇقى» نى شەرھلىگەن [37]. ئەمما، ئۇنىڭ ئەكسىچە، شىمالدىكى بارلىق سوۋېت كونسۇللىرى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى باشلاشقا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكەن. ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1944 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە داۋاملاشقان كەڭ كۆلەملىك مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى باشلاش ھەمدە ئۇنى قوللاش ۋە ياردەم بېرىشى ئەنە شۇ 1943 - يىلى 16 - مايدىكى سىياسىي بيۇرونىڭ قارارىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن ئىستراتېگىيە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىك قاتلىمى ئۆزلىرىنىڭ بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۆلكە ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى جايلاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيغۇرلار ئورۇنلاشقان تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى، جۇملىدىن قەشقەرنى مەركەز قىلىشنى تاللىماي، ئەكسىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن ۋە كۆپ مىللەتلىك ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاھالىلەر جايلاشقان، خېلى كۆپ ساندا رۇسلار ئولتۇراقلاشقان ئىلى،

تارباغاتاينى، بولۇپمۇ ئىلىنى تاللىۋالدى. ئەمما، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق تەرەپلەردىكى كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1934-يىلى ۋە 1937-يىلىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇپ، شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ، خوجا نىياز ھاجىم، سابىت داموللا قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق كىشىلىرىنى ئۆز ئېچىگە ئالغان مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشى، مىڭلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ تۈرمىلەرگە چۈشۈپ، خانىۋەيران بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئىشەنچ يوق ۋە ياكى كەمچىل ئىدى. بىراق، ئىلى تەرەپتە بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشەنمەسلىك خاھىشى ئۇنچىۋالا ئېغىر ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىمالىي قوزغىلاڭ مەركىزى قىلىپ بېكىتىشكە سەۋەب بولغان يەنە بىر ئامىل شۇكى، غۇلجا ۋە چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا شېڭ شىسەيگە قارشى يەر ئاستى ۋە قوراللىق پائالىيەتلەر ھەمدە تۈرلۈك شەكىلدىكى قارشىلىق كۆرسىتىشلەر ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك خادىملىرى بۇ رايوندىكى ئىچكى ۋەزىيەت، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ھەم باشقا ئەھۋاللارنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن سابىق كاپىتان ماخمۇت پارماشوپنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇنى ئۆز ئېچىگە ئالغان بىر گۇرۇپپا غۇلجا ياشلىرى 1943-يىلىنىڭ بېشىدىلا بىر قانچە يەر ئاستى تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئابدۇللا زاكىروپ قاتارلىقلار بىلەن زىچ ئالاقىدە بولغان[38]. ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيىتى ئەمەلىيەتتە ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى» دىن بۇرۇن باشلانغان بولۇپ، غۇلجىنىڭ ئۇيغۇر، تاتار ياشلىرى ئارىسىدا دۆشمەنگە قارشى كەيپىياتلار كۈچىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئازادلىق يوللىرىنى ئىزدەشكە باشلىغان ئىدى. 1942-يىلىنىڭ ئاخىرى، 1943-يىلىنىڭ بېشىدا چۆچەكتىكى ئابلىمىت ھاجىيوپ، مەتنىياز قارىم قاتارلىق ئۇيغۇرلار شېڭ شىسەيگە قارشى پائالىيەتلەرنى باشلىغان[39]. ئالتايدا

بولسا، 1940 ـ يىلىدىن تارتىپ قازاقلارنىڭ قوراللىق ھەرىكەتلىرى داۋاملاشقان ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە گېنېرال ۋلادىمىر ئېگناروۋ بىلەن گېنېرال ئالېكساندىر لاڭفاڭ باشچىلىقىدىكى ئالاھىدە « ھەرىكەت گۇرۇپپىسى» نىڭ خادىملىرى غۇلجا، قورغاس، چۆچەك ۋە باشقا جايلاردا پائالىيەتلىرىنى باشلىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى سالاھىيىتى بىلەن يۈرگەن ھاكىم جاپپار يارۇللايېكوپ، رۇسلاردىن سوۋېت كونسۇلى داباشىن، مۇئاۋىن كونسۇل بورىسوۋ (ئەسلى ئىسمى ئىگنات ستېپانكو)، 20 ـ يىللاردا غۇلجىغا كېلىپ ماكانلاشقان ئاق گۋاردىيەچى رۇسلاردىن، كېيىنكى مىللىي ئارمىيە شتاب باشلىقى، مازھاروۋ، كەڭ ساي تاش يول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، كېيىنكى مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى فاتىي لېسكىن ھەمدە كېيىنكى ئىچكى ئىشلار مۇئاۋىن مىنىستىرى پاۋل ماسكالىيېۋ، مالىيە مىنىستىرى مەسلىھەتچىسى گرىبېنكىن، تۇڭگانلاردىن مەنسۇر لومىيېۋ قاتارلىق ئونلىغان رۇسلار، تاتارلار، ئۇيغۇرلار، ئۆزبېك ۋە تۇڭگانلار ھەم باشقىلار مەزكۇر «ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى» نىڭ تاپشۇرۇقلىرى بويىچە ئىش ئېلىپ باردى [40].

ئەنە شۇ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ قارارىغا بىنائەن ئېلىپ بېرىلغان ئورۇنلاشتۇرۇشلار بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى موڭغۇلىيە تەرەپنى ئىشقا سېلىپ، ئوسمان بىلەن ھەمكارلىق ئورناتتى. ھەتتا، موڭغۇلىيە رەھبىرى چويبالسان 1943 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مەخپىي تۈردە ئالتايغا كېلىپ، ئوسمان ئىسلام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنى قوللايدىغانلىقى ۋە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئوسمان ئىسلام موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن زور مىقداردا قورال ـ ياراق ياردەم ئالدى ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمدە موڭغۇلىيە ۋەكىللىرى ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ھەربىي ـ سىياسىي مەسلىھەتچىلىك قىلدى.[41]

1944 - يىلى 4 - ئايدا غۇلجىدا ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدا 12 كىشىدىن تەركىب تېپىپ قۇرۇلغان «ئازادلىق تەشكىلاتى» مۇ ئەنە شۇ داباشىن، مۇئاۋىن كونسۇل بورىسوۋ ۋە ھاكىم جاپپار يارۇللابېكوۋنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەلىخان تۆرە قاتارلىق ئازادلىق تەشكىلاتى ئەزالىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ۋەكىللىرى ئارىسىدا بىر قانچە قېتىم سۆھبەت بولغان. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى، كېيىنكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرىگە ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇرۇن خوجا نىياز ھاجىمنى ئالداپ، ئۇنى شېڭ شىسەيگە تۇتۇپ بەرگەنلىكى، شېڭ دۇبەنگە ياردەملىشىپ، 1933 - 1937 - يىللىدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرغانلىقىنى سۆزلىگىنىدە، سوۋېت ۋەكىللىرى «بىز بۇرۇن خاتا قىلغان، شېڭ شىسەينىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن ئىكەنمىز، ئەمدى ئۇنداق بولمايدۇ، شېڭ شىسەينى ۋە گومىنداڭنى يوقىتىشىڭلارغا ھەممە قىزىل موگۇلىيىدەك بولۇشىڭلارغا ياردەم بېرىمىز، بۇ قېتىم سىلەر چوقۇم ئازاد بولىسىلەر، قىزىل موگۇلىيىدەك بولىسىلەر»[42] دەپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاكتىپ پائالىيەت باشلىغان ئىكەن. ئەنە شۇ كرېملدا ئېلىنغان قارار بويىچە، ئالمۇتا ئەتراپىدا مەخسۇس سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ بىلەن بىرگە تەربىيىلەنگەن فاتىخ باتۇر قاتارلىق ئون نەچچە كىشى نىلقا قوزغىلىڭىنىڭ ئوقىنى ئاتتى[43]. ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇمنىڭ ئەسلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت تەرەپ فاتىخ باتۇرغىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ۋەدە بەرگەن ئىكەن.

ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقى نىلقا قوزغىلىڭىدىن تارتىپ، غۇلجا شەھىرى، سۈيدۈڭ، كۈرەنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا ھەر خىل سەۋىيىدە قاتناشتى. 1944 - يىلى 12 - نويابىردا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، بىر ھەپتىلەردىن كېيىن، قورغاستا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىرى گېنېرال ئېگناروۋ

ۋە گېنېرال لاگفاك غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچىلىكىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلارنىڭ شەرتلىك نامى «2-دوم» بولۇپ، ئۇلار جۇمھۇرىيەتنىڭ كۈندىلىك ھەربىي-سىياسىي، دۆلەت قۇرۇلۇش ھەم باشقا بارلىق ئىشلىرىغا مەسلىھەتچىلىك قىلدى[44]. سابىق باش كاتىپ ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى «ئازاد بولساقلا، دۈشمەننىڭ قولىدىن قۇتۇلساقلا مەيلى، دەپ بىز بۇ ئىماملارنىڭ ئىغزىغا قاراپ ئولتۇردۇق، چۈنكى، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەدىلىرىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەن ئىكەنمىز، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرىدا بىزنى ئالداپ، ئۆزىمىزنىڭ يېغىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ گۆشىنى قورۇشىنى نەدىن بىلەيلۇق؟» دەپ ھەسرەتلىك خىتاب قىلغان ئىدى.[45]

سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنە شۇ ستالىننىڭ قاتنىششى بىلەن كرېملدا ئېلىنغان قارار بويىچە ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تاكى 1949-يىلى 10-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۆز بايرىقىنى بەش يۇلتۇزلۇق بايراققا ئالماشتۇرغانغا قەدەر بولغان ئالتە يىل ئىچىدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى ھەربىي-سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن قوللاپ ھەم ياردەم بېرىپ كەلدى. بولۇپمۇ، مىللىي ئارمىيىگە كۆرسەتكەن ياردەملىرى غايەت زور بولۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىللىنىشى، ئۈچ فرونت بويىچە جەڭ قىلىپ، گومىنداڭنى يوقىتىشىدا مۇھىم ياردەم كۆرسەتتى. بۇ جەرياندا 500 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر 2000 دىن ئارتۇق جەڭچى ئەۋەتىلىپ[46]، مىللىي ئارمىيە سەپلىرىدە ئۇرۇشقا قاتناشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مىللىي ئارمىيىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىك ۋەزىپىلىرىنى، ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەش خىزمەتلىرىنى ئاقتۇردى.

ئەلۋەتتە، بۇ ياردەملەر ھەرگىز بىكارغا كەلمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ئولجا ئېلىنغان زور ساندىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ۋە مەلۇم ساندىكى مۇھىم خام-ئەشيالارنى ئېلىپ كەتتى.

شۇنىڭدەك يەنە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ھەربىي ملتىق، ئاپتومات، زەمبەرەك ۋە ئوق - دورىلار ئۈچۈن يۇقىرى باھادا ھەق تۆلىگەن بولۇپ، ئاساسلىقى، قوي، كالا، يۇڭ، گۆش، ئاشلىق قاتارلىق چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئالماشتۇرۇلۇش ۋاستىسى قىلىنىغان ئىدى[47]. لېكىن، بۇ يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم پايدا بولماستىن، ھەقىقىي پايدا، ئالتاي ۋە ئارىشاڭدىن قېزىلغان قىممەتلىك رادىئاكتىپلىق ماددىلار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ رەئىسى بېرىيانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئازاد ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە كۆچلۈك بىخەتەرلىكنى قوغداش ئوپېراتسىيىلىرىنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، سوۋېت رازۋېدچىكلىرى بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەتكە گومىنداڭ ھەم باشقا دۆلەت كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ يەردىكى ھەرىكەتلىرىنى رازۋېدكا قىلىشقا قارشى تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرى، ئىلغار يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ھەمدە ھەربىي قوماندانلارنى كۆزىتىپ، ئۇلاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىياتلارغا دىققەت قىلاتتى[48]. ئىلگىرى كېيىن، ن ك ۋ د ( خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى) نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىدىن 30 - 40 - يىللاردا شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا پائالىيەت قىلغان پولكوۋنىك ئۇنۋانىدىكى بورىسوۋ ( ئىگنات ستېپانكو)، پودپولكوۋنىك ئۇنۋانىدىكى كەسپىي رازۋېدچىكلار، ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوۋ (ئىسكەندەر ئەپەندى)، پېتىر ساۋىن ( زاكىر تۆرە)، گابىت مۇزىپوۋ ( ئىلى ئەپەندى ۋە ياكى ئىلى مەمەدوف)، پروكوپيېۋ ۋە باشقىلارمۇ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بەجا كەلتۈردى. 20 - يىللاردىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر ئېلىگە كېلىپ يەرلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت ن ك ۋ د ئورگىنىغا ئىشلەشكە باشلىغان ئەسلى ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ ئوفىتسېرلىرىدىن گېئورگىي پالنوۋ، مازھاروۋ، موگۇتنوۋ، گرېبېنكىن ۋە باشقىلارمۇ يۇقىرى خىزمەتلەرنى قولغا ئېلىپ، گېنېرال ئىگناروۋ باشچىلىقىدىكى «ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى» ۋە كېيىن 2 - دومغا بىۋاستە بويسۇندى[49].

سوۋېت بىخەتەرلىك خادىملىرىدىن ئىسكەندەر ئەپەندى يەنى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوۋ بىلەن زاكىر ئەپەندى يەنى پېتر ساۋىن ۋە ئىلى ئەپەندى يەنى گابىت مۇزىپوۋ ئىسىملىك بۇ مۇھىم جاسۇس ئەلىخان تورىنى ئېلىپ كېتىش ئوپېراتسىيىسىنى ئورۇندىدى. يېقىندا پاش بولغان ئارخىپلار ۋە سابىق ك گ ب پەۋقۇلئاددە ئوپېراتسىيە بۆلۈم باشلىقى سۇدپلاتوۋ ئۆز ئەسلىمىسىدە «تروتسكىينى ئۆلتۈرگەن ستالىننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى نائۇم ئەيتىنگون 1946-يىل يەنە بىر قېتىم ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىگە مەخپىي ئەۋەتىلىپ، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرىنى يوقىتىش ئوپېراتسىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ، ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداپ، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرىنى تولۇق مەغلۇپ قىلىپ، ۋەتىنىگە قايتقان» [50] دەپ يازغان بولۇپ، رۇس تارىخچىلىرى تروتسكىينى ئۆلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنى بەجا كەلتۈرگەن بۇ شەخسنىڭ بەلكى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ مۇنونوپ قاتارلىقلارنىمۇ ئۆلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولۇشىنى پەرەز قىلماقتا. ئەمما بۇ ھەقتە تېخى يېتەرلىك ئارخىپ ئاساسىدىكى پاكىت يوق.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىيارىدا قىلىنىدىغان ھەرىكەتنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئوسمان يۇسۇپوۋقا تاپشۇرۇلغان بولۇپ [51]، ئوسمان يۇسۇپوۋ تەشۋىقات ئىشلىرىغا ھەمدە 1944-1949-يىللىرى ئۈچ ۋىلايەتتىكە مۇناسىۋەتلىك يەرلىك مىللەت خادىملىرىنى ئەۋەتىشكە مەسئۇل بولغان، ئۇ 1947-يىلى ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان، كېيىنكى ئۆزبېكىستان رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان خېلەم خۇدابەردى قاتارلىق 13 كىشىنى ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ئىلىغا ئەۋەتكەن ئىدى [52]. ئوسمان يۇسۇپوۋ يەنە 1946-يىلى 6-ئايدا ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىش ئىشىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەلىخان تۆرە سوۋېت رازۋېدچىكلىرى تەرىپىدىن تاشكەنتكە ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئوسمان يۇسۇپوۋ ئۇنىڭ بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرغان[53]. ئۇنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بويىچە «قازاق

ئېلى» ، «شەرق ھەقىقىتى» قاتارلىق ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئېلىگە كىرگۈزۈلۈپ تۇرغان ئىدى.

قىسقىسى، 1943-يىلى، 16-ماي كۈنى كرېمل سارىيىدا ئېچىلغان يىغىن قارارى ئەمەلىيلىشىپ، ئاخىرى 1944-يىلى، 8-10-ئايلاردا نىلقا قوزغىلىڭى پارتلاپ غەلىبىسىرى كېڭەيگەن ھەمدە شۇ يىلى، 7-نويابىر كۈنى غۇلجا قوزغىلىڭى پارتلاپ، جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان، 1944-يىلى، 9-ئايىنىڭ بېشىدا شېڭ شىسەي ئۈلكە ھاكىمىيىتىدىن قالدۇرۇلۇپ، چوڭچىڭغا كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن موسكۋا بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. بۇ يەردىكى ھەقىقەت شۇكى، ئۇنىڭ شېڭنى يوقىتىش پىلانى ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، بىراق ستالىننىڭ ئەسلى مەقسىتى بولغان ئالتايدىكى ئۇران كانلىرىنى ئەركىن قېزىش پىلانى تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان، ئاتوم بومبىسى ياساش غايىسى تېخى رېئاللىققا ئايلانمىغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئېلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ئازاد قىلىنىپ، ماناس دەرياسى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مەمۇرىي ۋە ھەربىي-سىياسىي چېگرا قىلىنىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتى بۇ ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىن ئۇزۇل-كېسىل تازىلىنىپ، خاتىرجەم ھالدا ئارىشاڭ ۋە كۆكتوقايدىكى كانلاردىن ئاتوم پىلانىغا كېرەك بولغان ئۇران، ۋولفرام ھەم باشقا قىممەتلىك يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېزىش ئىمكانىيىتى يارىتىلىشى كېرەك ئىدى. ستالىن ئاخىرى مۇددىئاغىلا ئەمەس، بەلكى سىياسىي مۇددىئا ھەمدە ئىقتىسادىي مۇددىئاغىمۇ يەتتى. بىچارە ئۇيغۇر خەلقى شاھمات تاختىسىدىكى پېچكىلار كەبى ستالىننىڭ قۇربانلىرىغا ئايلاندى.

## ناگاساكى ۋە غۇلجا

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېلى ئىنقىلابىنى قوزغاش ۋە مەزكۇر ئىنقىلاب

نەتىجىسىدە قۇرۇلغان مۇستەقىل ھاكىمىيەتنىڭ تاكى 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى قوللىشىدىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىللار قاتارىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىلىنىڭ موسكۋانىڭ ئاتوم بومبىسى ياساش ئىستراتېگىيىسى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر قانچە مەسىلىلەر قاتارىدا، يالتا كېلىشىمى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى گېرمانىيە ھەم ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش جەريانىدىكى ئەھۋاللارنىمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئەگەردە، ستالىننىڭ مەقسىتى پەقەتلا شىڭ شىسەينى ئورنىدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆلكىدىكى جۇغراپىيىۋى سىياسىي ئىمتىيازلىرىنى قايتىدىن تىكلەش دەپ قارىغاندا، ئۇنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابقا ياردەم بېرىشى 1945-يىلى 6-11-فېۋرالدىكى ستالىن، رۇزۋېلت ھەم چېرچىللار ئارىسىدىكى يالتا سۆھبىتى ھەم يالتا كېلىشىمىدە ئېرىشكەن نەتىجىلىرى بىلەن توختاپ قېلىشى كېرەك ئىدى. ھېچ بولمىغاندىمۇ، 1945-يىلى 14-ئاۋغۇستتا يالتا روھى بويىچە «سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق شەرتنامىسى» نىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن خۇلاسىلىنىشى لازىم ئىدى. چۈنكى، ستالىن ئەنە شۇ يالتا كېلىشىمىدىن كېيىن ئىرچىل تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىن زېمىن تەلىپى يوقلۇقى ۋە بۇنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن[54]. ئەمما، ئۇنداق بولۇشقا قارىماي، ستالىن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»گە داۋاملىق ياردەم بەردى. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب ھەققىدە شۇنداق پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىنكى، چۈنكى، بىرىنچىدىن ستالىن يالتا كېلىشىمىدە 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى تەقسىمشتە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئىمتىيازىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تېخى ئەمەلىيەتكە ئاشۇرمىغان ھەمدە تولۇق كاپالەت ئاستىغا ئالمىغا ئىدى. ئىككىنچىدىن كەسكىن قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ تېخى ئاتوم بومبىسى ئۈچۈن كېرەك بولغان ئۇران قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى مەنبەلىرى جايلاشقان تارباغاتاي، ئالتاي رايونىدىن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تولۇق تازىلاپ بولالمىغان ئىدى. سوۋېت

ئىتتىپاقى ئەنە شۇ مەقسەتلىرىنى رېئاللىققا ئاشۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان، مىللىي ئارمىيە شىددەت بىلەن ئوتتۇرا، شىمالىي يۆنىلىشلەردە جەڭ قىلىۋاتقان پەيتلەرگە توغرا كەلگەن، 1945-يىلى، 24-ئىيۇلدىكى پودستام يىغىنى مەزگىلىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئۆزىنىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلدى. پوتسدام يىغىنىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترومېن ستالىنغا بۇ خەۋەرنى ئېيتقاندا، ستالىن خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپ قويىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭمۇ مۇنداق بومبىنى ياساشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى چاندۇرمىدى.[55].

چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيىدىن قولغا چۈشۈرگەن ئۇران زاپاسلىرى ئۇنىڭ ئاتوم پىلانىدىن تولىمۇ يىراقتا بولۇپ، ئۇ يەنىلا زور مىقداردا ئۇرانغا موھتاج ئىدى، بۇ ئۇران كانلىرى پەقەت شىنجاڭ ئۆلكىسىدىلا بار ئىدى. 1945-يىلى 8-ئاينىڭ 6-كۈنى ئامېرىكا خىروشىماغا ئاتوم بومبىسى تاشلىغان كۈننىڭ ئەتىسى ستالىن سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ياپونىيىگە قارشى مانجۇرىيىدىكى پۈتۈن سەپلەر بويىچە 9-ئاۋغۇست كۈنى ھۇجۇم باشلاش بۇيرۇقىنى ئىمزالىدى. شۇ كۈنى يەنە ئامېرىكا ناگاساكىغا ئاتوم بومبىسى تاشلىدى. 14-ئاۋغۇست كۈنى بولسا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى رادىئو ئارقىلىق تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىغان كۈنى موسكۋادا «سوۋېت - جۇڭگو دوستلۇق شەرتنامىسى» ئىمزالاندى ھەمدە قىسقىغىنە بىر ھەپتە ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرى پۈتۈن مانجۇرىيىنى ھەمدە كورىيە يېرىم ئارىلىنى ئاساسەن ئىشغال قىلىش بىلەن ياپونىيە ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي گۇمران قىلىنىپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتۇرۇلغان ھەمدە موسكۋا يالتا كېلىشىمىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىمتىيازلىرىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئاتوم بومبىسىنىڭ ھەقىقەتەن قىرىش كۈچى بارلىقىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق تونۇپ يەتتى شۇنىڭدەك ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى بىردىن-بىر ئاتوم دۆلىتى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈشىنى ئۆزىگە نىسبەتەن يېڭى تەھدىت ھېسابلاپ،

ئاتوم بومبىسى ياساش سۈرئىتىنى ئەڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تېزلىتىشنى قارار قىلدى[56].

بۇ ئېھتىياج بىلەن 1945-يىلى 20-ئاۋغۇست كۈنى ستالىن دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ 9887-نومۇرلۇق قارارىنى تەستىقلاپ، يېڭى ئاتوم پىلانى قۇرۇلمىسى قۇرۇپ چىقتى. ئومۇمىي خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە كومىتېت قۇرغان بولۇپ، «ئاتوم سىياسىي بيۇروسى» دەپ ئاتالغان مەزكۇر كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە بېرىيا تەيىنلىنىپ، تەركىبىگە ستالىن قاتارلىق مۇھىم رەھبەرلەر ۋە بىر قىسىم ئاتوم ئالىملىرى كىرگۈزۈلدى. ئەلۋەتتە، بۇ چاغدا گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىنى يوقىتىش بىلەن كۆپلىگەن گېرمان ئاتوم ئالىملىرى ھەم گېرمانىيىنىڭ بىر قىسىم ئۇران زاپاسلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۆز پىلانى ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇران زاپىسى شۇنىڭدەك تېخنىكا كۈچى يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇران قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش مۇھىم كۈن تەرتىپكە قويۇلدى. مەزكۇر 9887-نومۇرلۇق قارارىدا «كەڭ كۆلەمدە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇران خام ئەشيا بازىسىنى قۇرۇش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېشىدىكى ئۇران مەنبەلىرىنى ئىشلىتىش، ئۇران سانائىتىنى تەشكىللەش ھەمدە ئاتوم ئېنېرگىيىتىكا ئەسلىھەلەرنى قۇرۇش ۋە ئاتوم بومبىسى ياساپ چىقىش» دەپ بېكىتىلگەن[57]. بۇ قارار بويىچە خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى قارمىقىدا ئىجرا قىلىش ئورگىنى قۇرۇپ، ئاتوم ساھەسىگە ئائىت مەخپىي كان ۋە سانائەت ئورگانلىرى قۇرۇپ چىقىپ، بۇلاردا تۈرمىگە تاشلانغان ئادەملەرنى ئىشلەتتى. بۇ ئادەتتە «ئاتوم گۇلاگى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، مەزكۇر ساھەدە ئەڭ كۆپ بولغاندا 700 جىنايەتچى ئىشلىگەن ئىكەن[58].

ئەنە شۇ قارار بويىچە ستالىن ئامېرىكا، ئەنگلىيە رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىمزا قويغان يالتا كېلىشىمىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان قارار بويىچە 14-ئاۋغۇست كۈنى جۇڭگو بىلەن «دوستلۇق

كېلىشىمى» نى تەستىقلىغان ھەمدە جاڭكەيشى ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچىلارنى قوللىماسلىق ھەققىدە ۋەدە بەرگەنلىكىگە قارىماي، يەنىلا مىللىي ئارمىيىنىڭ داۋاملىق تۇردە ھۇجۇم قوزغاپ، 1945-يىلى، 9-سېنتەبىر كۈنى ئالتايىنى، 16-سېنتەبىر كۈنى جىڭ ۋە شىخونى ئازاد قىلىپ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كېلىشىگىچە يول قويدى. 2000 دىن ئارتۇق قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى ۋە 500 نەپەر قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرى مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ ئۇرۇشلىرىغا بىۋاسىتە قاتناشتۇرۇلدى[59]. بۇ ۋاقىتتا ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت تولۇق ئازاد بولۇش بىلەن ئارىشاڭ ھەم كۆك توقايدىكى رادىئاكتىپلىق مېتاللار مەنبەلىرىنى ئېچىش شارائىتى يارىتىلغان بولۇپ، ستالىن ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي تېخنىكا، خام ئەشيا ھەم كادىر ۋە باشقا جەھەتلەردىن قوللىشى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى توختىتىپ قويدى ھەمدە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنى گومىنداڭ بىلەن بىتىم تۈزۈشكە قىستاش بىلەن ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بەرگەن ۋەدىسىنى كۆرسەتتى. بىراق، سۆھبەت 10 ئايغا سوزۇلدى شۇنىڭدەك ئارقىدىن 1946-يىلى 7-ئايدىن 1947-يىلى 8-ئايغىچە بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولدى. بۇ ھۆكۈمىتمۇ بۇزۇلۇپ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىلى رەھبەرلىرى غۇلجىغا قايتىپ كېتىپ، ماناس چېگرىسى تاكى 1949-يىلى 11-ئايغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. قىسقىسى ئەنە شۇ 5 يىل جەريانىدا گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى سوۋېت تەسىرى ئاستىدىكى مەزكۇر ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىگە كىرەلمىگەن بولۇپ، مەزكۇر رايون مۇستەقىل ھالدا ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇران قېزىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

قىسقىسى، پاكىتلار ئارقىلىق مەنتىقلىق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى، خىروشىما ۋە ناگاساكىدىكى ئامېرىكىنىڭ ئىككى ئاتوم بومبىسىنىڭ

پارتلىشى، ئىنسانىيەتكە ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك قىرىش خاراكتېرلىك قورالنى ياسىغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەگەردە بۇ قورال كىمنىڭ قولىدا بولسا، ئۇنىڭ دۇنيا تەرتىپىنى بەلگىلەشتىكى تەڭداشسىز كۈچكە ئايلىنىدىغانلىقىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىسپاتلاپ بەردى. ناگاساكى ۋە خىروشىمادىكى ئىنسانىيەتنى چۆچۈتىدىغان دەھشەتلىك مەنزىرە ستالىننىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەر قانداق بەدەلگە قارىماي، ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئاتوم بومبىسى ياساش پىلانىنى كۈچەيتىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىلغا ئايلاندى. شۇ سەۋەبتىن گەرچە ستالىن يالتا يىغىنىدا جۇڭگو مەسىلىسىدە ئامېرىكا بىلەن بىرلىك ھاسىل قىلىپ، يالتا روھى بويىچە 1945-يىلى 8-ئايدا جۇڭگو بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، جۇڭگودىن ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا شۇ ئاساسلىق مۇددىئا ئاتوم بومبىسى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئۇران بايلىقلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئازاد ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە يول قويماي، غۇلجا يەنىلا مەزكۇر ھېچ قايسى دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان مۇستەقىل ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قىرغىقى خۇددى ئىككى دۆلەت كەبى ئوخشىمىغان دۆلەت بايرىقى، ئوخشىمىغان ئارمىيە ۋە دۆلەت ھەم ساقچى ئاپپاراتلىرى ۋە ئوخشىمىغان مائارىپ ۋە سىياسىي ئىدېئولوگىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تەڭداش مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ناگاساكادىكى پارتلاش ئاۋازى گەرچە غۇلجىغا ئاڭلانمىغان شۇنىڭدەك بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 5-6 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئازادلىققا، ھۆرلۈككە تەشنا خەلقلەرنىڭ مىڭلىغان ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئىسسىق قان بەدىلىگە قۇرۇلغان غۇلجا ھۆكۈمىتى ستالىننىڭ ئاتوم پىلانى ئۈچۈن بىلىپ-بىلمەي خىزمەت قىلدى. ستالىنغا ئىشەنگەن، ئۇنىڭدىن ئازادلىق ئۈمىدلىرىنى كۈتكەن غۇلجا رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كان خادىملىرىنىڭ كۆك توقاي ۋە ئارىشاڭ

قاتارلىق جايلارغا قايتىپ كېلىپ، جىددىي رەۋىشتە ئۇران قاتارلىق كەم ئۇچرايدىغان رادىئاكتىپلىق ماددىلار ۋە باشقا رۇدىلارنى قېزىشقا، خەلق ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ۋە «ئاتوم سىياسىي بيۇروسى» نىڭ رەئىسى بېرىيانىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدىكى سوۋېت ن ك ب د قوشۇنلىرى ئۆزى خالىغانچە ئارىشاڭ ۋە كۆك توقايدىكى كان رايونىغا كىرىپ، تولۇق قوراللانغان هالدا قوغداش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئاشۇ سوۋېت دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ 9887 - نومۇرلۇق قارارىنىڭ ئىجراسىنىڭ بىر مۇھىم قىسمى ئىدى خالاس.

## ئارىشاڭ ۋە كۆك توقايدىكى قېزىش

دېمەك، ناگاساكى ۋە خىروشىمادىكى ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلاش ئاۋازىدىن بىر ئاي كېيىن ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن 2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق چېگرا لىنىيىسىگە ئىگە، 300 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق تېررىتورىيىدە جۇڭخۇا مىنگو هاكىمىيىتى يوق قىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى نامىدا بىرلىككە كەلگەن بىر يەرلىك هۆكۈمەت ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى يولغا قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گېئولوگىيە خادىملىرى جۇملىدىن ئۇران قازغۇچىلىرى موسكۋانىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى مەزكۇر ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئىلگىرى ئۆزلىرى تاپقان ئۇران قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى مەنبەلىرىگە قايتىپ كېلىپ قېزىش پائالىيەتلىرىنى باشلىدى. ئەسلىدە، سوۋېت كان خادىملىرى 1935 - يىلىدىن كېيىنلا شىڭ شىسەيگە ياردەم بېرىش نامىدا شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، بىراق، 1940 - يىلى شىڭ شىسەي بىلەن ستالىن ئارىسىدىكى «كونسېسسىيە كېلىشىمى» دىن كېيىن ئىلىدا ئۆلكىلىك «گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى» قۇرۇلۇپ، خەزمەتلەر ئىلگىرىكىدىن ئاكتىپ ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ئورگان ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئىشلىرىغا ياردەمچىلىك

قىلىش رولىنى ئوينىغان ئىدى[60].

سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن ئارىشاڭ تەۋەسىدە تېپىلغان «ۋولفرام» كانى دەپ ئاتالغان كان ئەسلىدە 1938-يىللىرى تېپىلىپ بېكىتىلگەن ھەمدە 1943-يىلىغا كەلگۈچە ئىنژېنېرلار 60 قا، ئىشچىلار 3000 مىڭغا يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن 1943-يىلى مايتاغ نېفىتلىكى بىلەن تەڭ توختاپ قالغان[61]. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئازاد قىلىنىش بىلەن تەڭلا سوۋېت گېئولوگىيە ۋە كان خادىملىرى ئارىشاڭدىكى كاڭغا قايتىپ كېلىپ، جىددىي قېزىش ئىشلىرىغا كىرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىشاڭدىكى ۋولفرام كېنىنى قېزىش ئىشلىرى 1945-يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدىن تارتىپ تاكى 1950-يىلىغىچە ھېچ توسالغۇسىز داۋاملىشىپ، ئىشچىلار ھەم تېخنىكا قوشۇنى ئىزچىل كۆپەيتىلىش بىلەن ئېرىشكەن مەھسۇلات سانىمۇ يىلدىن يىلغا ئاشۇرۇلغان.

ھازىرچە، سوۋېت تەرەپنىڭ بۇ ھەقتىكى ئارخىپ ھۆججەتلىرى تېخى ئاشكارا بولمىغاچقا سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي شەكىلدە ئېلىپ بارغان مەزكۇر كان قېزىشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە نەتىجىسىمۇ تولۇق ئەمەس. بىراق، گومىنداڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئىگىلىگەن تولۇقسىز مەلۇماتلىرى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى ئالاھىدە ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ، ئارىشاڭ تەۋەسىدىكى كان رايونىدا «پۈتۈنلەي يېڭىچە قېزىش ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىپ، يەرلىك موڭغۇل، قازاق، ئۇيغۇرلاردىن 3000 دىن ئارتۇق ئىشچى يالاپ، ھەر كۈنى 825 جىڭ، يىلدا 150 توننا كان مەھسۇلاتى قېزىپ چىقارغان. 1946-يىلى، كان ئىشچىلىرىنىڭ سانى بىر تۈمەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 1945-يىلىدىكىدىن تەخمىنەن ئۈچ ھەسسە، قازغان كان مەھسۇلاتى تەخمىنەن 450 تونىنغا يەتكۈزۈلگەن. 1947-يىلى كان ئىشچىلىرى 20 مىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، 1945-يىلىدىكىدىن يەتتە ھەسسە ئاشۇرۇلغان. قازغان مەھسۇلاتىمۇ مىڭ توننا دەپ پەرەز قىلىنغان. ئۈچ يىل

ئىچىدە جەمئىي 1600 توننا كان مەھسۇلاتى قازغان»[62]. مەزكۇر ھۆججەتتىكى ئۇچۇردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازغان كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرىنچى يىلى ئازراق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن ئارىشاڭ قاتارلىق جايلارنى ئۇز ئىچىگە ئالغان ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 1945-يىلى 2-ئايغا كەلگەندە تولۇق ئازاد بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، سوۋېتنىڭ بۇ جايدىكى گېئولوگىيىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەخمىنەن شۇ يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئىككىنچىدىن دەسلەپكى يىلى ئىشچىلار سانىمۇ ئازراق بولغان.

گومىنداڭ غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ 1948-يىلى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا يوللىغان مەزكۇر دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئارىشاڭدىكى كان مەنبەسى ئۈچ جايغا جايلاشقان بولۇپ، بىرى ئارىشاڭ ناھىيىسىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىغىستاي( چىكەسىتاي) رايونى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كان مەھسۇلاتلىرىنى توشۇش پونكىتىدىن 30 كىلومېتىر يىراقتا بولۇپ، كان رايونىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتىر، كەڭلىكى بىر كىلومېتىر. ئىككىنچىسى ئارىشاڭ ناھىيىسىدىن 25 كىلومېتىر يىراقتىكى ۋە چىغىستاي رايونىنىڭ شەرقىدىن 22 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خۇستاي رايونى بولۇپ، كانلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن 2400 دىن 2800غىچە بولغان تاغ ئارىسىغا جايلاشقان. ئۈچىنچى جۇلكەن دەريا ساھىلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 1800 دىن 2000غىچە ئېگىز بولغان تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. بۇ يەرنىڭ يەر شەكلى بىراق تەكشى بولۇپ، كان قازىدىغان جاي بىلەن كان كان مەيدانى ئارىسى يېقىنراق بولغان [63]. ئارىشاڭدا كان مەھسۇلاتلىرىنى ساقلايدىغان پونكىت شۇنىڭدەك كان رايونىدا سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قاتارلىق كان ئىشلىرىغا كېرەكلىك بولغان ئەسلىھەلەرنى قۇرغان.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ دوكلاتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا مەزكۇر كان رايونىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىدىن باشقا يەنە قانچىلىك زاپاس

بارلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بىرىنچى كان رايونىدا 1050 توننا، ئىككىنچى كانلىقتا 2350 توننا، ئۈچىنچى كانلىقتا 5600 توننا بولۇپ، جەمئىي 9 مىڭ توننا كان مەھسۇلات زاپىسى بارلىقى قەيت قىلىنغان[64]. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ سانلىق مەلۇماتنى نەدىن ئالغانلىقى ۋە قانداق ئېگىلىگەنلىكى ئېنىق ئەمەس، ئەلۋەتتە، جۇڭگو ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، مەخسۇس تەكشۈرۈپ يۇقىرىقى سانلىق ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇشى تېخىمۇ رېئاللىقتىن يىراق بولۇپ، بەلكى ئۇلار بۇ يەردە 1943-يىلىدىن ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭ شىسەيگە ئاشكارا قىلغان سانلىق مەلۇماتىنى ئاساس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى مەزكۇر ئىستراتېگىيىلىك يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ۋە قانچىلىك زاپىسى بارلىقى ھەققىدە شىڭ شىسەيگە راستچىل مەيداندا تۇرۇپ مەلۇمات بەرگەنمۇ يوق، بۇنىسى نامەلۇم. چۈنكى، زاتەن شىڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا تۈزۈلگەن 1940-يىلى، 26-نويابىردىكى «كونسېسسىيە كېلىشىمى» مۇ مۇتلەق مەخپىي بولۇپ، موسكۋا بۇ ھەرىكىتىنى باشتىن ئاخىرى مۇتلەق مەخپىي تۇتقان.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ توپلىغان بۇ مەلۇماتلىرىمۇ پەرەز ۋە تەخمىن قىلىش تۈسىنى ئالغانلىق ئېھتىماللىقى زور. گەرچە، 1946-يىلى 7-ئايدىن تاكى 1947-يىلى 7-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى ئارىسىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىگە ھەربىي-سىياسىي، مەمۇرىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن كىرىپ، ئۈنى ئۈرۈمچى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى ئەمەلگە ئاشمىغان، ئۈچ ۋىلايەت يەنىلا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەرگەن. ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى ئىلى تەرەپ گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنى ئىگىلىشىگە يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن گومىنداڭ ئىلىنى «ئالاھىدە بولۇۋالدى» دەپ دائىم ئەيىبلىگەن ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا نەنجىڭنىڭ مەزكۇر مۇستەقىل «ئالاھىدە رايون» 'غا

ئادەم ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى جۇملىدىن كان قېزىش ئىشلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، تولۇق سانلىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە 1947-يىلى 8-ئايدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار غۇلجىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قايتىدىن ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى ئارىسى جىددىيلىشىپ، ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى بىر-بىرىگە قارشى جىددىي ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتۈش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. بۇ ھال تاكى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ جايدىن تېخىمۇ زور مىقداردا كان مەھسۇلاتى ئالغانلىقى تەبىئىي. چۈنكى، ئىلى ھۆكۈمىتىنىڭ تەۋەسىدىكى ئارىشاڭ 1947-1948-يىللىرىدىكى ئوسمان ۋە قالىبەك قاتارلىقلارنىڭ ئىسيانى ھەم بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولۇپ، ۋەزىيەت مۇقىم بولغانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ناھايىتى خاتىرجەم ھەم ئوڭۇشلۇق ھالدا كان قېزىشقا مۇۋەپپەق بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايلار قازاقىستان چېگراسىغا بەك يېقىن، ئىلىنىڭ باشقا ئادەم زىچ جايلىرىدىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئېرىشىلگەن مەھسۇلاتلارنى ھەتتا قورغاس ئارقىلىق ئېلىپ كېتىشمۇ ئاسانغا چۈشكەن ئىدى.

## ئۆز يېرىنىڭ بايلىقىنى قوغدىغان قازاق باتۇرلىرى

1944-يىلى، 12-نويابىر كۈنى غۇلجا قوزغىلىڭى دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبە قىلىپ، جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، 1945-يىلى 2-ئايغا كەلگەندە پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئازاد قىلىنىشى، 1945-يىلى، 10-ئايغا كەلگەندە تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىمۇ ئازاد قىلىنىپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى مەزكۇر ئۈچ ۋىلايەت بىر گەۋدىگە ئايلىنىش بىلەن تەڭ باشلانغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەزكۇر ئازاد

رايونلاردىكى كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك مېتاللارنى قېزىش ھەرىكەتلىرى ئارىشاڭ تەۋەسىدە نورمال داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئالتاي تەۋەسىدە بىر قاتار قارشىلىقلارغا ئۇچرىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆكتوقايدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئۇران كانلىرىنى قېزىش پائالىيەتلىرى ئىزچىل تۈردە قازاقلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولۇپ، بۇنىڭ بېشىدا ئوسمان ئىسلام قاتارلىق قوراللىق گۇرۇپپىلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە بىر قىسىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىياتتىكى قەبىلە ئاق ساقاللىرى تۇراتتى. بىراق، موسكۋا ئوسمان ئىسلام تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان مەزكۇر قارشىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا پەرۋا قىلماي، قېزىش ئىشلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ھەقىقىي قارشىلىق ئوسمان ئىسلامدىن ئەمەس بەلكى، شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىدىن كەلدى. قىسقىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1941 - يىلىدىن تاكى 1949 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئالتايدا ئېلىپ بارغان كان قېزىش ئىشلىرى گاھىدا شېڭ شىسەي، ئوسمان ئىسلام ۋە گومىنداڭ تەرىپىدىن قارشىلىققا دۇچ كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى موسكۋا بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ھەمكارلىق ئورناتقان بولسىمۇ، بىراق ئوسمان ئىسلام موسكۋانىڭ ئالتاينىڭ كان بايلىقلىرىنى ئېلىپ كېتىشىگە باشتىن ئاخىرى قاتتىق نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى ھەتتا ئۇنى توسۇش ئۈچۈن قاتتىق ۋاستىلەرنىمۇ قوللىنىش ئارقىلىق ستالىن، بېرىيا ۋە مولوتوۋ قاتارلىق سوۋېت ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە بىۋاستە دىققەت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمەلىيەتتە، ئوسماننىڭ قارشىلىقى ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى ئىدىيىسى ۋە ئۆزىدىكى قازاق مىللەتچىلىك روھى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيىنى ۋەدىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىنى ئەيىبلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئوسماننىڭ قارشىلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە خىلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىرقى ھېسابتا ستالىن ئۆزى بىلەن بىر مەزگىل

ئىتتىپاقلاشقان مەركىزىي «باتۇرنى» كۆزدىن يوقىتىشنى قارار قىلدى. ماقالىمىزدە تەكىتلەۋاتقان مەركىزىي نۇقتا، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆكتوقايدا كان قېزىش ئىشلىرىنىڭ ئوسمان ئىسلام تەرىپىدىن قارشىلىققا ئۇچرىشىنىڭ مەلۇم تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە قازاقلارنىڭ بۇ خىل قارشىلىق كەيپىياتى شېڭ شىسەي دەۋرىدىلا كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

1940-يىلى ۋە 1941-يىلى كۆكتوقاي قازاقلىرى ئىككى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى بىئارام قىلدى. كۆكتوقايدىكى قازاقلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلىڭىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى موسكۋا بىلەن شېڭ شىسەي ئارىسىدا تۈزۈلگەن، بىز ماقالىمىزنىڭ باش قىسمىدا تەكىتلەپ ئۆتكەن ئاشۇ مەخپىي كېلىشىم بويىچە سوۋېت گېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ 1941-يىلى 5-ئايدا كۆكتوقاي تەۋەسىدە يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئىزدەش ئېلىپ بېرىپ، بۇ يەردىن قىممەتلىك يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تېپىپ، قېزىش ئىشلىرىغا كىرىشكەن ھەمدە بۇنىڭغا 3000 دىن ئارتۇق يەرلىك ئاھالىنى ئەمگەككە سالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 1941-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا شېڭ شىسەي ئالتاي ۋىلايىتىگە «كۆكتوقايدىكى يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن رۇس ئىنژېنېرلىرى كېلىپ ئىشلەيدۇ. قېزىش ئىشلىرىنى ئىشلەشكە سىرتتىن ئېلىپ كېلىدىغان ئەمگەك كۈچى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن شۇ يەردىكى قازاقلاردىن 8000 ئادەم ئىشقا سېلىنسۇن» دېگەن بۇيرۇقى كېلىدۇ[65].

شېڭ شىسەي يەنە «ئالتۇن قازغۇچىلار» دېگەن ناملاردا كۆكتوقاي قاتارلىق جايلارغا ئۆز ھەربىي قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ ئورۇنلاشتۇردۇ. پاتىخان سۇگۇربايېۋنىڭ ئەسلىشىچە، 1941-يىلى 4-ئايدا، بىرىنچى نۆۋەتتە، كۆكتوقايغا 300، چىڭگىلگە 200 ئادەم «ئالتۇن قازغۇچىلار» نامى بىلەن يېتىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى، ئارىدىن يەنە بىر قانچە ئاي ئۆتمەيلا كۆكتوقايغا 400، چىڭگىلغا 200 «ئالتۇن قازغۇچى» كېلىپ

ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئىككى قېتىمدا ئىككى ناھىيىگە كەلگەن «ئالتۇن قازغۇچىلار» نىڭ سانى 1100 دىن ئېشىپ كەتكەن[66]. ئوسماننىڭ مەسلىھەتچىسى لاتىپنىڭ ئەسلىشىچە، مەزكۇر ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلاردىن ئىبارەت [67]. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ «ئالتۇن قازغۇچىلار» نىڭ ماشىنا-ماشىنىلاردا ئېلىپ كېلىۋاتقانلىرى جوتۇ، گۈرجەك بولماستىن بەلكى ئەكسىچە پىلىموت ۋە مىلتىققا ئوخشاش ھەربىي ئەشيالار ئىدى. بۇ ئادەملەر كېلىپلا، مەخپىي تۇتۇش ۋە بۇلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردۇ. كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچى باشلىقى كادىرباي مەزكۇر ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ ئېلىپ كېلىۋاتقانلىرىنىڭ ھەربىي قورال-ياراقلار ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن قازغۇچىلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدۇ. كۆكتوقاينىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى راھەت بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تېپىپ قېچىپ كېتىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، ئۇنى ئادەتتىكى قازاق ساقچىلىرى ئەمەس بەلكى 200 دىن ئارتۇق «ئالتۇن قازغۇچى» تۇشمۇتۇشتىن ئىزدەيدۇ ھەمدە قازاقلارنىڭ 30 غا يېقىن يىلقىسىنى تارتىۋالىدۇ[68].

بۇ ۋاقىتتا يەنە «شېڭ شىسەيي ئالتاينى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىۋەتتى» دېگەن سۆزلەرمۇ تارقالغان بولۇپ، كۆكتوقايدىكى قازاق قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن خېلىل تەيجى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى مۇئاۋىن ھاكىم راھەت بىر قىسىم ئادەملەرنى تەشكىللەپ، شۇ يىلى 6-ئايدا ئىككىنچى قېتىملىق كۆكتوقاي قوزغىلىڭىنى قوزغىدى[69]. ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ 1940-يىلى 10-ئايلاردا كۆكتوقاي قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن تۈزگەن ئالتە تۈرلۈك كېلىشىمگە رىئايە قىلمىغانلىقى، كېلىشىم بويىچە شېڭ شىسەينىڭ ئالتايدىكى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشى كېرەك بولسىمۇ، لېكىن بەربىر ۋەدىسىدە تۇرماي يەنىلا ئۆز قوشۇنىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەلق ئۈستىدىن تۇتقۇن قىلىش ۋە بۇلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلىشتى.

راھەت قاتارلىقلار باشلىغان كۆكتوقايدىكى قوزغىلاڭچىلار سوۋېت كانچىلىرىنى قوغداۋاتقان 300 دىن ئارتۇق شېڭ شىسەي ئەسكىرى ۋە سوۋېت كانچىلىرىغا ھۇجۇم قوزغايدۇ. 1941-يىلى، 6-ئاينىڭ 6-كۈنى سوۋېت كان تەكشۈرۈش خادىملىرىدىن 56 ئادەم 20 ماشىنا بىلەن كۆكتوقايدا راھەت باشچىلىقىدىكى بىر توپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، بىر قانچە ماشىنا كۆيدۈرۈلگەن ۋە گېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بانىئانكوۋ قاتارلىق بىر قانچە كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ [70]. قوزغىلاڭچىلار سوۋېت كانچىلىرى بىلەن قوشۇپ 300 دىن ئارتۇق شېڭ شىسەي ئەسكىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىدۇ [71]. شېڭ شىسەي بىر ياقتىن سۈلھى-سالا باشلاپ، قازاقلارنى قورال تاشلاشقا كۆندۈرۈشكە تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن 4000 دىن ئارتۇق قوشۇن يۆتكەپ، ھەربىي ھۇجۇم تەييارلىقىنى پۈتتۈرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار بىلەن شېڭ شىسەي قوشۇنى ئارىسىدا كۆپ قېتىم جەڭلەر يۈز بېرىپ، قازاق قوزغىلاڭچىلىرى زور چىقىم تارتىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن جانىمقان قاتارلىق قازاق تۆرىلىرىنىڭ قۇرئان تۇتۇپ قىلغان قەسەملىرىگە ئىشىنىپ، تەسلىم بولۇپ قورال تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن بەربىر شېڭ شىسەينىڭ قولىغا چۈشۈپ، تۈرمىگە تاشلىنىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئالتاي قازاقلىرىنىڭ 2-قېتىملىق قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولىدۇ. ئوسمان ئىسلام گەرچە ساۋاتسىز بولسىمۇ، ئەمما ئىرادىسى مۇستەھكەم ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن جانىمقاننىڭ قۇرئان تۇتۇپ قىلغان قەسىمىگە ئىشەنمەي، تەسلىم بولماستىن بىر قانچە ئادىمى بىلەن قېچىپ كېتىپ پاناھلىنىپ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. شېڭ شىسەيگە ۋاكالىتەن قوزغىلاڭچىلارنى ئەل قىلىشقا كەلگەن دەلىلقان سۇگۇربايېۋ بولسا، بىر قانچە مەزگىلدىن كېيىن ئالتايدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، 1941-يىلىنىڭ 10-ئايلىرىدا سوۋېت گېئولوگلىرىنىڭ يوشۇرۇشى بىلەن جىمنەي ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن سوۋېت

مەسلىھەتچىلىرى بىلەن 3-قېتىملىق ئالتاي قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئومۇمەن، بۇ ۋاقىتتا پەقەت ئوسمان بىلەن دەلىلقاندىن ئىبارەت ئىككى مەشھۇر ئادەم ساق قېلىپ، كېيىنكى قوزغىلاڭ رەھبىرى بولۇپ قالىدۇ. ئوسماننىڭ ھاياتى چۆل-جەزىرىلەر ۋە تاغ-دالادا يوشۇرۇنۇپ، كۆچ توپلاش بولسا، دەلىلقاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىككى يىللىق ھاياتى ھازىرغىچە سىر سۈپىتىدە تۇرماقتا.

قازاقلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلىڭى ئەمەلىيەتتە بىۋاستە شىڭ شىسەيگە قارىتىلغان بولۇپ، لېكىن شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭ شىسەينىڭ ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلار زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئېلىپ بارغان باستۇرۇشلىرىنى ئېزچىل قوللاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، مەزكۇر قارشىلىق ھەرىكەتلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان نارازىلىق ھەم دۈشمەنلىكنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە سەۋەبلىرى بار. بىرىنچىدىن شىڭ شىسەي 1937-يىلىدىكى ئابدۇنىياز بەگ باشچىلىقىدا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا پارتلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلىڭىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن باستۇرغاندىن كېيىن، ستالىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بارغان «خەلق دۈشمەنلىرىنى تازىلاش» ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ن ك ۋ د( خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى) ئورگىنىنىڭ قوللىشى ۋە مەخسۇس ئەۋەتكەن خادىملىرىنىڭ ياردەملىرى بىلەن پۈتۈن ئۆلكە بويىچە كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈردى. ئەنە شۇ قېتىملىق تازىلاشتا ئۇيغۇرلاردىن ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ، ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغان خوجا نىياز ھاجىم قاتارلىق مۇھىم ئەربابلار قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلىپ، شىڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلاشقان قازاقلارنىڭ بىر قىسىم زىيالىيلىرى ۋە قەبىلە

ئاقساقاللىرىمۇ تۇتقۇن قىلىنىپ تازىلاندى. 1939-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قىزىل ئارمىيىنىڭ بىر نەپەر قازاق ھەربىي خادىمى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، ئالتايغا قېچىپ كەتتى دەپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىدىن ئۇنى تۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 9-ئايدا شىڭ شىسەي پۈتۈن ئۆلكە بويىچە قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، قازاقلارنىڭ ئەل باشلىقلىرى، قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن بولۇپ، 40 نەچچە ئادەمنى ئۇرۇمچىگە قۇرۇلتايغا چاقىرتىپ نەزەربەند قىلىپ قويدى [72]. ئارقىدىنلا ئالتاي تەۋەسىدىن يەنە 400 دىن ئارتۇق قازاق ئاق ساقاللىرىنى سارسۇمبە شەھىرىگە يىغىپ، نەزەربەند قىلدى ھەمدە قازاقلارنىڭ ھەر خىل قوراللىرىنى ھەتتا كەكە-پالتا-پىچاققىچە بولغان ئائىلە قوراللىرىنىمۇ يىغىش ھەرىكىتى باشلىدى[73]. شىڭ شىسەي دائىرىلىرى قازاق ئاق ساقاللىرىنى خەلق قولىدىكى بارلىق قوراللارنى يىغىپ بېرىشكە قىستىدى. پۈرسەتتىن پايدىلانغان شىڭ شىسەي ئالتاينىڭ ۋالىسى ۋە قوشۇمچە گارنىزون قوماندانى شەرىپقانغا «ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت قۇرماقچى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللاندى» دېگەندەك بىر قاتار جىنايەتلەرنى ئارتىپ، باشقا بىر قىسىم قازاق تۆرىلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا يەنە قازاقلارنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي تەرەپكە قېچىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن بولۇپ، شىڭ شىسەي ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇن ئەۋەتىپ ئوخشاشلا قانلىق باستۇردى. ئومۇمەن، شىڭ شىسەينىڭ پۈتۈن ئۆلكە بويىچە جۇملىدىن ئالتاي تەۋەسىدىكى تازىلاش ھەم باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەسلىھەتچىلەر، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە قۇرغان ئامانلىق ساقلاش ۋە سىياسىي قوغداش ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقى مۇقەررەر.

ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قازاقلارنىڭ 1940-يىلىدىكى بىرىنچى قېتىملىق شىڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلىڭى جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەيگە ياردەم بەرگەن بولۇپ، سوۋېت ھەربىي

مەسلىھەتچىلىرى شېڭ شىسەينىڭ ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى ھەمدە تاشقى موڭغۇل ئارمىيىسىنىڭ چېگرادا قوزغىلاڭچىلىرىنى توسۇشىغا قوماندانلىق قىلغان[74]. بۇ ئەھۋاللار قازاقلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نارازى بولۇش كەيپىياتىنىڭ كۈچىيىشىدىكى يەنە بىر تەرەپ بولۇشى مۇمكىن.

ھەقىقەتەن، شېڭ شىسەينىڭ باستۇرۇشى نەتىجىسىدە، 1943 - يىلى، قازاقلارنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئالتاي تەۋەسىدىكى قازاقلار ئارىسىدا ئوسمان ئىسلام ۋە دەلىلقان سۇگۇربايېۋ بىلەن تەڭلەشكۈدەك يۇقىرى ئابرۇيلۇق كىشى قالمىغان بولۇپ، مەشھۇر قەبىلە ئاق ساقاللىرى، تەيجىلىرى، زىيالىيلىرى ۋە باتۇر ئادەملىرى شېڭ شىسەينىڭ قولىدا ۋەيران بولۇپ تۈگەشكەن ئىدى.

ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېڭ شىسەيگە ياردەم بەرگەنلىكى شۇنىڭدەك ئەسلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، ئۇنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇندىغان قازاقلارنىڭ رەھبىرى شەرىپقان قاتارلىق كۆپلىگەن زىيالىيلار ۋە قەبىلە ئاق ساقاللىرىنىڭ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىشىغا ھەم ئۆلتۈرۈلۈشىگە ماسلاشقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ قىلمىشلىرى قازاقلارنىڭ قەلبىدە يارا پەيدا قىلغان ئىدى. قەبىلە ئاق ساقاللىرى، مۆتىۋەرلەر، بولۇپمۇ سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ گراژدانلار ئۇرۇشى، كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەمدە ئاچارچىلىق ۋەقەلىرى جەريانىدا بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى خالىماي، ئالتايغا قېچىپ كېلىپ ماكانلاشقان يۇقىرى قاتلامغا مەنسۇپ قازاقلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ھەم نارازىلىق كەيپىياتلىرى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل سوۋېتقا قارشى ئىدىيىسى يۇقىرى ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى قازاق جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايتتى. بىزنىڭ بۇ ھۆكۈملىرىمىزنى ئوسمان ئىسلامنىڭ 1947 - يىلى، قىشتا گۇچۇڭدا سوك شىلەن بىلەن سۆزلەشكەندە ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرى

مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ:

«بىز شىنجاڭدىكى قازاقلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدىغان قازاقلار ئەزەلدىن قانداش، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنقىلابتىن كېيىن رۇسىيە تەۋەسىدىكى قازاقلارنى دەھشەتلىك باستۇردى. بىرمۇنچە كىشىلەر قىرىلدى. مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى. دىنىي ئېتىقادتىن، مەھرۇم قىلىندى. ھازىر شىنجاڭدا ياشاۋاتقان بەزى قازاق قەبىلىلىرى رۇسىيىدىن قېچىپ كەلگەن، شۇڭا بىز قازاقلار سوۋېتتىن بەك قورقىمىز ۋە سوۋېتقا بەك ئۆچ»[75].

دېمەك، قازاقلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلىڭىمۇ مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىيات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، سوۋېت گېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ ئالتايدا پەيدا بولۇشى ۋە ئەركىن ھەرىكەت قىلىشى، قازاقلار ئارىسىدا شىك شۈبھىسى يەنى بۇ جاينى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى دەيدىغان چۈشەنچىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىشىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇ ۋەجىدىن قازاق قوزغىلاڭچىلىرى ھېچ ئىككىلەنمەيلا سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىغا ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، بۇ ئالتاي قازاقلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغان ئىدى.

### چويبالساننىڭ ۋەدىسى ئۆچۈن تۆلەنگەن بەدەل

2-قېتىملىق كۆكتوقاي قوزغىلىڭى پارتلاپ، سوۋېت گېئولوگىيە خادىملىرى قازاقلارنىڭ تۇيۇقسىز ئاتقان ئوقلىرىغا يەم بولغانلىق خەۋىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ رەھبىرى، ستالىنغا تۈنجى قېتىم ئاتوم بومبىسى ياساش تەكلىپىنى بەرگەن بېرىيانى چۆچۈتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا يېڭى باش ئاغرىقى پەيدا قىلىپ يەنە 16 كۈندىن كېيىن، يەنى، 1941-يىلى، 22-ئىيۇن، تاڭ سەھەردە گىتلېر

ئارمىيىسىنىڭ بىرىتىس قورغىنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىشى بىلەن باشلىغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان ئومۇمىي يۇزلۇك ھۇجۇملىرى تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان ستالىننى چۆچۈتۈۋەتتى. موسكۋادىن تەخمىنەن تۆت مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغلىق شەھەر ئۇرۇمچىدە ستالىنغا مۇرتلىقتا قول بىرىپ، سەككىز يىلدىن بېرى ئۇنىڭ قونچىقى بولغان شىڭ شىسەيمۇ بۇ دەھشەتتىن ئەندىكىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق مىيىقىدا كۇلۇپ قويىدى ۋە دەرھال ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يېڭى پىلانىغا تۇتۇش قىلدى. ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ دۆلەت دەپ ئاتىغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قانچە مىليون كىشىلىك قىزىل ئارمىيىسىنىڭ گىتلېر ئارمىيىسى تەرىپىدىن قىسقىغىنە بىر قانچە ئاي ئىچىدە يوقىتىلىشى، گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ چاقماق تېزلىكىدە موسكۋا بوسۇغىسىغا يېتىپ كېلىشى شىڭ شىسەينىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە مەقسىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا سەۋەب بولدى. شىڭ شىسەينىڭ ئۆزى بىلەن ھېچقانداق قانداشلىق، مىللەتداشلىق ئورتاقلىقى بولمىغان، گرۇزىن قېنىغا مەنسۇپ، ئەمما ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيانىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك دىكتاتورى ھېسابلانغان يوسۇف ستالىننىڭ ئالدىدا بەرگەن ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ سادىق مۇرىتى بولۇش قەسەمىيادىنىڭ پەقەت شەرقىي ئاسىيا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، كونا ئەنئەنىسى، يەنى ھوقۇق ۋە خۇسۇسىي مەنپەئەت ئۇچۇن ياتلارغا يار بولۇپ، ئۇنىڭ كۇچلۇك شاپىلىقى بىلەن قانداشلىرىنىڭ يۇزىگە سېلىش تاكتىكىسىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئۇچۇنلا ئىكەنلىكىنى چاندۇرۇپ قويىدى. قىسقىسى، شىڭ دۇبەن دوستى ستالىننىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە بەربىر ئۆزى بىلەن قانداش، ئەمما كونا رەقىبى جاڭ كەيشى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەپ، ئۆزىنى ماركسىزمچى ئەمەس بەلكى، سۇنجوڭشەننىڭ «ئۇچ مەسلىكى» نىڭ چوقۇنغۇچىسى قىلىپ كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ جوڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىدىن خۇپىيانە ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي-سىياسىي، ئىقتىسادىي تەسىرىنى بۇ ئۆلكىگە باشلاپ كىرگەنلىكى ھەتتا

سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقىدىن ئىبارەت جىنايەتلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قاتتىق مەيدانىنى ئىپادىلىمەي بولمايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆلكىدىكى زومىگەرلىكى، شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى خالىغانچە قېزىپ ئېلىپ كېتىپ، بۇ يەرنى خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ بارلىق تىرىشچانلىق بىلەن «شىنجاڭنى مەڭگۈ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى سۈپىتىدە ساقلاپ قالغانلىقى» نى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى [76]. جاڭكەيشىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلكىدىكى ئىمتىيازىنى تىكلەش ئۈچۈن، شېڭ شىسەينى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، ئۇنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ «شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانى» بويىچە ئىش كۆرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىلىرىنى ئۈزۈشكە بۇيرۇدى.

ھەقىقەتەن، شېڭ شىسەي 1942-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئاشكارا مەيدانغا چىقتى. 1942-يىلى، 10-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزگەن «كونسېسسىيە كېلىشىمى» نى بىكار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كانچىلىرى ۋە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان خادىملىرى، ھەربىي، تېخنىكا خادىملىرىنى ئۈچ ئاي ئىچىدە ئېلىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى [77]. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بۇنى رەت قىلىپ، كەسپىي دىپلومات ۋە رازۋېدچىك گېئورگىي پۇشكىننى ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇللۇققا ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەي بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنى ئەدىيىسىدىن ۋاز كەچتۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، پۇشكىن شېڭ شىسەي بىلەن ئېلىپ بارغان ئۆزۈن ۋاقىتلىق سۆھبەتتە ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشتىن ياندۇرۇشقا يەنە بىر قېتىم تىرىشقان بولسىمۇ، بىراق شېڭ قەتئىي پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرىدۇ[78]. ئاخىرى 1943-يىلى، 10-ئاپرېل كۈنى گېئورگىي پۇشكىن شېڭ شىسەيگە سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق گېئولوگىيە خادىملىرى ۋە كانچىلىرىنىڭ خىزمىتىنى توختاتقانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنى ۋە كانچىلىق ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شېڭ شىسەي بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 6-ئايغىچە بارلىق كانچىلىرى ۋە گېئولوگىيە خادىملىرىنى ئېلىپ كېتىشىنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى. پۈشكىن ئارقىدىن شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ تەلىپىگە بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇلدىكى 8-پولكى ۋە ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى، بىلدۈردى. نەتىجىدە، قۇمۇلدا 6 يىل تۇرغان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 5-ئاينىڭ14-كۈنىدىن ئېتىبارەن چېكىنىشنى باشلىدى. شېڭ شىسەي جاڭ كەيشىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يەنە ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابادىكى ئايروپىلان زاۋۇتىنى ھەمدە ئىلى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بارلىق ئالاقە سىستېمىسى ۋە ھاۋا ئارمىيە بازىلىرىنى تاقاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئۆلكىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا بولغان كونتروللۇقىنى بىكار قىلدى [79]. شۇنداق قىلىپ، 1943-يىلى، 5-ئايغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا تىكلىگەن بارلىق ئىمتىيازلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالدى.

بۇ ۋاقىتتا قازاقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى كانچىلىرىغا ھۇجۇم قىلىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىياتتا بولۇشى شېڭ شىسەي ئۈچۈن پايدىلىق ئامىللار بولۇپ قالدى. ئۇ، بىر تەرەپتىن قوشۇن ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كان قېزىش ئىشلىرىنى قوغدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئوسمان باتۇرنىڭ ئادەملىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كانچىلىرى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە پۇقرالىرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقاتمىدى. شۇنچە كۈچ ئاجرىتىپ، 2-قېتىملىق قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، پۈتۈن ئالتاينى قايتىدىن تىنچلاندۇرالىغان شېڭ شىسەي قانداقسىگە ھېچ بىر تايانچى بولمىغان، ئوسمان ئىسلام ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە

ئادىمىنى يوقىتالمىدى؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئاجىز ھالەتتە تۇرغان ئوسمان بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى تىنچلاندۇرۇش ۋە ئۆزىگە ئىشلىتىش يولىنى تۇتتى؟ بۇ يەردىكى سەۋەب ئوسماننىڭ سوۋېتقا قارشى، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش ئىدىيىسى شىڭغا كېرەك بولۇپ قالدىمۇ قانداق؟ دېگەندەك سوئاللار قويۇلۇشى تەبىئىي. چۈنكى، شىڭ شىسەي، 1942-يىلىدىن كېيىن بىر قىسىم تۈرمىدە يېتىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەشەددىي دۈشمەنلىك ئىدىيىسى بار ئادەملەرنى قويۇپ بېرىشكە باشلىغان بولۇپ، ئۇ، مەزكۇر ئادەملەرنىڭ سوۋېتقا قارشى تۇرۇش ئىدىيىسىدىن پايدىلانماقچى بولغان. ئەلىخان تۆرە قاتارلىق بىر قىسىم 1937-1938-يىللىرىدا قولغا ئېلىنىپ، ئۆلتۈرۈلمەي قالغان كىشىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوۋېتقا قارشى تەشۋىقات قىلىشلىرىنىڭ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن بىراقلا چەكلەنمەسلىكى ئەنە شۇنىڭ مىسالى بولسا كېرەك.

1943-1944-يىللىرىدا ئۆلكىدىكى بىر قىسىم يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ئابرۇيلۇق كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىڭ شىسەي ھەم گومىنداڭنىڭ تالىشىش ئوبيېكتىغا ئايلانغان بولۇپ، ھەر ئىككىلا تەرەپ، باشتا بۇ كىشىلەرنى زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇلار يەرلىك خەلقنىڭ يۇقىرى ئابرۇيلۇق كىشىلىرىنى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئىنتىلدى. 1942-يىلىدىن باشلاپ، شىڭ شىسەيدىن ئۈمىد ئۈزگەن موسكۋا يەرلىك خەلقنىڭ ئەنە شۇ ئابرۇيلۇق ئادەملىرىنىڭ بۇرۇن سوۋېتقا قارشى تۇرغان تەرىپى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنى كۆزىتىپ، يېنىغا تارتىشقا كىرىشتى. چۈنكى، ستالىن شىڭ شىسەيدىن ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىدە بۇ كىشىلەرگە تايانماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، شىڭ شىسەي ۋە ياكى گومىنداڭ دائىرىلىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشتا مەزكۇر كىشىلەرنى تەشۋىقات ۋاستىسى قىلىشنىڭ ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەنە شۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋە باشقا جايلاردىكى جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى ۋە يۇز ئابرۇيلۇق قاتلىمىغا مەنسۇپ زىيالىيلار، سودىگەرلەر، دىنىي زاتلاردىن تەركىب تاپقان بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورناتقان بولۇپ، ئىلى تەۋەسىدىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى» ۋە چۆچەكتىكى «مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش تەشكىلاتى» نىڭ ئەزالىرى شۇنىڭدەك جىمنەيدىكى موللا ئىسلام ئىسمايىلوف قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەينى ۋاقىتتا تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدا شېڭ شىسەيگە قارشى جەڭ قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بىردىنبىر قوراللىق گۇرۇپپىنىڭ رەھبىرى ئوسمان ئىسلام قاتارلىق قازاق قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن يېقىنلىشىش يولىنى ئىزدەشنى مۇھىم تاكتىكا سۈپىتىدە بېكىتتى. بۇ ۋاقىتتا ئوسماننىڭ ۋەزىيىتى بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، قازاق قوزغىلاڭچىلىرى شېڭ شىسەينىڭ زور قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن تارمار بولۇپ كەتكەن. ئوسمان، ئازغىنا ئادەملىرى بىلەن پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئادەملىرى، تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئانچە -مۇنچە بۇلاڭچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ئوسمان ئۈستىدىن تارقاتقان «باندىت» دېگەن تەشۋىقاتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۈنۈم بەرگەن ئىدى. ئۇ گاھىدا موڭغۇلىيە تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇ جاينىڭ پۇقرالىرىنىمۇ بۇلاپ، ئارام بەرمەيتتى [80]، ھەتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى كانچىلىرىغىمۇ تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. مۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوسماننى ئىزچىل كۆزەتكەن بولۇپ، ئۇنى موڭغۇلىيە ئارقىلىق ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم موڭغۇلىيىگە قارشى تۇرماي، ئەكسىچە شېڭ شىسەيگە قارشى كەڭ كۆلەمدە كۈرەش قىلىدىغان بىر سىياسىي يۆنىلىشكە ئىگە ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش نىشانىنى بېكىتكەن.

شۇنى تەكىتلەش مۇھىم ئەھمىيەتلىككى، مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن مەزكۇر ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى مىللەتلەر

ئىچىدە ئالدى بىلەن موڭغۇللار مۇستەقىللىق جاكارلىدى. تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشى ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا سۇخاباتور ۋە چويبالسان قاتارلىق كوممۇنىستلار رەھبەرلىكىدىكى موڭغۇلىيە خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ لېنىن ۋە ستالىننىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشى ئۇيغۇر، تىبەت قاتارلىق خەقلەرگە زور ئىلھام بولدى. قىزىل موڭغۇلىيە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ۋە باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان رايونلاردا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوزغىشى ھەم ياردەم بېرىشىدا «ئۈلگە» ھەم « بازىلىق» رولىنى ئوينىغان بولۇپ، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا ھېچقانداق دۆلەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ھەم ئاشكارا قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن مەزكۇر دۆلەتنىڭ موسكۋانىڭ سىزىقىدىن چىقماسلىقى تەبىئىي ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ تاشقىرى ئۆز قوشنىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە ئۆزىگە قارشى بولۇشىنى خالىمايتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېڭ شىسەيدىن ئۈچ ئېلىپ، يوقىتىپ قويغان تۇرلۇك تەسىرلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈرىشىدە موڭغۇلىيىنىڭ رولى، جۈملىدىن ئۇنىڭ رەھبىرى چويبالساننىڭ رولى بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇ ستالىننىڭ كۆتكىنىدىن چىقتى.

تارىخىي شاھىتلار ئارىسىدا موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ ئوسمان ئىسلام بىلەن ئالاقە ئورناتقان ۋاقىت ھەققىدە ھەر خىل ئۇچۇرلار مەۋجۇت، بىر قىسىم ئۇچۇرلاردا 1942 - يىلى 7 - ئايدا موڭغۇلىيە تەرەپتىن تۇنجى قېتىم مەخپىي ۋەكىل كەلگەنلىكى ئېيتىلسا [81]، يەنە بەزى ئۇچۇرلاردا بۇ ئىشنىڭ 1943 - يىلى 7 - ئايلاردا بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ[82]. لېكىن، پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موڭغۇلىيىنى ۋاستە قىلغان ئوسمان بىلەن بولغان تۇنجى ئالاقىسىنىڭ 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا

باشلانغانلىقى ئېھتىماللىققا يېقىن. تارىخي مەلۇماتلاردا 1942 - يىلى، موڭغۇلىيىدىن كەلگەن ۋەكىل ئوسمان ئىسلام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ بۇلاڭچىلىق قىلماسلىقى ۋە شېڭ شىسەيگە قارشى كۈرەش قىلىپ، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئوسمان بۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي موڭغۇلىيە بىر كىشىنى ئوسماننىڭ قوشۇنىغا مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتكەن[83].

شۇ يىلى 9 - ئايدا موڭغۇلىيىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئوسمان ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەخپىي سۆھبەتتە، ئوسماننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادەملىرى ۋە گېئولوگلىرىغا ھۇجۇم قىلماسلىق، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيىگە قارشى تۇرماسلىقى شەرت قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئات ۋە چارۋىلارنى قورال - ياراققا تېگىشىپ بېرىش توختام قىلىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە 36 مىلتىق، ئالتە يەشىك ئوق ئالماشتۇرۇپ بېرىلگەن[84]. بۇنداق ئالماشتۇرۇشلار كېيىنمۇ بىر قانچە قېتىم داۋاملاشقان، نەتىجىدە موڭغۇلىيە ئاستا - ئاستا ئۆز ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئوسماننىڭ قوشۇنىنى چېنىقتۇرۇپ، ئۇنىڭ شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە موڭغۇلىيە ئارقىلىق مەخپىي تۈردە ئوسماننى قوللىشىنىڭ مۇددىئاسى ئىككى خىل پىلاندىن چىقىش قىلىنغان بولۇپ، بىرىنچىدىن ئوسمان ئىسلام ئارقىلىق قازاقلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك پىلانى ھېسابلانغان ئاتوم بومبىسى ياساش ئۈچۈن كېرەك بولغان ئۇران كانلىرىنى قېزىش ئىشلىرىنىڭ نورمال يۈرۈشىگە كېلىدىغان توسقۇنلۇقلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان قارشىلىق كەيپىياتلىرىنى تۈگىتىش. ئىككىنچىدىن، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈش ئەھۋالىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، كەلگۈسىدە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتقا قارشى سىياسىتىنى

بىتچىت قىلىپ، ئۇنى ئۆلكە ھاكىمىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش ھەم ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشتا پايدىلىنىدىغان تايانچلارنى ھازىرلاش، ئاخىرىدا ئوخشاشلا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى يوقىتىلغان ئالتاينى بەرپا قىلىپ، ئۇ ران كانلىرىنى قېزىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىسىدىن ئىبارەت ئىدى.

بولۇپمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتايدا تېخى ئەمدىلا باشلىغان ئىستراتېگىيىلىك كان بايلىقلىرىنى قېزىش ئىشىنىڭ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن بىراقلا توختىتىپ قويۇلۇشى، موسكۋانىڭ ئاتوم بومبىسى ياساشتىن ئىبارەت مەخپىي ئىستراتېگىيىلىك ھەربىي سانائەت پىلانىغا نىسبەتەن قاتتىق زەربە بولۇپ ھېسابلاندى. مانا شۇ بىر قاتار ئەھۋاللار ئاستىدا 1943-يىلى 16-مايدا موسكۋادا ئېچىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنىڭ قارارىغا بىنائەن كرېمىل رەھبەرلىرى 1943-يىلىنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن، ئوسمان ئىسلام باشلىق قازاق قوزغىلاڭچىلىرىنى مەخپىي قوللاش ھەم شۇ ئارقىلىق قوزغىلاڭنىڭ كۆچىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم پەيدا قىلىشنى قارار قىلدى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ، ئوسمان ئىسلام باشلىق قوزغىلاڭچىلار ۋە بىر قىسىم قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئالدىراپ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، بىر تەرەپتىن دەللىقان سۇگۇرباييېف قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلىدىغان ئالتايلىق ھەم سوۋېت ئىتتىپاقلىق قازاقلاردىن پايدىلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن موڭغۇلىيىنى ۋاستە قىلىپ، موڭغۇلىيە رەھبەرلىكىنىڭ ياردىمىدىن پايدىلىنىپ، ئوسمان ئىسلام بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى.

1943-يىلى 5-ئۆكتەبىردە موڭغۇلىيە تەرەپ ۋەكىلى بىلەن ئوسمان ئىسلام ئارىسىدا ئۇچرىشىش بولدى ۋە ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى كېلىشىم بويىچە موڭغۇلىيە تەرەپ دەسلەپكى قەدەمدە ئوسمانغا 27 مىلتىق، 2600

پاي ئوق، ۋە بىر قانچە مىڭ پاي ئوقى بىلەن 10 دانە ماۋزۇر ۋە ئاپتومات تەقدىم قىلىندى [85]. بۇ ۋاقىتتا يەنە موڭغۇلىيە تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە «ئالتاي قازاق مىللىي گۇللىنىش كومىتېتى» دەپ ئاتالغان بىر سىياسىي تەشكىلات 1943-يىلى، 7-ئايلاردا قۇرۇلدى. مەزكۇر كومىتېتنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت، ئەينى ۋاقىتتا ئوسمان ئىسلام بىلەن بىر سەپتە كۆرەش قىلىپ، كېيىن تۈركىيىگە كېتىپ يەرلەشكەن قازاقلارنىڭ قارىشىچە، ئوسمان ئىسلام شۇ يىلى ياز ئايلىرىدا خان بولغان [86]. ئەنگلىيىلىك تارىخچى گودفرېلي لىئاس ئوسمان ئىسلامنىڭ 1943-يىلى، 22-ئىيۇندا ئالتاي خەلقلىرى يەنى قازاقلار ۋە موڭغۇللار تەرىپىدىن ئۆزلىرىنىڭ خانى دەپ جاكارلانغانلىقىنى يازغان[87].

ئوسماننىڭ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىشىدىن كېيىن، بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن دەلىلقان سۇرگۇرباييۇ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم پارتىزانلار شۇ يىلى 11-ئايلاردا 12 كىشىلىك سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى باشلاپ، موڭغۇلىيە ئارقىلىق چىڭگىل ناھىيىسىگە كىرىپ، ئوسمان بىلەن بىرلەشتى[88].

بۇ يەردە دەلىلقاننىڭ ئوسمان ئىسلامنىڭ «قازاق گۇللىنىش كومىتېتىنى» قۇرۇش مۇراسىمىغا بىۋاسىتە قاتناشقان ياكى قاتناشمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، بەزى مەنبەلەردە بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشىدا دەلىلقاننىڭ بارلىقىنى يېزىشىدۇ. لېكىن، كۆپىنچە قازاق مەنبەلىرى بۇنى رەت قىلىدۇ. دەلىلقانىڭ ئوسماننىڭ موڭغۇلىيە مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇپ، ئۆزىنى ھەتتا خان دەپ جاكارلاپ بولۇشىدىن كېيىن، چىڭگىلدا پەيدا بولۇپ، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەنلىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن قايتىدىن پارتىزانلار، قەبىلە ئاق ساقاللىرى، مۆتىۋەرلەر، موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن چوڭ يىغىن چاقىرىلغان بولۇشى

ئېھتىماللىققا يېقىن. مەزكۇر كومىتېتنىڭ تەركىبىدە ئەدلىيە، مەدەنىيەت ـ تەشۋىقات، خەلق ئىشلىرى ۋە قوماندانلىق شتاب قاتارلىق ئورۇنلار قۇرۇلۇپ، بارلىق پارتىزانلار 10 ئەترەتكە ئايرىلدى ھەمدە ئوسماننىڭ نامىدا سەككىز ماددىلىق خىتابنامە ئېلان قىلىنىپ، ئالتايدىكى قازاقلارنى ئىنقىلاب قوزغاپ، ئۆز ھۆكۈمىتى، ئۆز ئارمىيىسىنى قۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى[89]. ئوسمان ئىسلام ۋە دەلىلقان سۇگۇرباييۇ رەھبەرلىكىدىكى «ئالتاي قازاق مىللىي گۈللىنىش كومىتېتى» ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ موسكۋادا ئاچقان «شىنجاڭ مەسىلىسى» گە ئائىت مەخسۇس يىغىنىدا ئېلىنغان قارارىنىڭ روھى بويىچە ھەر قايسى جايلاردا مىللىي گۈللىنىش ۋە مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، ھەرىكەت باشلاش پىلانى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، دەلىلقان كەلگەندىن كېيىن مەزكۇر سىياسىي تەشكىلات بىۋاسىتە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرلەشمە مەسلىھەتچىلىكىدە ئىش ئېلىپ باردى. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئاق رەڭلىك چېدىردا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار «ئاق ئۆي» نىڭ كىشىلىرى، موڭغۇلىيىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى كۆك رەڭلىك چېدىردا تۇرغانلىقى ئۈچۈن «كۆك ئۆي» نىڭ كىشىلىرى دەپ ئاتالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە پويوۋ ئىسىملىك رۇس گېنېرال، موڭغۇلىيىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە دورجى ئىسىملىك موڭغۇل گېنېرال ئوسمان رەھبەرلىكىدىكى قازاق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي ئىشلىرىغا ئاستىرتتىن قوماندانلىق قىلدى[90].

ئوسمان ئىسلام بىلەن موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشىغا ئەگىشىپ، 1944 ـ يىلى 25 ـ فېۋرال كۈنى ئوسمان باتۇر موڭغۇلىيىنىڭ قوبدو ۋىلايىتىگە تۇتىشىدىغان چېگرىلىنىڭ بولغىن دېگەن يېرىدىكى چېگرا يايلىقىدا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى، مارشال چويبالسان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موڭغۇلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى

ئۇۋانوۋ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بايقال فرونتىنىڭ قوماندانى رۇبىن شۇنىڭدەك موسكۋادىكى دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنىنىڭ رازۋېدكا ئەمەلدارلىرىدىن بىرى گېنېرال لاگفاك، موڭغۇلىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى شاگورجان ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى گرىدىيېۋ قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى[91].

بۇ ۋاقىتتا ئوسمان ۋە دەلىلقان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار شىنجاڭ شىسەيىنىڭ ئۆلكە ئارمىيىسى ۋە گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى چىقىمدار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەر قايسى جايلاردىن كۆپ ساندىكى تانكا-برونېۋىك، ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى موڭغۇلىيە تەۋەسىگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. گومىنداڭ قوشۇنى ئوسماننى موڭغۇلىيە چېگرىسىغىچە قوغلاپ كەلگەندە موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنى دەرھال توختاشقا، بولمىسا ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇردى(92]. ئوسمان بىلەن بولغان بۇ قېتىمقى ئۇرۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيىنىڭ ھەربىي ئايروپىلانلىرى كۆپ قېتىم شىنجاڭ ۋە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى بومباردىمان قىلغان بولۇپ، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا نارازىلىق بىلدۈردى[93]. قىسقىسى، بۇ ۋاقىتتا ئوسمان ئىسلام رەھبەرلىكىدىكى قازاق قوزغىلاڭچىلىرى تاشقى موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئوسمان بىر قانچە مىڭ قازاق ئاھالىسىنى موڭغۇلىيە تەۋەسىگە ئېلىپ كەتكەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەگەر تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلىماي، چېگرادىن ئۆتۈپ، ئوسمان ئىسلامغا زەربە بەرسە، موڭغۇلىيىنىڭ ئارقىسىدا قۇدرەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇرغانلىقىنى، نەتىجىدە ئاقىۋەتنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ شىنجاڭ شىسەي ۋە دۆلەت ئارمىيىسىنى بومباردىمان

قىلىنىشىغا سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

ئوسمان ئىسلام بىلەن چويبالسان ۋە باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرىنىڭ شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن ئىككى ھەپتە كېيىن، يەنى، 1944-يىلى، 5-مارت كۈنى، چويبالسان ئوسمان باتۇر بىلەن يەنە ئايرىم كۆرۈشۈپ، سۆھبەت ئۆتكۈزدى. چويبالسان بۇ ئۇچرىشىشتا ئوسمانغا موڭغۇلىيە ئالتاي قوزغىلاڭچىلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس ھەربىي گۇرۇپپا قۇرۇلغانلىقى شۇنىڭدەك ئالتاي قازاقلىرىنىڭ ۋاقىتلىق مۇستەقىل ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى، ئوسمانغا «باتۇرخان» ئۇنۋانى بېرىلگەنلىكى ئېلان قىلىدى[94]. بۇ سۆھبەتتە يەنە چويبالسان ئالتاينى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، موڭغۇلىيىنىڭ ئۇنى قوللايدىغانلىقى ھەققىدىمۇ ۋەدە بەرگەن[95]. ئەينى ۋاقىتتا چويبالساننىڭ ئوسمان بىلەن كۆرۈشۈشى، موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوسمانغا ياردەم بېرىشى مۇتلەق مەخپىي ھەرىكەت بولۇپ، ئىككى تەرەپ بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتقان.

بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن، موڭغۇلىيە تەرەپ (ئەمەلىيەتتە سوۋېت تەرەپ) ئوسمان ئىسلامغا 395 مىلتىق، 200 مىڭ پاي ئوق، 30 يېنىك پىلىموت، ئالتە ئېغىر پىلىموت، 45 ئاپتومات ۋە ئىككى مىڭ دانە گىرانات بەردى [96]. بۇ قوراللارنىڭ ھەممىسى موڭغۇلىيە خەلق ئىنقىلابىنىڭ ۋاپات بولغان رەھبىرى سۇخباتۇرنىڭ ئوغلى-موڭغۇلىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى گالسىن تەرىپىدىن 100 دىن ئارتۇق تۆگە بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيىنىڭ ھەربىي-سىياسىي ھەم رازۋېدكا ساھەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئوسمان بىلەن كوللېكتىپ ھالدا شۇنىڭدەك ئايرىم ئۇچرىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چويبالسان-ئوسمان سۆھبىتىدىن كېيىن، ئوسماننى قورال-ياراقلار بىلەن تەمىنلەشكە بىۋاسىتە سوۋېت ئىتتىپاقى مەسئۇل بولغان. ئىلگىرى بېرىلگەن ئاز ساندىكى قورال-ياراقلار پەقەت سىمۋول خاراكتېرىنى ئالغان شۇنىڭدەك موڭغۇلىيە تەرەپتىن

تەمىنلەنگەن بولسا، بۇ قېتىم ستالىن ھۆكۈمىتى بىۋاسىتە تۈنجى قېتىم زور مىقداردىكى ھەر خىل قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى قازاق قوزغىلاڭچىلىرىغا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن قازاقلارنىڭ ئازادلىقىنى قوللايدىغانلىق ۋەدىسىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئىشەندۈرگەن ئىدى.

چويبالساننىڭ ئوسمان بىلەن ئۇچرىشىشى ستالىن، بېرىيا، مولوتوۋ قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي رەھبەرلىرى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئۇچرىشىشتىن بىر يېرىم ئاي ئىلگىرى، يەنى 1944-يىلى، 21-يانۋار كۈنى چويبالسان موسكۋانى زىيارەت قىلىپ، كرېمل سارىيىدا ستالىن بىلەن كۆرۈشكەندە مەخسۇس جۇڭغارىيە ۋە ئىچكى موڭغۇلدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلغان، ئەنە شۇ سۆھبەتتە چويبالساننىڭ ئوسمان بىلەن ئۇچرىشىشى ھەمدە ئۇنى قورال - ياراق بىلەن تەمىنلەش قارار قىلىنغان بولۇپ، ئەگەردە ستالىننىڭ قارارى بولمىغان بولسا ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 16-جۇمھۇرىيىتى كەبى ھالەتتە تۇرۇۋاتقان موڭغۇلىيە رەھبىرىنىڭ ئۆزى خالىغانچە ئوسمان بىلەن ئۇچرىشىش ھەم ئۇنى قورال بىلەن تەمىنلىشى ھەتتا ئالتاينى مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ۋەدىسىنى بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى[97]. بىراق، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخىپلىرى ئاساسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان رۇسىيە تارىخچىسى ئاناتولىي بارمىن ئالتايدىكى سوۋېت كونسۇلى ف. مىخايلوۋنىڭ ئوسمان ھەققىدىكى مەخسۇس دوكلاتىغا تايىنىپ تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاكى 1944-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئوسمانغا ياردەم بەرمىگەنلىكى، پەقەت بۇنىڭدىن خېلى كېيىنلا بۇ ھەقىقىي ياردەم بېرىلگەنلىكى، ئوسماننىڭ ئەنە شۇ ياردەملەر بىلەن كۈچلىنىپ، سىنتەبىر ئايلىرىغا كەلگەندە سارسۇمبە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[98]. بارمىننىڭ تەھلىلىدىن قارىغاندا، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەقىقىي ياردىمى پەقەت چويبالسان بىلەن ئوسماننىڭ سۆھبىتىدىن كېيىن

باشلانغان شۇنىڭدەك ئىزچىل داۋاملاشقان بولۇپ، مىخايلوۋنىڭ ئىككىنچى دوكلاتى ماي ئايلىرىدا، يەنى چويبالسان بىلەن ئوسمان كۆرۈشۈپ ئىككى ئايدىن كېيىن بولغان.

چويبالساننىڭ ئوسمان بىلەن ئۇچرىششى ھەمدە ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىلىرى قازاق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانلىقىدا شەك يوق. شۇنىڭدىن كېيىن، موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا كۆرسەتكەن ماددىي ۋە مەنىۋى، بولۇپمۇ ھەربىي ياردەملىرى تېخىمۇ ئاشتى. زور ساندىكى قورال-ياراقلار يەنە داۋاملىق يەتكۈزۈلۈپ تۇردى.

مەسىلەن: 1944-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنە 350 مىلتىق، 100 ئاپتومات، 20 ئېغىر پىلىموت، 30 يېنىك پىلىموت، 6 مىناميوت، 2 دانە تانكا ئاتار، 100 يېشىك گراناتا ۋە 500 يېشىك ئوق-دورا يەتكۈزۈپ بېرىلدى [99].

ئۇزۇن ئۆتمەي، موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوسمان ئىسلامنىڭ قوشۇنى 1700 دىن ئارتۇق ئېغىر-يېنىك پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىق قاتارلىق ھەر خىل قورال-ياراقلار بىلەن قوراللىنىپ، ياخشى ھەربىي مەشىقلەردىن كېيىن دۈشمەنگە زەربە بېرىش كۈچى ھەم جەڭگىۋارلىقى تېخىمۇ ئاشتى[100]. گومىنداڭ قوشۇنلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ موڭغۇلىيە تەۋەسىدىكى بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئامالسىز قالغانلىقتىن، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۈچەيتىشى ئۈچۈن پۇرسەت ياراتتى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، ئوسمان ۋە دەلىلقان رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچىلار كۆپ قېتىم كۆكتوقاي، چىڭگىل ۋە باشقا جايلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، زەربە بېرىش دائىرىسىنى شىمالدىكى ئالتاي تاغلىق رايونلىرىغا كېڭەيتتى. بۇ ئۇرۇشلارغا سوۋېت ۋە موڭغۇلىيىلىك مەسلىھەتچىلەر

قوماندانلىق ئىشلىرىغا بىۋاستە قاتناشتى. كرېمىل ۋە ئۇلانباتورنىڭ كۆرسەتكەن ھەربىي، ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملىرى نەتىجىسىدە ئوسمان باتۇر رەھبەرلىكىدىكى قازاق قوزغىلاڭچىلىرى ھەربىي ساپا، تاكتىكا ھەم قورال - ياراق جەھەتلەردىن كۈچلىنىپ، دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا سەپ تارتىپ ھۇجۇم قوزغىيالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپ، ئۇلارنى كوپ زەربىگە ئۇچراتقان بولغاچقا، بۇ ئەھۋال پۈتۈن ئالتاي تەۋەسىدىكى قازاق ھەم باشقا مىللەتلەرنىڭ كۈرەش روھىغا ئىلھام بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئالتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش ناھىيىلىرىدىن قاباھ، جېمىنەي قاتارلىق جايلاردىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا قوراللىق ھەرىكەتلەر باشلانغان بولۇپ، 1943 - يىلى،7 - ئايدا ئاتۇشلۇق ئۇيغۇر سودىگەرلەردىن موللا ئىسلام ئىسمايىلوفنىڭ سوۋېت تەرەپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قۇرغان «ئازادلىق ئۇيۇشمىسى» ۋە جېمىنەي ئۇيغۇر پارتىزانلىرى ئەترىتى ئالتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم قوراللىق گۇرۇپپا سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلدى. موللا ئىسلام شاگىزوگىنىڭ يەرلىك قازاق ۋە موڭغۇل تۆرىلىرى، قەبىلە ئاق ساقاللىرىنى ئىنقىلاب قىلىشقا دەۋەت قىلىشىنىڭ نەتىجە بەرمىگەن، كۆپ سانلىق يەرلىك خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ئىنقىلاب مەيدانىغا ئۆزىنى ئېتىشتىن ئەندىشە قىلىۋاتقان قىيىن ئەھۋال ئاستىدا ساننىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي، كۈرەشكە ئاتلانغان جېمىنەيدىكى ئىشلەمچى، سودىگەر ۋە باشقا كەسىپكە مەنسۇپ 17 ئۇيغۇردىن تەشكىللەنگەن دەسلەپكى بۇ پارتىزانلىق ئەترەت ئەمەلىيەتتە غەربىي شىمالى ئالتايدىكى تۇنجى سىياسىي مەۋقەگە ئىگە قوراللىق قوشۇن بولۇپ، بۇ قوشۇن تەز سۈرەتتە كېڭىيىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە جېمىنەي قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ كۈچلىرىگە كۆپ قېتىم زەربە بەردى[101]. جېمىنەي پارتىزانلىرىنىڭ زەربىلىرى ۋە كەلتۈرۈپ چىقارغان خاتىرجەمسىزلىكلىرى شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ بۇ جايلاردىن قوشۇن يۆتكەپ، كۆكتوقاي، چىڭگىل قاتارلىق جايلاردىكى ئوسمان پارتىزانلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ياردەم بېرىش

مۇمكىنچىلىكىنى ئازلاتتى.

ئەنە شۇ قېتىملىق چويبالسان-ئوسمان سۆھبىتىدىن ئىككى ئاي كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتايدىكى كونسۇلى مىخايلوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ مۇئاۋىن كومىسسارى ۋلادىمىر دېكانوزوۋقا يوللىغان ئوسمان ئىسلام ھەققىدىكى دوكلاتىدا، «ئوسمان باتۇر باشچىلىقىدىكى قازاق گۇرۇپپىسى ئەۋزەل شارائىتلاردا قازاقلارنىڭ ئالتايدا يېڭى قوزغىلىڭىنى تەييارلاش ۋە قوزغاشتا ھەل قىلغۇچ رول ئويىنىشى مۇمكىن» دەپ كۆرسىتىدۇ[102]. مىخايلوۋ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆزىنىڭ موسكۋاغا يوللىغان يەنە بىر دوكلاتىدا قازاقلار ئارىسىدا مەۋجۇت كەيپىيات ۋە يۈزلىنىشلەر ھەققىدە توختىلىپ، «ئوسماننىڭ گۇرۇپپىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئالتايدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدا ۋىلايەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئاھالىسى ئوسماننىڭ گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىشى مۇمكىن، ئاھالىلەر ئارىسىدا ئوسماننىڭ گۇرۇپپىسى ھەققىدە ئوسماننى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوللاۋاتقانلىقى، موڭغۇلىيىنى بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللاۋاتقانلىقى ھەققىدە گەپ سۆزلەر بار. قابا ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم قازاقلار ئارىسىدا، ئەگەردە گومىنداڭ ئۇلارغا قاراتقان بېسىمنى كۈچەيتسە، ئوسمان تەرەپكە ۋە ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ دەيدىغان گەپ-سۆزلەر مەۋجۇت» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ[103].

ئەنە شۇ مىخايلوۋ دېگەندەك، ئالتايدىكى قازاقلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا، تانكا، پىيادە ۋە ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇملىرى ئاستىدا مەغلۇپ بولماستىن بەلكى تېخىمۇ كېڭىيىش ۋە ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. چويبالساننىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيىنىڭ قوللىشى ھەمدە بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ قاتنىشىشى ئاستىدا 1944-يىلى، 10-ئايغا كەلگەندە

چىڭگىلىنىڭ بۇلغۇن دەرياسى بويىدا ئالتاي ۋاقىتلىق مىللىي ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ئوسمان ئىسلام ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ مۇئاۋىن باشلىق ھەم قوشۇمچە ھەربىي باش قوماندان بولدى. لاتىپ مۇستاپا، رامازان بولىم، ئۇيغۇرلاردىن موللا ئىسلام ئىسمايىلوف قاتارلىق 10 كىشى ھۆكۈمەت ئەزاسى بولۇپ بېكىتىلدى ھەمدە پارتىزانلار تەرتىپكە سېلىنىپ توققۇز چوڭ ئەترەتكە بۆلۈندى[104]. ئالتاي ۋاقىتلىق مىللىي ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار. بەزى مەنبەلەردە بۇ ھۆكۈمەتنىڭ 1944-يىلى 7-كۈنى غۇلجا قوزغىلىڭى پارتلاپ، 12-نويابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان كۈن بىلەن ئوخشاش كۈندە مەيدانغا كەلگەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ[105]. ئالتاي ۋاقىتلىق مىللىي ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئەمەلىيەتتە قازاقلارنىڭ ئالتاينى ئايرىم ئىدارە قىلىش ۋە يولغا تاشلانغان قەدەم بولۇپ، بۇ ئىجابىي جەھەتتىن پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قازاقلارنىڭ كۆرەشكە ئاتلىنىپ، مەركىزۇر ۋىلايەتتىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ۋە پۈتۈن ئالتاينىڭ ئازاد بولۇش قەدىمىنى تېزلىتىش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما سەلبىي جەھەتتە ئوسمان ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم تەرەپدارلىرى، جۈملىدىن قازاق مىللەتچى گۇرۇپپىلىرىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ ھەتتا ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، بىگۇناھ قانلارنىڭ تۆكۈلۈشىدىكى ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيىنىڭ ھەربىي ۋە ماددىي-مەنىۋى قوللىشى ئاستىدا ئوسمان ئىسلام ۋە دەلىلقان سۇگۇربايېۋ رەھبەرلىكىدىكى ئالتاي پارتىزانلىرى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ئالتاي تەۋەسىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئىلگىرى كېيىن ئالتاينىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئازاد قىلىپ، كەڭ دائىرىدە بازا قۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ بۇ

ۋىلايەتتىكى مەۋجۇتلۇقىغا قاتتىق تەھدىت سالغان، گومىنداڭ قوشۇنلىرى يەنە سارسۇمبە شەھىرى، جىمىنەي، بۇرچىن قاتارلىق جايلارغا قامىلىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇ جايلارنى، بولۇپمۇ سارسۇمبىنى ئازاد قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماي تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا نىلقا تاغلىرىدا پارتلىغان قوزغىلاڭ تېز ئۇلغىيىپ، غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ تولۇق ئازاد قىلىنىش شارائىتى پەيدا قىلىندى. مىللىي ئارمىيە 1945-يىلى 6-ئايدىن ئېتىبارەن ئۈچ فرونت بويىچە ئۇرۇش باشلىغاندا، شىمالىي فرونتتا جەڭ قىلغۇچى قوشۇنلار گېئورگىي پالىنوف ۋە كېيىن فاتىي لىيسكىن قوماندانلىقىدا ئىلگىرى كېيىن تارباغاتاينى ئازاد قىلىپ، ئالتايغا يۈرۈش قىلدى. 1945-يىلى، 9-ئايدا مىللىي ئارمىيىنىڭ لىيسكىن قوماندانلىقىدىكى 3-ئاتلىق ئايرىم بىرىگادىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى ئالتاي پارتىزانلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، سارسۇمبە شەھىرى ۋە باشقا جايلارنى ئازاد قىلىپ، ئالتاي، ئىلى ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى.

دېمەك، ئالتاي تولۇق ئازاد قىلىنىش بىلەن 1945-يىلى 12-سېنتەبىر كۈنى جۇمھۇر رەئىسى ئەلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئالتايغا كېلىپ، يىغىن چاقىرىپ، ئوسمان باتۇرنى ۋالىيلىققا تەيىنلىدى ھەمدە «ئالتاينى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمى» دەپ ئېلان قىلىش بىلەن بارلىق ئىدارە-ئورگان باشلىقلىرىنى خىزمەتكە قويۇپ بولۇپ، غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. ئوسمان ئىسلام ئەلىخان تۆرە بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي، كۆپ ئۈندەشلەر بىلەن يايلاقتىن قايتىپ، ئالتاينىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇردى. ئالتاينىڭ ئازاد قىلىنىپ، غۇلجا بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى ھەم شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش

رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇش بىلەن تەڭ سوۋېت گېئولوگىيە خادىملىرىمۇ كۆكتوقاي كان رايونىغا قايتىپ كېلىپ، كان قېزىشنى باشلىدى. ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىق ئورنىدىن تارتىپ، خېلى كۆپ بىر قىسىم رەھبىري ئورگانلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ۋە ياكى شۇ يەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى[106].

سوۋېت گېئولوگلىرىنىڭ كۆكتوقايدىكى كان رايونىغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، ئەمما، ئالتاي ئىنقىلابىنىڭ شاھىتلىرىدىن پاتىخان سۇگۇربايېۋ ئۆز ئەسلىمىسىدە سوۋېت گېئولوگلىرىنىڭ 5-ئاينىڭ باشلىرىدا كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى يازسا [107]، قازاق تارىخي شاھىتى ھاجى نەبى ۋەلىيوفنىڭ كۆرسىتىشىچە، 1946-يىلى، 4-ئايلاردا ئوسمان كۆكتوقاينىڭ ئارال يايلىقىغا چىقىپ كېتىپ، ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت باشلىغان ۋاقىتلاردا كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ[108]. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ۋاقىتلىرىدا ئانچە چوڭ پەرق يوق بولۇپ، ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە. يەنى بۇ، ئالتاينىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن ئىلى ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىككە كېلىپ، بىر تۇتاش ئىش يۈرگۈزۈلۈش بىلەن غۇلجا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپدارلىرىنىڭ ئالتايدىكى رەھبەرلىك ئورنى مۇستەھكەملەنگەن، ئوسمان ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى بولسا، ئاجىزلاشقان مەزگىل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، مىللىي ئارمىيىنى داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشتىن توختىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» نى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە دەۋەت قىلىش نەتىجىسىدە، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا سۆھبەتلەر داۋاملاشقان ئىدى. ئەنە شۇ چويبالساننىڭ ۋەدىسى بويىچە ئۆزىنى ئالتاينىڭ خانى دەپ چۈشەنگەن ھەمدە ئالتاينى ئايرىم بىر خانلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، جان تىكىپ كۈرەش قىلغان ئوسمان

باتۇر غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىدى[109]. ئۇنىڭ نەزىرىدە ستالىن بىلەن چويبالسان ئۆزىنى ۋە قازاقلارنى ئالدىغان ھەم ئۆز ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئالدامچىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئوسماننىڭ كۈرەش قىلىدىغان نىشانى قايتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيىگە قارىتىلىپ، سوۋېت گېئولوگىيە خادىملىرى ۋە كانچىلىرى دائىم ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، بېرىيا قايتىدىن خاتىرجەمسىزلىككە چۈشتى. چۈنكى موسكۋانىڭ ئۇران پىلانى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان ئىدى.

(بۇ ماقالىنىڭ داۋامى بار بولۇشى مۇمكىن)

# چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىن خىلۇەت قالغان قەدىمىي دىيارى خوتەننىڭ قاراڭغۇ مەدرىسىلىرىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ غۇۋا نۇر چۈشۈپ تۇرىدىغان تۈڭلۈكلىرىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى قەھرىمانلىق مۇساپىلىرىنى كۆرۈش بىلەن تەپەككۇر قاينىمىغا چۆمۈپ، باتۇرلارنىڭ جەڭ ئارغىماقلىرىنى ئۆز ۋەتىنىدە قايتىدىن چاڭ چىقارغۇسى كەلگەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بۇنىڭدىن 60 نەچچە يىل مۇقەددەم قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا بالدۇرراق ئۆز ئانا تۇپرىقى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چوڭ شاھمات تاختىسى ئىكەنلىكىنى سېزىۋالغان ئىدى. ئۇ، مىللىتىنىڭ تەقدىرىنىڭ پاجىئەلىك بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە يەنىلا بالدۇرراق چۈشەنچە ھاسىل قىلغان ئەرباب بولۇش سۈپىتى بىلەن تەلەيسىزلىكلەرنى ئالدى بىلەن جۇغراپىيىۋى مۇھىتتىن كېلىپ چىقىدىغان جۇغراپىيىۋى سىياسەت بىلەن باغلاپ مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ:

«ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تۆت ئەتراپى دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز تاغلىرى بىلەن ۋە ئەڭ يامان چۆللىرى بىلەن ئورالغانلىقى ھەم ھېچ بىر تەرىپى دېڭىزغا يېقىن ئەمەسلىكى، قۇرۇقلۇقتىمۇ مەدەنىي مەملىكەتلەردىن بەك يىراقتا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ جۇغراپىيىلىك تەلەيسىزلىكى ۋە كۈچلۈك دۈشمەنىنىڭ ئاچكۆز ۋە تەمەخور ئېغىزىغا بەك يېقىن بولغانلىقى يۇقىرىقى كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ».[1]

ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق ئىستراتېگىيىچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى يىمىرىپ تاشلاشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇر ئاساسىنى ياراتقۇچى ۋە

كۆچەيتكۈچى زبىگنېۋ برىزېنسىكىي ئۆزىنىڭ «چوڭ شاھمات تاختىسى» ناملىق مەشھۇر كىتابىدىكى دۇنياۋى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتلەرنىڭ توقۇنۇش نۇقتىلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان توچكىلار قاتارىدا ئۇيغۇر دىيارىنىمۇ تىزغان يەنى ئۇ ئۇيغۇر تۇپراقلىرىنىڭ چوڭ ئويۇنلار ئوينىلىدىغان شاھمات تاختىسىدىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى.[2]

ئۇيغۇرلارنىڭ 19 — 20 - ئەسىرلەردىكى مىللىي ئىستىقلال قوزغىلاڭلىرى تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي تەقدىرى پاجىئەلەرگە گىرىپتار بولدى. ئۆز ئازادلىقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش مۇمكىنچىلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر خەلقنىڭ سىياسىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي-ئىقتىساد ۋە باشقا ھەممە ساھەلەر بويىچە جاھالەت زەنجىرلىرى بىلەن كىشەنلىنىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي كىملىكى ۋە مىللىي مەۋجۇدىيىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىش ھەتتا تارىخ سەھىپىسىدىنمۇ ئۆچۈرۈلۈش تەھدىتىگە دۇچ كېلىشى مۇقەررەر. ئۇيغۇر سىياسىي پاجىئەسىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەم ساۋاقلىرىنى يورۇتۇش ناھايىتى زور ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي خىزمەت بولۇشىغا قارىماي، دەسلەپكى ئابستراكتلاشتۇرۇلغان تەپەككۇرلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە تاشلىدىم.

# 1 - بۆلۈم

## قەشقەرىيىنىڭ يىقىلىشى ــ پاجىئەنىڭ باشلىنىشى

ئۇيغۇر دىيارى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسمى - جىسمىغا لايىق چوڭ شاھمات تاختىسى بولغان ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ جەنۇبىي قوشنىلىرى ئۇلۇغ برىتانىيىنىڭ خەرىتىسىگە كىرگەن بولسا، غەربىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدە چار رۇسىيىنىڭ كازاك سولداتلىرىنىڭ ئارغىماقلىرى كىشنەپ، رۇسلار ئىلى ۋادىلىرىغا قەدەم قويغان ئىدى. بۇلاردىن ئىلگىرى مەزكۇر زېمىنغا يېتىپ كەلگەن مانجۇ خانىدانلىقى شەرقنىڭ «كېسەل كۆرپىسى» سۈپىتىدە مەزكۇر چوڭ ئويۇنغا ئىشتىراك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا پاسسىپ رول ئوينىدى. گەرچە، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىشىپ، بۆرۈنقى جەڭگىۋارلىقى ۋە سەلتەنىتىنى يوقىتىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا مەزكۇر چوڭ ئويۇندىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالدى. ئۆز قېرىنداشلىرى ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاسىتە چېگرىلىنىشتىن مەھرۇم قالغان ۋە ياكى بۇنىڭغا ئىنتىلمىگەن ئوسمانلى ئىمپېراتورلىرى ياقۇپ بەگ بىلەن يوشۇرۇن مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىپ، رەقىبلىرى برىتانىيە بىلەن چار رۇسىيىنىڭ غەزىپىنى قوزغاشتىن ئېھتىيات قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۆزلىرىدىن ئۈمىد كۈتكەن ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۆزلىرىگە يۆكلىگەن قەشقەرىيە دۆلىتىنى يەنىلا ھامىيلىق ئاستىغا ئالدى. ياقۇپ بەگ دادىللىق بىلەن ئۆزىنى سۇلتان ئابدۇل ئەزىزگە تەۋە دەپ ئېلان قىلىش بىلەن ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ پۇل قۇيدى.

گەرچە، بۇ جايدىكى مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ

قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەربىلىرى ئاستىدا گۇمران بولىسمۇ، لېكىن رۇسىيە-برىتانىيە دىپلوماتىك ئويۇنلىرى ئوسمانلىلارنى بىر چەتكە قايرىۋېتىپ، «خۇددى ساگىمۇ يوق، ماگىمۇ يوق» دېگەندەك ئاخىرقى ھېسابتا بۇ تۇپراقلارغا مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن باشلاپ كەلدى. بەلكى، ئاسىيانىڭ خەستىلەنگەن مەزكۇر يۇرىكى شەرقىي تۈركىستاندا يېقىنقى ئەسىرلەردە ھېچكىممۇ ساۋاتسىز ياقۇپ بەگدەك ماھىرلىق بىلەن دىپلوماتىك ئويۇن ئويناپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. سۆلھىگە ماھىر بەدۆلەت ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىدىن چىقىش قىلىپ، ئۇلۇغ برىتانىيە، چار رۇسىيە، ئوسمانلى ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىلىرى بىلەن بىر مەيدان دىپلوماتىك سېھىرگەرلىك ئويۇنى ئويناپ باقتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن ئۆز ئەلچىلىرىنى سانكت-پېتربورگقا ماگدۇرۇپ، رۇس ئىمپېراتورى بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشقا رازىلىق بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنگلىزلارغىمۇ ئوخشاش خىلدىكى ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزۈش يولى بىلەن غەيرىي رەسمىي مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئىنگلىز، رۇس رازۋېدچىكلىرى قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرىدا بىر-بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوينىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. بەدۆلەت يەنە مەنچىڭ بىلەنمۇ ئۇرۇشقاندىن كۆرە سۆلھى تۈزۈپ، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى چەكلىمەكچى بولۇپ، ئادەملىرىنى ئەۋەتتى.

چوڭ ئويۇننىڭ ئىشتىراكچىلىرى ئىچىدە برىتانىيە بىرئاز ئادىلراق يول تۇتقان بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن قەشقەرىيىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىپ، سانكت-پېتربورگقا قەشقەرىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى بىرلىكتە تونۇش ھەققىدە تەكلىپ قويدى. لېكىن، بۇ تەكلىپ رەت قىلىندى. ئاخىرقى قېتىم 1877-يىلى زوزۇڭتاڭ ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىپ، داۋانچىگىدىن ئۆتكەندە لوندون يەنە بىر قېتىم قەشقەرىيىنى چار رۇسىيە، برىتانىيە ۋە مەنچىڭ ئارىسىدىكى بىتەرەپ دۆلەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش ھەققىدە سانكت-پېتربورگقا قايتا تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇمۇ

قەتئىي رەت قىلىندى.[3]

ئەسلىدە 1865-يىلى مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى رۇسىيە ھۆكۈمىتىدىن ئىلى ۋە يەتتە شەھەردىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشتا ياردەملىشىشنى سورىغان بولۇپ، رۇسىيە ھۆكۈمىتى دەسلەپتە بۇنىڭغا قۇلاق سالمىغان. ئەمما، كېيىن قەشقەرىيە خانى ياقۇپ بەگنىڭ رۇسىيە ئۈچۈن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز چېگرىسى يېنىدا مۇنداق دۈشمەنلىك خاراكتېرىدىكى بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمرانىنىڭ بولۇشىنى خالىمىدى ۋە ئاخىرىدا رۇسىيە قوشۇنلىرى ئىلى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى غۇلجىنى ئىشغال قىلدى [4]. ئىنگلىزلارنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق تەكلىپلىرى چار پادىشاھ تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنگلىزلار ئاخىرى ئامالسىز قېلىپ، زوزۇڭتاڭنى قورال بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنى قەشقەرىيىگە قويۇۋەتتى. بۇ يەردە رۇسلار نېمە ئۈچۈن لوندوننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدۇ؟ مېنىڭچە بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1-سەۋەب؛ بۇ چاغدا رۇس ئىستراتېگىيىچىلىرى ئارىسىدا «ئوتتۇرا ئاسىيا پەقەت رۇسلارغىلا تەۋە بولۇش كېرەك، ئەگەر مۇستەقىل قەشقەرىيە شەكىللەنسە، بۇ ‹كۆن پاتماس ئىمپېرىيىنىڭ› كاسپىي بويىغىچە كېڭىيىپ، رۇسىيىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكازىيىدىن سىقىپ چىقىرىشى، مۇستەقىل قەشقەرىيە برىتانىيىنىڭ يىراق ئاسىيا ئىستراتېگىيىسى ئۈچۈن ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىشى ۋە ياكى ئىشلىتىلىشى مۇمكىن» دېگەندەك نۇقتىئىنەزەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مانا بۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئىدى.

2-سەۋەب؛ ئىقتىسادى نۇقتىغا قارىتىلغان بولۇپ رۇسىيە 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، چار رۇسىيە ئۆزىنىڭ شەرق ئىستراتېگىيىسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، شەرقتىكى ئاجىز ۋە قالاق مەملىكەتلەرنى سودا-ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن مونوپول قىلىشقا ئۇرۇندى. بىراق، بۇ ۋاقىتلاردا مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىدە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلار،

بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندا كۆتۈرۈلگەن كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭلار تۈپەيلىدىن سانكت-پېتربورگ ئۆزىنىڭ بۇ جايلاردىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلدى. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان رۇسىيە سانائەت بۇرژۇئازىيىسى رۇسىيە ھۆكۈمىتىدىن مەنچىڭ بىلەن بولغان سودىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى.[5]

بۇرۇندىنلا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى سودا كېلىشىملىرى ئارقىلىق قىيناپ كەلگەن رۇسىيە بۇ قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇپ بېرىپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى رازى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇنىڭدىن زور ئىقتىسادىي ئۇتۇم يارىتىش ھەمدە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى رۇسىيىگە زور سودا ئىمتىيازلىرىنى بېرىشكە قىستاش سىياسىتىنى بەلگىلىدى. ئەنە شۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 1879-يىلى تۈزۈلگەن لىۋادىن شەرتنامىسىدە ئىلىنى قايتۇرۇش بەدىلىگە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى بەش مىليون رۇبلى تۆلەم تۆلەشكە ماقۇل كەلتۈرگەن بولسا، 1881-يىلى بۇ شەرتنامە رەسمىي ئىمزالانغاندا تۆلەمنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلۈپ توققۇز مىليون رۇبلىغا بېكىتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇس سودىگەرلىرى موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيىدە باج تۆلىمەي سودا قىلىش ئىمتىيازىغا ئېرىشكەن[6]. مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى رۇسىيىنىڭ قەشقەرىيە دۆلىتىنى ۋە ئىلى سۇلتانلىقىنى يوقىتىشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ھەر قانداق ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەشكە ۋە دۆلەت نومۇسىنى سېتىشقا رازى بولغان.

3-سەۋەب؛ ياقۇپ بەگنىڭ تاكتىكىدىكى ئاجىزلىقى ۋە ئېھتىياتسىزلىقى بولۇپ، ئۇ، سانكت-پېتربورگقا ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، چار پادىشاھ بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتىش ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن سودا ۋە چېگرا كېلىشىملىرىنى تۈزۈشنى ياۋاشلىق بىلەن تەكلىپ قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قوقەن خانى خۇدايارخانغا يازغان خېتى يەنى قوقەن بىلەن قەشقەرىيىنىڭ بىرلىشىپ، چار رۇسىيىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاپ چىقىرىش ھەققىدىكى مەخپىي مەكتۇپى تۈركىستان گۇبېرناتورى

كوئۇفماننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن گېنېرال كوئۇفمان چار پادىشاھنى ياقۇپ بەگكە ئىشەنمەسلىككە دەۋەت قىلىدى. نەتىجىدە، رۇسلارنىڭ قەشقەرىيىنى يوقىتىش ۋە ياكى ئۇنى مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ساقلاپ قالماسلىق پىكرى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قەشقەرىيىگە مەخسۇس تەكشۈرۈشكە كەلگەن رۇسىيە خانلىق جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ جاسۇسلىرى ۋە تاشكەنت سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ ئاتالمىش سودىگەرلىرى ئاق پادىشاھنى قەشقەرىيە ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى. ياقۇپ بەگنىڭ تۈپ مۇددىئاسىنىڭ رۇسىيىنىڭ تەسىر كۈچىنى قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادىن سىقىپ چىقىرىش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي نۇقتا ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمانلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىۋالغان كاۋكاز مۇسۇلمانلىرىدىن زامان بەگ (بەلكى تاتارلاردىن بولۇشى مۇمكىن ئاپتور) ئارقىلىق رۇسىيە تەرەپكە يەتكۈزۈلۈپ تۇرغانلىق ئېھتىماللىقى تاتار ئالىمى قۇربان ئېلى خالىدىنىڭ مەلۇماتلىرىدا كۆرۈلىدۇ. قۇربان خالىدىنىڭ زامان بەگ ھەققىدە بايان قىلىشىچە، ياقۇپ بەگ ئۆلگەندىن كېيىن، زامان بەگ تۈركىستان گۇبېرناتورى كوئۇفمان تەرىپىدىن ئۆز يېنىدا قالدۇرۇلىدۇ ھەمدە ئۇ «زامان بەگ بىزنىڭ ئادىمىمىز ئىدى» دەيدۇ شۇنىڭدەك ئۇنى كابۇلغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ۋەزىپىسىنى ئاقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرى ھوقۇق بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلىدۇ. بىراق، كوئۇفمان ئۆلگەندىن كېيىن، زامان بەگ قۇرۇق قول قالىدۇ. ئەمما، يېڭى تۈركىستان گۇبېرناتورى ئۇنى ئالمۇتانىڭ گۇبېرناتورى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. كېيىن ئۇ يەنە تۈركىستان گۇبېرناتورى تەرىپىدىن بۇخارا ئەمىرلىكىگە ئەۋەتىلىپ، ئەمىرنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ.[7] قۇربان خالىدىنىڭ ئەسىرىدە پاش بولغان مەزكۇر سىرلاردىن زامان بەگ ئىسىملىك كىشىنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ بىر مەھەل رۇسىيە، برىتانىيە، ئوسمانلى ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بارغان دىپلوماتىيىلىك ھەرىكەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تەرىپىدىن «يېرىم پادىشاھ» دەپ ئاتالغان

تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى كوئۇفماننىڭ مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرغان ئادىمى ئىككەنلىكىنى جەزم قىلىش مۇمكىن بولسا كېرەك. (گەرچە قولىمىزدا باشقا دەلىللەر يېتەرلىك بولمىسىمۇ). نەتىجىدە، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرگە كەلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك رۇس ئەلچىسى ۋە رازۋېدچىكى ئا. ن. كروپاتكىننىڭ باھاسى بويىچە ئالغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى قۇدرەتلىك زامانىۋى ئارمىيە كۈچىگە ئىگە (40 مىڭ ۋە ياكى 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھەققىدە تۈرلۈك مەلۇماتلار بار ئاپتور) قەشقەرىيە دۆلىتى دىپلوماتىيىلىك ئويۇنلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ قەشقەرىيىنى ئىشغال قىلىشىغا ئىشەنچى يەتمەي، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان زوزۇڭتاڭغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. كىم بىلىدۇ؟ بەلكى ياقۇپبەگ دۈشمەن بىلەن سۈلھى يولىنى تۇتماي، پاسسىپ مۇداپىئەدىن ئاكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش تاكتىكىسى قوللانغان بولسا، مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنى شىڭ شىڭشادىن كىرگۈزمىگەن بولار ئىدى. بەلكى، خائىنلار ئۇنى ئۆلتۈرمىگەن بولسا، قەشقەرىيىنىڭ تەقدىرى باشقىچە بولار ئىدى؟

قەشقەرىيە ۋە ياكى يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ 14 يىللىق قىسقا ئۆمرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى خائىنلىق بىلەن ساداقەتمەنلىكنىڭ توقۇنۇش نۇقتىسى بولۇپ، مەنسەپپەرەس، ھەسەتخور ئۇيغۇر بەگلىرى زوزۇڭتاڭنى قەشقەرىيىنىڭ ئاجىزلىقلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا ئىگە قىلىپلا قالماستىن بەلكى، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، ياقۇپ بەگنى زەھەرلىدى. شۇنىڭدەك زوزۇڭتاڭ قوشۇنلىرىنى يەتتە شەھەرگە باشلاپ كېلىپ، سانسىزلىغان ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قانلىرىنىڭ ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تارىخىغا نەزەر سالغاندا ئۇلارنىڭ تەلەيسىزلىكلىرى ۋە پاجىئەلىرىگە ئۆزلىرى سەۋەب بولغاندەكمۇ كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، بۇ خەلقتە قەھرىمانلارنىڭ سانى قانچە كۆپ بولسا، پۇرسەتپەرەس ۋە مەنسەپپەرەس خائىنلارمۇ شۇنچە كۆپ ئىدى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبىنى شەخسىي ئاداۋەت، مەنپەئەتپەرەسلىك، مەن-مەنچىلىك ۋە ھەسەتخورلۇق

قاتارلىق ئىللەتلەرگە باغلاش مۇمكىن. شەخسىي ئاداۋەت ۋە شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىگەن ئادەملەر ھەمىشە ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلاردا ئۈچىنچى بىر دۈشمەننىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتداش رەقىبىگە زەربە بېرىشكە ئادەتلەنگەن. بۇ ئادەملەر دائىم دېگۈدەك ئۆز خەلقى ئارىسىدىكى قارشىلىقلارنى دۈشمەننىڭ كۈچى بىلەن يوق قىلىشقا ئۆگەنگەن. مىسال كەلتۈرۈش توغرا كەلسە، ئۇيغۇر تارىخىدىن بۇنىڭغا تالاي پاكىتلارنى تېپىش مۇمكىن. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلار دائىم ئۇنىڭ رەقىبلىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىپ، مىللەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەرنىڭ چۈشۈشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى.

ئومۇمەن، 1877-يىلى قەشقەرىيىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئۈمىد قىلغان رۇسلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىشقا سېلىپ زوزۇڭتاڭنىڭ ئاچارچىلىق گىردابىغا بېرىپ قالغان چېرىكلىرىگە ئاشلىق ۋە يەم-خەشەك يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن مەنچىڭ قوشۇنىغا جان كىرگەنلىكى سىر بولمىسا كېرەك؟ مېنىڭچە قەشقەرىيىنىڭ ۋەيران بولۇشىدا تۆۋەندىكىدەك بەش ئاساسى ئامىل مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن.

1-ئامىل، ئۆز ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق، ناچار ئىللەتلەر، مەنمەنچىلىك، ھەسەتخورلۇق ۋە ھاكىملارنىڭ مۇستەبىتلىكى ھەم باشقا شەخسىيەتچىلىكلەر.

ئەلۋەتتە، مۇنداق ئىللەتلەر ھەممە ئىنسانلارغا ئورتاق بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە ئەركىن مىللەتلەر تاشقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ۋە مىللەت ئىستىقبالىغا زىيانلىق ھەر قانداق خاھىش ۋە ئىللەتلەرگە كەسكىن چەك قويالىغان ئىدى، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان دىنىي مەزھەپلەرنىڭ تەرىقەتچىلىقلىرى بىلەن شەكىللەنگەن ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار كۈرىشى شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىڭگىز ئىستېلاسىدىن كېيىن

شەكىللەنگەن كەڭ كۆلەملىك ئېتنىك جەھەتتىكى ئارىلىشىشلار نەتىجىسىدە پەيدا بولغان مىللىي پسىخىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە قوشۇلۇپ، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر-تۈركىي ئېتنىك تەركىبىنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ھون ئىمپېراتورلۇقى، ئۇيغۇر ئورخۇن ئىمپېرىيىسى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئولتۇراق ۋە كۆچمەن ئۇيغۇر-تۈركىي خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان ئۇيۇشقاق ۋە مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ھەمدە ئۇرۇق-قەبىلە ۋە دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ سۆزىگە شەرتسىز بويسۇنىدىغان جەڭگىۋار مىللىي خاراكتېر سۇسلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى. ئۇيغۇرلارغا بالاسى ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق كۈرىشىدىن ئالدى بىلەن جۇڭغارلار پايدىلانغان بولسا، ئارقىدىن مەنچىڭ ئىشغالىيەتچىلىرى ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، قەشقەرىيىنى كونتروللۇق ئاستىغا ئالغان ئىدى.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى نىزالىرى ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىللەتلىرى ھېچقاچان بۇ يەردە ھۆكۈمرانلىق ئورناتقان ھەر قانداق ھاكىمىيەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن خالاس!

2-ئامىل، ئەنجانلىقلار (غەربىي تۈركىستانلىقلار) بىلەن قەشقەرىيلىكلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچسىزلىكلەر.

ياقۇپ بەگ ئاساسىي ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقلارنى ئۆز ئادەملىرىگە ۋە غەربىي تۈركىستاندىن كەلگەنلەرگە بېرىپ، يەرلىكلەردىن پەقەت نىياز بەگ، ھوشۇر بەگ قاتارلىق بىر قانچىلا ئۆزىگە شەرتسىز بويسۇنغان ئادەملىرىگە مەلۇم ئىمتىياز بەردى. ئەمما، ئىچكى جەھەتتىن ئىتتىپاقلىشالمىغان ۋە چىقىشالمىغان بولسىمۇ، بىراق چەتتىن كەلگەن دۈشمەنگە قارشى بىرلىشەلەيدىغان، مۇستەقىللىقلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغان جاسارەتلىك باشقا پۈتۈن مىللىي ئىنقىلابچىلارنى

قاتتىق باستۇرۇپ يوقاتتى[8]. كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ داھىيسى راشىدىن غوجا، ئىسھاقخان شۇنىڭدەك خوتەن ۋە ياركەنت قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئەنە شۇلارنىڭ مىسالىدۇر.

3-ئامىل، تاشقى جەھەتتە، چوڭ ئىمپېرىيىلەرنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشى بۇ مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بىز بۇ ھەقتە داۋاملىق شەرھلەيمىز.

4-ئامىل، ياقۇپ بەگنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسىي تاكتىكىسى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىتىدىكى يېتەرسىزلىكلەر.

ياقۇپ بەگ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە غەرب قوراللىرىنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنگەن ھەمدە ئاز تولا بولسىمۇ غەرب ئۇسلۇبىدا (بەلكى تۈرك ۋە ئافغان ئۇسلۇبىدا) ھەربىي تەلىم تەربىيە ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەتنى يەنىلا پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىپ باشقۇردى. ئۇ، ئوسمانلى ۋە بىرىتانىيە قاتارلىق قۇدرەتلىك مەملىكەتلەر بىلەن دىپلوماتىك پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنمىدى. ئەكسىچە، ئۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا تېگىشلىك پۈتۈن سىياسەت، پىكىر ۋە تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بەلگىلەپ چىقاتتى. مۇھىم ئىشلاردا كېڭەش ۋە مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرمايتتى. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ناھايىتى ياخشى ماڭغان دۆلەت ئىشلىرى، باياشات ھايات ئاستا-ئاستا خارابلىشىشقا، بەگلەر چىرىكلىشىشكە باشلىغان ئەمما، مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ زۇلۇمىنى يەتكۈچە تارتقان ۋە ئەركىنلىككە موھتاج بولغان ئۇيغۇر خەلقى يەنىلا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قەدىرلەپ، ئۇنى جان تىكىپ قوغدىغان ئىدى. ئەگەر ياقۇپ بەگ ئاخىرغىچە توغرا ۋە ياخشى باشقۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، دۆلەتنى ھەر جەھەتتىن قۇدرەت تاپتۇرغان بولسا، مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ تۇپراققا قايتىپ كېلەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

5-ئامىل، ياقۇپ بەگنىڭ دۈشمەن بىلەن سۈلھى قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ۋە قەتئىي زەربە بەرمەسلىك ھەم باشقىلاردۇر.

ياقۇپ بەگ سۈلھىچىلىك يولىغا مېڭىپ، دۈشمەن بىلەن قەتئىي سوقۇشۇش تەرەپدارى بولغان ئوغلى بەگ قۇلىبەگ ۋە باشقا قوماندانلىرىنى ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرۇۋېلىپ [9]، رەقىبلىرىنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى بىلىۋېلىشىغا ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىدە ئىشەنچ پەيدا قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئەسلىدە مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ زوزۇڭتاڭ تەرەپدارلىرى قەشقەرىيە دۆلىتىگە ھۇجۇم قوزغاشقا ئالدىراپ جۈرئەت قىلالمىغان بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن ياقۇپ بەگنىڭ كۈچىگە ئەندىشە بىلەن قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۇرۇشقا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بىلەن رۇسىيىنىڭ ئارىلىشىپ، «يەتتە شەھەر دۆلىتى» گە ياردەم بېرىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۇرۇمچىنى ئىشغال قىلىپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ئاندىن ئۇرۇش باشلىماقچى بولغان ئىدى [10]. ياقۇپ بەگنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئەينى ۋاقىتتا مەنچىڭ ئوردىسىنى خېلى ساراسىمىگە سالغان بولۇپ، لى خوڭجاڭ گۇرۇھى بىلەن زوزۇڭتاڭ گۇرۇھىنىڭ يەتتە شەھەر مەسىلىسىدىكى تالاش-تارتىشلىرىدا لى خوڭجاڭ گۇرۇھى باشتىن ئاخىرى قەشقەرىيىنى تاشلىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، زوزۇڭتاڭ بولسا، ئەگەر ئۇنىڭغا يول قويغاندا ياقۇپ بەگنىڭ ھامان بىر كۈنى سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. نېمە سەۋەبتىن مەنچىڭ ئوردىسىدا مۇنداق تالاش-تارتىشلار يۈز بەردى؟ بۇ دەل ئەنە شۇ قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئىدى خالاس. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ياقۇپ بەگ بىرىنچى ھۇجۇمدىلا رەقىبلىرىگە قاتتىق زەربە بەرگەن بولسا، ئۇيغۇر سىياسىي تارىخى تامامەن باشقىچە يېزىلغان بولار ئىدى. قىسقىسى ياقۇپ بەگ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ، ئاكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن پاسسىپ

مۇداپىئەگە، ئاخىرىدا بىرىپ چىكىنىشكە ھەمدە يوقىلىشقا يۈزلەندى.

ئاقىۋەتتە، تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان تارىم ۋادىسىنى ئاشكارا بىرىۋېتىش ۋە ياكى ئۇ جايدا مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى خالىمىغان بەلكى، خالىسىمۇ ئۆزئارا پايدىسىز دەپ قارىغان برىتانىيە بىلەن رۇسىيە ئۆزلىرىدىن ئاجىز مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىگە خۇددى بۇ «چوڭ ئويۇن» دا ئۇتتۇرغاندەك كۆرۈنۈش بىلەن بۇ رايوندا ئەبەدىي ئۆز ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەسىرىنى ساقلاپ قىلىپ، بارا-بارا سىڭىپ كىرىش ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلىدى. ئۇلۇغ برىتانىيە بىلەن چار رۇسىيىنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشىگە يەنىلا ئالدى بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ ئاخىرغىچە پۇت تىرەپ تۇرالماسلىقى ۋە مەنچىڭ قوشۇنلىرىغا زەربە بىرىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالالماسلىقى بىر سەۋەب بولۇپ قالدى.

ئامېرىكا ئالىمى جامېس مىلۋاردىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، مەنچىڭ خانىدانلىقىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ھەقىقىي ئىمپېرىئالىزملىق ھۆكۈمرانلىق بولۇپ، زوزۇڭتاڭنىڭ ئۆلكىنى قايتا ئىشغال قىلىشى بىلەن 1884-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورۇنلىرىنى ئىلگىرىكىدەك پۈتۈنلەي مانجۇلار ئىگىلەشنىڭ ئورنىغا خىتايلار ئالمىشىپ، ئاساسىي ھوقۇق زوزۇڭتاڭ قاتارلىق خىتايلارنىڭ قولىغا ئۆتتى ھەمدە ئۇيغۇر ھاكىمبەگلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە چەك قويۇلدى[11]. شۇنىڭدىن كېيىن، زوزۇڭتاڭ-لىيۇ جىنتاڭ گۇرۇھى خىتايلارنىڭ ئىمتىيازىنى تىكلەپ ۋە قوغداپ، خىتايلار بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىشىگە ئاساس سالدى. زوزۇڭتاڭ قوشۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئۆچ ئېلىشلىرىغا دۇچ كەلگەن شۇنىڭدەك ئىلگىرىمۇ ئۇزۇن يىللار ئۇرۇش زەردابلىرىنى چەككەن خەلق، قاتمۇ-قات زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشلەرگە نىسبەتەن 50 نەچچە يىل تاقەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

قىسقىسى، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى

مىقياسى بويىچە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلارنىڭ غەلىبىسى مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ بۇ جايدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى پاچاقلاپ تاشلىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنى راشىدىن غوجا باشچىلىقىدىكى كۇچا قوزغىلاڭچىلىرى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئازاد قىلىنغان تېررىتورىيىسىنىڭ كەڭلىكى، قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە باشقا جەھەتلەردىن كۇچانى مەركەز قىلغان قوزغىلاڭچىلار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، بۇ كۈچ شىددەت بىلەن شەرقتە ئۈرۈمچىگە، جەنۇبتا قەشقەر تەرەپلەرگە قاراپ كېڭىيىۋاتقاندا قەشقەر قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى زىممىسىگە ئالغان ياقۇپبەگ بىلەن ھەمكارلاشتى. ياقۇپبەگ تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ھەر قايسى جايلاردىكى ھاكىمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن، مۇستەقىل قەشقەرىيە دۆلىتىنى بەرپا قىلدى. ئەگەردە ئۇ بۇ ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قالالىغان بولسا، بەلكى بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىستىقلال دۆلىتىنىڭ 140 يىللىق مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈرگەن بولار ئىدى. ئۇيغۇر دۆلەتچىلىك ئىدىيىلىرى تەرەققىي قىلىپ ۋە تاكامۇللىشىپ، زامانىۋى ۋە ئىلغار قىياپەت بىلەن 21-ئەسىرگە قەدەم قويۇش بىلەن دۇنيانىڭ كۈن تەرتىپىنى بەلگىلەش ئىشلىرىغا ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇرەككەپ ئىستراتېگىيىلىك ئويۇنلاردا ئۆزىنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرغان بولار ئىدى. ئەپسۇسكى، ياقۇپبەگ رەھبەرلىكىدىكى بۇ ھاكىمىيەتنىڭ يىقىلىشى ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلارنىڭ غەلىبىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇشى شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ پاجىئەلەرگە گىرىپتار بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا كەلگەن ئەڭ چوڭ پۇرسەت ئىدى خالاس. بىراق، قەشقەرىيىنىڭ يىقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىدىكى بىر ئۇنتۇلماس پاجىئە بولسىمۇ، ئەمما قەشقەرىيە دۆلىتىدىن ئىبارەت مەزكۇر يېقىنقى زامان ئۇيغۇر دۆلەتچىلىك تارىخىدىكى خېلى سىستېمىلاشقان، زامانىۋىلاشقان ئارمىيىگە ئىگە، رۇس دىپلوماتى كۇروپاتكىنىنىڭ باھاسى

بويىچە ئالغاندا مەركىزىي ئاسىيادىكى كۈچلۈك مۇسۇلمان دۆلىتى بولۇش ئېھتىماللىقى زور بولغان ھاكىمىيەتنىڭ مەيدانغا چىقىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرى ۋە مىللىي دۆلەت غايىلىرىگە مەنىۋى روھ ئاتا قىلدى. 20-ئەسىردىكى ئىككى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ 19-ئەسىردىكى قەشقەرىيە دۆلىتى جۇملىدىن تەگرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك مىللىي ئىستىقلال كۈرەشلىرىدىن تۇغۇلغان ھەم تېخىمۇ كۈچەيگەن مىللىي ۋە دىنىي روھنىڭ ھامىيسى ۋە مىراسخورى ئىدى.

بىراق، تارىخ 20-ئەسىر قوينىغا كىرىش بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، بۇ شاھمات تاختىسىدا تېخىمۇ زور ۋە مۇرەككەپ ھەم كەسكىن ئويۇنلار ئوينالدى. بۇ ئويۇنلاردا لېنىن رۇسىيىسى غالىپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ نالە-پەريادلىرى قىزىل خىشلىق كرېمىل تېمىنىڭ ئىچىگە ئاڭلانمىدى خالاس!

## جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ قۇربانلىرى

ياۋرو-ئاسىيانىڭ خەستىلەنگەن يۈرىكى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ خەستىلىك ۋە ئازابلىق تارىخى ئەركىسىزلىكنىڭ تەمىنى تېتىغان ھەمدە ئەركىسىزلىكنىڭ بىر مىللەت ئۈچۈن ئەڭ زور دەرىجىدىكى يوقىتىش ۋە تراگېدىيە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان قەلبلەر بىلەن كۆپ ئوخشاشلىقلىقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس تەرەپلەرگە ئىگە. بەلكى، ئۇنىڭ خەستىلىك تارىخىنىڭ ۋاراقلىرى كۆپرەك بولسا كېرەك؟!

تارىخىي رېئاللىق ۋە ئۇنىڭ خۇددى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئېيتقاندەك جۇغراپىيىلىك تەلەيسىزلىكى، مېنىڭچە يەنە ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تەلەيسىزلىكلىرى ئالدى بىلەن ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە تارىخىي، مەدەنىيەت ۋە جۇغراپىيىلىك

جەھەتتىن باغلىنىشلىق بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەڭ مۇھىمى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۇزۇن يىللار كونتروللۇق ئاستىدا تۇتۇپ كەلگەن سانكىت-پېتربورگ ۋە موسكۋا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى، ياۋرو ئاسىيانىڭ خەستىلەنگەن يۈرىكى شەرقىي تۈركىستان ئۆزىنىڭ يەنە بىر پارچىسى غەربىي تۈركىستان بىلەن تارىخىي تەقدىرداشلىقتا ئىگە بولغان بولسا، كېيىنكى ئەسىرلەردە بۇ رايونغا كىرگەن موسكۋا دائىم ئۆز مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئوتتۇرا ئاسىيانى ۋاستە قىلغان. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن ھەممە كۈچلەر ياۋرو-ئاسىيانىڭ مەزكۇر خەستىلەنگەن يۈرىكىنى غەربىي تۈركىستان ئارقىلىق ئازابلاش تاكتىكىسىنى تاللىۋالدى ھەمدە تاللىۋالماقتا.

ئۇنداقتا تارىختىكى كونا-يېڭى رۇسىيىنىڭ ياۋرو-ئاسىيانىڭ خەستىلەنگەن يۈرىكى ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىغا تۇتقان سىياسىتىنى قانداق تەسۋىرلەش لازىم؟

رۇسىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياستى مەيلى چار پادىشاھ دەۋرى بولسۇن ۋە ياكى 1917-يىلىدىن كېيىنكى سوۋېت رۇسىيىسى مەزگىلى بولسۇن ھەممىسىلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك خەلقلەر بىلەن خىتاي ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقلاردىن ئىبارەت مەزكۇر رايوننىڭ ئىچكى سىياسىي ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن[12]. چۈنكى، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ھەر قېتىملىق قوراللىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى يالغۇز جۇڭگو ھاكىمىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن بەلكى، رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب بىرىنچىدىن، رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئېتنىك، دىن، تىل ھەتتا ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھايات شەكلى قاتارلىق تۈرلۈك تەرەپلەردىن بىردەكلىككە ۋە ئوخشاشلىققا ئىگە بولغانلىقى. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر ئېلى بىلەن غەربىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن تاغ-

دەريالىرى، ئېتىز-ئېرىقلىرى ۋە ياپلاقلىرىنىڭ تۇتۇشۇپ كېتىپ، ئورتاق بىر جۇغراپىيىلىك گەۋدىنى شەكىللەندۈرۈشىدىن ئىبارەت. بۇ خىل بىردەكلىك ھەمدە باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت رۇس ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىلىرى تەرىپىدىن سۇنئىي ئۇسۇلدا جىسمانىي جەھەتتىن ئايرىۋېتىلىسىمۇ لېكىن، بەربىر مەنىۋى جەھەتتىن ئايرىۋېتىلمىدى.

ئەنە شۇ يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئامىل تۈپەيلىدىن چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خەلقلەر ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئۆتۈپ ياشاشنى ۋە ھەر قېتىملىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا ئۆزئارا قېچىپ كېلىپ پاناھلىنىش ۋە قايتىدىن كۆچ تۈپلاپ، ئۆز ئېلىدىكى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئادەتلەنىدى. غەربىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر ئېلى بۇلار ئۈچۈن ئارقا سەپلىك ھەم بازىلىق رول ئوينىدى.

مەسىلەن، 1759-يىلىدىكى بۇرھانىدىن غوجا ۋە خان غوجا باشچىلىقىدىكى قەشقەرىيە خەلقىنىڭ جاۋخۇي باشچىلىقىدىكى مەنچىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىغا قارشى كۈرەشلىرى، جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى، 1830-، 1847-، 1856-، 1877-، 1881-يىللىرىدىكى ۋەقەلەردە شۇنىڭدەك 20-ئەسىردە يۈز بەرگەن بىر قاتار ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۇڭگان قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يەتتىسۇ رايونىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. چوقان ۋەلىخانوپنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا 19-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىكى جاھانگىر غوجا قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندا قوقەن، شەھرىخان قاتارلىق جايلارغا 70 مىڭ ئۇيغۇر كۆچۈپ چىققان. 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا بولسا 15 مىڭ ئۇيغۇر كۆچۈپ چىققان. شەھرىخان بىلەن قاراسۇ ئارىسىدىكى جايلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ دولان دەپ ئاتالغان گۇرۇپپىسىدىن 9 مىڭ ئادەم كۆچۈپ چىققان بولۇپ، پەرغانە ۋادىسىدا جەمئىي 324 مىڭ ئۇيغۇر بولغان[13]. بۇ قازاق ئالىمى يەنە ئەينى ۋاقىتتا تاشكەنتنىڭ جەنۇبىدىكى يېڭى شەھەر مەھەللىسىدە قەشقەرلىكلەر

(ئۇيغۇرلار) نىڭ تۇردىغانلىقىنى، شەھرىخان، ئەندىجان شەھرىنىڭ ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنىڭ قەشقەرلىكلەر، قاراسۇنىڭمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ [14]. ئا. ن. كروپاتكىنمۇ 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا قوقەن خانلىقى تەۋەلىكىدە 250 مىڭ قەشقەرلىكلەر (ئۇيغۇرلارنىڭ) بارلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ.[15]

ئەلۋەتتە، بۇنداق كۆچۈش ئىزچىل داۋاملاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاشقان. تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇيغۇر ئېلىدە يۈز بەرگەن ھەممە قوزغىلاڭلاردا مەزكۇر پاناھلانغان مۇساپىرلار بەلگىلىك مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن جاھانگىر غوجا، يۈسۈپ غوجا ۋە باشقا غوجىلارنىڭ قوزغىغان قوراللىق ھەرىكەتلىرىدە پەرغانە ۋادىسىغا قېچىپ بارغان قەشقەرىيىلىكلەر ئاۋانگارت قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا جەڭ بىلەن قايتىپ كەلگەن شۇنىڭدەك كۈرەشلەردە مۇھىم تايانچلىق رولىنى ئوينىغان. ئەڭ يېقىنقى مەزگىلگە تەۋە مىساللارنىڭ بىرى شۇكى، 1944 - يىلىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ بارغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقىلار سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قايتىدىن تەشكىللىنىپ، مەخسۇس گۇرۇپپىلار بولۇپ، ئىلى قوزغىلىڭى، غۇلجا قوزغىلىڭى، ھەرەمباغ ئۇرۇشى ۋە باشقا جەڭلەردىكى مۇھىم ھەربىي تايانچلىق رولىنى ئوينىدى [16]. ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدا دائىم ۋە ئىزچىل ھالدا شۇ جايدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىستەكلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرىكەتلەرگە قول تىقتى ۋە ياكى ئۇنى كونترول قىلدى.

تۈركىستاننىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ تەقدىرداشلىقىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئوخشاشلا چار رۇسىيە ۋە سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى

جەڭ قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىدېئولوگىيىلىك جەھەتتىن چىقىشالمىغان كۆپلىگەن قازاقلار، ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار، تاتارلار ۋە ئۇيغۇرلار ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا يەرلەشكەن رۇسلار ئۇيغۇر ئېلىغا قېچىپ كېلىپ پاناھلاندى. مەسىلەن، ئىلى سۇلتانلىقىغا قېچىپ كېلىپ پاناھلانغان قازاق باتۇرى تازانبېك ۋە باشقىلار رەھبەرلىكىدىكى قازاقلار مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئىلى سۇلتانى ئەلاخان مىللىي ۋە دىنىي قېرىنداشلىق تۇيغۇسىدىن تازانبېكنى چار پادىشاھقا قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلىش بەدىلىگە ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقاتتى. 1916-يىلى، يەنە چار پادىشاھنىڭ ئەسكەر ئېلىشىغا قارشى تۇرۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەغلۇپ بولغان قازاق، قىرغىزلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇب-شىمالىغا قېچىپ كېلىپ ماكانلاشتى. قىرغىز تارىخچىسى بېلەك سۇلتانايىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىن ئۇيغۇر دىيارىغا قېچىپ كەلگەن قىرغىزلارنىڭ سانى 200 مىڭدىن ئاشقان. باشقا مەلۇماتلاردا 300 مىڭدىن ئارتۇق دەپمۇ يېزىلىدۇ [17]. ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان بۇ قىرغىز قاچقۇنلىرىنى ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن ھەم ئۇلارنى ماكانلاشتۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى جەڭ قىلىپ، رۇس كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن «باسمىچىلار» دەپ ئاتالغان ئەنۋەر پاشىنىڭ، ئىرگەش باتۇرنىڭ ئۆزبېك، قىرغىز ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى قەشقەر ئەتراپىغا قېچىپ كېلىپ پاناھلانغان ئىدى. 1930-يىللاردىكى قەشقەردە بولغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش قوزغىلاڭلىرىغا ئىشتىراك قىلغان قىرغىزلاردىن جانىبەك قازى، چىپاق قازى، ئۆزبېكلەردىن يۈسۈپجان ۋە سېيتىۋالدىجان ھەم ئۇلارنىڭ نەچچە يۈزلىگەن ئەگەشكۈچىلىرى ۋە باشقىلار بۇنىڭ مىسالى بولسا كېرەك.[18]

ئومۇمەن، چېگرىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىگە قېچىپ بېرىپ ماكانلاشقان قېرىنداش خەلقلەر بىر-بىرىنىڭ ھۆرلۈك كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ

ئىشتىراك قىلدى ھەمدە بىر-بىرىگە ئىگە چىقىپ، ئۆز پاناھىغا ئېلىشتى (ئەلۋەتتە كۆپ مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەۋجۇت بەزى ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا). دېمەك، چار پادىشاھ ۋە كېيىنكى سوۋېت رۇسىيىسى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى ئالغان ھەمدە سىياسەتلەرنى تۈزگەن ئىدى. بولۇپمۇ، سوۋېت رۇسىيىسى چار رۇسىيىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلىرىنى ياخشى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھەم كۈچەيتىش چارىسىنى قوللاندى. رۇسىيە تاشقى سىياسىتى جۇملىدىن ئۇنىڭ مەركىزىي ۋە شەرقىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيا سىياسىي ئىستراتېگىيىسىنى تەھلىل قىلغاندا شۇنداق يەكۈن چىقىش مۇمكىنكى، كونا رۇسىيە ۋە قىزىل لېنىن رۇسىيىسى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەرنىڭ ھەممىسىدە كرېملىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك جۇڭگو سىياسىتىدە ئۈچ خىل ئېقىم زىددىيەتلىشىپ كەلگەن. بۇنى مۇنداق يەكۈنلەش مۇمكىن:

1-شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىغا يول قويماي، ئەكسىچە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىپ، بۇ جاينى رۇس تەسىرى ئاستىدىكى رايون قىلىش يەنى تېررىتورىيىلىك ھوقۇق جەھەتتىن جۇڭگونىڭ قولىدا قالدۇرۇش، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن رۇسىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇتۇش، ئۈچىنچى بىر دۆلەت كۈچىنى بۇ يەرگە كىرگۈزمەسلىك.

2-بۇ رايوندا مۇستەقىل بىر ئۇيغۇر دۆلىتى بەرپا قىلىش ۋە ياكى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش. بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى خۇددى موڭغۇلىيە ھەم باشقىلارغا ئوخشاش كرېملىنىڭ تەسىرى ۋە ھىمايىسى ئاستىدىكى بىر قورچاق دۆلەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن كرېملىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىسى ۋە باشقا كېرەكلىك نۇقتىلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىش.

3-بۇ رايوننى قوراللىق يول بىلەن ئاشكارا بېسىۋېلىپ، رۇسىيىنىڭ بىر گۇبېرنىيىسى ياكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قىلىش.

مەزكۇر ئۈچ خىل نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىرى ئارىسىدىكى كۈرەشمۇ ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 3-نۇقتا چار پادىشاھ دەۋرىدىلا ئاساسىي جەھەتتىن سەپتىن قىلىپ، يۇقىرىدىكى ئىككى نۇقتىئىنەزەر دائىملىق تالىشىش مەركىزى بولۇپ كەلدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى مەرھۇم تۇرسۇن سادىقوپنىڭ ئېيتىشىچە: رۇسىيىنىڭ ۋە كېيىنكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى بەلگىلەشتىكى ئاچقۇچلۇق مەزكۇر ئىككى نۇقتا ئارىسىدا بىرىنچى خىل نۇقتىئىنەزەر دائىم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، دۆلەت سىياسىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى [19]. ئۇيغۇر مەسىلىسى باشتىن-ئاخىرى سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشتەك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، 1924-يىلى سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى ئارىسىدا تۈنجى كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن، موسكۋا تۈركىستان تەۋەسىدىكى جۇڭگوغا قارشى كەيپىياتتىكى ھەرقانداق ھەرىكەتلەرنى قاتتىق چەكلىدى ھەتتا سوۋېت كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «شىنجاڭ» دا تەشكىلاتچىلىق پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشنى چەكلەش ھەققىدە قارار چىقىرىپ، «شىنجاڭنى ياكى بۇنىڭ مەلۇم قىسمىنى جۇڭگودىن ئايرىشنى مەقسەت قىلىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەت ۋە تەشۋىقاتنى پۈتۈنلەي زىيانلىق دەپ قاراش» نى قارار قىلدى [20]

## تەقدىردىكى ئوخشاشلىقلار

1917-يىلىدىكى رۇسىيىنىڭ فېۋرال ئىنقىلابىدا پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بولشېۋىكلار بىلەن بۇرژۇئا دېموكراتلىرى

ئارىسىدىكى كۈرەش ئۆتكۈرلەشتى. چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ يوقىلىشى بۇ كونا ئىمپېرىيىنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىنى تالىشىدىغان تۈرلۈك سىياسىي ئېقىملار ۋە پارتىيىلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئىدىل (ۋولگا)–ئۇرال بويلىرىدىن تارتىپ، تاكى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان بىپايان زېمىندىكى رۇس مۇستەملىكىسىنىڭ ئازابىنى تارتقان خەلقلەر مۇستەقىللىق يولىنى تۇتۇپ، ئىلگىرى-كېيىن تۈرلۈك پارتىيە ۋە سىياسىي گۇرۇھلارنى شەكىللەندۈردى.

ئالدى بىلەن قىرىملىق ئىسمائىل گاسپىرالىنىڭ مەدەنىيەت گۈللىنىش ۋە جەدىدچىلىك ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغان «بالقاندىن جۇڭگوغىچە» بولغان بىپايان زېمىندىكى تۈركىي خەلقلەرنى بىر ئورتاق سىياسىي ۋە ئورتاق تىل شارائىتىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرۈش ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان قىرىملىق تاتار زىيالىيلىرى «ياش تاتار پارتىيىسى» ناملىق سىياسىي تەشكىلات ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، پەقەت مەدەنىيەت-مائارىپ جەھەتتىن ئويغىنىۋېلىشنىڭلا بىر مىللەت ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەرنى بۇ ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن قىلغاندىلا ھەقىقىي مەنىدىكى قۇتۇلۇش ۋە گۈللىنىش مۇمكىنچىلىكى ھەم كاپالىتى بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلدى. ياش تاتار پارتىيىسى 1917-يىلى 2-ئايدا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ، «مىللىي پىرقە» پارتىيىسىنى قۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالماقچى بولدى. بۇ پارتىيە 1917-يىلى 5-ئايدا يەنە قۇرۇلتاي چاقىرىپ، قىرىم تاتار ھۆكۈمىتىنى قۇردى ۋە ئاساسىي قانۇننى بەلگىلىدى. لېكىن، 1920-يىلى سوۋېت رۇسىيىسى قىرىم ئارىلىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، تاتار مىللەتچىلىرى بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ بىرلىشىشى ئاستىدىكى قىرىم سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى ھەمدە ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، تاتار مىللەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك جازالىدى. قىرىم تاتارلىرىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ، ھەتتا 1944-

يىلىغا كەلگەندە ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاندى خالاس.[21]

ئوخشاش بىر ۋاقىتتا يەنە قازاننى ئاساس قىلغان ۋولگا( ئىدىل)-ئۇرال بويىدىمۇ تاتارلار ۋە باشقىرتلارنىڭ مىللىي ئويغىنىش ھەم سىياسىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈش ھەرىكىتى جانلانغان بولسىمۇ، لېكىن تاتار-باشقىرت مىللەتچىلىرى ئىككى خىل پىكىر ئېقىمىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىرى «سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈش» بولۇپ ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى بىرلىككە كەلگەن بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىكىدىكى رۇسىيە تەۋەسىدە قېلىپ، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مۇختارىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىر گۇرۇپپا فېدېراتسىيىچىلىك پىكىر ئېقىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ۋولگا-ئۇرال دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئۇنى زېمىن جەھەتتىن مۇستەقىل قىلىش ئەمما، رۇسىيە بىلەن يەنىلا فېدېراتسىيىلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى [22]. بۇ گۇرۇپپىغا مەنسۇپ كۆپلىگەن مىللەتچىلەر كېيىن بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرىپ، بولشېۋىكلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ ياردەملىشىشى نەتىجىسىدە 1920-يىلى 27-مايدا تاتارىستان سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ئەمما، بۇ بىر قىسىم تاتار زىيالىيلىرى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولغان بىلەن ھېچقاچان ئۆزلىرىنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىدىن ۋاز كەچمىگەن بولۇپ، ئۇلار موسكۋانىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن سىياسىي ھوقۇقلىرىدىن رازى ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەپ، پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۆلەتچىلىكىنى قايتىدىن تۈزۈش مەسىلىسىدە تالاش-تارتىشلارنى قانات يايدۇردى. مىرسەيىد سۇلتان غالىيېۋ رەھبەرلىكىدىكى تاتار مىللەتچىلىرى ئىدىل-ئۇرال، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ تۈركىي-مۇسۇلمانلار جايلاشقان رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۇران دۆلىتى قۇرۇشنى شۇنىڭدەك يەنە بۇ رايوندىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆز ئالدىغا «مۇسۇلمان كوممۇنىستلار

پارتىيىسىنى» قۇرۇپ [23]، سوتسىيالىزم دۇنياسىنى تۈركىي-مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا رۇسىيە كوممۇنىستلار پارتىيىسىدىن مۇستەسنا بىر ئايرىم پارتىيە بولۇش سالاھىيىتىگە لايىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇشقا تىرىشتى. ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ بۇ ئىستراتېگىيىسىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى، 1928-يىلى ھاكىمىيەتنى تولۇق مۇستەھكەملىۋالغان موسكۋا سۇلتان غالىيېۋ رەھبەرلىكىدىكى مەزكۇر مىللەتچى كوممۇنىستلارنى بىراقلا تازىلاپ، نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى ئۆلۈمگە، سۈرگۈنگە ۋە تۈرمىگە مەھكۇم قىلدى. سۇلتان غالىيېۋ ئىجاد قىلغان «مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى پارتىيىسى» دېگەن بۇ غەيرىي سىياسىي ئىدېئولوگىيە سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك سىياسىي ئاتالغۇلار لۇغىتىدىن غايىب بولدى. چۈنكى، تاكى 1924-يىلىغىچە موسكۋا ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ «مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى» دېگەن ئاتالغۇلارنى كەڭ ئىشلەتكەن ئىدى.

قىسقىسى، ئىدىل—ئۇرال بويىدىكى موسكۋا بىلەن ئوخشاشلىقتا ۋە ياكى قىسمەن پەرقلەرگە ئىگە بولغان تاتار-باشقىرت مىللەتچىلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل ئۇسۇلدىكى شۇنىڭدەك ھەر خىل پىكىر ئېقىمىدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىلىنىپ زەربە بېرىش ئوبيېكتى بولدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، چار پادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى غەربىي تۈركىستانغىمۇ ئازادلىق ئىشەنچىنى ئېلىپ كەلدى. ياش تۈركلەر پارتىيىسىنىڭ تەسىرىنى ئالغان شۇنىڭدەك رۇسىيىنىڭ 1905-يىلىدىكى مونارخىزىمغا قارشى دېكابىرچىلار ھەرىكىتى ھەمدە رۇسىيە-ياپونىيە ئۇرۇشىدا رۇسىيىنىڭ يېڭىلىشىدەك بىر قاتار ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەتنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارىغان تۈركىستانلىقلار ئىلگىرى كېيىن ئاشكارا ھەم مەخپىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇپ، مىللىي ئويغىنىش تەشۋىقاتلىرىنى قانات يايدۇردى ھەمدە «ياش بۇخارالىقلار پارتىيىسى»، «ياش خىۋەلىكلەر پارتىيىسى» نى قۇردى.

فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن، 1917-يىلى 5-ئايدا ئۇلار تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، تۇنجى مۇستەقىل ھۆكۈمەت مىللىي مەجلىسنى تەسىس قىلدى. 1917-يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، بۇ مەجلىس ئەمەلىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن قوقەندە تۈركىستان مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتىنى ئېلان قىلدى. «قوقەن ئاپتونومىيىسى» دەپ ئاتالغان بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ، ئۇ 1919-يىلى تاشكەنتتىكى سوۋېتلار ئەۋەتكەن قوراللىق كۈچ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلدى ۋە قوقەن ئىنقىلابچىلىرى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقتا ئۇچرىدى [24]

يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قازاق-قىرغىز رايونلىرىدىمۇ چار رۇسىيىدىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتى بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، 1916-يىلى كەڭ كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. چار پادىشاھ يىقىلغاندىن كېيىن بولسا، قازاق زىيالىيلىرى «ئالاش ئوردا» ناملىق ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر پارتىيە قۇرۇپ، ئورېنبۇرگ، ئۇرال ۋە يەتتە سۇ رايونلىرىدا ھەرىكەت قىلدى. بۇ پارتىيە دەسلەپىدە قىزىللارغا قارشى كازاكلار بىلەن بىرلىشىپ، بولشېۋىكلارغا قارشى تۇرغان بولسا، 1919-يىلىدىن كېيىن بولشېۋىكلارنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇلار تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزدى. بولشېۋىكلار قازاقلارغا ئالىي ئاپتونومىيە بېرىشكە رازى بولدى ھەمدە شۇ يىلى رۇسىيە تەۋەسىدە قازاق سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، رۇس كوممۇنىستلىرى ئالاش ئوردىچىلارنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى ئاستىدا قازاق تۇپراقلىرىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، قازاق-قىرغىز مىللەتچىلىرىنى بىر-بىرلەپ تازىلىدى خالاس.[25] بۇ مەزگىلدە يەنە خارەزم رايونىدا خىۋە خانلىقى، بۇخارا رايونىدا بۇخارا ئەمىرلىكى مەۋجۇت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى چار رۇسىيىنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا ئىدى. 1919-يىلى ۋولگا بويىدا جەڭ قىلىۋاتقان قىزىل ئارمىيە قوشۇنى لېنىننىڭ بىۋاستە بۇيرۇقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ، ئىلگىرى كېيىن خىۋە ۋە بۇخارا

خانلىقلىرىنى يوقاتتى. بۇ خانلىقلار ئىلگىرى-ئاخىر خارەزىم خەلق جۇمھۇرىيىتى( 1919-يىلى)، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ( 1920-يىلى) گە ئۆزگەرتىلدى. گەرچە، سوۋېت رۇسىيىسى زور غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل-ئۇرال ۋە كاۋكازىيە قاتارلىق تۈركىي-مۇسۇلمانلار رايونىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئىچكى ھەم تاشقى تەھدىتلەردىن خالى بولالمىدى. گەرچە، ياش بۇخاراللىقلار، ياش خىۋەلىكلەر ھەم باشقا مىللەتپەرۋەرلەرنىڭ بىر قىسمى بولشېۋىكلار پارتىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۈركىستاندىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىدە يۇقىرى لاۋازىمەتلىك ئورۇنلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار لېنىنىنىڭ ئىنقىلاب غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان «چار رۇسىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ خالىسا فېدېراتسىيىلىك ھاكىمىيەتتىن چىقىپ كېتىپ، ئۆز مىللىي مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقى بار» دېگەن شوئارىدىن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا يېنىۋالغانلىقىنى بىلىپ، بۇنىڭدىن سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى سېزىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە پەرغانە ۋادىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئىسلامى غازات شوئارىدىكى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى پارتلاپ، پارتىزانلارنىڭ سانى كۆنسايىن ئېشىش بىلەن بەزى شەھەرلەر، قىشلاقلار ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. موسكۋا ھۆكۈمىتى بۇ كۈچنى يوقىتىش ئۈچۈن فرۇنزېنىڭ باشچىلىقىدا 200 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئىشقا سالدى. دېمەك، ئاتالمىش «باسمىچىلار ھەرىكىتى» ھەمدە ئىدىل-ئۇرال ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالغان لېنىن رۇسىيىسى 1919-يىلى تاشكەنتنى مەركەز قىلىپ، تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تۈركچىلىك پىكىردىكىلەرنى قايمۇقتۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئاخىرىدا ۋەزىيەتنى ئوڭلاپ بولغاندىن كېيىن،

تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەرلىك مىللەت رەھبەرلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماستىن تۈركىستاننى پارچىلاپ، 1924 - يىلىدىن باشلاپ، تاكى 1936 - يىلىغىچە ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، قازاقىستان، تۈركمەنىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنى بەرپا قىلىپ، بۇنى «ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي چېگرالارنى ئايرىش ۋە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇش سىياسىتى» دەپ ئاتىدى، شۇنىڭدەك «تۈركىستان» ئىبارىسىنى چەكلەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوتتۇرا ئاسىيا ئاتالغۇسىنى ئومۇملاشتۇردى ھەمدە ئومۇمىي يۈزلۈك پانتۈركىزمغا قارشى ھەرىكەت باشلىدى.

لېنىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت رۇسىيىسى پۈتۈن سابىق چار پادىشاھ مۇستەملىكىلىرىنى تولۇق ئىدارە ئاستىغا ئېلىپ، بۇ جايلاردا يەرلىك خەلقلەرنىڭ مىللىي سىياسىي ھوقۇقلىرى ئېتىراپ قىلىنغاندەك ھالەتنى بىلدۈرىدىغان تۈرلۈك ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇپ، ھوقۇقنى موسكۋاغا مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە پۈتۈن دۇنيا يۈزىدە «پرولېتارىيات ئىنقىلابى شوئارى»، «ئېزىلگەن خەلقلەرنى ئازاد قىلىش» شوئارى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرى مەسىلىسىگىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. بىراق، دەسلەپتە بۇ جايدا ئىنقىلاب قوزغاشنى مۇۋاپىق تاپقان سوۋېت رۇسىيىسى ھۆكۈمىتى ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ باشلىقى رۇگزۇكتاكىنىڭ «قەشقەرىيە - جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش» لايىھىسىنى 1921 - يىلى مەخسۇس كومىسسىيە تەشكىللەپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بىكار قىلىپ، بۇ پىلاندىن ۋاز كەچتى ھەمدە ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلىدى. بۇ قارارغا لېنىن بىۋاستە ئارىلاشقان ئىدى[26]. ئومۇمەن، 1917 - يىلىدىن ئېتىبارەن يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئازادلىقىنى تەمىن ئېتىشنى مەقسەت قىلىدىغان سىياسىي ھەرىكەتلەر پەيدا بولدى ۋە كۈنسايىن كۈچەيدى. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ

جۇملىدىن دۇنيا تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياۋرو-ئاسيا مىقياسىدا داۋاملاشقان بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەشنىڭ تۈرلۈك يوللىرىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىزدىدى.

ئۇيغۇرلار 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە كۈچىيىشكە قاراپ يۈزلەنگەن ھەم خارابلاشقان تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئىدېئولوگىيىلىرى مەسىلەن: «كوممۇنىزم»، «تۈركچىلىك»، «ئىسلامى گۈللىنىش»، «مىللىي ئازادلىق» ۋە «جەدىدچىلىك» ھەم باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ھەر خىل سەۋىيىدە ئۆز تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىرىپ، بۇلارنى مىللىي ھۆرلۈك كۈرەشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. گەرچە، بۇ ئىدىيىلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆزئارا ئورنىنى تاپقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزئارا كۈرەشلەرگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە سەۋەب بولدى. ھەر قايسى ئىدىيىلەرنىڭ تەرغىباتچىلىرى ئۆزلىرى ئىشەنگەن يول بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارىغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىدىيىلىرىگە سادىق بولدى. بۇنداق مەپكۇرىۋى توقۇنۇشلار دەسلەپتە بۇخارا، ئىستانبۇل، قازان قاتارلىق جايلاردا ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇقادىر داموللا، مەسئۇد سەبرى، قۇتلۇق شەۋقى، جىرجىس ھاجى قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە تاشقى دۇنيانى كۆرگەن ئاكا-ئۇكا مۇساباي‌يۇلار ۋە مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق ئۇيغۇر بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىپ، ئۆز ۋەتىنىدە يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ، يېڭى مەدەنىيەت-مائارىپ ئويغىنىش ھەرىكىتىنى قوزغىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا قارشى چىققان ئۆمەرباي قاتارلىق جاھىللار گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن رەۋىشتە ئىپادىلەندى. ياڭ زېڭشىڭ قاتارلىق مىلىتارىستلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئاڭنىڭ ھىمايىچىلىرى بىلەن جاھىللار گۇرۇھى ئارىسىدىكى كۈرەشتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلاندى ھەمدە ئۇنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. ياڭ زېڭشىڭ ئۇيغۇر ئېلىنى ئۆزىنىڭ سانى

يەتتە مىڭغا يەتمەيدىغان ئەپيۈنكەش ئەسكەرلىرى بىلەن ئەمەس بەلكى، ھىيلە ـ نەيرەڭلىك سىياسىي ئويۇنلىرى ۋە «نادانلاشتۇرۇش»، «دۆتلەشتۈرۈش» شۇنىڭدەك «ياتلارنى ياتلارنىڭ قولى ئارقىلىق باشقۇرۇش» ۋە باشقا بىر قاتار سىياسىي تاكتىكىلىرى بىلەن 17 يىل ئىدارە قىلدى. نادانلىق، جاھالەت پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتۇرۇلغان ئۇيغۇرلار ئۆز خەلقى ئىچىدىن چىققان ئاڭلىق، كۆزى ئېچىلغان زاتلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەمەس، بەلكى ياڭ زېڭشىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، يۇرتىنىڭ ئاق ساقىلى بولۇۋالغان بىر قىسىم، شەخسىيەتچى جاھىل بايلار ھەمدە دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغان نادان خۇراپىي ئۇنسۇرلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئابدۇقادىر داموللامدەك ھەقىقىي تەرەققىيپەرۋەر ئىسلام ئالىملىرى بولسا چەتكە قېقىلدى ھەتتا ئۆلتۈرۈلدى. بۇ جاھىللار گۇرۇھى ياڭ زېڭشىنىڭ سىياسەتلىرىنى كەڭ تەرغىب قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، يۇرتنى ئىدارە قىلىپ، ئۆز خەلقىنى قۇللۇققا مەھكۇم قىلدى. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان شۇنچىلىك پاجىئەلىك قىسمەت شۇكى، ئەنە شۇ گۇرۇھلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ياڭ زېڭشىڭ تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ناھىيىلەرنى 17 يىل تىنچ ۋە قارشىلىقسىز ئىدارە قىلالىدى. ئادەتتە، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھاكىم ۋە ساقچى باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە خەنزۇ پۇقرادىن باشقا كۈچلۈك ھەربىي ۋە ساقچى قوشۇنى بولمىغان ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىغا نەچچە يۈز مىڭ نوپۇسلۇق ئۇيغۇر خەلقى شەرتسىز بويسۇنۇشقا، ھەتتا خىتاي ئەمەلدارى كوچىغا چىقسا، كوچىدىكى ئادەملەر توپ ـ توپى بىلەن يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىشتەك ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. قىسقىسى پۈتۈن بىر ناھىيىنى پەقەت بىر خىتاي ھاكىم ئۆزى تەنھا باشقۇراتتى ھەمدە يانچۇقى پۇلغا تولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىرسى كېلەتتى. ئەگەر كىمكى، سەل ئويغىنىپ، بۇنىڭغا قارشى چىقسا يۇرت ئاقساقاللىرى بۇ ئادەمنى ئۆزلىرى تۇتۇپ، خىتاي ئەمەلدارىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، كاللىسىنى ئالدۇراتتى. بۇ ھەقتە 20 ـ ئەسىرنىڭ 10 ـ 20 ـ يىللىرىدا قەشقەرگە كەلگەن

تۈركىيىلىك مائارىپچى ئەخمەت كامال ئىلقۇل ۋە شۋېتسىيىلىك دىپلومات گۇننار يارىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بايانلىرىغا قاراش مۇمكىن.

قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن چار رۇسىيىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقىنى تەمىن ئەتمەكچى بولغان «تارانچى-تۇڭگان كومىتېتى» نىڭ باشلىقى، ئۇيغۇر زىيالىيسى ھۆسەيىن تارانوپ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بولشېۋىكلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنى تىكلەشنى غايە قىلغان ئابدۇللا روزىباقىيېۋچىلار بىر مەيدان كۆرەشنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، يەتتە سۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر قانچە يىل تارانچى-قەشقەرلىك جېدىلى يەنى بۇ ئىككى شېۋىنىڭ قايسىسىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قىلىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك تارانچىلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىللەتكە تەۋەلىكى مەسىلىسى ھەققىدە كەسكىن مۇنازىرە داۋاملاشتى. [27] 1934-يىلى بولسا بۇ جېدەلدىن شىيىڭ شىسەي پايدىلىنىپ، تارانچىلارنى ئۇيغۇرلاردىن ئايرىپ چىقىپ، باشقا مىللەت قىلىپ بېكىتتى.

ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىدىل-ئۇرال بويىدىكى تۈركىي قېرىنداش خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يوللىرى جەريانىدا دۇچار بولغان ئوخشاش تەقدىرىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئۇلارنىڭ مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى يول ۋە ئۇسۇل جەھەتتىكى پىكىر ئوخشىماسلىقى بىلەن بىر قانچە قارىمۇ-قارشى گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كېتىپ، ئۆز رەقىبلىرىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن بەلكى، دائىم ئۆزلىرى قارشى تۇرغان ھۆكۈمرانلار بىلەن بىرلىشىشتەك، سۆلھىچىلىك يولىنى تۇتقان گۇرۇپپىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ تېخىمۇ پاجىئەلىك بولۇشىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك رۇسىيە بولشېۋىكلىرى ئۆزبېك، قىرغىز، قازاق، تاتار ۋە باشقۇرت ھەم ئەزەرى قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئىچىدىكى

سۇلھچىلىك پىكىردىكى گۇرۇھلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق باشقا قەتئىيلىك تەرەپدارلىرىغا زەربە بەردى. ئەمما، ھاكىمىيەتنى تولۇق ئىدارە قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى بىلەن ھەمكارلاشقان گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرىنى بىرمۇ-بىر جازالىغان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ 1912-يىلىدىكى تۆمۈر خەلىپىدىن باشلانغان 20-ئەسىر ئىنقىلابلىرىمۇ دەل شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، 30-يىللاردىكى خوجا نىياز ھاجىم، 40-يىللاردىكى ئەخمەتجان قاسىمى، مەسۇد سەبىرى قاتارلىق «ئۈچ ئەپەندىلەر» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. ھەر قايسى ئېقىمغا مەنسۇپ ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرى تاكى 1949-يىلىغىچە ئۆزلىرى ئىشەنگەن ۋە ئېتىقاد قىلغان يوللارنى ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە تەۋسىيە قىلىش جەريانىدا بىر-بىرىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەيلى تۈركچىلىك ئىدىيىسىنى ئاساسىي قورال قىلغان جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىي مۇختارىيىتىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئۈچ ئەپەندى باشلىق «كونسېرۋاتىپلار» بولسۇن ۋە ياكى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رۇسلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان «رادىكاللار»[28] بولسۇن ۋە ياكى بۇ ئىككى ئىدىيىنىڭ ھېچ قايسىسىغا قوشۇلماي ئوتتۇرا يولنى تاللىغان ئابدۇلئەزىزخان مەخسۇم قاتارلىقلار بولسۇن بەرىبىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاجىزلىقى ئەمەس ئىدى، بەلكى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تاللاش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ئىنتىلىش، خەلقئارا سىياسىي ئېقىملارنى ۋە ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلىشتىن چىقارغان خۇلاسىلىرى ئىدى. ئۆزئارا مۇنداق پىكىر ئېقىملىرىغا بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا كۈرەش قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ بولغاندىن كېيىن، خۇددى تۈركىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەردىكىدەك شەكىلدە ھەم مەۋقەدە

مەۋجۇت بولسا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولار ئىدى. ئەپسۇسكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل پىكىر ئېقىملىرىنى ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تاللىشى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا زىددىيەتلىشىپ ھەتتا بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق رەقىبلىرىنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىشىگە، ئۇيغۇرلارنى ئىچكى جەھەتتىن ئاجىزلىتىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگونىڭ تۈلكىسى دەپ ئاتالغان ئاتاقلىق دىپلومات جاڭ جىجۇڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ئۆزئارا زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا زىددىيىتىنى كۈچەيتكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ. شۇنىڭدەك مەيلى كونسېرۋاتىپلار بولسۇن ۋە ياكى رادىكاللار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىنىڭ يەنىلا مۇستەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.[29]

قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، 20-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ياۋرو-ئاسىيادا يۈز بەرگەن زور سىياسىي ۋەقەلەر ھەم ئىدېئولوگىيىلىك توقۇنۇشلاردا ئۇيغۇرلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش، مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ۋە غايىسىنى دۇنياغا بىلدۈردى. ئۇيغۇر سىياسىيونلىرى ئۆزلىرى ئىشەنگەن سىياسىي ئىدىيە ۋە ئېقىملار شۇنىڭدەك كۈرەش يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئاخىرقى ئورتاق مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشتى، ئۇرۇندى ۋە بۇ ئورتاق غايە ھەم مەقسەتلىرى ئۈچۈن زور بەدەللەرنى تۆلىدى.

## خۇلاسە

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك سىياسىي تارىخىغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق كۈرەشلىرىدە رەقىبلىرى تەرىپىدىن بىۋاسىتە جىسمانىي جەھەتتىن يېڭىلگەن ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ

رەقىبلىرىنىڭ غالىپ چىقىشى كۆپىنچە ھالدا بۇ مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق ۋە سىياسىي جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەر، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ تاشقى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر سىياسىي تەقدىرىنى قامال قىلىۋېلىشى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشقان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئىچكى نىزالار، رايونلار ئارىسىدىكى مىللىي پىسخىكىلىق ۋە مەدەنىيەت پەرقلىرى شۇنىڭدەك ئىدېئولوگىيىلىك توقۇنۇشلار 20-ئەسىر ئۇيغۇر سىياسىي ھاياتىنىڭ بەختسىزلىكلەرگە يولۇقۇشىدىكى ئامىللاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىچكى ئامىل بىرىنچى دېگەنىدەك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزئارا شەخسىي مەنپەئەتلەردىن ۋاز كېچىش، ئۆزئارا بىرلىك ۋە ئۇيۇشقاقلىقنى قەدىرلەش روھىنىڭ كەمچىللىكى ھۆرلۈككە موھتاجلىقى بار، ئۇزۇن مەزگىللىك كۈرەش ئەنئەنىسى ئىگە ھەمدە بۇ يولدا ھەددىدىن زىيادە كۆپ قۇربان بەرگەن ئۇيغۇردەك مىللەت ئۈچۈن زور پاجىئە ھېسابلىناتتى.

قىسقىسى، ياۋرو-ئاسىيانىڭ يۈرىكى ھېسابلانغان ئۇيغۇر ۋەتىنى 19-20-ئەسىر سىياسىي تارىخىدا ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەلەيسىزلىكى سۈپىتىدە ئەتراپىدىكى قۇدرەتلىك كۈچلەرنىڭ چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى پېچكىلار كەبى ئوينىلىش ۋە قۇربان قىلىنىۋېتىلىش قىسمىتىگە دۇچ كېلىپ خەستىلەندى! ئۇيغۇر سىياسىي تەقدىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سىياسىي ئىستراتېگىيىلىرىدىكى ئويۇن قارتىسىغا ئايلىنىپ، دىپلوماتىك سورۇنلارنىڭ ئويۇنچۇقى بولدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلاردەك باشقا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مىللىي مەنپەئەتلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن يەنە باشقا مىللەت يوق دېسەكمۇ خاتالاشمىساق كېرەك؟! ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە دائىم باشقىلارنىڭ ۋەدىسىگە ئاسان ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى قۇدرىتىنى سەل چاغلىشى ھەمدە تارىخى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكىمۇ مەلۇم رول ئوينىدى.

ئەلۋەتتە، كۆپىنچە ھاللاردا ئاجىز مىللەتلەردە ئەنە شۇنداق ئاق كۆڭۈللۈك يەنى باشقىلاردىن ياخشىلىق كۈتۈش ۋە ئۈمىد باغلاش پىسخىكىسى بولىدۇ. مەركىزىي ئاسىيا، ئىدىل-ئۇرال ۋە كاۋكازىيىدىكى تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەرنىڭ 20-ئەسىردە بېسىپ ئۆتكەن سىياسىي مۇساپىلىرى ۋە دۇچ كەلگەن سىياسىي قىسمەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇيغۇرلار دىنىي جەھەتتە ئىسلام دۇنياسىنىڭ، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تۈرك دۇنياسىنىڭ، جۇغراپىيە جەھەتتە مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيانىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزكۇر ئۈچ چوڭ گەۋدىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغان. شۇنداق ئىكەن، دېمەك ئۇيغۇرسىز بىر پۈتۈن تۈركىي تىللار گەۋدىسى ۋە تۈرك مەدەنىيىتى، ئۇيغۇرسىز بىر پۈتۈن گۈللەنگەن ئىسلام دۇنياسى، ئۇيغۇرسىز بىر پۈتۈن، تىنچ ۋە مۇقىم مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيا سىياسىي ھاياتى بولمايدۇ خالاس!

مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، 19-20-ئەسىر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن زور ئىزتىراپلارنى چەككەن، ھەددى-ھېسابسىز قۇربانلارنى بەرگەن ئازابلىق بەتلەر بىلەن پۈتۈلگەن بولسا، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر خەلقىگە ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى، پىداكارلىقلارنى شۇنىڭدەك قۇدرەتلىك ۋە شەرەپلىك ئۆتمۈشكە چوقۇنۇش بىلەن پارلاق كېلەچەككە نىسبەتەن ئۈمىد ئۈزمەسلىك روھىنى ئاتا قىلغان ئەسىر بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇلارغا ئىشەنچ ئاتا قىلغان بولسا، مەغلۇبىيەتلىرىمۇ ئوخشاشلا ئۇلارغا ئۈمىدۋارلىق، بوشاشماسلىق روھىنى تەقدىم قىلدى. ئۆز ھۆرلۈكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان خەلقلەر تارىخىدا بەلكى ئۇيغۇرلار ئۆز ھۆرلۈكىنى ئەڭ كۆپ قېتىم قولغا ئالغان شۇنىڭدەك ئەڭ كۆپ قېتىم يوقاتقان، ئەمما ھېچقاچان ئۈمىدسىزلەنمەي، ئاخىرقى نىشانى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى داۋاملاشتۇرغان بىردىن-بىر مىللەت بولسا كېرەك. قىسقىسى، ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسى كۈنسايىن ئۈمىدسىزلىنىش ۋە زەئىپلىشىش ئەمەس بەلكى، تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىش ۋە تاكامۇللىشىش

ھۆجەيرىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ھېچ قاچان تارىخ قۇرلىرىدىن ئۆچمەس ۋە يوقالماسلىقىغا كاپالەت تۇرغۇزدى.

## ئىزاھاتلار:

[1] مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ئەنقەرە،1998-يىلى نەشرى. 466-بەت.

[2] زبىگنېۋ برىزىنسكىي «چوڭ شاھمات تاختىسى» ئىنتېرنېتقا قويۇلغان رۇسچە تەرجىمىسى.

[3] دۇبروكۇسكايا «شىنجاڭنىڭ تەقدىرى» 1997-يىلى، موسكۋا (رۇسچە) داۋۇت ئىسىيېۋ «يەتتە شەھەر دۆلتى» 1990-يىلى ئالمۇتا (ئۇيغۇرچە)

[4] «رۇسىيىنىڭ 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى تاشقى سىياسەت تارىخى» 1999-يىلى موسكۋا 166-بەت (رۇسچە)

[5] شۇ كىتاب 167-بەت

[6] شۇ كىتاب 167-بەت

[7] Qurban Ali Khalidi. An Islamic Biographicla Dictionary of the Eastern Kazakh Steppe 1770-1912.. Brill Leiden-Boston2005. 37-38-betler

[8] مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، 342-343-بەتلەر

[9] شۇ كىتاب. 346-بەت

[10] دۇبروۋسكايا، شۇ كىتاب، موسكۋا نەشرى (رۇسچە)

[11] James Millward. Beyond The Pass Economoy, Ethnicity, and Empire in Qing Central Asia,1759-1864. Stanford University Press.1998

[12] غوجائەخمەت سەيدىۋاقاسوپ تاللانما ئەسەرلىرى، 2001-يىلى، ئالمۇتا، 55-بەت (رۇسچە)

[13] غوجائەخمەت سەيدىۋاقاسوپ تاللانما ئەسەرلىرى، 2001-يىلى، ئالمۇتا،

55 ـ بەت (رۇسچە)

[14] شۇ كىتاب، 55 ـ بەت، ۋە چۇقان ۋەلىخانوۋ تاللانما ئەسەرلىرى، 1986 ـ يىلى، 190 ـ بەت(رۇسچە)

[15]. كىروپاتكىن «قەشقەرىيە» سانكتپېتىربۇرگ 121 ـ 122 ـ بەتلەر رۇسچە نەشرى

[16] بارمىن ئا. ب. «سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ 1943 ـ 1949 ـ يىللىرىدا». بارنائۇل، 1998 ـ يىلى نەشرى (رۇسچە). شۇنىڭدەك سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت. 2002 ـ يىلى، نويابىر.

[17] ئازىزا تۇردۇيېۋا. قىتاي قىرغىزدارىنىن تارىخىنان ئالاتاۋ ژۇرنىلى. بىشكەپاشىنىڭ ـ يىلى، 23 ـ بەت (قىرغىزچە)

[18] بۇ ھەقتە كۆپ ماتېرىياللار بار. مۇسا ئەپەندى «تۈركىستان پاجىئەسى» ئىستانبۇل. ھەمدۇللا تارىم «تۈركىستان تارىخى» ئىستانبۇل. (بۇلار قول يازما شەكىلدىكى نەشرلەر) ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خېۋىر تۆمۈر، باي ئەزىز ۋە باشقىلارنىڭ ماقالىلىرىگە قارالسۇن.

[19] بۇ ھەقتە سابىق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ باشلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ خادىمى تۇرسۇن سادىقوۋ بىلەن 1993 ـ يىلى، موسكۋادا ئۆتكۈزگەن سۆھبەت. بۇ كىشى 1995 ـ يىلى، موسكۋادا ۋاپات بولغان.

[20] سىرىيوشكىن. ك «خىتايدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ رېئاللىقى ۋە ئويدۇرمىلىقى شۇنىڭدەك مەركىزىي ئاسىيانىڭ بىخەتەرلىكى»2003 ـ يىلى ئالمۇتا «Daik-Press» نەشرىياتى. 437 ـ 439 ـ بەتلەر (رۇسچە)

[21] Gavin Hamb ly. Central Asia. Dell PublishingCo. Inc. New York.1969

[22] شۇ كىتاب. 254 ـ 257 ـ بەتلەر

[23] مىرسەئىد سۇلتان غالىيېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىسى. بولشېۋىزم، ئىسلام ۋە مىللىي مەسىلىلەر.

[24] ئەلىخان تۆرە ساغۇنىي. تۈركىستان قايغۇسى. 2003-يىلى، شەرق نەشرىيات مەتبەئە. تاشكەنت. 66-86-بەتلەر (ئۆزبېكچە)

[25] قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تارىخى. 24-باب، قازاقىستان پۇقرالارنىڭ قارشىلىق باسقۇچىدا. ئىنتېرنېتقا قويۇلغان نۇسخىسى.

[26] بارمىن. ۋ. ئا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ 1918-1941-يىللىرى. بارنائۇل، 1998-يىلى، 85-87-بەتلەر (رۇسچە)

[27] ئا. روزىباقىيېۋ «بۇرھان قاسىمۇۋ. ئالمۇتا، 1992-يىلى، 19-18-بەتلەر «پەرۋاز» مەجمۇئەسى. 1994-يىلى، ئالمۇتا، جازۇشى نەشرىياتى. 3-17-بەتلەر. ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇرۇلمىسى. 1989-يىلى، ئالما-ئاتا، نائۇكا نەشرىياتى. 42-45-بەتلەر (رۇسچە)

[28] 1945-يىلى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئارىسىدىكى سۆھبەتتە نەنجىڭ ۋەكىلى بولغان جاڭ جىجوڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە بۇ ئىككى گۇرۇھنى شۇنداق ئاتايدۇ ھەمدە ھەر ئىككىلىسىنىڭ مەقسىتىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

[29] جاڭ جىجوڭ « ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» ئۈرۈمچى. 459- ، 464-469-بەتلەر

# 2 ـ بۆلۈم

## يالتا كېلىشىمى ۋە ئۇيغۇرلار

بۇنىڭدىن 60 نەچچە ئىلگىرى يەنى 1945 ـ يىلى 4 ـ فېۋرالدىن 11 ـ فېۋرالغىچە بولغان بىر ھەپتە ئىچىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، ئۇلۇغ برىتانىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەت رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قرىم يېرىم ئارىلىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىسى يالتاغا توپلىنىپ، دۇنيانىڭ يېڭى سىياسىي تەرتىپىنى بەلگىلەيدىغان ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مەشھۇر «يالتا يىغىنى» نى ئېچىپ، ئاخىرىدا بىر قاتار مەسىلىلەر بويىچە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. دەسلەپتە مۇتلەق مەخپىيەتلىك تۈسى ئالغان، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىش باسقۇچىغا توغرا كەلگەن مەزكۇر يىغىن بۇنىڭدىن 60 نەچچە يىل ئىلگىرىكى دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى بەلگىلەشتىلا ئەمەس بەلكى، بۈگۈنكى كۈندىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىمۇ يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. زامانىمىزدىكى كۆپلىگەن خەلقئارالىق مەسىلىلەر، مەسىلەن: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى رامكىسى ئاستىدىكى ۋە باشقا رايون خاراكتېرلىك دىپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە ئاشۇ يالتا كېلىشىمى بىلەن باغلىنىشلىققا ئىگە. تارىختىكى بەزى كېلىشىملەرنىڭ يىلى كونىرىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى ئۇنچە ئاسان تۈگىمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر، پولشا، فىنلاندىيە

قاتارلىق مەملىكەتلەر بىلەن رۇسىيە فېدېراتسىيىسى ئارىسىدا ھەتتا 1939-يىلى 23-ئاۋغۇستتىكى سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوۋ بىلەن گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىببېنتروپ قول قويغان «سوۋېت-گېرمان ئۆزئارا ئۇرۇش تاجاۋۇز قىلماسلىق شەرتنامىسى» ۋە باشقا شەرتنامە ھەم كېلىشىملەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخي مەسىلىلەر يەنىلا تالاش تارتىش تۈسىنى ئالغان بولۇپ، پولشا ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تۈردە موسكۋا دائىرىلىرىدىن 1939-1940-يىللىرىدا گېرمانىيە پولشىغا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن گېرمانىيە ئارمىيىسىدىن يېڭىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىگە قېچىپ كىرگەن پولشا ئارمىيىسىنىڭ جەڭچى ئوفىتسېرلىرىنى كوللېكتىپ قىرغىن قىلىش جىنايىتى جۈملىدىن ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پولشا چېگرىسى يېنىغا نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ، پولشا ئارمىيىسىگە ئارقىدىن زەربە بەرگەنلىك قىلمىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ ھەقتىكى مەخپىي ئارخىپلارنى پولشا ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇشىنى ۋە سىرلارنى ئاشكارىلاشىنى تەلەپ قىلماقتا.[1] دېمەككى، تارىخ ھېچقاچان قېرىمايدۇ ۋە ئۆز رولىنى يوقاتمايدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبتىن پولشا ۋە بالتىق دۆلەتلىرى بۈگۈنكى كۈندە مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۆتۈپ كەتكەن تارىخنى بىراقلا بولدى قىلىۋەتمىدى. تارىخ بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ ئەينىكى بولۇپلا قالماستىن بەلكى كېلەچىكىنىڭ ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئەينىكى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر قانداق بىر مۇستەقىل دۆلەتكە ئىگە بولغان مىللەت ئالدى بىلەن ئەنە شۇ تارىخنى مىللىي ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە يەكۈنلەشكە ۋە تىكلەشكە شۇنىڭدەك ئۆز پۇقرالىرى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

مېنىڭچە ئاڭلىق مىللەت ھېچقاچان ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇمايدۇ ۋە تارىختىن ساۋاق ئېلىشنى ھەر قاچان ئۆزىگە ئادەت قىلىدۇ. پاشىلىقلار 65

يىللار ئىلگىرى كاتىن ئورمانلىقىغا ستالىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كۆمۈۋېتىلگەن پولشا جەڭچى-ئوفىتسېرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە ئۇ سىرلارنى بىلىشنى زۆرۈر دەپ بىلگەندەك[2]، ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز تارىخىدىكى نۇرغۇن پاجىئەلىك سىرلارنى سوراش ۋە بىلىشنى تەلەپ قىلىش ھەم ئۇنى مەجبۇرىيەت دەپ چۈشىنىشكە تامامەن ھەقلىق بولسا كېرەك. ئۆز تارىخىنىڭ شەرەپلىك بەتلىرىدىن پەخىرلىنىش بىلەن نومۇسلۇق بەتلىرىدىن نەپرەتلىنىش شۇنىڭدەك بىچارە قىسمەتلىرىدىن تەئەججۈپلىنىش ھەم ئىبرەت ئېلىش روھىنى يېتىلدۈرگەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىي خەرىتىسىگە ئۆز ئورنىنى سىزالىغانلاردۇر.

ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياۋرو-ئاسىيا چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى مۇھىم پىيچكىلىق رولىنى ئۆتىگەن خەستىلىك تارىخىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇيغۇر سىياسىي تەقدىرى يېقىنقى دەۋرلەرگە خاس كۆپلىگەن خەلقئارالىق كېلىشىملەر ۋە شەرتنامىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، 19-ئەسىردىكى رۇسىيە بىلەن مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى، 20-ئەسىردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يېڭى رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا تۈزۈلگەن شۇنىڭدەك ياۋرو-ئاسىيا سىياسىي تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك باشقىمۇ كۆپلىگەن تۈرلۈك كېلىشىملەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھاياتى بىلەن باغلاش تامامەن مۇمكىن. چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەرنىڭ بۇ قىسمىدا، ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار خەلقئارالىق شەرتنامىلەر ۋە كېلىشىملەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈمكى، ئالدى بىلەن 1944-يىلى 12-نويابىردا غۇلجىدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ئالاھىدە قىزىقىدىغان يالتا كېلىشىمى ھەققىدە توختىلىشنى مۇۋاپىق ھېسابلىدىم.

## يالتا يىغىنىنىڭ دەۋر شارائىتى

يالتا يىغىنى ئېچىلغان دەۋر گىتلېر گېرمانىيىسىگە قارشى ئۇرۇش ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا، ئامېرىكا باشلىق ئىتتىپاقچىلارنىڭ تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرىدىكى ياپونىيە ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇرۇشىمۇ ئاخىرقى باسقۇچقا كىرگەن، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تىنچلىق ۋەزىيەت يارىتىش ھەمدە يېڭى دۇنياۋى تەرتىپ ئورنىتىپ، خەلقنىڭ خاتىرجەم ھاياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئومۇمىي بىر يۈزلىنىش ھەم ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالغان چاغ ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىتتىپاقچى دۆلەتنىڭ گېرمانىيە، ئىتالىيە ھەم ياپونىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى مۇددىئاسى بىر بولسىمۇ لېكىن، ئۇلار ئارىسىدا خەلقئارا سىياسىي شۇنىڭدەك ئىدېئولوگىيە جەھەتلەردە مۇئەييەن پەرقلەر ۋە توقۇنۇشلار مەۋجۇت ئىدى.

يالتا يىغىنىغا ئائىت يېزىلغان ئەسەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە؛ ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ نەزىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆپلىگەن مەسىلىلەردە قايىل قىلىش ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولۇشىغا ئالاھىدە قىزىققان بولۇپ، بۇ خىل يادرو قورالىنىڭ ئۇلاردىن ئىلگىرىرەك سوۋېتنىڭ قولىدا بولۇشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز دەپ قارايتتى [3]. يىغىندا بىر قاتار مەسىلىلەر ھەل قىلىندى ھەم ياۋروپا-ئاسىيادىكى بىر قىسىم مەملىكەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى قايتىدىن بىر تەرەپ قىلىندى.

## پولشا مەسىلىسى

ئەنگلىيە باش مىنىستىرى چېرچىلنىڭ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەن نۇقتىسى ياۋروپا فاشىزمدىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىنكى گېرمانىيىنىڭ تەقدىرى ۋە پولشا مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ پولشا مۇستەقىل يېڭى ھۆكۈمىتىنى تەسىس قىلىش مەسىلىسىدە چىڭ تۇردى. لېكىن، ستالىن بۇنىڭغا قوشۇلماي، پولشا مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىك نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، 30 يىل ئىچىدە پولشىنىڭ ئىككى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھۇجۇملارنىڭ كارىدورى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەھدىت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن موسكۋانىڭ مۇنداق باشقىلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا كارىدور بولىدىغان جاينى توسۇۋېتىشنى خالايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. چېرچىل 150 مىڭدىن ئارتۇق پولشا پىداكارلىرىنىڭ ئىتتىپاقچىلار تەرىپىدە تۇرۇپ، گېرمانىيىگە قارشى جەڭ قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، پولشىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاشنىڭ ئادالەتكە بىرىپ تۇتىشىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى[4]. ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلت بولسا، ئۇكرائىنىيە تەۋەسىدىكى لۋوفنى پولشىغا قوشۇپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، ستالىن بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئەمما، ئاخىرى تالاش-تارتىشلار ئارقىلىق بۇ ئىتتىپاقداشلار پولشا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى تەسىس قىلىش قارارىغا كەلدى. ئەسلى ستالىنىنىڭ ئىدىيىسى بويىچە پولشا مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

## گېرمانىيىنىڭ تەقدىرى مەسىلىسى

ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيىنىڭ تەقدىرى مەسىلىسى 1941-يىلىدا برىتانىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن مۇزاكىرە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار بۇ دۆلەتنى بىر قانچە دۆلەتلەرگە پارچىلىۋېتىشنى ئويلاشقان ئىدى. مەزكۇر نۇقتا يالتا يىغىنىدا يەنە ئاساسىي مۇزاكىرە نۇقتىسى بولۇپ قالدى ھەمدە ئۇرۇشتىن كېيىن گېرمانىيىنى پارچىلاش قارارلاشتۇرۇلۇپ، ئىتتىپاقچىلارنىڭ گېرمانىيىنى ئىشغال قىلىش دائىرىلىرى بېكىتىلدى[5].

يالتا يىغىنىدا يەنە يۇگوسلاۋىيە مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، مەزكۇر ئۈچ دۆلەت مارشال تىتونىڭ دەرھال فاشىزمغا قارشى كۈچلەرنى ئاساس قىلىپ، بىرلەشمە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇشنى قارار قىلدى[6].

## يالتا يىغىنىدا يەنە باشقا مەسىلىلەرمۇ ھەل قىلىندى

ئامېرىكا پرېزىدېنتى رۇزۋېلت، ئەنگلىيە باش مىنىستىرى چېرچىل ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى ستالىن ئارىسىدىكى مۇزاكىرىلەردە يەنە ئۇرۇش چىقىمى ئۈچۈن گېرمانىيىدىن 20 مىليارد دوللار تۆلەم ئېلىش، بۇنىڭ يېرىمىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىش قارار قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق، موسكۋا پۇل ئېلىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن يەنە ئەمگەك كۈچى، سانائەت ئەسلىھەلىرى، پاراخوت ۋە باشقىلارغا ئىگە بولۇش تەلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى[8].

يالتا يىغىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر نەتىجىسى شۇكى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇش مەسىلىسىمۇ مۇزاكىرە قىلىنىپ، ب د ت نىڭ تەسىس قىلىنىش يىغىنىنىڭ 1945 - يىلى 25 - ئاپرېلدا ئامېرىكىنىڭ سانفرانسىسكو شەھرىدە ئېچىلىشى بېكىتىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئۇكرائىنىيە، بېلورۇسىيە قاتارلىق ئىككى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنى ب د ت نىڭ ئەزاسى قىلىشنى قولغا كەلتۈردى. يىغىندا يەنە جۇڭگو بىلەن فرانسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ب د ت تەسىس قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىشى ھەققىدە تەكلىپ بېرىش قارار قىلىندى. بەزى بىر مەلۇماتلاردا جۇڭگونى ب د ت غا كىرگۈزۈشكە ستالىن قارشى چىققان ئىكەن[9].

يالتا كېلىشىمى ئەينى ۋاقىتتا مەخپىي كېلىشىم بولۇپ، بۇنىڭغا جۇڭگو رەھبىرى جاڭ كەيشى، فرانسىيە ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى گېنېرال دىگول قاتارلىقلار تەكلىپ قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نارازىلىقلىرى قوزغالغان. ئەمما دۇنياۋى يېڭى تەرتىپ يەنىلا رۇزۋېلت،

چېرچىل ۋە ستالىن قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتا دۇنيا ۋەزىيىتىنى تەڭشەش ئىقتىدارىغا ئىگە، زاتەن فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئەڭ زور بەدەل تۆلەپ، دۇنيانىڭ سىياسىي تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن ئۈچ ئىتتىپاقچى دۆلەت رەھبەرلىرى پۈتۈشكىنىدەك ئورنىتىلدۇ خالاس.

## يالتا كېلىشىمى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

يالتا يىغىنىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى رۇزۋېلت، ئەنگلىيە باش مىنىستىرى چېرچىل ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى ستالىنلار ياۋروپاغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن باشقا يەنە ئاسىياغا جۈملىدىن سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى ھەم ياپونىيىنىڭ تەقدىرىگە ئائىت مەسىلىلەرنىمۇ مۇزاكىرە قىلىپ، كېلىشىم ھاسىل قىلغان ئىدى. يالتا كېلىشىمىنىڭ سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت قىسمىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا غۇلغۇلىلار داۋام قىلماقتا. بۇ ھەقتە ھەم تۈرلۈك ئانالىزلار ۋە كۆز قاراشلار مەيدانغا چىقماقتا. بىر قىسىم خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە؛ ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىردىكى سىياسىي تەقدىرى مەزكۇر يالتا كېلىشىمى بىلەن مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا باغلىنىشلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە 1944-يىلى 12-نويابىردا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئېلى جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەقدىرىنى ئەنە شۇ ستالىن، چېرچىل ۋە رۇزۋېلت قاتارلىق رەھبەرلەر ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن يالتا كېلىشىمىنىڭ جۇڭگو ۋە موڭغۇلىيىگە ئائىت ماددىلىرى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىشنىڭ رېيال

ئاساسىي بار.

ئامېرىكا جورجى تاۋن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى جېمىس مىللىۋارد ئەپەندىنىڭ قارىشىچە؛ يالتا يىغىنىغا گەرچە جاڭ كەيشى قاتناشمىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگوغا ئائىت قارارلار قوبۇل قىلىندى. يىغىندىن كېيىن، 1945-يىلى 8-ئايدا ستالىن بىلەن جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلدى. نەتىجىدە، 1944-يىلى 12-نويابىر كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان «جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» مۇ ئۆرۈش توختىتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنى جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە ئەۋەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئاشۇ يالتا يىغىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك[10].

كۆپىنچە تارىخشۇناسلارنىڭ ۋە تارىخىي شاھىتلارنىڭ ئورتاق يەكۈنىچە، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ» گومىنداڭغا قارشى ئۆرۈشىنى توختىتىپ، تىنچلىق بىتىم تۈزۈشى ئەمەلىيەتتە ستالىننىڭ بۇ ھۆكۈمەتكە ئىشلەتكەن بېسىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ستالىن شۇ كېلىشىمدىن كېيىن، ئىلى مەسىلىسىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى تەرىقىسىدە ھەل قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ بولغان ئىدى[11].

جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى 2003-يىلى نويابىر ئېيىدا تېلېفون ئارقىلىق مەزكۇر قۇرلارنىڭ ئاپتورىغا مۇنداق دېگەن ئىدى:

«بىتىم دېگەننى بىز چىقارغان ئەمەس، ئۇنى ستالىن چىقارغان، بىز ئۇنىڭغا قارشى چىققان، شۇنچىۋالا غەلىبە قىلىۋاتقان بىز قانداقسىگە يېڭىلىۋاتقان دۈشمەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىمىز؟ سۆھبەت قىلمىز دېگەن بىز ئەمەس ئالدى بىلەن ئاشۇ جۇڭگو ھەم سوۋېت. ستالىن بىزگە بېسىم ئىشلەتتى، بىزنىڭ ئۇنى ئاڭلىماسلىققا نېمە ھەددىمىز؟ بىز ئاشۇ ستالىنغا

ئىشەنگەن ئىدۇق، ئاشۇ گېنېراللارنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلىدۇق، ھەربىي ھوقۇق شۇلارنىڭ قولىدا، پۈتۈن قوماندانلار شۇلاردىن تۇرسا، لېكىن ستالىن دېگەن بۇ بەدبەختنىڭ ئەسلى مەقستى بىزنى ئالداپ، ئۆزىمىزنىڭ قېنى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ گۆشىنى قورۇش ئىكەن»[12].

ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئاشكارىلانغان ئارخىپ ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدا قوزغالغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە سوۋېت ئىتتىپاقى باشتىن ئاخىرى قول تىققان بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ دەسلىپىدىلا تەشكىللەش، ئۇيۇشتۇرۇش ھەم تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارغان. ئەلىخان تۆرە، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىقلار رەھبەرلىكىدىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ تەسىس قىلىنىشىغا غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇللىرى داباشىن ۋە بورىسوپ قاتارلىقلار ئارىلاشقان. جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن سوۋېت كونسۇللىرى (داباشىن ۋە بورىسوپ قاتارلىقلار) ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ خۇددى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئوخشاش ھۆكۈمەت بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئېغىزاكى كېلىشىم بولغان[13]. غۇلجىنىڭ بىر قىسمى ئازاد بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن موسكۋا ئەۋەتكەن گېنېرال ئېگناروۋ ۋە گېنېرال لانفاڭ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ھەربىي-سىياسىي ۋەكىللەر ئۆمىكى غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، 1-ۋە 2- نومۇرلۇق ئۆيىنى تەسىس قىلىپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا دېگۈدەك مەسلىھەتچىلىك قىلغاندىن جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى بىلەن ئاشۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سوۋېت ۋەكىللىرى ئارىسىدىكى سۆھبەتلەردە ئۇلار ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[14]. سوۋېت ن ك ۋ د ئالاھىدە خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ئېگناروپ ئۇيغۇر ئېلى ھۆكۈمىتىگە مەسلىھەتچىلىك قىلغان بولۇپ، گېنېرال لانفاڭ ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئىدى.

بۇلار ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك ستالىن، مولوتوۋ ۋە بېرىياغا ئىلىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات يوللاپ تۇرغان[15]. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرى ستالىن قاتارلىقلارغا ئايدىڭ بولۇپ، ستالىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپلا قالماستىن بەلكى بېرىيا ۋە مولوتوۋلار ئارقىلىق ھەم بەلگىلىمە بېرىپ تۇرغان ئىدى.

يالتا يىغىنىدا ستالىن ئۆزىنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنى پاش قىلىپ، جۇڭگو ۋە موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەن بولسىمۇ، بىراق، تېخى جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈلمىگەنلىكى ھەمدە يالتا كېلىشىمىدە ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرى رەسمىي يوسۇندا كاپالەتكە ئىگە بولمىدى دەپ ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بىردىنلا ئۆزگەرتمىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ 1945-يىلى 8-ئاپرېلدا مىللىي ئارمىيە تەسىس قىلىش ۋە مۇنتىزىم ھالدا داۋاملىق ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە ھەمدە جەنۇبىي يۆلىنىشكە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ھەربىي، مەنىۋى جەھەتلەردىن قوللىدى شۇنىڭدەك مۇستەقىللىق شوئارىنىڭ كەڭ ئەۋجى ئېلىشىنى قوللاپ، ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى ئېيتقاندەك جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن خەلقنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈردى. يالتا يىغىنىدىن ۋە موسكۋانىڭ ئەسلى مەقسىتى ھەم سىياسىي ئىستراتېگىيىسىدىن خەۋەرسىز قالغان جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى پەقەت جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى رەسمىي سۆھبەت باشلاپ، موسكۋادا ئىككى تەرەپ رەسمىي كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ستالىن جاڭ كەيشىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى تىنچلىق بىتىمگە قىستىغاندىلا ئاندىن ستالىننىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ستالىن ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى ئىنقىلابچىلارغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى بىتىمگە قىستىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ قاتارىدا ستالىننىڭ يالتا كېلىشىمىدە قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئىمتىيازلىرىنىڭ جاڭ

كەيشى تەرىپىدىن جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقى، ئەمدى بۇ ئىنقىلابنىڭ ستالىن ئۈچۈن كېرەك ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت خەلقئارا سىياسىي ۋە دىپلوماتىيىلىك ئامىللاردىن ئەينى ۋاقىتتا جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە ۋە باشقا ئەربابلارنىڭ قانچىلىك خەۋەر تاپقانلىقى نامەلۇم. چۈنكى، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ماتېرىياللاردا يالتا يىغىنى ۋە كېيىنكى سوۋېت-جۇڭگو شەرتنامىسىدىن ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى خەۋەر تاپقان ياكى تاپمىغانلىقى، تاپقان بولسىمۇ قانچىلىك دەرىجە ۋە سەۋىيىدە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر يوق.

يالتا يىغىنى جەريانىدا «ئىلى ھۆكۈمىتى» مەسىلىسىنىڭ مۇزاكىرە تېمىسى بولغانلىقى ياكى بولمىغانلىقى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق پاكىت يوقلۇقىنى، ئەمما مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ تەقدىرىنىڭ ئاشۇ يالتا يىغىنىدىن كېيىن ستالىن بىلەن جاڭ كەيشى ئوتتۇرىسىدىكى سوۋېت- جۇڭگو دوستلۇق شەرتنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن رۇسىيىدىكى بارنائۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ پروفېسسورى، ئىلى ئىنقىلابىغا ئائىت سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلغان دوكتور ۋالېري بارمىن ئەپەندىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، ئەنە شۇ يالتا يىغىنىدىن كېيىن ستالىن ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، قوزغىلاڭچىلارغا قورال-ياراق بەرمەسلىككە ۋە ياردەم قىلماسلىققا قارار قىلدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بۇزۇۋېلىشىنى خالىمايتتى، قىسقىسى «باشتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، ئاخىرى ئۇنى قۇربان قىلىۋېتىشتەك ناھايىتى مەينەت بىر ئويۇننى ئوينىدى»[16]. بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ چۈشىنىشىچە، يالتا يىغىنىدا ستالىن بۇ جۇمھۇرىيەتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ مانجۇرىيىدىكى مەنپەئەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. ئۇ، يالتا يىغىنىدىكى كېلىشىملەرگە ئاساسەن جۇڭگو بىلەن شەرتنامە

ئىمزالاپ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى جۇمھۇرىيەت نامىنى ئىشلەتمەسلىككە قىستىغان.

يالتا كېلىشىمىنىڭ ماددىلىرىدا ئۇيغۇر ئېلىغا جۇملىدىن غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئائىت ھېچقانداق ماددا يوق. بۇ نۇقتا كېلىشىم تەركىبىگە كىرگۈزۈلمىگەن. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ مەزكۇر مەسىلىنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىنغىنىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇقتا دەل يالتا كېلىشىمىنىڭ سوۋېت-جۇڭگو-ياپونىيە ماددىلىرى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر.

ئامېرىكا ئالىمى يازغان «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ناملىق كىتابقا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر يىغىندا ستالىن موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش، مانجۇرىيە ۋە باشقا جايلاردىكى ئىمتىيازلارغا ئېرىشىش بەدىلىگە ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان ھاكىمىيىتىنى مۇنقەرز قىلغان[17]. لېكىن، جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى، مەرھۇم ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى «يالتىدا پۈتۈشۈلگەن كېلىشىم بويىچە ستالىن بۇ ھۆكۈمەتنى يوقاتتى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى قۇربان قىلدى دېگەن پىكىرگە قوشۇلمايمەن. بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى پەقەت يالتا يىغىنىغا باغلاش ناتوغرا، مېنىڭچە بىزنىڭ تەقدىرىمىز ستالىننىڭ قولىدا ئاللىقاچان بەلگىلەنگەن بولۇپ، ستالىننىڭ ئەسلى نىيىتىدە بىزنى مۇستەقىل قىلىش يوق. ئۇ، ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بەربىر بىزنى قۇربان قىلار ئىدى. ئۇ، پەقەت ئۆز كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈنلا بىزنى قوللىغان ئىكەن. ستالىننىڭ نىيىتىدە ئادىمىلىك يوق، ئۇنىڭ بىزگە قىلغىنى، بىزنى ئالداپ، ئۆزىمىزنىڭ مىيىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ گۆشىنى قورىدى، ئاخىرىدا بىزنى ئالداپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا تۇتۇپ بەردى خالاس، مانا بۇ ئۇنىڭ بىزگە قىلغىنى» دەيدۇ[18] دېمەك، يۇقىرىدا ئېيتىلىۋاتقان سۆز «ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ» ئۇيۇشتۇرۇلۇشىدىن تارتىپ تاكى جۇمھۇرىيەتنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئۆز ئىشلىرىنى

يۇرۇشتۇرۇشقىچە بولغان مەزگىلدە مەخسۇس دۆلەت ئىشلىرى باش كاتىپلىق ۋەزىپىسى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرى ھەم پىلانلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى ئەلىخان تۆرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى ۋە كونسۇللىرى بىلەن بولغان ھەر بىر ئۇچرىشىشلىرىغا ئاساسەن دېگۈدەك ئىشتىراك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىتىنى بىر قەدەر ياخشى چۈشەنگەن ئىدى.

## يالتا يىغىنىدا ستالىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلدى؟

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا يالتا يىغىنى جەريانىدا 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ستالىن بىلەن ئامېرىكا پرېزىدېنتى رۇزۋېلت مەخسۇس سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش شەرتلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن ھەمدە بۇ ئۈچ دۆلەت رەھبەرلىرى 11 ـ فېۋرال كۈنى كېلىشىم ھاسىل قىلغان. ئامېرىكا تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلغان بولۇپ، ستالىن بۇنىڭ ئۈچۈن «تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مەۋجۇت ھالىتىنى ساقلاش، دالىيەننى سودا پورتى قىلىپ خەلقئارالاشتۇرۇش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى لۈشۈن پورتىنى ھەربىي بازا قىلىپ ئىجارىگە ئېلىش. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنى ئورتاق باشقۇرۇش شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىمتىيازلىق ھوقۇقى ۋە جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولۇش ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈش» قاتارلىق شەرتلەرنى قويۇپ، ئاخىرى رۇزۋېلت ۋە چېرچىلنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشتى. نەتىجىدە، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار يالتا كېلىشىمىدىن ئورۇن ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1941 ـ يىلى ياپونىيە بىلەن تۈزگەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمىنى بىكار

قىلىپ، گېرمانىيىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا ماقۇل بولدى. بۇ چاغ ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ياپونىيە قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇشلىرى غەلىبىگە قاراپ مېڭىپ، ئۇرۇش لىنىيىسى ئاراللاردىن ئۆتۈپ، ياپونىيە زېمىنىغا قاراپ تەرەققي قىلىۋاتاتتى، ئەگەردە سوۋېت ئىتتىپاقى مانجۇرىيىدىكى ياپونىيىنىڭ تەخمىنەن بىر مىليون كىشىلىك كانتون ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلسا، بۇ پۈتۈن جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدىكى ياپونىيە قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تېزلىتىپلا قالماستىن بەلكى، ياپونىيىنىڭ تىنچ ئوكياندا تامامەن مەغلۇپ بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەسلىم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگىلى ھەمدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ چىقىملىرىنى ئازلاتقىلى بولاتتى. ياپونىيىنىڭ تەسلىم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگەندە، پۈتۈن دۇنيادا ئۇرۇش ئوتلىرىنى تولۇق ئۆچۈرۈپ، دۇنيا ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. ئەلۋەتتە، شۇنى تەكىتلەش مۇمكىنكى، ئەگەردە تىنچ ئوكيان رايونىدا ئامېرىكىنىڭ تۆت يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش قىلىپ، تىنچ ئوكيان رايونىنى ئازاد قىلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىگە كىرىپ، ياپونىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشى بولمىغان بولسا، جۇڭگونىڭ ياپونلار ئىشغالىيىتىدىن 1945-يىلى 8-ئايدا ئازاد بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەلكى، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى يەنە قانچە يىللار داۋاملىشىشىنى پەرەز قىلىش تەس.

يالتا يىغىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەھمىيىتىنىڭ بىرى شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى قانچىلىك مەنپەئەتكە ئېرىشسۇن، بەربىر ئاخىرقى ھېساباتا بۇ جۇڭگونىڭ چوڭ بىر دۆلەت بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولدى. كېيىن، ماۋزېدۇڭ ستالىننىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ بولغاندىن كېيىن بەربىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمدە ئىلگىرىكى چار رۇسىيىنىڭ ئازغىنا كەم بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت تىكلىگەن مانجۇرىيىدىكى مەنپەئەتلىرىنى بىكار قىلىپ، بۇ جايدىن رۇس تەسىرىنى

تازىلىۋەتتى خالاس!

## يالتا كېلىشىمىدىن كېيىنكى سوۋېت ــ جۇڭگو كۈرىشى

ئەگەردە ئىلىدا قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت مەسىلىسى يالتا يىغىنىدا مەخسۇس تۈردە مۇزاكىرە قىلىنمىدى دېگەندە، بۇنى ستالىننىڭ «مەزكۇر جۇمھۇرىيەت مەسىلىسىنى» خەلقئارالاشتۇرماي، ئۇنى پەقەت ئۆزىنىڭ يالتا كېلىشىمىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىلا ئىشلەتتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەردە بۇ مەسىلە يالتا كېلىشىمىدە مۇزاكىرە قىلىنسا بەلكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كۆزلىگەن مەقسىتى ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىنى شۈبھىلەندۈرۈشى ھەتتا بۇ مەسىلىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن تونۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، چۈنكى، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىلى ئىنقىلابىنى قوللىغانلىقىنى، ھەتتا جۇمھۇرىيەتنى ھەربىي-سىياسىي كادىرلار شۇنىڭدەك ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئەزەلدىنلا مەخپىي تۇتقانلىقى ئۈچۈن بەلكى بۇ مەسىلىنى مەزكۇر سورۇنغا ئېلىپ چىقماي، پەقەت ئۇنى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىلا مۇزاكىرە قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆز ئالدىغا پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەينى ۋاقىتتا ئىلىدا يۈز بەرگەن ئىنقىلاب ۋە تەسىس قىلىنغان ھۆكۈمەتنى ھەربىي ھەم سىياسىي جەھەتتىن قوللىغانلىقىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمىغان بولۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى غەرب دىپلوماتلىرىغا بۇ ۋەقەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئويناپ چىققان دەپ تەشۋىق قىلىشقا، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىغا ئەسكەر كىرگۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان ھەمدە جۇڭگو مەركىزىي گېزىتلىرى بۇنداق ئۇچۇرلارنى تارقاتقان. چوڭچۆچەكتىكى غەرب دىپلوماتلىرى پەقەت جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئارقىلىقلا «ئىلى ۋەقەسى» ھەققىدە ئۇچۇرغا ئىگە بولغاندىن سىرت يەنە ئۈرۈمچىدىكى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا كونسۇلخانىلىرىمۇ ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ

ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئارقىلىق دىپلوماتىيىلىك يول بىلەن «ئىلى ۋەقەسى» ھەققىدە قىسمەن ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي ئارمىيىنى ماناس دەرياسى بويىدا توختىتىپ قويۇپ، ئۈرۈمچىگە كىرگۈزمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بەلكى، ئۈرۈمچىدە ئاشۇ غەرب دىپلوماتلىرىنىڭ بارلىقى، ئەگەر ئىلى ئارمىيىسى ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېرىۋاتقان ياردەملىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى خالىمىغانلىقى بولسا كېرەك.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپتىلا كەڭ كۆلەملىك ئىنقىلاب قوزغاش پىلانىنى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان شۇنىڭدەك ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا ئەمەس، بەلكى تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى غەرب دۆلەتلىرى بىلەن چېگرىسى بولمىغان، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم سوۋېت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى موڭغۇلىيە بىلەنلا چېگرىلىنىدىغان ئىلى، ئالتاي ۋادىسىدا قوزغىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى پەقەت ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقى دائىرىسىدىلا چەكلەپ، مەزكۇر جايغا جەنۇب ۋە شىمال ياكى شەرقتىن ھېچقانداق غەيرىي كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرەلمەسلىكى ھەمدە ئۇچۇر ئىگىلىيەلمەسلىكىتەك ۋەزىيەت بەرپا قىلدى. بۇ خىل جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەم موسكۋانىڭ ئىنقىلابنى كېڭەيتىۋەتمەي، ئۆز قولىدا كونترول قىلىشى ئۈچۈن قۇلايلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلىدى. ئەگەردە مۇتلەق كۆپ قىسىم نوپۇس ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان، تارىم ۋادىسى جۇملىدىن قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، ئىنقىلاب قوزغالسا ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى غۇلجىنى ئەمەس بەلكى، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا مەۋجۇت بولغان بولسا، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىپ، ھەممە ئىشلارنى قامال قىلىشنى:

بىرىنچىدىن؛ قەشقەرىيە بىلەن قوشنا ئۇلۇغ بىرتانىيەدىن ۋە باشقا مەملىكەتلەردىن يوشۇرالمايتتى. بۇ ئىش تېزدىنلا پۈتۈن دۇنياغا بىلىنىپ كېتەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشى بويىچە ئالغاندا بۇنىڭغا «ئىنگلىزلار قول تىقىشى مۇمكىن ئىدى».

ئىككىنچىدىن؛ بۇ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئۇنچە ئاسان يوق قىلالمايتتى شۇنىڭدەك بۇ ھۆكۈمەتنى قاتتىق كونتروللۇق ئاستىغا ئالالمايتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىدىن قەشقەردە 1933 - 1937 - يىللىرى موسكۋا كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇيغۇر قوزغىلاڭلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشەنمەسلىك ۋە قارشىلىق ئىدىيىلىرى مەۋجۇت.

ئۈچىنچىدىن؛ بۇ جايدىكى مىللىي تەركىب شىمالدىن پەرقلىق بولۇپ، قەشقەرىيە تەۋەسىدە ئۇيغۇرلار% 90 تىن ئارتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايدا رۇسلارنىڭ بىۋاسىتە مەدەنىيەت ھەم سىياسىي تەسىرىگە ئۇچرىغان تاتارلار ھەم رۇس كۆچمەنلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئاز ساندىكى قىرغىزلار ۋە ئۆزبېكلەر شۇنىڭدەك تۇڭگانلارنىڭ ئىنقىلابقا قاتنىششى ئەمما، مۇھىم سالماقنى ئىگىلىيەلمەسلىكى تەبىئىي ئىدى. بىراق، ئىلىدىكى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىدە ئۇيغۇرلاردىن باشقا مىللەتلەر بۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي رەھبىرىي خىزمەتلىرىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇلار ئارىسىدا سوۋېت تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا سوۋېتلار ئىتتىپاقى ئىنقىلابنى كونترول قىلىشتا باشقا مىللىي تەركىبلەردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ئىدى.

تۆتىنچىدىن؛ قەشقەرىيىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا بۇ جاي ئەزەلدىنلا ئىسلام دۇنياسى بىلەن مەنىۋى باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ كەلگەن. ئىسلام دىنىي ئېتىقادى ھەم مىللىي مەدەنىيەت ئىگى كۈچلۈك بولۇشتىن سىرت بۇ جايدا سوۋېت تەسىرىدىن باشقا يەنە تۈرك دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام

دۇنياسىنىڭ تەسىرى ھەمدە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ يوشۇرۇن سىياسىي تەسىرلىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئىدېئولوگىيىلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، كوممۇنىزمغا قارشى پىكىرلەر ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئىسلامى گۈللىنىش، تۈركچىلىك پىكىرلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇستەقىللىق ئىدىيىلىرى مەۋجۇت ئىدى. دېمەك، موسكۋا 1943 - يىلى «شىنجاڭدا» شېڭ شىسەيگە قارشى ھەرىكەت قوزغاش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزگەندە، شىمال بىلەن جەنۇبنى سېلىشتۇرۇپ، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاخىرى ئىلى ۋادىسىنى بازا قىلىشنى تاللىۋالغان ئىدى[19].

يالتا كېلىشىمىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوۋ جۇڭگو ۋە غەرب دىپلوماتلىرىغا ئىلى ۋەقەسىنىڭ «تېز ئارىدا ھەل بولىدىغانلىقىنى» كۆرسەتكەن بولسىمۇ[20]، لېكىن، موسكۋا بەرىبىر مىللىي ئارمىيىنىڭ داۋاملىق ھۇجۇم قوزغاپ، ماناس دەرياسى بويىغىچە كېلىشكە توسقۇنلۇق قىلمىغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب ستالىن بۇنى جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتىنى يالتا كېلىشىمىدىكى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ھەم باشقا بىر قاتار شەرتلەرگە ماقۇل كېلىشكە قىستاشتىكى بىر ۋاستە قىلغان بولۇپ، موسكۋا ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى چېكىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەسلىدىنلا بېكىتىپ بولغان بولۇپ، پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى موسكۋانىڭ يالتا كېلىشىمىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان شەرتلىرىگە كۆندۈرۈشكىچە بولغان ئارىلىقنى چەك قىلغان ئىدى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىرىنچىدىن «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نىڭ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش تەلىپىنى رەت قىلغان. ئىككىنچىدىن بۇ ھۆكۈمەتنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن خۇپىيانە تۇتۇپ، ئۇنىڭ خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. شۇ ۋەجىدىن ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، دەرھال بارلىق ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ھەمدە ھەر قايسى مىنىستىرلىكلەر تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما موسكۋا مەسلىھەتچىلىرى مەركىزىي جۇمھۇرىيەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنى

قۇرۇشنى قوللىمىغان. جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمنىڭ ئېيتىشىچە، سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى ئۇلارغا ھازىرچە بۇنداق مىنىستىرلىقنى قۇرۇشنىڭ تېخى ۋاقتى كەلمىگەنلىكىنى، كېيىن تولۇق غەلىبىدىن كېيىن ئۇنى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، موسكۋاغا قاتتىق ئىشەنگەن جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى بۇنىڭغا ماقۇل بولغان[21].

## ستالىن رازۋېدكىسى ئىنقىلابنى خەلقئارالاشتۇرماسلىق ئۈچۈن ئىشلىدى

تارىخىي پاكىتلار بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردا ئاشكارىلانغان نەق ئارخىپ ماتېرىياللىرى كۆرسەتتىكى، موسكۋا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا ھەر قانداق دۆلەت بىلەن ئالاقە قىلىشىنى ھەمدە بۇ جۇمھۇرىيەت دائىرىسىگە باشقا دۆلەت كۈچلىرىنىڭ كىرىشىنى قاتتىق چەكلىگەن بولۇپ، ھەتتا جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەر ھەمدە كۈچلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئارزۇسىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇنى قامال قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس رازۋېدكا خادىملىرىنى ئىشقا سالغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئىلى ئىنقىلابى باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىلىرىدە ھەربىي-سىياسىي تەشكىللەش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرغاندى سىرت يەنە تاشكەنت ۋە ئالمۇتا شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ئىشقا سېلىپ، «شەرق ھەقىقىتى» ۋە «قازاق ئېلى» قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلى، تارباغاتاي ۋە باشقا رايونلارغا كىرگۈزگەن[22]. بۇ ژۇرناللاردا ئۇيغۇرلارنى مۇستەقىللىققا ئۈندەيدىغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇت ھالىتى ھەمدە تارىخىي ئۆتمۈشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقالىلەر كۆپلەپ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، 1943-1944-يىللىرىدا مەزكۇر ژۇرناللار ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىغا تارقالغان. مەزكۇر ژۇرناللارنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرى ۋە تەھرىرلىرى ھەم ئاپتورلىرى ئاتاقلىق سوۋېت ئۇيغۇر رەھبىرى ئابدۇللا رۇزىباقىيېفنىڭ ئىنىسى ئابدۇمېجىت

رۇزىباقىيېف، سىياسىي ئەرباب تۇرسۇن رەھىموف، ۋە ئاتاقلىق شائىر قادىر ھەسەنوپ ھەمدە ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى ئەرشىدىن ھىدايەتوف ۋە باشقىلار ئىدى[24]. شەرق ھەققىتى ژۇرنىلىنى ئالدى بىلەن ئاتاقلىق سوۋېت ئۇيغۇر سىياسىيونى تۇرسۇن رەخىموپ باشقۇردى. 1944 - يىلى 12 - نويابىردا غۇلجىدا جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن تۇرسۇن رەخىموپ موسكۋاغا چاقىرتىلىپ، سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىلى ئىنقىلابى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەن. ھەتتا، بەزى ئېنىقسىز ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئادەم مەخپىي رەۋىشتە غۇلجىغا بىر قانچە قېتىم كېلىپ كەتكەن ئىكەن. تۇرسۇن رەخىموپتىن كېيىن بۇ ژۇرنالنى تارىخچى ئەرشىدىن ھىدايەتوپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇمېجىت روزىباقىيېف باشقۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەخپىي كىرگەن مەزكۇر ژۇرناللاردىكى تارىخىي، سىياسىي ماقالىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، مىللىي ئىنقىلاب قاتناشقۇچىلىرىدىن يازغۇچى مەسۇمجان زۇلپىقاروف ۋە تۇرسۇن قاھارى قاتارلىقلار ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ژۇرناللارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن بىلىم ئالغانلىقى ۋە گومىنداڭغا قارشى ھېسسىياتلىرىنىڭ تېخىمۇ ئاشقانلىقىنى چۈشەندۈردى. سەيدۇللا سەيفۇللايېفنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالمۇتا ئەتراپىدا فاتىخ باتۇر، سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ قاتارلىقلارنىڭ قاتنىشىشى ئاستىدا ھەربىي - سىياسىي كۇرس ئېچىلىپ، تەييارلىق ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل بويىدا 30 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىلەردىن ئىسھاقبەگ مۇنونوپ، رازاق مەۋلانوپ (مەمتىلى تەۋپىق قاتارلىق 300 نەچچە ئادەمنىڭ قاتىلى) قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقى ھەم قاتنىشىشى ئاستىدا «باتۇر»، «بۈيگى» نامىلىق ئىككى مەخپىي قوراللىق ئەترەت قۇرۇلۇپ، ھەربىي - تەلىم تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان. بۇ گۇرۇپپىلار سوۋېت ك گ ب سى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ئىدى[25].

ئۇيغۇر ئېلىدە ئىنقىلاب قوزغاش ئىشى 1943-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن قارار قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتا ستالىن، بېرىيا، مولوتوۋ قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي رەھبەرلىرى بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلغان[26]. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبىرى بېرىيا ئاساسلىق ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ قوزغىلىشىدىن ئىلگىرىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق جايلىرىدىكى كونسۇللىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭغا قارشى كەيپىياتلارنى كۆزەتكەن ھەمدە مەخسۇس ماتېرىيال توپلاپ ۋە يەرلىك ئىنقىلابىي پىكىردىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارغا ئىلھام بېرىش ھەم تەشكىللەش ئېلىپ بارغان ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئېلىدە ئىنقىلاب قوزغاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا، ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر، قازاقلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغان، ئالتاي تەۋەسىدە ئوسمان باتۇر باشچىلىقىدا قازاقلارنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭلىرى ھېچ تىنچىمىغان ئىدى. ئىلى ۋادىسىدا غۇلجىنى مەركەز قىلغان ھالدا يەرلىك خەلقلەر بىلەن خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىكى مىللىي زىددىيەت يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، خەلقنىڭ گومىنداڭ ھەربىيلىرى ۋە بىيوكراتلىرىغا بولغان غەزىپى قايناپ تاشقان بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ قاتتىق قول سىياسىتى ۋە باستۇرۇشلىرى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەممە مىللەتنىڭ خەنزۇ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىگە بولغان نەپرىتىنى كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. گومىنداڭ ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدىكى بارلىق دېگۈدەك ھەربىي-مەمۇرىي ھوقۇقلار خەنزۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەن دەسلەپكى چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۆلكىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ

قاتناشتۇرۇلغان. ئۇيغۇرلاردىن خوجا نىياز ھاجىم مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن سىرت يۇنۇس بەگ، ئابدۇراخمان، تاھىربەگ، ماخمۇت مۇھىتى قاتارلىق خېلى كۆپ بىر قىسىم كىشىلەرگە، قازاقلاردىن شەرىپخان، تۇڭگانلاردىن ماشاۋۋۇ، قىرغىزلاردىن ئىسھاق بەگ قاتارلىقلارغا نازىرلىق، قوماندانلىق، ۋالىيلىق ھەم ھاكىملىقتەك ئوخشاش تۈرلۈك رەھبىرى ۋەزىپىلەر بېرىلگەن ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر دىيارى مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى 50 يىل ئىچىدىكى زور يېڭىلىق ئىدى. ئەمما، 1937 ـ 1938 ـ يىللىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، بۇ كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈردى شۇنىڭدەك ھەر قايسى رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدىكى مىللىي باشلىقلار ۋە زىيالىيلار قوشۇنى تازىلاندى. نەتىجىدە، 1943 ـ 1944 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق يەرلىك خەلقلەرنىڭ نارازىلىقلىرى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. يازغۇچى زوردۇن سابىر بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىدا ناھايىتى ئېنىق تەسۋىرلەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شاھىتلاردىن مەرھۇم سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ[27]، زىيا سەمەدى[28] ۋە باشقىلارمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى غۇلجىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە تەپسىلىي كۆرسىتىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ ئەمگەكلىرى ۋە باشقا تارىخىي پاكىتلارغا تايانغاندا 1943 ـ 1944 ـ يىللىرى، ئىنقىلاب پارتلاشنىڭ ھارپىسىدا غۇلجىدىكى مىللىي زىددىيەت شۇ دەرىجىدە ئەۋجىگە چىققانكى، گومىنداڭ ئۇچقۇچى ئوفىتسېرلىرى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ قىز ـ ئاياللىرىغا خالىغانچە باسقۇنچىلىق قىلىدىغان، خەنزۇ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى يەرلىك خەلقلەرنى قىلچە كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. ئەنە شۇنداق نارازىلىقلار ئىلى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق غەزىپىنى قوزغاپ، 1943 ـ يىللىرىدىن باشلاپ غۇلجىدا مەخپىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئىشلىرى باشلانغان.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەربىي نازارىتىنىڭ كاپىتان دەرىجىلىك ئوفىتسېرى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سېكرېتارى ماخمۇت پارماشېفنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئىلىدىكى جۇملىدىن غۇلجىدىكى ئىنقىلابنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى قوزغىغان. 1943-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، 1944-يىلىنىڭ باشلىرىدا غۇلجا شەھىرىدىكى مەھەللىلەردە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ «چوغ»، «غۇنچە» ناملىق يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ بولغان[29]. دېمەك، «ئازادلىق» تەشكىلاتىنى قۇرۇش تەكلىپىنى سوۋېت رازۋېدچىكلىرى ئەنە شۇ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ تەييارلىنىپ قالغانلىقىدەك ۋەزىيەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى چۈشەنگەندىن كېيىنلا ئەلىخان تۆرە، ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم، سالىجان باي، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق كىشىلەرگە بەرگەن ئىكەن. مەزكۇر ئۇيۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە غۇلجىدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكا خادىمى ھاكىم جاپپار يارۇللابېكوپ ۋە يەنە بىر نەپەر پولات ئىسىملىك ئۆزبېك كىشى ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان[30].

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى ۋە تارباغاتايدا باشلىنىش ئالدىدىكى ئىنقىلابنى كونترول قىلىش ھەمدە ئۇنى تەشكىللەش ۋە ئۇلغايتىش ئۈچۈن نىلقا ۋە غۇلجا قوزغىلاڭلىرىدىن ئىلگىرىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى( ن ك ۋ د، كېيىنكى ك گ ب) تەرىپىدىن ئالمۇتا شەھىرى ۋە قورغاستا ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. ن ك ۋ د نىڭ مەزكۇر گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئۇيغۇر دىيارىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، لېكىن مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە تارقالغان ئىدى[31]. ئۇيغۇر دىيارىدىكى سوۋېت ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ئېگناروپ بولۇپ[32]، بۇ ئادەم كېيىن ئەلىخان تۆرىگە مەسلىھەتچىلىك قىلىپلا قالماستىن بەلكى بىر تەرەپتىن غۇلجىدىكى 1- ۋە 2- نومۇرلۇق ئۆيىنىڭ باش رەھبىرى بولغان. جۇمھۇرىيەتكە ھەربىي ۋە

سىياسىي جەھەتلەردىن مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان 1-2-نومۇرلۇق ئۆيلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى جۇمھۇرىيەتنى رازۋېدكا قىلىش بولۇپ، گېنېرال ئېگناروۋ ئۇيغۇر ئېلىغا قارىتىلغان پۈتۈن رازۋېدكا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىغا ئۆزلىرىنى تاتار دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن زىچ ئارىلىشىپ كەتكەن پودپولكوۋنىك ئۇنۇۋاندىكى سوۋېت رازۋېدچىكلىرى (جاسۇسلىرى) باشقۇرت مىللىتىدىن بولغان ئېلى مەمەدوف، قىرغىزىستاندا تۇغۇلۇپ يەرلىك ئۇيغۇر، قىرغىز تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن رۇسلاردىن ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوپ ( ئۇيغۇرچە ئىسمى ئىسكەندەر) ۋە پېتىر ساۋىن ( زاكىر ئەپەندى) قاتارلىق ئۈچ كىشى ئەڭ داڭلىق رازۋېدچىكلاردىن ئىدى. ئۇلار 1933-1937- يىللاردىمۇ جەنۇبىي ۋىلايەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىدى. ئېلى مەمەدوپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېلى ئەپەندى دەپ تونۇلغان ئۇ بىر مەزگىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، پۈتۈن رازۋېدكا ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇ بىۋاسىتە گېنېرال ئېگناروپقا بويسۇناتتى. زاكىر ئەپەندى بولسا، ھەربىي رازۋېدكىنى كونترول قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىسسىق كۆل بويىدا تەشكىللەنگەن «باتۇر» ناملىق قوراللىق گۇرۇپپىنىڭ رازۋېدكا ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبىرى ئىدى. مەزكۇر گۇرۇپپىغا ئىسھاق بەگ مۇنونوپ رەھبەرلىك قىلغان. ئۇنىڭ تەركىبىدە 1937-يىلى قەشقەردە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان سوۋېت ئىنتىپاقى ك گ ب ئوفىتسېرى راززاق مەۋلانوپ قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. زاكىر ئاقسۇغا چۈشكەن قوشۇننىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولغان. ئۇ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغان قوشۇننى كونترول قىلغان بولۇپ، بۇ غۇلجىدىكى ئىسكەندەر ۋە ئېگناروپلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىپ تۇراتتى. ئاقسۇدىن چېكىنىش بۇيرۇقىنىمۇ زاكىر بىلەن ئىسكەندەر يەتكۈزگەن[32]. ئەنە شۇ سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن ئەلىخان تۆرىنىڭ پودپولكوۋنىك سوپاخۇن قاتارلىق باشقا ئۇيغۇر رەھبىرى خادىملارغا ئېلىغا چېكىنمەي، داۋاملىق ئاقسۇدا جەڭ قىلىپ، ئۈرۈمچىنى جەنۇبىي ۋىلايەتلەرگە

كېيىنكى پۈتۈن ئىش ھەققىدىكى ئىككى پارچە مەخپىي خېتى غۇلجىدىكى 2 - نومۇرلۇق ئۆيىنىڭ قوماندانى گېنېرال ئېگناروپنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلىدۇ[33]. ئېگناروپ بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە موسكۋاغا ئۇچۇر يوللايدۇ. قىسقىسى ئەلىخان تۆرىنىڭ ئاقسۇدىن چېكىنمەي، ئىنقىلاب ئوتىنى پۈتۈن جەنۇبقا تۇتاشتۇرۇپ، ستالىننىڭ ئالقىنىدىن قۇتۇلۇپ، مۇسۇلمان دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەتئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. بۇ ھەقتە مىللىي قەھرىمان مەرھۇم سوپاخۇن ئاكا 90 - يىللاردا مۇئەللىپكە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا زاكىرنىڭ كېيىن سوپاخۇن ھەققىدىكى ئەسلىمىسىدە ئۇنىڭ ئاجايىپ قەھرىمان ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىپ، ئۇنىڭ سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلەر (زاكىرنىڭ) نىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن[34].

ئاشۇ ئېلى مەممەدوپنىڭ يېقىندا نەشر قىلىنغان ئەسلىمە خاراكتېرلىك كىتابىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سوۋېت رازۋېدكىسى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى شۇنچىلىك قامال قىلغانكى، ھەتتا، مىللىي ئارمىيە سېپى ۋە ھۆكۈمەتتىكى «ئاق ئورۇس» لار دەپ ئاتالغان مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى پولىنوپ، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى لېسكىن، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مەسلىھەتچىسى گرېبكىن، پولكوۋنىك موگوتنوپ، قىرغىزلاردىن مەۋلانوپ، نوغايباييېف ۋە باشقا نەچچە ئونلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي سىياسىي خادىملار سوۋېت رازۋېدكىسىغا باغلانغان ۋە ئۇنىڭ بىۋاسىتە خادىملىرى بولغان ئىكەن. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى مىنىستىرلىقلىرىدىكى مەسلىھەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېت ن ك ۋ د سى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بولغان. مەزكۇر كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، گېنېرال ئېگناروپ تاكى 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە قورغاستا تۇرۇپ، ئۇيغۇر ئېلىدىكى ھەربىي - سىياسىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا رەھبەرلىك قىلغان. ھەتتا، ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، 1945 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكا ئورۇنلىرى بىر كىشىنى

«ئافغانىستاندىن كەلگەن» دېگەن نام بىلەن غۇلجىغا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۆزبېكچە، پارسچە تىللارنى ياخشى سۆزلەيدىغان بۇ ئادەم ماشىنا ھەيدەش ۋە رېمونت قىلىش، ھەربىي كوماندىرلىق، رەسساملىق ھەمدە خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەت شۇنىڭدەك دىنىي ئىلىم قاتارلىق ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن تولىمۇ قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى. ئەلىخان تۆرە ئۇنىڭ ئىلىدا ئۇيغۇر ئېلى جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ياردەمگە كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ئۆز يېنىدا قالدۇرغان. ئۇ ئەلىخان تۆرە بىلەن بىر مەزگىل بىرگە يۈرگەن ھەمدە ئۇنىڭ كانۋويلىرىغا ھەربىي بىلىملەرنى ئۆگەتكەن. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئەسلى چەتئەل ئىشپىيونى ئىكەنلىكى پاش بولدى دەپ تۇتۇپ كېتىلىپ ئىز دېرەكسىز يوقالغان. ئەسلىدە ئۇ، چەتئەل ئىشپىيونى ئەمەس بەلكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەلىخان تۆرىنىڭ يېنىغا تاشلىغان جاسۇسى ئىكەن، ئۇ ئەلىخان تۆرىنىڭ ئىچكى كۆز قاراشلىرى ھەمدە مەقسەتلىرىنى كۆزىتىشكە مەخسۇس ئەۋەتىلگەن ئىكەن[36].

ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تەرەپتىن مىللىي ئىنقىلابنى قوللىغان بىلەن ئۇنى تولۇق قامال قىلىش ئۈچۈن بارلىق چارىلەرنى قوللانغان بولۇپ، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكىسى ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان. سوۋېت رازۋېدكىسى ستالىنىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى خەلقئارالاشتۇرماسلىقتا زور نەتىجە قازانغان بولۇپ، ھەتتا يالتا يىغىنى ۋە ستالىنىنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرىدىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرى خەۋەرسىز بولۇپلا قالماستىن بەلكى، جۇڭگو رەھبىرى جاڭ كەيشىمۇ خەۋەرسىز قالغان ئىدى. ئۇ، پەقەت كېلىشىم تۈزۈلۈپ، بىر قانچە ئايلاردىن كېيىنلا ئەنە شۇنداق بىر كېلىشىمنىڭ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. جۇڭگو دائىرىلىرى بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇلارنىڭ كۈچسىز ھەم پاسسىپ خەلقئارالىق ئورنى بۇنىڭغا يول قويمىغان. جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى

ستالىن ھۆكۈمىتى بىلەن تىركىشىشتا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئامالسىز قالغان. ستالىن باشتىن ئاخىرى ئاكتىپ ئورۇندا تۇرغان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بولسا پاسسىپ ھالەتتە قېلىۋەرگەن 1945-يىلى 6-ئايدىن باشلانغان سوۋېت-جۇڭگو ئۇچرىشىشلىرىدا ستالىن ئەگەر جۇڭگو يالتا كېلىشىمىدىكى شەرتلەرگە كۆنسىلا جۇڭگونىڭ «شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى» غا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نەتىجىدە، 1945-يىلى 8-ئىيۇن كۈنى جاڭ كەيشى يالتا كېلىشىمىدىكى ماددىلارغا ئاساسەن «ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ۋە شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى ھەم زېمىن پۈتۈنلۈكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلسا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلارنى داۋاملىق قوللىماسلىقتا كاپالەتلىك قىلسىلا، ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە جۇڭگو دالىيەننىڭ ئەركىن پورت بولۇشى، شەرقىي شىمال تۆمۈر يولى ۋە لۈشۈن پورتىنى سوۋېت-جۇڭگو ئورتاق پايدىلىنىشقا ئەمما باشقۇرۇش ھوقۇقى جۇڭگونىڭ قولىدا بولۇشقا قوشۇلىدۇ»[39] دېگەنىدەك قارارغا كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە رەسمىي بىلدۈردى. جاڭ كەيشىمۇ «شىنجاڭ» بىلەن مانجۇرىيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زور مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار بولغان، ستالىنمۇ ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئېلىنى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى قۇربان قىلىشقا تەييار بولغان، قىسقىسى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر مەسىلىسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسى سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئاچقۇچلۇق نۇقتىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ستالىننىڭ قولىدىكى سىياسىي قارتقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

## سوۋېت—جۇڭگو دوستلۇق شەرتنامىسى ۋە ئىلى ھۆكۈمىتى

1944-يىلى 8-ئايلاردا باشلانغان ئۈلاستاي تاغلىرىدىكى قوراللىق

ھەرىكەت بارا-بارا كېڭىيىپ، ئاخىرى شۇ يىلى 10-ئايدا ئىلقا ناھىيىسىنىڭ ئازاد بولۇشى بىلەن زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئازادلىق تەشكىلاتىمۇ جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، غۇلجا شەھىرىدە قوزغىلاڭ تەييارلىقى ئېلىپ باردى ھەمدە 7-نويابىر كۈنى غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ 1-ئوقىنى ئاتتى. بەش كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى مۇھىم جايلار ئىشغال قىلىندى. ئازادلىق تەشكىلاتى جىددىي يىغىن چاقىرىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى يالتا يىغىنى ئېچىلغۇچە بولغان ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتى ئازاد قىلىنىپ، ئىلى گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن تەلتۆكۈس تازىلاندى. بۇ جەرياندا جۇمھۇرىيەت ئۆزىنىڭ ھەممە ھاكىمىيەت سىستېمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى ھەمدە جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىنى ئازاد قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئېلىپ باردى. زوردۇن سابىر، زىيا سەمەدى، سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ، ئابدۇراخمان قاھار، تۇردى سامساق قاتارلىقلارنىڭ تەسۋىرلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا شۇنداق قاينام تاشقىنلىق مەنزىرە شەكىللەنگەنكى، «ھەممە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن»، «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن»، «جۇمھۇرىيەت بايرىقىنى شىڭشىڭشياغا قاداش» شوئارى ئاستىدا ھەممە خەلق ئۆزلىرىنى ئىنقىلاب قوينىغا ئاتتى[40]. ئەنە شۇنداق روھ تۈپەيلىدىن جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇنجى ئەسكەر قوبۇل قىلىش مىزانىدىمۇ 18 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەسكەر بولۇش بەلگىلەنگەن بولۇپ، 1945-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى مۇنتىزىم مىللىي ئازادلىق ئارمىيە قۇرۇلۇپ، بۇرۇنقى تارقاق پارتىزانلىق ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلدى. بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىق ئاستىدىكى مۇنتىزىم، ئىنتىزاملىق ھەربىي سىستېما بەرپا قىلىنىپ، ھەربىي مەشقلەر كۈچەيتىلدى ھەمدە شىمالىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي يۆلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ فرونتتا جەڭ قىلىش ھەربىي پىلانى تۈزۈلدى. 1945-يىلىنىڭ ئىيۇن ئايلىرىدىن ئېتىبارەن شىمالىي ۋە ئوتتۇرا يۆلىنىشتىكى قوشۇنلار ھۇجۇملىرىنى باشلاپ، شەرقتە ئۈرۈمچىگە، شىمالدا تارباغاتاي ۋە ئالتايغا

قاراپ ئاتلاندى. بۇ يەردە شۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدىكى، نېمە ئۈچۈن ستالىن يالتا كونفېرېنسىيىسىنىڭ روھىغا بىنائەن بۇ يېڭى جۇمھۇرىيەتكە ياردەم بېرىشنى دەرھال توختىتىپ قويماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنقىلابنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى ۋە مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇپ، ئۈچ سەپ بويىچە جەڭ قىلىشىنى قوللايدۇ؟ بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەقىقەتەن مىللىي ئارمىيىنىڭ چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇملىرى پەقەت يالتا يىغىنىدىن كېيىن باشلانغان ئىدى. مىللىي ئارمىيە 1945-يىلى 5-6-ئايلاردىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا ۋە شىمالىي يۆنىلىش بويىچە شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقاندا ستالىن بىلەن جاڭ كەيشى ئارىسىدا دىپلوماتىيىلىك كۆرەشلەر ئەۋج ئېلىۋاتاتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ستالىنىنىڭ ئاشۇ يالتا يىغىنىدا چېرچىل ۋە رۇزۋېلتنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئەمما، جۇڭگونىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولمىغان بىر قاتار شەرتلىرىدىن ئاستىرىتتىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، ئەمما تېخى يالتا كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئەمەس ئىدى[41]. جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتىنى غەزەپلەندۈرگەن نۇقتا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى پەقەت نەزەرگە ئالمىغانلىقى، يەنى دۇنيانىڭ تەرتىپىنى بەلگىلەيدىغان بۇ مۇھىم يىغىنغا جۇڭگونى قاتناشتۇرماستىن ئەكسىچە، ئۇنىڭ «مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلىشقا تەكەللۇپسىز» بولۇپ، جاڭ كەيشى بۇ كېلىشىمنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، لېكىن ئامال قانچە؟ جۇڭگونىڭ ياپونىيە ئىشغالىيىتىدىن ئازاد بولۇپ، ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىدە يۇقىرىدىكى ئۈچ كۈچلۈك دۆلەتكە تايانماي، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا بويسۇنماي ئامال يوق ئىدى. جاڭ كەيشى 1937-يىلى ياپونىيە جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىغاندىن ئېتىبارەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، جۇڭگوغا ياردەم بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ، ستالىننى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا

سۆرەپ كىرىش ئۈچۈن بارلىق دىپلوماتىيىلىك ۋاستىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما ستالىن جاڭ كەيشىنى دەپ ياپون بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بۇزۇۋېلىشنى خالىمىغان ئىدى[42]. ئەكسىچە ئۇ 1941-يىلى ياپونىيە بىلەن بىتەرەپلىك كېلىشىمى تۈزگەن ھەمدە جۇڭگوغا مەخپىي بېرىۋاتقان ھەربىي ياردەملىرىنى توختاتقان ئىدى[43]. ستالىن سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى باشلانغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي سەپتە ئۇرۇش قىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ياپونىيە بىلەن ئۆزلۈكسىز تۈردە نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، غەربتە گېرمانىيە، شەرقتە ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قېلىپ، بىراقلا گۇمران بولۇشتىن ساقلاندى. ستالىن شەرقىي رايونلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلىرىگىمۇ قوشۇلمىدى ۋە ئامېرىكا بىلەنمۇ ئاشكارا ھەمكارلاشمىدى. جۇڭگونىمۇ ئاشكارا قوللىماي، ياپونىيىنى بەش يىل ۋاقىت ئالداپ تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەربىي سەپتە گېرمانىيە ئارمىيىسىنى سوۋېت تۇپراقلىرىدىن غەلىبىلىك تازىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى.

1945-يىلىنىڭ بېشىدا گېرمانىيىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئايدىڭلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ياپونىيە بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىپ، ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك كۈن تەرتىپكە قويغان ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىپ، بىر تەرەپتىن جۇڭگونى يالتا كېلىشىمىگە كۆندۈرۈشكە يەنە بىر تەرەپتىن ستالىننى تېزرەك ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلاشقا ئۈندىدى[43]. ئىلىدا مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇپ، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا» دېگەن خەتلەر يېزىلغان بايراقلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، جىددىي ھەربىي تەييارلىقلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا يەنى 1945-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلت ۋاپات بولدى. ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان

پرېزىدېنت ترۇمېن ستالىننىڭ يالتا كېلىشىمىدە بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلىش-قىلماسلىقىنى بىلىش ئۈچۈن 5-ئايدا ھوپكىنسنى ستالىن بىلەن سۆزلىشىشكە موسكۋاغا ئەۋەتتى. ھوپكىنس ستالىندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش-قاتناشماسلىقى مەسىلىسىنى سورىغاندا، ستالىن قەتئىي رەۋىشتە بۇنىڭ ھەممىسىنىڭ جۇڭگونىڭ يالتا كېلىشىمىنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكى، پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا قارار چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[44]. ستالىن يەنە ھوپكىنسقا ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇشىنى خالايدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىن زېمىن تەمەسى يوقلۇقى، بولۇپمۇ مانجۇرىيە، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ھەر قانداق مەنىدە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى شۇنىڭدەك يەنە پەقەت ئامېرىكىنىڭلا ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئىپادە قىلدى[45]. ستالىن، ھوپكىنسقا يەنە 7-ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۇڭ زىۋېن بىلەن موسكۋادا يالتا كېلىشىمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرى بويىچە سۆھبەتلىشىشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ترۇمېن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن 6-ئايدا جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۇڭ زىۋېن بىلەن كۆرۈشۈپ، يالتا كېلىشىمىدىكى جۇڭگوغا ئائىت ماددىلار ھەققىدە سورىغاندا، سۇڭ زىۋېن جۇڭگونىڭ بۇ كېلىشىمنىڭ جۇڭگوغا ئائىت ماددىلىرىغا قەتئىي قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. بىراق، ۋاشىڭتون رەھبىرى ئەگەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يالتا كېلىشىمىگە نىسبەتەن قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى[46]. 6-ئاينىڭ 14-كۈنى ترۇمېن سۇڭ زىۋېنگە ستالىننىڭ ھوپكىنسقا بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنلىرىنى ئوقتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يالتا كېلىشىمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرى بويىچە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىنى

تەۋسىيە قىلدى.

جۇڭگو رەھبەرلىرى يالتا كېلىشىمى مەسىلىسى بويىچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلىشىپ، ۋاقىتنى ئارقىغا سوزۇۋاتقاندا ئىلى مىللىي ئارمىيىسى جىڭ ۋە شىخۇ ھەم چۆچەك لىنىيىسىگە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. 6-ئاينىڭ 15-كۈنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭچىڭدىكى ئەلچىسى خېرلى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە رەسمىي تۈردە يالتا كېلىشىمىنى مەلۇم قىلدى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان جاڭ كەيشى ئاخىرى يالتا كېلىشىمى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە قوشۇلدى ھەمدە 6-ئاينىڭ 30-كۈنى موسكۋادا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى سۆھبەت باشلاندى. سۆھبەت باشلىنىش بىلەنلا جۇڭگو ۋەكىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يالتا كېلىشىمىدە ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرىگە ئائىت تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە ستالىن سۆھبەتنى ئۈزۈۋەتتى. لېكىن، 7-ئاينىڭ 7-كۈنى ستالىن پوتسدام يىغىنىغا قاتنىشىش جەريانىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترۇمېننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش-قاتناشماسلىق مەسىلىسىنى تىلغا ئالغاندا، ستالىن قەتئىي رەۋىشتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن تېخى كېلىشىم ھاسىل قىلمىغانلىقىنى، بۇ كېلىشىمنىڭ يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى[47]. سوڭ زىۋېن بىلەن ستالىن ئارىسىدا ئىلگىرى كېيىن بەش قېتىم سۆھبەت ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ستالىن ئۆز شەرتلىرىدىن يانمىدى. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى ھەمدە سوڭ زىۋېننىڭ ئورنىغا ۋاڭ شىجيې موسكۋاغا كېلىپ، 8-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن تاكى 14-كۈنىگىچە ستالىن بىلەن تۆت قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. دراماتىك نۇقتا شۇكى، سوڭ زىۋېن سۆھبەتنى تاشلاپ، جۇڭگوغا قايتقاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ فاتىي لېسكىن باشچىلىقىدىكى شىمالىي فرونت قىسىملىرى تارباغاتاي ۋىلايىتىگە

ھۇجـۇم قوزغـاپ، ئىلگىـرى كېيىن دۆربىلجىننى ۋە 7-ئاينىـڭ 31-كـۈنى چۆچەكنى ئىشغال قىلىپ، پۈتۈن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى جاكارلىـدى. ئوتتـۇرا يۆنىلىشـتىكى قىسـىملار جىـڭ ۋە شىخۇ ئەتراپىـدىكى گومىنداڭ مۇداپىئە نۇقتىلىرىغا ھۇجۇم قوزغاپ، گومىنداڭ كۈچلىرىنى جىڭ ۋە شــىخۇ شــەھەرلىرىگە قاپســىۋالدى. قىسقىســى مىللىــي ئارمىيىنىــڭ ھۇجـۇملىرى تېخىمـۇ شـىددەتلىك تـۈس ئالـدى. غۇلجىـدىكى سـتالىننىڭ بىۋاستە ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدىغان 2-نومۇرلۇق ئۆينىڭ باشلىقلىرى يەنى جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچىلىرى گېنېرال مايور ئېگناروپ بىلەن گېنېرال لېيتېنانت لانفاڭ رەئىس جۇمھۇر ئېلىخان تۆرىنىـڭ ياردەم تەلەپلىرىنـى بەجـا كەلتـۈرۈپ، ئۇنىـڭ بـارلىق شـوئارلىرىنى ۋە سىياسـىي تەدبىرلىرىنى ھىمـايە قىلـدى. سـوۋېت ئىتتىپـاقى كوممۇنىسـتلار پارتىيىسـى مەركىزىــي كــومىتېتى سىياســىي بىيورۇســى 1945-يىلــى 6-ئايــدا يىغىــن چاقىرىـپ، مىللىـي ئارمىيىنى كـۈچەيتىش ئۈچـۈن 500 نەپەر قىزىـل ئـارمىيە ئوفىتســېرى، 2000 جەڭچــى ئەۋەتىــش ھەققىـــدە مەخســۇس قـــارار چىقاردى[48]. بۇ قاراردىن كېيىن ئىچكى ئىشلار رەھبىرى بېرىيانىڭ تاشقى ئىشــلار مىنىســتىرى مولوتوپقــا يوللىغــان مەخســۇس مەلۇمــات خېتىـــدە «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلاڭ ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن قىزىل ئارمىيە سېپىدىن ئاجرىتىلغان ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەرنـى ئەۋەتىـش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى» دەپ كۆرستىلگەن[49]. بـۇ چاغـدا يەنە زور مىقـداردا ئېغىر-يېنىك قورال-ياراقلار ۋە ئوق دورىـلار مىللىـي ئـارمىيىگە بېرىلگەن بولۇپ، ئەلىخان تۆرىنىـڭ 1945-يىلـى مـاي ئېيىـدا موسـكۋا رەھبەرلـىرىگە يازغان خېتىدىكى ياردەم تەلەپلىرىگە جاۋابەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكـۈمىتى يۇقىرىقىدەك ياردەملەرنى كۆرسەتكەن ئىدى[50].

مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا يـاردەم بېرىش ئىشـلىرىغا ئوتتـۇرا ئاسـىيا جۇمھۇرىيەتلىرىمۇ جەلپ قىلىنغان بولۇپ، ئارخىپلاردىن ئاشكارىلىنىشىچە، ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھـۇرىيىتى مىنىسـتىرلار كابىنېتىنىـڭ رەئىسـى

ئابدۇراخمانوپ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بىرىيادىن ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى مالىيە مىنىستىرلىقىغا يازغان مالىيە خامچوت ئىلتىماسىنى تەستىقلاشنى قوللاشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ بۇ ئىلتىماستا «ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1946 - يىلدىكى خامچوتىغا شىنجاڭدا ئېلىپ بارىدىغان ھەرىكەتلىرىگە كېتىدىغان چىقىملار ئۈچۈن بەش مىليون رۇبلىي پۇل قوشۇپ بېرىش» تەلەپ قىلىنغان[51]. ئەلۋەتتە، تارىخىي شاھىتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە بەرگەن ھەربىي ياردەملىرى ئۈچۈن مەزكۇر جۇمھۇرىيەتتىن زور مىقداردا تۆلەم ئالغان بولۇپ، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ھەر بىر ئېغىر - يېنىك قوراللار ۋە ئوق دورىلار ۋە باشقا ئەسلىھەلەر ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەلۇم مىقداردا چارۋا مال، ئاشلىق ئۆتكۈزۈپ تۇرغان[52]. ئەمما، بۇ بەربىر چەكلىك بولۇپ، موسكۋانىڭ ھەربىي تېخنىكا، ھەربىي قوماندانلىق ۋە باشقا ماددىي ھەم مەنىۋى تەرەپلەردىكى ياردەملىرى يەنىلا مۇھىم رول ئوينىغان. تارىخىي ئارخىپلاردىن ئاشكارىلىنىشىچە، ھەتتا دۆربىلجىننىڭ ئېلىنىشىغا بىۋاسىتە موسكۋادىكى ئىچكى ئىشلار قىسىملىرىنىڭ قوماندانى بۇيرۇق قىلغان. دېمەك، موسكۋا گەرچە يالتا كېلىشىمىدە ئۆزى كۆزلىگەن مەنپەئەتلىرىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بۇ مەسىلىدە ئېنىق كېلىشىم ھاسىل قىلمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يالتا كېلىشىمىگە ئاسان كۆنمەيدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قوللاشنى داۋاملاشتۇرۇپلا قالماستىن مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي ئۇرۇشىنى جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ يالتا كېلىشىمىدىكى ماددىلارغا تېزرەك ماقۇل بولۇشى ئۈچۈن پايدىلانغان خالاس. ستالىن 1945 - يىلى 9 - ئىيۇل كۈندىكى جۇڭگو ۋەكىلى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە ئىلى ئىنقىلابى مەسىلىسىدە توختىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن «شەخسلەرنىڭ قورال ياراق توشۇشىنى توختىتىدىغانلىقى ھەمدە چېگرانى قامال قىلىدىغانلىقى»نى بىلدۈرۈپ[53]، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىن كۈتىدىغان باشقىچە نىيىتى

يوقلۇقىنى ئىپادە قىلدى. ئەمما بۇ چاغدا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا تېخى كېلىشىم تۈزۈلمىگەن بولۇپ، پەقەت ئىككى تەرەپ قول قويغان كېلىشىملا ستالىننى خاتىرجەم قىلالايتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرى كاپالەتكە ئىگە بولغان بولاتتى. شۇڭا، تاكى كېلىشىم تۈزۈلگۈچە بولغان ئارىلىقتىچە ئىلى مىللىي ئارمىيىسى ھۇجۇملىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جىڭ-شىخۇ لىنىيىلىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. شىمالىي فرونتتىكى قىسىملار بولسا، چۆچەك ۋە ئالتاي تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ، جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى ستالىننىڭ شەرتلىرىگە قوشۇلۇشنى ئارقىغا سۈرگەنسېرى ۋە ياكى قارشىلىق بىلدۈرگەنسېرى مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرى شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىدە «پۈتۈن شىنجاڭ قولدىن كېتىدىغان بولدى» دېگەندەك خەۋپسىرەشنى پەيدا قىلىپ، بۇ ئۇلارنىڭ ستالىن ئوتتۇرىغا قويغا تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش رولىنى ئويناتتى. ئەمما، مۇستەقىللىق دەپ جېنىنى پىدا قىلىۋاتقان ئۇيغۇر جەڭچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىن بەش مىڭ كىلومېتىر يىراقتىكى كرېمىل سارىيىدا ئولتۇرغان ستالىننىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانى ئۈچۈن تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى ھېچ سەزمىگەن ئىدى. مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مۇنداق شىددەت بىلەن ئەۋج ئېلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىدە كېڭىيىۋاتقانلىقى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەر قەدەمدە غەلىبە قىلىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇۋاتقانلىقى ھەمدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارقىسىدا قۇدرەتلىك دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەيۋە بىلەن تۇرغانلىقىنى سەزگەن جاڭ جيېشى ستالىننىڭ شەرتلىرىگە كۆنمەي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئاخىرى چۈشىنىپ يەتتى. بۇ يەردە ئۇنى ئەڭ بىئارام قىلغان مەسىلە يالتا كېلىشىمىدىكى «موڭغۇلىيىنىڭ مەۋجۇت ھالىتىنى ساقلاش» بولۇپ، بۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشى دېگەنلىك ئىدى. ستالىن مانا بۇ مەسىلىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قەتئىي يول قويمىدى. 8-ئاينىڭ 8-كۈنلىرىدىن 15-

كۈنىگىچە، باي، ئاقسۇ كونا شەھەر ئازاد بولدى. 8-ئاينىڭ بېشىدا تاشقورغان قوزغىلاڭچىلىرى ئۇ جايدىكى دۈشمەننى يوقىتىپ، تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسىنى قۇردى. ئارقىدىنلا ئالتاي ئازاد بولدى.

نەتىجىدە، جاڭ كەيشى ستالىننىڭ شەرتلىرىگە ماقۇل بولۇشنى ئارقىغا سوزغانسېرى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز بولىدىغانلىقى، بەلكى موڭغۇلىيىلا ئەمەس يەنە شىنجاڭدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى تونۇپ يېتىپ[54]، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا شەرتنامە ئىمزالاشقا رازى بولدى ھەمدە 1945-يىلى 14- ئاۋغۇست كۈنى موسكۋادا «سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» رەسمىي ئىمزالاندى. بۇ شەرتنامىگە ئائىت ئالماشتۇرۇلغان قوشۇمچە ھۆججەتلەردە گومىنداڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بولسا، «شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى دوستلۇق ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنىڭ 5-ماددىسىدا ئېيتىلغاندەك جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتىمىز يوقلۇقىنى بىلدۈرىمىز» دەپ بىلدۈردى[55].

لېكىن شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ھېچقاچان رەسمىي رەۋىشتە ئۆزىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى قوللىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدىكى بارلىق پائالىيەتلىرى مەخپىي رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتتىن سىر تۇتۇلغان بولغاچقا، ھەر قانداق بىر خەلقئارالىق سورۇندا موسكۋا ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، ئىلى ئارمىيىسى «سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ جىڭ ۋە شىخۇغا قاراتقان ھۇجۇملىرىنى توختاتماي، تاكى مەزكۇر شەرتنامە ئىمزالىنىپ، ئۈچ ھەپتە ئۆتكىچە يەنى مىللىي ئارمىيە 9-ئاينىڭ 6- ۋە 7-كۈنلىرى ئىلگىرى

كېيىن جىنك ھەم شىخونى ئازاد قىلىپ، ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەنگە قەدەر ھۇجۇملىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىغا چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مىللىي ئىنقىلابچىلار بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. 11-سېنتەبىر كۈنى ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگو دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى يېۋسىيېپ بىلەن كۆرۈشۈپ، ياراشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن[56]، موسكۋا رەسمىي تۈردە ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرغۇچى سالاھىيىتى بىلەن ئاشكارا مەيدانغا چۈشتى[57] ئومۇمەن، ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئارقىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇرغانلىقىنى ئەينى ۋاقىتتا موسكۋا دائىرىلىرى ئېتىراپ قىلمىغان بىلەن ئەمما، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى جۇملىدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. شۇڭا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا دىپلوماتىيىلىك مەسىلە نۇقتىسىدىن قارىدى. جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە سوۋېت ھۆكۈمىتىسىز ئىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايتتى. ئىلى ئارمىيىسىنىڭ «سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ جىنك ۋە شىخۇغا قاراتقان ھۇجۇملىرىنى توختاتمىغانلىقى شۇنىڭدەك ماناس دەرياسى بويىغا قىستاپ كېلىشى ھەمدە جەنۇبتا ئاقسۇ ئەتراپىدىكى ۋە تاشقورغان ئەتراپىدىكى جەڭلەرنىڭ داۋاملىشىۋېرىشى يەنىلا بىر تەرەپتىن موسكۋانىڭ ئۆزىنىڭ بۇ ئىنقىلاب بىلەن مۇناسىۋەتنى يوقلۇقىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئىسپاتلاپ بەرمەكچى بولغىنى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن موسكۋا ئارىسىدا شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان تۈگىمەيدىغانلىقىنى، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ جايدا يەنىلا ئۆز تەسىرىنى ساقلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش بولسا كېرەك. ئومۇمەن، يالتا كېلىشىمىدە ئالدىن بەلگىلەنگەن سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن كېيىن موسكۋا شىنجاڭ سىياسىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ يېڭى باسقۇچىنى باشلاپ، مىللىي ئارمىيىنى ماناس دەرياسىدا بويىدا توختىتىپ قويۇپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى

بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قىستىدى. يالتا كېلىشىمىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالاش قارارى ئەمەلىيەتتە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭمۇ ئۇرۇش توختىتىپ، جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن بىتىم تۈزۈش ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساس بولدى.

تىنچلىق بىتىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1949-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ستالىن ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا نىسبەتەن يەنە باشقىچە ئىستراتېگىيە قوللانغان بولۇپ، موسكۋا گەرچە ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى مەيدانغا چىقارغان ھەمدە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كېيىنكى رەھبەرلىرنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دېگەن نامنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغان. سەيدۇللا سەيفۇللايېۋنىڭ بايان قىلىشىچە، بىتىمدىن كېيىن جۇمھۇرىيەت نامى ئەمەلدىن قېلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىلى ۋىلايىتى»، «شەرقىي تۈركىستان تارباغاتاي ۋىلايىتى»، ئالتاي ۋىلايىتى دېگەندەك ناملار ئىشلىتىلگەن. موسكۋا بەربىر ئازاد ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يەنىلا بىر گەۋدە سۈپىتىدە مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى قوللىدى. ئەمما، موسكۋا يەنىلا ئۈچ ۋىلايەتكە بولغان كونتروللۇقنى قولدىن بەرمىگەن بولۇپ، سوۋېت رازۋېدكىسى مەخپىي رەۋىشتە پەقەت گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ئولجا ئالغان قوراللار بىلەن قوراللانغان مىللىي ئارمىيىنى ۋە ھۆكۈمەتنى داۋاملىق نازارەت قىلىپ تۇردى. ئەلىخان تۆرىگە مەسلىھەتچىلىك قىلغان 2-دوم باشلىقى گېنېرال ئېگناروپ تاكى 1949-يىلىنىڭ كۈز پەسلىگىچە قورغاستىكى سوۋېت رازۋېدكا ئورگىنىدا تۇرۇپ، ئىلىنىڭ ھەربىي-سىياسىي ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىپ تۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى[58]. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىلى ئىنقىلابچىلىرى خۇددى ئەلىخان تۆرە قاتارلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گومىنداڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئارىسىدىكى دىپلوماتىك سورۇنلارنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقانلىقىنى پەقەت ئەڭ ئاخىرقى پەيتلەردىلا

سەزگىنىدەك ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرلىرىنىڭ ستالىن بىلەن ليۇ شاۋچى ئارىسىدىكى 1949-يىلى 7-8-ئايلاردىكى سۆھبەتلەردە بېكىتىلگەنلىكىنى سەزمەي قالغان ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقنى ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى ستالىنىنىڭ قوللىشىسىز ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ دەپ قارىغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلىغان كۆپلىگەن سىياسىي ئەربابلار ھەمدە ھەممىلا يەرگە ئېسىلىپ تۇرغان ئاي يۇلتۇزلۇق جۇمھۇرىيەت بايراقلىرى ۋە «شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ھەربىي بايراقلارنى كۆتۈرگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قاراپ، يەنىلا ستالىندىن ئۈمىد كۈتكەن خەلق ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە موسكۋا سېپىرگەرلىرى تەرىپىدىن پىچىلىپ بولۇنغانلىقىنى ئوخشاشلا سەزمەي قالغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى ئالللىقاچان بېكىتىپ بولغان بولۇپ، ستالىن 1949- يىلى 30-يانۋار كۈنى مىكويياننى مەخپىي تۈردە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن جۇڭگودا كوممۇنىستلار ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت جۈملىدىن سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى ۋە باشقا بىر قاتار سىياسىي مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ماۋزېدۇڭنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى شىبەيپوغا ئەۋەتتى. 8-فېۋرالغىچە بولغان 8 كۈنلۈك سۆھبەت جەريانىدا ئەلۋەتتە، شىنجاڭ مەسىلىسىمۇ مۇزاكىرە قىلىندى. مىكويان ئۆزىنىڭ شىبەيپو زىيارىتى ھەققىدىكى ھېسابات دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازغان:

«ماۋزېدۇڭنىڭ بىزنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان مەقسىتىمىزگە نىسبەتەن گۇمانى بولغان. ئۇ، شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىگە بويسۇنمايدىغان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى مەۋجۇت ۋە ئۇ يەردە كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەۋجۇت دېدى. ئۇ يەنە، 1945-يىلى چوڭچىڭدا باي چوڭشى بىلەن ئۇچراشقاندا ئىلى ۋىلايىتىدىكى يەرلىك قوزغىلاڭچىلار سوۋېت

ئايروپىلانلىرى، تانكىلىرى ۋە زەمبىرەكلىرى بىلەن قوراللانغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن دېدى، مەن ئۇنىڭغا بىزنىڭ شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرمايدىغانلىقىمىزنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە شىنجاڭ زېمىنىغا نىسبەتەن ھېچقانداق زېمىن تەلىپىمىز يوقلۇقىنى، بەلكى شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ تەركىبىگە كىرىشى لازىم دەپ ھېسابلايدىغانلىقىمىزنى قەتئىي ھالدا بىلدۈردۈم»[59].

مىكويان يەنە ئۆزىنىڭ 1949-يىلى 4-فېۋرال كۈنى شىبەيپودىن ستالىنغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا ماۋزېدۇڭغا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى مىللىي سىياسىتى ھەققىدىكى تەكلىپلىرىنى يەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ، مۇنداق دەپ يازغان.

«مەن ماۋزېدۇڭغا بىزنىڭ مەركىزىي كومىتېتىمىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا مىللىي مەسىلىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھەددىدىن زىيادە مۇستەقىللىق بەرمەسلىكنى شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ھاكىمىيەتكە چىقىشىغا باغلىق جۇڭگو دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ ئازلاپ كەتمەسلىكىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇستەقىللىق ئەمەس، بەلكى ئاپتونومىيە بېرىشنى تەۋسىيە قىلىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدىم. ماۋزېدۇڭ بۇ جاۋابقا خوش بولۇپ كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ ھېچ كىمگە مۇستەقىللىق بەرمەيدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى»[60].

مانا بۇ يالتا كېلىشىمى تۈزۈلگەن فېۋرال ئېيىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى فېۋرالدا ستالىننىڭ غۇلجىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەردىن ۋە موسكۋاغا ئىشەنگەن ساددا خەلقتىن خۇپىيانە تۇتۇلغان، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە ئائىت ئۈزۈل-كېسىل قارار بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئەنە شۇ قارار ماۋزېدۇڭغا بىلدۈرۈلۈپ، تەخمىنەن سەككىز ئايلار ئۆتكەندىن كېيىن ستالىن باشلىق كرېمىل رەھبەرلىرى مەخسۇس تەمىنلىگەن ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇپ (بەلكى

شۇنداقتۇ؟) سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى چىتا شەھىرى يېنىدا ھادىسىگە ئۇچرىدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ جەسىتى ستالىن بىلەن ماۋزېدۇڭ ئارىسىدا «سوۋېت- جۇڭگو دوستلۇق، ئۆزئارا ھەمكارلىق شەرتنامىسى» تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاتارلىقلار غۇلجىدىن كېتىپ تەخمىنەن 6 ئايدىن كېيىن ماۋزېدۇڭ بىلەن بىرگە موسكۋادىكى دىپلوماتىيە سورۇنىغا ئىشتىراك قىلغان سەيفىددىن ئەزىز تەرىپىدىن غۇلجىغا ئېلىپ كېلىنىپ، سەيفىددىن، دېڭ لىچۈن ۋە 1944-يىلىدىكى غۇلجا قوزغىلىڭىغا باشتىن ئاخىرى قول تىققان، كېيىن ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلى داباشىن قاتارلىق ئۈچ كىشىلىك ھەيئەتنىڭ رەھبەرلىكىدە دەپنە قىلىنىدى. مانا بۇ چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى ئاجايىپ قىسمەتلەرنىڭ داۋامى ئىدى.

## رۇس مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يەكۈنلىرى ئاستىدىكى ئىلى ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرى

بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىردىن ئىلگىرىكى 27-ئاۋغۇست، شەرقى تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قازا تاپقان خاتىرە كۈنىدۇر (بۇ چېسلا باشقىچە بولۇشى مۇمكىن.)

ئېنىق دەلىل ئىسپاتى بولمىغان بۇ ئۆلۈمنىڭ ۋاقتىنىڭ 8-ئاينى 27-كۈنى ئىكەنلىكى ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ۋە خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن بىردەك ھالدا دۇنياغا جاكارلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تاسادىپىي ھادىسە دۇنيا تارىخىدىكى مۇھىم سىرلىق ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى ھەمدە موسكۋا ۋە بېيجىڭ كىشىلەرنى قايىل قىلالىغۇدەك پاكىتلىرىنى

تېپىپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا بۇ تېمىغا قىزىققۇچىلار 50 نەچچە يىلدىن بۇيان مەزكۇر تراگېدىيىگە ئىشەنمەي، ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك قىياسلىرىنى ۋە پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى رۇس خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت كۆپلىگەن مەخپىي ئارخىپلار ئېچىلىپ، بۇ دەۋردىكى لېنىن ۋە ستالىننىڭ ئۇيغۇر سىياسىتىنىڭ ماھىيەتلىرى ئاشكارىلىنىش بىلەن كرېملىنىڭ ھېچ قاچان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللىمىغانلىقى، پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىققا تەشنا قەلبىنى ئۆزىنىڭ خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي ئاسىيا سىياسىي ئىستراتېگىيىسى جۈملىدىن ياپونىيە، ئۇلۇغ برىتانىيە ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان بىر مەيدان دىپلوماتىيىلىك ئويۇنلارنى ۋاستە قىلغان مەنپەئەت ئۈرۈشلىرى ئۈچۈن قورال قىلىپ، ئاخىرىدا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا كوممۇنىزم ۋە كاپىتالىزم لاگېرىدىن ئىبارەت بىر-بىرى بىلەن تەخمىنەن 50 يىل دۈشمەنلەشكەن ئىككى قۇتۇپ كۈرىشىدە ئىتتىپاقچى قىلىشنى خام خىياللىغان ماۋزېدۇڭ جۇڭگوسىغا سوغا قىلىۋەتكەنلىكى بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ سىرلىقلىقىنى يوقىتىپ، ئاشكارا خۇلاسىگە ئايلاندى.

ئەڭ قىزىق يېرى شۇكى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئەربابلارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى جۈملىدىن دۇنيا سىياسىي تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان مەزكۇر پاجىئەلىك ئۆلۈمنىڭ قانداقتۇر ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تاسادىپىيلىق بولماستىن بەلكى، سىياسىي ئۆلۈم، سىياسىي پاجىئە يەنى پەقەت بىر قانچە كىشىنىڭلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ پاجىئەسى بولۇپ قالغانلىقى، بۇنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكارلىقىنىڭ ستالىن ئىكەنلىكى ئالدى بىلەن رۇسلارنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن تۇشمۇتۇشتىن ئىقرار قىلىنىدى ھەم قىلىنماقتا.

ئانداقتا رۇسلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە ئەخمەتجان قاسىمى

قاتارلىقلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قانداق يەكۈنلەرنى چىقاردى؟

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن بىر قىسىم رۇس ژۇرنالىستلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەمدە سوۋېت خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ستالىن تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مەسىلەن ئاتاقلىق رۇس ژۇرنالىستى ۋە سىياسەتشۇناسى چۇدادىيېۋ 90-يىللارنىڭ بېشىدا موسكۋادا چىقىدىغان «يېڭى ۋاقىت» ژۇرنىلىدا «ئۇيغۇرلار ستالىن بىلەن ماۋزېدۇڭنىڭ قۇربانلىرى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ ستالىن بىلەن ماۋزېدۇڭنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى قەيت قىلغان. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىيونلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، رۇس سىياسىي ئانالىزچىسى ئاندرېي ئانتونوۋ ئۆز ماقالىسىدە «ستالىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنى يوقىتىپ، موڭغۇلىيىگە ئوخشاش سالاھىيەتتىكى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ماۋزېدۇڭغا بېرىۋەتتى» دەپ خۇلاسە چىقاردى.

1990-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ رۇس ئانالىزچىلىرى ۋە سىياسەتشۇناسلىرى شەرقىي تۈركىستان جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى پەيدا قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرىنىڭ جىددىي بىر ھالەتكە كېلىشى شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىدە ئۇيغۇر ھەرىكىتىنىڭ جانلىنىشى بىلەن بېيجىڭنىڭ بۇ مەسىلىدە رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشى ئىدى. ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ قايتىدىن خىتاي بىلەن موسكۋا دىپلوماتىيە سەھنىسىدە مۇزاكىرە تېمىسىغا ئايلىنىشى، سوۋېتلار ئىتتىپاقى

يىمىرىلگەنـدىن كېيىن بىـر مەزگىـل ئويـۇن قـارتى سۈپىتىدە ئوينىلىـپ، جانلاندۇرۇلغان ئۇيغۇر ھەرىكىتـى خىتـاينى قايتىـدىن موسكۋانىڭ ئالـدىغا كېلىشكە مەجبۇر قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ قالدى. شـاڭخەي ھەمكـارلىق تەشـكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشـىغىچە بولغـان بىـر مەزگىـل ئىچىـدە ئۇيغـۇر قـارتى بـورىس يېلتسـىن، نازاربـايېۋ، كەرىمـوپ، ئاقـايېۋلار تەرىپىـدىن ئۇنۇملـۇك ئوينالـدى. رۇسـىيە ۋە ئوتتـۇرا ئاسـىيادىكى دىپلوماتىيىلىـك ئۆزگىرىشـلەر شۇنىڭدەك ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ موسكۋا بىلەن بېيجىڭ جۇملىدىن ئالمۇتـا، بىشكەك، تاشكەنت ھەم دۈشەنبە قاتـارلىقلار بىـلەن بېيجىـڭ ئارىسـىدىكى كېلىشـىملەردىن ئـورۇن ئېلىشـى رۇسـلاردىكى ئۇيغـۇر مەسىلىسـى ھەققىـدە تەھلىل يۈرگۈزۈشنىڭ يەنە يېڭى دولقۇنىنى قوزغىدى.

قىسقىسى، ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگـۈزگەن ھەر قانـداق بىر رۇس ئالىمى ياكى سىياسـىي ئانالىزچىسـى ئۇيغـۇر مەسىلىسـىنىڭ يېڭـى ئەمەس بەلكى، كونا مەسىلە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىـلەن ئۇيغۇرلارنىـڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىـدا قۇرغـان ئىككـى شـەرقىي تۈركىستان جۇمھـۇرىيىتى جۇملىـدىن 1944-يىلـىدىكى جۇمھۇرىيەتنىـڭ بىۋاسـىتە موسكۋانىڭ دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈن قۇربـان قىلىنـۋېتىلگەنلىكىنى ئېتىـراپ قىلماي قالمىـدى. بـۇ ھەم ئۇلارنىـڭ نەزىرىـدە مەسـىلىنىڭ تـۈگىنى ئىـدى خالاس.

موسـكۋا ئـارخىپلىرىنى 20 يىـل تەتقىـق قىلغـان رۇس تارىخچىسـى بارمىنىڭ «1943—1949-يىللىرىدىكى سوۋېت - خىتاي مۇناسىۋەتلىرى» ناملىق كىتابىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1944-يىلى پارتلىغان شەرقى تۈركىستان ئىنقىلابـى ۋە شـەرقى تۈركىسـتان جۇمھـۇرىيىتى باشـتىن ئـاخىرى سـوۋېت ئىتتىپاقىنىـڭ قوللىشـىغا ئېرىشـكەن بولـۇپ، سـتالىن ئۇيغـۇر خەلقىنىـڭ ئازادلىققا بولغان ئۈمىدىدىن پايدىلىنىپ، شەرقى تۈركىستان ھۆكـۈمىتى ۋە ئارمىيىسـىنى ئـۆز كونتروللۇقىغا ئېلىۋالغـان ئىـدى. ئۇيغـۇرلار سـتالىنىڭ خىتـاي سىياسـىتىدىكى ئويـۇن قـارتى قىلىنىش بىـلەن ئۇيغـۇر خەلقىگە

تولدۇرغۇسىز كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كەلدى دېگەندەك يەكۈنلەرنى چىقاردى. ئۇ يەنە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ تاسادىپىي ئۆز ئەجىلىدە ئەمەس، بەلكى ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بۇ ماقالىنىڭ مۇئەللىپىگە سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدى.

سىبىرىيىنىڭ بارنائۇل شەھىرىدە ئۇيغۇرلار كەلگۈسىدە مۇستەقىل دۆلەت قۇرالامدۇ يوق؟ دېگەن تېمىدا مۇنازىرە ئېلىپ بارغان رۇس ئالىملىرىنىڭ مۇنازىرىسى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن ۋلادىمىر كۈزمىنكىن، بىر گۇرۇپپا رۇس ئالىملىرىنىڭ يەكۈنلىرىگە ئاساسەن مۇنداق خۇلاسە چىقاردى.«ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى 1931-يىلى، 1937-يىلى ۋە 1944-يىلى قايتا يۈز بەردى. بىر قانچە يىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەۋجۇت بولدى. بۇ يېڭى دۆلەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدىكى بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكمۇ بار ئىدى. كرېمىل ماۋزېدۇڭغا يول قويمىغان بولسا، بەلكى بۇ دۆلەت تېخى ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولار ئىدى. (ۋلادىمىر كۈزمىنكىن نوۋوسىبىرسك كەچلىك گېزىتى»)

موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئاتاقلىق خىتايشۇناس ھەمدە قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر ئېلىدە خىزمەت قىلغان ئالىم ۋىليا گېلبارس ئەپەندى موسكۋادا چىقىدىغان گېزىتلەردىن بىرى «نوۋايا گازەتا»نىڭ مۇخبىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، موسكۋانىڭ ئۇيغۇر سىياسىتى ھەققىدە بىر جۈملە سۆز بىلەن خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دېدى: «رۇسىيىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ساتقۇنلارچە پوزىتسىيە، بۇ بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى پۈتۈنلەي كۆڭۈلسىز بىر نۇقتا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ستالىن ماۋزېدۇڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى خىتايغا قوشۇپ بېرىشنى قارار قىلدى ۋە بۇ يەردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ، كۆپلىگەن ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولماي قالدى.»

(«نوۋايا گازەتا»نىڭ ئوبزورچىسى ئاننا پولىتكوۋسكايانىڭ گىلبارس بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى).

ئامېرىكىلىق رۇس ئالىمى ۋىكتور سىنىتكوۋسكىي ئۆز ماقالىسىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ھەققىدە مۇنداق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى: «40-يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قوزغىلاڭچى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئەلىخان تۆرە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ئەزالىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەسلىھەتچىلىرى تەشەببۇس قىلغان كۆرسەتمىلەرگە قارىماي، ئۆز مۇستەقىللىقىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. ستالىننىڭ كېيىنكى ھەرىكىتى گومىنداڭ ۋە خىتاي كوممۇنىستلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا تەسىر كۆرسەتتى. 1949 يىلى ئاۋغۇستتا ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا يېتىپ كەلدى ھەمدە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئېتىپ تاشلاندى... ئۆلتۈرۈلگەن رەھبەرلەرنىڭ ئورنىغا داھىي ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ كېلىشىملىرىگە بويسۇنىدىغان كرېمىلنىڭ يېڭى تىكلىگەن ئادەملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇيغۇرلار نامىدىن سۆزلىشىش ئۈچۈن خىتايغا يېتىپ باردى.» (ۋىكتور سىنىتكوۋسكىينىڭ ماقالىسى «ئافغانىستاننىڭ قوشنىلىرى ــ خىتاي، رۇسىيە ۋە قازاقىستان» غا قاراڭ.)

ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە كۆپ ماقالە يازغان رۇس سىياسىي ئانالىزچىسى ئىگور روتتار موسكۋادىكى ئابرۇيلۇق گېزىتلەردىن بىرى «خەۋەرلەر» دە يۇقىرىدىكى يەكۈنلەرنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغان خۇلاسىنى تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىراق، ماۋزېدۇڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن كرېمىل يېڭى ئىتتىپاقچىسىنى خاپا قىلىشنى خالىمىدى. شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئۆزىنىڭ تولۇق تەركىبى بىلەن ئالمۇتاغا چاقىردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ جايدىن بېيجىڭغا سۆھبەتكە بېرىشى كېرەك ئىدى. بىراق، خىتاينىڭ پايتەختىگە كېتىۋاتقان يول

ئۈستىدە يۇقىرى سالاھىيەتتىكى باشلىقلار بار بۇ ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچرىدى. دېمەك، ‹ئەپسۇسلىنارلىق تاسادىپىيلىق تۈپەيلىدىن› پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان رەھبەرلىكى قازا قىلدى» (ئىگور روتتار، «شەرقىي تۈركىستاندىكى رۇسلار» ، خەۋەرلەر گېزىتى).

ئىگور روتتار موسكۋانىڭ ئاتالمىش ئايروپىلان ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا ئېيتقان «ئەپسۇسلىنارلىق ۋەقە» دېگەن سۆزنىي ھال سوراش ئىبارىسىنى بۇ يەردە تەكرارلاش ئارقىلىق، بۇ ئايروپىلان ۋەقەسىنى كىنايە قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلىشقا قاتنىشىپ، نىلقا تاغلىرىدا بىرىنچى پاي ئوقنى ئاتقان فاتىخ باتۇرنىڭ ئوغلى فەرىت مۇسلىموپ ئۆزىنىڭ تاتارىستاندا دادىسى ھەققىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە قىزىقارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەمما، فەرىت مۇسلىموپ دادىسى فاتىخ مۇسلىموپنىڭ ك گ ب خادىمى ئىكەنلىكىنى، 50 ـ يىللاردا قازاقىستانغا چىققاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ك گ ب نىڭ ئۇنىڭغا تۆھپىكار سۈپىتىدە تۇرمۇش پۇلى بەرگەنلىكىنى يوشۇرماي ئېيتىش بىلەن ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى ھەققىدە تولۇق ئاساسىي بارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: 1949-يىلى ئاۋغۇستتا بارلىق بىرىنچى قول رەھبەرلەر ئالمۇتا شەھىرىگە سۆھبەتكە چاقىرتىلدى ھەمدە ئۇ جايدا ئۇلارغا مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىگە كىرىش تەكلىپى بېرىلدى. بىراق، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرى بۇنىڭغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆيلىرىگە قايتىشقا يول قويۇلمىدى. رەسمىي مەلۇماتلارغا تايانغاندا، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىنى ئېلىپ ماڭغان ئايروپىلان تاغدا ۋەيران بولغانمىش. 1950-يىلى 14-فېۋرالدا موسكۋادا ستالىن بىلەن ماۋ مەخپىي كېلىشىم تۈزدى. بۇ كېلىشىمنىڭ بىر ماددىسىغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۇنيا سىياسىي خەرىتىسىدىن يوقاپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئاپتونوم رايون سۈپىتىدە

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەركىبىگە كىردى. جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنىڭ جىسمانىي يوقىتىلىشىدىن كېيىن ۋاڭ ئېنماۋ قوماندانلىقىدىكى خىتاي ئارمىيىسى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىرىپ، ھەر قانداق قارشىلىقلارنى قانغا پاتۇردى» (فارىت مۇسلىموپ، يىراق ۋە يېقىنلار ــ شەرقىي تۈركىستاندا)

قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھىرىدىكى بىر كوچىغا گېنېرال ئىسھاق بەگ مونونوپ نامىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى ھەمدە ئىسھاق بەگنىڭ يۇرتداشلىرىنىڭ مەخسۇس ئۇنىڭ ھەققىدە كىتاب تەييارلىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان مەركىزىي ئاسىيا ئاگېنتلىقىدىكى ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «1946ــ1946-يىللىرى ئۇيغۇرلار (غېنى باتۇر)، قازاقلار ( ئوسمان باتۇر) ۋە قىرغىزلار ( مونىيپۇ) ۋە باشقىلارنىڭ قوزغىلىشى يۈز بەردى ھەمدە مۇستەقىل دۆلەت شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. خىتايدا ماۋ كوممۇنىستلىرى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سىياسەت قايتىدىن قاراپ چىقىلدى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ‹ئۆزلۈكىدىن تارقالدى› مۇستەقىلچىلەرنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى ن ك ۋ د (سوۋېت ئىچكى ئىشلار كومىتېتى) تەرىپىدىن ‹ھادىسە› ۋە ‹قايغۇلۇق ۋەقە› دېگەندەك ناملار بىلەن جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىلدى»

بارمىن فېدور ئىسىملىك رۇس مۇتەخەسسىسى مۇنداق يازدى: «1944-يىلى، ئۇيغۇرلار قورال كۈچى بىلەن خىتاينىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد بولغاندا، مۇستەقىل دۆلەتچىلىك كە ئېرىشىش پۇرسىتى يەنە بىر قېتىم پەيدا بولدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. بىراق بۇ دۆلەتكە پۈت دەسسەپ تۇرۇش نېسىپ بولماي قالدى، جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا سەپەرگە ماڭغاندا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلدى. بۇ ھادىسە خىتاينىڭ كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئاستىدا بىرلىككە كېلىشىنى قوللايدىغان كرېمىل تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان دەپ ھېسابلانماقتا. (فېدور بارمىن، رۇسىيە ئالاھىدە قىسىملىرى ژۇرنىلى،

2001-يىلى، نويابىر 11-سانى)

ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە ئەتراپلىق ۋە خىلى سىستېمىلىق پىكىر قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى «پارتلاش ئالدىدىكى بومبا» دەپ ئاتىغان رۇس تارىخچىسى بورىس مايناپىۋ ئەپەندى ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە يەنىلا شۇ ئاچچىق تارىخقا مۇراجىئەت قىلماي ئۆتمەي قالمايدۇ. پروفېسسور مايناپىۋ ئەپەندى مۇنداق يازىدۇ: «مىسال شۇكى، شاھىتلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سوۋېت قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ھەمدە موسكۋالىق تەربىيىلىگۈچىلەر تەرىپىدىن تەربىيىلەنگەن ئارمىيىگە ئىگە بولغان. بۇ دۆلەت ھاكىمىيەت ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بارلىق سىستېمىلار يەنى بايراق، تامغا، پۇل ۋە دۆلەت ئورگانلىرى قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. قارىماققا ستالىن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ كۈچىگە ئۈمىد باغلىمىغانلىقتىنمۇ ياكى، ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكىدىنمۇ ئەتمالىم، ئۆز ئالدىغا جاڭ كەيشىگە قارشى بازا قۇرغان ئىدى. بىراق گېنېرال لىسسىموس مەغلۇپ بولۇپ تەيۋەنگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئۆزىنىڭ ‹پۈتۈن خەلقنىڭ ئاتىسى› لىق مەنسىپىنى ئۆزگەرتتى. ماۋ بېيجىڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى باشلىغاندا، موسكۋا ئۈچۈن مۇستەقىل غۇلجا (جۇمھۇرىيەت) كېرەك بولماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ياش ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمىتىگە قىيىنچىلىقلار تۇغۇلدى. ئۇنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز ئىختىيارى بويىچە ھاكىمىيەتنى ۋە مەملىكەتنى خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنى مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىرگە بېيجىڭغا سۆھبەتكە تەكلىپ قىلدى. ساددا ئەخمەتجان ئالمۇتا ئارقىلىق خىتاي پايتەختىگە بېرىشكە قوشۇلدى. ئەسلىدە ئۇ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتىگە ماقۇل كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلغان، ياكى بولمىسا، سۆھبەتنى كېچىكتۈرۈش ئارقىلىق ۋاقىت جەھەتتىن ئۇتماقچى

بولغان ئىدى. ھازىر بۇ ھەققىدە ھېچ كىم ھېچنەرسە بىلمەيدۇ، بىلگەن كىشى بولسا، ھەقىقەتنى دۇنياغا ئاشكارىلاشقا ئالدىرىمايدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغىنى پەقەت شۇكى، ئۇيغۇر ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى ئالمۇتاغا كېلىپ بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1949-يىلى، 27-ئاۋغۇست كۈنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كابىنېتى ئايروپىلان ھادىسىسىدە قازا قىلغانلىقى ئېلان قىلىندى.»

قازاقىستان — خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋەتلىرىدىكى مۇھىم ھالقا ئىكەنلىكى، قازاقىستاننىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىدە خىتايغا يول قويماسلىقىنى تەۋسىيە قىلغان رۇس ئالىمى خلىيۇپىن ئەپەندى مۇنداق دەپ توختالغان ئىدى: «ماۋ نىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن ستالىن ئۆزىنىڭ تۇنۇگۈنكى ئىتتىپاقداشلىرىنى، يەنى ئۆزى تىكلىگەنلەرنىڭ بىر قىسمىنى ‹بېرىۋېتىشنى› قارار قىلدى. قازاقىستاندا ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇش پىلانى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئەخمەتجان قاسىمى ھەم گېنېراللار ئىسھاق بەگ ۋە دەلىلقان ‹ئايروپىلان ھادىسىسى› دە قازا قىلدى (ئېھتىمال ئۇلار لۇبيانكىدا ئۆلتۈرۈلگەن). شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ‹ئۆزلۈكىدىن تارقالدى› ئۇنىڭ ھەربىي قىسىملىرى قايتىدىن تەرتىپكە، سىڭدۈرۈلدى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھايات قالغان ئاكتىپلىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرى ماۋچىلارنىڭ كۈنسى لاگېرلىرىدا ‹ئۆزگىرىشكە› ۋە ‹قايتا تەربىيىلىنىشكە› سىڭدۈرۈلدى» (خلىيۇپىن ۋ. ن. قازاقىستاننىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىي ئۇچىركى. ئالمۇتا)

دېمەك، يۇقىرىدىكى ئۈزۈندىلەر پەقەت رۇس ئاپتورلىرىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنىڭلا بايانلىرى ۋە كۆز قاراشلىرى بولۇپ، شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى يەكۈنلىرىنى ھەرگىز بىر تەرەپلىمە،

پاكىتسىز كۆز قاراشلار دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنتايىن نازۇكلۇق تەلەپ قىلىدىغان بۇ تارىخي ھەم يېڭى مەسىلىنى تەكىتلىشى ئۇچۇن مەلۇم ئارخىپلار ۋە ئىشەنچلىك يېپ ئۇچلىرىغا تايانغان بولۇشى ئېھتىماللىققا يېقىن. ئەخمەتجان قاسىمى ۋە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى (خىتايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى دەپ ئاتىلىدۇ) نىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ھەققىدىكى رۇس مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يەكۈنلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. رۇس مۇتەخەسسىسلىرى تاكى 1949-يىلىغىچە مەۋجۇت بولغان بۇ ھۆكۈمەتنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى، ياكى ئۇيغۇر ھۆكۈمىتى دەپ ئاتىغان. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى دەپ ئاتىمىغان.

2. رۇس مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ھۆكۈمەتنى مۇستەقىل ھۆكۈمەت دەپ قارىغان.

3. رۇس ئالىملىرىنىڭ يەكۈنلىرىچە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى بىۋاسىتە ستالىن بىلەن ماۋزېدۇڭنىڭ ئىش بىرلىكى ئاساسىدا يوقالغان.

4. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ستالىن ماۋزېدۇڭ بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى دەپ شەرقىي تۈركىستاننى خىتايغا بېرىۋەتكەن.

5. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەخمەتجان قاسىمى مۇستەقىللىق يولىدىن يانمىغان ئەرباب.

6. ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىچە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار سىياسىي سۆھبەت ئۈچۈن ئالمۇتاغا ۋە موسكۋا بارغان بولۇپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئالدى بىلەن موسكۋا بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولغان.

7. ئەخمەتجان قاتارلىقلار سۆھبەت ئارقىلىق موسكۋانى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل گەۋدە بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكى بىلەن قايىل قىلماقچى بولغان.

8. رۇس ئالىملىرىنىڭ چۈشىنىشىچە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار موسكۋانىڭ تەكلىپلىرى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ستالىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئايروپىلان ھادىسىسى ئىشەنچلىك ئەمەس.

# 3 ـ بۆلۈم

## سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئاپتونومىيە سىياسىي تاكتىكىسى

### سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونومىيىسى ۋە كۆزلىگەن مەقستى

يېقىندا قازاقىستان پرېزىدېنت ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قازاقىستان ئىتتىپاقىداش جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇشقا ئائىت موسكۋا غا يوللانغان بىر پارچە لايىھە دوكلاتى ئاشكارىلاندى.

بۇ دوكلات 1947-يىلى 2-ئايدا تەييارلانغان بولۇپ، قايسى كۈن ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، مەزكۇر دوكلات قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى كوم پارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى شايەخمەتوۋ تەرىپىدىن ئىمزالانغان بولۇپ، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىدىكى مەسئۇل خادىم ن. س. پاتولىچېۋقا يوللانغان. [1] دوكلاتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا قازاقىستان تەۋەسىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم

ئوبلاستىنى قۇرۇشنى ئالدى بىلەن قازاقىستان كومپارتىيىسى قارار قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ لايىھىسىنى تۈزگەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، قۇرۇلماقچى بولغان ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستىغا قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ تالدى قورغان ئوبلاستىنىڭ پانفىلوۋ، ئۆكتەبىر رايونلىرى، ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ چىلەك، ئەمگەكچى قازاق، ئۇيغۇر، نارىنقول، كېگەن رايونلىرى كىرگۈزۈلۈشى، پانفىلوۋ شەھىرىنى (يەركەن شەھىرىنى) ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىش بېكىتىلگەن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ 23 مىڭ ئەتراپىدا ھەمدە شۇ جايدىكى پۈتۈن ئاھالىنىڭ 20% نى تەشكىل قىلىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن.[2]

مانا بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق بېرىش مەسىلىسى ھەققىدىكى ھازىرغىچە ئاشكارا بولغان تۇنجى رەسمىي ھۆججىتى بولۇپ، مەزكۇر لايىھە دوكلاتىغا قازاقىستان كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارىنىڭ ئىمزا قويۇلۇشى، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيە مەسىلىسىنىڭ ئالدى بىلەن موسكۋادىكى كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، كېيىن ئۇنى ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان قازاقىستانغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەنلىكى، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قازاقىستان كومپارتىيىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە مەزكۇر ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

قازاقىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى مەسىلىسىدە توختىلىپ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسىتى بىلەن باغلاپ شەرھلەيدۇ.

بىرىنچى نۇقتا سۆپىتىدە قازاقىستان جۇملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى

ھەم ئۇنىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئوبرازىنى تىكلەش ئارقىلىق سوۋېت تېررىتورىيىسىنىڭ ئىچكى-تاشقى قىسمىدىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى ھەمدە سوۋېتقا قارشى كەيپىياتلارغا زەربە بېرىشتىن چىقىش قىلىنغان بولۇپ، بۇ نۇقتا مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن: «قازاقىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مىللىي بىرلىك ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا بولغان ئىنتىلىش ناھايىتى كۈچلۈك تەرەققىي قىلغان. قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئاشۇ ئىسمى ئاتالغان جايلاردا ئۆز مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلىغان ھالدا نىسبەتەن توپلىشىپ ياشايدۇ، ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇش، شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ گۈللىنىشىنى قوزغايدۇ. ئۇيغۇر مىللىي كادىرلىرىنىڭ پارتىيە ۋە سوۋېت ئورگانلىرىغا كىرىشىنى، ئۇيغۇر كادىرلىرى ئارىسىدىكى سىياسىي خىزمەتلەرنى ياخشىلايدۇ ھەمدە بىزدە ۋە چەت ئەلدىكى سوۋېتقا قارشى تەشۋىقاتلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەڭ باراۋەرلىك ھوقۇقلىرىنىڭ كېچىكلىتىلگەنلىكىگە تايىنىلغان ۋە ئۇيغۇرچە گېزىتلەرنىڭ چىقىشتىن توختىتىلىشى، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ يېپىلىشى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىلگەن، ئۇيغۇر مىللەتچىلىك ئېلېمېنتلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىدۇ»[4]

دوكلاتتا سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇپ بېرىشنىڭ 1944-يىلى باشلانغان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ھەم باشقا رايونلاردىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، جۈملىدىن قۇرۇلماقچى بولغان ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى ئىلى بىلەن بىۋاستە چېگرىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، مەزكۇر قۇرۇلماقچى بولغان ئوبلاستىنىڭ موسكۋانىڭ «شىنجاڭ سىياسىتى» ھەم جۇڭگو

سىياسىتىدە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

قازاقىستان كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى شايەخمەتوۋ ئىمزا قويغان مەزكۇر لايىھە دوكلاتنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نۇقتىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئاسىيا سىياسىي ئىستراتېگىيىسىنى روشەن كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، مەزكۇر نۇقتا مۇنداق ئىپادە قىلىنغان: «مەزكۇر ئوبلاست قۇرۇلماقچى بولغان رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك بولىدۇ ۋە ئۇنى تېزلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇنىڭ مۇھىملىقى شۇ يەردىكى، ئۇيغۇر ئوبلاستى خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدىغان شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر ئوبلاستىنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭدىكى ئۈچ مىليون ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ ياخشى ئىنكاسىنى قوزغىشى شۈبھىسىز ھەم ئۇلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ زور دەرىجىدە مايىل بولغان ھالدا ئاكتىپلاشتۇرىدۇ».

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نۇقتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىلى ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، موسكۋانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى تولۇق جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئىتىدىن ئەمەس بەلكى، موسكۋانىڭ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي دۆلەت مەنپەئىتىدىن چىقىش قىلىنغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي چېگرالىرىدا يۈز بېرىۋاتقان خەلق ئىنقىلابلىرى قانداق خاراكتېرنى ئېلىشتىن قەتئىي نەزەر ئەگەردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۈشمەنلىك ئىدىيىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى مايىللىق ئىدىيىسى بىلەن پەيدا بولسا ۋە راۋاجلانسا ئۇنى قوللايدىغانلىقى ھەتتا ئۇنى موسكۋانىڭ سىياسىي ئىستراتېگىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 30-يىللاردىكى ئۇيغۇر ئىنقىلابى جەريانىدا ئېزىلگەن خەلق

ئۇيغۇرلارنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىياتتىكى شەخسلەردىن تەركىب تاپقان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنى ئەمەس، بەلكى ئەزگۈچى مىلىتارىست شېڭ شىسەينى قوللىشى، مەنچىڭ سۇلالىسىدىن مۇستەقىللىق جاكارلىغان، ئەمما كېيىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن يارىششىنى خالىغان، سوۋېتقا قارشى موڭغۇل روھانىي، كىنەزلىرىنى ئەمەس، ئەكسىچە، سوۋېت رۇسىيىسىگە ئۆزىنىڭ سادىقلىقىنى جاكارلىغان كوممۇنىستىك ئىدىيىدىكى سۇخباتورنى قوللىغانلىقى ۋە باشقا كۆپلىگەن مىساللار پىكرىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ھەقىقەتەن، ئىلى ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىكى خىتايغا قاراتقان تاشقى سىياسىي ستراتېگىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، موسكۋا ئىنقىلابنىڭ قوزغىلىشىدىن تارتىپ تاكى ئاخىرلىشىپ، ئۆلكىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشىگە قەدەر ئالتە يىل جەريانىدا مۇھىم رول ئويناش بىلەن مەزكۇر جەرياندا مەۋجۇت بولغان سىياسىي كۈچلەر يەنى ئىلى ھۆكۈمىتى ۋە گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ھەمدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئۆلكىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي-مائارىپ تەرەققىيات جەريانلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولۇشتىن ئايرىپ چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

## سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى قامال قىلغان

تارىخىي پاكىتلار بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردا ئاشكارىلانغان نەق ئارخىپ ماتېرىياللىرى كۆرسەتتىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئىلى ئىنقىلابى باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا ئىنقىلابقا ھەمدە قۇرۇلغان ھۆكۈمەتكە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى سىڭدۈرۈش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

رايونىدىكى ئوبرازىنى تىكلەپ، خەلقتە سوۋېتقا بولغان مايىللىقنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. موسكۋا قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىلىرىدە ھەربىي سىياسىي تەشكىللەش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرغاندىن سىرت يەنە تاشكەنت ۋە ئالمۇتا شەھەرىدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ئىشقا سېلىپ «شەرق ھەقىقىتى » ۋە «قازاق ئېلى» قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشر قىلىپ، ئۇنىڭ ئېلى، تارباغاتاي ۋە باشقا رايونلارغا كىرگۈزگەن[5]. بۇ ژۇرناللاردا ئۇيغۇرلارنى مۇستەقىللىققا ئۈندەيدىغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇت ھالىتى ھەمدە تارىخىي ئۆتمۈشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى، ئۇيغۇرلار بىلەن قېرىنداش ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىگە جۇمھۇرىيەتلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئوز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان تەرەققىيات مەنزىرىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ماقالىلەر كۆپلەپ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، 1944-1943-يىللىرىدا مەزكۇر ژۇرناللار ئېلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىغا تارقالغان. مەزكۇر ژۇرناللارنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرى ۋە تەھرىرلىرى ھەم ئاپتورلىرى ئاتاقلىق سوۋېت ئۇيغۇر رەھبىرى ئابدۇللا رۇزىباقىيېفنىڭ ئىنىسى ئابدۇمېجىت رۇزىباقىيېف، سىياسىي ئەرباب تۇرسۇن رەھىموف، ۋە ئاتاقلىق شائىر قادىر ھەسەنوپ ھەمدە ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى ئەرشىدىن ھىدايەتوف ۋە باشقىلار ئىدى [6]. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەخپىي كىرگەن مەزكۇر ژۇرناللاردىكى ماقالىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، مىللىي ئىنقىلاب قاتناشقۇچىلىرىدىن مەسۇمجان زۇلپىقاروف ۋە تۇرسۇن قاھارى قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ژۇرناللارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن بىلىم ئالغانلىقى ۋە گومىنداڭغا قارشى ھېسسىياتلىرىنىڭ تېخىمۇ ئاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالمۇتا ئەتراپىدا ۋە

قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل بويىدا ۋە باشقا جايلاردا ئىلگىرى كېيىن فاتىخ باتۇر، سەيفۇللايېۋ ھەمدە ئىسساقبەگ مۇنونوپ قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقى ھەم قاتنىششى ئاستىدا مەخپىي قوراللىق ئەترەتلەر قۇرۇلۇپ، ھەربىي تەلىم تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، مەزكۇر قوراللىق گۇرۇپپىلارنى ئىنقىلابنىڭ تايانچ قوراللىق كۈچلىرى قىلىشنى بەلگىلىگەن[7].

سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە 1943-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ستالىن، بېرىيا، مولوتوۋ قاتارلىقلار ئىشتىراك قىلغان مەخسۇس شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئائىت يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق جايلىرىدىكى كونسۇللىرىغا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى شىيڭ شىسەي ۋە گومىنداڭغا قارشى كەيپىياتلارنى كۆزىتىش ھەم تەشكىللەش ۋەزىپىسى بېرىلگەن ئىدى.

«ئازادلىق» تەشكىلاتىنى قۇرۇش تەكلىپى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلى داباشىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئەلىخان تۆرە، ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم، سالىھجان باي، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئازادلىق تەشكىلاتىنى ئۇيۇشتۇرۇشىدا غۇلجىدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكا خادىمى ھاكىم جاپپار يارۇللابېكوۋ ۋە يەنە بىر نەپەر پولات ئىسىملىك ئۆزبېك كىشى ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان [8].

ئىلى ۋە تارباغاتايدا باشلىنىش ئالدىدىكى ئىنقىلابنى كونترول قىلىش ھەمدە ئۇنى تەشكىللەش ۋە ئۇلغايتىش ئۈچۈن نىلقا ۋە غۇلجا قوزغىلاڭلىرىدىن ئىلگىرىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى( ن ك ۋ د، كېيىنكى ك گ ب) تەرىپىدىن ئالمۇتا شەھىرى ۋە قورغاستا ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. ن ك ۋ د نىڭ مەزكۇر گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئۇيغۇر دىيارىدا پائالىيەت

ئېلىپ بارغان بولۇپ، لېكىن مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە تارقالغان ئىدى [9]. ئۇيغۇر دىيارىدىكى سوۋېت ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ئېگناروۋ بولۇپ [10]، بۇ ئادەم كېيىن ئەلىخان تۆرىگە مەسلىھەتچىلىك قىلىپلا قالماستىن بەلكى بىر تەرەپتىن غۇلجىدىكى 1-ۋە 2-نومۇرلۇق ئۆيىنىڭ باش رەھبىرى بولغان. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردىن مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان 1-ۋە 2-نومۇرلۇق ئۆيلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى جۇمھۇرىيەتنى رازۋېدكا قىلىش بولۇپ، گېنېرال ئېگناروۋ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە قارىتىلغان پۈتۈن رازۋېدكا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىغا ئۆزلىرىنى تاتار دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن زىچ ئارىلىشىپ كەتكەن پودپولكوۋنىك ئۇنۋانىدىكى سوۋېت رازۋېدچىكلىرى (جاسۇسلىرى) باشقۇرت مىللىتىدىن بولغان ئېلى مەمەدوف (ئەسلى ئىسمى گابىت مۇزىپوۋ)، قىرغىزىستاندا تۇغۇلۇپ يەرلىك ئۇيغۇر، قىرغىز تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن رۇسلاردىن ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوۋ ( ئۇيغۇرچە ئىسمى ئىسكەندەر) ۋە پېتىر ئىۋانوۋىچ ساۋىن ( ئۇيغۇرچە ئىسمى زاكىر تۆرە) قاتارلىق ئۈچ كىشى ئەڭ داڭلىق رازۋېدچىكلار 1933-1937-يىللاردا جەنۇبىي ۋىلايەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىدى. [11]

ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تەرەپتىن مىللىي ئىنقىلابنى قوللىغان بىلەن ئۇنى تولۇق قامال قىلىش ئۈچۈن بارلىق چارىلەرنى قوللانغان بولۇپ، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكىسى ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلغان.

ئەنە شۇ سوۋېت رازۋېدكىسىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 1945-يىلى 9-ئايدا گومىنداڭ گەنسۇدىكى تۇڭگان گېنېرال ما بۇفاڭنىڭ قول ئاستىدىكى تۇڭگان، سالا قاتارلىق مۇسۇلمانلاردىن تەشكىللەنگەن 5-ئاتلىق كورپۇسنى مىللىي ئارمىيىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا يۆتكەپ كەلگەندە،

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرە گېنېرال مابۇفاڭغا «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلماسلىقى، ئەكسىچە بىرلىشىشى كېرەكلىكى ھەمدە ما بۇفاڭنى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇزرۇكۋارى قىلىش» تەكلىپى ھەققىدە يېزىلغان خېتى سوۋېت رازۋېدكىسىنىڭ قولىغا چۈشكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەلىخان تۆرىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى تۈركچىلىك پىكىر ئېقىمىغا مەنسۇپ، د ر. مەسئۇد سەبىرىگە بايقوزى، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قاتارلىق «ئۈچ ئەپەندى» گە يازغان «بىرلىشىش» ھەققىدىكى خېتىمۇ [12] شۇنىڭدەك يەنە ئەلىخان تۆرىنىڭ ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەن قوشۇنلارنىڭ باشلىقى سوپاخۇنغا ئاقسۇدىن قايتماي، جەنۇبقا كېڭىيىش ھەققىدىكى مەخپىي خېتىمۇ«2-دوم» دەپ ئاتالغان سوۋېت رازۋېدكا ئورگىنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، موسكۋاغا يوللاپ بېرىلگەن ئىدى [13].

تارىخىي پاكىتلار بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردا ئاشكارىلانغان نەق ئارخىپ ماتېرىياللىرى كۆرسەتتىكى، موسكۋا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا ھەر قانداق دۆلەت بىلەن ئالاقە قىلىشىنى ھەمدە جۇمھۇرىيەت دائىرىسىگە باشقا دۆلەت كۈچلىرىنىڭ كىرىشىنى قاتتىق چەكلىگەن بولۇپ، ھەتتا جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەر ھەمدە كۈچلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئارزۇسىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇنى قامال قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس رازۋېدكا خادىملىرىنى ئىشقا سالغان.

غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان 1-ۋە 2-نومۇرلۇق ئۆيلەر شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ھەربىي سىياسىي جەھەتتىن مەسلىھەتچىلىك قىلىپلا قالماستىن بەلكى، مەزكۇر ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى-تاشقى ئەھۋالىنى، سوۋېتقا قارشى كەيپىياتلارنى ھەمدە خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىقلىرى شۇنىڭدەك ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر كونسۇلخانىلىرىنىڭ ئازاد ئۈچ ۋىلايەتكە سىڭىپ

كىرىپ، ئۇچۇر توپلىشىنىڭ ئال دىنى ئېلىش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. بۇنىڭغا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى، سىياسىي باشقارما باشلىقى ئېلى مەمەدوۋ مەسئۇل بولغان بولۇپ، سوۋېتقا ۋە ئىلى ئىنقىلابىغا قارشى ۋە نارازىلىق كەيپىياتتىكى يەرلىك كىشىلەرلا تەكشۈرۈلۈپ جازالانغان بولماستىن ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن ھەربىي سىياسىي ئەربابلارنىڭ ئەھۋالىمۇ رازۋېدكا قىلىنىپ، ئۇلار ئۈستىدىن دېلو تۇرغۇزۇلغان ھەمدە موسكۋا يوللانغان. مەسىلەن: 2-دوم باشلىقى گېنېرال ئېگناروۋ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى 2-دومنىڭ يەنە بىر مەسئۇلى، گېنېرال لاگفاننىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى ھەققىدە موسكۋاغا دوكلات يوللىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ھەربىي ئوفىتسېرلاردىن مىرزىگۇل ناسىروۋ، سەيدەخمەت ئۆمەروۋ قاتارلىقلارنىڭ ئۆز مىللىتىگە سادىق بولغانلىقى مەخپىي تەكشۈرۈلگەن [14].

ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەرب دۆلەتلىرى ۋە ياكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقى خالىمىغان ھەر قانداق بىر كۈچنىڭ ئارىلىششىنى ھەرگىز خالىمايتتى ھەمدە ئۆزى بىلەن چېگرا شىنجاڭ ئۆلكىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىياتلار ۋە ئېلېمېنتلارنىڭ ئەۋجى ئېلىشى ھەم مەۋجۇت بولۇشىنى خالىمايتتى.

جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بوسۇغىسى يېنىدا ئامېرىكا ئەنگلىيە تەسىرىنى پەيدا قىلىشىنى موسكۋا ئۆزىگە نىسبەتەن تەھدىت دەپ چۈشەنگەن ئىدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى قوزغاش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىمۇ بىر تەرەپتىن شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئورۇپ، ئۆلكىنى بىۋاسىتە خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە بويسۇندۇرۇشى ھەمدە ئۆلكە ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەن گومىنداڭنىڭ

سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن 1943-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىلىرى قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىشى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ سوۋېتقا قارشى تۇرۇپ، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ رايوندا ھەربىي-سىياسىي تەسىرىنى تىكلەشكە يول قويۇشى مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتتىن يۈز ئۆرۈشىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ رايونغا يەنە سىڭىپ كىرىپ، ئۆز تەسىرىنى قايتىدىن تىكلىۋېلىشنى توسۇش مەقسىتىدە «ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنى رايونغا باشلاپ كىرگۈزۈش تاكتىكىسى قوللانغان» ، خىتاي ھۆكۈمىتى «ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ پوزىتسىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى توسۇشتا ئاچقۇچلۇق رول ئويناياتتى» دەپ قارىغان بولغاچقا 1944-يىلى 3-ئايدا ئالتاي رايونىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرى قازاق قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا كەلگەن خىتاي قوشۇنلىرىنى بومباردىمان قىلغاندا جاڭ كەيشى ستالىن ئۇستىدىن ئامېرىكا پرېزىدېنتى رۇزۋېلتقا ئەرز قىلغان ھەمدە «بۇنىڭ يەرلىك كىچىك ۋەقە بولماستىن بەلكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتتىكى يىراق شەرققە قاراتقان سىياسىتىنىڭ مۇھىم قىسمى ئىكەنلىكى»نى چۈشەندۈرگەن [15] ھەتتا، 1945-يىلى 9-ئايدا جىڭ ۋە شىخۇ جەڭ مەيدانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇملىرىغا ماسلىشىپ، گومىنداڭ مۇداپىئە لىنىيىلىرىنى بومباردىمان قىلىپ، مىللىي ئارمىيە پۈتۈن سەپلەر بويىچە خىتاي قوشۇنلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىگەندىمۇ، جاڭ كەيشى ئامېرىكىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خەرلى ۋە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش قوماندانى ۋەدمەن بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلاردىن مەخسۇس ۋەكىل ئەۋەتىپ، جىڭ ۋە شىخۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاتناشقانلىقىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان [16]. ھەتتا، 1947-يىلى بەيتىك تېغىدا تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن خىتاي ئارمىيىسى ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە

خىتاي تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلغانلىق ھەققىدە ئامېرىكىغا مەلۇمات بېرىپ، بەيتىك ۋەقەسىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئامېرىكىغا يوللىغان شۇنىڭدەك ئامېرىكا مۇخبىرلىرى ۋە دىپلوماتىيە خادىملىرىنى بەيتىك تېغىغا بېرىپ تەكشۈرۈشكە شارائىت يارىتىپ بەرگەن [17]. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئامېرىكا ئارقىلىق خەلقئارادا سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن بېسىم پەيدا قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. شۇ سەۋەبتىن ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلى پاكىستون 1946-يىلى ئىلىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇ يەردىكى ئەمەلىي ئەھۋال بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا كۆرسەتكەن تەسىرى جۈملىدىن پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ زادى قانچىلىك رول ئوينىغانلىقىنى كۆزەتكەن ئىدى. «گومىنداڭ بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىش بىرلىكى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقا سېپىغا بىر قېتىملىق خەنجەر سېلىشىدىن ئىبارەت ئىدى» [18].

جاڭ كەيشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىدىكى ئىتتىپاقدىشى ھەم رەقىبى ھېسابلىنىدىغان ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنى ئۇيغۇر دىيارىغا ئېلىپ كىرىش تاكتىكىسى ھەقىقەتەن نەتىجىدە قازانغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىغا ياردەم بەرگەنلىكىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرغان ستالىن مىللىي ئارمىيىنى ئۈرۈمچى بوسۇغىسىدا توختىتىپ قويىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ستالىن خىتاينى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇر قىلىپ، يالتا يىغىنىدا بەلگىلەنگەن مەقسىتىگە يېتىش بىلەن ئىلى ئارمىيىسىنى ئۈرۈمچىگە كىرگۈزمەسلىك بىلەن ئۇ يەردىكى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىز كونسۇللىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي ئارمىيىگە كۆرسەتكەن ھەربىي ياردەملىرىنى بىلىۋېلىپ، نەق پاكىتقا ئىگە بولۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. قىسقىسى، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ رايوندا دىپلوماتىك جەھەتتىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە چوڭ توسالغۇ بولۇش

رولىنى ئوينىدى.

20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا شەرقىي تۈركىستان سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ۋە ئۇلۇغ برىتانىيە ھەم خىتايدىن ئىبارەت چوڭ دۆلەتلەرنىڭ «چوڭ ئويۇن» ئوينايدىغان شاھمات تاختىسىغا ئايلانغان بولۇپ، بۇ يەردە مەزكۇر تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۇچراشتى ۋە توقۇنۇشۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى باشتىن ئاخىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلدى.

ئەمەلىيەتتە، ئىلى ئىنقىلابىمۇ ئاشۇ «چوڭ ئويۇن» نىڭ بىر مەيدان كۆرۈنۈشى بولۇپ، بۇ بىۋاسىتە ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا قاراتقان تاشقى سىياسىي ئىستراتېگىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن بەلكى بۇ ئامېرىكا، ئۇلۇغ برىتانىيىنىڭ ئاسىيا ئىستراتېگىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش ھەم مەزكۇر غەرب كۈچلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاجىز ئارقا سېپى ھېسابلىنىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا، سىبىرىيە رايونلىرى ھەمدە موڭغۇلىيىگە سىڭىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى قوغلاپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىشىچە، خىتاي ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ، خىتاينىڭ سوۋېتقا قارشى پوزىتسىيىسى ئامېرىكىنىڭ مەيدانى بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىنى باشتىن ئاخىرى ئۆز تەسىر دائىرىسى ئاستىدا تۇتۇپ، بۇ رايونغا ئۈچىنچى دۆلەتنىڭ كىرىشىنى توستى ھەمدە رۇسىيە مەيلى چار پادىشاھ دەۋرى بولسۇن ۋە ياكى20-ئەسىرنىڭ 20-30-يىللاردىكى ياڭ-جىن-شىڭ قاتارلىق خىتاي مىلىتارىستلىرى دەۋرى بولسۇن، باشتىن ئاخىرى بۇ رايوندىكى ئەڭ ئۈستۈن تەسىر كۈچكە ئىگە دۆلەتلىك سالاھىيىتىنى ساقلاپ كەلدى. 40-يىللار دەۋرىگە كەلگەندىمۇ، موسكۋا ئىلى ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىشىدىن تارتىپ تاكى ئاخىرلىشىپ، ئۆلكىدە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشىگە قەدەر ئالتە يىل جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىدى [19].

قىسقىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ غەربنىڭ بولۇپمۇ ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشىنى خالىمىغان بولۇپ، مەسئۇد سەبرى، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قاتارلىق ئۈچ ئەپەندىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سوۋېتقا قارشى تەشۋىقاتلىرى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ يەنە دىپلوماتىيىلىك جەھەتتە ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئامېرىكا كونسۇللىرىنىڭ ئوسمان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى قاتتىق بىئارام قىلدى. مەسئۇد سەبرىنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشىمۇ ئەمەلىيەتتە جاڭ كەيشىنىڭ بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىياتتىكى ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى قوللاش ئارقىلىق، ئىلى تەرەپدارلىرىغا زەربە بېرىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا زەربە بېرىش تاكتىكىسىدىن ئىبارەت ئىدى[20]. بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بۇزۇلۇپ، قايتىدىن ماناس دەرياسى بويىدا شەرقىي تۈركىستان قوراللىق كۈچلىرى بىلەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

شۇڭا، قازاقىستان كومپارتىيىسى مەركىزى جۇمھۇرىيەتتە ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇشنى پىلانلىشى ئەنە شۇ رايون خاراكتېرلىك دىپلوماتىك كۆرەش بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئەت دائىرىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل ھەمدە ئۇنىڭ ھەربىي سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىگە پايدىلىق ھالدا راۋاجلاندۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتەك ئىستراتېگىيىلىك مەقسەتتىن چىقىش قىلىنغان ئىدى. دوكلاتتا ئېيتىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەيىبلىگەن «مىللەتچىلىك ئېلېمېنتلىرى» ئۈرۈمچىنى ئاساس قىلغان مەسئۇد ئەپەندى باشلىق «ئۈچ ئەپەندى» ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى باشتا قوللاپ، كېيىن توختىتىپ قويغانلىقىدەك

قىلمىشلىرىنى تونۇپ يېتىش بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىياتقا ئىگە بولغان ئۈچ ۋىلايەت ھەم باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك.

موسكۋا قازاقىستاندا ئۇيغۇر ئاپتونومىيىسىنى قۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە قارشى كەيپىياتلارنى پەسەيتىش ھەمدە سوۋېتقا قارشى كۈچلەر بىلەن قوللىغۇچىلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ئۇلغايتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاخىرقى كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

## ئۇيغۇر قىسمەتلىرى بىلەن ئويناشقان سوۋېت جاسۇسلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ 19-ۋە 20-ئەسىرلەردىكى سىياسىي تارىخى ئۇيغۇر دىيارى بىلەن ئۇزۇن چېگراغا ئىگە سابىق چار رۇسىيە ۋە كېيىنكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرق سىياسىتى جۈملىدىن جۇڭگو سىياسىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىقتۇر.

سابىق چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى 19-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق قوزغىلاڭلىرى ۋە بۇ قوزغىلاڭلار نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئىلى سۇلتانلىقى، قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ يوقىتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى 20-ئەسىردىكى ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاخىرلىشىشىغا بىۋاسىتە ھەم ۋاسىتىلىك ھالدا باغلىنىشلىقتۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن رازۋېدكا ئورگانلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ئىدى. موسكۋانىڭ ئاتىشى بويىچە ئالغاندا «رازۋېدچىكلار»، ئۇيغۇرلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەقىبلىرىنىڭ ئاتىشى بويىچە «سوۋېت جاسۇسلىرى»

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 20-ئەسىر سىياسىي تەقدىرى بىلەن بىۋاسىتە ئويناشقان بولۇپ، كرېمىل رەھبەرلىرى باشتىن ئاخىرى ئاشۇ ئۆزلىرىنىڭ سادىق ئالاھىدە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ھەققىدە توپلىغان تۈرلۈك ھەم قىممەتلىك ماتېرىياللىرى شۇنىڭدەك تەكلىپ-پىكىرلىرى ئاساسىدا ئۇيغۇر سىياسىي تەقدىرىنى يەشكەن ئىدى.

قولۇمدا موسكۋانىڭ يېقىندىكى مەلۇم بىر كىچىك يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق باشقىرت مىللىتىدىن بولغان بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ قىزىل تاشلىق رۇسچە كىتاب تۇرۇپتۇ. مەزكۇر كىتابنىڭ ئەسلى ئاپتورى 30-يىللاردا ئالدى بىلەن قەشقەرگە، كېيىنرەك بولسا ئاقسۇغا تاشلىنىپ، «ئىستانبۇللۇق تىجارەتچى ئېلى ئەپەندى» دېگەن نام بىلەن سودا ماگىزىنى قۇرۇپ، مەخسۇس جاسۇسلۇق قىلغان باشقىرت مىللىتىدىن كېلىپ چىققان غابىت مۇزىپوفتۇر. ئۇ، 1937-40-يىللىرىدا ئاقسۇ شەھىرىدىكى يەرلىك ئۇيغۇر سودىگەرلىرى، دىنىي زاتلار ۋە زىيالىيلار ھەم باشقىلار ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئىدى. ئىسلام دىنىدىن تولۇق خەۋىرى بار، كىچىكىدىن دىنىي تەربىيە كۆرگەن ئېلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە قابىلىيىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، ئاقسۇنىڭ ئەھۋالى، بولۇپمۇ، گېنېرال ماھمۇت مۇھىتى ھىندىستانغا كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچاغىچە بولغان جايلارنى ئازاد قىلغان ئابدۇنىياز بەگنىڭ ئاقسۇ ئەتراپىدىكى پائالىيەتلىرى، ئۇنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ۋە باشقا تۈرلۈك ئەھۋاللارنى ئىگىلەشتە خىزمەت كۆرسەتكەن ئىدى.

ئەسلىدە، باشقىرتىستاندا باي دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە دادىسى ۋە باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، كومسوموللار تەركىبىگە قېتىلىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى سۈپىتىدە قىرغىزىستاندا «باسمىچىلار»

دەپ ئاتالغان «مۇستەقىلچىلەر» نى تازىلاشقا قاتناشقان ھەمدە تاكى 1937 - يىلىغىچە قىرغىزىستاننىڭ ئۇيغۇر ئېلى بىلەن چېگرىلىنىدىغان قاراقول شەھىرىدىكى چېگرا قوغداش پونكىتىدا خىزمەت قىلىپ، مەخسۇس ئىچكى رازۋېدكا ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان غابىت مۇزىپوف 1937 - يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىپ، ئىسمىنى ئېلى ئەپەندىگە ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، بىراق كىشىلەر تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنى «ئېلى ئەپەندى» دەپ چاقىرىشقا ئادەتلەنگەن. ئېلى ئەپەندى 1944 - يىلى ئىلى ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، غۇلجىغا ئەۋەتىلىپ، تېكەس ئاتلىق پولكىنى قۇرغان، ئارقىدىنلا ئىلى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە مەسلىھەتچى بولۇپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ پۈتۈن رازۋېدكا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە جۇمھۇر رەئىس ئەلىخان تۆرىگە مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەنگەن ھەم ئۇنى ئوغرىلاپ كېتىش ئوپېراتسىيىسىگە ئىشتىراك قىلغان. ئۇ، 1946 - يىلىدىن تاكى 1949 - يىلىغىچە ئالتايدا رازۋېدكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن 1949 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كېتىلىپ، ئۆمرىنى ئوش شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن شۇنىڭدەك 80 - يىللاردا تۇيۇقسىز قوزغالغان يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلگەن. قىزىق يېرى شۇكى، جۇمھۇرىيەت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ھەم ئەلىخان تۆرىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان ئېلى مەمەتوپ دېگەن نام بىلەن تونۇلغان مەزكۇر ئەرباب 1946 - يىلى ئەلىخان تۆرىنىڭ ئىمزاسى بىلەن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا قوشقان زور تۆھپىسى ئۈچۈن تەقدىرنامە ھەم بىر ئالتۇن يالتىلغان ماۋزېر بىلەن مۇكاپاتلانغان بولۇپ، ئېلى مەمەتوپ پۈتۈن ئۆمۈر بويى ئەلىخان تۆرە بەرگەن مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ ئالىي ئوردېنلىرىنى مەيدىسىگە تاقاپ يۈرگەن ئىكەن. ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايدىغان، كەم سۆز، ئويچان بۇ كىشى كېيىنكى 30 يىللىق ھاياتىنى ئوش شەھىرىدىكى كىچىك ئۆيىدە يېگانە ھالدا، كىتابلار دۆۋىسى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ 30 - 40 - يىللاردىكى تارىخى، سىرلىق ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك

ماتېرىياللارنى توپلاپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس خاتىرىلەرنى تۇرغۇزغان ھەم كىتابلار يازغان. لېكىن، ئۇ ك گ ب نىڭ قاتتىق قاماللىقىدا بولۇپ، ك گ ب دائىرىلىرى ئۇنىڭ ك گ ب نىڭ پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن پېنسىيىگە چىققانلىقىغا قارىماي، ئۇنىڭ مەخپىي سىرلارنى پاش قىلىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، بىر كۈنمۇ نازارەت قىلماي قالمىغان ئىكەن. ئېلى ئەپەندىنىڭ ئوش شەھىرىدىكى ئەڭ يېقىن دوستى 1937-يىلى قەشقەر تۈرمىسىگە ئوت قويۇپ، مەمتىلى تەۋپىق قاتارلىق ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، جاللاتلىقتا داڭ چىقارغان، 1944-يىلى ئىلىغا كېلىپ، ھەرەمباغ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان شۇنىڭدەك تېكەس ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى بولغان راززاق ماۋلانوپ ئىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ، قىلغان ئىشلىرىغا تووۋا قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن شۇنىڭدەك ئوش شەھىرىدىكى مەسچىتتە ئىماملىق قىلغان ماۋلانوپ، ئېغىزمۇ كەم سۆز بولۇپ، ئۇ كونا سەپدېشى ئېلى ئەپەندى بىلەنلا پاراڭلىشىدىكەن. سابىق سوۋېت جاسۇسى ماۋلانوپ ئېلى ئەپەندىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا خەتمەقۇرئان قىلغان شۇنىڭدەك ئارىلىقتا بىر يىل ئۆتمەي تۇيۇقسىز قوزغالغان يۈرەك كېسىلى بىلەن بۇ دۇنيادىن خوشلاشقان.

دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، قولۇمدىكى قىزىل تاشلىق كىتاب ئۇيغۇرلارنىڭ 30-40-يىللار پاجىئەسىنىڭ شاھىتى بولغان كەسپىي «رازۋېدچىك» ئېلى ئەپەندىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى پۈتۈن ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇپ، دادىسىنىڭ كىتابىنى يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان ھەمدە ئاخىرى ئۇنى بەش توم قىلىپ چىقىرىشنى باشلىغان. كونا جاسۇسنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىلغان مەزكۇر كىتاب موسكۋانىڭ 30-40-يىللاردىكى سىياسىي ئويۇنلىرىنى، بولۇپمۇ سوۋېت ن ك ۋ د ( كېيىنكى نامى ك گ ب) ئورگىنىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى شۇنىڭدەك كىملەرنىڭ سوۋېت رازۋېدكىسىغا تەۋە ۋە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشتە مۇھىم ۋە

ئىشەنچلىك يىپ-ئۇچى تەمىنلەيدۇ

## ھۆكۈمەت ئارخىپلىرىمۇ جاۋاب بەرمەكتە

سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بىر قىسىم رۇسىيە مۇتەخەسسىسلىرى 70 يىللىق ئىدېئولوگىيىلىك بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز تارىخىغىلا ئەمەس بەلكى، باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىغىمۇ قايتىدىن باھا بېرىشكە، سوۋېت تۈزۈمىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي مەنپەئەتلىرى ۋە غەرەزلىرى ئۈچۈن ئۆز ئەتراپىدىكى ۋە ئىچىدىكى مىللەتلەرگە ھەم دۆلەتلەرگە نىسبەتەن قانداق رەزىل ۋاسىتىلەرنى قوللانغانلىقلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئاساس بولغان ماتېرىيال مەنبەلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىرى تولۇق مەخپىي دەپ بېكىتىۋېتىلگەن ئارخىپلىرى بولۇپ، 1992-يىلىدىن ئېتىبارەن موسكۋا ھۆكۈمىتى كۆپلىگەن ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى سىرتقا ئاچقان ئىدى. بىر قىسىم رۇسىيە ئالىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇيغۇر ئېلىغا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە قاراتقان سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەخپىي ئارخىپلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەزى يېڭى ئۇچۇرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەسىلىلەرگە باشقىدىن باھا بېرىشىنى ھەم چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. رۇسىيە ئالىملىرى دىققەت قىلغان بىر نۇقتا 20-ئەسىردە سوۋېت ئىتتىپاقى ك گ ب دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدا ئېلىپ بارغان ئالاھىدە ھەرىكەتلىرىدىن ئىبارەت.

## ئارخىپلارنىڭ سىرى ــ موسكۋا مۇستەقىل دۆلەتكە يول قويمىغان

پىشقەدەم رازۋېدكا خادىملىرىنىڭ يازمىلىرىدىن باشقا يەنە رۇس مۇتەخەسسىسى ۋ. ف. نىكىس يېقىندا «ن ك ۋ د نىڭ شىنجاڭدىكى ئالاھىدە

ھەرىكەتلىرى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆز ماقالىسىدە 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن تاكى 1949-يىلىغىچە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئورۇن بولغانلىقى، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى توسۇق رايونىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتورنىڭ تەكىتلىشىچە، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدىكى مۇنداق ئالاھىدە توسۇق رايونلۇق ئالاھىدىلىككە ئايلىنىشىدا بىر قانچە سەۋەبلەر مەۋجۇت.

«بىرىنچىدىن» دەپ يازىدۇ رۇس مۇتەخەسسىسى ۋ. ف. نىكس «بۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى بولۇپ، بۇ جاي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن 2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق چېگرا لىنىيىسىگە ئىگە، شىنجاڭ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، غەربىي سىبىرىيە ۋە ئورال بويلىرىغىچە بولغان ئەڭ ئىچكى رايونلىرىغا قىسقا يول بىلەن بارغىلى بولىدۇ. ئەگەردە غەربىي جۇڭگودا دۈشمەن ئارمىيىسى ئورۇنلاشسا، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىخەتەر نۇقتىلارنى قويماسلىقى مۇمكىن.» ئىككىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ مىللىي تەركىبى مۇرەككەپ بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىتى60% تىن يۇقىرى ئىدى. بۇ جايدا ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە قازاق، قىرغىز، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بولۇشى.

ئاپتور بۇ سەۋەبلەرنىڭ مۇھىملىرىنىڭ بىرىنىڭ بۇ ئۆلكىنىڭ ئىشلىرىغا ياپونىيە ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئاكتىپ ئارىلاشقانلىقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «ئەنە شۇنداق تەرەپلەرنى نەزەرگە ئالغان سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 20-ئەسىرنىڭ 30-40-يىللىرىدا بۇ جايدا ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئوتتۇرىدىكى بىر دۆلەتنى قۇرۇشىغا ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئاقلارنىڭ ھەم باسمىچىلارنىڭ ھۇجۇم قوزغاپ، چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا سىياسىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىشىگە يول قويماسلىقنى قارار

قىلدى.»

رۇس ئالىمىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك كۆز قاراشلار ئارىسىدا ئۇزۇن مەزگىل مۇنازىرە بولغان. بۇ مۇنازىرىلەر نەتىجىسىدە ئاخىرى، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق يەرلىك خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئىدىيىلىرىنى، ھەتتا ئۇلار كوممۇنىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققىدىن قەتئىي نەزەر قوللىماسلىق، ئۇنىڭ ئەكسىچە جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ ئۆلكىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشىغا قىزىل ئارمىيە ۋە چېگرا قوغدىغۇچى قوشۇنلارنى ئەۋەتىپ بولسىمۇ ياردەم قىلىش قارار قىلىنىدى.

## سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيە ۋە رازۋېدكا خادىملىرىنى ئىشقا سالدى

ئاپتورنىڭ يېزىشىچە، ئۆزلىرىنى ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ نىجات يۇلتۇزى دەپ جار سېلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ھەم كوممۇنىزمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى بۇ ئىدىيە ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا دەۋەت قىلغان لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت رۇسىيىسى تۇنجى قېتىم 1921-يىلى مەزكۇر قارار بويىچە ئۇيغۇر ئېلىگە ھەربىي قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئۇيغۇر دىيارىغا 50 مىڭدىن ئارتۇق چار پادىشاھ جەڭچى-ئوفىتسېرلىرى، قاچاقلار قېچىپ كېلىۋالغان ئىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاقلارنىڭ دۇتوپ، ئاننېنكوپ، باكىچ، نوۋىكوپ ۋە شىشكىنا قاتارلىقلارنىڭ قوشۇنلىرى گېنېرال باكىچنىڭ قوماندانلىقىدا جۇڭگو ھاكىمىيىتىگە بوي سۇنمىدى.

ئاقلارنىڭ بۇ قوشۇنى ئۇيغۇر ئېلىنى بازا قىلىپ سوۋېت رۇسىيىسىگە قايتۇرما زەربە بەرمەكچى بولدى. ئۆز ھاكىمىيىتىدىن ئەنسىرىگەن ئۆلكىدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بېشى ھېسابلىنىدىغان ياڭ زېڭشىن سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سورىدى. نەتىجىدە، 1921-يىلى 17-مايدا

«تۈركىستان فرونتى قوماندانلىق شتابى بىلەن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئارىسىدا باكىچ ۋە نوۋىكوپ قوماندانلىقىدىكى ئاقلارنىڭ قاچاق ئارمىيىسىنى بىرلىكتە يوقىتىش ئۈچۈن جۇڭگو تېررىتورىيىسىگە قىزىل ئارمىيىنى كىرگۈزۈش ھەققىدىكى كېلىشىم» دەپ ئاتالغان بىر توختام تۈزۈلدى. ئەنە شۇ كېلىشىمگە ئاساسەن 1921-يىلى 5-6-ئايلار ۋە كۈز مەزگىلىدە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئۇيغۇر دىيارىدا ئىككى قېتىم ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى ھەمدە گېنېرال باكىچنى يوقاتتى.

## تۇنجى سوۋېت ئۇيغۇر رازۋېدچىكىنىڭ پاجىئەسى

رۇس مۇتەخەسسىسلىرىدىن بارمىن ۋە باشقىلارنىڭ قارىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىيارىغا قېچىپ كەلگەن سوۋېت رۇسىيىسىگە، كوممۇنىزمغا قارشى تۈرغان ئاقلار سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يەتتە سۇدىكى ھەمدە غەربىي سىبىرىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا نىسبەتەن ئېغىر تەھدىت سالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىلانى ۋاقتى كەلسە، ئۇيغۇر دىيارىدا كۈچ توپلاپ ۋە ھەربىي تەييارلىق ئېلىپ بېرىپ، قايتىدىن يەتتە سۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە غەربىي سىبىرىيىگە بېسىپ كىرىپ، مۇستەقىللىق جاكارلاش ئىدى. ئۇلار بۇ پىلانى ئۈچۈن يەرلىك ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېك قاتارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە كۆپ ھەرىكەت قىلغان. بۇ ئەھۋال ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ رازۋېدكا ئورگانلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ تۇرغان بولۇپ، سوۋېت رۇسىيىسى رازۋېدكا ئورگانلىرى ئاق ئارمىيە قوماندانلىرىدىن دۇتوپىنى يوقىتىش ئۈچۈن يەرلىك ئۇيغۇر، قازاق، تاتارلاردىن پايدىلانغان. يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان ماخمۇت غوجامياروپ سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ رازۋېدكا ئورگانلىرى تەرىپىدىن مەخپىي ھالدا غۇلجىغا ئەۋەتىلىپ، كوممۇنىستلارغا قارشى ئارمىيىنىڭ قوماندانى دۇتوپىنىڭ يېنىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئادەم ئاتامان دۇتوپىنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا داڭ چىقارغان ھەتتا سوۋېت

رۇسىيىسى «ك گ ب سىنىڭ ئاتىسى» دەپ ھېسابلانغان دىرجىنسكىينىڭ سائەت ۋە تاپانچا بىلەن مۇكاپاتلىنىشىغا ئېرىشكەن.

ماخمۇت غوجامياروپ، سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن چىققان تۇنجى رازۋېدكا خادىملىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ سوۋېت بولشېۋىكلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تىكلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىگە قوشقان تۆھپىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، گراژدانلار ئۇرۇشى دەۋرىنىڭ قەھرىمانلىرى قاتارىدا سانالغان ئىدى. ئەگەردە، دۇتوپ ئۇيغۇر جاسۇسىنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلمىگەن بولسا، ئۇ ئىلى، ئالتاي ۋە موڭغۇلىيە ئەتراپىغا قېچىپ كەلگەن كوممۇنىستلارغا قارشى قوشۇنلارنى بىرلەشتۈرۈپ، يەتتە سۇغا ھەم ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، قىزىللارنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە ياكى بولمىسا، سىبىرىيە رايونىدىن قىزىللارنى تازىلاپ، قايتىدىن رۇسىيىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان بولار ئىدى. ئاتامان دۇتوپ قاتارلىق «ئاقلار» سوۋېت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى يەرلىك مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتچىلىرى، قوراللىق كۈچلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش سىياسىتى يۈرگۈزگەن بولۇپ، ھەتتا ئۇ يەتتە سۇدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قوللىشىغا سازاۋەر بولغان. ماخمۇت غوجامياروپنىڭ دۇتوپنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋېلىشى ئۇنىڭ ئۆزىنى سوۋېت تۈزۈمىگە قارشى ئۇيغۇر دەپ كۆرسەتكەنلىكى شۇنىڭدەك يەنە دۇتوپ بىلەن ماسلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىش قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان تاتار بايلىرىدىن چانىشېپنىڭ مەخسۇس ئالاقىچىسى دەپ كۆرسەتكەنلىكىدۇر. ماخمۇت غوجامياروپ، ئاتامان دۇتوپغا چانىشېپنىڭ «بىز تەييارلىنىپ بولدۇق، ئەمدى سىزنىڭ ھەرىكەت قىلىشىڭىزنى كۈتىۋاتىمىز» دېگەن يالغان مەزمۇنلار يېزىلغان خېتىنى تاپشۇرۇپ، ئۇ خەتنى ئوقۇۋاتقاندا ئۇنى تىرىك تۇتۇپ كەتمەكچى بولغان. بىراق، دەل شۇ پەيتتە دۇتوپنىڭ قوغدىغۇچىسى ئۆيگە كىرىپ قالغان، ئامالسىز قالغان ماخمۇت دۇتوپنى ۋە قوغدىغۇچىنى ئېتىپ

تاشلىغان.

30-يىللاردا ئاتامان دۇتوپنىڭ ئادەملىرى ماخمۇت غوجامياروپتىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، بىر كېچىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئەڭ پاجىئەلىك يېرى شۇكى، سوۋېت رۇسىيىسى ئۈچۈن بارلىقىنى ۋە ئائىلىسىنى قۇربان قىلغان بۇ ئۇيغۇر رازۋېدچىكى 1937-يىلى ئۆزى خىزمەت قىلغان سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «خەلق دۈشمىنى» دەپ قولغا ئېلىنىپ، يەنە شۇ سوۋېت ن ك ۋ د دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سوۋېت-گېرمان ئۇرۇش مەيدانى ئۆلگەن. شۇنداق قىلىپ، لېنىن ۋە درجىنېسكىيلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان تۇنجى سوۋېت ئۇيغۇر جاسۇسى ماخمۇت غوجامياروپ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ھەم پەرزەنتلىرى ئىنسانىيەتنى ئىككى لاگېرغا ئايرىپ، ئۆزئارا قىرغىن قىلىشقا باشلاپ كەلگەن ئاشۇ 70 يىللىق سوۋېت تۈزۈمىنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان. بۈگۈنكى كۈندە رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئاتامان دۇتوپنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى رۇسىيىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىنتىلگەن مىللەتپەرۋەرلەر تەرىقىسىدە مەدھىيىلىگىنىدە، ئۇنى ئۆلتۈرگەن ئۇيغۇر ماخمۇت غوجامياروپقا نەپرەتلىنىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. مانا بۇ تارىخنىڭ ئاچچىق قىسمىتى، چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلىك قىسمەتلىرىنىڭ ئادديي بىر پارچىسى خالاس!

## سوۋېت كونسۇلخانىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20-30-يىللىرىدا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ياڭ زېڭشىڭ ۋە جىن شۇرېن قاتارلىق مىلىتارىستلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان «نادان قالدۇرۇش» «تاشقى دۇنيادىن قامال قىلىش» سىياسىي تاكتىكىلىرى ئاخىرى بازار تاپالماي قالدى.

يەتتە مىڭغا يەتمەيدىغان ئەپيۇنكەش، مايماق-سويماق ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنى 17 يىل مىدىرلاتماي ئىدارە قىلغان ياڭ زېڭشىنىڭ رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا پەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن مەيداندا ئۇرۇمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ ئايالىمۇ بار بولۇپ، بۇ قانلىق ۋەقەدە ھېچقانداق خېيىم-خەتەرگە يولۇقمىغان سوۋېت كونسۇلى خاتىرجەم ھالدا ئۇرۇمچى ھاكىمىيىتىنىڭ پەن ياۋنەن ئەمەس بەلكى، جىن شۇرېننىڭ قولىغا ئۆتۈشىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدى. سوۋېت كونسۇلى مىلىتارىست جىن ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن دەرھال ئۇنى قوللاپ، موسكۋانىڭ جىن شۇرېن بىلەن بىر قاتار ھەربىي قورال-ياراق ۋە سودا-ئىقتىسادىي كېلىشىملەرنىڭ ئىمزالىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 17 يىلدىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىغا سىڭىپ كىرىشىنى، بۇ يەردە كوممۇنىستىك ئىدىيىلەرنىڭ تارقىلىشىنى ئەپچىللىك بىلەن توسۇپ كەلگەن ياڭ زېڭشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلاشماي، مەزكۇر ئۆلكىنى قولدا مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن جىن شۇرېن دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆپ سودا-ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بارا-بارا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەرەپكە مايىل بولۇش بىلەن ئۆلكىدىكى سوۋېت تەسىرىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشكە شۇنىڭدەك تار مىللەتچىلىكنى ئەۋجى ئالدۇرۇپ، رۇسلارنىڭ مەنپەئەتىگە تەتۈر تاناسىپ پەيدا قىلىشقا باشلىدى. سوۋېت رۇسىيىسى 20-يىللارنىڭ بېشىدىلا ئۇيغۇر ئېلىدە مۇستەقىل بىر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يول قويماسلىق، ئۇنىڭ ئەكسىچە مىلىتارىست خىتايلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوللاش ئارقىلىق بۇ رايوننى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا-ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئالاھىدە جايغا ئايلاندۇرۇش پىلانىنى بېكىتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇزلۇكسىز تۈردە مەخسۇس ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، رايوننىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ۋەزىيىتىنى بولۇپمۇ ئۇنىڭ تاشقى كۈچلەر يەنى ئەنگلىيە، ياپونىيە

ھەم ئېچكىرىدىكى جۇڭگو ھۆكۈمەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى، موسكۋانى ئەڭ ئەندىشىگە سالىدىغىنى، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ ئەنگلىيە تەۋەسىدىكى ھىندىستان بىلەن چېگرىلىنىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، موسكۋا بۇ رايوندا ئىنگلىز تەسىرىنىڭ تىكلىنىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا تەھدىت پەيدا بولۇشىنى خالىمايتتى.

20-يىللاردا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مىلىتارىستلارنىڭ بىرلىكتە قۇرغان سوۋېت-شىنجاڭ سودا شىركىتى يەنى «سوۋ-سىن تورگ» شىركىتى پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، مەزكۇر شىركەتنىڭ ئاساسلىق ھەربكەتلىرىنىڭ بىرى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە رايوندىكى چەت ئەل تەسىرىنى رازۋېدكا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. «سوۋ-سىن تورگ» شىركىتىنىڭ سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان جاسۇسلىرى مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىۋاسىتە موسكۋاغا دوكلات يوللايتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شىنجاڭدا ئىنقىلاب قوزغاپ، مۇستەقىل سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش موسكۋا ئۈچۈن پايدىلىق دېگەن تەكلىپنى بەرسە، بەزىلىرى بۇنىڭغا قارشى تەكلىپلەرنى بەرگەن. نەتىجىدە موسكۋا دائىرىلىرى دائىم ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى مەسىلىسىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان بولۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرماي، ئەكسىچە خىتاي مىلىتارىستلىرىنى قوللاش تەرەپدارلىرى ھامان ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇيغۇر دىيارىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەش كونسۇلخانىسى مەۋجۇت بولۇپ، رازۋېدكا كەسپى بۇ كونسۇلخانىلارنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىدىن ھېسابلىناتتى.

تارىخىي سىرلار پاش قىلىدىكى، 30-40-يىللاردىكى ئۇيغۇر ئېلىدىكى سىياسىي بوران-چاپقۇنلارغا قەشقەر، غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي ۋە ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىلىرى ئاكتىپ ئارىلاشقان بولۇپ، 1933-يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام

جۇمھۇرىيىتى بىلەن 1944 - يىلى غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان جۇمھۇرىيەتنىڭ تەقدىرىنى مەزكۇر كونسۇلخانىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ئايرىپ قاراش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

دېمەك، سوۋېت رازۋېدچىكلىرى جىن شۇرېننىڭ موسكۋا ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى يوقىتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەۋاتقاندا 1931 - يىلى قۇمۇل تاغلىرىدا خوجا نىياز ھاجىم باشچىلىقىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. قۇمۇل تاغلىرىدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ زوراۋانلىققا قارشى قوزغىلاڭلىرىنى باشلاش بىلەن مەزكۇر قوزغىلاڭنىڭ تەسىرى ئاستىدا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدا كەڭ كۆلەملىك مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئېلىپ، پەقەت ئۈرۈمچىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتتى. مانا مۇشۇنداق زور ئۆزگىرىش ئۇيغۇر دىيارىغا قوشنا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايتتى. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن موسكۋا دائىرىلىرى قايتىدىن ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چارە - تەدبىرلەرنى ئېلىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن رازۋېدكا ئورگانلىرىنى ئىشقا سالدى.

### قەشقەردە قۇرۇلغان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى موسكۋانى ئەندىشىگە سالدى

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا كۆتۈرۈلگەن كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭلار نەتىجىسىدە ئۈرۈمچىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردىن باشقا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتتى. 30 - يىللاردا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەربىي سىياسىي ۋەزىيىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق ئۈچ خىل كۈچ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار خوجا نىياز ھاجىمنى بايراق ۋە قوماندان دەپ تونۇغان قۇمۇل - تۇرپان ھەم تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسىملىرىنى كونترول قىلغان ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرى، ما جۇڭيىڭنىڭ باشلامچىلىقىدىكى تۇڭگان قوراللىق كۈچلىرى ۋە جاڭ پېيۈەن باشچىلىقىدىكى ئىلى ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى شېڭ شىسەيگە قارشى

ھەربىي كۈچلەر بولۇپ، بۇ ئۈچ خىل كۈچ جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇپ ئۆلكە ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىۋالغان شېڭ شىسەيگە قاتتىق تەھدىت سالغان ئىدى.

مەزكۇر ئۈچ كۈچنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرى ئايرىم بولۇپ، جاڭ پېيۋەن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ھەربىيلىرى پەقەت ئۆلكە ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەپ، ئۆلكىنى جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتىگە بويسۇندۇرۇشنى ئارزۇ قىلسا، تۇڭگان ما جۇڭيىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ ئىسلام دۆلىتى قۇرماقچى بولۇپ، بۇ مەقسەتتە جۇڭگو گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تەۋە 36-دىۋىزىيە دەپ ئاتىغان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇشىغا قارشى تۇرغان ئىدى. ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن قىسمەن قىرغىز قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بىرلىشىشى ئاساسىدا 1933-يىلى 12-نويابىر كۈنى قەشقەردە سابىت داموللا رەھبەرلىكىدە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، ئىنقىلابقا ئىشتىراك قىلغان ئابدۇقادىر ھاجىمنىڭ ئەسلىمىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، جەنۇبىتىكى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەردە ئۇيغۇر ئېلى جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايرىقى چىقىرىلدى.

## ئۇيغۇر سىياسىي تەقدىرىنى ۋورۇشىلوۋ پىچقان

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قوشنا بولغان ئۇيغۇر ئېلىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ تۇرغان كرېمىل رەھبەرلىرى 1933-يىلى 6-ئاينىڭ 27-كۈنى سوۋېت رۇسىيىسى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋورشىلوۋنىڭ رەھبەرلىكىدە «مەخسۇس سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش كومىسسىيىسى» قۇردى. شۇ يىلى 7-ئايدا سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەزكۇر كومىسسىيىسىنىڭ ئۇيغۇر دىيارى ھەققىدىكى تەكلىپلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. 1933-يىلى، 8-ئاينىڭ 3-كۈنى سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۇيغۇر

ئېلىنىڭ سىياسىي تەقدىرى ھەققىدە رەسمىي قارار ماقۇللاپ، خىزمەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بەردى. بۇ قاراردا موسكۋانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى يوقىتىپ، ئۆلكىدە جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقانداق مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قەتئىي يول قويماسلىق، ئۇنىڭ ئەكسىچە شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىش بەلگىلەنگەن ئىدى. يېقىندا ئېلان قىلىنغان رۇسىيە مۇتەخەسسىسى ۋ. ف. نىكىسىنىڭ «سوۋېت ن ك ۋ د سىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرىكەتلىرى» ناملىق ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 1931 - 1934 - يىللىرىدىكى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭلار نەتىجىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللاش بىلەن خىتاينىڭ بۇ ئۆلكىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىنى بالانس قىلدى. نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋورشىلوۋ باشچىلىقىدىكى ئالاھىدە كومىسسىيىسى ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىنى قوللاپ، ئۆلكىنى جۇڭگو تەركىبىدە قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. 1933 - يىلى نويابىردا ئۆلكىگە سوۋېت قوشۇنلىرى كىرگۈزۈلدى، سوۋېت قوشۇنلىرى ئۆلكە ئارمىيىسى تەرىپىدە تۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئەنە شۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياستى تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭچىلار مەغلۇپ بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پوزىتسىيىسى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ يېڭى سىياستى قوزغىلاڭچىلارنى پارچىلاپ، خوجا نىياز ھاجىم قاتارلىق بىر قىسىم رەھبەرلەر ھۆكۈمەت تەرىپىگە ئۆتتى.

ئاپتورنىڭ بايان قىلىشىچە، 1933 - يىلى ئۇيغۇر دىيارىغا كىرگۈزۈلگەن «تارباغاتايسكىي» ۋە «ئالتايسكىي» نامىدىكى ھەمدە 1937 - يىلى كىرگۈزۈلگەن سوۋېت قوشۇنلىرى مۇنتىزىم قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىدىن باشقا يەنە سوۋېت بىخەتەرلىك كومىتېتىغا بىۋاستە قارايدىغان چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى ھەم ن ك ۋ د ئەترەتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەزگىللەردە سوۋېت رازۋېدكىسىغا مۇناسىۋەتلىك ھەربىي

ۋە ئاخبارات خادىملىرى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇنۇملۇك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان.

## موسكۋانىڭ قارارىدا سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ تەكلىپى ئاساس بولغان

رۇسىيە تارىخچىسى بورىس ئانوتولىيېۋىچ بارمىنىنىڭ «1918- 1941- يىللىرىدىكى سوۋېت- جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە شىنجاڭ» ناملىق كىتابىدىكى مەلۇماتلارغا تايانغاندا، 1931- يىلى قومۇل قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن ئىلگىرى ۋە كېيىن سوۋېت بىخەتەرلىك ئورگانلىرى ئۆز خادىملىرىنى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شۇ جايدىكى ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلغان. ھەتتا، 1921- يىلى 4- ئىيۇن كۈنى، قەشقەرىيە قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈلگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونال تەرىپىدىن تەييارلانغان «قەشقەرىيە- جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇش لايىھىسى سوۋېت رۇسىيىسى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن مۇزاكىرە قىلىنغان. رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىنىڭ باشلىقى ھەم ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ رەھبەرلىرىدىن رۇدزۇكتاك ئىنقىلاب قوزغاپ، قەشقەرىيە- جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما لېنىن، چىچېرىن قاتارلىق سوۋېت كومپارتىيە رەھبەرلىرى بۇنىڭغا قەتئىي قارشى چىققاندىن كېيىن بۇ مەسىلە يېپىلغان.

لېكىن، 1931- يىلى قومۇل قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن بىر قىسىم سوۋېت رەھبەرلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا ئىنقىلاب قوزغاشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلدى دەپ ھېسابلاپ قايتىدىن موسكۋاغا تەكلىپ بەرگەن. مەسىلەن، رۇس ئالىمى بارمىنىنىڭ يېزىشىچە، رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىنىڭ باشلىقى ئۇيغۇرلار دىيارىدا ئومۇمىي يۈزلۈك مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت قوزغاشنى تەشەببۇس قىلغان. ئەمما، ئۇيغۇر دىيارىغا رازۋېدكىغا ئەۋەتىلگەن بىر قىسىم ئاخباراتچىلار بۇنىڭغا

قارشى چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن سوۋېتقا قارشى ئادەملەرنىڭ قەشقەرگە توپلانغانلىقى، ئۇلارنىڭ قەشقەرنى بازا قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىش خەۋپى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبتىكى ئىشلارغا ئارىلىشىپ، ئۇلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پايدىلىنىشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سوۋېت رازۋېدكا خادىملىرى يەنە قەشقەرىيىدە ئىسلام دىنى ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى، گەرچە ھازىر ئىنقىلابنى قوللىغان بىلەن كېيىن بەلكى ئومۇمىي يۈزلۈك سوۋېتقا قارشى كەيپىياتلارنىڭ كۈچىيىپ كېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىسىز ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ئۇنى كونترول قىلىشنىڭ تەسكە چۈشىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلغان.

ئۇيغۇر دىياردا مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت ئارقىلىق مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇلۇشىنى قوللاش تەرەپدارلىرى ئاساسلىقى ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مەخپىي ئادەملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ بولغان ئىكەن. بۇ ئۇيغۇرلار موسكۋاغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنقىلابىنى قوللاش تەكلىپلىرىنى بەرگەن. ئەمما، ستالىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز جاسۇسلىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىنى قوللىماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ، ئۇيغۇر ئېلى ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى 1937 - يىلىدىكى ئابدۇنىيازبەگ ھەم ما خۇسەن باشچىلىقىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭنى باستۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ ۋەقەلەردە سوۋېت رازۋېدكا ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى ۋە بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىرىدىن رۇسلاردىن رىبالكىن، ئوبۇخوپ، پالىنوپ، ئۇيغۇر ۋە قىرغىزلاردىن قادىر ھاجى، مەنسۇر ئەپەندى، مەۋلانوپ ۋە باشقا ئونلىغان ئادەملەر مۇھىم رول ئوينىدى. شېڭ شىسەينىڭ چېگرا باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشى ۋە ئارىلىششى

ئاساسىدا قۇرۇلغان ھەم ئىش ئېلىپ بارغاندىن سىرت يەنە موسكۋا ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان مەخپىي رازۋېدكا خادىملىرىنىڭ ھەر خىل سالاھىيەتتە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان.

(بۇ ئەسەر تېخى ئاياغلاشمىغان بولۇشى مۇمكىن)

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەتقىقاتىغا ئائىت مەسىلىلەر

## ـــ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى مەسىلىسى

ئۇيغۇر دىيارىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى سىياسىي تارىخىي مۇرەككەپ جەريانلار بىلەن تولدى. بۇ دەۋردە پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلى دائىرىسى بويىچە كەڭ كۆلەمدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابلىرى پارتلاپ، يەرلىك خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ھاكىمىيەتلىرىنى بەرپا قىلدى. بۇ ھەرىكەتلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇ 30-يىللاردىكى ئىنقىلابلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسا، 40-يىللارغا كەلگەندە قايتىدىن ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللاپ ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىي-سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەم مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۆزلىرىنى-ئۆزلىرى ئىدارە قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تاكى 1949-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ۋە ئاخىرىدا ئىلى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى ھەمدە كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن ئىنتايىن مۇھىم بىر سىياسىي ۋەقە بولغاچقا بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلار يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان كۆپىيىشكە باشلىدى ھەمدە ئىلگىرى كېيىن جۇڭگو، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، بۈگۈنكى رۇسىيە فېدېراتسىيىسى، ئامېرىكا،

ئەنگلىيە، ياپونىيە ۋە باشقا ئەللەردە بىر قاتار ئىلمىي ئەسەرلەر ۋە تۈرلۈك خىلدىكى ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر ئىنقىلابىي شاھىتلىرىمۇ بۇ ھەقتە كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى، كېيىنكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون پارتكوم مۇئاۋىن سېكرېتارى سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرى، كېيىنكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىرىدىن زاھىر ساۋدانوۋ، سوپاخۇن سوۋۇروف، زىيا سەمەدى، توختى ئىبراھىم قاتارلىق ئۇنلىغان ئەربابلار ئۆز ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى شۇنىڭدەك خەنزۇ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدا مەخسۇس «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»، «مۇھىم ۋەقەلەر خاتىرىسى» غا ئوخشاش بىر قاتار كىتابلار نەشر قىلىندى. سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ بولسا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئۆزىگە خاس بولغان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېمەك ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت قانداق مەسىلىلەر مەۋجۇت دېگەن سوئالنىڭ قويۇلۇشى تەبىئىي. تۆۋەندە مەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت مەسىلىلەرنىڭ بىرى «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» مەسىلىسى ھەققىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرىنى چۈرىدىگەن ھالدا يۈزەكى بولسىمۇ، توختالماقچىمەن.

20-ئەسىرنىڭ 20-40-يىللىرىدا سوۋېت رۇسىيىسى ۋە ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونال ئاسىيا، ئافرىقا ھەم باشقا جايلاردىكى مۇستەملىكە ئاستىدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دەپ باھالاش پرىنسىپى بويىچە 30-40-يىللاردا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت كاتېگورىيىسىدە كىرگۈزگەن.

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تەبىرىگە تايانغاندا، «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» ، يەنى رۇسچە Национально–освободительное

движение، ئىنگلىزچە «National liberation Movement» مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئاستىدىكى بارلىق خەلقلەر ۋە بارلىق ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، جاھانگىرلىككە ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدىغان ھەرىكەتتۇر. بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەت 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن ئەۋجى ئالغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە دۇنيا، ئۇلۇغ برىتانىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە، گوللاندىيە، چار رۇسىيە، ياپونىيە، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى قاتارلىق جاھانگىرلىك دەۋرىگە كىرگەن دۆلەتلەر تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىنغان ئىدى.

ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى جاھانگىر كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە تەسىر دائىرىسى ئاستىدا بولۇپ، دۇنيادا ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگەن مىللەتلەردىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيە شەكىللىنىپ، بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئارىسىدىكى كۈرەش ئۆتكۈرلەشتى. نەتىجىدە دۇنيا يۈزىدە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى مەيدانغا كېلىپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا خېلى كۆپ مىللەتلەر مۇستەقىل بولدى.

رۇسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى تېخىمۇ ئەۋجى ئالدى. دۇنيا يۈزىدە جاھانگىرلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ يېڭى دولقۇنى شەكىللىنىپ، ھەر قايسى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىش مەسىلىسى خەلقئارالىششقا قاراپ يۈزلەندى. بۇ جەھەتتە سوۋېت رۇسىيىسى ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدىكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ، «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت ئىدىيىسىنى» ھەممە يەرگە يېيىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ يەنە بىر دولقۇنى

كۆتۈرۈلۈپ، يەنە كۆپلىگەن مىللەتلەر ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلىرىنى بەرپا قىلدى. دېمەك، سوۋېت رۇسىيىسى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ 30 - 40 - يىللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق قوزغىلاڭلىرىنى «مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىچىلىككە ئۇچرىغان خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دەپ ئاتىشى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس ئىدى. تارىختىكى سۇن جوڭشەننىڭ مانجۇلارنىڭ مەنچىڭ سۇلالىسىغا قارشى مىللىي ئىنقىلابى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى سەككىز يىللىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى، يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق شەرقىي ياۋروپا خەلقىنىڭ گىتلېر گېرمانىيىسىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ھەمدە كورىيە خەلقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى كۈرەشلىرى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مۇستەقىللىق ئىنقىلابلارنىڭ ھەممىسى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپتۇر.

1931 - يىلى قۇمۇل قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، ئەنە شۇ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت پرىنسىپ بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىنىڭ سېكرېتارى باۋمان سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قوزغىلاڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت خاراكتېرى» غا ئىگە ئىكەنلىكى، شۇڭا بۇ ھەرىكەتكە ياردەم بېرىشنى لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.[1] بۇ مەزگىلدە ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ دوكلاتىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى «ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، سوۋېت رۇسىيىسى كوممۇنىستىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، قىزىل ئارمىيە ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتى ھەم تاشقى ئىشلار كومىسسارىياتى قاتارلىق ئورگانلار شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قوراللىق قوزغىلاڭلار ۋە ئۇنىڭ يۆزلىنىشى شۇنىڭدەك تاشقى ۋە ئىچكى تەسىرلەر مەسىلىسىنى يېقىندىن كۆزىتىش نەتىجىسىدە، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ

شىنجاڭنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىشىدە ئىككى خىل پىكىر ئېقىمى پەيدا بولدى.

ئۇنىڭ بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللاش ۋە ياردەم بېرىش. بۇ ئىدىيە ئۇچىنچى ئىنتېرناتسىئونال تەرىپىدىن باشتىن-ئاخىرى تەكىتلىنىپ كەلگەن. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسماھىل تاھىروف، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى، نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف قاتارلىق يەتتە سۇ ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئۇچىنچى ئىنتېرناتسىئونال ۋە سوۋېت رۇسىيىسىدىن ئۈمىد كۈتكەن ھەمدە ئۇيغۇر ئېلىدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى قوزغاش پىكرىنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماستىن بەلكى تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىگەن ئىدى. ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى مەسىلىسى ئاتاقلىق سوۋېت ئۇيغۇر كوممۇنىست دۆلەت ئەربابى ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ نۇتۇقلىرىدا ۋە ماقالىلىرى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ.[2] ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 1922-1930-يىللىرى ئارىسىدا لېنىن ۋە ستالىن نامىغا ھەمدە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە ئۆزبېكىستان، قازاقىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتلىرىغا ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەم مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى مەسىلىسى ھەققىدە دوكلاتلار ۋە خەتلەر يازغان. ئۇنىڭ «غەربىي جۇڭگودا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى توغرىسىدا ۋە بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەر ھەققىدە» ناملىق دوكلات تېزىسى ساقلىنىپ قالغان.[3] ئۇچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يەتتە سۇ ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرى ۋە تەلەپلىرىنى نەزەرگە ئالغان بولۇشى ئېھتىماللىققا ئۇيغۇن بولۇپ، بۇ ئۇچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ شىنجاڭدا ئىنقىلاب قوزغاش ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى خىلدىكى پىكىر ئېقىمى، ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللىماستىن بەلكى خەنزۇ مىلىتارىستلىرىغا ياردەم بېرىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى ئۆلكىگە

ئايلاندۇرۇپ، ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۇنى سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى تۇرۇش بازىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. بىرىنچى خىلدىكى پىكىردىكىلەر ۋە ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قارشى تۇرۇشقا قارىماي، ئىككىنچى خىلدىكى پىكىر ئېقىمى ستالىن قاتارلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ھەمدە شۇ بويىچە شىڭ شىسەيي يۆلەپ تۇرغۇزۇلۇپ، سابىت داموللام باشچىلىقىدا تەسىس قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ۋە ماجوڭيىڭ باشچىلىقىدىكى تۇڭگان كۈچلىرى يوق قىلىنىدى ھەمدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە تونۇلغان خوجانىياز ھاجىم سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياراشتۇرۇشى، كۆرسەتمىسى ۋە ۋەدىلىرى بويىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ شىڭ شىسەينى قوللاشنى قارار قىلىشى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەر ۋە ياكى دۇنيا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تەرەپدارلىرىنىڭ قاتتىق قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان [4] بولۇپ، بۇ چاغدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ موسكۋانىڭ بۇ قارارىغا قارشى تۇرۇپ ستالىن رەھبەرلىكىدىكى مەركىزى كومىتېتقا ئەۋەتكەن دوكلاتىدىمۇ ئوخشاشلا «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» ئىبارىسى تەكرارلىنىپ، «گەرچە، مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتارىدا فېئوداللار بار بولسىمۇ، بۇ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. [5]

قىزىق يېرى شۇكى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، شىڭ شىسەينى قوللىغان ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت رۇسىيىسىمۇ بۇ چاغدا ئوخشاشلا «ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» ئاتالغۇسىنى قوللىنىۋەرگەن ھەمدە ئۇيغۇرلارنى «مۇستەملىكە ئاستىدا ئېزىلگەن مىللەتلەر» كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگەن بولۇپ، تارىخىي شاھىتلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدىكى ئۈچۈرلاردىن قارىغاندا، سوۋېت دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي خادىملىرى خوجا نىياز ھاجىمغا ھەم ئۇنىڭدىن

كېيىن گېنېرال ماھمۇت مۇھىتى ۋە باشقىلارغا ئۆزلىرىنىڭ «ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدىغانلىقى» ۋە «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ نىجات يۇلتۇزى» ئىكەنلىكىنى ئىزچىل بىلدۈرگەن ئىدى. شۇڭا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ۋە زىيالىيلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن «تايانچ كۈچ» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد باغلىغان. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋە 1937-1939-يىللىرىدىكى شېڭ شىسەينىڭ قىرغىنچىلىقى، خوجا نىياز ھاجىم قاتارلىق ئۇيغۇر رەھبىرىي شەخسلىرى ۋە قوزغىلاڭ ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىشى ھەمدە ئۆلتۈرۈلۈشىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلاشقان تەرىپى بولۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» ۋە «ئېزىلگەن مىللەت» ئاتالغۇلىرىنى ئويۇنچۇق قىلغانلىقىدەك ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى. سوۋېت سىياسەتچىلىرى بۇ مەزگىلدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت نەزەرىيىسىنى ئۇيغۇرلارغا ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق دائىرىسىدە چۈشەندۈردى ھەمدە ئۇلارنى شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ، بۇ ئۆلكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شۇنىڭدەك ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلدى. شۇ ۋەجىدىن شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە سىياسىتى» نىڭ تۈزۈلۈشىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئەسلىدە مىللىي ئازادلىق ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغان موسكۋا ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئارزۇسىنىڭ شېڭ شىسەينىڭ ئالتە سىياسىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى شەرھلەپ، ئۆز چېگراسىنىڭ يېنىدا مۇقىم ۋەزىيەت ھەمدە سوۋېت تەسىرى ئاستىدىكى سىياسىي تۈزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ئەمما، 1940-1943-يىللارغا كەلگەندە شېڭ شىسەينىڭ يۈز ئۆرۈشىدىن غەزەپكە كەلگەن ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتى « مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» نەزەرىيىسىنى يەنە بىر قېتىم قوللاندى. 1943-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى

مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا ئىنقىلاب قوزغاش ھەققىدە قارار ئالغاندىن كېيىنكى ھۆججەتلەردە[6] ۋە تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىمۇ قوزغىماقچى بولغان بۇ ھەرىكەتلەر «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دەپ ئاتالدى. مەسىلەن، 1943-يىلىدىن ئېتىبارەن چىقىرىلىپ، مەخسۇس شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن «شەرق ھەقىقىتى»، «قازاق ئېلى» ژۇرناللىرىدىكى ماقالىلەردىمۇ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ ئىنقىلابنى نەدە قوزغاش ھەققىدە موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتلىرىدىمۇ «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» ئىبارىسى قوللىنىلغان ئىدى. [7]

موسكۋا ئەنە شۇ «مىللىي ئازادلىقى ھەرىكىتى» شوئارىغا ئاساسەن غۇلجا قوزغىلىڭى غەلىبە قىلىپ، 1944-يىلى 12-نويابىر كۈنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەمدە 1945-يىلى 5-يانۋاردا توققۇز ماددىلىق خىتابنامىنىڭ ئېلان قىلىنىشى شۇنىڭدەك مەزكۇر خىتابنامىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا ئوچۇق قىلىپ، «مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش» [8] شوئارىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا يول قويىدى ھەتتا كۆرسەتمە بەردى. «مىللىي مۇستەقىللىق شوئارى، ئەلىخان تۆرە باشلىق ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ پائالىيەتلىرىدىن تارتىپ، تاكى جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ئۈچ فرونت بويىچە جەڭ قىلىش ھەمدە بىتىم تۈزۈلگۈچە بولغان ئارىلىقتا كەڭ تەشۋىق قىلىندى. سوۋېت تارىخشۇناسلىرىدىن ئالىمجان ھاكىمبايېۋ ۋە مىنگۇلوۋ قاتارلىقلار ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ مەزكۇر توققۇز ماددىلىق خىتابنامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە دۆلەت تۈزۈلمىسى ھەمدە ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلىرى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق توختالغان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئېلى ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپىدىلا مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق شوئارلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى يوشۇرمىغان ئىدى[9]. ئىنقىلاب شاھىتى سەيدۇللا سەيفۇللايېۋمۇ بۇ نۇقتىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ

بايانىغا تايانغاندا، «1944-يىلى 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، غۇلجا شەھىرى ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە مۇستەقىللىق شوئارى ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىندى. بۇ ئەھۋال بىر يىل داۋام قىلىپ، تىنچلىق بىتىمىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن ئاخىرلاشتى»[10]. مانا شۇ 1943-يىلىدىن تاكى 1946-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى قوللىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدا قوزغالغان «مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى» نىڭ «مۇستەقىللىق ئىنقىلابى» خاراكتېرىنى ئېلىشىنى چەتكە قاقمىدى. ھەتتا ئازادلىق تەشكىلات ئەزاسى ۋە كېيىنكى جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇمنىڭ ئەسلىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلى داباشىن قاتارلىقلار «ئازادلىق تەشكىلاتى» غا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلارنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىدەك مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن ھەتتا نىلقا قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى فاتىخ مۇسلىموفقىمۇ سوۋېت تەرەپ شۇنداق دېگەن[11]، جۇمھۇرىيەت تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي-سىياسىي ۋەكىللىرى بارلىق ئورگانلارغا مەسلىھەتچىلىك قىلغان بولۇپ، بۇ مەسلىھەتچىلەر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىنىڭ ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن ئىكەنلىكىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالمىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەردە «سوۋېت ئىتتىپاقى مۇستەقىللىق ئۈچۈن ياردەم بېرىۋاتىدۇ» دەيدىغان ئىشەنچ ھەم خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىنغان. بىراق، موسكۋا دائىرىلىرى 1946-يىلى 6-ئايدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ نامدا ئەمەلدىن قېلىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتنىششى قاتارلىق سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ، ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى ئاشكارا يوسۇندا «مۇستەقىللىق» ئىبارىسىنى ئىشلەتمەسلىككە كۆندۈرگەن شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىشى ۋە ئۇنى ھەربىي-سىياسىي ۋە باشقا

جەھەتلەردىن قولللىشىنىڭ مەقسىتىنىڭ «مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەمەسلىك» ئىكەنلىكىنى ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا يۈزەكى بولسىمۇ ئاشكارىلىدى. ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە ئەربابلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرەپكىمۇ قايتا ـ قايتا شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ھەتتا بۇ نۇقتىنى «سوۋېت ـ جۇڭگو دوستلۇق شەرتنامىسى» نىڭ قوشۇمچە ماددىلىرىغا كىرگۈزگەن ئىدى.

بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى گەرچە ئىلى ھۆكۈمىتىنى جۇمھۇرىيەت ئاتالغۇسىنى ئىشلەتمەي، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تۈزۈشكە دەۋەت قىلغان ھەمدە مۇستەقىللىق شوئارىنىڭ ئاشكارا ئىشلىتىلىشىنى توسۇپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» شوئارىدىن يەنىلا ۋاز كەچمەي، ئۈچ ۋىلايەتتىكى بۇ ئىنقىلابنى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى دەپ ئاتاشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن كېيىنكى ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى تەۋەسىدىكى مەتبۇئاتلاردا «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» ئىدىيىسى ۋە شوئارىنىڭ داۋاملىق تەرغىب قىلىنىشىغا، ھەتتا ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ سۆز ـ نۇتۇقلىرى ۋە ماقالىلىرىدە مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ كەڭ ئورۇن ئېلىشىغا چەك قويمىدى. مەسىلەن، 1946 ـ 1949 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۆزلىرى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە توختالغىنىدا، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىكى بۇ ئىنقىلابلارنىڭ پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئۇنىڭ مىللىي ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» ۋە ياكى «مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى» ئىكەنلىكىنى داۋاملىق تەكىتلىگەن ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنىڭ «مىللىي مەسىلىدىكى بەزى خاتالىقلىرىمىز» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ خۇلاسە چىقارغان ئىدى: «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ

ئاساسىي مەقسىتى مۇستەبىت تۈزۈمنى يوقىتىش، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، خەلقچىللىق سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت، ھەقىقىي خەلقچىللەرنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىسى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا سادىر بولغان مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تېزدىن تۈزىتىپ، قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مىللەت ئايرىماي، گومىنداڭ ۋە جاھانگىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولمىغان، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي ئەركىنلىكى، باراۋەرلىكىنى ئاساس قىلغان، ئەمەلىيەتتىكى يېڭى خەلقچىللىق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت».[12]

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆز-نۇتۇقلىرىدا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىنىڭ دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق مەزكۇر ھاكىمىيەتنىڭ كىمنىڭ تەۋەلىكى ھەمدە رەھبەرلىكى ئاستىدا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتمىگەن. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ۋە دوكلاتلىرىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ ئېڭىدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى يەنىلا سابىق جۇمھۇر رەئىس ئەلىخان تۆرە دەۋرىدە قوبۇل قىلىنغان توققۇز ماددىلىق خىتابنامىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشاندىن چەتنەپ كەتمەيدۇ دەيدىغان تۇيغۇنى بەرگەن بولۇپ، چۈنكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىك قىلغان مەزگىلىدىمۇ 9 ماددىلىق خىتابنامە ھەم سىياسىي پروگراممىغا ئەمەل قىلىنىدىغانلىق تەكىتلەنگەن بولۇپ، 9 ماددىلىق خىتابنامە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەخمەتجان قاسىمى تەرىپىدىن ھېچقاچان بىكار قىلىنغان ئەمەس، ئەكسىچە ئەلىخان تۆرە بىلەن ئالىي سوت باشلىقى مۇھەممەدجان مەخسۇم ئىمزا قويغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» ۋە «جىنايى ئىشلار قانۇنى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قوللانمىسى» تاكى 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچ ۋىلايەتتە ئىجرا قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر قانۇننىڭ دەسلەپكى 9-ماددىسىدا «ھۆكۈمەتنىڭ توققۇز ماددىلىق

خىتابنامىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ۋە ياكى بۇ خىتابنامىگە خىلاپلىق قىلغان ھەر بىر پۇقرا جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.[13]

ئەلۋەتتە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابنىڭ كېيىنكى رەھبەرلىرىنىڭ «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» نۇقتىئىنەزىرىنى داۋاملىق قوللىنىشىنىڭ مەلۇم ئارقا كۆرۈنۈشى مەۋجۇت بولۇپ، بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچىدىن، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» نۇقتىئىنەزىرىدىن ئاخىرغىچە ئۆمىد كۈتكەن ۋە ياكى موسكۋانىڭ بۇ شوئارنى ئۆز ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن سۈيىئىستېمال قىلىۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مىللىي مۇستەقىللىق شوئارىنى ئاشكارا ئىشلەتمەسلىك» كۆرسەتمىسىگە بىنائەن «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» ئىبارىسىنى قوللىنىپ، ئۇنى مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ ئەسلى تەبىرى بويىچە، يەنى مۇستەملىكىگە ئۇچرىغان خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىقى ۋە ئىستىقلالىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش مەنىسىدىن چۈشەنگەنلىكى ئېھتىماللىققا يېقىن. بۇنداق بولۇشىدىكى بىر سەۋەب شۇكى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقىغا ياردەم بېرىش» ۋەدىلىرىدىن تېخى تولۇق ئۈمىد ئۈزمىگەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمىسا كېرەك. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1946-يىلى 7-ئايدا ئەلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلىپ، جۇمھۇرىيەت نامى رەسمىيەت يۈزىسىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى،1949-يىلى 10-ئايغىچە، يەنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇستەقىل ھالدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنمىغان ھالدا ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى قوللىغان. گەرچە، سوۋېت ئىتتىپاقى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ئاتالغۇسىنى رەسمىي يوسۇندا

ئىشلىتىشكە يول قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن، «شەرقىي تۈركىستان ئىلى ۋىلايىتى» دەپ ئاتىلىشىغا يول قويغان، بولۇپ 1946-يىلى 7-ئايدىن كېيىن «شەرقىي تۈركىستان ئىلى ۋىلايەتلىك كېڭەش» دېگەندەك ناملار مەيدانغا چىققان[14]، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ 1944-يىلى 12-نويابىردا بېكىتىلگەن ش ت ج نىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق يېشىل دۆلەت بايرىقى تاكى 1949-يىلى 10-ئايغىچە داۋاملىق ئېسىلغان[15] ھەمدە مىللىي ئارمىيە بايرىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا» دېگەن خەتلەر داۋاملىق ساقلىنىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى گېزىت-ژۇرناللاردا «شەرقىي تۈركىستان ئاتالغۇسى، مىللىي ئازادلىق ۋە مىللىي مۇستەقىللىق، مىللىي ئەركىنلىك» چۈشەنچىلىرى كەڭ ئورۇن ئالغان ئىدى.[16]

يۇقىرىقى مىساللاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» شوئارىدىن پايدىلىنىش جەريانىنى كۆزەتكەندە شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ 40-يىللاردىكى ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ مىللىي ئىنقىلابىنى باشتىن ئاخىرى «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» دەپ بېكىتسىمۇ، بىراق مەزكۇر تەبىرنى مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق چۈشەنچىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىپ، ئۇنىڭ تەبىرىنى سۇيىئىستېمال قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئىستراتېگىيىسىگە ئاساسەن بەزىدە «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» ئۇقۇمىنى «مۇستەقىللىق» بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ چۈشەندۈرگەن ھەم يەنە بەزىدە «ئازادلىق» ئۇقۇمى بىلەن تەبىر بەرگەن. «ئازادلىق» ئۇقۇمى بىرئاز ئابستراكت بولۇپ، كېرەك بولغاندا ئۇنىڭ مۇستەقىللىق ئەمەس، پەقەت بىر دۆلەت ئىچىدىكى ئازادلىق ئىكەنلىكى نۇقتىسىدىنمۇ شەرھلىگەن. قىسقىسى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دىن ئىبارەت بۇ سىياسىي ئاتالغۇنى سۆز ئويۇنى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن دېسەكمۇ بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولۇشىنى قەتئىي قوللىغان ستالىن ۋە ئۇنىڭدىن

كېيىنكى سوۋېت رەھبەرلىكى 1949 - يىلىدىن كېيىنمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دەپ ئاتاۋەردى شۇنىڭدەك ئۈچ ۋىلايەت خەلقىمۇ مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ ماھىيىتىنىڭ مۇستەقىللىق ئەمەسلىكى ھەمدە ستالىنىنىڭ ئەسلىدە شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش نىيىتى يوقلۇقىنى، پەقەت ئۇنىڭ يەرلىك خەلقلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلانغانلىقىنى ئاخىرى چۈشىنىپ يەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخشۇناسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابلىرىغا باشتىن ئاخىرى ئەنە شۇ ستالىن دەۋرىدە بېكىتىلگەن «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» تەبىرى بويىچە باھا بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى 30 - يىللاردا شېڭ شىسەي بىلەن خوجا نىياز ھاجىم باشلىق ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرغاندا ۋە 1946 - 1947 - يىللىرى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى تىنچلىق بىتىم تۈزۈپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت بەرپا قىلىش دەۋرىدە شۇنىڭدەك 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1949 - يىلىنىڭ باشلىرىدا «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» نىڭ مەقسىتىنىڭ «تەڭ ھوقۇقلۇق، دېموكراتىك سىياسەت قولغا كەلگەن ئازادلىق ئىكەنلىكى» نى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، ئېزىلگەن ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئازادلىقىنى تەمىن ئېتىش ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىلىرىنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشۋىق قىلىشىغا يول ئاچقان ھەمدە تەشەببۇس قىلغان ئىدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1949 - يىلىدىن كېيىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئوخشاشلا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دەپ ئاتىغاچقا، سوۋېت تارىخچىلىرى مەزكۇر تەبىرنى ئىزچىل قوللاندى. مەيلى، 1949 - 1959 - يىللىرىدىكى سوۋېت - جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ «شېرىن ئاي» مەزگىلىدىكى ئەسەرلەر بولسۇن ۋە

ياكى 60 ـ 70 ـ يىللاردىكى سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى دۈشمەنلىك دەۋرىدىمۇ مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەر بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىردەك ھالدا بۇ «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» تەبىرى داۋاملاشتۇرۇلدى. سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى دۈشمەنلىك دەۋرىدىمۇ، سوۋېت تارىخچىلىرى ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ 1944 ـ يىلى 12 ـ نويابىردا غۇلجىدا قۇرغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ سىياسىتىگە ئىجابىي باھا بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ئىنقىلابنىڭ تۈپ مەقسىتىنىڭ يەنىلا جۇڭگودىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئايرىلىش ئەمەسلىكى، پەقەت دېموكراتىك ھوقۇق، مىللىي باراۋەرلىكنى ھەم دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان دەپ قاراپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ» ئاخىرى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغانلىقىدىن ئىبارەت جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بىردەك يەكۈننى ئىلگىرى سۈرگەن ھەم ئۇنى ئۆزگەرتمىگەن ئىدى.[17]

ۋەھالەنكى، سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلۇپ، مۇناسىۋەت تازا ئۆتكۈرلەشكەندىن، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدا سوۋېت تارىخچىلىقىدىن بەزى پەرقلىق تەرەپلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىر قىسىم جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئېلىپ بارغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مىللىي ئازادلىق ۋە دېموكراتىك سىياسەت ھەم مىللىي باراۋەرلىكنىلا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرسىمۇ، ئۇنى نوقۇل ھالدا «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ «مۇستەملىكىچىلىككە قارشى، مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق ھەرىكىتى بولماستىن بەلكى، جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى، دېموكراتىك ھوقۇق ۋە مىللىي باراۋەرلىكنى قولغا

كەلتۈرۈش كۆرىشى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پرىنسىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بۇ مەسىلىدە پروفېسسور لى شېڭنىڭ قارىشى ۋەكىل خاراكتېرلىكتۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىنقىلاب «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى ئىچكى كۆرىشى»، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خاتا ھالدا بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى دەپ ئاتىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭ چۈشىنىشى بويىچە ئالغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ 30-40-يىللاردىكى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭلىرىنى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى دەپ ئاتاش خاتا بولۇپ، بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب مەزكۇر ئىنقىلابلارنىڭ ئىككى قېتىم مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش بىلەن نەتىجىلەنگەنلىكىدۇر. ئەلۋەتتە، ئاپتورنىڭ يەكۈنى ھازىرقى زامان سىياسىي ئېدىيىسىدىن چىقىش قىلىنغان بولۇپ، بۇ تارىخىي رېئاللىق ۋە ئەمەلىيەت بىلەن زىتلىشىپ قالىدۇ. چۈنكى، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيا يۈزىدە ئەۋجى ئالغان خەلقئارا خاراكتېردىكى ھەرىكەت بولۇپ، ئازاد بولغان ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەلق ھەمدە ئىنقىلاب رەھبەرلىرى ئۆز ئىنقىلابىنى ئۇزۇل-كېسىل ئازادلىقنى ۋە دېموكراتىك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان «مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى»، «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دەپ چۈشىنىپ، ئۇنى دۇنيا يۈزىدە داۋاملاشقان مۇستەملىكىچىلىك ۋە جاھانگىرلىكنىڭ زۇلۇمىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ۋە دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېسابلىغان ئەھۋال ئاستىدا[18]، مەزكۇر رېيال پاكىتنى ئىنكار قىلىش تارىخچىلىق ئىلمىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

لى شېڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت دەپ ئاتىلىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شىنجاڭ مۇستەملىكە زېمىن بولمىسىمۇ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە سوۋېت رۇسىيىسى دائىرىلىرى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا

قارشى ئىچكى سىياسىي كۈرەشلىرىنى خاتا ھالدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى دەپ بېكىتىۋالغان، شىنجاڭ خەلقىنىڭ قارشى تۇرغىنى مىلىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە دىكتاتورا تۈزۈم بولسىمۇ، لېكىن چېگرا سىرتىدىكى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدا خەنزۇلارغا قارشى تۇرىدىغان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى دەپ خاتا يېتەكچىلىك قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ، بىر مەيدان داغدۇغىلىق ئىنقىلابى ھەرىكەتكە مۇناسىپ ئىنقىلابى ھاكىمىيەت بارلىققا كەلمەي، ئەكسىچە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت شەكىللەنگەن. ئورنى خاتا بەلگىلەنگەن ‹مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى› بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مۇھىم نەزەرىيە-مەنبەسىدۇر».[19]

يەنە بىر پروفېسسور شۇئي شىئەن تىئەن بولسا پروفېسسور لى شېڭ بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ھەم تەپسىلىيرەك خۇلاسە چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خاتا ھالدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئىدىيىسىنى بېكىتىشىنىڭ «بۆلگۈنچىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ بۆلگۈنچىلىك قىلىشى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەردى» دەپ تەنقىد قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھەر قايسى مىللەتلىرى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىغاندىن سىرت يەنە بىۋاسىتە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ فېئودال سىنىپىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار خەنزۇ خەلقىگە ئوخشاشلا جاھانگىرلىكنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرايدۇ شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالە ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدىكەن پەقەت خەنزۇ خەلقى بىلەن بىرلىكتە جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىدىغان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ئېلىپ بارغاندىلا، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي تەڭسىزلىك ئەھۋالىنى بىكار قىلالايدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى دەپ بېكىتىش ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سىنىپىي مەزمۇنىنى چىقىرىۋېتىپ،

ئىنقىلابنى مىللىي قىرغىنچىلىقتەك يامان يولغا باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلىرىنىڭ چوڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشى ھەمدە ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس تېپىشىغا ئېلىپ كېلىشتىن ئىبارەت.» [20]

دېمەك، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگو تارىخشۇناسلىرىنى خاپا قىلغان نۇقتا، سوۋېت تارىخشۇناسلىرىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدىن» دىن ئىبارەت «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ باشتىن ئاخىرى، بولۇپمۇ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلغاندىن كېيىنمۇ مەزكۇر «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت» نىڭ «خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، مىللىي زۇلۇمى ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت نۇقتىئىنەزەردىن ۋاز كەچمىگەنلىكىدۇر. شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ئاتالغۇلارنى كۆپلەپ ئىشلىتىشىدۇر. جۇڭگو سىياسىي كۆز قارىشى بويىچە ئالغاندا، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» جۇڭگونىڭ تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولۇپ، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى، بۇ مۇستەملىكە زېمىن ئەمەس، تارىختىكى خەنزۇ مىلتارىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، مۇستەملىكىلىك ھۆكۈمرانلىق ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دۇنيانىڭ باشقا مۇستەملىكىلىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاش باھا بېرىشكە بولمايدىكەن. ئەمما، بىر نۇقتا ئېنىقكى، سوۋېت تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ 30-40-يىللاردىكى ئىنقىلابلىرىنىڭ ھەممىسى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدا پەقەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىلا «مىللىي ئازادلىق ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى» دەپ باھالىنىپ، ئالدىنقىسى «دېھقانلار ئىنقىلابى، ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى ھەرىكەت» دەپ باھالىنىپ، كېيىنكىسىدىن پەرقلەندۈرۈلگەن. چۈنكى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تاكى 1949-يىلى، 10-ئايغىچە مەۋجۇت

بولۇپ تۇرغان بولۇپ، ئاۋستىرالىيىلىك خەنزۇ تارىخشۇناسى دەيۋىد ۋاڭنىڭ يەكۈنى بويىچە ئالغاندا ئۈچ ۋىلايەت نامدا جۇڭگوغا تەۋە دەپ قارالسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل سالاھىيىتى بار، ئۆزىنىڭ ئايرىم ھۆكۈمىتى، ئايرىم بايرىقى، ھەربىي قوشۇنى ھەم ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا ئىگە «دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت ئىدى» [21]. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ 17-ئۆكتەبىر كۈنىدىن ئېتىبارەن يېشىل بايرىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى ئېسىشى، ئۇنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىگە خاتىمە بەرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەريانلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، موسكۋا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا قانداق مۇھىم رول ئوينىغان بولسا، ئۇنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھەربىي-مەمۇرىي ۋە باشقا بارلىق تەرەپلەردىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىپ، يېڭى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبى قىسمى بولۇپ، شىنجاڭدا ماناس دەرياسىنى چېگرا قىلغان ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ بەش يىل تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلىشىدىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى ھەمدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسھەت ئىسھاقوف قاتارلىقلارمۇ ئىچكى جەھەتتە بەلگىلىك مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، سەيپىدىن ئەزىزى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتناشتى شۇنىڭدەك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرغانلىقى ھەتتا توققۇز ماددىلىق خىتابنامە ئېلان قىلغانلىقىغا قارىماي، ئۇنى يەنىلا جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئاتاش ھەمدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت دەپ قاراش ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ، مەزكۇر ھۆكۈمەتنىڭ، جۈملىدىن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدە قېلىشىدا ستالىن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. شۇڭا، سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇقى دەۋرىدە لى شىڭدەك بىرەر

ئالىم چىقىپ، شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولۇپ قېلىشىغا زور ھەسسە قوشقان ستالىنغا ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى سوۋېت ئەربابلىرىغا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلارغا «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دەپ باھا بېرىشنى ئۆزگەرتىش تەلىپىنى دادىللىق بىلەن ئېيتالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ستالىننىڭ شىنجاڭدا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى قوزغاپ، جۇمھۇرىيەت قۇرغۇزغانلىقىنى جىنايەت دەپ تەنقىد قىلىش سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ۋە يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدىلا باشلانغان ئىش بولۇپ، ئۆچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈش، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئۇقۇمى ھەمدە ئۆچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى مەسىلىسى ھەققىدە جۇڭگو ئالىملىرى ئارىسىدا تېخى بىردەك قېلىپلاشقان يەكۈن چىقمىغاندەك، بۇ مۇنازىرە خەلقئارا تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغاندەك قىلىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى باشتىن ئاخىرى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئاتالغۇسىنى ئابستراكت ئۇقۇم سۈپىتىدە قوللىنىپ، گاھىدا ئۇنى مۇستەقىللىق بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويسا، گاھىدا ئازادلىق ئۇقۇمى بىلەن تەڭ قويىدى. باشتىن ئاخىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىستىقلالىيەت نىشانىغا يېتىشىگە يول قويماي، ئۇنى پەقەت جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇش يولىغا باشلىدى. گەرچە، سوۋېت رۇسىيىسى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ مەسىلىسىگە باشتىن ئاخىرى كۆڭۈل بولۇپ، بۇ جاينىڭ تەقدىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ زېمىندا جۇڭگودىن ئايرىم بىر ھاكىمىيەتنىڭ مەيدانغا چىقىشى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىنى قۇرۇشىغا يول قويماسلىق سىياستى بېكىتىلدى. سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ مىللىي ئازادلىق شوئارلىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنىڭ مۇستەقىللىق نىشانىدىن چىقىش قىلىنماي، ئەكسىچە

ئۇنىڭ سىياسىي ئويۇن ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ مەۋھۇملۇق ئىنقىلابقا قاتناشقان خەلقلەر ھەتتا ئىنقىلاب رەھبەرلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئۇقۇشماسلىق ھەم ئارىسالدىلىق ھەتتا ئالدىنىش كەيپىياتلىرىنى پەيدا قىلغان بولۇپ، پەقەت 1949 ـ يىلىدىن كېيىنلا مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ تۈپ مەزمۇنى ۋە مەقسىتىنىڭ ماھىيىتى ئايدىڭلاشتى. جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدا بولسا، دەسلەپكى ماركسىزم ۋە لېنىنىزمچىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تەبىرى بېرىش پىكرى قوبۇل قىلىنىپ، ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرى ئۇنى ئىنكار قىلىش كۆز قاراشلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. گەرچە، 1944 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا داۋاملاشقان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ئاساسلىقى ئۈچ ۋىلايەتتە غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئەينى ۋاقىتتا مەزكۇر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىلگىرى كېيىن قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا، تۇرپان ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىرى دائىرىسىدىمۇ ھەر خىل شەكىل ۋە ئۇسۇلدا قارشىلىق ھەرىكەتلىرى داۋاملاشتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مەزكۇر بەش يىل ئىچىدىكى ئىنقىلاب پەقەتلا ئازغىنا ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيلى ئەلىخان تۆرە دەۋرىدە بولسۇن ۋە ياكى كېيىنكى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىك مەزگىلى بولسۇن ئازاد بولغان ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەلق ھېچ قاچان ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر ئىنقىلابىنى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتىمىغان، بەلكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ۋە ياكى مىللىي ئىنقىلاب دەپ ئاتىغان ھەمدە شۇنداق دەپ چۈشەنگەن بولۇپ، گەرچە ئىنقىلابقا ياردەم بەرگەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ۋە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىدىن كۆزلىگەن مەقسىتى باشقىچە بولسىمۇ، بىراق ئىنقىلاب قىلغۇچى ۋە ئىنقىلابنىڭ ئىگىسى ھېسابلانغان خەلقنىڭ ئۈمىدى، نىشانى موسكۋانىڭ مەقسىتىدىن باشقىچە ئىدى خالاس!

## ئىزاھاتلار

1. بارمىن. ئا. ب. 1918 ـ 1941 ـ يىللىرىدىكى سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدە شىنجاڭ. بارنائۇل، 1999 ـ يىلى. بارمىن بۇ ئۇچۇرنى «رۇسىيە ھازىرقى زامان تارىخى ماتېرىياللىرىنى ساقلاش ۋە تەتقىق قىلىش مەركىزى، 62 ـ فوند.2 ـ مۇندەرىجە، 2209 ـ جىلد، 9 ـ 10 ـ پارچە»دىن نەقىل ئالغان. (رۇسچە)

2. ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ، «ئىستىبدات جۇڭگودا ئازادلىق ھەرىكىتى ــ ئۇيغۇرىستان»، يۇقسۇل مەپكۇرىسىنى قايمۇقتۇرۇشقا قارشى ۋە باشقا ماقالىلىرىگە قاراڭ. ــ خەلق ئۈچۈن كۆيىدۇ يۈرەك. جازۇشى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى، ئالمۇتا، 111 ـ 129 ـ بەتلەر.

3. ئابدۇمېجىت روزىباقىيېۋ، «تەگرىقۇت قۇتلۇق» ــ پەرۋاز ژۇرنىلى، 1994 ـ يىلى، 16 ـ بەت. ئالمۇتا.

4. شۈي شىئەن تىئەن. جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋەت تارىخى ــ 1945 ـ 1949 ـ يىللىرى. سىچۇئەن خەلق نەشرىياتى. 2003 ـ يىلى، 217 ـ بەت. (خەنزۇچە)

5. رۇسىيە تارىخچىسى ئا. ب. بارمىننىڭ رۇسىيە ئارخىپلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق خۇلاسە چىقىرىشىچە، 1921 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىدىكى بىر قىسىم ئەربابلار ئۇيغۇر ئېلىدە ئىنقىلاب قوزغاپ، بۇ رايوندا مۇستەقىل سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، 1921 ـ يىلى، 6 ـ ئايدا، رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى، تۈركىستان بيۇروسى (كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسى) نىڭ ئەزاسى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال شەرق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى رۇگزۇكتاك قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلغان، بۇ تەشەببۇس موسكۋادا لېنىن، تاشقى ئىشلار كومىسسارى چىچېرىن قاتارلىقلارنىڭ قاتنىششى بىلەن مۇزاكىرە قىلىنىپ، رەت قىلىنىشقا ئۇچرىغان. بارمىن 1918 ـ 1941 ـ يىللىرىدىكى سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدە شىنجاڭ. بارنائۇل، 1998 ـ يىلى. (رۇسچە)

6. بارمىن، ئا. ب. 1941-1949-يىللىرىدىكى سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدە شىنجاڭ، 1999-يىلى، بارنائۇل. 70-83-بەتلەر. ۋادىم. گ. ئوبۇخوۋ. سىخۋاتكا شەستى ئىمپېرىيە، بىتۋا زا سىنزىيانا.( ئالتە ئىمپېرىيىنىڭ ئېلىشىشى، شىنجاڭ ئۈچۈن كۈرەش). موسكۋا. ۋەچە نەشرىياتى، 2007-يىلى، 273-331-بەتلەرگە قاراڭ. (رۇسچە)

7. بارمىن، ئا. ب. 1941-1949-يىلىدىكى سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدە شىنجاڭ، 1999-يىلى، بارنائۇل، 70-90-بەتلەر.

8. «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابقا ۋە «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» گە قارالسۇن. 1995-يىلى، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 67-68-بەتلەر.

9. ئالىمجان ھاكىمبايېۋ. 1931-1949-يىلىدىكى شىنجاڭدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى. 2 قىسىم، س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مەخسۇس توپلىمى، 1974-يىلى،18-19-بەتلەر ۋە شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ 20-ئەسىرنىڭ 30-40-يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى، س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى مەخسۇس توپلىمى، 1971-يىلى، 127-بەتلەر. (رۇسچە)

10. سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ، شانلىق سەھىپە، -شىنجاڭ تارىخي ماتېرىياللىرى،41-سان، 27-28-بەتلەر.

11. ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى بىلەن 2002-يىلى، 12-نويابىردا ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى. ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇمنىڭ ئىبراھىمىنىڭ «يېڭى ھايات» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئەسلىمىسىگە قارالسۇن.

12. ئەخمەتجان قاسىمى، مىللىي مەسىلىدىكى بەزى خاتالىقلىرىمىز. (1949-يىلى، 6-ئاينىڭ 6-كۈنى ئېلان قىلىنغان). بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ماقالىلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتا قايتا ئېلان قىلىنغان. ئەمما ئەسلى نۇسخىسى قولۇمدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇنى ئەسلىگە سېلىشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىدى. شۇ كىتاب، 105-بەت. 1997-يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

13. يىن دىئانچىك. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قانۇنچىلىق تارىخى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.1999. ئۈرۈمچى. 436-438-بەتلەر

14. سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ، شانلىق سەھىپە، شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى، 1999-يىلى، 41-سان،44-بەت. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، 231-بەت.1995. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. ئۈرۈمچى

15. 1949-يىلى، 7-ئۆكتەبىر كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى دېڭ لىچۈن بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ يېشىل بايرىقىنى ئاسماي، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى بىلەن ئاق رەڭلىك ئىسلام بايرىقىنى ئېسىش، دىنى بايراقنى پەقەت دىنىي تەشكىلاتلار ئېسىش تەكلىپىنى بەرگەن ھەمدە 17-ئۆكتەبىر كۈندىن ئېتىبارەن ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى بارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېشىل ئاي يۇلتۇزلۇق بايرىقىنى ئېسىشنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بايرىقىنى ئېسىشتىن ئىبارەت 125-نومۇرلۇق بۇيرۇقنى ئېلان قىلغان. دېمەك، ئەلىخان تۆرە قاتارلىقلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان مەزكۇر بايراق پەقەت بەش يىل 13 كۈن ئېسىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. بۇ ھەقتە «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» گە قاراڭ. شۇ كىتاب،443-ۋە 447-بەتلەر.

16. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى باشتا «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتالغان بولسا، مەزكۇر گېزىت 1946-يىلى 7-ئايدىن كېيىن «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ياشلار تەشكىلاتىمۇ شۇ نامنى تاكى 1948-يىلى، 8-ئايدا «شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغانغا قەدەر ئىشلەتكەن. «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» دە مۇنداق ئاتالغۇلار ماقالە-مۇلاھىزىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپ ئىشلىتىلگەن.

17. بۇ ھەقتە تۇرسۇن رەھىموفنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىدىكى ئورنى».-جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخي مەسىلىلىرى ھەققىدىكى 2-قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى. موسكۋا، 1977-يىلى، 68-70-بەتلەر.( رۇسچە)

18. بۇ مەزمۇنلار ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ ئەسەرلىرىدە

خېلى كەڭ ئورۇن ئالغان.

19. لى شېڭ باش تۈزگۈچى، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى-ئۇيغۇرچە 358-بەت.2006. ئۈرۈمچى.

20. شۈي شىئەنتىئەن. شۇ كىتاب، 2003. 198-199-بەتلەر

21.David D. Wang. Clouds Over Tianshan, Essays on Social Disturbance in Xinjiang in the 1940s. NIAS.1999, Singapore.(113 – bet).

# ئاق سارايې خىياللىرى

(ئەدەبىي خاتىرە)

## مۇقەددىمە

سۆيۈملۈك كىتابخان ھەممىدىن قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ئاللا كەمىنىنى مانا يەنە يېڭى سەپەر شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلدى.

ئايروپىلان ئاسىيا-ياۋروپا قۇرۇقلۇقى بىلەن بىپايان ئاتلانتىك ئوكيان ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، دۇنيانىڭ ئەڭ زور ۋە ئەڭ مەشھۇر شۇنداقلا ئەڭ سىرلىق ۋە خاسىيەتلىك، رومانتىك ھەم قاباھەتلىك پايتەختى نيۇ-يورك شەھرى ئاسمىنىغا كىلىپ ئايلانغاندا، تۆۋەندىكى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك شەھەر مەنزىرىسىگە قاراپ، قەلبىم ھاياجان ئىلكىگە چۆمدى. چاقماق تېزلىكىدە خىيال ئېكرانلىرىمدىن موسكۋا، ئىستانبۇل، تاشكەنت، ئالمۇتا، بىشكەك ۋە بېيجىڭ، لېنىنگراد، سوفىيە، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ شەھەرلىرى ئاسمىنىدا لەيلىگەن ۋاقىتلىرىمدا پەيدا بولغان ئويلىرىم قايتا ئەكس ئەتتى. ئەلۋەتتە، ھەر بىر سەپەردە يېڭى ئوي، يېڭى خىياللار، يېڭى تەسىراتلار! مەن بۇ تەسىراتلىرىمنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە ئۇرۇندۇم. قىزىق! بۇ قېتىم تامامەن باشقىچە تەسىرات، مەن بۇنىڭغا جاۋاب ئىزدەشكە تىرىشتىم، خۇلاسەم شۇ بولدىكى بۇ قېتىم مەن ئوكيان ئاتلىغان ئىدىم. بولۇپمۇ، 21-ئەسىر بوسۇغىسىغا ئىككى يىل قالغان بۇ كۈنلەردە دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، مەنىۋى ۋە ئىدىيىۋى ھاياتىغا جىددىي

ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە تېخىمۇ تىرىشىۋاتقان ھەم شۇنىڭغا قادىر قۇدرەتلىك بىر ئەلنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ۋە رېئالى ۋە غايىۋى قۇدرەتلىرى توغرىسىدا قىياسلار دۇنياسىغا غەرق بولۇۋاتاتتىم. مەن شۇنىڭغا ئىشەندىمكى چوقۇم بۇ ئەل مېنى «موسكۋا خىياللىرىم» نىڭ داۋامىنى سۈرۈشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ! مېنى خىياللىرىمنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش يولىدىكى كۈرەشلىرىمدە تېخىمۇ تاۋلايدۇ!

ئايروپىلان دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە نەزەر سالدىم. سانسىزلىغان چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز بىنالار ئارىسىدىن «ئايال ئەركىنلىك ئىلاھى»نى ئىزدىدىم. مانا! ئەركىنلىك ئىلاھىمۇ كۆرۈندى. ئىلاھنىڭ قولىدىكى مەشئەل ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئىختىيارسىز كۆز ياشلىرىم تاراملىدى. مەن كۆزۈمنى سۈرتۈپ، سەپەرداشلىرىمغا نەزەر سالدىم. ئۇلارمۇ ئايال ئەركىنلىك ئىلاھىنى كۆرسىتىشىۋاتاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلمىگەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن پەقەت خۇشاللىق، مەمنۇنىيەت ۋە خاتىرجەملىك ئارىلاش قىزىقىش ھەتتا ئېرەنسىزلىك ئالامەتلىرى يېغىپ تۇراتتى. دېمەك ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىپ بولغان ئادەملەر دەپ ھېسابلىغان بولسا كېرەك؟! ئەركىنلىك ئۇلار ئۈچۈن پەقەت مەلۇم ئىجتىمائىي دائىرىلەردىلا چەكلىنىپ قالدىمۇ قانداق؟! شۇ تاپتا ئۇلار مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ۋە روھىيىتىمدە قانداق تۇيغۇلارنىڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەرمۇ؟ بەلكى ئۇلار كۆز ياشلىرىمغا قاراپ، ھەيرانلىق ھېس قىلىشار؟ بەلكى «ئۇ يىگىتنى ياخشى كۆرگەن ئاشىقى كۈتۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۆرۈشكە ئالدىراپ كېتىپ، ھاياجانلىنىۋاتقاندۇ» دەپمۇ ئويلاپ قالار؟ ئەمما، ئۇلار ھەرگىزمۇ مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنىڭ سەۋەبلىرىنى ئويلاپ تاپالمايدۇ خالاس! مەن يەنىلا كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمىدىم. ئاللا مېنى مۇشۇنداق بىچارە قىلىپ يارىتىپ قويغانمۇ ياكى ئۆزۈمنى شۇ

بىچارىلىك كوچىسىغا ئۆزۈم تاشلىغانمۇ؟ ئىھ! مەن نېمە دېگەن بىچارە ھە؟! مېنىڭ ئىختىيارسىز ئەركىنلىك ئىلاھىغا سوئال قويغۇم كەلدى، ھەتتا ئۇنىڭغا كايىغىممۇ كەلدى. «ئەي! ئەركىنلىك ئىلاھى» دەپ خىتاب قىلدىم مەن ئىچىمدە «ئەركىنلىك مەشئىلىنىغۇ ياندۇردۇڭ! ئوتىنىمۇ تۇتاشتۇردۇڭ. بۇ ئوت تەپتىدىن نۇرغۇن ئەركىسىز كۆڭۈللەر ئىللىدى. توڭلىغان تەنلەرگە جان كىردى. سېنىڭ خاسىيىتىڭنى ھەممە بىلىدۇ، قولىلىرىڭنى سۇنۇپ، مەشئەل تەپتىڭ بىلەن بىچارىلەرگە ساخاۋەت قىلىش بىلەن بىرگە ئاشۇ مەشئەل كۆتۈرگەن گىگانت قولۇڭ بىلەن ئەركىنلىك دۈشمەنلىرىنى تازا كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق سالساڭلا كۇپايە قىلاتتى...!»

ئايروپىلان يېنىك قوندى، مەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ، سومكامنى قولغا ئېلىپ، ئايروپىلاندىن چۈشۈشكە تەييارلاندىم. قەلبىم ئېچىنىش ۋە تەنھالىق ئوتىدا ئېچىشقاندەك بولدى. «مۇساپىرلىق دەردىنى تارتىپ ھارمىغان ئىدىڭغۇ؟ !مانا يەنە ساڭا يېڭى مۇساپىرلىق!» دەپ ئۆز ئۆزۈمگە ئاچچىق كايىدىم شۇنداقلا شۇ زامان مۇساپىرلار ناخشىسىنى ئېسىمگە كەلتۈردۈم.

ئۇششاق باللار ئوينايدۇ،
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ.
مۇساپىر باللار يىغلايدۇ،
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ......

شۇنداق، مەن مۇساپىر، بىز مۇساپىر، بىز ھەممىمىز مۇساپىر. ئۆز يۇرتىمىزدىمۇ مۇساپىر، ئۆزگە يۇرتتىمۇ مۇساپىر! مۇساپىرلار ناخشىسىنى بولۇشىغىچە ياڭرىتىپ، سەرگەردانلىق ۋە خانى-ۋەيرانلىق كوچىسىدا زار-زار قاقشاپ يۈرگىنىمىزگە خېلى بولۇپ قالدى. بۇ ناخشىنى بىز قەۋەتلا ياخشى كۆرىمىز، ناخشىمىز ياڭرىغانسېرى مۇساپىرلىق پىسخىكىسى كۈندىن كۈنگە ئۇلغايماقتا. «مەن نېمە ئۈچۈن مۇنداق مۇساپىرلىق كېسىلىگە

گىرىپتار بولدۇم؟ نېمە ئۈچۈن ئۆز يۇرتۇمدا قىسقىسى ئۆز ئەجدادلىرىمنىڭ قانلىرى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆمىد، ئىدالىرى بىلەن ئۇغۇتلانغان ئۆز مۇقەددەس تۇپرىقىمدا ئۆزۈمنى مۇنداق مۇساپىر ھېس قىلىمەن!؟» دېگەن سوئاللارنى قويمىدۇق ھەم قويماي ئاتىمىز. دېمەك مەن مۇساپىرلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن باشقا سانسىزلىغان مۇساپىرلاردەك مۇساپىرلىق يولىغا ماڭغان ئىدىم. ئەنە شۇنداق سانسىزلىغان نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئاللارغا ھەقىقىي جاۋاب ئىزدەش ئۈچۈن مۇساپىر بولغان ئىدىم. «مۇساپىر بولغاندىكىن تېخىمۇ ياخشى مۇسۇلمان بولىمەن-دە ئەلۋەتتە!»

مەن يەنىلا ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. دېمەك مەنمۇ ئاشۇ سانسىزلىغان قېرىنداشلىرىمدەك ئۆزۈمنى ئالداش دورىسى بىلەن ئۆزۈمنى مەستخۇش قىلدىم .ئۇيغۇرلارنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئۆزىنى ئالداش ۋە ئۆزىنى پەپىلەش پىسخىكىسىدىن مەن قانداقمۇ قېچىپ قۇتۇلالاي؟ چۈنكى مەنمۇ بىر ئۇيغۇر ـ دە؟! مەن ئايروپىلان ئىشىكىدىن سىرتقا چىقتىم. كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. «مەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئامېرىكا سەن شۇمۇ؟» دەپ خىتاب قىلدىم ئۆز-ئۆزۈمگە «سەن بىلەمسەن؟ مەن ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ھەددى ھېسابسىز بايلىق بىلەن تولغان تەكلىماكان، جۇڭغارىيە ئاتلىق چۆللۈكنىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلدىم، ئۇ يەردىكى خەلق دوستلۇق ئۆمىدى بىلەن ساڭا تىكىلمەكتە، ئۇ بەك پاك مۇھەببەتكە، مېھرى شەپقەتكە ھەقىقىي دوستلۇق ۋە سەممىيەتكە موھتاج، ساڭا ئوخشاش ئەركىن ئېچىلىپ يېيىلىپ ئۇسۇل ئويناشقا تەلپۈنىدىغان خەلق! سەن شۇنداق بىر خەلقنىڭ ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يەر شارىنىڭ ئەڭ كونا ئېگىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟»

سۆيۈملۈك دوستلار! مەن ئەنە شۇنداق سوئال، خىتاب، ئۆكۈنۈش،

كايىش ۋە تەسەللى ھەمدە ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئىلكىدە ئامېرىكا ھاياتىمنى باشلىدىم. مەن تېلېۋىزورلاردىن كلىنتون ۋە گېئورگى، بۇشلارنىڭ مىيقىدا كۈلگەن سىيماسىنى كۆپ كۆردۈم، ئاق سارايى ئالدىدىكى باغچىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئاق سارايغا قاراپ ئولتۇرۇپ، شېرىن خىياللارنىمۇ سۈردۈم، ۋاشىنگتون ۋە نيۇ-يورك كوچىلىرىدا يۈرۈپ «مەن كىم؟» دېگەن سوئاللارنى ئۆز -ئۆزۈمگە قانچە قېتىملاپ قويغىنىمنى بىلمەيمەن. مەن «ئايال ئەركىنلىك ئىلاھى»نى سلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن يىغا-زار قىلىپ تۇرۇپ سۆزلەشتىم ۋە مۇنازىرىلەشتىم. بۇ «ئىلاھمۇ» مېنىڭ دەرىيادەك ئاققان ياشلىرىمغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلدى ۋە بېشىمنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى ھەم ئىلھامبەخش مېھرى بىلەن «مېنىڭ قولۇمدىكى مۇشۇ مەشئەل چوقۇم سېنىڭ يىغلىرىڭنى شادلىق كۈلكىلىرىگە ئايلاندۇرىدىغانلىقىغا ئىشەن بىچارە ئىنسان! مەن ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن مانا شۇنداق گىگانت تۇرۇۋاتىمەن، مەن ئېگىزلىكىم بىلەن ئالەمنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرەلەيمەن، ھەممە يىغا ئاۋازلىرىنى ئاڭلىيالايمەن! مەن سەندەك ناتىۋان مۇساپىرلارغا يار-يۆلەك بولۇش ئۈچۈن مانا شۇنداق تۇرۇۋاتىمەن» دەپ خىتاب قىلدى. مەن ناتىۋانلىقتا بەلكى دۇنيا رېكورتى يارىتالايدىغان بۇ كۆڭلۈمنى «ئەركىنلىك ئىلاھى»نىڭ بۇ سەممىي خىتابلىرى بىلەن پەپىلىگەندەك قىلىپ، ئۆز-ئۆزۈمگە قايتا تەسەللى بەردىم ۋە ئاھ! ئۇلۇغ خۇدا مەندەك مۇساپىر بەندىلىرىڭنى ھېچ ئۇنتۇمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن ھەم سەندىن شۇنى تىلەيمەن دەپ قولۇمنى دۇئاغا كۆتۈردۈم.

مەن مۇساپىرلىقىمنى چۈشەنگەنسېرى ۋە ھېس قىلغانسېرى ئاللانى كۆپرەك ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. مەن ئىلگىرى مۇقەددەس قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىگە كىرمىگەن بولسام، مانا ئەمدى ئامېرىكىغا كېلىپ، ۋاشىنگتوندىكى بىزنىڭ ئاشۇ ھېيتگاھ جامەيىمىزنىڭچىلىك تارىخى بولمىغان يېڭى مەسچىتكە دائىم بېرىشنى ئۇنتۇمايدىغان بولۇپ قالدىم،

قىسقىسى ئاللانىڭ بۇ يەردىكى مۇقەددەس ئۆيىدە مۇساپىرلىق ۋە غېرىبلىق تۇيغۇلىرىمغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن كۆپرەك نىدا قىلىدىغان بولدۇم. ئامېرىكا ھاياتىم مېنى ئىلگىرىكى ھايات مۇساپىلىرىمدە ھېس قىلىپ باقمىغان يېڭى تۇيغۇ ۋە يېڭى چۈشەنچىلەر شۇنداقلا تېخىمۇ مۇستەھكەم ئىرادە ۋە كېلەچەككە بولغان قەتئىي ئىشەنچ ھەم ئۈزۈلمەس ئۈمىدلەرنى بەخش ئەتتى.

مەن ئوكلاخوما بوستانلىقلىرىدا كۆزلىرىدىن ناتىۋانلىق ۋە ئەمما ئۈمىدۋارلىق نۇرلىرى يېغىپ تۇرغان بىر ئىندىئان بىلەن قۇچاقلىشىپ دوست بولدۇم. ئۇ ماڭا ئاخىرقى بىر ئىندىئاننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى .مەن يەنە ئامېرىكا دۆللىرىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادى ۋە مەدەنىي قىممىتىنى جۈملىدىن ئۇنىڭ سىياسىي قىممىتىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يەتتىم. پرېزىدېنت سايلىمىدا ئۆزىنىڭ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەشكەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھاياتىدا قارىماققا بىلىنمەيدىغان ئەمما قانغا سىڭىپ كەتكەن سىياسىي قىزغىنلىق مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش بىلەن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيىتىمىزدىكى دائىم ئېغىزىمىزغا ئالىدىغان مىللەت ۋە ۋەتەن ئىبارىلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى يەنىمۇ بىر قەدەم ھېس قىلدىم. ئەگەر ھەممىمىزدە ئەنە شۇ مەن كۆرگەن ئاددىي ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بولغاندەك ۋەتەن ۋە مىللەت تۇيغۇسى يېتەرلىك بولغان بولسا ئىدى بەلكى كۆزلىرىمىز بۈگۈنكىدەك ياشاڭغىراپ تۇرماس ئىدى. مۇساپىرلار ناخشىسىنى ئۇنداق ياخشى كۆرمىگەن بولار ئىدۇق. بەلكى ھەممىمىز ئۆز كىندىك قانلىرىمىز تۆكۈلگەن يەرلىرىمىزدە گويا خوجايىنلاردەك زەبەردەس قەدەم تاشلاپ، كۆكرىكىمىزنى كېرگەن ھالدا يۈرەر ئىدۇق. ئامېرىكىلىقلاردا مەۋجۇت بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ بىزدە سۈنئىيلىكى ياكى

تاكامۇللاشمىغانلىقى ۋە ياكى ئومۇملاشمىغانلىقى بىلەن ئامېرىكىلىقلاردىن زور پەرقلىقلىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەلۋەتتە، بىر قانچە يىللار ئىچىدە مېنىڭ سۆزلەپ تۈگىتىپ بولالمىغۇدەك تەسىراتلارغا ئېرىشكىنىمدە شەك يوق. بەلكى، بۇ تەسىراتلار ھازىر كونىرىماقتا ۋە يېڭىلانماقتا ھەمدە كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇرلاشماقتا. نەتىجىدە تەسىراتلىرىمنىڭ داۋامىنىڭ ئۈزۈلمەيدىغانلىقىدا تېخىمۇ شەك يوق!!!

مەن دەسلەپكى تەسىراتلىرىمنى سۆيۈملۈك دوستلارنىڭ پىكىر ھۇزۇرىغا تاشلاپ، ئۇلارنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئەركىنلىك ئىلاھىغا سوئال قويۇشىنى، ھېچ بولمىغاندا ئۆز شاپىلاقلىرى بىلەن ئۆز يۈزلىرىنى كاچاتلاپ ئۆز-ئۆزىگە كايىشىنى ھەمدە 21-ئەسىردە يىغا زار نالە پەريادلارنى ئەمەس بەلكى، ئۇيغۇر ئىنسانلىرىنىڭ نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ قىممەتلىك بەختلىك كۈنلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز تۇپراقلىرىدا سۈنئىي ئەمەس بەلكى، ھەقىقىي تويى مەرىكىلىرىنى ئۆتكۈزۈشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن ۋە تىلەيمەن ......

بەلكى «موسكۋا خىياللىرى»نى ئوقۇغان بولسىڭىزلەر دېمەك بۇ بىزگە ئوخشاش مۇساپىر قېرىنداشىمىز يەنىلا ئاشۇ خىياللىرىنىڭ داۋامىنى سۈرۈۋېتىپتۇ! دېمەك ئۇنىڭ خىياللىرى تۈگىمەيدىكەن دېگەن ئويغا كېلىدىغانلىقىڭلارغا ئىشەنچىم كامىل. قەدىرلىك دوستلار ئەمەلىيەتتە بۇ ھەممىمىزگە ئورتاق خىياللاردۇر! ئۇ بىزگە ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان. ئۇ، قۇرۇق خىيال ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئارزۇ، ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە چوقۇم ئېرىشىدىغان يۈكسەك غايىدىن ئىبارەت! سۆيۈملۈك دوستۇم خىياللىرىمىز ئوخشامدىكەن؟ دېمەك، خىياللار تۈگىمەيدۇ!!!

# 1 ـ باب قىتئەلەر ئاتلاپ

1998-يىلى، فېۋرالنىڭ بىر سىم-سىم يامغۇرلۇق كۈنى، ئىستانبۇلدىن ئۇچقان تۈرك ھاۋا يوللىرىنىڭ چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانى ئون نەچچە سائەتلىك ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، نيۇ-يورك شەھىرىدىكى ئايرودرومغا يېنىك قوندى. چېگرا تەكشۈرۈش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، سىرتقا چىققىنىمدا نيۇ-يوركنىڭ يامغۇر ئارىلاش نەم خۇش ھاۋاسى دىمىغىمغا ئۇرۇلدى، قۇرغاق دېڭىز شاملى يۈزۈمنى سىيپاپ ئۆتۈپ، گويا مېنى قارشى ئېلىپ ئەركىلەتكەندەك قىلاتتى. كۆز ئالدىمدا باشقىچە بىر دۇنيا، باشقىچە بىر ھايات، باشقىچە بىر مۇھىت پەيدا بولدى. مەن تاكسى كۈتۈش ئورنىغا بېرىپ، ئۇزۇن ئۆچىرەتكە تىزىلدىم. بۇ يەردىكى تاكسىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سېرىق سىرلانغاندەك بىلىندى. نۆۋەت تېزلىكتە ماڭا يېتىپ كەلدى، ئەلۋەتتە بۇ مەن ئۈچۈن تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش بولۇپ، چۈنكى مەن ئامېرىكىدىكى مۇنداق ئۇزۇن ئۆچىرەتنى كۆرگىنىمدە «قانچىلىك كۈتەرمەن بۇ يەردە دەپ» ئويلىغان ئىدىم، راستىمنى دېسەم، مەن موسكۋادىكى ئالتە يىللىق ھاياتىمدا ئۆچىرەتتە تۇرۇشتىن جاق تويغان ئىدىم، ھەممىلا يەردە ئۇزۇن ئۆچىرەتلەر، تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىدىن تارتىپ، يېمەك-ئىچمەك ماگىزىنلىرىغىچە، تىياتىرخانىلاردىن تارتىپ كىنوخانىلارغىچە بولغان ھەممىلا يەردە نۆۋەت كۈتۈش نورمال ئىش بولۇپ، رۇسلار بۇنىڭغا بەكمۇ كۆنگەن ئىدى. ھەر قانداق ئادەمنىڭ سومكىسىدا بىرەر كىتاب ياكى گېزىت بار بولۇپ، ئۇلار ئۆچىرەتتە تۇرۇپ، ئۆز نۆۋىتى يېتىپ كەلگۈچە، ئەنە شۇ گېزىتلىرىنى ياكى كىتابلىرىنى ئوقۇيتتى، بەزىلىرى بولسا رۇسىيىنىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىي ھاياتىنى ئاساس قىلغان تۈرلۈك تېمىلاردا بەس-مۇنازىرىمۇ قىلىشاتتى. مەن نيۇ-يورك ئايرودرومىدىن سىرتقا چىقىپ، تاكسىدا ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆچىرەتتە

تۇرغىنىمدا دەرھال موسكۋادىكى ئەنە شۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەن ئىدىم.

مەن بېشىغا سەللە ئوراپ، سەللىسىنىڭ بىر بۇرجىكى بىلەن ساقاللىرىنى يۆگىۋالغان ھىندىستانلىق تاكسى شوپۇرىغا بارىدىغان ئادرېسىمنى كۆرسەتتىم. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن كۇلۇمسىرەپ، چامادانلىرىمنى ماشىنىغا سالدى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ كەتتۇق، مانا ئامېرىكىنىڭ زامانىۋى يۇقىرى سۈرەتلىك يوللىرىدا كېتىۋاتىمەن، بۇ يوللار ناھايىتى سۈپەتلىك ۋە پىلانلىق قۇرۇلغان. ھەر بىر يول بەلگىلىرى ۋە يول نومۇرلىرى ئېنىق بولۇپ ماشىنىلار 130 — 100 كىلومېتىرلىق تېزلىك بىلەن ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. مېنىڭ تۇنجى ھېس قىلغىنىم شۇ بولدىكى، بۇ يەردە قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىش ھەر بىر شوپۇرنىڭ ئېڭىغا مەھكەم ئورۇنلىشىپ كەتكەن. مەن ئۇنىڭ ماشىنا ھەيدىشىگە نەزەر سالدىم. ئۇ، كۆز ئالدىمىزدىكى ھەر بىر بەلگە ۋە كۆرسەتمە ئىسترېلكىلارغا ناھايىتى دىققەت بىلەن قارايتتى ھەمدە يوللارنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق ۋە ماھىرلىق بىلەن ئالماشتۇراتتى. بۇ يوللاردا ماشىنىلار بەك كۆپ بولۇپ، مەن موسكۋا، ئالمۇتا ۋە ئۈرۈمچى يوللىرىدا كۆرگەنىدەك يول تالىشىش ۋە بەسلىشىش ئەھۋالى بۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. مەن تاكسى شوپۇرى بىلەن چالا-پۇلا ئىنگلىزچە سۆز ئىبارىلەرگە شەرەتلەرنى قوشۇپ سۆزلەشتىم. مەن ئۇنىڭ ماشىنىسىنى ھەم يوللاردىكى بەلگىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىدىن، ئۇنىڭ ئامېرىكىدا ياشاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قاتناش قائىدىلىرىنى بىلىش كېرەك دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. ئالاھازەل بىرەر سائەتچە يۈرگەندىن كېيىن نىشانغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ بىرايتىن-بىچ دەپ ئاتالغان جاي بولۇپ، مەن تاكسى شوپۇرىغا رەھمەت ئېيتىپ، تەلەپ قىلغان پۇلنى بەردىم. ئۇ خوشلىشىۋېتىپ، «مانا سەن رۇس دۇنياسىغا كەلدىڭ، بۇ يەردىكىلەر رۇسچە سۆزلىشىدۇ، تىلدىن قىينالمايسەن» دېدى كۇلۇپ، ئۇياقتىن-بۇياققا ئالدىراش يۈرۈشكەن ئادەملەرنى كۆرسىتىپ.

مەن قولۇمدىكى ئادرېس بويىچە تاھىرجان ئاكىنى ئاسانلا تېپىۋالدىم. مەن ئۇنى يىراقتىنلا تونۇۋالغان ئىدىم. چۈنكى، شۇنچە كۆپ ھەر خىل ئىرقتىكى ئادەملەر توپى ئىچىدە بېشىغا دوپپا كىيگەن كىشىنىڭ بولۇشى بىر زور مۆجىزە بولۇپ، مېنىڭ چارچىغان كۆز نۇرلىرىم سانجاق-سانجاق، رەڭگارەڭ ئادەملەر ئىچىدىن ئاشۇ دوپپىلىق بوۋاينى ھېچ قىينالمايلا، تولىمۇ ئاسان بىلىۋالدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگۈچە بوۋايمۇ مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراپ خۇددى مېنى تونۇيدىغاندەكلا ئالدىمغا كەلدى. بەلكى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى مېنى تونۇۋالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم. بوۋاي مېنى ئىللىق چىراي قارشى ئالدى ھەمدە ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، پەرزەنتلىرى بىلەن كۆرۈشتۈردى.

بۇ يەردە مەن ئامېرىكىغا كەلگىنىگە تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان دىلشات ئىسىملىك كۆكۈش كۆزلۈك يىگىت بىلەن ئۇچراشتىم. ئاتا-ئانا ھەم پەرزەنتلىرىنىڭ سېغىنىش ئوتلىرىدا يۈرىكى پۇچۇلغان بۇ قېرىنداشىم ماڭا بەكرەك مېھرىبانلىق كۆرسىتىشكە، ئامېرىكا ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشكە تىرىشاتتى. بىر كۆرۈشۈپ بىر ئېجىل بولۇپ كەتتۇق، بەلكى بۇ مۇساپىرلىق ۋە تەقدىرداشلىق ئوتى بولسا كېرەك؟! مېنىڭ كونا مۇساپىر بىلەن يېڭى مۇساپىر ئارىسىدىكى ئاسانلا سېزىۋالغان نەرسەم شۇ بولدىكى ئامېرىكىغا كەلگىنىگە 20 يىلدىن ئاشقان تاھىرجان ئاكا ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، خېلى پاراڭچى ۋە چاقچاقچى ئىدى. ئۇنىڭدىن بىر خىل ئۈمىدۋارلىق ھەم خاتىرجەملىك تۇيغۇلىرى بىلىنىپ تۇراتتى، ئەمما يېڭى مۇساپىر دىلشاتتىن بولسا، غەم-ئەندىشە ئارىلاشقان ناتىۋانلىق مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى خۇشال ۋە ئويۇنچى تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، بەربىر ئۇنىڭ ئازابلىق ياش قەترىلىرى بىلەن نەملەشكەن كۆزلىرىنىڭ كۆكۈش پەردىلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى مۇساپىرلىق تۇيغۇلىرى ۋە غەم-غۇسسىلىرى شۇنىڭدەك سېغىنىشلىرىنى يوشۇرالمايتتى.

بىز دىلشات بىلەن ئۇزۇن مۇڭداشتۇق، ئۇ مېنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى تۇنجى مۇئەللىمىم سۈپىتىدە كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەردى. بۇرۇن كىتابلاردىن ئوقۇغان ئۇچۇرلارنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىيەت بىلەن تەتبىقلىغاندەك بولدۇم، قىسقىسى مەن ئۆزۈمنى خېلى ساۋاتقا ئىگە بولغاندەك ھېس قىلدىم ھەمدە كونىلارنىڭ «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئېسىمگە كەلتۈردۈم.

دىلشات بىر كۈنى قەلب سۆزلىرىنى چۈشەندۈرگەچ، ئاتا-ئانىسى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى قاتار يېيىپ ئۇلارغا قاراپ چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا ئولتۇردى. «ئەجەبمۇ سېغىندىم مەن ئۇلارنى دوستۇم» — دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ «ئامېرىكىدىكى ھەر قانداق ئېغىر ئەمگەك 12 — 14 سائەتلەپ ئىشلەشلەر مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنى ئاقتۇرالمىدى، لېكىن بۇ سۈرەتتىكىلەرگە بولغان سېغىنىش مېنى دائىم ئازابلايدۇ ھەم يىغلىتىدۇ ئاداش، ئامېرىكا ئادەمنى ھەممە جەھەتتىن بولۇپمۇ ئەنە شۇنداق ئاتا-ئانا، پەرزەنت، ئۇرۇق-تۇغقان ھەمدە كىچىككىدىن بىرگە ئۆسكەن دوست-يارەنلىرىڭنىڭ مېھرىسىز قىلىشقىمۇ چىدايدىغان قىلىپ تاۋلايدىكەن» دېدى. مەن چوڭقۇر ئۇھ تارتتىم ھەمدە ئۆزۈمنىڭمۇ ئەنە شۇ مۇساپىر دوستۇم كەبى ھېسسىياتلارغا چۆمۈپ، سېغىنىش ئوتلىرىدا پۇچىلىنىدىغانلىقىمنى، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر بولغان ئاتا-ئانا مېھرىدىن مەھرۇم قىلىپ ئازابلار چېكىدىغانلىقىمنى چۈشەندىم. چۈنكى، مەنمۇ بۇ قېرىندىشىم بىلەن ئوخشاش تەقدىردىكى مۇساپىرده؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۆزۈم تاللىغان مۇساپىرلىق مۇساپىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر قانداق تاۋلىنىشلارغا تەييارلىنىشىم تەبئىي ئىدى.

تاھىرجان ئاكا 70 ياشتىن ھالقىغان، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، مېھرىبان بوۋاي ئىدى. بىز چاي ئىچكەچ كۆپ مۇڭداشتۇق. ئۇ، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە باي، پاراڭ خۇمار كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ

ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ھاياتىنى غۇلجىدا ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ياش ۋاقتىدا مىللىي ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر باتۇر جەڭچىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغانلىقىنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ قانداق قىلىپ ماناس دەرياسىدىن قايتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇھ! بالام — دېدى بوۋاي «شۇنداق قىلىپ خۇددى دېڭىز دولقۇنى كەبى ئۆركەشلىگەن ئىنقىلاب دولقۇنلىرى ماناس دەرياسىدا بويىدا بىردىنلا پەسىيىپ كەتتى. بەلكى شۇ ماناس بولمىغان بولسا، مەنمۇ، سەنمۇ، دىلشاتمۇ بۇ يەرلەردە يۈرمەس ئىدۇق ...»

سودىغا پىششىق بۇ بوۋاي ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدىمۇ ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى تاشلىمىغانلىقى، 80-يىللارنىڭ بېشىدا ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن مەخسۇس تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى شۇنىڭدەك قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، بىر قانچە دۇكان ۋە ئۆي ئىگىسىگە ئايلانغانلىقى ھەققىدە قىزىق مىساللار بىلەن ھېكايە قىلىپ بەردى.

ئەتىسى دىلشات بىلەن بىرگە كوچا ئارىلىدۇق، مەن ئۇچۇن ئەڭ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ھەممىلا يەردە رۇسچە ۋىۋىسكىلار، خەتلەر ھەم رامكىلار ئۇچرايتتى. خۇددى شۇ موسكۋادىكىدەك رۇس تىلى، رۇس ناخشىلىرى قۇلىقىم تۈۋىدە ياڭراپ تۇردى. ھەتتا بۇ يەردىكى ئامېرىكىلىقلارمۇ، ھىندىستانلىق، بېنگاللىق، لاتىن ئامېرىكىسلىقلارمۇ رۇس تىلىدا ئۆزلىرىگە كېرەكلىك دىئالوگلارنى بىلىدىكەن. بىزنىڭ رۇسلاردىن بولۇپمۇ تاتارلاردىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان دوستىمىز دىلشاتمۇ رۇسچىنى خېلى ئوبدان ئۆگىنىۋالغان ئىكەن. ئۇنىڭ رۇسلار بىلەن بولۇپمۇ رۇس قىزلىرى بىلەن خېلى ئوبدانلا پاراڭلىشالايدىغان سەۋىيىگە رۇسىيىگە بارماي ئامېرىكىغا كېلىپ يېتىۋالغىنى مېنى سۆيۈندۈردى.

ھەقىقەتەن، بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ تىل ئۆگىنىش قابىلىيىتى

ئۆستۈن بولسا كېرەك؟! 90-يىللارنىڭ بېشىدا موسكۋا شەھىرىدە پەيدا بولغان بىر قانچە مىڭ ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمۇ خۇددى دىلشاتقا ئوخشاشلا چاقماق تېزلىكىدە كېرەكلىك رۇسچە دىئالوگلارنى ۋە سۆزلۈكلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، قويۇق ئۇيغۇر ئاھاڭلىرى بىلەن ئۇنى سۆزلەپ يۈرۈپ، رۇسىينى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي ياۋروپا مەملىكەتلىرىدە سودا قىلىپ، ياۋرو-ئاسىيا تىجارەت قانىلىنى بەرپا قىلغان. موسكۋا شەھىرىدىكى ئۆزبېكىستان، باكۇ رېستورانلىرىدا ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ياڭرىغان، موسكۋانىڭ گۈزەل كوچىلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭ-چۇڭ ئاۋازلىرى ئاڭلانغان، كىيېۋسكىي، ياروسلاۋسكىي پويىز ئىستانسىلىرىنى ئۇيغۇرلار كونترول قىلىپ، بۇ تەرەپتە بېيجىڭ، ئۇ تەرەپتە بۇداپېشت، سوفىيە، ۋارشاۋا شەھەرلىرىدە تور ھاسىل قىلغان ھەتتا ئۇكرائىنىيە، بېلورۇسىيىنىڭ شۇنداقلا رۇمىنىيىنىڭ بوستانلىقلىرى ۋە سازلىقلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىزلىرى قالغان ئىدى ئەمەسمۇ؟

برايتىن-بىچ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ رايون نيۇ-يوركنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاساسەن دېگۈدەك رۇسىيە كۆچمەنلىرىدىن تەركىب تاپقان. شۇڭا بۇ يەردە رۇس تىلى ھۆكۈمران تىل ئىدى. شۇڭا ئامېرىكىلىقلار چاقچاق تەرىقىسىدە بۇ يەرنى «ئامېرىكىنىڭ موسكۋاسى» دەپمۇ ئاتىشىدىكەن. ھەقىقەتەن بۇ يەردىكى ھايات ئوبرازى موسكۋادىكىدىن ئانچە پەرق قىلمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن بەلكى، بۇ يەردە يۈرۈپ ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى ئامېرىكىغا كەلگەندەك ھېس قىلمىدىم.

برايتىن-بىچ دېگەن بۇ جاي توغرىسىدا موسكۋادىكى ۋاقتىمدىلا كۆپ ئاڭلىغان، گېزىتلەردىن ئوقۇغان ئىدىم. رۇسىيىدىكى گېزىتلەردە ھەتتا بەزى كىنو-فىلىملىرىدە رۇس قارا قوللار گۇرۇپپىلىرىنىڭ برايتىن-بىچتىمۇ ماكان تۇتقانلىقلىرى ھەققىدە سۆز بولغانلىقى، ۋەھشىيلىكتە داڭقى چىققان رۇس قارا قوللىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىدەك ياۋروپا شەھەرلىرىگە ھەتتا ئامېرىكىغا بېسىپ كىرىپ،

بۇ جايلاردىكى قارا قوللار گۇرۇھى بىلەن پۇت تىپىشىپ، تىركىشىپ، بازار تالاشقانلىقى ھەققىدە سۆز بولغانلىقى ئېسىمدە.

برايتىن-بىچ رايونى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياۋروپادىكى ئۇرۇش ئەسىرلىرى لاگېرلىرىدىكى رۇسلار، ئۇكرائىنلار، يەھۇدىيلار ۋە باشقا رۇس تىللىق سوۋېت ئىتتىپاقى كىشىلىرى ستالىننىڭ بىھۇدە جازالىشىدىن قورقۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتماستىن، ئامېرىكىغا كەلگەندە شەكىللەنگەن ۋە گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن جاي ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئەركىن چەتكە چىقىش يولىغا قويۇلغاندا رۇسلار تۈركۈملەپ ئامېرىكىغا كەلدى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مەزكۇر رايونغا ئورۇنلاشقان شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوننىڭ رۇس نوپۇسى تېخىمۇ كۆپەيگەن ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ نوپۇس ئىچىدە ھەر تەبىقە ئادەملىرى بار ئىدى.

90-يىللارنىڭ باشلىرىدا موسكۋالىقلار ئىچىدە ئامېرىكىغا تەلپۈنۈش، ئامېرىكىغا قىزىقىش ھەتتا كېتىش دولقۇنى قوزغالغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە رۇس ياشلىرىدىكى گورباچېۋنىڭ ئىسلاھات نەتىجىسى تېخىمۇ ئۇلغايتقان غەربلىشىش دولقۇنى ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا بولغان قىزىقىشىنى كۈچەيتكەن بولسا، 70 يىللىق قىزىل بايراقنىڭ كرېمىل ئۈستىدىن چۈشۈرۈلۈشى بىلەن بۇ دولقۇن تېخىمۇ مەۋج ئۇردى. ئامېرىكا دوللىرى رۇسىيىنىڭ بازار ئىگىلىكىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، تۇراقسىز رۇس رۇبلىلىرى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىنى يوقاتقانلىقىدىن ھەر قانداق ئاددىي بىر كىشىمۇ رۇبلىينىڭ ئورنىغا دوللار ساقلاشنىڭ قىممەتلىكرەك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئىدى. رۇسلارنىڭ ئۆز پاراڭلىرىدا ئامېرىكا تېمىسىدا سۆزلەشكەنلىكىنى پات-پات ئاڭلاپ تۇراتتىم. مەسىلەن مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا رۇسىيىدىكى سانائەت شەھىرى پېرمىدىن كەلگەن ئىدى. بۇ رۇس يىگىت ھەر كۈنى ئامېرىكىغا كېتىش ھەققىدىلا سۆزلەپ يۈرەتتى ھەتتا «ئامېرىكىدىكى بىر تاكسى شوپۇرىنىڭ كۈنى بىزنىڭ بۇ يەردىكى نەچچە پروفېسسورنىڭ كۈنىدىن

ياخشى، مەن ئامېرىكىغا بېرىپ تاكسى ھەيدەيمەن، ئىلىم-پەنگە كۆڭۈل بۆلىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلدى، ھازىرقى رۇسىيىدە ئالىملارغا ئەمەس بەلكى، سودىگەرلەرگە، باندىتلارغا ھاياتلىق يولى بار» دەيتتى.

## برايتىن ـ بىچتا كۆرگەنلىرىم

برايتىن-بىچ «برايتىن ساھىلى» دېگەن مەناغا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ غەربىي قىرغىقى ئىدى. برايتىن-بىچ رايونى مۇشۇ ساھىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىپايان كۆپ-كۆك ئوكيان مانا مەن دەپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ساھىلغا دەم ئېلىش ئەسلىھەلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، چايكىلار چۇرقىرىشىپ، ئادەمنىڭ يېنىدىنلا گاھ شۇڭغۇپ ئۇچۇپ، گاھ قونۇپ يۈرۈشەتتى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، يەنە كەپتەرلەرمۇ گوكۇرلىشىپ، ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ھېچ چۆچۈمەستىن دانلاپ يۈرۈشەتتى. بۇ جانىۋارلار شۇنچىلىك ئەركىنكى، ئۇلاردا ئادەملەردىن ئۆزلىرىگە بىرەر خەتەر كېلىشىدىن ئەنسىرەش تۇيغۇسى يوقتەك، خۇددى ئۆزلىرىنى ئادەملەردىنمۇ ئەركىنىدەك ۋە ئەتىۋارلىقتەك ھېسابلاشقاندەك كۆرۈنەتتى. مەن شۇ ھامان يۇرتۇمىدىكى كەپتەرلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، بىزنىڭ كەپتەرلىرىمىز پەقەت ئۆزىنى باققان ئىگىسى ــ كەپتەرۋازدىن باشقىنى ئانچە ئاسان تونۇمايدۇ ھەم ئۇنىڭغىمۇ ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، پات-پات ئۇۋىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. كەپتەرلەرنىڭ ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا يۈرۈشى، ئۇلارنىڭ قولىدا دانلىشى، بولۇپمۇ ئۇچماستىن يەردە خۇددى توخۇ كەبى دانلار يۈرۈشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ كەپتەرلىرىمىز خۇددى بۆرىدىن چۆچۈگەن قويدەك ئادەملەردىن ئۆزلىرىنى نېرى تۇتىشىدۇ ۋە ناھايىتى چۆچۈشچان ھەم ھوشيار كېلىدۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەر ۋاقىت، ھەر مىنۇت خېيىم-خەتەر يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش قىسقىسى باشقىلار تەرىپىدىن يېيىلىپ كېتىلىشتىن قوغدىنىشتىن بولسا كېرەك، ئېھتىمالىم

يەردە يۈرگەندىن كۆرە، ئېگىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە رەقىب دەپ قارالغان جانلىقلاردىن ئايرىلىپ، كۆككە كۆتۈرۈلگەندە شۇنداق ئەركىن، پوكۇس چىقىپ ئۇچىسىدىكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىر موللاقلىرىغا ئادەمنىڭ زوقى كېلىدۇ. قىسقىسى ئۇلار ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى ئاشۇ ئۆزىنى ھەر زامان يەۋېتىش ئېھتىماللىقى بار جانلىقلاردىن خالى جايلاردىلا، يەنى كۆك ئاسمان قەھرىدىلا قانغىچە تېتىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە ئىدى.

مېنىڭ كۆرگىنىم ئىككى خىل سىلىشتۇرما بولۇپ، بىرى ئەركىنلىككە كۆنگەن كەپتەرلەر، ئۇلار ئادەملەردىن ئەسلا ھۈركمەيدۇ. چۈنكى، ئادەملەر ئۇلارنىڭ قاناتلىرىنى بوغمايدۇ ھەم ئۇلارنى يەۋەتمەيدۇ. يەنە بىرى قانىتى بوغۇشلانغان كەپتەرلەر بولۇپ، پەقەت ئۇ قەپەستىن ئايرىلغاندىلا ئاندىن ئەركىن ئۇچالايدۇ. بۇ كەپتەرلەرنىڭ قورقۇپ تۈرۈپ دان يېيىشلىرى، ئەركىن پەرۋاز قاقالماسلىقى، يەردىكى ھەر خىل جانلىقلارنىڭ ئۆزىنى يەۋېتىشى بىلەن ئاسماندىكى لاچىنلارنىڭ سوقۇۋېتىش خەۋپلىرىگە دائىم دۇچ كېلىشىدىن كېلىپ چىقىتىمكىن دەپ ئويلايمەن.

باش باھارنىڭ سىم-سىم يامغۇرلۇق بۇ كۈنلىرىدە ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ نەمخۇش شامىلىنىڭ بەدەنگە ئاچچىق سانجىلىشلىرىغا قارىماي، برايتىن-بىچ ساھىلىدا كۆز يەتكۈسىز ئوكيانغا نەزەر تاشلاپ، كەپتەرلەر ۋە چايكىلارنىڭ ئەركىلەشلىرىدىن ھۇزۇرلانغان ھالدا خىياللارغا غەرق بولدۇم. خىيال قۇشلىرىم يەنىلا ئاشۇ يىراق ۋەتەن سەھرالىرىدا قانات قاقاتتى. بۇ ساھىلدا ھەر زامان ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. رۇسىيىلىك كۆچمەنلەر توپ-توپ بولۇشۇپ سەيلە قىلىشاتتى، ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشۇپ، شاھمات ئوينىشاتتى، بەزىلىرى بولسا ئاككوردىيون تارتىشىپ، شوخ ناخشىلىرىنى ئېيتىشاتتى. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئانچە-مۇنچە قىقۋالغانلىقى تەبىئىي بولۇپ، ۋودكىسىز رۇس بولمايدۇ دېگەندەك ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن «كوكا كولا» سوغۇق ئىچىملىك بولسا، رۇسلار ئۈچۈن «ۋودكا» كۈندىلىك سوغۇق

ئىچىملىك ئىدى. ئەمما، يەنە شۇنىمۇ يوشۇرماي ئېيتىش كېرەككى، بۇ ساھىللاردا ئۇزۇن پاچاق رۇس «گۇزەللىرى»نىڭ ئالتۇن چاچلىرىنى يەلپۈندۈرۈپ، سولغۇن جامالىرى بىلەن چاقىرغان قەلبلەرنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىمۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

برايتىن-بىچتا تۇرغان بىر قانچە كۈن جەريانىدا مەن كۆپ تەسىرلىك ئىشلارنى كۆردۈم. ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان يەنە بىر شەخس، يېشى 80 دىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئەقلىي-قابىلىيىتى ناھايىتى ئۆتكۈر، خۇش چاقچاق، جەسۇر بىر بوۋاي بولدى. ئۇ، ماڭا زوق-شوق بىلەن ئۆزى يازغان شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى ھەمدە قىزىقارلىق لەتىپىلەرنى سۆزلەپ مېنى تازا كۇلدۇردى. بوۋاينىڭ بۇ روھلۇق قىياپىتىدىن ئۇنى ھەرگىزمۇ 80 دىن ھالقىغان ئادەم دېگىلى بولمايتتى.

## ئۆز غايىسىنىڭ قۇربانلىرىمۇ ياكى تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ؟

ئاق پىشماق، چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، قوي كۆزلىرى ئوينىپ تۇرىدىغان، سۆزلىرى ۋە قىلىقلىرى چاققان بۇ بوۋاي ياش ۋاقتىدا يازغان شېئىرلىرىدىن بىر قانچىنى ناھايىتى ھاياجان بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدى. بوۋاي گۈزەل يار ئىشقىغا بېغىشلانغان بۇ شېئىرنىڭ ھەر بىر مىسرالىرىنى شۇنچىلىك ھېسسىيات بىلەن ئوقۇيدۇكى، شۇ پەيتتە ئۇ يېشى 80 يەتكەن بوۋاي ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ئوتلىرى ۋۇلقان كەبى پارتلىغان قىران يىگىتكە ئوخشايتتى. بوۋاي ئۆزىنىڭ مۇھەببەت شېئىرلىرىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى شۇڭا ئۆزىنىڭ تاكى ھازىرغىچە مۇھەببەت شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندا بەك ھوزۇرلىنىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزىنى ياشىرىپ كەتكەندەك، ئاشۇ نەۋقىران چاغلىرىغا قايتقاندەك ھېس قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ، مۇھەببەت شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۈرك قاتارلىق تىللاردىلا ئەمەس بەلكى، يەنە رۇس، نېمىس، ئىنگلىز

تىللىرىدىمۇ ئەنە شۇنداق زوق-شوق بىلەن دېكلاماتسىيە قىلالايتتى...

ئۇزۇن پاراڭلىرىمىزدىن كېيىن، ئۇ ماڭا مەسلىھەت بېرىپ، نيۇ-يورك شەھىرىدە كۆپ تىللىق ئادەملەرنىڭ ئۇچرىشىدىغان ھەمدە ئۆزئارا خىزمەت تېپىشىغا ياردەم بېرىدىغان بىر قانچە جايلار بارلىقىنى، خالىسام مېنى تونۇشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قارىماققا، مەن ئۇنىڭغا يېقىپ قالغان ئوخشايمەن. بوۋاي شۇ كۈنى مېنى ئۆزىنىڭ يەنە بىر نەپەر تەڭتۇش دوستىغا تونۇشتۇردى. ئۇلار 2-جاھان ئۇرۇشىنىڭ جەڭ ئاكوپلىرىدا بىرگە بولغان ھەمدە كېيىن، بىرگە ئامېرىكىغا كېلىپ، بۇ يەردە ماكانلاشقان ئىكەن.

بۇ ئىككى بوۋاي ئۆز ۋەتەنلىرىنى شۇنچىلىك سېغىنغانكى، ئۇنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىكەن. ئۇلار ئۆز ۋەتەنلىرىدىن ئايرىلىپ، 50 نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بوپتۇ. مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورۇغىنىمدا گەپ ئۇزاردى. شۇنىڭ بىلەن پاراڭلىرىمىز چوڭقۇرلىشىپ، سۆھبەت تېمىمىز 2-جاھان ئۇرۇشى، ئۇلارنىڭ ئۆز ھاياتلىرىدا بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى-توقاي مۇساپىلەرگە يۆتكەلدى.

بوۋايلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە زور بالاھى-ئاپەت ئېلىپ كەلگەن بۇ زوراۋان ئىمپېرىيىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتالمىغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلار ياش ۋاقىتلىرىدا ستالىننىڭ ۋەھشىيلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى ئاشقان. 1941-يىلى 6-ئايدا گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم باشلىغاندا، سوۋېت قوشۇنلىرى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، غەربىي سەپتىكى پۈتۈن قىزىل ئارمىيە بىتچىت بولۇپ كەتكەن. مانا مۇشۇنداق پەيتتە ستالىن بارلىق خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئالدىراشلىق بىلەن قوشۇن تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتكەن. بۇ ۋەزىپە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭمۇ بېشىغا چۈشكەن بولۇپ، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، تاجىك، قاراقالپاق ۋە ئۇيغۇر

قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بارلىق جەڭگە ياردىغان ئەر-ئايالىرى ئالدىنقى سەپكە ماڭدۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا قورال يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر ئىككى ياكى ئۈچ ئادەمگە بىر مىلتىق بېرىلگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنى ئەڭ غەزەپلەندۈرگەن نەرسە شۇ بولغانكى، دۈشمەن يېقىنلىشىپ كەلمىگۈچە ئۆزبېك، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ جەڭچىلىرىگە قورال تارقىتىلمىغان. دۈشمەن يېقىنلاپ كەلگەندىلا ئاندىن قورال بېرىلگەن بولسىمۇ، بىراق سەپنىڭ ئالدىدا ھامان ئوتتۇرا ئاسىيالىق جەڭچىلەر، ئارقىسىدا رۇس جەڭچىلىرى مېڭىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۇلارغا ياخشى ھەربىي-تەلىم تەربىيە بېرىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن جەڭچىلەر بىھۇدە قىرغىنچىلىققا يولۇققان. ئالدىدا زامانىۋى قوراللىرىدىن ئوق ياغدۇرۇۋاتقان گېرمان قوشۇنلىرى، ئارقىسىدا ئاپتوماتلىرىنى تەڭلەپ تۇرغان رۇس ك گ ب( ن ك ۋ د دەپمۇ ئاتالغان) قوشۇنلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان بۇ تەلەيسىز ئادەملەر ئاخىرىدا بىھۇدە قىرىلىشتىن كۆرە، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئارقىسىدىكى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ك گ ب قىسىملىرىغا ئوت ئېچىپ، گېرمان قوشۇنلىرىغا تۇشمۇتۇشتىن ئەسىرگە چۈشۈشكە باشلىغان ئىكەن.

سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدىلا ئەسىرگە چۈشكەن سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 2 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، كېيىن بۇ سان تەخمىنەن كۆپىيىپ، 4 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن.

مېنىڭ سۆھبەتداشلىرىم ئەنە شۇ ۋاقىتتا گېرمان ئارمىيىسىگە ئەسىرگە چۈشۈپ، لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن. بىراق، بۇ ئەسىرلەر لاگېرلىرىنىڭ شارائىتى تېخىمۇ ناچار بولۇپ، يېمەك-ئىچمەكنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، كىيىم-كېچەك بېرىلمەسلىك ۋە تازىلىق ئىشلىرى جەھەتتىكى ناچارلىقلار تۈپەيلىدىن، ئەسىرلەر ئارىسىدا كېسەللىكلەر كۆپەيگەن. ھەممە ئادەمنى دېگۈدەك پىت بېسىپ كەتكەن. گىتلېر فاشىستلىرىنىڭ ئېغىر روھى

ۋە جىسمانىي بېسىملىرى ئۇلارنىڭ جېنىدىن ئۆتۈۋاتقان پەيتتە، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىشى بىلەن مىللىي تۈركىستان كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا قازاقلاردىن مۇستاپا چوقاي بىلەن ئۆزبېكلەردىن ۋەلى قېيۇم باش بولىدۇ. بۇ كىشىلەر ھەر قايسى ئەسىر لاگېرلىرىغا كېلىپ، ئەسىرلەر ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنى ئايرىپ چىقىپ ئۇلارغا تەشۋىقات قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى تۈركىستان ئارمىيىسىگە قېتىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى جەڭ قىلىپ، ستالىن تۈزۈمىنى ۋە رۇسلارنىڭ تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى گۇمران قىلىشقا، گېرمانىيىنىڭ ياردىمى ئاستىدا مۇستەقىل تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇشقا چاقىرىدۇ. نەتىجىدە، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، قاراقالپاق، تاجىك ھەمدە ئۇيغۇر قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان كۆپلىگەن ئەسىرلەر بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشىدۇ. ھەتتا بۇلارنىڭ ئىچىدە سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغانلار، ئىلگىرى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلغانلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ ئىدى. نەتىجىدە، ئۇلار تۈركىستان قوشۇنلىرىنىڭ جەڭچىسى سۈپىتىدە سوۋېت ئارمىيىسىگە قارشى جەڭلەرگە ۋە باشقا ئۇرۇشلارغا ئىشتىراك قىلىدۇ. بوۋاينىڭ ھېكايىسىنىڭ تارىخىي ئاساسىي بار بولۇپ، مەلۇماتلارغا قارىغاندا 1941-يىلىنىڭ بېشىدا گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ ئىشغال قىلىنغان جايلارنى باشقۇرۇش مىنىستىرلىقىنىڭ باشلىقى ئالفرېد پوزېنبېرگ تۈركىستاننى سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتى ئاستىدىن ئازاد قىلىش دېگەن شوئار ئاستىدا ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇسۇلمان ئەسىرلەردىن قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇلارنى شەرقىي سەپتىكى جەڭ مەيدانلىرىغا ئەۋەتىش لايىھىسىنى تۈزگەندە بۇ پىلان تەستىقلانغان. شۇنىڭ بىلەن سابىق قوقەن ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى، سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى ئاۋانگارتلىق بىلەن كۆرەش قىلغان تۈركچى مۇستاپا چوقاي (قازاق) بىلەن ۋەلى قېيۇمنىڭ(ئۆزبېك) باشچىلىقىدا «تۈركىستان مىللىي كومىتېتى» ناملىق بىر تەشكىلات قۇرۇلۇپ، بۇ كومىتېتقا كەلگۈسىدە تۈركىستاننى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەشكىللەش ۋە باشقا سالاھىيەتلەر بېرىلىدۇ. بۇ كومىتېت

يەنە «مىللىتى تۈركىستان» ناملىق ژۇرنال شۇنىڭدەك گېزىت چىقىرىپ، تۈركىستانلىقلار ئارىسىغا تارقاتقان. ھەر خىل تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تەييارلاپ، سوۋېت ئارمىيىسى جايلاشقان رايونلارغا ھاۋادىن تاشلىغان. بۇنىڭدا تۈركىستانلىقلارنى سوۋېتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش چاقىرىلغان. گىتلېر، سوۋېت رۇسىيىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكازىيە ۋە ئىدىل-ئۇرال بويلىرىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئىدىيىسىدىن، ئۇكرائىنىيە، بېلورۇسىيە قاتارلىق سلاۋيانلارنىڭ مىللەتچىلىك ۋە كوممۇنىزمغا قارشى پىكىرلىرىدىن ھەمدە رۇسلار ئىچىدىكى كازاكلار ۋە باشقىلارنىڭ ستالىنغا قارشى ئىدىيىلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، بۇ مىللەتلەرگە ئەركىنلىك بېرىش شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىققان ئىدى. گىتلېرنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشەنگەن ھەمدە سوۋېتلەرنىڭ يوقىلىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، خەلقئارا ۋەزىيەتنى ئۆز مەۋقەلىرىگە بويسۇندۇرماقچى بولغان مۇستاپا چوقاي، ۋەلى قېيۇم قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتچىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربتە كاسپىي بويىدىن، شەرقتە ئۇيغۇر ئېلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلار، جەنۇبتا سەمەرقەنت، بۇخارا رايونلىرى، شىمالدا زايسانغىچە بولغان بىپايان زېمىندا بىرلىككە كەلگەن بۈيۈك تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇش تەييارلىقىنى قىلدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۆزلىرى يۆلەنگەن بۇ كۈچنىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ دۈشمىنىگە ئايلانغان گىتلېر فاشىزمى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

1941-يىلى نويابىر ئېيىدىن ئېتىبارەن پولشادا مەخسۇس تۈركىستان قوشۇنلىرىنى تەييارلاش لاگېرلىرى تەسىس قىلىنىپ، ھەربىي مەشىقلەردىن كېيىن، تۆنجى قېتىم تۆت روتىدىن تۈزۈلگەن تۈركىستان پولكى قۇرۇلدى. بۇ قوشۇن ئالدى بىلەن 1942-يىلى ئاستراخان ئەتراپىدىكى جەڭلەرگە سېلىندى. بۇ چاغدىكى گىتلېرنىڭ پىلانى ئاستراخان رايونىنى ئىشغال قىلىش ئارقىلىق، قازاقىستانغا يول ئېچىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلەش

بولغان. ھەتتا يەنە ئەزەربەيجان ئارقىلىق تۈركمەنىستانغا تۈركىستان باتالىيونىنىڭ پاراشۇتچى قىسىملىرىنى تاشلىماقچى بولغان. بىراق، كېيىن بۇ پىلان ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب ھەر خىل بولۇپ، بىرىنچىدىن ئىراندا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ پائالىيەت قىلىشى بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغان بولسا، يەنە ستالىنگراد ۋە موسكۋا جەڭلىرىدە گېرمان ئارمىيىسىنىڭ تارمار بولۇشى ھەمدە تۈركىستان پولكى تەركىبىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلەرنىڭ يۈز ئۆرۈپ، رۇس پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى ئىدى.

گېرمانىيە 1941-يىلىدىن تاكى 1944-يىلىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەسىرلەردىن ئىلگىرى كېيىن 30 تۈركىستان باتالىيونى، بىر تۈركىستان پولكى ۋە 45 تۈركىستان روتىسى، ئاخىرىدا 162-تۈركىستان دىۋىزىيىسى قاتارلىق مۇنتىزىم ھەربىي قىسىملارنى قۇرغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئادەم سانى 70 مىڭغا يەتكەن (بەزى مەلۇماتلاردا 100 مىڭدىن ئاشقان دېيىلىدۇ). كېيىنكى، ۋاقىتلاردا گىتلېر گېرمانىيىسى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن تۈركىستان قىسىملىرىنى ئەسلى پىلان بويىچە ئىشقا سالماي، ئۇلارنى يۇگوسلاۋىيە، ئىتالىيە ۋە سلوۋېنىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى پارتىزانلارغا قارشى جەڭلەرگە ئەۋەتكەن ھەتتا تۈركىستان 162-دىۋىزىيىسىنى ئامېرىكا باشلىق ئىتتىپاقچى ئارمىيىنىڭ نورماندىيىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشىغا قارشى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە قويغان بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق ئىتتىپاقچى دۆلەتلەر قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئەمما تۈركۈملەپ قورال تاشلاپ، ئۇلارغا ئەسىرگە چۈشكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە گىتلېر گېرمانىيىسى ئۇلارنى پارتىزانلارنى باستۇرۇش، ئارقا سەپنى قوغداش، يول ياساش، ئارقا سەپ تەمىناتىنى يەتكۈزۈش، ئىشغال قىلىنغان جايلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش خىزمەتلىرىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغان.

تۈركىستان باتالىيونلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق ھەربىي فورمىسى،

مىللىي بايرىقى بولۇپ، ھەر بىر باتالىيون ۋە روتىلارغا ئىمالارنى بېكىتىلگەن. ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. قوشۇنلارنىڭ باش ئوفىتسېرلىرى گېرمانلاردىن تەيىنلەنگەن بولۇپ، 162-تۈركىستان دېۋىزىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى گېنېرال مايور ئۇنۋاندىكى گېرمان ئوفىتسېرى ئۈستىگە ئالغان. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تۈركىستان مىللىي كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ گېرمانىيىنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمەسلىك خاھىشلىرى ھەمدە ھوقۇق تالىشىش قاتارلىق ئىختىلاپلار كېلىپ چىققان بولۇپ، مۇستاپا چوقاي گېرمانىيىنىڭ ئەسلىدىكى پىلانى بويىچە تۈركىستان قوشۇنلىرىنى «تۈركىستان»غا ئەۋەتمەستىن بەلكى، باشقا جايلارنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشلىرىغا سېلىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى خارابلاشتۇرغانلىقىغا نارازى بولغان. ئەمما ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي زەھەرلىنىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ۋەلى قېيۇم تۈركىستانلىقلارنىڭ خانى بولۇپ، مىللىي كومىتېتنى باشقۇرغان. يەنە بەزى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈركىستانلىقلار ئارىسىدىكى ھەر قايسى مىللەتتىن بولغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزئارا زىددىيەتلىشىشكە باشلىغان بولۇپ، تۈركمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم ھۆكۈمىتىنى تەسىس قىلىشنى، قازاقلار ئايرىم بولۇشنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە بىرلىن دائىرىلىرى 1943-يىلى قازاقلاردىن ئايرىم «ئالاش» ناملىق ئورگان قۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر قازاق كىشىنى مەسئۇل قىلىپ، بىر گۇرۇپپا ئادەمنى پاراشوت بىلەن قازاقىستان دائىرىسىگە تاشلىغان. بۇلارنىڭ مەقسىتى خەلق ئىچىدە تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىش قىلىپ قازاقلارنى ستالىن تۈزۈمىگە قارشى قوزغاش ئىدى. بىراق، بۇ گۇرۇپپا تېزلىك بىلەن ك گ ب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

بۇ جەرياندا تۈركىستان باتالىيونلىرىدا تۈركۈملەپ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە ۋە پارتىزانلارغا تەسلىم بولۇش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ، بىراق تەسلىم بولغانلار شۇ ھامان ۋەتەن خائىنى سۈپىتىدە ئېتىپ

تاشلانغان. بىر قىسىم تۈركىستانلىقلارنىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىش تەقدىرلەشلەرگىمۇ ئېرىشكەن بولۇپ، گېرمانىيە باش قوماندانلىق شتابى بىر قانچە تۈركىستانلىقنى ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلىغان.

ئۇرۇشتىن كېيىن، تۈركىستان قوشۇنىنىڭ تەقدىرى پاجىئەلىك بولغان بولۇپ، رۇسلارغا ئەسىرگە چۈشكەنلىرى ئېتىپ تاشلانغان. ئەمما، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قوشۇنىغا ئەسىرگە چۈشكەنلىرىنىڭ تەقدىرى باشقىچىرەك بولۇپ، ئۇلار بىر مەزگىل نورمال تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن ۋاقىت ئاتا-ئانىلىرىدىن، ئائىلىلىرىدىن ئايرىلغان بىر قىسىم ساددا كۆڭۈل ئادەملەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈرلۈك ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىغا ئىشىنىپ، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن بىر-بىرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى چەتئەللەردىكى بۇ زور ساندىكى تۈرلۈك مىللەتلەردىن بولغان ئادەملەرنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئويلاپ تېپىپ، ئۇلار تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرگە دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، گېرمانىيە قوشۇنىدا خىزمەت قىلغان تۈركىستانلىقلار، رۇسلار، كاۋكازلىقلار، ئۇكرائىنلار ۋە باشقىلارغا ستالىننىڭ ئۇلارنى كەچۈرگەنلىكىنى، ۋەتىنىنىڭ ھەمدە ئائىلە-تاۋاباتلىرى ۋە ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئۇلارنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلغان ھەتتا ئىلگىرى قايتىپ بارغانلارنى پويىز ئىستانسىلىرىدا ۋەتەن خەلقىنىڭ قانداق داغدۇغا بىلەن قارشى ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان كىنو لېنتىلىرى ۋە سۈرەتلەرنى ئېلىپ كېلىپ، بۇ ۋەتەنسىز قالغان كىشىلەرگە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈۋەتكەن. نەتىجىدە، مەزكۇر سۈيىقەستلىك ئويۇنغا ئىشەنگەن سانسىزلىغان تۈركىستانلىقلار، گېنېرال ۋلاسوۋنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى جەڭ قىلغان «رۇس ئازادلىق ئارمىيىسى»نىڭ جەڭچىلىرى ۋە باشقىلا ۋەتىنىگە قايتىپ، چېگرادىن كىرىشى بىلەنلا ك گ ب خادىملىرى تەرىپىدىن تۈركۈم-تۈركۈملەپ تۇتقۇن قىلىنىپ، ئېتىپ تاشلانغان. سوۋېت

ئىتتىپاقى بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن يەنە، ئىتتىپاقچى دۆلەتلەردىن سابىق سوۋېت پۇقرالىرى ھېسابلانغان بۇ كىشىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە كۆپ ساندىكى كىشىلەر قايتۇرۇلغان. ئەنە شۇنداق يول بىلەن ۋەتىنىگە قايتىپ پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولغان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا بىر قازاقىستاندىلا ئەنە شۇنداق يول بىلەن قايتىپ كەلگەن تۈركىستان باتالىيونىنىڭ جەڭچىلىرىدىن 600 دىن ئارتۇق ئادەمگە ھەربىي سوت ئۆلۈم ھۆكۈم قىلغان ئىكەن.

تۈركىستانچىلار ئىچىدە تەلىيى ئوڭلىرى-ئامېرىكىغا ئەسىرگە چۈشكەنلىرى بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇلارنى موسكۋا ھۆكۈمىتىگە قايتۇرمىغان. نەتىجىدە، بىر قىسىم كىشىلەر گېرمانىيىدە ئۆيلىنىش يولىنى تۇتقان، بىر قىسىملىرى تۈركىيىگە ۋە باشقا ياۋروپا مەملىكەتلىرىگە كېتىۋالغان، ئاز ساندىكىلىرى ئامېرىكىغا كېلىپ، ئامېرىكىنىڭ پاناھلىقىغا ئېرىشكەن. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا گىتلېر گېرمانىيىسى ئەينى ۋاقىتتا، رۇسلارغا سوۋېت كوممۇنىست تۈزۈمىنى يوقىتىپ، مۇستەقىل ئەركىن رۇسىيە قۇرۇپ بېرىمىز دەپ ۋەدە بەرسە، رۇس ئەمەس مىللەتلەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كاۋكازىيە، بېلورۇسىيە، ئۇكرائىنىيىنى ھەمدە ۋولگا-ئۇرال بويلىرىنى شۇنىڭدەك تۈركىستاننى ئايرىپ چىقىرىپ، بۇ جايلاردا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ گېرمانىيىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتلىرىنى قۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. گېرمانىيىنىڭ بۇ پىلانىغا ئىشەنگەن كۆپلىگەن ستالىن تۈزۈمىگە قارشى رۇسلار، ئۇكرائىنلار، بېلورۇسلار، ئەزەربەيجانلار، گرۇزىنلار، ئەرمەنلەر، قالماقلار، تاتارلار، باشقىرتلار ۋە باشقا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمدە ستالىننىڭ ۋەھشىيلىكىدىن نارازى بولغان مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك گېرمانىيە تەشكىللىگەن قوشۇنلارغا ئىشتىراك قىلغان. گېرمانىيە فاشىست ھۆكۈمىتى بۇنداق قوشۇنلارنى «ياردەمچىلەر» دەپ ئاتىغان بولۇپ، 1941-يىلدىن 1945-

يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرىپىدە ئۇرۇش قىلغان سوۋېت پۇقرالىرىنىڭ سانى 1 يېرىم مىليوندىن 2 مىليون غىچە بولغان ئىكەن. گېرمانىيە بۇ جەرياندا يەنە تۈركىستانلىقلاردىن باشقا، ئەزەربەيجانلاردىن 12 باتالىيون، قالماقلاردىن 2 پولك، ۋولگا تاتارلىرىدىن 4 باتالىيون، ئەرمەنلەردىن 9 باتالىيون، گرۇزىنلاردىن 12 باتالىيون ۋە 6 كازاك پولكى ھەمدە ئاخىرىدا موسكۋا جەڭ مەيدانىدا گېرمانلارغا ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، ستالىن تۈزۈمىنى يوقىتىش شوئارى بىلەن گېرمانلارنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشكەن سوۋېت ئىتتىپاقى گېنېرال لېيتېنانتى ۋلاسوپنىڭ «رۇس ئازادلىق ئارمىيىسى» بىر كورپۇس قوشۇن تەشكىللىگەن بولۇپ، ستالىنگراد جەڭ مەيدانىدا جەڭ قىلغان گېرمانىيە قوشۇنىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى گېرمانىيە تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىرى تەشكىل قىلغان ئىكەن. تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ ياكى تەقدىرگە بىز چاقچاق قىلدۇقمۇ بىلمىدۇق — دېدى شائىر بوۋاي كۆلۈمسىرەپ، — بىز ئۆز ئىدىيىمىز ئۈچۈن جەڭ قىلدۇق دەپ ئويلىساق، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ غايىمىز باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقى بولغان ئىكەن. نەچچە مىڭلىغان تۈركىستانلىق گىتلېر تەرىپىدە تۇرۇپ، بولشېۋىزم ۋە ستالىنىزىم بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، يەنە نەچچە مىليونلىغان قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تۈركمەن، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى گىتلېرگە قارشى جەڭ مەيدانلىرىغا ئېلىپ كېلىنىپ، قىممەتلىك ھاياتلىرىدىن ئايرىلدى. ئويلىمىغان يەردىن بىز ئۆز غايىمىز ئۈچۈن جەڭ قىلدۇق دەپ ئۆز قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق. بىر-بىرلىرىمىزنىڭ قانلىرىنى تۆكتۇق. ئۇلار ئاقۋەتتە قەھرىمانلار ئاتىلىپ مەيدىلىرىگە ئوردېن-مېداللىرىنى تاقىشىپ، غالىبلارچە يۇرۇشتى ھەمدە ۋەتىنىگە قايتقان ئاشۇ ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئېتىپ تاشلىدى. مېنىڭچە بۇ كۆپىنچە ئاجىز، مەزلۇم مىللەتلەرنىڭ ئورتاق قىسمىتى بولسا كېرەك؟ بۇ ئەمەلىيەتتە، مىللەتنىڭ ئورتاق پاجىئەسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەركىنلىكى يوق قىلىنغان مىللەتلەر دائىم ئەنە شۇنداق ئويۇنچۇق

بولىدىكەن خالاس. ئەمما ئاللاغا مىڭ رازىمەنكى، ۋەتىنىم مەن كۈتكەن يول بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقىچە يوللار بىلەن ئازاد بولدى.

مېنىڭ ئېچىنىدىغىنىم، مۇنداق ئەركىنلىكنىڭ قەدرىنى بىزدەك ۋەتەننى دەپ ۋەتەنسىز قالغان مۇساپىر ئەڭ ياخشى بىلسىمۇ، لېكىن تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەتتىن گاڭگىرىغان ئادەملەر توپىنىڭ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشىگە خېلى ۋاقىت لازىم بولسا كېرەك. شۇنداق ھەقىقەت باركى، بەزىدە ئەسلى ئوخشاش نىيەتتىكى، ئوخشاش قەلبتىكى بىر مىللەت ئوخشىمىغان ئىدېئولوگىيىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ، بىر-بىرىنى قىرىدىغان، ئۆز ئىچىدىكى پەرقلەرنى زىددىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئاشۇ مىللەتنىڭ ئورتاق رەقىبلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆز ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان ئىشلار بولۇپ قالىدىكەن. مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمنى گىتلېر فاشىزمىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈم ۋە مېنىڭ قېرىنداشلىرىم تاللىغان ئاشۇ تۈركىستان غايىسىنىڭ قۇربانى ھېسابلايمەن. تارىخقا نەزەر تاشلىساڭ ئوغلۇم، بىز تۈركىستانلىقلارنىڭ تەقدىرىمىز ئورتاقكى، سىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىمۇ ئەنە شۇنداق ئەسلى بىر نىشان ئۈچۈن ئاتلانغان ئادەملەرنىڭ، كۆز قاراشتىكى ئوخشىماسلىقلار تۈپەيلىدىن بىر-بىرىنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرگەن ھەمدە ئەسلى رەقىبلەرنىڭ ئارزۇلىرى ئۈچۈن بىر-بىرىنى قىرغىن قىلغان ئىشلار كۆپ بولغان دەپ ئويلايمەن. خالىسىڭىز يېقىنقى زامان تارىخلىرىڭىزگە مۇراجىئەت قىلسىڭىز، بۇنداق مىساللارنى كۆپ تاپالايسىز.

ئومۇمەن تېگىرقاش ئىچىدىكى بۇ ئادەملەر ئۆزلىرى تاللىغان يولەنچۈكىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى گىتلېر فاشىزمى ئىكەنلىكىنى پەقەت كېيىن تونۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئويۇنچۇق سۈپىتىدە ئوينالغانلىقىنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشەنگەن ئىدى.

ئىلاۋە ئورنىدا

سوۋېتلار يىمىرىلگەندىن كېيىن، يېڭى مۇستەقىل بولغان بىر قىسىم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىغا ھەمدە ئۆزلىرىدىن چىققان، گىتلېرنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنى مۇستەقىل قىلىمىز دېگەن مەۋقەدىكى ئاشۇ كىشىلەرگە قانداق باھا بېرىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولۇپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن 70 يىل دۈشمەن دەپ ئېلان قىلىنغان مۇستاپا چوقاينىڭ نامىنى ئاقلاپ، ئاخىرى ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. مۇستاپا چوقاي بۈگۈنكى قازاق مىللەتپەرۋەرلىكىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى.

گىتلېر تەشكىللىگەن تۈركىستان ئارمىيىسى ئىچىدىكى ھايات قالغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا بولسىمۇ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراقلىرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە مۇيەسسەر بولالىدى. ئەپسۇسكى، ئۆزىنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ ھەقىقىي ئوغلى، تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىنىڭ جەڭگىۋارى ھېسابلانغان ئاتاقلىق ئالىم، دوكتور باي مىرزا ھېيىت 50 يىل ئايرىلغان ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىدىن ئەبەدىيلىك سەرگەردان بولۇشقا بۇيرۇلدى. چۈنكى، ئۇ ئىلگىرى ستالىننى سۆكۈپ، ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلغان بولسا، بۇ قېتىم، 70 يىللىق سوۋېت تۈزۈمىنىڭ ھامىيسى بولغان كەرىموفنى تەنقىد قىلغان ئىدى.

مېنىڭ يېڭى تونۇشقان دوستلىرىم مېنىڭ ئامېرىكىدىكى تۇنجى بېكىتىم برايتون-بىچ ھەققىدىكى تەسىراتلىرىمنىڭ ئۇلغىيىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلار ماڭا بۇ رايوندا رۇس تىلىدا سۆزلىشىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى رۇسلار دەپ قالماسلىقىمنى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كەلگەن يەھۇدىيلار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. مەن ئالتە يىل موسكۋادا ياشاش جەريانىدا رۇسلار، گىرۇزىنلار، ئۇكرائىنلار ھەتتا كاۋكازىيىدىكى ئەزەرى، قۇمۇق، لېزگىن، بالقار، قاراچاي، چېركەس قاتارلىق مۇسۇلمان

مىللەتلەردىن كۆپلىگەن دوستلارغا ئىگە بولغان ئىدىم. سابىق سوۋېت خەلقلىرىنىڭ ئوچۇق-يورۇقلۇقى، ئويۇن-تاماشا، كۈلكە-چاقچاقلارنى ياخشى كۆرىدىغان مىجەز خۇلقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئۇيغۇر بولۇشۇم ۋە چىراي-تۇرق، مىجەز-خۇلق جەھەتلەردىكى ئوخشاشلىقلار ھەمدە رۇس تىلىنى بىمالال سۆزلىشىم مېنىڭ ئۇلار بىلەن ئاسانلا تىل تېپىشىمغا سەۋەب بولغان ئىدى. دۇنيادىكى ئەڭ ئاتاقلىق ۋە كۈچلۈك ئىلىم-پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلار ياتاقخانىسىدىكى قىزغىن ۋە رومانتىك ھايات ماڭا ھېچقاچان ئۇنتۇلماس گۈزەل تەسىراتلارنى قالدۇرغان بولسا، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ھەر خىل مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش، ئۇلار ھەققىدە چۈشەنچىلەرگە ئېرىشىش ھەتتا چىراي تۇرقى جەھەتتە بىر-بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان سلاۋيانلار، كاۋكازلىقلارنى بىر قاراشتىلا كىمنىڭ قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلسام ئاساسەن خاتالاشمايدىغان مۇمكىنچىلىكلەرگە ئىگە قىلدى. شۇڭا مەن برايتون-بىچ كوچىلىرىدا كۆرگەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ھەقىقەتەن يەھۇدىيلارنىڭ كۆپلۈكىنى ھېس قىلدىم.

مېنىڭ قېرىنداشلىرىمنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئىقتىساد خۇددى پۈتۈن ئامېرىكىدىكىگە ئوخشاشلا يەھۇدىي تىجارەتچىلىرىنىڭ قولىدا ئىكەن. ئۇلار كۈچلۈك ئىقتىسادىي مەنبەسىگە تايىنىپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە دىنىي ھەم خەيرخاھلىق پائالىيەتلىرى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك رەۋىشتە شۇغۇللىنالايدىكەن.

بۇ يەردىكى گېزىت بوتكىلىرىدا نەچچە ئون خىل رۇسچە گېزىت-ژۇرناللار سېتىلاتتى. مەخسۇس رۇس تىلىدىكى كىتابلارنى ساتىدىغان جايلار، كۇتۇپخانىلار ۋە مەكتەپلەر شۇنىڭدەك تىياتىرخانىلار مەۋجۇت بولۇپ، رۇسىيە ناخشا چولپانلىرى دائىم بۇ يەردىكى كۇلۇبلاردا ۋە رېستورانلاردا ئويۇن قويىدىكەن.

مېنىڭ دوستلىرىم، ماڭا بۇ يەردىكى ئادەملەر مۇسۇلمانلارنى ئانچە

ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا سەن ئۆزۈڭنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭنى ئانچە بىلدۈرۈپ كەتمە دەپ نەسىھەت قىلدى، مەن ھەيرانلىق ھېس قىلمىدىم. چۈنكى، دىنىي، سىياسىي ۋە مىللىي نۇقتىدىن ئالغاندا ئەرەب دۇنياسى بىلەن يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئۆزۈنغا سوزۇلغان مۇرەككەپ زىددىيەت مەۋجۇت. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا زىددىيەتلەر ئاشكارا ئىپادىلەنمىسىمۇ، ئەمما مەھەللىۋى تۇس ئالغان قىياپەتتە ئىپادىلىنىشى تەبىئىي. ئادەملەر ئارىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈش ئاسانلا يۈز بېرىدىغان ئەھۋال بولۇپ، ئۇ دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە مەۋجۇت.

ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان خەلق بولغانلىقى بىلەن يەھۇدىيلار بىۋاستە ئالاقە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككى خەلق ئارىسىدا ھېچقانداق ئۇقۇشماسلىقمۇ مەۋجۇت ئەمەسقۇ؟ ئەكسىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئۆز مىللىتىنىڭ قىسمەتلىرىنى يەھۇدىيلارغا سېلىشتۇرۇش، يەھۇدىيلارنىڭ ئۈمىدۋارلىقى ھەم مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش ھەم ئۇيغۇر ھاياتىغا تەتبىقلاش ئەۋجى ئالماقتا.

برايتون-بىچتىكى ھايات ئامېرىكا ھاياتىنىڭ پەقەت بىر كىچىككىنە بۆرجىكىنىڭ كۆرۈنۈشى بولۇپ، مېنىڭ كۆزۈمگە ئامېرىكا ھاياتىمىنىڭ دەسلەپكى بىر قانچە كۈنلىرى ئاجايىپ جىددىيدەك كۆرۈنگىنى بىلەن مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ، نيۇ-يورك شەھەر مەركەزلىرى ۋە باشقا بىر قانچە ئاۋات شەھەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمدە مەركىزى رايوننىڭ يەنىلا ھايات سۈرئىتى نىسبەتەن ئاستا جاي ئىكەنلىكىنى، بەلكى كىملەرگىدۇر جىددىي، كىملەرگىدۇر ئاستا ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئۇنىڭ بازار شەكلى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدە 70 يىللىق سوۋېت كوللېكتىپ ئىگىلىك تۈزۈم ئاساسى ياراتقان ھورۇنلۇق بىلەن ئاكتىپسىزلىق، بىر كۈن ئۆتسە غەنىيمەت دەيدىغان تىرىكچىلىك پسىخىكىسىنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. يېڭى رۇسىيە كۆچمەنلىرى ئامېرىكىنىڭ باياشات

شەخسىي ھايات ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىش، ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت دەيدىغان تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ۋە تۇرمۇش مۇھىتىغا تېخى تولۇق كۆنۈپ كېتەلمىگەنلىكى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەر كۈنى ۋاقىت ئىستىرېلكىسىغا قاراپ، ئاخشىمى ئىچكەن ۋودكىنىڭ تەسىرىدىن بېشىنى ئارانلا ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ، ئېرەنسىزلىك بىلەن ئىشقا بېرىپ، سەككىز سائەت ئىش ۋاقتىنى ئۇنۇمسىز ھالدا ئۆتكۈزۈپ، ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، يەنە 50 گىرام قېقىۋېلىپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ياتىدىغان ياكى دوستلىرى ۋە قوشنىلىرى بىلەن پاراڭ سوقۇشۇپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىشىپ، يەنىلا بىر ئائىلىق ھاياتىغا كەڭ-كۇشادە يەتكۈدەك مائاش ئېلىپ، دۇنيا مېنىڭ ئالقىنىمدا دەپ خاتىرجەم ياشىغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كىشىلىرى ئۈچۈن (ئەلۋەتتە، ھەممىسىنى دېمەكچى ئەمەسمەن) ئامېرىكىنىڭ جىددىي ھاياتى بىر دوزاخ ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يىقىلغاندىن كېيىنكى، شەكىللەنگەن ئىشسىزلىق ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق رۇسىيىلىكلەرنى ئامېرىكىغا تېخىمۇ تەلپۈندۈردى. ئامېرىكا ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتەك تۇيۇلۇپ، كۆپلىگەن رۇسىيىلىكلەر زور تىرىشچانلىق ۋە بەدەللەر بىلەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ جەننەت ئۇلارنى بۇرۇنقى تۇرمۇش ئىستىللىرىنى ۋە ھايات مەنتىقىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلار بۇ جەننەتنىڭ پەقەت جاپالىق ئەمگەك، توختاۋسىز كۈرەش ۋە قان-تەر بەدىلىگە قۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

ئامېرىكىغا كەلگىنىگە يەتتە يىل بولغان بىر رۇس ئىنژېنېر ماڭا ئۆزىنىڭ توپى-تەرەت تەلەتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — كۆردىڭىزمۇ؟ مانا بۇ مېنىڭ كۈندىلىك نورمال قىياپىتىم، مەن ئەسلىدە موسكۋادىكى بىر چوڭ زاۋۇتنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى ئىدىم. كاستۇم بۇرۇلكىلىرىمنى كىيىپ، گالستۇكلىرىمنى تاقاپ. ئۆزۈمگە توپا قونىدۇرماي ھەتتا ئىش ۋاقتىدىمۇ ئەترلەرنى چېچىپ يۈرەتتىم. ئامېرىكا دەپ چوقۇنۇپ، ئاخىرى بۇ يەرگە كەلدىم. مەن ھازىرمۇ ئىنژېنېر. لېكىن بۇ يەردىكى ئىنژېنېر ئىشچىدىن بەتتەر ئىشلەيدىكەن. مەن مىڭ تەسلىكتە بۇ تۇرمۇشقا كۆندۈم. لېكىن،

ھەسرىتىم كۆپ، ئىشلىمەي دېسەم پۇل يوق. بىر ئاي ئىشلىمىسەك، تۇرۇۋاتقان ئۆيۈڭدىن ئايرىلىسەن. تاپقان پۇلۇڭ ھېساباتقىلا كېتىدۇ. قىسقىسى ئامېرىكا ھۆرۈنلارنى سۆيمەيدۇ ــ دەپ ھەسرەت بىلەن دەرد تۆكۈپ بەرگەن ئىدى. مېنىڭچە بۇ ئاشۇ برايتون-بىچتىكى بارلىق يېڭى رۇسىيە كۆچمەنلىرىنىڭ بەلكى، ئىلگىرى سوتسىيالىزمنىڭ تۆمۈر تاۋىقىغا كۆنگەن بارلىق كۆچمەنلەرنىڭ ئورتاق زارى بولسا كېرەك.

مەن برايتون-بىچ كوچىلىرىدا يۈرگەن بىر قانچە كۈن ئىچىدە خېلى كۆپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىش، ئۇلارنىڭ تەسىراتلىرىنى بىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئامېرىكىدىكى تۇنجى چۈشەنچىلىرىمنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئەلۋەتتە، شۇنى قىستۇرغۇم كېلىدۇكى، ئادەم ھەر بىر يېڭى تۇپراققا قەدەم قويغان دەسلەپكى كۈنلەردە ئادەتتىن تاشقىرى كۆزىتىشچان بولۇپ كېتىدۇ. ھەر بىر نەرسىنى، ئۆز تۇپراقلىرى ۋە ئۆزى ئىلگىرى كۆرگەن باشقا جايلاردىكى بىلەن سېلىشتۇرغۇسى كېلىدۇ. بەلكى، دەسلەپكى تەسىراتلار ھامان يۈزەكى بولۇشى قارىماي، بىرئاز مول ۋە رەڭگارەڭ بولسا كېرەك؟!. مەن بۇ جايدىكى خېلى كۆپ ئادەملەرنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەلۇماتى بارلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى ئېيتقىنىمدا چۈشەندۈرۈش كەتمەيلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن سۆھبەتداشلىرىمدىن سۆيۈندۈم. چۈنكى، مەن ئىلگىرى رۇسىيە شەھەرلىرىدە يۈرگىنىمدە، ئۇيغۇرلارنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر مىللىتى بولۇشىغا قارىماي، خېلى كۆپ رۇسلارنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى سەزگەن ئىدىم. كۆپىنچە ھاللاردا مېنىڭ ئۇلارغا ئۇيغۇرلار ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشىمغا توغرا كېلەتتى.

مەن سۆيۈنگەن يەنە بىر نۇقتا شۇكى، مېنىڭ برايتون-بىچتىكى رۇسىيىلىك كۆچمەن سۆھبەتداشلىرىمنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇرلار «ئەقىللىق، ناھايىتى تىرىشچان، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان شۇنىڭدەك تىجارەتكە ماھىر بىر مىللەت» ئىكەن.

بىر سۆھبەتدىشىم چاقچاق قىلىپ، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يەھۇدىيلار يىغلاپ كېتىپتۇ» دەيدىغان بىر سېقىمنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى ھەمدە بۇ سېقىمنىڭ ئۇيغۇر ۋە يەھۇدىيدىن ئىبارەت ئىككى مىللەتنىڭ تەقدىرىدىكى ئوخشاشلىقلار ۋە تىجارەتتىكى ماھىرلىقلىرىغا قارىتىلغانلىقى ھەققىدە ئىزاھات بەردى. بۇ سۆھبەتدىشىم يەنە بۇ يەردىكى رۇسچە گېزىتلەردە يېقىندىن بۇيان پات-پات ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ۋە ماقالىلەرنىڭ بېسىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇنداق ئۇچۇرلارنى ئوقۇغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەلۇم بىر گېزىتتە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماقالىلەرنىڭ بىرىدە ئۇيغۇرلارغا مۇنداق باھا بېرىلگەن ئىكەن.

«بۇ قەدىمىي مىللەت، تارىختا بىر قانچە مۇستەقىل، قۇدرەتلىك ۋە باياشات دۆلەتلەرنى قۇرغان. ئۇلار شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىلا ئەمەس، بەلكى سودا-ئىقتىسادىي جەھەتتە مونوپول قىلىش رولىنى ئوينىغان. تىجارەت ئۇلارنىڭ روشەن ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ بىرى. ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تىجارەت ئۇسۇللىرى بىلەن زامانىۋى تىجارەتكە جەڭ ئېلان قىلغان بولۇپ، ئەسىرلەردىن بۇيان پىشىپ يېتىلگەن ۋە قېلىپلاشقان تىجارەت پسىخىكىسى ھەم ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدا ھېچقانداق ئىقتىسادىي سىياسەتنى بەلگىلەش ۋە ئۇنىڭدىن بىۋاستە ئەركىن پايدىلىنىش يېتەرلىك ئەمەس تۇرۇپمۇ، يەنىلا باشقا بارلىق ھوقۇقلارنىڭ ساھىبلىرى ھېسابلانغان تىجارەت سېپى بىلەن رىقابەتلەشمەكتە. ئىقتىساد بىر دۆلەتنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىكەن، ئەلۋەتتە، مىللىي ئىقتىساد بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن زور تايانچ. ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېلى ئوشۇتۇۋېتىلگەن بىر ئادەم ئەبەدىي قەد كۆتۈرەلمىگەندەك، مىللىي ئىقتىسادىي ئاساسىنى يارىتالمىغان بىر مىللەت ئوخشاشلا قەددىنى تىكلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق تىجارەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زامانىۋى ئىنسانلار ئۇنتۇلۇپ كەتكەن كۆپ نەرسىلەرنى ساقلاپ قالدى.

ئىشىنىمىزكى، بۇ مىللەتتە ئۆز ئىستىقبالىغا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشى ۋە قۇربان بېرىش روھى شۇنىڭدەك ئۈمىدۋارلىقى بار. بۇ روھ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرىدۇ»

شۇنداق! مەن قىتئەلەر ئاتلاپ، نيۇ-يورك شەھىرىنىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسى بولغان بۇ جايغا كەلسەم، بۇ يەردىمۇ ئۇيغۇرنى كۆردۈم. ئۆز ئانا ۋەتىنىدە يەنى ئەزىز قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، غۇلجا ۋە تۇرپان ۋە باشقا چوڭ-كىچىك شەھەر، يېزا-سەھرالىرىدا جۈملىدىن ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدا تېنەپ-تەمتىرەپ، بىچارىلەرچە يۈرۈشكەن تىلەمچى ئۇيغۇرلارنى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ گېزىتتە يۇقىرى باھا بېرىلگەن، قەددىنى تىك تۇتۇپ، باشقا ھەر قانداق ئادەمدىن قىلىشمايدىغان، ئىنسانلىق قەدرى-قىممىتى بىلەن ياشاۋاتقان ئۇيغۇرنى كۆردۈم. خۇددى ئۆز ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىنىڭ قولىدا يوق، باشقىلاردىن سوراپ، رۇخسەت ئالغاندىن كېيىنلا ئۆيىگە كىرەلەيدىغان ئادەمدەك گاڭگىراپ يۈرگەن روھى كەمتۈك ئۇيغۇرنى ئەمەس، بەلكى ئۆزگىلەرنىڭ زېمىنىدا ياشىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئادەملىك ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالىغان ئۇيغۇرنى كۆرۈپ بەك سۆيۈندۈم.

برايتون-بىچ ئامېرىكا تەسىراتلىرىمنىڭ تۈنجى بەتلىرى ھەم ئامېرىكا ھاياتىمنىڭ تۈنجى قەدەملىرى بولۇپ قالدى. بۇ جايدىكى بىر قانچە كۈنلۈك ھاياتتىن كېيىن، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پايتەختى، گۈزەل ۋاشىنگتون شەھىرىگە قەدەم قويۇپ، ئاق سارايى ئالدىدا يۈرۈپ، خىياللار دۇنياسىغا غەرق بولدۇم.

تەكرار ئېيتىمەن سۆيۈملۈك دوستۇم، بۇ قۇرۇق خىياللار ئەمەس، بۇ مېنىڭ ۋە سىزنىڭ خىياللىرىمىز! بۇ بىزنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمىز شۇنىڭدەك مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكىگە بولغان ئىشەنچىمىز! ئۇلۇغ ئاللا بىزگە بەخش ئەتكەن سۆيگۈ ۋە روھتىن ئىبارەت خالاس!

# 2 ـ باب  ئاق ساراي ئالدىدىكى يىغا ئاۋازى

## گۈللۈكتىكى سۆھبەتلەر ــ تەنھا بوۋاينىڭ ھېكايىسى

مانا، خىلىدىن بېرى ئاق ساراي ئالدىغا جايلاشقان باغچىدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى پرېزىدېنتىنىڭ تۇرالغۇ جايى ۋە خىزمەت ئىدارىسى ھېسابلانغان ئاق سارايغا قاراپ ئولتۇرىمەن. ئاق رەڭ بىلەن بېزەلگەن بۇ بىنا ئۆزىنىڭ دۇنياغا مەشھۇرلۇقى ۋە غايىبانە ھەيۋىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاددىي-ساددا بولۇپ، كىشىگە ھېچقانداق سىرلىق، شۈبھىلىك شۇنداقلا دەبدەبىلىك تۇيغۇ بەرمەيتتى. ئاق ساراي بىناسى خېلى چوڭ گۈزەل باغچە ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپى ۋاشىنگتون مۇنارى تەرەپكە قاراپ تۇرسا، ئارقا تەرىپى ئەپچىلغىنا ياسالغان باغچىغا يۈزلىنىپ تۇراتتى. پۈتۈن ساياھەتچىلەر مانا مۇشۇ تەرىپىگە كېلىپ ئاق ساراي مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى. تۈرلۈك پائالىيەتلەر مانا مۇشۇ تەرەپتە بولاتتى. بىنانىڭ ئالدىدىكى گۈللۈك بىلەن ئورالغان فونتاندىن ھەر قاچان مارجاندەك سۇلار ئەتراپقا تەكشى چېچىلىپ كىشىگە راھەت بېغىشلايتتى. بىنانىڭ ئەتراپى قىش-ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان ياپ-يېشىل چىملىق ۋە دەرەخلىك بولۇپ، ئاق ساراي تەخمىنەن ئىككى مېترىغا يېقىن تۆمۈر رېشاتكىلار بىلەن قورشالغان. رېشاتكىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە پرېزىدېنت قورۇسىغا كىرىدىغان دەرۋازا جايلاشقان بولۇپ،. ئەڭ قىزىقارلىق يېرى شۇكى قورۇنىڭ ئالدىدا ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ يۈرگەن بىر ئىككى ساقچىدىن باشقا ھېچقانداق ھەيۋىتىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان مۇھاپىزەتچىلەر گۇرۇپپىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئادەملەر تۆمۈر رېشاتكىنى تۇتۇشۇپ، ئۇنىڭ ئاراچىلىرىدىن ئاق سارايىنى سۈرەتلەرگە تارتىشاتتى ۋە سۈرەتلەرگە چۈشىشەتتى. قورۇنىڭ ئىچىدىمۇ ساقچى ياكى مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى.

ئـاق سـارايي بەزى كـۆنلەردە سـاياھەتچىلەر ئۈچـۈن ئوچـۇق بولـۇپ، ئۇنـىڭ ھەممە بۆلۈملىرى ھەتتا پرېزىـدېنتنىڭ تۇرالغـۇ ئـۆيىگىچە كۆرۈشـكە رۇخسەت قىلىناتتى.

مەن ھازىرغىچە مانا مۇشۇنداق يۇقىرى دەرىجىلىـك دۆلەت ئـادەملىرى تۇرىدىغان جايلارنى خېلى كۆردۈم. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ماڭا ئـاق سارايدەك مۇنداق ئەركىن تۇيغۇ بەرمىگەن ئىـدى. قىسقىسـى بـۇ يەردە كونـا بېيجىڭ خان سـارايلىرى ئالدىـدىكى قىلىـچ-نەيزىلىرىنـى مەھـكەم تۇتـۇپ، كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈش قۇدرىتىگە ئىگە كىچىـك كۆزلىرىـدىن نـۇر چاقنىتىـپ، دەبـدەبىلىك تۇرغـان قاراۋۇللارنـىڭ، موسـكۋادىكى كرېمىـل سارىيى ئالدىدا ۋە لېنىن ماۋزولېيىنىڭ ئىشىكى يېنىدا كۆكۈچ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك تۇرۇشقان، تېرىسـى ئاشـۇ بىـر ئەسىر توشاي دەپ قالسىمۇ، ئەمما تىېخىچە دەپنە قىلىنماستىن كىشىلەرنىڭ زىيـارەت قىلىشـىغا قويۇلـۇپ، مـاۋزولېي ئىچىـدە ئوڭدىسـىغا ياتقۇزۇلغـان لېنىننىڭ تاتىرىپ كەتكەن تەلەتىگە ئوخشايدىغان مەخسۇس قوغدىغۇچى سولداتلارنىڭ(ئەسكەرلەرنىڭ) ئىغىـر تىنىقلىرىنـى ئەمەس، بەلكـى ئۇنـىڭ ئەكسىچە ئـادەملەر تـوپى ئارىسـىدا ئەركىـن دانـلاپ يۈرگەن كەپتەرلەرنـىڭ گۇكۇرلاشـلىرىنى سېزىسـىز. قىزىـل مەيـدان ۋە باشـقىلاردىن ئۆتمۈشـنىڭ ئىنسـانلار ئۈچـۈن ئەبەدىـي ئۇنتۇلمـاس ۋە تـارىختىن ئۆچـۈرۈپ بولمـاس مۇرەككەپ مۇڭ-زارلىرى ئاڭلانغاندەك بولسا، بـۇ يەردىـن پەقەت پـورەكلەپ ئېچىلغـان رەڭگـارەڭ گۈللەرنـىڭ خۇشـبۇي پـۇراقلىرى دىماغلىرىڭىزغـا ئۇرۇلۇپ، سىزنى گۈزەل خىياللار دۇنياسىغا غەرق قىلىدۇ.

ئانچە چوڭ ۋە ئېگىز بولمىغان بۇ بىنا 18-ئەسىردە قۇرۇلغان بولـۇپ، تاكى ھازىرغىچە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىـدېنتلىرىنىڭ تۇرالغـۇ ۋە خىـزمەت ئـورنى سـۈپىتىدە ئىشـلىتىلىپ كەلمەكــتە. ئامېرىكـا ۋە دۇنيـا تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر سىياسىيونلار ۋاشىنگتون، لىنكولىن، رۇزۋېلـت، ترومېن، كېننېدي، نىكسون، رەگان، ئاتا-بـالا بـوز، كلىنتـون ۋە باشـقىلار

مەزكۇر ئاددىي-ساددا سارايدا ئولتۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ تەقدىرىنى ئۆز قوللىرىدا تۇتقان ئىدى ھەم تۇتماقتا. قۇدرەتلىك تېپىشماقلار بىلەن تولغان بۇ سارايې گەرچە ئۆتمۈشتىكى مەشھۇر ئىمپېراتورلارنىڭ ئوردا-قەسىرلىرىدەك ھەيۋەتلىك ۋە ئاجايىپ-غارايىپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە ئىنسانىيەتنى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر بىلەن تەمىنلىگەن، دۇنياۋى سىياسىي ھادىسىلەرنىڭ لايىھىلىرىنى تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر گىلەملىرىدە كۆپلىگەن مەشھۇر سىياسىي ئەربابلارنىڭ ئىزلىرى قالغان ئىدى. بۇ سارايىنىڭ دۇنيانى لەرزىگە سالالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بەلكى بىلمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك؟! دېمەك كىمكى بۇ بىنانىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا ئۇنى كەمستىش ياكى ئۇنىڭ قۇدرىتىنى تۆۋەن چاغلاش تۇيغۇسىدا بولىدىكەن ئۇ چوقۇم زور خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ! ئۇنىڭغا خىرىس قىلغان، ئۇنى كەمسۇندۇرۇش نىيەتلىرىدە بولغان قانچىلىغان ئۇنىڭ رەقىبلىرى ئۆزلىرى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يۈزلىرى قىزارغان ھالدا باش ئېگىشكە مەجبۇر بولغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇ سارايې گاھ بىچارىلەر نىڭ قوغدىغۇچى قورغىنى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقسا، گاھ تەلۋىلىكنى جازالىغۇچى، مۇشتۇمزور مۇستەبىتلەرنى ئەدەپلەپ، دىكتاتورلىق زۇلۇمنىڭ ئورنىغا دېموكراتىك پىكىرلەر ۋە تۈزۈملەرنى دەسسىتىپ، دۇنيا تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشىگۈچى ئادالەت ئىگىسى بولۇپمۇ مەيدانغا چىقىدۇ.

مەن ۋاشىنگتون شەھىرىدە تۇرغان كۈنلەردە ھەر كۈنى شەھەر مەركىزىنى ئايلىنىپ، مەزكۇر ئاق سارايىنىڭ ئالدىدىكى باغچىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، خىيال دېڭىزىغا غەرق بولاتتىم. باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جېكسوننىڭ ئاتقا مىنىپ تۇرغان ھەيكىلى ئورنىتىلغان، ئۇنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت دانە زەمبىرەك بەتلەنگەن ھالدا قويۇلغان.

مەن ھەر قېتىم باغچىغا كىرگىنىمدە ھەيكەلگە يېقىنراق يەردىكى

ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە ئاق سارايغا قاراپ، ھاسا تايىقىغا تايانغان ھالدا ئولتۇرغان بىر بوۋايغا كۆزۈم چۈشەتتى. بوۋاينىڭ قارا كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ تۈگمەس ئويلارغا غەرق بولغانلىقىنى سەزگەن ئىدىم.

پاھ! بۈگۈن ئاشۇ بوۋاي دائىم ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقتا بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن يەنە بىر بوۋاينى كۆردۈم. مەن ھاياجىنىمنى باسالماي، تېز-تېز قەدەم بىلەن بوۋاينىڭ يېنىغا باردىم ھەم بىردىنلا بۇ بوۋاينىڭ باشقا كىشى بولماستىن بەلكى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ھېلىقى بوۋاينىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئاھ! ئەسلىدە بۇ ئۇيغۇر بوۋاي ئىكەنغۇ؟! دېمەك كۆڭلۈم تۇيۇپ، ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ قارىغۇم كەلگەن ئىكەن-دە؟، «ئالدى بىلەن كۆڭۈل تونۇيدۇ» دېگەن ئاتىلار سۆزى نەقەدەر توغرا ئېيتىلغان -ھە؟!

—ئەسسالامۇئەلەيكۇم بوۋا! —دېدىم مەن ھاياجان بىلەن بوۋايغا. بوۋاي ئەندىكىپ، ماڭا قارىدى ۋە ھەيرانلىق ئارىلاش شادلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بىر ھازا ماڭا سىنچىلاپ تىكىلدى ھەم

—ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بالام! —دېدى تىترەك ئاۋازدا—ئۇيغۇر بالىسىمۇ سەن؟ ئوغلۇم —دەپ سورىدى ئۇ.

—شۇنداق—دېدىم مەن، بوۋاينى قۇچاقلاپ، بوۋاينىڭ كۆزلىرى خىرەلىشىپ، بىردىنلا مارجاندەك كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ مېنى بىردەم قۇچاقلاپ، ئۈن-تىنسىز تۇردى. دېمەك، بوۋاي ناھايىتى ھاياجانلانغان ئىدى. ئاخىرى ئىگرىغان ئاۋازى بىلەن «ئاھ! خۇدا، ئۇلۇغ خۇدايىم مېنى ئۇيغۇرۇمنى كۆرۈشكە ئاخىرى نېسىپ قىلدى!» دېدى. بىر كۆپ مۇڭداشتۇق. بوۋاي ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ئامېرىكىغا كېلىپ قالغىنىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ، بىر ھازا سۈكۈت ئىچىدە كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئەسلىمىسىنى باشلىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قەشقەرلىك بولۇپ، ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا دادىسى

بىلەن بىرگە ئەنجانغا چىقىپ تىرىكچىلىك قىلغان ئىكەن. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنجان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق شۇنداقلا ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارىلىشىنىڭ بىرىنچى بېكىتى بولۇپ، ھەر يىلى ياز ئايلىرىدا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بولۇپمۇ، قەشقەردىن كۆپلىگەن مۇساپىرلار تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ، مەزكۇر شەھەرگە كېلىپ توپلاشقان ۋە كېيىن تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ تۈرلۈك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تىجارەتچىلەرمۇ، كاسىپلارمۇ، دېھقانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز يۇرتلىرىدا تىرىكچىلىك قىلىشتىن مەھرۇم بولغان كەمبەغەللەر ھېسابلىناتتى. قاتمۇ-قات زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىشلەر ۋە باستۇرۇشلار ئۇلارنى ئۆز تۇپراقلىرىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلاردىن ھاياتلىق يولىنى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. 30-يىللىرىدىن باشلاپ مەزكۇر مۇساپىرلار سوۋېت كوممۇنىست ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۈرلۈك بېسىملارغا دۇچ كېلىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ، 1933-يىلىدىكى ۋە 1937-يىلىدىكى ئۇيغۇر خەلق قوزغىلاڭلىرى موسكۋانىڭ ياردىمى بىلەن باستۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىمۇ مىللەتارىست شېڭ شىسەيگە ماسلىشىپ تۇتقۇن قىلىپ، تۈركۈم-تۈركۈملەپ پويىزلارغا بېسىپ، سىبىرىيە ئورمانلىرىغا ھەيدەپ بېرىپ، ئېغىر مەجبۇرىي ئەمگەككە لەرگە سالدى. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سىبىرىيە ئورمانلىرىدا چىرىپ تۈگىگەن ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان زىيالىيلارنى بولسا تۈركۈم-تۈركۈملەپ تۈرمىلەرگە تاشلىدى ۋە ئۆلتۈردى. قىسقىسى مەن ئۇيغۇر دېگەن ھەرقانداق كىشى ستالىننىڭ ۋەھشىيانە جازاسىدىن بوش قالمىدى. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزىنى ئۇيغۇر دېيىشتىن قورقۇپ، مىللىتىنى ئۆزبېك ياكى «كاشگارلىك» دەپ ئاتىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي ئۇيغۇر ئېلىدىمۇ ئەنە شۇنداق قىرغىن قىلىشنى باشلاپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بىر قانچە يۈز مىڭ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئېيتىپ-

تۆگەتكۈسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار بولدى.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا 1937-يىلىدا بىر تاشكەنت شەھرىدىنلا 3700 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر تۇتقۇن قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆلتۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرى، يازغۇچى-شائىرلىرى ۋە باشقىلارمۇ بار ئىدى. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى پروفېسسورلىرى، يەنى تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بۇرھان قاسىموپ، ئابدۇلھەي مۇھەممىدى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تاغىسى ئۆمەر قاسىمى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رومان ۋە پوۋېستلارنىڭ ئاپتورلىرى مۆمىن ھەمرايېۋ(ئۇستا ئالىم)، شائىرلاردىن نۇر ئىسرائىلوپ ۋە ھېزىم ئىسكەندوروپ قاتارلىق نەچچە ئونلىغان زىيالىيلار ۋە ئەدىبلەرمۇ ئورۇن ئالغان. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى، 1934 — 1937-يىللىرىدا ئۇيغۇر ئېلىدىن تاشكەنتكە كېلىپ بىلىم ئالغان ئىككى تۈركۈم ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇستازلىرى بولغان ئىدى. 1920 — 1930-يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋى مائارىپ بىلەن تەربىيىلىنىش ئەھۋالى باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە نىسبەتەن كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن كۆپلىگەن ئاتاقلىق سىياسىي ئەرباblar، زىيالىيلار، ئالىملار، دوختۇرلار، ئاگرانوملار ۋە باشقىلار يېتىشىپ چىققان ئىدى. 1923-يىلىدىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدىلا 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش موسكۋا، لېنىنگراد، قازان، تاشكەنت، باكۇ قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئەنە شۇنداق نىسبەت تاكى 1937-يىللىرىغىچە داۋاملاشتى. مۇنداق مۇمكىنچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلغار زامانىۋى مىللەت بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۆز ئازادلىقىنى، ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشىشكە ئىنتىلىشتەك سىياسىي ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

بۇ جەھەتتە ئابدۇللا رۇزىباقىيېۋ مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەددىنى

كۆتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشقان مەزكۇر سىياسىيون ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا كوممۇنىست رەھبەرلىرى ئىچىدىكى ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ، بارلىق ئىمكانىيەتلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئۇيغۇرلارنى زامانىۋى ئالىي ۋە بىلىم بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىقنى تەمىن ئېتىدىغان كادىرلار قوشۇنىغا ئىگە بولۇش ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇ، كۆپ قېتىم رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىغا خەت يېزىپ ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىشنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى قوزغىشىنى قوللاشنى تەلەپ قىلدى. ئابدۇللا رۇزىباقىيېۋنىڭ ئىنىسى ئابدۇمىجىت رۇزىباقىيېۋنىڭ ئارخىپلاردىن ئېنىقلىشىچە، ئابدۇللا رۇزىباقىيېۋ شىنجاڭدا ئىنقىلاب قوزغاش ھەققىدە 1922-يىلى ستالىنغا مەخسۇس خەت يازغان ھەمدە 1923-يىلى مەخسۇس موسكۋاغا «غەربىي جۇڭگودىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى توغرىسىدا ۋە بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەر ھەققىدە» دېگەن تېمىدا دوكلات يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ داۋاملىق تۈردە قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان مەركىزىي كومىتېتلىرىغا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە خەتلەر يازغان.

ئەنە شۇ مەزگىلدە ئەنجان، تاشكەنت، ئالمۇتا قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ تۈرلۈك تەشكىلاتلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىلار ئۆز ۋەتىنىدىكى ياك زېڭشىڭ‑جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ غايىسى ۋە ئارزۇسى موسكۋانىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ستالىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۇنى ئۆزىنىڭ جۇڭگو سىياسىتى ئۈچۈن ئويۇنچۇق قىلدى. ئۇ، شېڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر ئېلىدىكى قوزغىلاڭلارنى ۋە سابىت داموللا باش مىنىستىرلىقىدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى

تۈنجۇقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بارلىق ئۇيغۇر ھەرىكەتلىرىنى شۇنىڭدەك ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدىكى زىيالىيلارنى تەقىب قىلدى. ئەمەلىيەتتە، 1937-يىلىدىكى تازىلاش سوۋېت ۋە ئۇيغۇر ئېلىدە تەڭلا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئارتىلغان ئاتالمىش جىنايەتلەر ئوخشاش بولدى. بۇلار «پانتۈركىست»، «پان ئىسلامىست»، «تروتسكىچى»، «خەلق دۈشمىنى»، «مىللەتچى»، «جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى ۋە ئىشپىيونى»، «خائىن» ۋە باشقىلار ئىدى.

1924-يىلىغا كەلگەندە، موسكۋانىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ئاستىدا ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكى سۈنئىي ئۇسۇلدا ئايرىلدى. ئارقىدىنلا، ئۇلارغا ئايرىم تەۋەلىك بۆلۈپ بېرىلىپ، تۈرك مىللەتپەرۋەرلىكىنىڭ ئورنىغا ئايرىم مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى دەسسىتىلدى. ئىلگىرى-ئاخىرى ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قازاقىستان (دەسلەپتە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت بولغان كېيىن ئىتتىپاقداشلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن)، قىرغىزىستان (ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت، كېيىن ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولغان) ۋە تاجىكىستان (ئاپتونومدىن ئىتتىپاقداشلىققا ئۆزگەرگەن) ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى قۇرۇلدى.

## ئۇيغۇرنى پارچىلاشنىڭ مودېلى تارانچى ــ قەشقەرلىك جېدىلى

سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا « ئېتنىك چېگرالارنى ئايرىش، مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى تەسىس قىلىش» شوئارى ئاستىدا تۈركىي خەلقلەرنى پارچىلىدى. ئەنە شۇ چاغدا، ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ چېگرىسى ئېنىق ئايرىلدى. ئۇلار ئارىسىدىكى ئىلگىرى «قەشقەرلىك»، «ئەنجانلىق» دەپ ئايرىلغان چېگرىنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېكتىن ئىبارەت مىللىي پەرق ئورۇن ئالدۇرۇلدى. ئۇيغۇرلاردىكى

ئىلگىرىكى تارانچى ۋە قەشقەرلىك دېگەن پەرق بىرلەشتۈرۈلۈپ، 1921-يىلى 6-ئايدىكى تاشكەنت قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىنغان قارار بويىچە «ئۇيغۇر» نامى ئورتاقلاشتۇرۇلۇپ، تارانچى ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلىدىن ئۇيغۇر ئىكەنلىكى بېكىتىلىپ، بۇ ئىسىم قانۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن رۇس ئالىملىرىدىن س. مالوپ قاتارلىقلار ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ، تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئۇيغۇر نامىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى دەلىللىدى. ئەمما، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىر مەزگىل تارانچىلار ئايرىم، قەشقەرلىكلەر ئايرىم مىللەت دەيدىغان پىكىرلەر يامراپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ ئىككى گۇرۇپپىسى بىر يەردە ئولتۇرمايدىغان، بىر-بىرىگە قىز بېرىشنى خالىمايدىغان ئۆزئارا دۈشمەنلىك ئەۋجى ئالدى. ئىلى ۋادىسىدىن چىققان ھەم يەرلىك تارانچىلار ئاساسلىقى يەتتە سۇ رايونىنى ئاساس قىلغان بولسا، قەشقەرلىكلەر يەنى پۈتۈن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن كۆچۈپ چىققانلار پەرغانە ۋادىسىنى ھەمدە قىرغىزىستاننىڭ قارا قول، پىشپەك(بىشكەك) قاتارلىق شەھەرلىرىنى ماكان قىلغان ئىدى. ئادەتتىكى خەلق بىر چەتتە قېلىپ، ھەتتا، تارانچىلاردىن كېلىپ چىققان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن قەشقەرلىكلەردىن كېلىپ چىققان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىر-بىرىنى قاتتىق سۆكۈشۈپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىنى بېكىتىشتە 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت تالاشتى. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار سابىرجان شاكىرجانوپ باشچىلىقىدا قەشقەر دىئالېكتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قىلىمىز دېسە، ئىلى ۋادىسىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىيلىرىدىن لاتىپ ئەنسارى قاتارلىقلار تارانچى شىۋىسىنى ئەدەبىي تىل قىلىمىز دېدى. بۇ كۈرەشكە 1933-يىلى ستالىن تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئېلىغا ئەۋەتىلىپ، بىر مەزگىل قەشقەردە ساقچى باشلىقى بولغان، 1937-يىلى مەمتىلى تەۋپىق قاتارلىق 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر زىيالىيسىنى قەشقەر تۈرمىسىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش پاجىئەسىنىڭ جاۋابكارلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان قادىر ھاجىمۇ قاتناشقان. ئۇ، 1928-يىلىغىچە«قۇتۇلۇش» گېزىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى

ئۆتكەن ئىدى. قۇتۇلۇش گېزىتى قەشقەر شۆبىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، قادىر ھاجى «قەشقەرلىك ئايرىم مىللەت» دېگەن ئىدىيىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەرغىباتچىسى ئىدى. ئۇ، «قۇتۇلۇش» گېزىتىدە ماقالە يېزىپ، تارانچىلار بىلەن قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىككى مىللەتكە تەۋە بولۇش ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغان. ئۇلار ئىلى شۆبىسىدىكى دەرسلىك كىتابلىرىنى باللىرىغا ئوقۇتمايدىغانلىقىنى، چۈنكى، قەشقەرلىكلەرنىڭ تارانچىلارنىڭ تىلىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا قارىغاندا تاتارلارنىڭ تىلىنى ياخشىراق چۈشىنىدىغانلىقىنى شەرھلەشكە، دەلىللەشكە كۆپ تىرىشقان. بۇ ئىدىيىگە ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇلغان سىياسىي ئەربابى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قەتئىي قارشى چىققان بولۇپ، ئۇ قادىر ھاجىچىلارنى تەنقىد قىلىپ، «قەشقەرلىك-تارانچى» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سۆنئىي ئۇسۇلدا پەيدا قىلىنغان ناملار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئىككى مىللەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئېلىدىن چىققان بىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىككى گورۇپپىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئەمما، قادىر ھاجى بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتنى ئۆزلىرى كېلىشىپ ھەل قىلغاننىڭ ئورنىغا، ياتلارنىڭ قولى بىلەن ئۆز رەقىبلىرىنى جازالاش تاكتىكىسى قوللىنىپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۈستىدىن بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ يۇقىرى ئورگانلىرىغا ئەرزى قىلىپ، ئۇنىڭغا «پانتۈركىست، پان ئىسلامىست، ئەنۋەر پاشىنىڭ گۇماشتىسى» دېگەندەك ئاتالمىش جىنايەتلەرنى ئارتىپ، موسكۋانىڭ جازالىشىنى تەلەپ قىلغان. بىراق، قەشقەرلىك ئايرىم مىللەت، تارانچى ئايرىم مىللەت دېگۈچىلەرنى ياراشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي ئىدىيىسىنىڭ ھىمايىچىسى ھېسابلانغان ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۈستىدىن قىلىنغان ئەرز تەكشۈرۈلۈپ، ئاخىرى ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقى ئېلان قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشتىن ئاخىرى موسكۋادىن ئۇيغۇرلارنىڭمۇ جۇمھۇرىيەتلىك ھوقۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشى ۋە ئۆز ئېلىدە مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇش

ھوقۇقىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. 1937-يىلى ستالىن ھۆكۈمىتى ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغاندا، ئۇنىڭغا ئارتىلغان ئاتالمىش جىنايەت «پانتۈركىست» ۋە «تروتسكىچى»، «مىللەتچى» ۋە باشقىلار بولغان. قادىر ھاجى بولسا، ستالىن تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ، شېڭ شىسەيگە ياردەمچىلىككە ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭ قولى ئۆز يۇرتىدىكى مىڭلىغان ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قانلىرىنى بىلەن بويالغان.

1937-يىلىغا كەلگەندە بۇ جېدەللەر ئاساسى جەھەتتىن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، بىراق شېڭ شىسەي ئۇيغۇر ئېلىدە تارانچى-ئۇيغۇر كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تارانچى مىللىتىنى ياساپ چىقىپ، ئۇنى ئۇيغۇرلاردىن ئايرىۋەتكەن ئىدى. شېڭ شىسەي بۇ ئىدىيىنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن، ئىلىدىكى تارانچى تەرەپدارلىرىدىن ۋە قەشقەرلىك تەرەپدارلىرىدىن گۇماشتىلارنى تېپىپ، ئۇلارنى تارانچى-ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىغا ئايرىش ئۈچۈن ئىشلەتتى. ئەسلىدىن ئابدۇللا رۇزباقىيېۋقا قارشى بولغان، كېيىن غۇلجىغا قېچىپ كەلگەن زىيالىي ھۈسەيىن تارانوپ تارانچى تەرەپدارى بولۇپ، شېڭ شىسەيگە ماسلاشقان بولسىمۇ، بىراق 1937-يىلى ئوخشاشلا جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئۆلتۈرۈشىگە دۇچ كەلدى. قىسقىسى 1937-1938-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ستالىن، ئۇيغۇر ئېلىدە شېڭ شىسەي مەيلى تارانچى ئىدىيىسىنىڭ ھىمايىچىلىرى بولسۇن ۋە ياكى قەشقەرلىك ئىدىيىسى ياكى ئومۇمىي ئۇيغۇر ئىدىيىسى بولسۇن، ۋە ياكى ئومۇمىي تۈرك ئىدىيىسىنىڭ ھىمايىچىلىرى بولسۇن بەرىبىر ھەممە ئۇيغۇرلارنى قارا-قويۇق جازالىدى. ئومۇمەن، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنە شۇ ھەر خىل ئىدىيىدىكى ئۇيغۇرلار بۇرۇنراق ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ئىدىيە ئاستىدا ئۆز ھوقۇقلىرىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن تىرىشماي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز ئارا ئىتتىپاقسىزلىق ۋە دۈشمەنلىك قىلىپ، ئاخىردا ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن بىردەك گۇمران قىلىنىۋېلىشتەك پاجىئەلىك ئورتاق تەقدىرگە دۇچار بولدى. دۈشمەننىڭ رەھىمسىز قارا قوللىرى چېگرىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىدىكى

ئۇيغۇرلارنى بەختسىزلىكلەرگە دۇچار قىلدى. بۇ قانلىق قوللار ئاستىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈنجى كوممۇنىستلاردىن ھېسابلانغان شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە يۇقىرى رەھبىرى خىزمەتلەرنى قىلغان كىشىلەردىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، قازاقىستان ئالىي سوۋېتى مىللەتلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئوسمان ئەلىيېۋ، تۈركىستان كومپارتىيىسى مىللىي ئىشلار بۆلۈم باشلىقى ئابدۇغوپپۇر قۇربانوپ، ئالمۇتا ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىسماھىل تاھىروپ، قىزىل ئارمىيە ئۇيغۇر پولكىنىڭ قوماندانى مۇزەپپەر يارۇللابېكوپ ۋە باشقا مىڭلىغان ئەرباپلار ئېتىپ تاشلاندى. ئۇلارنىڭ كوممۇنىزمغا ۋە ئۆزلىرى ئەزا بولغان كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە قانچىلىك سادىق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بەرىبىر ئۇلار ستالىننىڭ جازاسىدىن خالى بولالمىدى.

چېگرىنىڭ بۇ تەرىپىدە بولسا، سابىت داموللام، خوجا نىياز ھاجىم قاتارلىق 30-يىللاردىكى مىللىي ئازادلىق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ۋە مىڭلىغان قاتناشقۇچىلىرى ستالىن — شېڭ شىسەي ئىش بىرلىكى ئاستىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئومۇمەن، ئۇيغۇر نەدىلا بولسۇن، قايسى ئىدىيىگە مەنسۇپ بولسۇن، ئۇنىڭ تەقدىرى پەقەت بىرلا يەنى تراگېدىيە بىلەنلا خۇلاسىلەندى. خۇددى، ئابدۇرېيىم ئۆتكۈر يازغاندەك خوجا نىياز ھاجى تۆمۈر خەلپىگە ئوخشاش پۇشايمان بىلەن «خەپ» دەپ ياقىسىنى يىرتقان ھالدا ئۇ دۇنياغا كەتتى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈل ساددىلىقى بىلەن جەڭگە ماھىر، شىر يۈرەك خاراكتېرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي ئويۇنلاردىن خەۋەرسىز، سىياسىي ئاڭسىزلىق تۈپەيلىدىن دائىم ئۆز دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلىشتەك پاجىئەسىنى تارىخ بېتىگە يازدى. 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر قەھرىمانلىرى قانچە ئۇرۇنسۇن، قانچىلىك بەدەللەرنى تۆلىسۇن بەرىبىر زامان ۋە ماكاننىڭ تەلەيسىز قىسمەتلىرىگە گىرىپتار بولدى.

قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ئۇيغۇرغا قارشى بولۇپ،

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان رەقىبلىرى ھەمكارلىشىۋېلىپ، بۇ مىللەتنىڭ دۇنياۋى ئازادلىق ئېقىمىغا ماسلىشىشى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئازادلىقىنى تەمىن ئېتىشىنى چەكلىدى. ئۇ زامانلاردا ئۇيغۇر بولۇش تولىمۇ قىيىن ۋە خەتەرلىك بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان بۇ خىل بېسىم تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار سوۋېت گراژدانلىقىنى قوبۇل قىلىپ، پاسپورتلىرىنىڭ «مىللىتى» دېگەن يېرىگە «كاشگارلىك» دەپ، يەنە كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار بولسا، مىللىتىنى ئۆزبېك ۋە باشقا مىللەت قىلىپ يازدۇرۇۋالغان ئىكەن. بۇ دەۋردە مەۋجۇت بولغان ئەنديجان شەھىرىدىكى ئۇيغۇر تېخنىكۇم، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلىرى، ئۇيغۇر تىياتىرى، تاشكەنت، بىشكەكتىكى ئۇيغۇرچە گېزىتلەر ۋە نەشرىياتلارنىڭ بىر قىسمى تاقىۋېتىلگەن. نەتىجىدە، 20 يىلغا يېقىن گۈللەپ ياشىنىغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىردىنلا تۇنجۇقتۇرۇلغان. ھەتتا، 1930-يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇش بىلەن باشقا قېرىنداش خەلقلەرگە ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن ئىدى. 1940-يىلغا بارغاندا گۈللەپ ياشىنىغان سوۋېت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، مائارىپى گۇمران بولۇش ھالىتىگە كەلگەن بولۇپ، چېگرىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ ئوخشاشلا زۇلۇم ئىسكەنجىگە قېلىپ 1933-1937-يىللىرىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ بايراقدارلىرى ھېسابلىنىدىغان يۈزلىگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، مىللەتپەرۋەرلىرى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىلىرىدە چىرىپ تۈگىدى ياكى ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگىتىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ قىسمەت پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا كەلمىگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بىر قاتاردا ئوخشاشلا ئاشۇ شېڭ شىسەيگە سادىقلىق بىلەن ئىشلىگەن يۈزلىگەن خەنزۇ زىيالىيلىرى، كادىرلىرى شۇنىڭدەك باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار پەرزەنتلىرى دۇچار بولدى، ئەمما، يەنىلا ئەڭ كۆپ زىيان ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلدى.

## بوۋاي ۋەسىيتى — ئۆز تارىخنى ئۆزنتۈش جىنايەتتۇر

بوۋاي ھېكايىسىنى توختىتىپ، «سەن تارىخچى بولغانىدىكىن بەلكى، بۇ ۋەقەلەرنى بىلىشىڭ مۇمكىن ئوغلۇم، لېكىن يەنە ئەسلەپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق، مېنىڭچە تارىخنى ئۆزنتۈش جىنايەتتۇر خالاس!» دېدى ۋە چىرايىغا ئازراق كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئۆز ھېكايىسىنى داۋام ئەتتۈردى:

1937 ـ 1938-يىللىرى ئۇنىڭ دادىسى باشقا كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىنىڭ تۈيۈقسىز تۇتقۇن قىلىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر كۈنى بۇ ئاقىۋەتنىڭ ئۇلارغىمۇ كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، دەرھال باشقا 10 نەچچە يېتىمچى بىلەن ئەندىجاندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ، موسكۋاغا قېچىپ كېلىپ، بىر زاۋۇتتا ئىشچى بولۇپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولغاچقا ئۇنى موسكۋادىكى مەكتەپلەرنىڭ بىرىگە بېرىپتۇ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى ئۇرۇش پارتلاپ، دادىسى ۋە باشقا ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلىپ، بىر يىلدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەپتۇ ھەمدە ئۇمۇ ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندۇرۇلۇپتۇ. ئۇ ئىككى يىل قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، ياۋروپا جەڭ مەيدانلىرىنىڭ بىرىدە گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ئەسىرگە چۈشۈپ، ئۇرۇش ئەسىرلىرى لاگېرلىرىنىڭ بىرىدە ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ. 1945-يىلى ئامېرىكا ئارمىيىسى تەرىپىدىن بۇ لاگېر ئازاد قىلىنغاندا، ئۇ ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ئىكەن. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. چۈنكى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتسا، ستالىن تەرىپىدىن «ۋەتەن خائىنى» دېگەندەك جىنايەتلەر بىلەن ئېتىپ تاشلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ، بىر مەھەل گېرمانىيىدە تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتىنى ئەسلەپ، ھىندىستان ئارقىلىق، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن، ئۇ دادىسىدىن ئاڭلىغان ئادرېس بويىچە ئۆز مەھەللىسىنى ئىزدەپ تاپقان

ئىكەن. ئەپسۇسكى ئۇ يۇرتىدا قالغان ئانىسىنى كۆرەلمىگەن. ئانىسى ئاللا بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئۆز ئانا يۇرتىدا قېلىپ، ناتىۋان خەلقى ئۈچۈن بىرەر ياخشى ئىشلارنى قىلىش نىيىتىدە يۈرگەندە، ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشكەن پايلاقچىلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھەر خىل بەتنامىلارنى توقۇپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان. نەتىجىدە ئۇ تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھايات مۇساپىرلىرىدىن توپلىغان تەجرىبىلىرى بويىچە ۋەتەننىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، ئانا ۋەتەننى تەرك ئېتىش قارارىغا كەلگەن ھەمدە مىڭبىر جاپادا چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇساپىرلارغا باش پاناھ بولۇش سىياسىتىگە ئاساسەن ئامېرىكىغا كېلىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىكەن شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ۋەتەنسىزلىك ۋە مۇساپىرلىق ھاياتى دادىسىدىن ئۇنىڭغا مىراس بولۇپ قالغان ئىكەن.

— بىلەمسەن ئوغلۇم — دېدى، بوۋاي ماڭا تىكىلىپ قاراپ — بۇ مېنىڭ تەخمىنەن 50 يىلدىن كېيىن قايتا ئۇيغۇرنى كۆرۈشۈم.

مەن ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن تۇرمۇشۇم ياخشى ئۆتتى. لېكىن بىرلا نەرسە ماڭا كەملىكى بىلەن ھەرقاچان مېنى ئازابلايتتى. ئۇ بولسىمۇ ئۆز قان-قېرىنداش خەلقىمدىن تەنھا ياشاش! ئۆز ئانا تىلىمدا سىزلەشتىن مەھرۇم قېلىش! كىچىك ۋاقتىمدا دادام ماڭا دائىم پۇل تېپىپ قەشقەرگە قايتىپ، ئانام بىلەن جەم بولىدىغانلىقىنى دەيتتى. ئەپسۇس، دادامنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. مەنمۇ ئانامنى بىر ئۆمۈر كۆرەلمىدىم. كىچىك ۋاقتىمدا ئانامنىڭ تونۇرغا نان ياققان ۋاقتىدا ماڭا ئايرىم بىر ئىككى دانە سامسا يېقىپ يېگۈزگەن، پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ، ئىللىق كۈلگەن، ماڭلىيىمنى سۆيۈپ، بۇرنۇمنى يېنىك نوقۇپ ئەركىلەتكەن ھالىتى كۆز ئالدىمدىن ھېچقاچان كەتمەيدۇ. بۇ كۈنلەر ماڭا غۇۋا بىر چۈشتەك بىلىنىدۇ. ئىشىكىمىز ئالدىدا ئۆستەڭ ئېقىپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ سۈيى دائىم لاي ئاقاتتى. بىز ھەر كۈنى چۆمۈلۈپ ئوينايتتۇق. زاغرا نانلىرىمىزنى

ئۆستەڭنىڭ بېشىغا تاشلاپ، ئىتتىپ ئالدىمىزغا كەلگەندىن كېيىن سۇزۇپ يەيتتۇق. دۇم يېتىۋېلىپ سۇ ئىچسەك ئانام دائىم «ئۇندىاق قىلما ئىچىڭگە قۇرۇت كىرىپ كېتىدۇ» دەپ قورقۇتاتتى. مەھەللىمىزدىكى يول بويىلىرىدا نان جىگدىلىرى پىشىپ، تۆكۈلۈپ كېتەتتى. بەزى كۈنلەردە يەيدىغانغا نان يوق شۇ جىگدىلەرنى يەيتتۇق. دادام ئېتىز ئىشىدىن باشقا ئايلاپ، سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئىشلەپ، ھارغىن قايتىپ كېلەتتى. ئانامدىن سورىسام داداڭ ھاشارغا بارمىسا بىز ئاچ قالىمىز دەيتتى. كېيىن يۇرتىمىزدا كۈن ئېلىش بەك قىيىن بولغاندىن كېيىن دادام ئانام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مېنى ئەندىجانغا بىرگە ئېلىپ بېرىپ، پۇل تېپىپ كېلىش قارارىغا كېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ياز ئېيىدا بىز ئۇ يەرگە كېلىپ قالغان ئىدۇق.

ــ شۇ ئۆز يۇرتىمىزغا كەتكۈڭىز بارمۇ؟ــ دەپ سورىدىم مەن بوۋايدىن.

ــ نېمىشقا كەتكۈم بولمىسۇن ئوغلۇم؟! ــ دېدى بوۋاي كەسكىن تەلەپپۇزداــ شۇ ئۆزۈم تۇغۇلغان يۇرتقا بەك كەتكۈم بار. بۇ ئۆي مېنىڭدىن ھېچقاچان نېرى كەتكەن ئەمەس! مېنىڭ شۇ يەرنىڭ تۇپرىقىغا كۆمۈلۈش، روھۇم بولسىمۇ ئانامنى كۆرسە، ئانام بىلەن بىرگە يۈرسە دەيدىغان ئويۇم بار. مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئانا يۇرتۇمغا بېرىپ كېلىشنى نىيەت قىلغان بولسامۇ، لېكىن ئۇ يەردە ھېچ بىر تۇغقانلىرىمنىڭ بار يوقلۇقىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ، كۆڭلۈم بىئارام بولدى. بەلكى تۇغقانلىرىممۇ باردۇ؟! ھەش-پەش دېگۈچە 80 كىرىپ قالدىم. پۇتتا ماغدۇرنىڭ تايىنى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈم كېسەلچان بولۇپ قالدىم. يۈرىكىم ھەرقاچان ئېچىنىش، مۇساپىرلىق، تەنھالىق تۇيغۇسى بىلەن ئۆرتىنىدۇ.

ــ ھېچقىسى يوق بوۋا، ھازىرمۇ كېچىكمەيسىز، ھېلىھەم ۋەتەنگە بارسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەن سىزنىڭ يۇرتىڭىزدىن تۇغقانلىرىڭىزنى تېپىشىپ بېرەي، بەلكى كۈتۈلگەن قان قېرىنداشلىرىڭىز باردۇ؟! ئۇلار سىزنى كۆرسە ناھايىتى خوش بولۇشى تەبىئىيــ دېدىم مەن بوۋاينىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— رەھمەت ئوغلۇم، مېنىڭچە بۇمۇ ئاللانىڭ مېنى جازالىشى بولسا كېرەك؟!. مۇنداق مۇساپىرچىلىق كوچىسىغا چىققان بولۇپمۇ، مەندەك ئۆز ئانىسىنى، ئۆز ئۇرۇق تۇغقان قان-قېرىنداشلىرىنى، ئۆز كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇقەددەس تۇپرىقىنى تاشلاپ، ئۇنى كۆرەلمەي ئۆتكەن ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ بولسا كېرەك ؟! مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

— نېمىگە ئاللانىڭ جازاسى دەيسىز بوۋا — دېدىم مەن تەئەججۈپ بىلەن — سىز نېمە گۇناھ قىلدىڭىز؟ مۇساپىرلىققا ئۆزىڭىز سەۋەبكار ئەمەستە؟!

— مەن ئۆزۈم سەۋەبكار! — دېدى بوۋاي كەسكىن رەۋىشتە — ئانا ۋەتەنىنىڭ قەررزىنى ئادا قىلماي، ئۇنىڭ قەررزىنى ئۆزۈمنىڭ مەنپەئەتىدىن تۆۋەن قويغانلىقىم، ۋەتەنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشەنمىگەنلىكىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلماي، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ئاياق ئاستى قىلىشقا يول قويغانلىقىم، ئۇنىڭ تەقدىرى ۋە كېلەچىكى ئۈستىدە باش قاتۇرمىغانلىقىم، قىسقىسى ئىسسىق قانلىرىمنى باشقىلارنىڭ تۇپراقلىرى ئۈچۈن تۆكۈپ، ئۆز كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنىمدىكى يىغا-زارلارنى ئاڭلىمىغانلىقىم ئۈچۈن، مانا مۇشۇنداق ۋەتەنسىزلىكنى تاللىۋالغانلىقىم ئۈچۈن ئاللا مېنى جازالاپ، مۇشۇنداق بىچارىلىك كوچىسىغا تاشلىۋەتكەنمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن بەزىدە، بەلكى ئۆزىنى ھەقىقىي ئەركىن ۋە ئازاد ھېسابلاپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆز قولىدا تۇتقان ئادەملەر مەندەك ناتىۋان بولمىسا كېرەك؟! بۇ بەلكى مېنىڭلا ئەمەس، بارلىق مىللەتداشلىرىمنىڭ ئورتاق ھېسسىياتىدۇ؟

مەن بوۋاينىڭ زەردە بىلەن ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىنىڭ مەلۇم مەنتىقىلىق ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم ۋە: — شۇنداق، — دېدىم مەن بوۋاينىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — ئۇنداقتا سىز مەن دەپ سۆزلىمەي بىز دەپ سۆزلەڭ. چۈنكى سىز ئېيتقانلار قاتارىدا مەن ۋە باشقا كۆپلىگەن ئادەملەر بار. بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزنى مەن ئۇيغۇر دەپ مەيدىمىزگە مۇشتلاپ، جار

سالغىنىمىز بىلەن، تېخى ۋەتەن ئالدىدىكى قەرزىمىزنى ئادا قىلمىدۇق. ئۇيغۇر دېگەن نامىمىزنى ئاقلىمىدۇق. ھەممىمىز، مەيلى ۋەتەن ئىچىدە ياكى ۋەتەن سىرتىدا بولايلى كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن تۇپراقلىرىمىز ئالدىدا گۇناھكارلارمىز!

تۇپراقلىرىمىزنىڭ قەرزىنى تۆلىمىگەن قەرزدارلارمىز! مەن ئۇيغۇر دەپ ياقىمىزنى بىرەر قېتىم يىرتىپ قويغىنىمىز، ياكى ھاراقنى بولۇشىغىچە ئىچىپ، ئۆزىمىزچە قايناپ ۋە ھېسسىياتلىنىپ يىغلاپ قويۇشلىرىمىز بىزنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىر مىللەت پەقەت ئۇنىڭ نامى بىلەنلا ئەمەس بەلكى ئەمەلىي سىياسىي كىملىكى يەنى ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى تىكلەپ، تەقدىر ئەگگۈشتىرىنى ئۆز قولىدا تۇتقان-تۇتمىغانلىقى بىلەنلا ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ. بىزنىڭ رېئاللىقلىرىمىز شۇنىڭدەك رېئال مەۋجۇدىيىتىمىزگە سەۋەب بولۇۋاتقان ئۆزىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ئويلىغاندا، ئۇنى ھەممىمىز تەك تونۇپ يېتىپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە تەك ئاتلانغاندا، بىز باشقىلارنىڭ بىزنىڭ قەدىر قىممىتىمىزنى قىلىشىغا ئەرزىيمىز. ئەلۋەتتە ئاللا ھەممىدىن مېھرىبان. بۇ مېھرىبانلىقتا ئەسلا شەك كەلتۈرمەيمەن. بىز شۇنچىلىك ئاجىزمىزكى، مەيلى ئىلىمدە كامالەتكە توشقان ئالىممىز بولسۇن ۋە ياكى خەلق ئۈمىد باغلىغان ئەمەلدارلىرىمىز بولسۇن ياكى ئەك ئوت يۈرەك ۋە جەڭگىۋار ھېسابلىنىدىغان ياش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىز بولسۇن ياكى باشقىلار بولسۇن ھەممىمىزدە ھازىرقى زاماندىكى ئەركىن ۋە ئازاد، ئىلغار مىللەتلەردە مەۋجۇت بولغان خۇسۇسىيەتلەر يوق ياكى تاكامۇللاشمىغان. ئەلۋەتتە چىرايلىق سۆزلىيەلىگىنىمىز، كىيىم كىيىشلىرىمىز ياكى سورۇنلاردا گىدىيىپ ئولتۇرۇشلىرىمىز، ئېسىل ماشىنىلارنى ھەيدەپ، ئېسىل ئۆيلەردە ياشىشىمىز، پۇللارنى قەغەزدەك خەجلىيەلىشىمىز ئەركىن ئىنسانلىق تەلىپى كاتېگورىيىسىگە كىرمەيدۇ. ھۆر ئىنسانلىق تەلىپى تامامەن باشقىچە، ھۆر ئىنسانلىقنىڭ ئەك ئاددىي بىرلا ئۆلچىمى بار، ئۇ بولسىمۇ «سەن كىم؟»

دېگەن سوئالغا قىينالماي تۇرۇپ، مىللىي سىياسىي كىملىك ھوقۇقىنىڭ ئۆز قولۇڭدا ئىكەنلىكىنى ئېيتالاش خالاس!

بىز شۇنچىلىك بىچارىمىزكى، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇ تۇتىيا تۇپراقلىرىمىز ئۈچۈن جان بەرگەن مەرتلىرىمىزنى، قەھرىمانلىرىمىزنى ياد ئېتەلمەيمىز، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە گۈل قويالمايمىز. ۋاقتى كەلسە ئۇلار ئۈستىدىن كۈلىمىز. ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ھەر قاچان تەييارمىز. ئاللا ئاتا قىلغان ئەقلىمىزنى ۋە جىسمىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز مۇقەددەس تارىخىمىزنى قېزىشقا، ئۇنىڭ قانلىق ۋە شانلىق ئىزلىرىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۇرۇنمايمىز. ھېچ بولمىغاندا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، خەلقىمىز تەرىپىدىن ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر يازغۇچى ئابدۇرېيىم ئۆتكۈرنىڭ بىزلەرگە قىلغان ئاخىرقى ۋەسىيىتى بولغان «ئۆز تارىخىنى بىلمىگەن مىللەت ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەن بالىغا ئوخشاش» دېگەن تەربىيىسىنى ئېسىمىزدە تۇتتۇقمۇ؟! مەرھۇم ئابدۇرېيىم ئۆتكۈر دېگەنىدەك شۇ تارىخىمىزدىكى بىزلەر ئۈچۈن يەنى ئۇيغۇرلۇق نامىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تىكلەش يولىدا قىممەتلىك جانلىرىنى قۇربان قىلىپ، يۇلغۇن قىزارغان دالالاردا قەبرىسىز قالغان نى-نى مەرد ئوغلانلىرىمىزنىڭ خەلقىمىز رەقىبلىرىنىڭ گېلىدىن بوغۇپ تۇرۇپ، «سەن كىم؟ بۇ زېمىن ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدە سۆزلىنىدىغان ‹يەتتە باشلىق يالماۋۇزلارنىڭ› بىگۇناھ جانلارنى قىيىپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ ھۇزۇرلىنىدىغان ئارامگاھى ئەمەس! بۇ بىر ناتىۋان ئەمما ئاق كۆڭۈل، ھېچكىمگە زىيىنى يوق، دوستلۇقنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى سۆيىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆيى!» دېگەن خىتابلىرىنى بىلەمىزمۇ؟ بىز ئازغىنا ۋاقىت چىقىرىپ، ئابدۇرېيىم ئۆتكۈر ئېيتقان ئاشۇ كارۋانلارنىڭ ھېچ كۆمۈلمەس ئىزلىرىنى بىر شۇلارنىڭ نەۋرىسى ياكى چەۋرىسى دەپ ئىزدەپ باقتۇقمۇ؟ قېنى بىزنىڭ باتۇر تەگرىقۇتلىرىمىز، كۆل بويىلا قاغانىمىز، كۈرشاد ۋە سادىرلىرىمىز؟ قېنى بىزنىڭ پاك ئېپىتىنى ئۆز جېنىدىنمۇ

ئارتۇق كۆرىدىغان نازۇكۇم روھى؟ ئەلۋەتتە، مەن ھېچكىمنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن، بەلكى مىللىتىمنى ئەڭ سۆيگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ تەپەككۇرلارنى قىلىۋاتىمەن، ھۆر ئۆتكەن ئەجداد روھلىرى قىسىلمىسۇن دەۋاتىمەن، ئاچچىق رېئاللىق ئۈستىدىن تەڭ غالىپ چىقىپ، پارلاق كېلەچەكنى تەڭ قۇچاقلايلى، ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىمىز ئوخشاش بولسۇن، كۆلكىمىز، يىغلىرىمىز بىردەك بولسۇن، ئەنە شۇ چاغدىلا بىز ھەقىقىي «بىز» بولالايمىز دەۋاتىمەن. بوۋا شۇڭا مەن سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزگە قوشۇلىمەن.

— توغرا، — دېدى بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ، — ھەقىقەتەن شۇنداق، مەن بۇ دۇنياغا يىغلاپ تۇغۇلۇپ، يىغلاپ ياشىدىم. دادامۇ شۇنداق يىغلاپ تۇغۇلدى ۋە يىغلاپ ياشىدى. ئاڭلىسام بوۋامۇ يىغلاپ تۇغۇلۇپ، يىغلاپ ياشاپتىكەن ۋە يىغلاپ ئۆلۈپتىكەن. قىسقىسى بۇ ھال ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ روشەن خاراكتېرلىك بىر ئىپادىسى بولۇپ يېڭى ئەۋلادلارغا مىراس قالغاندەك قىلىدۇ. مەن بۇنداق مىراسلارنى خالىمايمەن. بىزلەرگە ئاشۇ باتۇر تەڭرىقۇت، سۇلتان سۇتۇقنىڭ خاراكتېرى مىراس قالغان بولسا بەكمۇ ياخشى بولاتتى. ئەمما ئىشىنىمەنكى بۇ روھ بىزنىڭ قانلىرىمىزدا يەنىلا مەۋجۇت. لېكىن، مەن بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇيغۇرنىڭ كۈلكىسىگە ئىشەنمەيمەن. ئۇيغۇرنىڭ ھەرقانداق ھالەتتىكى كۈلكىسىنىڭ مەنبەسى يەنىلا ئازابلىق نىدالاردىن كەلگەن بولغاچقا ئۇنداق كۈلكە باشقىلاردىن مۇتلەق پەرقلىققا ئىگە! سۈنئىي كۈلكىلەردۇر! ئۆسمۈرلۈكىم يوقسۇزلۇق بىلەن سەرگەردانلىق ئىچىدە ئۆتتى. ياشلىقىم باشقا خەلقلەرنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بولغان جەڭ مەيدانلىرىدا ئۇنىڭ بەدىلىگە زىندان ۋە لاگېرلاردا ئۆتتى. باشقىلار ئۈچۈن قانلىرىمنى تۆكتۈم. مەن باشقىلار ئۈچۈن قان تۆكۈۋاتقان ۋاقتىمدا مېنىڭ ۋەتىنىمدە مېنىڭ خەلقىمنىڭ قېنىنى باشقىلار تۆكۈپ ئۇنى قۇللۇق زەنجىرىگە باغلاۋاتاتتى. دادامۇ ئەنە شۇنداق باشقىلار ئۈچۈن ئۆلدى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار شۇ سوۋېت ئېلى ئۈچۈن جېنىمىزنى تەقدىم قىلغىنىمىز ئۈچۈن ھايۋان تەبىئەتلىك ستالىن ئۇيغۇر

خەلقنى مەھكۇملۇق ھاڭلىرىغا ئىتتىرىۋەتكەن ئىدى.

بىلەمسەن؟ ئوغلۇم ئاشۇ سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسى دىكى ئۇيغۇرلاردىن 200 مىڭغا يېقىن ئادەم جەڭ مەيدانلىرىغا، ئارقا سەپلەردىكى ئېغىر ئەمگەكلەرگە ئەۋەتىلدى. بۇلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك رۇسىيە ۋە ياۋروپا جەڭ مەيدانلىرىدا فاشىزمغا قارشى جەڭلەردە ئۆلدى. ئۇيغۇرلار ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تېخى ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا ئالالمىغان ئەركسىز مىللەت بولۇشى بىلەن ياۋروپا خەلقىنىڭ فاشىزمنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن زور ھەسسە قوشتى ھەم بەدەل تۆلىدى. ھەتتا نۇرغۇن ئۇيغۇر جەڭچىلىرى سوۋېت ئارمىيىسى تەركىبىدە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ياپونلاردىن ئازاد قىلىش جەڭلىرىگە قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ نامسىز قەبرىلىرى ئاشۇ جايلاردا قالدى. ئەمما ئۇلارنى ئەسلەپ قويىدىغان بىرەر ئادەم بارمۇ تاڭ بىلمەيمەن. ئەنە شۇ چاغدا ئۇيغۇر ۋەتىنىدىمۇ ھۆرلۈك كۆرەشلىرىنى ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن مۇستەملىكىلەردىن قۇتۇلۇپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ، باشقا مۇستەملىكە ۋە فاشىزمنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان خەلقلەر بىلەن تەڭ باراۋەر ئازاد بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان ئىدى. بىراق، ئاشۇ ستالىننىڭ سوغىسى سۇپىتىدە باشقىلارنىڭ باغلىرىدا بۇل-بۇل سايرىدى ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ باغلىرىدا قاغا-قۇزغۇنلار غاقىلدىدى.

كىچىككىنە ماناس دەرياسىنىڭ سۇلىرى پاجىئەلىك ئۇيغۇر سىياسىي تەقدىرىنى يازغان قارا خەتلىك بوياققا ئايلاندى. بۇ دەريانىڭ سۈيى قۇرۇپ كەتسىمۇ ۋە ئۇيغۇر جۇغراپىيىسىدىن ئۆچۈرۈلسىمۇ ئەمما، ماناس دەرياسى دېگەن بۇ نام ئۇيغۇر روھىيەت قاتلىمىغا چوڭقۇر سىڭىپ كېتىپ، ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولىدىغان روھىي جۇغراپىيىگە ئايلاندى خالاس. ئاڭلىسام، ھازىر ماناس دەرياسى بويىغا كەلسە خۇددى بىر توپ

ئادەملەرنىڭ غەزەپلىك ۋە ئېچىنىشلىق تولغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك تۇيۇلارمىش، بەلكى بۇ ئاشۇ ماناس بويىغا كۆمۈلگەن ئاشۇ مىڭغا يېقىن ئارسلان يىگىتلەرنىڭ نىداسىدۇر؟ بەلكى بۇ ئۇلارنىڭ ئاچچىق غەزەپلىرى ۋە ياكى بولمىسا مەردلىك نىدالىرىدۇ؟

ئومۇمەن ئاق كۆڭۈللۈكنى ئۆز مىللىي خاراكتېرىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى قىلغان ئۇيغۇرلار هامان مەزكۇر خاراكتېرى بىلەن زىيان تارتىپ كەلدى. ئەنە شۇ خاراكتېرنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار سەرگەردانلىق ۋە بىچارىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەنمۇ بۇ مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بوۋامدىن قالغان سەرسانلىق ۋە خانىۋەيرانلىققا مىراسخورلۇق قىلىپ، قېقىلىپ-سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئاخىرى چەت جايلاردا هاياتىمنى ئۆتكۈزدۈم. مەيلى جەڭ مەيدانلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئەسىرلەر لاگېرلىرىدا بولسۇن ۋە ياكى ئامېرىكىدىكى ئەركىن هەم ماددىي جەھەتتىكى باياشات هاياتىم بولسۇن ھەممىسىدە مەن بىر ئۆمۈر ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ بولالماي قىينالدىم. بىر قارا تەنلىك دوستۇمنىڭ ماڭا ئاچچىق قىلىپ ئېيتقان سۆزى هازىرغىچە قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلايدۇ. ئۇ ماڭا «ئۇنداق نامى يوق، ئىسمى خەرىتىگە چۈشمىگەن مىللىتىڭنى ئۆزگەرتىپ، باشقا مىللەت بولۇۋالساڭ بولمىدىمۇ؟» دېگەن ئىدى. ئەلۋەتتە مۇنداق دوقلارنى خېلى كۆپ ئاڭلىدىم. مەن ئۇنىڭغا «ئۆزۈڭنىڭمۇ قۇللۇق تارىخىڭنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ ئەسلى سەنمۇ ئەركىسىز ئىدىڭ، كېيىن ئەركىن بولدۇڭ ئەمەسمۇ؟» دېمەكچى بولدۇمىيۇ لېكىن، ئۇنىڭ مەندىن هازىر تولۇق ئەركىن ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە كەلتۈرۈپ، پەقەت سۈكۈت قىلدىم خالاس. ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراقلىرىنىڭ ئىشقىدا يۈرگەن ئادەمنىڭ چىرايى قانچە چىرايلىق ۋە جەلىپ قىلارلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا سەت كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي گۈزەللىك تەبىئىي نەرسە بولغاچقا، ئەسلى قەلبى تىگىدىن يارىلانغان ئادەمنىڭ چىرايى بەئەينى كېسەلچان ئايال يۈزىنى ئۇپا-ئەڭلىك بىلەن

پەردازلىنىۋالغاندەك تاتىراڭغۇ ھەم سارغايغان بولسا كېرەك؟ شۇڭا مەن ھەقىقىي گۈزەللىكنى ھەقىقىي روھى تولۇقلۇقى بار، كىشەنلەنمەي ئەركىن تىپىچەكلىيەلەيدىغان قەلبلەر ئىگىلىرىگىلا خاس دەپ ئويلايمەن!

# جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگېنېزى[1] مەسىلىسى

**ئىلاۋە:** رۇسچە تور بەتلەردىن ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەركىزىي ئاسىياغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئىزدىسىڭىز، ئۇنىڭدا دوكتور نەبىجان تۇرسۇننىڭ رۇس تىلىدا يېزىپ ئېلان قىلغان خېلى كۆپ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بارلىقىنى كۆرىسىز، ھەتتا ئۇنىڭ بەزىلىرىنى توردىن چۈشۈرۈۋالالايسىز. ئاشۇ تور بېكەتلەرنىڭ بىرىگە نەبىجان تۇرسۇننىڭ بۇنىڭدىن 1997 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلدۇرغان بىر پارچە ئىلمىي تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى قويۇلغان ئىكەن.

بۇ ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، تارىخ پەنلىرى دوكتورى نەبىجان تۇرسۇننىڭ 1997 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان كىتابى «جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگېنېزى مەسىلىسى» رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان بولۇپ، ئىككى بابقا بۆلۈنگەن مەزكۇر مونوگرافىيىلىك[2] ئەمگەككە قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەخرىي ئاكادېمىكى، پروفېسسور، پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى، قىرغىزىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن پەن ئەربابى، ئۇيغۇر ئالىمى ئەزىز نارىنبايېۋ كىرىش سۆز يازغان، چىڭغىز ئايتماتوف ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى ئاكادېمىك، تارىخ پەنلىرى دوكتورى رۇستان راخمانالىيېۋ ۋە رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى

شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى شەرق تارىخى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، نەبىجان تۇرسۇننىڭ ئۇستازى، پروفېسسور دمىتري ۋاسلىيېۋ باھا يازغان.

ئاكادېمىك ئەزىز نارىنبايېۋ كىرىش سۆزىدە، ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپلىگەن مەملىكەت ئالىملىرىنى جەلپ قىلىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخىدىن باشقا ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئېتنىك تەرەققىياتى شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىنى سىستېمىلىق يورۇتۇشنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە بۇ تەتقىقاتلاردا نەبىجان تۇرسۇننىڭ يازغان مەزكۇر ئەمگەكنىڭ مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئاكادېمىك ئەزىز نارىنبايېۋ «دىققىتىڭلارغا تەقدىم قىلىۋاتقان مونوگرافىيە ياش ئالىم نەبىجان تۇرسۇننىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ كىتاب ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار جۈملىدىن ئىلگىرى مەلۇم بولغان ماتېرىياللارغا نىسبەتەن بىرىنچى قېتىملىق سىستېمىلاشتۇرۇش ھەم ئانالىز ئېلىپ بېرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ئەمگەك خەنزۇ تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئۇستىدىن سېلىشتۇرما تەتقىقات قىلىش مۇمكىنچىلىكى يارىتىپ بېرىدۇ» دەپ يازىدۇ. ئۇ، خۇلاسە سۈپىتىدە مونوگرافىيىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ھەققىدە توختىلىپ، «مەزكۇر مونوگرافىيە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگېنېزىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ‹يەرلىكلىك› مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشقا قوشۇلغان كۆرۈنەرلىك تۆھپە» دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ.

نەبىجان تۇرسۇننىڭ «جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگېنېزى مەسىلىسى» ناملىق مەزكۇر مونوگرافىيىسى كىرىش سۆز، مۇقەددىمە، خاتىمە ۋە ئىككى باب ھەم پايدىلانغان ئەسەرلەر كۆرسەتمىسى

شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مۇقەددىمە قىسمىدا ئۇيغۇر ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە رۇسىيە ۋە غەرب ئالىملىرىنىڭ ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى، جۇڭگودا ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى توپلاش ۋە خاتىرە قالدۇرۇش ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە قىسقىچە ئۇچۇر شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگېنېزىغا ئائىت مۇنازىرىلىك نۇقتىلار ۋە باشقىلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

مونوگرافىيىنىڭ بىرىنچى بابى 1949-يىلىدىن ئىلگىرى جۇڭگو ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتلىرى، بولۇپمۇ، خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر دىيارى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى، كۆز قاراشلىرى شۇنىڭدەك تارىخچىلىقتىكى سىياسىي ئاساسقا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار نۇقتىلار يورۇتۇلىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو ئالىملىرى ئارىسىدا ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەر مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم-جۇڭغارىيە ۋادىسىنىڭ ئەڭ قەدىمى ئاھالىسى ھەم ئاساسىي ئېتنىك تەركىب ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش بولسا، يەنە بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تارىخىنى ئۇيغۇر دىيارىدىن ئايرىپ چۈشەندۈرۈش، ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت 9-ئەسىردىن كېيىن بۇ زېمىندا پەيدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئەكسىچە «خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئاھالىسى» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما، مەزكۇر مەسىلىلەردە ۋاڭ رىۋېي، لى فۇتوڭ، دىڭسۇ ۋە باشقا ئالىملار كۆپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان بولۇش بىلەن بىرگە ئۇلار ئارىسىدا ئىختىلاپلار داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئاپتور يەنە ئۇيغۇر تارىخچىسى م. بۇغرا بىلەن خەنزۇ تارىخچىسى لى دوڭفاڭنىڭ 40-يىللاردا ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇنازىرىسى، تەيۋەن ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى ھەم ئۇلار بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇق ئالىملىرى ئارىسىدىكى ئىلمىي سايا ۋە كۆز قاراش پەرقى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىمۇ قەلەم

تەۋرىتىدۇ. «جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگېنېزى مەسىلىسى» ناملىق مەزكۇر مونوگرافىيىنىڭ ئىككىنچى بابى 1949 ـ يىلىدىن كېيىنكى يېڭى سىياسىي ئاتموسفېرادا مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر ئېتنىك تارىخى تەتقىقاتلىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ قارىشىچە، بۇ مەزگىلدىكى تارىخشۇناسلىق سوۋېت ئېتنىپاقىنىڭ مېتودى بويىچە ئايرىم ئېتنىك كىملىك ۋە ئېتنىك تارىخى تىكلەش جۇملىدىن ئۇيغۇر ئېتنىك تارىخىنى تۈرك تارىخىدىن، مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدىن ئايرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باشتىن ئاخىرى تارىختىكى ۋە ھازىرقى باشقا تۈركىيە خەلقلەردىن مۇستەسنا ھالدا، ئۆزىگە خاس ھەم ئۆز ئالدىغا شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىنى باسقانلىقىنى كۆرسىتىشكە شۇنىڭدەك غەرب تارىخشۇناسلىقى ھەم تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردىكى تەتقىقاتلاردىكى ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ھېسابلىنىدىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئېتنىك ـ مەدەنىي مەنبە، ئورتاق ئېتنىك تەرەققىياتقا ئىگە بولغانلىقى ۋە ئورتاق ئېتنىك سىياسىي گەۋدە ئاستىدا ياشىغانلىقىدەك نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئىنكار قىلىشنى مۇھىم ئىدىيىۋى ئاساس قىلغان.

مەزكۇر بابتا، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇر تارىخي تەتقىقاتىدا زور يۈكسىلىش بولغانلىقى، ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقات قوشۇنى يېتىشىپ چىققانلىقى، بۇ مەزگىلدىكى تەتقىقاتلاردىكى ھالقىلىق ھەم مۇنازىرە خاراكتېرلىك نۇقتىنىڭ ئۇيغۇر ئېتنوگېنېزىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر دىيارى بىلەن بولغان قەدىمىي باغلىنىشلىق مەسىلىرىنى ھەل قىلىشقا قارىتىلغانلىقى، مەزكۇر مەسىلىلەردە پروفېسسور دۆەن لىنچىننىڭ خەنزۇ ئالىملىرى ئارىسىدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئېتنوگېنېزىنى قەدىمكى جۇڭگو تارىخىي مەنبەلىرىدە قەيت قىلىنغان «گۇيفاڭ» لارغا باغلاش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئېتنوگېنېزىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 18 ـ ئەسىرگە تۇتاشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كۆز قارىشىنىڭ باشقا ئالىملار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇر ئالىملىرى

بىردەك ھالدا «ئۇيغۇرلار پەقەت 840-يىلىدىن كېيىن شىنجاڭدا پەيدا بولغان» دېگەن كۆز قاراشقا قوشۇلمىغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى فېڭ جياشېڭ، چېن سۇلو، گۇ باۋ قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىشتىن ئىلگىرىلا تەڭرى تاغ ئەتراپىدا ياشىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «ئۇيغۇرلار 9-ئەسىردىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەن خەلق» بىلەن «ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا بۇ زېمىندا ياشىغان» دېگەن كۆز قاراش ئىزچىل مۇنازىرە تۇسىنى ئالغان بولۇپ، بۇ مەسىلە بەلگىلىك دەرىجىدە سىياسىيلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ھەر ئىككىلا گۇرۇپپا مەلۇم خاھىش ۋە مۇددىئادىن چىقىش قىلغان. گۇ باۋ گەرچە «840-يىلىدىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا ياشىغان» دەپ قارىسىمۇ، بۇ پىكىرنى فېڭ جياشېڭ، چېن سۇلو ۋە باشقىلار قوللىسىمۇ بىراق ئۇلار ھېچقاچان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم-جۇڭغارىيە ۋادىسىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئاھالىسى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنىڭ تارىم-تەڭرىتاغ ئەتراپى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

مەزكۇر بابتا يەنە ت. ئالماس ۋە دۆەن لىيەنچىن ۋە باشقىلارنىڭ ئۇيغۇر ئېتنوگېنېزى ھەققىدىكى كۆز قارىشى سىخمىلاشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە مەزكۇر كۆز قاراشلار رۇسىيە ئالىملىرى، غەرب ئالىملىرى، ياپونىيە ۋە تۈركىيە ئالىملىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن قىسقىچە سېلىشتۇرۇلىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇر ئېتنوگېنېزى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى «يەرلىكلىك» (ئاۋتوختونلۇقى) مەسىلىسى ئاسانلا ھازىرقى زامان دۆلەت چۈشەنچىسى بىلەن باغلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «ئۇيغۇرلار شىنجاڭنىڭ ئەسلى ئاھالىسى ئەمەس، ئۇلار موڭغۇلىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن خەلق، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا پەيدا بولغانلىقىغا ئاران مىڭ يىل ئەتراپىدا بولدى» دەيدىغان تەشۋىقات تۇسىنى ئالغان پىكىر ئىلمىي ساھەدىن ھالقىپ ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى، تارىخىي ساۋات ماتېرىياللىرىدىن كەڭ ئورۇن ئالدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭدا

ياشايدىغان باشقا مىللەت ئاددىي پۇقرالىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن خاتا چۈشەنچىلەر پەيدا بولغان.

دوكتور نەبىجان تۇرسۇن مەزكۇر مونوگرافىيىسىنى يېزىشتا ئىشلەتكەن ماتېرىياللار ئاساسلىقى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن 90-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى رۇسىيە، غەرب، جۇڭگو، ئۇيغۇر، ياپونىيە، تۈركىيە ئالىملىرىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىلمىي نەتىجىلىرى بولۇپ، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋە نەشر قىلىنغانلىقىغا 10 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن بەزىبىر پايدىلىنىش ئەھمىيىتى بولسا كېرەك! نەبىجان تۇرسۇننىڭ بۇ ئەسەردىن باشقا يەنە بىر كىتابى «جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخى مەسىلىسى» ناملىق مونوگرافىيىسىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىمۇ مەلۇم.

**ئىزاھات**

**ئېتنوگېنېز**— بىرەر مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى، ماددىي ۋە مەنىۋى ھەمدە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن تارتىپ رېئال ھالىتىگىچە كۆزىتىپ، تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**مونوگراف**—مەخسۇس تېمىدىكى ئىلمى ماقالە.

# ئوتتۇرا ياۋرو-ئاسىيادىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر

## قىرغىزىستاندىكى تۇڭگانلار

يېقىندا قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان چۇي ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئىسكرا يېزىسىدا يۈز بەرگەن تۇڭگانلار بىلەن قىرغىزلار ئارىسىدىكى توقۇنۇش كىشىلەرنىڭ بۇ جۇمھۇرىيەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان تۇڭگانلارنىڭ ئەھۋالىغا نىسبەتەن قىزىقىشىنى قوزغىدى. ئۇنداقتا تۇڭگانلار قىرغىزىستانغا قانداق كېلىپ قالدى دېگەن سوئالنىڭ قويۇلۇشى تەبىئىي.

### تۇڭگانلارنىڭ قىرغىزىستاندىكى تارقىلىشى

تۇڭگانلار قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك، ئوش، توقماق شەھەرلىرى ۋە چۇي ئوبلاستىغا تەۋە ئالېكساندروپكا، سوقۇلۇق يېزىلىرى ھەمدە ئىسسىق كۆل ۋىلايىتىنىڭ قاراقول شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىردىق قاتارلىق يېزىلارغا تارقالغان.

قىرغىزىستاندىكى تۇڭگانلار ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۈرلۈك زىرائەتلەرنى ۋە كۆكتاتلارنى ئۆستۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى سوۋېتلار ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، قىرغىزىستان مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن سودا-

تىجارەتكە كىرىشكەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىغا پايدىلىق تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.

تۇڭگانلار قىرغىزىستاندىن باشقا يەنە قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستانغىمۇ تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قىرغىزىستاننى بازا قىلىپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۆز تىلىنى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى بىر قەدەر ياخشى ساقلاپ قالغان. سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە يەنى 1979-يىلى ئۇلارنىڭ پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سانى 50 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، قىرغىزىستاندا ھازىر تەخمىنەن 70 مىڭ ئەتراپىدا تۇڭگان نوپۇسى ياشايدىغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە.

## تۇڭگانلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

تۇڭگانلار جۇڭگودا جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «خۇيزۇ» دەپ رەسمىي بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەر تەرىپىدىن تۇڭگان دەپ ئاتىلىدۇ. رۇسىيىدە بۇ ئىسىم «دۇنگان» دېگەن نام بىلەن تونجى قېتىم 19-ئەسىردە كۆرۈلگەن، رۇس تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە تۇڭگان دېگەن ئىسىم «دۇنگان» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ، موسكۋا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي ئايرىم بىر مىللەت نامى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق خەلقلەر ئۇلارنى «دۇنگان» دەپ ئاتىشىدۇ، ئەمما تۇڭگانلار ئۆزلىرىنى بولسا «لاۋخۇئىخۇي» دەپمۇ ئاتايدىكەن.

رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۇڭگانشۇناس ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، تۇڭگانلار ئوتتۇرا ئاسىيادا جۈملىدىن ھازىرقى قىرغىزىستان ۋە قازاقىستانلاردا 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ 19-ئەسىردە ئۇيغۇر دىيارىدا ۋە گەنسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرىدە كۆتۈرۈلگەن كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. 19-ئەسىرنىڭ 60-

يىللىرىدا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ ئوتلىرى بىلەن قاپلاندى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ قوزغىلاڭلىرىغا تۇڭگانلارمۇ قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان ئىدى. 1867-يىلى ياقۇپ بەگ مۇستەقىل قەشقەرىيە دۆلىتىنى قۇرغاندا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى تۇڭگانلار ياقۇپبەگكە بەيئەت قىلدى. ئىلىدا ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار بىرلىشىپ، مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىلى تارانچى سۇلتانلىقىنى قۇردى. بىراق، 1877-يىلى زو زوڭتاڭ قەشقەرىيىگە قارشى ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغاندا، تۇڭگانلارنىڭ قوماندانى باي ياگخۇ ۋە باشقىلار ئۇيغۇر قاتارلىقلار بىرلىشىپ، زو زوڭتاڭنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىراق مەغلۇپ بولدى. دېمەك 1877-1878-يىللىرى زو زوڭتاڭ قەشقەرىيىنى ئىشغال قىلغاندا، باي ياگخۇ باشلىق بىر قانچە مىڭ تۇڭگان مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى قاراقول، بىشكەك ئەتراپىغا قېچىپ كېلىپ پاناھلاندى. مانا بۇ تۇڭگانلارنىڭ قىرغىزىستاندا يەرلىشىش تارىخىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

## تۇڭگانلارنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشى

1871-يىلى ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيىتى تارانچى سۇلتانلىقى رۇسىيە تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. كولپوكوۋسكىي باشچىلىقىدىكى چار رۇسىيە قوشۇنلىرى ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلارنىڭ قارشىلىقلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئىلىنى بېسىۋالدى. ئەلاخان سۇلتان خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن غۇلجا شەھرىنىڭ ئاچقۇچىنى كولپوكوۋكسىيغا تاپشۇردى. ئىلى تەخمىنەن 10 يىلغا يېقىن رۇسلارنىڭ قولىدا تۇرغان بولسىمۇ، بىراق چار رۇسىيە بىلەن مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى ئىلىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىش مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلىشىپ،

ئاخىرى 1881-يىلى «ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. مەزكۇر شەرتنامىگە بىنائەن ئىلىنىڭ بىر قىسمى ۋە غۇلجا جۇڭگوغا بېرىۋېتىلدى. ئىلىنىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئۇيغۇرلار ۋە تۇڭگانلار ئۆچ ئېلىشتىن قورقۇپ، يەتتە سۇ تەۋەسىگە كۆچتى.

ئەنە شۇ قېتىملىق كۆچۈشتە 50 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ۋە تۆت مىڭ ئەتراپىدا تۇڭگان يەتتە سۇ ۋادىسىغا ماكانلاشتى، تۇڭگانلارنىڭ يەنە بىر قىسمى بولسا، ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ توقماق، قاراقول، سوقۇلۇق قاتارلىق جايلىرىغا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان.

تۇڭگانلارنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق كۆچۈشى 1955-يىلىدىن 1963-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كۆچۈش بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئىلى ۋىلايىتى ھەم تارباغاتايدىكى بىر قىسىم تۇڭگانلار ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقى كۆچۈپ چىقىپ ماكانلاشقان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قازاقىستانغا، ئازراق قىسمى بىشكەك شەھىرى ئەتراپىغا كېلىپ يەرلەشكەن بولۇپ، بۇ قېتىم كۆچكەن تۇڭگانلار ئۇيغۇرلار بىلەن زىچ ئارىلىشىپ كەتكەن.

### تۇڭگانلارنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى

تۇڭگانلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىردىن-بىر خەنزۇ-تىبەت تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلق، ئۇلار دىنى جەھەتتە ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە ئۆز تىلى ھەم مەدەنىيىتىنى جۈملىدىن دىنىي ئېتىقادىنى كۈچلۈك ساقلىغان.

قىرغىزىستان، تۇڭگانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جۇمھۇرىيەت بولغاچقا، موسكۋا ھۆكۈمىتى تۇڭگانلارنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىنى ئەينى ۋاقىتتا قىرغىزىستانغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارمىقىدا تۇڭگانشۇناسلىق

مەركىزى قۇرۇلغان ھەم تۇڭگانچە رادىئو ۋە مەتبۇئات ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنغان ئىدى. ھازىر قىرغىزىستاندا مەزكۇر ئورۇنلار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، تۇڭگان تىلىدا ھەپتىدە بىر سائەت رادىئو پروگراممىسى بېرىلىدۇ.

تۇڭگانلار خەنزۇ تىلىنىڭ شەنشى-گەنسۇ دىئالېكتى ئاساسىدىكى ئۆز ئانا تىلىدا «خۇيمىن باۋ» ( تۇڭگان گېزىتى) دېگەن نامدا گېزىت چىقىرىدۇ. تۇڭگان تىل گەرچە خەنزۇ تىلى بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل تۇڭگان تىلى قىلىپ بېكىتىلگەن. 1928-يىلى لاتىن يېزىقى، 1953-يىلى بولسا، سلاۋيان يېزىقى ئاساسىدا تۇڭگان يېزىقى تەييارلانغان بولۇپ، ئۇلار تاكى ھازىرغىچە سلاۋيان يېزىقىنى ئىشلەتمەكتە. تۇڭگانلار سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە «شىيۇئەدە چى» (يەنى «ئۆكتەبىر بايرىقى») دېگەن نام ئاستىدا گېزىت چىقارغان شۇنىڭدەك يەنە سلاۋيان يېزىقى بىلەن ئۆز تىلىدا كىتابلار نەشر قىلغان ھەم بۇ پائالىيەتلىرىنى ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرماقتا. قىرغىزىستان، قازاقىستانلاردىكى تۇڭگان( دۇنگان) تىلى گەرچە خەنزۇ تىلىنىڭ شەنشى ـ گەنسۇ دىئالېكتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇگۈنكى گەنسۇ-شەنشى رايونىدىكى تۇڭگانلار قوللىنىدىغان تىلدىن خېلى كۆپ پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭدا 19-ئەسىرگە خاس كونا سۆزلۈكلەر ساقلىنىپ قالغان شۇنىڭدەك يەنە رۇسچە ئاتالغۇلار كۆپلەپ قوبۇل قىلىنغان، ئۇيغۇر، قىرغىزچە ۋە باشقا تۈركىي تىللارنىڭ تەسىرىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە سىڭگەن.

## تۇڭگانلار ئارىسىدىن كۆرۈنەرلىك ئەربابلار يېتىشىپ چىققان

قىرغىزىستان، قازاقىستاندىكى تۇڭگانلار ئارىسىدىن ئەينى ۋاقىتتا «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئارتىسى» دېگەن ئەڭ يۇقىرى ناملارغا ئېرىشكەن ئادەملەر شۇنىڭدەك يەنە ئاكادېمىك ۋە دوكتورلار يېتىشىپ چىققان.

قىرغىزىستان مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قارمىقىدىكى تۇڭگانلار جەمئىيىتىنىڭ دوكلاتىدىن قارىغاندا، 90-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قىرغىزىستان تۇڭگانلىرى تۇڭگانلارنىڭ قىرغىزىستانغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنىڭ 120 يىللىقىنى خاتىرىلىگەن. مەزكۇر دوكلاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، قىرغىزىستاندا 50 تىن ئارتۇق پەن دوكتورلىرى ۋە پەن نامزاتلىرى تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا، 20 دىن ئارتۇق ئادەم جۇمھۇرىيەتنىڭ پەخرىي ناملىرىغا ئېرىشكەن. بىر نەپەر تۇڭگان دۇنيا چېمپىيونى بولغان، ئۇلار ئارىسىدىن ئىلگىرى كېيىن يەنە تۆت نەپەر كىشى قىرغىزىستان پارلامېنتىغا ئەزا بولغان ئىكەن. تۇڭگان ئالىمى مۇھەممەد سۇشانلونىڭ( 1924-1998) ئىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھەممە جۇڭگودىكى ئىلىم ساھەسىگە تونۇشلۇق بولۇپ، ئۇ قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. ئۇ تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيا تۇڭگانلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە كىتاب يازغان كىشى ئىدى. شائىر ياسىر شىرۋازى بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە كەڭ تونۇلغان شائىر سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغان ئىدى.

ھەربىي قوماندان ماسانچى بولسا، 1919-1920-يىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارنىڭ ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسمائىل تاھىرۇۋ قاتارلىق رەھبەرلىرى بىلەن تەڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تونۇلغان تۇڭگان ئەربابى ئىدى. ھازىر بىشكەك ئەتراپىدا ئۇنىڭ نامىدا بىر يېزا مەۋجۇت.

قازاقىستاندا تەخمىنەن 30 مىڭ ئەتراپىدا تۇڭگان بار بولۇپ، تاكى 60-يىللارغىچە پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارمىقىدا ئۇيغۇر-تۇڭگان مەدەنىيەت بۆلۈمى بار ئىدى. بۇ كېيىن ئۇيغۇرشۇناسلىق ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەن، قازاقىستان تۇڭگانلىرىدىن سۇنۋازا 50-يىللاردا ئۇيغۇرچە-رۇسچە لۇغەت تۈزۈپ چىققان ھەمدە ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ماقالىلەرنى يازغان ئۇيغۇرشۇناس ئىدى.

## تۇڭگانلار قىرغىز - جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدە مۇھىم رول ئوينىدى

قىرغىزىستان تۇڭگانلىرى جەمئىيىتىنىڭ دوكلاتىدا مەلۇم قىلىنىشىچە، ئەسقەر ئاقايېۋ دەۋرىدە قىرغىزىستاندىكى تۇڭگانلار بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئارىسىدا ياخشى ئالاقىلەر يولغا قويۇلغان. نىڭشا ۋەكىللىرى بۇ يەرنى زىيارەت قىلغان، قىرغىزىستان تۇڭگانلىرىمۇ ئۇيغۇر ئېلى ۋە جۇڭگونىڭ باشقا تۇڭگان رايونلىرىنى زىيارەت قىلغان. جۇڭگو مەتبۇئاتلىرىدا بۇ تۇڭگانلارنىڭ «ئەسلى جۇڭگو پۇقرالىرى، ئۇلارنىڭ ئانا ۋەتىنى جۇڭگو بولغانلىقى ئۈچۈن شۇڭا ئۇلارنىڭ ئانا ۋەتىنىنى سېغىنىدىغانلىقى» نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقالىلەرمۇ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، قىرغىزىستاندىكى جۇڭگو ئەلچىخانىسى تۇڭگانلار بىلەن يېقىن ھەمكارلىقلارنى ئورناتقان، شۇڭا تۇڭگانلار ئۆز دوكلاتىدا تۇڭگانلارنىڭ قىرغىزىستان بىلەن جۇڭگونىڭ يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدا مۇھىم ۋاستىچىلىك رول ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىشكەن.

## دۇنيادىكى نوپۇسى ئاز تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى قارايىملار

قارايىملار قىرىم يېرىم ئارىلىدا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەردىن بولۇپ، ئۇكرائىنىيىنىڭ رەسمىي سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ قىرىمدىكى سانى 1404 ئادەم. لىتۋادىكى سانى 289. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇلار رۇسىيە شەھەرلىرىدىن موسكۋا ۋە سانكىت-پېتربورگ قاتارلىقلارغىمۇ تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ شەھەرلەردىكى سانى 680 دىن ئاشىدىكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1989-يىلىدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىدا قارايىملارنىڭ پۈتۈن سوۋېتلار ئىتتىپاقىدىكى سانى 2602 دەپ ئېلان

قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تاكى ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر
دەم دوستلۇقىدىكى يېڭى سانى ھەققىدە ئۇچۇر يوق.

## قارايىملار كىملەر؟

تۈركىيە ئالىمى دوكتور نەۋزات ئۆزكەننىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، يەنە ئاز سانىدىكى قارايىملار تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە، فرانسىيىدە ۋە پولشادىمۇ ئىستىقامەت قىلىدىكەن. ئۇنداقتا قارايىملار كىملەر؟ قارايىملار تۈركىي خەلقتۇر. ئۇلار تۈركىي تىللارنىڭ قىپچاق گۇرۇپپىسىغا تەۋە قارايىم تىلىدا سۆزلىشىدۇ.

قارايىملارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسى تالاش-تارتىش تۇسىنى ئالغان مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، تاكى ھازىرغىچە ئېنىق ۋە بىرلىككە كەلگەن يەكۈن يوق ئەمما، ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەر ئۇستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. بىرىنچى خىل نۇقتىئىنەزەر، «قاراي» دېگەن ئېتنونىمى قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى «كېرەي» ، «كېرەيىت» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دەپ قاراش، كېرەي سۆزى ھەر خىل شەكىلدە يەنە «قاراي» ، «قىراي» دېگەندەك شەكىللەردىمۇ كۆرۈلگەن. «قارايىم» ئېتنونىمىدىكى «قار» تىپىك قەدىمىي تۈركىي سۆزى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ خېلى كۆپ تۈركىي خەلقلەر بۇ سۆزنى ئۆز مىللىي نامى بىلەن بىرلەشتۈرگەن مەسىلەن، قاراچايلار، قاراخازارلار، قاراقالپاقلار ۋە باشقىلار. بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەر قارايىملارنى قەدىمكى دەۋرلەردىكى ھون — خەزەر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا كىرىپ، سامات-ئالانلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن قارايلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارايدۇ. قارايىملار بىر مىللەت سۈپىتىدە قىرىمدا پەيدا بولغان.

ئىككىنچى خىل نۇقتىئىنەزەر، قارايىملارنى يەھۇدىيلار بىلەن باغلاپ، ئۇلارنى قەدىمكى يەھۇدىيلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ قاراش. بۇ خىل

كۆز قاراشتىكىلەر، قارايىم سۆزىدىكى «قارا» يەھۇدىي تىلىدىكى «ئوقۇ» مەنىسىدىن كېلىپ چىققان دەيدۇ، بۇنىڭغا ئاساس بولغان نۇقتىئىنەزەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قارايىملار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلق بولسىمۇ لېكىن، ئۇلارنىڭ دىنى يەھۇدىي دىنىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، بۇ تارماق ئادەتتە قارايىم دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## قارايىملارنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكى

قارايىم دىنى 8-ئەسىردە ئىراندا ئانان داۋۇد تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى «قاراي» دەپ ئاتالغان. نەۋزات ئۆزكەنىنىڭ كۆرسىتىشىچە، قارايىملارنىڭ دەستۇرى تەۋرات بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەھۇدىيلارنىڭكىدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا زەبۇر بىلەن ئورتاقلىق بار ئىكەن.

قارايىم دىنى 8-13-ئەسىرلەردە گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن بولۇپ، بۇ دىنغا بىر قىسىم ئىرانلىقلار، ئەرەبلەر، يەھۇدىيلار، گرېكلەر ئېتىقاد قىلغان.

قارايىم دىنى 8-ئەسىرلەردە تۈركىي خەزەرلەر دۆلىتىگە كىرگەن. قىرىم يېرىم ئارىلى رۇسىيىگە تەۋە بولغاندىن كېيىن بۇ دىنغا يەنە قارايىم تۈركلىرى ۋە بىر قىسىم كازاكلار (كازاك رۇسلىرى) ئېتىقاد قىلغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا قارايىملار رۇسىيە ھۆكۈمىتىدىن دائىم ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىيلاردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان.

18-19-ئەسىرلەردە چار پادىشاھ رۇسىيىسى قارايىملارنىڭ ئۆز دىنى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن قىرىمدا قارايىم دىنى ئىبادەتخانىلىرى كۆپەيگەن. رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە بولغان ئارىلىقتا قىرىمدا 20 نەچچە قارايىم دىنى ئىبادەتخانىسى بولغان. بۇ

چاغلاردا قارايىم دىنى رۇسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇستەقىل دىن دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، پاسپورتلاردىكى دىنىي ئېتىقاد دېگەن يەرگە «قارايىم دىنى» دەپ تولدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان.

## يوقىلىۋاتقان قارايىم تىلى

قارايىملارنىڭ سانىمۇ 1932-يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتتا 10 مىڭ ئادەم دەپ كۆرسىتىلگەن بولسا، ئۇلار بارا-بارا ئازايغان. 1957-يىلى 5 مىڭ 700، 1979-يىلى 3 مىڭ 300 غا چۈشۈپ قالغان. ئەمما، 25 مىڭدىن ئارتۇق قارايىم ھازىر ئىسرائىلىيىدە ياشايدىكەن، ئۇلار ھەم ئۆزلىرىنى يەھۇدىيلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارايدىكەن. بۈگۈنكى كۈندە قىرىمدا ئاران 800 ئەتراپىدا قارايىملار ئېشىپ قالغان.

قارايىملارنىڭ تىلى شىمالىي قىرىم تاتارلىرى ۋە شىمالىي كاۋكازىيىدىكى قۇمۇقلار، قاراچايلار ۋە بالقارلارنىڭ تىلى بىلەن يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەڭ قەدىمىي دەۋرلەرگە خاس تۈركىي سۆزلەر ساقلانغان. قارايىم تىلى ساپ تۈركىي تىل بولۇپ، ئۇنىڭدا چەت تىللارنىڭ تەسىرى ناھايىتى ئاز ئىكەن. چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەر ئاساسلىق ئەرەب تىلى، پارس تىلى ۋە سلاۋيان تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەردۇر. ئۇنىڭدا قەدىمكى ئالان تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئەڭ قىزىق نۇقتا شۇكى، قاراي تىلدا 1841-يىلى تۇنجى ئىنجىل نەشر قىلىنغان.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆزىتىشىچە، قارايىم تىلىدا يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئەڭ قەدىمىيلىككە ئىگە تۈركىي سۆزلەر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىدىكىدىنمۇ گەۋدىلىكرەك بولغان. شۇڭا1934 -يىلى، ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن تىل يىغىنىدا تۈرك تىلىدىكى ئەرەب ۋە پارس تىلى سۆزلىرى چىقىرىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا 330 قارايىم تىلى سۆزى تولۇقلانغان ئىكەن.

## مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن كۈرەش

قارايىم تىلى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن تىللارنىڭ (بەلكى دىئالېكتلارنىڭ) بىرى بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋە باشقا دىنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاش ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

قارايىملارنىڭ «قىرىم قارايلار جەمئىيىتى» دەپ ئاتالغان تەشكىلاتى خەلقئارا جەمئىيەتكە ۋە ئۇكرائىنىيە ھەم رۇسىيە ھۆكۈمەتلىرىگە قارايىملارنىڭ مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇلارنى مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش ھەققىدە ئىلتىماسلارنى سۇنۇپ كەلمەكتە. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مەقستى قارايىم خەلقىنى ۋە ئۇنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى مەدەنىيىتىنى، تىلىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ياچېيكىلىرى قىرىمنىڭ باخچىساراي، ئەۋپاتورىيە، سىمفېرېپول، سېۋاستوپول، يالتا قاتارلىق شەھەرلەردە مەۋجۇت.

# مۇرات ناسىروف ھەققىدە

## مۇرات ناسىروفنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە

مۇرات ناسىروف قەلبىمدە يېگانە ئوبرازى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىستېداتى ۋە تالانتىنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ھۆرمەت ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. سەۋەبى ئۇنى بىر دەم قەستكە ئۇچۇردى دېسە بىر دەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى دېگەن سۆز چۆچەك تارقالدى. يەنە بىرى ئۇ چۈشكۈنلۈك سەۋەبىدىن ھاراقنى زىيادە ئىچىۋالىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغان دېدى. مەن ئۇنىڭ چۈشكۈنلۈك كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولمىغانلىقىنى بىلمىسەممۇ ئۆزۈمچە ئۇنىڭ چۈشكۈنلەشكەنلىكىنى ھەر تۈرلۈك پىكىرلەر ئىچىدە تەھلىلى قىلىپ باقتىم.

مېنىڭچە ئۇنىڭ قەستكە ئۇچرىشى ناتايىن. چۈنكى تارىختا ئەر ناخشىچى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ قەستكە ئۇچرىشى كۆپ ئۇچۇرمايدۇ. ئۇ سىياسىيون ياكى باشقا ساھەنىڭ ئادىمى ئەمەس. ناخشا ئوقۇپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن بىر ئۇيغۇرنىڭ موسكۋادەك بىر شەھەردە قەستكە ئۇچرىشى يوق گەپ. سودىگەر بولسا ئۇ باشقا يولى. بىراق ئۇنىڭ قەستكە ئۇچۇردى دېگەن گېپى مېنى قايىل قىلالمايدۇ. شۇڭا كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ چۈشكۈنلەشكەنلىكىنى توغرا تاپتىم ھەم مۇشۇ ھەقتە خىلى ئۇزۇن ئويلاندىم.

ئۇنداقتا ياۋروپا ئەللىرىدىن تارتىپ نامى چىققان بىر چولپان نېمە ئۈچۈن چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ؟ تارىختىن بۇيان سەنئەتنىڭ ئۆزۈلمەس

بۇلىقى بولۇپ كەلگەن بىر رۇس تۇپرىقى يۈرىكى ئاتەشتەك يېنىپ تۇرىدىغان بىر ئىجاد ئىگىسىنى سىغدۇرالمىدىمۇ دېگەن سوئاللار مېنى بىئارام قىلدى. مېنىڭچە ئۇنىڭ چۈشكۈنلۈكىنىڭ ئاساسى مەنبەسى دەل ئۇنىڭ رۇس ئېلىدە بىر ئۇيغۇر ھەم ستالىندەك جاللاتلار قىرىپ تۈگىتەلمىگەن بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالغانلىقىدا بولسا كېرەك دېگەن ئاخىرقى ھۆكۈم بىلەن ئۆزۈمنى قايىل قىلدىم.

مېنىڭچە ئۇنىڭ چۈشكۈنلەشكەنلىكىنىڭ بىر نەچچە سەۋەبى بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقى ۋە ئۇيغۇرنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ. ئانا مىللىتىنىڭ تۇپرىقىدىن ناھايىتى يىراق بىر ئەلدە تۇغۇلۇپ ئۇسۇپ ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان بىر قوۋمدىن بەكمۇ يىراقتا ياشاش پېشانىسىگە پۈتۈلگەنلىكى دەپ قارىدىم. موسكۋا مېنىڭچە ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ سانى ھەم ھوقۇق ئىمتىيازى تولىمۇ تۆۋەن بولغان پايتەخت. شۇنداق بولغان ئىكەن ھوقۇقدارلار بىلەن پۇل مىلى بارلار ئەلۋەتتە رۇس بولىدۇ. جۇڭگودا بىر ئاز سانلىق مىللەت سەنئەتكارىنى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېتىراپ قىلمىغى ئاسان بولمىغىنىدەك مۇراتنىڭ رۇسىيىدە پۈتۈن دۆلەت ئېتىراپ قىلغۇدەك ئادەم بولۇشى تەس گەپ. نېمىشقا دېگەندە بىر سەنئەتكارنىڭ ئالدى بىلەن ئىقتىسادى جەھەتتىن قوللىغۇسى. سەھنىگە چىقسا ئۆز مىللىتىنىڭ تاماشىبىنلىرى. تۆۋەنگە چۈشسە ئۇنىڭغا مەدەت ئىلھام بېرىدىغان ئۆز قوۋمى، ئىجادىيەت ئۇچۇن ئاتلانغاندا ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە قان بېرىدىغان. جان بېرىدىغان مەدەنىيەت تۇپرىقى. مىللىتىنىڭ قانلىق كەچمىشلىرىنىڭ ئىزنالىرى. يادنامىلىرى. ئەدەبىياتى تارىخىنى سۆزلەيدىغان تىرىك شاھىتلىرى بولۇشى كېرەك. لېكىن مۇرات رۇسىيىدە تۇغۇلۇش بىلەن بىرگە ئۆز خەلقىنىڭ شۇنچىلىك ئوت يۈرەك. ئۆزىنىڭ قايغۇ ھەسرەتلىرىنى ناخشا قوشاققا قېتىپ ئاجايىپ كاتتا بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىشلەپ چىقىرىشتىن ئىبارەت غايەت زور مەنىۋى كۆچكە ئىگە بىر

مىللەتلىكىنى بىلەلمەي ئارمان بىلەن بۇ دۇنيادىن كەتتى. رۇسىيىدە تالانت ئىگىلىرى كۆپ يەر. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ تىرىشتى. ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ئۇيغۇرنىڭ روھى بىلەن روھىنى ئۇچراشتۇرۇش ئۈچۈن تىنىم تاپماي تىرىشتى. لېكىن بىر ئادەمدە تالانت بولسىلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشكۈنلەشتى.

مىنىڭ جەننىتىم. يايلاق قاتارلىق ناخشىلار بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈرگىنى لەرزىگە سېلىپ كېلىۋاتقان موڭغۇل ناخشىچىسى تىڭگىر(مەنىسى تەڭرى) غا جۇڭگونىڭ سەنئەت ئوبزورچىلىرى باھا بېرىپ تىڭگىر سەنئەتكار بولسىمۇ لېكىن ئۇ مەڭگۈ يايلاقتا تەۋە سەنئەتكار. ئۇنىڭ ناخشىسى ۋە سەنئىتى ھەرگىزمۇ جۇڭگو خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ دېيىشتى. لېكىن ئۇ 2005-يىلى 8-ئايدا ئامېرىكىغا بېرىپ نيۇ يۇركتەك ئالماس شەھەردە ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ ئامېرىكا خەلقىنى يەنە بىر قېتىم تاڭ قالدۇردى. لېكىن مۇرات شۇنچىلىك تالانتقا ئىگە سەنئەتكار بولۇپ تونۇلغان بولسىمۇ چەتئەل ئەمەس ئۆزىنىڭ خەلقى كۆزلىرىنى جىمىرلىتىپ كېلىپ بىر مەيدان ناخشا كېچىلىكى قىلىشقا تەلمۈرگەن بولسىمۇ. مۇراتمۇ كۆڭلىدە قەشقەرگە بېرىپ بىر ناخشا كېچىلىكى قىلىشنى ئۈزاقتىن بۇيان كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ لېكىن ئۇ قەشقەرگە كېلەلمىدى ھەم ۋەتەنگە ئاياغ بېسىش نېسىپ بولماي ئارمان بىلەن دۇنيادىن كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ، ئۇنى قوللاپ، مىللەتنىڭ سەنئىتىنىڭ رۇس زېمىنىدا مەھكەم يىلتىز تارتىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشالايدىغان مىللەتپەرۋەر بىر ئۇيغۇر چىقىپ رۇس ئېلىگە تونۇلغان چولپان ئارقىلىق پۈلمۇ تېپىپ مىللەتنىمۇ تونۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۈمىدىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن يانتاياق بولالمىدى. ئۇيغۇر بايلىرى رۇسىيىدە يوقمۇ؟ بار. لېكىن ئۇلار باي بولسا ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۆت پوسنى قويۇپ بايلىقنى پوس ئارقىلىق نامايان قىلىپ مىللەت ئۈچۈن دېگەن ئۇقۇمنى ئىسىدىن چىقىرىۋەتكەن ھالدا زەڭگەر كۆزلۈك خانىملار بىلەن ئەيشى ئىشرەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ

ياشاۋەردى. مۇرات شۇڭا غېرىبسىندى. شۇڭا چۈشكۈنلەشتى. ئۇ بەلكىم مېنى قوللايدىغان بىرەر ئۇيغۇر چىقىپ قالسا زىيان تارتمايتتى دەپ تالاي كېچە ئويلىغان بولغىيتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماستىن كەتتى. لېكىن ئۇ ئۇيغۇرنىڭ ھىدىنى ئىزدىدى. تاپالىغان كىتابلاردىن ئۇيغۇرنىڭ تارىخىنى ئوقۇدى. بىلدى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر ئۈچۈن، ئۆزى ئۈچۈن. تارىخى ئۈچۈن، ئۇيغۇرچە ئىككى قىسىم مەخسۇس ئىجادىيەت تۈپلىمى چىقىرىپ بىزگە سۇندى. ئۆز غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي ئىچى سىقىلىپ تۇرغان بىر تالانت ئىگىسى بۇ مىللەت ئۈچۈن يەنە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلىسۇن؟ دېمەك ئۇ نەدە بولسۇن مەن ئۇيغۇر دېگەن ئاجايىپ سۆيۈملۈك ھېسسىيات بىلەن ئۆزىنى ھەم مىللىتىنى ئۇنتۇمىدى. ئۇنىڭ رېئاللىقى پۈتكۈل ئۇيغۇرنىڭ رۇس زېمىندىكى رېئاللىقى بىلەن باغلىنىپ قالدى. ئەگەر ئۇ رۇس بولغان بولسا بۇ ۋاققىچە پۈتكۈل دۇنيانى ئايلىنىپ ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ ھاياتىنىڭ راھەت پاراغەتلىك مىنۇتلىرىدىن مەست بولۇپ چۈشكۈنلۈكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىشى ئېنىق ئىدى. لېكىن ئۇ شور پېشانە ئۇيغۇر بولۇپ قالدى. ئۇ نام چىقىرىپ يەنىلا غېرىبلىق ئىچىدە قالدى. تىنىمسىز ئۇيغۇرنىڭ ھىدىنى روھىنى ئىزدەۋاتقان بىر روھ .بىر تالانت ئىگىسى بىر ئوت يۈرەك. ئاز ئۇچرايدىغان بىر ئۇيغۇر ئەنە شۇنداق چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ھاياتقا سوئال. سوئالغا جاۋاب تاپالماي ھەسرەت ۋە ئارمان ئىچىدە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆزىنىمۇ، بىزنىمۇ، مېنىمۇ ئارماندا قويدى. لېكىن ئۇ يەنە ئۇيغۇرچە ئۆرۈپ ئادەت ئىچىدە دەپنە قىلىندى. ئەنە شۇ چاغدا مەن تەڭرى تېغىنىڭ سەككىز مىڭ كىلومېتىرغا سوزۇلغان مىسكىن باغرىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلدىم. روھىغا رەھمەت تىلىدىم. ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا چىقىش يولى ئوماق بالىلىرىغا گۈزەل كەلگۈسى تىلىدىم. ئۇ كەتتى لېكىن ئارمانلىرى بىز بىلەن بىللە. ئۇ كەتتى لېكىن ئۇنىڭ ۋەتەن مىللەت دېگەن سادالىرى ۋەتەن بىلەن بىللە. ئۇ كەتتى لېكىن ئۇنىڭ ئۆزۈلمەس ناخشىلىرى مەڭگۈ بىز بىلەن بىللە قالدى.

## مۇرات ناسىروفنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ئۇچۇرلار

ئاتاقلىق ئۇيغۇر ناخشا چولپىنى مۇرات ناسىروف 2007-يىلى 19-يانۋار كۈنى تويۇقسىز نۇرغۇن ئارزۇ-پىلانلىرىنى قالدۇرۇپ بۇ دۇنيادىن ئايرىلدى. 37 ياشلىق مۇرات ناسىروفنىڭ ۋاپاتى پەقەت ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغىلا قايغۇ ئېلىپ كەلمەستىن بەلكى، ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ۋە ئۇنىڭ تالانتىغا قايىل بولغان سانسىزلىغان ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ قايغۇسى ۋە ئېچىنىشىنى قوزغىغانلىقى مەلۇم. بولۇپمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەركۇر پەخىرلىك ئوغلانىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن تېخىمۇ ئېچىنىش ھېس قىلغان بولۇپ، ھەقىقەتەن مۇرات ناسىروف قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە باشقا جۇمھۇرىيەتلەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ پەخىرلىنىدىغان، ئەڭ قەدىرلەيدىغان ئادىمى بولۇپ قالغان ئىدى. مۇرات ناسىروف ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەركۇر جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەددىنى مەنىۋى جەھەتتىن بولسىمۇ، يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تالانتلىق بىر خەلق ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان ئىدى.

## بىرىنچى بۆلۈم مۇرات ناسىروفنىڭ ۋاپاتى رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەتبۇئاتلىرىدىكى چوڭ تېما

مۇرات ناسىروف ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرى ۋە ئىجاد قىلغان مۇزىكىلىرى ھەم ئاكتىپ سەنئەت ۋە جامائەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق

رۇسىيە ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا مەتبۇئاتلىرىنىڭ دائىملىق تېمىسىغا ئايلانغان، ئۇنىڭ قولىدا قەشقەر راۋابىنى كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر سەنئىتى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇت مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆزلەۋاتقان قىياپىتى رۇسىيە تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا پات-پات كۆرۈنۈپ تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتى رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زور تراگېدىيىلىك ۋەقە سۈپىتىدە يەنىلا مەتبۇئاتلارنىڭ دائىملىق تېمىسى بولۇپ كەلمەكتە.

مۇرات ناسىروف ھەققىدىكى ئۇچۇرلار رۇسىيە ئىزدەش تورلىرىدا ناھايىتى كۆپ سانلىق ئىگىلىگەن بولۇپ، رۇس تىلىدىكى ئىزدەش تورلىرىدىن «رامبلەر. رۇ»دا مۇرات ناسىروفقا ئائىت ئۇچۇر 110061 يەردە، «مائىل. رۇ» دا 45843 يەردە،«ياندەخ. رۇ» دا 45798 يەردە، ئۇچرايدۇ. غەرب دۇنياسىدىكى ئاتاقلىق تورلاردىن «گوئوگل» نىڭ رۇسچە قىسمىدا مۇرات ناسىروپ دېگەن ئىسىم 1 مىليون 560 مىڭ قېتىم ئۇچرايدۇ. دەسلەپكى ستاتىستىكىلىق ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، بۇ بىر شەخسكە نىسبەتەن غايەت زور سان ھېسابلىنىدىكەن.

مۇرات ناسىروفنىڭ ھايات ۋاقتىدا ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە يېزىلغان ئۇچۇر ۋە ماقالىلەرنىڭ سانىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بارلىق دېگۈدەك رۇسىيە ۋە باشقا مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقى ئەللىرىنىڭ ئاگېنتلىقلىرى، گېزىتلىرى، ئىنتېرنېت سەھىپىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە داۋاملىق ئۇچۇر ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلغانلىقى ھەم قىلىۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئىنتېرنېت تورلىرىدىن www.tden.ru ، www.dni.ru ، http://utro.ru ، http://www.km.ru ۋە باشقىلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. مۇرات ناسىروپقا ئائىت ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ كۆپچىلىكىدە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتا مەركەز قىلىنغان.

## مۇراتنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتىغا بولغان ئېچىنىش ھەم تەئەججۈپلىنىشلەر

بۇ ماقالىلەردە ئۇنىڭ تالانتى، نەتىجىلىرى ۋە ۋاقىتسىز ئۆلۈمىگە بولغان ئېچىنىشلار شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىكى ئىجادىيەتلىرى ھەم ئىش پائالىيەتلىرى يېزىلغان. بۇ ماقالىلەردە يەنە مۇرات ناسىروفنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ھەم مۇراتنىڭ دوستلىرىنىڭ ئەسلىمىلىرى شۇنىڭدەك باشقا كۆپلىگەن تېمىلار مەركەزلىك يورۇتۇلماقتا.

ئومۇمەن، رۇس تىلىدىكى مەتبۇئاتلاردىكى ئىنكاسلاردا مۇرات ناسىروفنىڭ ئۆلۈمىنىڭ تولىمۇ تاسادىپىي بولغانلىقى ۋە سىرلىق ھەم ئەجەبلىنەرلىك تۈس ئالغانلىقى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ھالدا بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغانلىقى، ئەگەر ھايات بولسا، تېخىمۇ كۆپ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى خەلققە تەقدىم قىلىشى، تېخىمۇ زور ھۆرمەتكە ئېرىشىپ، رۇسىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقى ئەللىرىنىڭ سەنئەت ناخشا-مۇزىكا پېشۋاسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قىسقىسى، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بولغان ئېچىنىش مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن.

## مۇراتقا يۇقىرى باھالار بېرىلگەن

رۇسىيە مەتبۇئاتلىرى رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق چولپىنى، زامانىۋى ناخشا ساھەسىنىڭ پادىشاھى دەپ ھۆرمەتلىنىۋاتقان ئاللا پۇگاچېۋا خانىمنىڭ مۇرات ناسىروفنىڭ ئۆلۈمىدىن ئېچىنىپ، «مۇرات تەبىئىي تالانتلىق ۋە تەبىئىي ئاۋازلىق ناخشىچى ئىدى. بىزنىڭ سەھنىمىز ئەڭ تالانتلىق بىر ئارتىستىن ئايرىلدى» دېگەن باھا سۆزلىرىنى ئېلان قىلدى.

مۇرات ناسىروفقا ئائىت ماقالىلەردە ئۇنىڭغا «ئاتاقلىق ناخشىچى ۋە كومپوزىتور» ، «ئاتاقلىق ناخشا چولپىنى» ، «رۇسىيە زامانىۋى ناخشا- مۇزىكىسىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى» دېگەندەك باھالار بېرىلگەن. مۇرات تۇغۇلغان قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدىن «كارۋان» قاتارلىق ئاساسلىق گېزىتلەرمۇ مۇرات ناسىروف ھەققىدە ئۈچۈر ۋە ياخشى باھا ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، مۇرات ناسىروفنىڭ قازاقىستاننى دۇنياغا تونۇتۇشقا قوشقان تۆھپىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

مۇرات ناسىروف توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلەردە يەنە ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۇنىڭ مىللەتپەرۋەر ئىكەنلىكى، ئۇ ھەممىلا يەردە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى جاكارلاپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى تونۇشتۇرغانلىقى، ھەممىلا يەردە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئىكەنلىكى ئەسكەرتىپ، دائىم سۆھبەتداشلىرى ۋە مەتبۇئاتلارغا «مەن ئۇيغۇر، ئالمۇتادا تۇغۇلدۇم، لېكىن، دادام ئىسمائىل سوپى قەشقەردىن كەلگەن. ئانام غۇلجىدا تۇغۇلغان» دېيىشنى ئۇنتۇمىغانلىقى، ھەتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ خەلق بولغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرغانلىقى بايان قىلىنغان.

## مۇراتنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەلىك ئەسلەپ ئۆتۈلگەن

مۇراتقا ئائىت ماقالىلەردە يەنە مۇرات ناسىروفنىڭ ئۇيغۇرلاردىن چىققان، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدىن چىققان بىردىن-بىر پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا كەڭ تونۇلغان ناخشىچى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىش بىلەن ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى ئەسلىنىپ ئۆتۈلگەن.

مۇرات ناسىروف 1991-يىلى يالتادا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياش ناخشىچىلارنىڭ مۇسابىقىسىدە بىرىنچى ئورۇننى ئالغاندىن كېيىن تونۇلۇشقا باشلاپ 1997-يىلى «تامبوۋغا بارماقچى بولغان

بالا» دېگەن ناخشىسى بىلەن پۈتۈن رۇسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدا شۆھرەت قازىنىپ، ياشلارنىڭ چوقۇنىدىغان چولپىنىغا ئايلانغان ئىدى.

مۇرات ناسىروفنىڭ «مەن دېمەك سەن، سەن دېمەك مەن»، «ئايدىڭ كېچە»، «مېنىڭ تارىخىم» قاتارلىق يۈزلىگەن ناخشىلىرى كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئاڭلىشىغا ئېرىشكەن. مۇرات ناسىروف ھازىرغىچە «مېنىڭ تارىخىم»، «ئويغاتقىن مېنى»، «كىمدۇر بىرى ئەپۇ قىلىدۇ»، «بۇ ئىشلار مەن بىلەن بولمىغان»،«قالدىم يالغۇز» قاتارلىق بەش ئالبومىنى نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ پلاستىنكىلىرى كەڭ بازار تاپقان. 90-يىللارنىڭ ئاخىرى ئۇنىڭ ئەڭ داڭ چىقارغان دەۋرى بولۇپ، بىر قېتىملىق ناخشا كېچىلىكىگە 50 مىڭ ئادەم قاتنىشىشتەك رېكورت يارىتىلغان ئىكەن.

## كومپوزىتور ۋە شائىر

مۇرات ناسىروف ئۆزىنىڭ بەش ئالبومىدىكى ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئۆزى يازغان، مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىشلىگەن. ئۇ، باشقىلارنىڭ يېزىپ بەرگەن مۇزىكىسى بىلەن سۆزىگە ناخشا ئېيتىشنى ياقتۇرمىغان.

مۇرات ناسىروف مەخسۇس كومپوزىتورلۇق ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ رۇس ناخشىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى جۇملىدىن ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان مۇزىكىلىرىنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن ھەم تەتقىق قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئۆزى ئىشلەش بىلەن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن سۆزىنى ۋە مۇزىكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرالىغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ رۇسىيە ناخشا پادىشاھى ئاللا پۇگاچېۋا، فىللىپ كىركىروپ قاتارلىق

كۆپلىگەن چولپانلارغا مۇزىكا ۋە سۆز تېكستى يېزىپ بەرگەن. قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ دىرېكتورى مۇرات ئەخمەدى مۇرات ناسىروفتەك مۇنداق كۆپ قىرلىق تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئاز ئۇچرايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خۇدا بەرگەن تەبىئىي ئاۋازى بار ھەققىي تالانتلىق ناخشىچى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## مۇرات رۇسىيە سەھنىلىرىدە دائىم ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتقان

مۇرات ناسىروف ئۈچ-تۆت يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرچە ناخشا ئىجاد قىلىش ۋە ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتىشقا باشلىغان. مۇراتنىڭ ئۇيغۇرچە ناخشا ئىجادىيىتى ئاساسلىقى ئۇنىڭ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن كۈچىيىشكە باشلىغان.

ئۇ، دادىسىغا بېغىشلاپ، ئۇيغۇرچە ناخشا ئىجاد قىلىشقا كىرىشكەن بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئالمۇتا ۋە يەركەنتتىكى ئۇيغۇر مۇزىكانتلار بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان شۇنىڭدەك ئۇيغۇر يېزىلىرىغا بېرىپ، ئۇيغۇر ھاياتىنى ۋە ئاھاڭلىرىنى ئۆگەنگەن. بۇ جەرياندا يەركەت شەھىرىدىكى «يەركەت بۇلبۇللار» ناملىق گۇرۇپپىنىڭ چالغۇچىسى پولات مۇرات ئۈچۈن كۆپ پىداكارلىق كۆرسەتتى. ئۇ، مۇراتقا ئۇيغۇر ئاھاڭلىرىنى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى توپلاشقا ياردەملەشتى. ئاخىرى، مۇرات ناسىروف 2004-يىلى دادىسىغا بېغىشلاپ «قالدىم يالغۇز» ناملىق ئۆزىنىڭ تۇنجى ئۇيغۇرچە ناخشا ئالبومىنى تەييارلاپ موسكۋا شەھىرىدە نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇ رۇسىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇرچە ئۈن پلاستىنكىسى بولۇپ، مەزكۇر پلاستىنكا موسكۋانى ئۆز ئىچىگە ئالغان رۇسىيە بازارلىرىغا ھەتتا ئۇيغۇر دىيارىغىمۇ تارقالدى. قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ دىرېكتورى مۇرات ئەخمەدى مۇرات ناسىروفنىڭ قەشقەردىن راۋاب ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى چېلىشنى ئۆگەنگەنلىكى ھەتتا قازاقىستانغا

قايتىپ كېلىپ، ئۇيغۇر ناخشا-ئېجادىيىتى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىشنى ئويلىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## مۇرات ناسىروفنىڭ ئىجادىيىتىگە دادىسى تەسىر كۆرسەتكەن

مۇرات ناسىروف 1969-يىلى ئالمۇتا شەھىرىدىكى دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىسمائىل ئاكا سابىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىسى بولۇپ، 50-يىللاردا قازاقىستانغا كۆچۈپ كەلگەن. ئىسمائىل ئاكا سەنئەتكار بولۇپ، مۇراتنىڭ ناخشىچى بولۇپ يېتىلىشىدە ئۇنىڭ رولى ۋە تەسىرى چوڭ بولغان. مۇرات ھەربىي ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن موسكۋاغا بېرىپ، مۇزىكا مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغان ھەم ئەلا نەتىجىدە بىلەن پۈتتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ داۋاملىق موسكۋادا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز كۈچى ۋە تالانتىغا تايىنىپ، ئاخىرىدا تەخمىنەن ئۈچ يۈز مىليون نوپۇسلۇق مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا تونۇلۇش سەۋىيىسىگە يەتكەن ئارتىسقا ئايلانغان.

ئۆتكەن يىلى ئالمۇتادىكى قازاقىستان ئۇيغۇر بايلىرى كۇلۇبى تەشكىللىگەن «ئىلھام مۇكاپاتى» بېرىش مۇراسىمىدا باھالىغۇچىلار بىردەك ھالدا ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سەنئەت ۋە ناخشا-مۇزىكا ساھەسى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك «ئىلھام مۇكاپاتى» بەردى.

# ئىككىنچى بۆلۈم   مۇرات ناسىروفنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى ئوخشاش بولمىغان قاراشلار

رۇسىيە ئاگېنتلىقلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىدا مۇرات ناسىروفنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ئىككى خىل ئاساسىي يەكۈن ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى «زەھەرلىك چېكىملىك تەسىرىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى» دېگەن ھۆكۈم بولسا، يەنە بىرى «ھادىسىگە ئۇچرىدى» دېگەن يەكۈندۇر. لېكىن، مەيلى قانداق يەكۈن چىقىرىلىشتىن قەتئىي نەزەر مۇرات ناسىروفنىڭ ئۆلۈمى يەنىلا غەلىتە، سىرلىق ۋەقە سۈپىتىدە كىشىلەرنى داۋاملىق ئويغا سالماقتا ھەم تۈرلۈك قىياس، پەرەز ۋە گۇمانلارنى قوزغىماقتا.

رۇسىيىدە چىقىدىغان «رودنايا گازېتا» نىڭ 25-31 يانۋاردىكى 3-ساندا ماقالە ئېلان قىلغان ژۇرنالىست ناتالىيا گېئورگىيېۋا مەرھۇم مۇرات ناسىروفنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى تۈرلۈك كۆز قاراش ۋە گۇمانلارنى يىغىنچاقلىغان بولۇپ، ئۇ ماقالىسىگە «مۇرات ناسىروفنىڭ سىرلىق ئۆلۈمى» دەپ نام بەرگەن.

«مۇرات ناسىروف 20-يانۋار شەنبە كۈنى بەشىنچى قەۋەتتىكى بالكونىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ قازا قىلدى، بۇ پاجىئەلىك ئۆلۈم ھەققىدىكى خەۋەر شۇ زامان پۈتۈن موسكۋاغا تارقالدى. بۇ بىر تاسادىپىي ھادىسىمۇ ياكى بىلىپ تاشلانغان قەدەممۇ؟ بۇ ئۆلۈمنىڭ سىرى ھەققىدە ھەر خىل سۆزلەر تارقالماقتا. نېمە ۋە كىم بۇ تالانتلىق مۇزىكانتنى ئەنە شۇ تەۋەككە قەدەم بېسىشقا مەجبۇر قىلدى؟ قەرز بەرگۈچىلەرمۇ؟ بىراق، بۇ ئىشتا جىنايەت بارلىقى ئىنكار قىلىنغان» دەپ سۆزىنى باشلايدۇ ناتالىيە خانىم ۋە ۋەقە يۈز بەرگەن جايدا بولغان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ مۇرات ناسىروفنىڭ سەھنە كىيىمى كىيگەن، بويىنىغا فوتو

ئاپپاراتى ئاسقان ھالدا ياتقانلىقى شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئوكۇل يىڭنىسى سانجىلغان ئىزلار تېپىلغانلىقىنى ھەمدە بۇنىڭدىن بىر قانچە مەزگىل ئىلگىرى ئۇنىڭ باشقا ئىسىم بىلەن زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلاش بويىچە داۋالانغانلىقىنى، قىسقىسى مۇراتنىڭ يەنە شۇ زەھەرلىك چېكىملىك تەسىرى ۋە ياكى ھاراق تەسىرىدىن ئۆزىنى بىنادىن تاشلاپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ.

موسكۋا ژۇرنالىستى ناتالىيا گېئورگىيېۋانىڭ ۋە باشقا تۇرلۇك ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، مۇرات ناسىروفنىڭ ئۆلۈمىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ھەققىدىكى كۆز قاراشلارنى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

## ئۇنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا ئىجادىيىتىدە قايتىدىن زور بۆسۈش يارىتالماسلىق سەۋەبى

بۇ خىل يەكۈن ئالدى بىلەن موسكۋادا چىقىدىغان «سودىگەرلەر» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان مۇرات ناسىروفنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبى ۋە ئىجادىي ھاياتىغا بېغىشلانغان ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن سىرت يەنە مۇراتنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىدىن ئېچىنغان رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق ناخشا چولپىنى، رۇسىيە ئېستراتەدىيە ناخشىچىلىقىنىڭ پادىشاھى ئاللا پۇگاچىيوۋا تەرىپىدىنمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگەن. مۇراتنىڭ تالانتىغا يۇقىرى باھا بەرگەن ئاللا پۇگاچىيوۋا «ئۇ ئىجادىيەت جەھەتتە ئاخىرقى پەللىگە يەتكەن، شۇڭا ئۇ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى» دەيدۇ.

90-يىللاردا داڭ چىقارغان ياشلارنىڭ «نا-نا» گۇرۇپپىسىنىڭ ناخشىچىسى ۋە مۇزىكانتى بارى ئالىباسوپمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ، 90-يىللاردىكى داڭلىق چولپانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ھازىرقى سەنئەت

سودىسىدا قىيىنچىلىقىقا يولۇقۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ، مۇراتنىڭمۇ شۇ ئەھۋالدا بولغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئومۇمەن، مۇرات ناسىروفنىڭ بۇرۇنقىدەك تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا دائىم پەيدا بولماي قېلىشى، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا يېڭى چولپانلارنىڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىگە قاراپ تۇرۇپ، مۇراتنىڭ ئىجادىي ئەھۋالىنى چۈشەنمىگەن بىر قىسىم سەنئەت ساھەسىدىكىلەر «ئۇنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتە بۇرۇنقىدەك بۆسۈش يارىتالمىغانلىقىغا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىنى تۇتقانلىقى» دەك پەرەزلەرگە ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە ئالغاندا، مۇرات ناسىروفنىڭ ئەڭ داڭ چىقىرىپ، يۇقىرى شۆھرەتكە ئېرىشكەن مەزگىلى 90-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ «تامبوۋغا بارماقچى بولغان بالا» ناملىق ناخشىسى ئۇنىڭغا ئەڭ زور شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن. بۇ ناخشا پۈتۈن ياشلارنىڭ سۆيۈپ ئېيتىدىغان ۋە ئاڭلايدىغان «خىت-پارات» ناخشىسى بولۇپ قالغان ئىدى. «تامبوۋغا بارماقچى بولغان بالا» دىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي مۇراتنىڭ «كىمدۇر بىرى كەچۈرىدۇ»، «سەن ۋە مەن»، «ئايدىڭ كېچىلەر» ناملىق ناخشىلىرى يەنە بىر مەزگىل زىلزىلە پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ ئاتاقلىق گۈزەل چولپان ئاليونا ئاپىنا بىلەن بىرگە ئېيتقان سۆرەتلىك ناخشا «ئايدىڭ كېچىلەر» ئېكرانلاردا دائىم كۆرسىتىلگەندىن كېيىن مۇرات بىلەن ئاپىنانىڭ «ئىشق- مۇھەببەت مۇناسىۋىتى» ھەققىدە تۈرلۈك سۆز چۆچەكلەر تارقىلىپ كەتتى. مۇرات ناسىروف دېگەن ئىسىم كىشىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكى مەدەنىي تۇرمۇشىدىن ئورۇن ئالدى. لېكىن، يەنىلا كىشىلەرگە ئۇنتۇلماس بولۇپ قالغىنى «تامبوۋغا بارماقچى بولغان بالا» ناخشىسى بولۇپ، بۇ ناخشىنىڭ ھەر بىر مىسراسى كىشىلەرگە يادا بولۇپ كەتكەن، چىراي تۇرقى رۇسلارغا ئوخشىمايدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىدىكى بۇ ياش يىگىتنىڭ ياڭراق ئاۋازى، چاققان ھەرىكەتلىرى دائىم رۇسىيە تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىن ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈن «مۇرات ناسىروف» دېگەن ئىسىم تېز ئارىدا پۈتۈن رۇسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ مۇرات

ناسىروفنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇنىڭ مەنىۋى ۋە شەخسىي ھاياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى ئىدى. چۈنكى، مۇرات بۇ مەزگىلدە ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلغان مەشھۇر چولپانغا ئايلىنىش ئارزۇسىغا يەتتى، ئائىلىۋى تۇرمۇشى جەھەتتىمۇ تۇنجى پەرزەنتى يەنى قىزى لىيە دۇنياغا كېلىپ، ئۇنىڭدا دادىلىق مۇھەببىتى پەيدا بولدى. ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتىمۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى كەچلىك كۇلۇبلاردا ناخشا ئېيتىپ تاپقان پۇللارغا ھايات قامداشقا خاتىمە بېرىلىپ، رۇسىيىنىڭ سەھنە سودا بازىرىغا كىرىش پۇرسىتىگە سازاۋەر بولدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ناخشىلىرى، ئۇنىڭ پلاستىنكىلىرىنىڭ بازار تېپىشى ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈش ئېلىپ كېلەتتى. ئاللا پۇگاچېيوۋا قاتارلىقلارنىڭ مۇراتنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبى ھەققىدە ئېيتقانلىرى دەل مەرھۇمنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولەن ئۇنىڭ تازا شۆھرەت ۋە بازار تاپقان ئالتۇن دەۋرىنى سىپلىشتۇرۇشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ ھەرگىزمۇ مۇراتنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئىستىقبالى ھەققىدە چىقىرىلغان ئاخىرقى ھۆكۈم ئەمەس ئىدى. «مۇراتنىڭ ئىجادىيەت كرىزىسىغا يولۇققانلىق» كۆز قارىشى مۇراتنىڭ دوستلىرى، يېقىنلىرى ۋە بىر قىسىم مۇزىكانتلار تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرى تامامەن باشقىچە بولۇپ، ئۇلار مۇراتنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتە كرىزىسقا دۇچ كەلگەنلىكى ئەمەس بەلكى، ئۇنىڭ ئەكسىچە تېخىمۇ يېڭى ئىجادىيەتكە كىرىشكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ.

مۇراتنىڭ ئايالى ناتالىيە بويكو خانىم ۋە مۇراتنىڭ دىرېكتورى ئالېكساندىر سكۇرخىن بۇ پىكىرنى رەت قىلىپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇراتنىڭ رۇسىيە تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا كۆپ كۆرۈنمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ داۋاملىق تۈردە ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە رۇسىيە شەھەرلىرىدە كونسېرت ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقى، ئۇنى يەنىلا ھەممە ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىقى ۋە ناخشىلىرىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۇنىڭ

داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېڭى پلاستىنكىسىنى نەشرگە تەييارلىغانلىقى،2-مارت كۈنى ئالمۇتادا موسكۋا ۋە قازاقىستان چولپانلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئەڭ زور بىر قېتىملىق كونسېرت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىغانلىقى، قىسقىسى ئۇنىڭ يەنىلا مول ۋە جىددىي ئىجادىيەت ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ.

رۇسىيىدىكى «كومسومول ھەقىقىي» گېزىتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ئاتاقلىق ناخشىچى، مۇراتنىڭ يېقىن دوستى مارىنا خلېبنىكوۋا خانىم «مۇرات ئىجادىي كرىزىسقا يولۇققان» دېگەن كۆز قاراشنى رەت قىلىپ، «مۇرات ناسىروفنىڭ كۆپلىگەن كونسېرتلىرى بولغان. ئۇ ئەڭ داڭلىق كۇلۇبلاردا ناخشا ئېيتقان، مەن مۇرات ناسىروف بىلەن بىرگە ئەرەب ئەمىرلىكىنىڭ پادىشاھىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇ يەرگە روجدوستۋو پائالىيىتىگە باردىم، مۇرات دائىم يېڭى ناخشىلارنى يازاتتى» .. دەيدۇ.

قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ دىرېكتورى، 70-80-يىللاردىكى ئاتاقلىق گۇرۇپپىلاردىن بىرى «ياشلىق» ئانسامبىلىنىڭ ناخشىچىسى مۇرات ئەخمەدى بولسا، «ھەر قانداق بىر ناخشىچىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى نام چىقىرىشىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھەم تۆۋەنلەش دەۋرى بولىدۇ، بۇ ئەھۋالغا ھەممىلا ئارتىس دۇچ كېلىشى مۇقەررەر، ئەمما، مۇراتنى ئىجادىيەت كرىزىسى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى دېيىش ئەخمىقانىلىك، ئۇ ھېچقاچان ئىجادىيەت كرىزىسىغا دۇچ كەلمىگەن. ئۇ يەنىلا تاماشىبىنلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئارتىسلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى پەقەت ئۇيغۇر خەلقىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن قازاقىستاندىكى، ھەتتا پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدىكى 140 مىللەتنىڭ ھەممىسى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى ئىجادىيەتلىرى تېخىمۇ كۈچلۈك چىققان، ئىجادىي كرىزىس بىلەن شوۋ-بىزنىسنى(سەنئەت بىزنىسى پەرقلەندۈرۈپ چۈشىنىش كېرەك» دەيدۇ.

## زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ھاراق مەسىلىسى

رۇسىيە مەتبۇئاتلىرىدىكى بىر قىسىم ئۇچۇرلاردا مۇراتنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك چەككەنلىكى، ئۇنىڭ ئىلگىرى بىر مەزگىل زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلاش ۋە روھىي جىددىيلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن داۋالانغانلىقى يېزىلىپ، مۇراتنىڭ بۇ قېتىممۇ ئەنە شۇ زەھەرلىك چېكىملىك تەسىرىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا تىرىشىلغان. بۇ ئۇچۇرلاردا مۇراتنىڭ ئىلگىرىدىنلا روھىي جىددىيلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى، بۇنىڭغا 2004-يىلى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈمى سەۋەب بولغانلىقى، ئۆتكەن يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى باغلان سادۋاقوسوپ ماشىنا ھادىسىسى بىلەن قازا قىلغاندىن كېيىن بولسا ئۇنىڭدىكى روھىي جىددىيلىكنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ، زەھەرلىك چېكىملىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغان بولۇشى مۇمكىنلىكى ئەسكەرتىلگەن. «كومسومول ھەقىقىتى» گېزىتى ئۇنىمۇرايىزات ھاجىيەۋ ئىسىملىك ئۆزىنى مۇراتنى داۋالىغان دەپ ئاتىغان بىر دوختۇرنى تاپقان بولۇپ، ئۇ كىشى ئۆتكەن يىل باھاردا ئۆزىنىڭ مۇراتنى داۋالاپ، ئۇنىڭ ھاراق تەسىرىدىن كېلىپ چىققان زابويلىۇقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەم زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلىشىغا ياردەم بەرگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. مۇرات ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئېغىر روھىي جىددىيلىككە گىرىپتار بولۇپ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئويىغا كەلگەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن. بىراق، مۇرات ئىككى ھەپتە داۋالىنىپ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتكەن ھەمدە كېيىن دوختۇرغا ئۆزىنىڭ ياخشى بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان ئىكەن. ژۇرنالىستلارنىڭ مۇراتنىڭ سەلبىي تەرىپى ھەققىدىكى بۇ خىل ئىسپاتلاشلىرى بەرىبىر ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ تەستىقلىشىغا ئېرىشەلمىدى. زەھەرلىك چېكىملىك مەسىلىسى ئۇنىڭ ئايالى ۋە دوستلىرى تەرىپىدىن بىردەك ھالدا قەتئىي تۈردە رەت قىلىنىدۇ. مۇراتنىڭ ئايالى ناتالىيە ۋە يېقىن دوستى پولات ھېزىموپنىڭ قارىشىچە، ئۇ مۇرات ھاراقمۇ

ئىچمەيدىغان، تاماكىمۇ چەكمەيدىغان ئادەم قانداقسىگە بىردىنلا ئۆزىگە ئوكۇل سالىدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ مۇراتنىڭ ھېچ قاچان زەھەرلىك چېكىملىك ئىشلەتكىنى كۆرگەنمۇ، ئاڭلىغانمۇ ئەمەس.

## زەھەرلەندۈرۈلگەن بولۇش ئېھتىماللىق مەسىلىسى

مۇراتنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى دېگەن يەكۈنگە مۇراتنىڭ خۇسۇسىي ھاياتى بىلەن ئالاقىسى يوق، مۇراتنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشىنىشى تەبىئىي ئەھۋال، چۈنكى، ئۇنداق داڭلىق سەنئەت ئەربابلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە زەھەرلىك چېكىملىك ئىشلىتىش، ياكى ھاراقكەشلىك نورمال ئەھۋالغا ئايلانغان. مەسىلەن: رۇسلارنىڭ 80-يىللاردىكى ئاتاقلىق ناخشىچىسى ۋلادىمىر ۋىسوتسكىيمۇ ھەددىدىن زىيادە ھاراققا بېرىلگەن ئادەم بولۇپ، ھاراقكەشلىكنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ ئەمدىلا 40 ياشقا كىرگەن جېنىغا زامىن بولغانلىقى دائىم تىلغا ئېلىنىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىك بولمىسىمۇ، ھاراقكەشلىك رۇس چولپانلىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان ئەھۋالدۇر.

مۇراتنىڭ ئايالى، دوستلىرى ۋە يېقىنلىرى مۇراتنىڭ ھاراقتىن، زەھەرلىك چېكىملىكتىن يىراق بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى شەرھلەش بىلەن بىرگە بۇنداق بىر ئىنساننىڭ ۋاپاتىغا ئەنە شۇنداق سەلبىي سەۋەبلەرنىڭ ئارتىلىشىنى قەتئىي قوبۇل قىلماسلىقى شۇنىڭدەك بۇنىڭدىن بىرەر سەۋەب ئىزدىشى نورمال ئەھۋالدۇر. ئەلۋەتتە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جىنايەتچىلىك، سوۋېتلار ۋەقەلىرى ئەۋجى ئالغان رۇسىيە، بولۇپمۇ موسكۋادەك بىر شەھەردە يۈز بەرگەن مەزكۇر تۇيۇقسىز ئۆلۈمنىڭ ئوخشاشلا كىشىلەرنى مۈرەككەپ ئويلارغا كەلتۈرۈشى تەبىئىي. شۇڭا ۋەقەنى تەكشۈرگەن ساقچىلار دەرھاللا مۇراتنىڭ ئۆلۈم ۋەقەسىدە «ھېچقانداق

جىنايەتچىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى يوقلۇقى، پەقەت ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەسى» ئىكەنلىكىنى مەتبۇئاتلارغا ئېلان قىلىشقا ئالدىرىدى. لېكىن، ساقچىلارنىڭ بۇ ھۆكۈمى كىشىلەرنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ سىرلىق ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىشىنى، بۇنىڭدا بىرەر يوشۇرۇن كۈچنىڭ بولۇش ئېهتىماللىقى ھەققىدە ئويلىنىشىنى چەكلىيەلمىدى.

«سىنىك كۈنۈك» ناملىق ئىنتېرنېت گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئىرىنا خارتانوۋانىڭ «مۇرات ناسىروف ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى زەھەرلىنىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن» ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالىسى مۇراتنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى يەنە بىر گۇمانلىق ئۇچۇرنى مەيدانغا چىقاردى. ماقالە ئاپتورى 19-يانۋار كۈنى مۇراتنى مەلۇم كىشىلەرنىڭ زەھەرلىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى شۇ كۈنى مۇرات ناسىروف ئاخىرقى قېتىم بولغان رېستوراندا مۇراتنى كۆرگەن كىرىستىنا ئىسىملىك بىر قىزنىڭ ئەسلىمىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدى. كىرىستىنا شۇ كۈنى مۇرات بارغان كەچلىك كۇلۇبقا بارغان بولۇپ، ئۇ يەردە مۇراتنى كۆرگەن. مۇراتنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى بولۇپ، سورۇندا 20 دەك ئادەم بولغان، بىراق، مۇرات ئۇ يەردە ئۇزۇن بولمايلا چىقىپ كەتكەن. كىرىستىنا سورۇندا فېلىكىس ئىسىملىك بىر قارا چاچلىق يىگىت بىلەن تونۇشقان بولۇپ، ئۇ قىزغا كوكتەيل ئىچىشنى تەكلىپ قىلغان. قىز بىر رومكا كوكتېيلنى ئىچكەندىن كېيىن، بارا بېشى قاتتىق ئاغرىپ، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي، ئۆمرىدە يولۇقمىغان غەيرىي بىر ئەھۋالغا يولۇققان بولۇپ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەي قالغان. «مېنىڭ ئەھۋالىم ئاجايىپ ناچار بولغان، مەن ھېچقاچان مۇنداق ئېغىر روھىي جىددىيلىككە (دېپرەسسىيگە) يولۇقۇپ باقمىغان ئىدىم، ياشىغۇم كەلمەي قالدى، بېشىمنىڭ ئاغرىقىدىن تامغا ئۇسسىگىم كەلدى. دوستلىرىمنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، مەن تەقدىرىمگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك، ئەگەر ئاشۇ زەھەرلىك ئىچىملىككە سېلىنغان زەھەرلىك چېكىملىك نورمىسىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، مەن تامغا

ئۈسگەن، بەلكى ناسىروفتەك دېرىزىدىن سەكرىگەن بولار ئىدىم» دەيدۇ كىرىستىنا.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئاشۇ بىر رومكا كوكتەيلنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىنلا خۇددى يوقاتقان ھەمدە فەلىكسنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغان، ئۇ يولدىلا ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، ئەتىسى ئويغانغاندا، ئۆيىدىكى نۇرغۇن پۇللىرىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلگەن. كىرىستىنا ئاشۇ ئىچكەن كوكتېيلگە زەھەرلىك چېكىملىك سېلىۋېتىلگەنلىكىنى بىلگەن ھەمدە مۇراتنىڭمۇ ئىچىملىكىگە مەلۇم بىرسىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك سېلىۋېتىپ، زەھەرلىك چېكىملىك تۇتقاندىن كېيىن ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش، ئارقىدىن ئۇنى بۇلاشنى پىلانلىغان بولۇشى، بىراق مۇراتنىڭ ئۇ يەردە ئۇزۇن ئولتۇرمايلا چىقىپ كېتىشى بىلەن پىلان ئەمەلگە ئاشماي، بۇ ئەھۋالغا ئۆزىنىڭ يولۇققانلىقىنى، مۇراتنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك سېلىۋېتىلگەن ئىچىملىكنى ئىچىپ، ئۇ تېخى تۇتماي تۇرۇپلا كۇلۇبتىن ئايرىلغانلىقى، ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئاندىن زەھەرلىك چېكىملىك تۇتۇپ، ئاخىرى ئاشۇ پاجىئە كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاپتور ئىرىنا خارىتانوۋانىڭ يېزىشىچە، ناركولوگىيە مۇتەخەسسىسى، ۋراچ تاتىيانا سولوماتوۋا كىرىستىنا ئىسىملىك بۇ قىزنىڭ پەرەزلىرىنى تەستىقلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەر قانداق زەھەرلىك چېكىملىك ماددىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئادەمدە دېپرېسسىيە (روھىي جىددىيلىك ۋە روھىي قالايمىقانچىلىق) تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ، ئادەم بىئارام بولىدۇ، خاپا بولىدۇ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئويى پەيدا بولىدۇ. مۇراتنىڭ ئاشۇنداق زەھەرلىك چېكىملىك ماددىسى سېلىۋېتىلگەن كوكتېيلنى ئىچكەندىن كېيىن ئەنە شۇنداق ئاقىۋەتكە قالغان بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىكەن.

مۇرات ئولتۇرغان كەچلىك كۇلۇبنىڭ خوجايىنىمۇ بۇ ئېھتىماللىقنى چەتكە قاققىلى بولمايدىغانلىقىنى، كىمدۇر بىرىنىڭ يوشۇرۇن ھالدا

شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، ھازىر بىخەتەرلىك دائىرىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن، ئۇ يەنە مۇراتنىڭ بۇ كۆلۈبنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە دائىملىق مېھمىنى ئىكەنلىكىنى، مۇراتتا ھېچقانداق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۆيىنىڭ بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

## پسىخولوگىيىلىك بېسىمدىن كېلىپ چىققان

«مەدىئاستار» ناملىق سەنئەت شىركىتىنىڭ سابىق پروديۇسسورى ئالېكساندىر تالماسكىي باشقىچە بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ مۇرات ۋە ئۇنىڭ دوستى باغلان سادۋاقوسوۋنىڭ ئۆلۈمىنى بىر-بىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە مەدىئاستار شىركىتىنىڭ يەنە بىر پروديۇسسورى ئارمان دوۋلەتياروپ، مۇرات ۋە باغلان قاتارلىق بۇ ئۈچەيلەننىڭ قازاقىستانلىق ھەم دوست ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن ئارمان دولەتياروپنى ۋەقە بىلەن باغلاپ پەرەز قىلىدۇ. ئالېكساندىر تالماسكىينىڭ قارىشىچە، ئۇ ھېچقاچان مۇراتنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكى ۋە ياكى زەھەرلىك چېكىملىك چەككەنلىكىنى كۆرمىگەن. ئۇ خۇشال-خۇرام يۈرىدىغان بىر ئادەم ئىدى. تالماسكىينىڭ قارىشىچە، بۇ يەردە مۇراتنىڭ ئۆزىنى بالكوندىن تاشلىۋېلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىل، ئۇنىڭغا كىمدۇر -بىرى «پسىخولوگىيە جەھەتتىن قاتتىق بېسىم كۆرسەتكەنلىكى بولۇشى مۇمكىن».

ھەقىقەتەن مۇراتنىڭ قېيىن ئانىسى مۇخبىرلارغا مۇراتنىڭ شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا كەيپىياتى نورمالسىز بولۇپ، ئۆيىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ، جىددىيلىشىپ يۈرگەنلىكىنى، نېمىدۇر بىرنېمىنى ھېسابلىغانلىقى شۇنىڭدەك كىمدۇر بىرلىرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ، بىر نەرسىنى پۈتتۈشكەنلىكى ۋە مۇزاكىرە قىلغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇنداقتا، بۇ يەردە مۇراتقا قاتتىق بېسىم كۆرسەتكەن بىر-سىر مەۋجۇتمۇ؟ بۇ سىر ئاشۇ تېلېفون

سۆھبەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

## بىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن مۇراتنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاشقا تىرىشىش

مۇرات ناسىروفنىڭ ۋاپاتىدىن قاتتىق ئېچىنغان بىر قىسىم رۇسىيە ئالىملىرى جۈملىدىن رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشقۇرتىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇ ف ئا بىئوخىمىيە ۋە ئىرسىيەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور ئېلزا خۇسنىدىنوۋا خانىم مۇرات ناسىروفنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئىرسىيەت جەھەتتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئىرسىي ئامىللىرىغا ئىگە ۋەقەدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

مەزكۇر ئىنستىتۇت مەخسۇس ئىرسىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، پروفېسسور ئېلزا خۇسنىدىنوۋانىڭ قارىشىچە، ئۇلار ئىلگىرىمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بىر قىسىم ئادەملەر ئۈستىدىن مەخسۇس بىئولوگىيىلىك ۋە ئىرسىيەت نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ھەقىقەتەن، بىر قىسىم ئادەملەردە ئەنە شۇنداق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىرسىي تەركىبلەر (گېنلار) بولىدىكەن. مەزكۇر پروفېسسور خانىم مۇرات ناسىروفنىڭ قېنىدا ئەنە شۇنداق ئامىلنىڭ بار بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكى، ئەگەردە مۇراتنىڭ قېنىنى ئېلىۋالغان بولسا، بۇنى ئېنىقلاش مۇمكىنلىكى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ قېنى ئارقىلىقمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ چىقىش مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەم قېنىدىكى بۇ «گېن» ھەرىكەتكە كەلگەندە ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىغا ماڭىدىكەن. ئەمما، بىر قىسىم مۇنداق گېنغا ئىگە ئادەملەردە ئۆلۈم ئاقىۋىتى چىقماسلىقى، بەلكى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ياكى كېيىنكى ئەۋلادلىرىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىكەن.

# ئۆچنچى بۆلۈم     مۇرات خاتىرىسى ۋە ھۆرمىتى

## «مەن مۇرات ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى بىلگەن ۋە سۆيگەن» ـــ ناتالىيە

رۇسىيە مەتبۇئاتلىرىدا مۇرات ناسىروفنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە تۈرلۈك كۆز قاراشلار ئىزچىل تۈردە ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ تۈپ سەۋەبى ھەققىدە تېخى ھازىرغىچە ئېنىق يەكۈن يوق بولۇپ، بۇنىڭ بەلكى بىر سىر بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى زور. لېكىن 8-فېۋرال كۈنى موسكۋا شەھەرلىك تىببىي مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بىر ئورۇن مۇراتنىڭ قېنىدىن ئىسپىرت ماددىلىرى ۋە زەھەرلىك چېكىملىك ماددىلىرى تېپىلمىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. نەتىجىدە ساقچىلارنىڭ مۇراتنىڭ «زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ھاراقتىن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى» دېگەن يەكۈنى ناتوغرا بولۇپ چىقتى. بۇ زادى قانداق ئۆلۈم؟ ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە يۈز بەرگەن ئۆز ئەجىلىدە ئۆلۈشمۇ ياكى باشقا نامەلۇم «بىر يوشۇرۇن كۈچ» تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان ئۆلۈممۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە، پەقەت ئاللاھقا مەلۇم، مۇرات ناسىروفنىڭ خانىمى ناتالىيە بىلەن بولغان تېلېفون سۆھبىتىمدە بۇ سىرنىڭ تېخى يېشىلمىگەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ، «تېخىچە نەتىجە چىقمىدى، نەتىجە يوق، ھەممە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى بىلىشنى خالايدۇ، ھازىر پەقەت پەرەزلەرلا مەۋجۇت» دېدى چوڭقۇر قايغۇ تەلەپپۇزىدا.

مەن مۇرات ناسىروفنىڭ بەلكى زەھەرلەنگەن بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدىكى پەرەزلەر توغرىسىدا ناتالىيە خانىمنىڭ قانداق ئىنكاسى بارلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ، قولىدا پاكىت بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە بىر نېمە دېيەلمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، «مەنمۇ شۇنداق پەرەز

قىلىمەن، لېكىن مېنىڭ قولۇمدا پاكىت يوق، مېنىڭ كىمدۇر بىرى ھەققىدە ئويلاش ياكى ئۇنى كۆرسىتىشكە مېنىڭ قولۇمدا ئىسپاتىم يوق. ئەلۋەتتە، مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا گۇناھكارنى تېپىشنى خالىسامىمۇ، بىراق مۇمكىن ئەمەس، ئومۇمەن، ئېنىق سەۋەبىنى بىلمەيمىز، بۇ شۇنداق بىر پاجىئەلىك ۋەقە بولدى، مەن بۇ ھەقتە ھېچقانداق تولۇقلىما بېرەلمەيمەن» دېدى.

ناتالىيە خانىم مۇراتنىڭ «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى» ھەققىدىكى يەكۈنلەرنى ۋە سۆزلەرنى رەت قىلىپ، قەتئىي رەۋىشتە، «مۇرات ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمايدۇ، ئۇنى زەھەرلىك چېكىملىك چەكتى دېگەن گەپمۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. ئۇ ھاياتلىقنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، گەرچە مەن ئۇنىڭ بىلەن ھاياتىم بويىچە بىرگە بولغان، ئەڭ يېقىن ئادەم بولسامىمۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى خۇددى باشقىلارغا ئوخشاشلا مەن ئۈچۈنمۇ چۈشىنىكسىز بىر ئەھۋالدۇر» دېدى ھەمدە مۇرات ناسىروفنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالماسلىقىغا پاكىت سۈپىتىدە ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ پىلانلىرى بارلىقى، ھاياتقا ئۈمىدۋار بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ يەنە مۇنداق دېدى: «ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى دېگەن سۆز پۈتۈنلەي ئۇنىڭ پىلانلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئامېرىكىغا بېرىشنى پىلانلىغان، ئۇ مېنى ئۇ يەردە كۈتۈۋاتىدۇ دەپ ئېيتقان ئىدى. مۇرات يەنە ئالمۇتادا دوستلىرى ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك ئارتىسلار قاتناشقان ئۆزىنىڭ چوڭ كونسېرتىنى ئۆتكۈزۈشنى، يېڭى ناخشا ئالبوملىرىنى چىقىرىشنى پىلانلىغان. بىز 3-ئاينىڭ 21-كۈنى قىزىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە توغرىلاپ، توي ئۆتكۈزمەكچى بولغان. ئۇنىڭ بىر قاتار زور پىلانلىرى بار ئىدى».

ناتالىيە خانىم بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزدە، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇرات بىلەن تونۇشۇش ۋە توي قىلىپ، ئائىلە قۇرۇش شۇنىڭدەك ئىجادىيەت جەھەتتىكى ھەمكارلىق مۇساپىلىرى ھەققىدە يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. ناتالىيە خانىم مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەن كۈنى يەنە موسكۋادا چىقىدىغان

«ھاياتلىق» گېزىتىنىڭ مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، مەخسۇس تۇردە ئۆزىنىڭ مۇرات ناسىروف بىلەن

ئۆتكەن 15 يىللىق مۇھەببەت ۋە ئائىلە تۇرمۇشىدىكى شەخسىي ئىشلار ھەققىدە توختىلىپ، مۇرات ناسىروفنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىرىنچى ۋە ئاخىرقى سۆيگەن مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى، ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە پەقەت بىرلا مۇرات ناسىروفنى ياخشى كۆرۈپ ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

«مەن ئەبەدىي-ئەبەد پەقەت مۇراتنىلا سۆيىمەن» دەپ جاكارلايدۇ ناتالىيە. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار1992-يىلى موسكۋادىكى گېنېسىن نامىدىكى مۇزىكا مەكتىپىدە تونۇشقان ھەمدە بىرگە ئوقۇغان. ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار ئارىسىدا كۈچلۈك مۇھەببەت يالقۇنلاپ، جاپا-مۇشەققەتتە بىرگە بولۇپ، ئوقۇشىنى بىرلىكتە پۈتتۈرگەن. 1996-يىلى، ئۇلارنىڭ تۇنجى پەرزەنتى — قىزى لىيە، 2000-يىلى ئوغلى ئاكىم تۇغۇلغان.

مۇرات ئاق كۆڭۈل، مەرد، ئوچۇق-يورۇق يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەن. ئۇ يالتادا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە بىرىنچى بولغاندا ئېرىشكەن ئازراق پۇللارنى ئۆزى يالغۇز خەجلىمەستىن مەكتەپداش دوستلىرىغا بۆلۈپ بېرىۋەتكەنىدە ھەممەيلەن ھەيران قېلىشقان. يالتادىكى زور نەتىجىدىن كېيىن گېنېسىن نامىدىكى مۇزىكا مەكتىپىدە مۇرات دېگەن بۇ ئىسىم مەشھۇر بولۇپ تونۇلغان بولۇپ، قازاقىستانلىق بۇ ئۇيغۇر يىگىتى ساۋاقداشلىرىنىڭ چوقۇنىدىغان، ھەۋەس قىلىدىغان شەخسكە ئايلانغان.

«ھاياتلىق» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان سۆھبەتتە بايان قىلىنىشىچە، ناتالىيە بىلەن مۇراتنىڭ توي قىلىشىغا دەسلەپتە مۇراتنىڭ ئالمۇتادا تۇرۇشلۇق ئاتا-ئانىسى قوشۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بارا-بارا ئۇلار مۇرات بىلەن ناتالىيەنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىنى چۈشىنىپ، ئۇلارنى قوللاش قارارىغا كەلگەن ھەمدە ناتالىيەگە ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ

قائىدىسى بويىچە مۇراسىم ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى بەرگەن. ناتالىيە بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانچە نىكاھ قىلغان. «بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب» ــ دەپ چۈشەندۈردى ناتاشا، «ــ مۇراتنىڭ ئاتىسى دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، ئۇ ئالمۇتادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نامى بار دىنىي زات ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئۇيغۇر قىزغا ئۆيلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى ئوغلىنىڭ يېنىدا ئۆز مىللىتىدىن بولغان ئايالىنىڭ، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى...» ناتالىيەنىڭ ئەسلىشىچە، دەسلەپتە مۇراتنىڭ ئاتا-ئانىلىرى كېلىنگە باشقىچىرەك قارىغان، كېيىن، ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھەم ناتالىيىنىڭ ئۇلار بىلەن تېز تىل تېپىپ كەتكىنىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇلارنى قوللىغان.

ناتالىيەنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، مۇرات بىلەن ناتالىيە دەسلەپتە كەچلىك كۇلۇبلاردا بىرگە ناخشا ئېيتىپ، تۇرمۇش قامدىغان. كېيىن، مۇراتنىڭ نامى چىققاندىن كېيىن، مۇرات پۈتۈن ئىمكانىيىتى بىلەن ئائىلىسىنى ياخشى قامدىغاندىن سىرت يەنە ناتالىيەنىڭ ناخشا چولپىنى بولۇشى ئۈچۈن مەبلەغ سالغان ھەم تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، ھەر قېتىملىق كونسېرتلاردا ئۇ ناتالىيە بىلەن بىرگە ناخشا ئورۇندىغان. ناتالىيەنىڭ ئېيتىشىچە، مۇرات ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە ناخشىلارنىمۇ ئۆگەتكەن بولۇپ، «گۈل ئايىم» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى كۆپ سەھنىلەردە بىرگە ئورۇندىغان ئىكەن. ناتالىيە موسكۋادىكى «ھاياتلىق» گېزىتىدە ئېلان قىلغان سۆھبىتىدە مۇراتنى « ئۇلۇغ خەلقنىڭ ئوغلى» دەپ ئاتاپ، مۇراتنىڭ ئۆز خەلقىنى سۆيگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك، تارىخى ئۇزۇن ۋە تالانتلىق بىر مىللەت ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالغان.

مېنىڭ ناتالىيە خانىم بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىم جەريانىدىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇرات ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى بىلگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ،

«مەن سەممىيلىك بىلەن ئەپسۇسلىنىمەنكى، پۈتۈن خەلق ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى ھەم ھەقىقىي ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەتەنپەرۋەرىدىن ئايرىلىپ قالدى. مۇرات ھەقىقەتەن ئۆز خەلقىنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئۆز خەلقىدىن دائىم پەخىرلىنەتتى ھەمدە ئۆز خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق ھۆرمەت مۇئامىلىسىدە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنەتتى. مەن بارلىق ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە يەنى مەن مۇرات ئارقىلىق بىلگەن ۋە سۆيگەن بۇ خەلق بىلەن بىرگە مۇراتنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرماقتىمەن، مۇرات ئۇيغۇر ئەنئەنىسى ۋە يىلتىزى ھەم تارىخىنى ئۆگىنەتتى. ئۇ دائىم، بىزگە بۇ ھەقتە سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان ھەممىگە ئۇيغۇرلار ھەققىدە سۆزلەپ ھەرگىز ھارمايتتى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ھەققىدە سۆزلەشتىن ھوزۇر ھېس قىلاتتى. ھەممىلا يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ، كىشىلەرنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشتۇرۇشقا تىرىشاتتى» دېدى.

ناتالىيەنىڭ ئېيتىشىچە، مۇرات رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋلادىمىر پۇتىن، قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ۋە باشقا مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقى پرېزىدېنتلىرى قاتناشقان، 2006-يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا قارا دېڭىز بويىدىكى سوچىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر ناخشا كېچىلىكىدە ئۇنىڭ ناخشىلىرىدىن ھوزۇرلانغان ۋلادىمىر پۇتىننىڭ نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ ئالدىدا پەخىرلىنىش تەرىقىسىدە مۇراتنىڭ رۇسىيە چولپىنى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مۇراتتىن سورىغان «سىز قايسى دۆلەتكە تەۋە؟» دەپ سورىغان سوئالىغا، مۇرات «مەن قازاقىستاندا تۇغۇلدۇم، رۇسىيىدە ناخشىچى بولۇپ تونۇلدۇم، لېكىن مېنىڭ مىللىتىم ئۇيغۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. پۇتىن بىلەن نازاربايېۋ مۇراتنىڭ بۇ دىپلوماتىيىلىك جاۋابىغا ۋە ئۇنىڭ تالانتىغا قايىللىق ئىزھار قىلغان.

ناتالىيە خانىمنىڭ ئېيتىشىچە، مۇرات ناسىروف دادىسىدىن خەتمە-قۇرئان قىلىشنى ئۆگەنگەن مۇرات بەزىدە ناماز ئوقۇغان، دائىم قۇرئان

ئوقۇشنى مەشىق قىلىپ، دادىسىدەك سەۋىيىگە يېتىشكە تىرىشقان. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ دادىسىدەك خەتمە قۇرئان قىلالمايدىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، دادىسىنىڭ ھەقىقەتەن يېقىملىق خەتمە قۇرئان قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، چوقۇم دادىسىنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشكە تىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىدىكەن. ناتالىيەنىڭ ئەسلىشىچە، مۇرات دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ناماز ئوقۇشقا كىرىشكەن. لېكىن، تولۇق ئادا قىلالمىغان بولۇپ، ئۇ دائىم، «40 ياشقا كىرگەندە ئىسلامى قائىدە بويىچە بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ، ئىمان-ئېتىقاد بىلەن ياشايمەن»، دېگەن ئىكەن. مۇرات يەنە ھەج سەپىرى قىلىش ئۆيىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلدۈرگەن ئىكەن.

مەن ئۇزۇن يىللار دىنسىزلىق تەلىماتى ئېلىپ بېرىلغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا، بولۇپمۇ، موسكۋادەك رۇسلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئاجىز، رۇس مەدەنىيىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە شەھەردە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە رۇس جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ رەڭگارەڭ ۋە چىرىكلىشىش نىسبىتى يۇقىرى قاتلىمىدا ياشىغان مۇراتنىڭ مۇنداق ئۆز دىنىي-ئېتىقادى ۋە مىللىتىنى قەدىرلەش روھىغا ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم ئەم مىللىي مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئايرىلمىغان مەدەنىيەت كوللېكتىپىنىڭ قويىنىدا ياشاپ، ئۆز تىلى، ئېتىقادى، تۇيغۇسى ۋە روھىنى قەدىرلىمىگەن ۋە قەدىرلىمەيۋاتقان ئۇيغۇرلىرىمىدىن ئېچىندىم. بىز بۇ يەردە مۇراتنىڭ ناخشىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئېسىل روھىدىن ھۇزۇرلانساق ھەم ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالساق بولغۇدەك دېگەن ئويغا كەلدىم.

### «مەنمۇ ئۆز مىللىتىمدىن پەخىرلىنىمەن ۋە ئۇنى مۇرات ئاكامدەك سۆيىمەن» ـــ دىلناز ئەخمەدىيېۋا

مۇرات ناسىروف ۋاپات بولغاندىن كېيىن، موسكۋا، ئالمۇتا، ئۈرۈمچى،

بىشكەك ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر ياشلىرى مۇراتنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزدى ۋە ئۆتكۈزمەكتە. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر ئېلىدىكى بىر قىسىم ياشلار بولسا ئىنتېرنېت تورلىرى ئارقىلىق، مۇراتقا بولغان سېغىنىشلىرى، ھۆرمەتلىرى، قايغۇلىرىنى ئىزھار قىلىشماقتا، ھەتتا بەزىلەر مۇراتقا ئاتاپ تولىمۇ گۈزەل شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قېرىنداشلىق مۇھەببەتلىرىنى بىلدۈردى.

رۇسىيىنىڭ «كم. رۇ» ئىنتېرنېت گېزىتىنىڭ ئۇچۇرىدىن قارىغاندا، موسكۋادىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ۋە مۇرات ناسىروفنىڭ دوستلىرى 26-يانۋار كۈنى موسكۋا شەھىرىدىكى بىر رېستوراندا مەرھۇمنىڭ يەتتە نەزىرىنى ئۆتكۈزگەن.

نەزىرىنى مەزكۇر رېستوراننىڭ خوجايىنى جۇرئەت زاكىروپ ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بۇنىڭغا مەرھۇم مۇرات ناسىروفنىڭ ئايالى ناتالىيە ۋە 11 ياشلىق قىز لىيە قاتناشقان شۇنىڭدەك يەنە موسكۋادىكى بىر قىسىم ئاتاقلىق سەنئەتكارلار، مەرھۇمنىڭ دوستلىرى ئىشتىراك قىلغان. نەزىرىگە رۇسىيە فېدېراتسىيىسى ئىسلام دىنىي ئورگىنىنىڭ باش مۇفتىسى قاتنىشىپ، خەتمە قۇرئان قىلغان. نەزىرىدە يەنە مۇرات ناسىروفنىڭ ئاخىرقى ئۇيغۇرچە ئىجادىي ناخشا-مۇزىكىلىرى قويۇلغان بولۇپ، مەرھۇمنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىگە باھالار بېرىلگەن. ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر ياشلىرى بولۇپمۇ مۇراتنىڭ دوستلىرى دائىم بىر يەرگە جەم بولۇپ، مۇراتنىڭ ئەسلىدە ئۆتكۈزمەكچى بولغان 2-مارتتىكى كونسېرتىنى ئەمەلدىن قالدۇرماي، تېخىمۇ زور كۆلەمدە ئۆتكۈزۈش، بۇنىڭ ئىقتىسادىي چىقىملىرىنى ھەل قىلىش شۇنىڭدەك قازاقىستان ھۆكۈمىتىدىن مۇراتنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىش قاتارلىق كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغان. ئەلۋەتتە، بۇ پائالىيەتكە يەنە قازاقىستاندىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە جامائەت ئەربابلىرىمۇ ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتاقلىق ناخشىچى دىلنار ئەخمەدىيېۋا خانىممۇ بار ئىكەن.

دەسلەپكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ئالمۇتادا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراتنى خاتىرىلەش كونسېرتىغا موسكۋادىكى ئاتاقلىق چولپانلاردىن 50 نەپىرى كېلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇرات بىلەن بىرگە «ئايدىڭ كېچىلەر» ناملىق ناخشىنى ئېيتقان مەشھۇر رۇس چولپىنى ئالىيونا ئاپىنا، مارىنا خلېبنىكوۋا ۋە باشقىلارمۇ بار ئىكەن. مەزكۇر كونسېرت جەريانىدا مەخسۇس مۇراتنىڭ ناخشىلىرىنى ئورۇنلاش ۋە ئۇنىڭغا بېغىشلاپ ناخشا ئېيتىش بېكىتىلگەن.

دىلناز ئەخمەدىيېۋا خانىم بولغان تېلېفون سۆھبىتىمدە، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇرات بىلەن يېقىن ئۆتكەنلىكى، مۇراتنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاكا ۋە ئۇستاز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئۆزىنىڭ مۇراتنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن مۇراتتەك شان- شەۋكەت قازىنىش يولىدا كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دىلناز ئەخمەدىيېۋامۇ ئالمۇتادىكى مۇراتقا بېغىشلانغان كونسېرتتا ناخشا ئېيتىشنى قارار قىلغان ئىكەن.

دىلناز ئەخمەدىيېۋا خانىم سۆزىدە مۇراتنىڭ ئۆز مىللىتىنى قەدىرلەش ۋە سۆيۈش ھەم ئۆز مىللىتىدىن پەخىرلىنىش روھىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرى جۈملىدىن ئۆزى ئۈچۈن چوڭ بىر ئۈلگە بولغانلىقى، مۇراتنىڭ قازاقىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنى مىللەتپەرۋەرلىك روھى بىلەن تەربىيىلىگەنلىكىنى تەكىتلەپ، «مەنمۇ ئۆز مىللىتىمدىن پەخىرلىنىمەن ۋە ئۇنى مۇرات ئاكامدەك سۆيىمەن» دېدى.

دىلناز ئەخمەدىيېۋا خانىم قازاقىستان ۋە باشقا جۇمھۇرىيەتلەرگە تونۇلغان ياش ناخشا چولپىنى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ نامى قازاقىستانغا مەشھۇر بولۇپ ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ۋە تالانت سىمۋوللىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. دىلنازنىڭ دادىسى ئاتاقلىق ناخشىچى مۇرات ئەخمەدى، بوۋىسى مەشھۇر ناخشىچى ئابدۇرېھىم ئەخمەدىيدۇر. بۇلار ئۈچ ئەۋلاد سۈپىتىدە، تەخمىنەن 60 يىلدىن بېرى ئۇيغۇر ئېلى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سەھنىلىرىنى زىلزىلىگە سېلىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

# مۇرات ناسىروف ۋە مەن

ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك شانلىق مەدەنىيەت ۋە سىياسىي تارىخ ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ چىن قەلبىدىن پەخىرلىنىدىغان، سۆيىدىغان ۋە ئۇلۇغلايدىغان سۇلتان سۇتۇق، مويۇنچۇر، سەئىدىخان كەبى ئىمپېراتورلىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك سىياسىيون-دۆلەت ئەربابلىرى، مەھمۇد قەشقىرى كەبى ئالىملىرى، ئەلىشىر ناۋايى كەبى يازغۇچى-شائىرلىرى ۋە ئامانىساخان كەبى سەنئەتكارلىرىدىن ئىبارەت كۆپلىگەن نامايەندىلىرىگە ئىگە بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق ۋە سەلتەنەتلىك ئۆتمۈشى ھەم ئاشۇ بۈيۈك نامايەندىلىرى ئۇلارنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ يىلتىزىنى سۇغارغۇچى روھى مەنبە بولغان بولسا، 20-ئەسىردە مەيدانغا چىققان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇلۇغ ئادەملىرى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىشنىڭ ئاۋانگارتلىرى سۈپىتىدە تېگىرقاش ھەم ئۈمىدۋارلىق بىلەن كېلەچەككە قاراپ مەردانە قەدەم تاشلاۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىش شۇنىڭدەك چاقىرىق قىلىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرماقتا. 20-21-ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىشتا ھەسسە قوشۇۋاتقان ئۇيغۇر پىداكارلىرىنىڭ سانى ۋە كەسىپ دائىرىسى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئاللىقاچان تەكلىماكان ۋە جۇڭغارىيىدىن ئىبارەت ئىككى ئويمانلىقتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ياۋرو-ئاسىياغا جۈملىدىن دۇنياغا يۈزلەندى ھەمدە خەلقئارالىق تۈس ئالدى. ئۇزۇن يىللار بۇ ئىككى ئويمانلىققا دۈملەپ قويۇلغان ئۇيغۇر كىملىكى

بۈگۈنكى كۈندە تارىختىكى ئورخۇن دۆلىتىنىڭ ئىگىلىرىلىق سۈپىتى بىلەنلا ئەمەس بەلكى، يېڭى ئۇيغۇر كىملىكى ھالىتىدە يەر شارىغا تونۇلۇشقا باشلىدى. دۇنيا مۇنداق بىر مىللەتنىڭ ھېچقاچان ئۇنتۇلۇپ كېتىلمەيدىغانلىقى، بەلكى ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا يېڭى تارىخ يازىدىغانلىقىغا ئىشەندى ۋە ئىشلەنمەكتە.

مەن ئەنە شۇ كۆپلىگەن تالانتلىق ۋە پىداكار كىشىلىرىمىز قاتارىدا پەقەت ئاددىي بىر ئۇيغۇر ناخشىچىسى يەنى ئۇيغۇر سەنئەتكارى ھەققىدە ئاساسىي تېما سۈپىتىدە توختالماقچىمەن. ئەمما ئەسكەرتىمەنكى، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۆز خەلقى ئۈچۈن جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ھېس قىلغان ھەم مىللىتىنىڭ ئالدىدا نېمىنىڭ نومۇس، نېمىنىڭ شەرەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىغان ئاددىي ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر!

## رۇسلارنى ئۇسۇلغا سالغان ئۇيغۇر مۇڭى

سۆيۈملۈك دوستلار! شۇنچە شوخ «گۈل ئايىم» ناخشىسى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ھاياتلىققا رومانتىك مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن ئۇزۇلمەس شىجائەت بەخش ئېتىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم! بەلكى، بۇ ناخشىنى بىلمەيدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر بولمىسا كېرەك؟! ئۇيغۇرنىڭ پاك مۇھەببەتكە، ساداقەتمەنلىككە شۇنداقلا ئەركىن، شاد-خۇرام ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشى بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ ناخشا ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋى كۈچ قۇۋۋىتىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە، ئۇيغۇرنىڭ ئايىغى تەككەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بارغان ھەم بارماقتا. مانا بۈگۈنكى كۈنلەردە بۇ ناخشا رۇسىيە سەھنىلىرىنى زىل-زىلىگە سېلىپ، سەنئەتخۇمار رۇس تاماشىبىنلىرىنى ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزۇۋەتمەكتە. بۇ ناخشا بىپايان رۇسىيىنىڭ موسكۋا، سانكت پېتېربۇرگ قاتارلىق كۆپلىگەن چوڭ-كىچىك شەھەرلىرى ھەتتا سىبىرىيە

ئورمانلىقلىرىدىكى سوغۇق ئىقلىم قىشلاقلىرىدا، ۋولگا-ئۇرال ۋادىلىرىدا، ئۇكرائىنىيىنىڭ دنىپىر دەريالىرى ۋادىلىرىدا، بىلرۇسسىيىنىڭ يېشىللىققا پۈركەنگەن تۈزلەڭلىكلىرىدە، مولداۋىيەنىڭ ئۈزۈمزارلىقلىرىدا ياڭراپ، ئۇ يەرلەردىكى كىشىلەرگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دوستلۇق تىلەكلىرىنى بىلدۈرمەكتە. ئۆمرىدە ئۇيغۇر دېگەن نامنى ئاڭلاپ باقمىغان كىشىلەر ئۇيغۇرنىڭ بۇ شوخ ناخشىسىنىڭ كۈچلۈك مۇزىكىلىق ئۇدارلىرىغا جور بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشمەكتە. ئەلۋەتتە، ئۆزىدىن باشقا خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزىدىن ئۈستۈن كۆرۈش تۇيغۇسى ۋە ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئاھاڭلىرىدىن زوق ئېلىش ئىقتىدارى كەمچىلىك بىلەن تونۇلغان رۇسلارنىڭ ئۇيغۇرنىڭ كىچىككىنە بىر يېزىسى بولغان ئاتۇشنىڭ ئەنئەنىۋى خەلق ئاھاڭلىرىغا ئۇسسۇلغا چۈشىشى زور بىر مۆجىزە بولسا كېرەك؟ بۇ مۆجىزە پەقەت مەخسۇس رۇس مۇزىكىلىرىنى ۋە رۇسلارنىڭ مۇزىكا پسىخىكىسىنى ياخشى چۈشەنگەن ئۇيغۇر يىگىتى مۇرات ناسىروف تەرىپىدىن يارىتىلدى.

ئۇنداقتا مەزكۇر ناخشىنى شۇنچە يېقىملىق ئېيتىپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقى كىشىلىرىنى ھاياجانغا سالغان بۇ ناخشىچى كىم؟ ئۇ، بۈگۈنكى كۈندە رۇسىيە جۇملىدىن پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىدا مەشھۇر بولۇپ تونۇلغان، ناخشا خۇمار ياشلارنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغان، ناخشا چولپىنى مۇرات ناسىروفتۇر. مۇرات ناسىروف بۈگۈنكى رۇس ئەسترادىلىق ناخشا-مۇزىكىسىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ئاللا پۇگاچېۋا، فىلىپ كىركوروۋ، ئولېگ گازمانوپ، ۋالېرى لىئەئونتېۋ ۋە باشقىلار غا ئوخشاش شان-شۆھرەتكە ئېرىشكەن بولۇپ، ھازىرقى زامان رۇسىيە سەنئەت تارىخىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالغان.

ئەلۋەتتە، شوخ ۋە يېقىملىق ناخشا-مۇزىكىلارنىڭ ۋاقتى كەلسە مىللەت ۋە تىل ئايرىمىسى بولمايدۇ، ئەنە شۇنداق ھەممە مىللەت جۇملىدىن ھەممە ئىنسان ئورتاق ھۇزۇرلىنالايدىغان، بەھىر ئالالايدىغان ناخشا-

مۇزىكىلارنى ھەممە مۇزىكانت ئىجاد قىلالمايدۇ شۇنداقلا ھەممە ناخشىچىلار ئېيتالمايدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىلگىرى كېيىن ئىككى ئۇيغۇر ناخشىسى رۇسلارنى قىسقىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنى ئۇسۇلغا چۈشۈردى دېسەك مۇبالىغە بولمىسا كېرەك، بۇ ئىككى ئۇيغۇر ناخشىسىنىڭ بىرى 70-80-يىللاردا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تونۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ «ياشلىق» ئانسامبلى تەرىپىدىن ئورۇنلانغان «ئاپپاق-ئاپپاق توشقانلار» بولسا، يەنە بىرى 90-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋە ھازىرمۇ ئېيتىلىۋاتقان «گۈل ئايىم» ناخشىسىدۇر. ھەر ئىككىلا ناخشا ئۇيغۇر خەلق ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىجراچىلىرىنىڭ ئىسىملىرى مۇرات بولۇپ، ئالدىنقىسى قازاقىستان خەلق ئارتىسى، قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ دىرېكتورى مۇرات ئەخمەدى ئىدى. 70-80-يىللاردا «ياشلىق» ئانسامبلىغا رەھبەرلىك قىلغان ياش مۇرات ئەخمەدى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى قېتىم مەخسۇس گورۇپپا تۈزۈپ، ئۇيغۇر چالغۇلىرى بىلەن غەرب ۋە زامانىۋى چالغۇلارنى ھەم مۇزىكا ئۇدارلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىنى قازاقىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە شۇنىڭدەك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە رايونلىرىدا ئورۇنلاپ، مىليونلىغان ئىخلاسمەنلەرنى بويسۇندۇرغان ئىدى. ياشلىق ئانسامبلىنىڭ گورۇپپىسى دائىم تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا كۆرۈنۈپ، «ئاپپاق-ئاپپاق توشقانلار» ناخشىسى رادىئو-تېلېۋىزورلاردا دائىم ياڭراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ توي-تۆكۈنلىرىدە، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ۋە تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە بۇ ناخشىنى ئېيتىش ھەم ئۇسۇل ئويناش نورمال ئەھۋالغا ئايلانغان ئىدى.

مۇرات ئەخمەدىنىڭ نامى ئەينى ۋاقىتتا ياشلىق ئانسامبلى بىلەن ھەم

ئاشۇ ئۆزى ئورۇندىغان بىر قاتار ناخشىلىرى بىلە زىچ باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى تار ئۇيغۇر دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. بەلكى، مۇرات ئەخمەدى ھازىرمۇ ئاشۇ 20-30 يىللارنىڭ ئالدىدىكى شۆھرىتى بىلەن ياشاۋاتقان بولسا، كىرەك؟! مۇرات ئەخمەدى دېسە كىشىلەر ئۇنىڭ ھازىرقى ناخشىلىرى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ياشلىق مەزگىلىدە ئېيتقان «ئاپپاق-ئاپپاق توشقانلار»، «بىرىنچى مۇھەببەت» ۋە باشقا بىر قاتار ناخشىلىرىنى ئەسلىرىگە كەلتۈرىدۇ. قىسقىسى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نوپۇسى ئاز مىللەت ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇردىن چىققان ئىككى مۇرات ئۇ يەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنى تونۇتتى. كېيىنكى مۇرات بۇرۇنقى مۇراتتىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەنكى، ئۇ موسكۋادەك رىقابەت شەھىرىدە، رۇسلارنىڭ مانا مەن دېگەن چولپانلىرى رىقابەتلىشىپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكلىرى ۋە تالانتلىقلىرى ئۆتۈپ چىققىدىغان بىر جايدا رىقابەت مەيدانىغا چۈشۈپ، داڭ چىقاردى ۋە شۆھرەت قازاندى.

ئەلۋەتتە، ھەر بىر ناخشىچىنىڭ دەۋر سۈرىدىغان، شان-شەرەپ قازىنىدىغان، سان-ساناقسىز ئىخلاسمەنلەرنى مەھلىيا قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن بويسۇندۇرىدىغان بىر مەزگىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە يېڭى ئەۋلادلارغا ئورۇن بېرىپ، پەخىرلىك نامى ۋە ئاۋازى بىلەن ئۆز ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالىدىغان ۋە ياكى ئۇنى يوقىتىپ، بارا-بارا ئىخلاسمەنلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلىدىغان مەزگىلىمۇ بولىدۇ. ئەمما، مۇرات ناسىروف ئالدىنقىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز شۆھرىتىدىن مەھرۇم قالمىدى ھەم تېخىمۇ يېڭى ۋە زامانغا لايىق ئىجادىيەتلىرىنى مەيدانغا چىقىرىپ، ئىخلاسمەنلىرىنىڭ سانىنى ۋە دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتمەكتە ۋە كۆپەيتمەكتە.

دېمەك، مېنىڭ بايان قىلىدىغىنىم كونا مۇرات ئەمەس بەلكى يېڭى مۇرات، يەنى موسكۋا چولپانلىرى تىزىملىكىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن

ئالغان، مىليونلىغان ناخشا-خۇمار رۇس ئىخلاسمەنلىرى ئۆزگە مەھلىيا قىلغان ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بويسۇندۇرغان مۇرات ناسىروفتۇر!

## ئۇيغۇر روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇرات

ھەرقانداق بىر دەۋر سۇرۇپ داڭ چىقارغان شەخسنىڭ مۇئەييەن بىر ئۆسۈپ-يېتىلىش ھەم ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشىش مۇساپىسى بولىدۇ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بۇ شەخسنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار ۋە سەۋەبلەر بولىدۇ. مۇراتنىڭ نەتىجە قازىنىشىنىڭمۇ ئۆزگە خاس بىر سەۋەبى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۇيغۇر مىللىي روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئاتا مىراس سەنئەت روھىدۇر.

مۇرات ناسىروف 1969-يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىدە سەنئەتكار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. خۇددى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ، نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدە مەلۇم بىر ئاساسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان سەۋەب بولغىنىدەك مۇرات ناسىروفنىڭمۇ مۇنداق مەشھۇر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىلىشى، كۆيۈنۈشى ۋە قوللىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، دەسلەپكى ناخشا-مۇزىكا تەربىيىسىنى دادىسىدىن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ئىسمائىل ناسىروف ئەسلى كەسپىي سەنئەتكار ئىدى.

ئىسمائىل ئاكا قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 1940-يىللاردىن باشلاپ قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى سەنئەت گۇرۇپپىلىرىدا ئىشلىگەن. 1945-يىلى 8-ئايدا مىللىي ئارمىيىنىڭ پودپولكوۋنىكى سوپاخۇن باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا مۇزارت داۋىنى ئارقىلىق جەنۇبقا چۈشۈپ، ئاقسۇنى قورشاۋغا ئالغاندا، ئىسمائىلاكا مىللىي ئارمىيە سېپىگە پىدائىي بولۇپ قوشۇلۇپ، ئاقسۇ ئەتراپىدىكى جەڭلەرگە قاتناشقان. 1945-يىلى 10-ئايدا مىللىي ئارمىيە بۇيرۇق بويىچە شىمالغا چېكىنىپ

چىققاندا، ئۇ سوپاخۇن پولكىدا سەنئەت كۇرۇجۇكى قۇرغان. كېيىن، غۇلجىغا يۆتكىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ۋە مىللىي ئارمىيە سەنئەت ئۆمىكىدە خىزمەت قىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سەنئەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ناخشا-مۇزىكا ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بىر تۈركۈم ياش مۇزىكانتلار، ناخشىچىلار يېتىشىپ چىققان، روزا تەمبۇر قاتارلىق بىر قىسىم پېشقەدەم سەنئەتكارلارغا «خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىس» دېگەندەك شەرەپلىك ناملار بېرىلگەن ئىدى. ئىسمائىل ئاكا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يارىتىپ بەرگەن بۇ ئەۋزەللىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، قابىلىيىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى.

ئىسمائىل ئاكا 1949-يىلى 12-ئايلاردا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مىللىي ئارمىيە جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5-كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندە، مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوۋ قوماندانلىقىدىكى 13-دىۋىزىيە تەركىبىدە جەنۇبقا چۈشۈپ، قەشقەرگە ئورۇنلىشىپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ چاغدا ئۇ 13-دىۋىزىيە سەنئەت ئۆمىكىدە ئاساسلىق ناخشىچى ۋە مۇزىكانتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ، مىللىي ئارمىيە 5-كورپۇس ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، 13-دىۋىزىيىمۇ قىسقارتىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ھەرەمباغ، جىلك-شىخولاردىكى قاتتىق جەڭلەردە تاۋلانغان قەھرىمان ئوفىتسېرلار ۋە پېشقەدەم جەڭچىلەر ھەربىي سەپتىن بوشىتىلىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلغاندا ۋە ئەمگەك مەيدانلىرىغا ئەۋەتىلگەندە، ئىسمائىل ناسىر ئاكىمۇ ھەربىي سەپتىن بوشىتىلغان. ئۇ، 1958-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن ھەمدە ئالمۇتىغا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان. مۇرات مانا شۇ پېشقەدەم سەنئەتكارنىڭ تەربىيىلىشىدە ئالدى بىلەن ئىسكىرىپكا ۋە ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ، ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا دادىسى ئۆگەتكەن ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى بولۇپمۇ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مارشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

ئىنقىلابىي ناخشىلىرىنى ئائىلە سورۇنلىرى ۋە مەكتەپلەردە ئېيتىپ، ئۆز تالانتى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلغان. مۇراتنىڭ ئانىسى خاتىرە خانىمۇ ئوغلىنىڭ بالىلار باغچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ۋاقىتلىرىدىلا دادىسىدىن كۆپلىگەن ناخشىلارنى ئۆگىنىپ ئېيتقانلىقى ھەتتا ئۆزى سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرغانلىقىنى، دادىسىنىڭ بۇنىڭدىن ھاياجانلىنىپ، ئۇنى پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تەربىيىلىگەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتكەن ئىدى.

مۇرات باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئالمۇتادا تۈگەتكەندىن كېيىن، 18 يېشىدا ئارمىيە سېپىگە چاقىرتىلىپ، تۈركمەنىستاندا خىزمەت ئۆتىگەن. ئۇنىڭ ئاكىسىمۇ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ مايور دەرىجىلىك ئوفىتسېرى بولۇپ، ئۇ ئىنىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان ئىكەن. مۇرات ھەربىيدىكى ۋاقتىدىمۇ سەنئەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، سەپداشلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن ئىدى. ھەربىي خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سەنئەت تالانتىغا قايىل بولغان موسكۋالىق رۇس سەپداشلىرى ئۇنى موسكۋاغا بېرىپ، ئوقۇشقا دەۋەت قىلغان. مۇرات تەۋەككۇل قىلىپ، ئۆيىگە قايتماستىن ئۇدۇل موسكۋاغا بېرىپ، ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن گنېسىن نامىدىكى مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئۇنى 1996-يىلى پۈتتۈرگەن.

موسكۋادىكى ئوقۇش ھاياتى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمىگەن بولۇپ، ئاتا-ئانىسىنى ئىقتىسادىي مەنبە قىلىشنى نومۇس دەپ بىلگەن بۇ ئۇيغۇر يىگىتى بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئېغىر-يېنىك جىسمانىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇش راسخودىنى ئۆزى ھەل قىلغان. ئۇ، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەي، تىرىشىپ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تالانتى تېزدىنلا مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى شۇنىڭدەك ئۇستازلىرىنى قايىل قىلغان.

مۇرات ناسىروف 1991-يىلى يالتا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن سابىق

سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ياشلار فېستىۋالىغا قاتنىشىش پۈرسىتىگە سازاۋەر بولغان ھەمدە پوپ ناخشا تۈرلىرى بويىچە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەپ، ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. يالتىدا قولغا كەلگەن مەزكۇر زور نەتىجىدە مۇراتنىڭ سەنئەت ھاياتىغا ئىلھام بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ موسكۋا سەنئەتكارلىرى ئارىسىدا تونۇلۇشى ھەم ئۇلارنىڭ دىققەت قىلىشىغا يول ئاچقان. مۇرات بىر ياقتىن ئوقۇپ يەنە بىر ياقتىن ئۆزىنىڭ «يېڭى پورت» ناملىق ناخشا-مۇزىكا گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە كونسېرتلار ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان شۇنىڭدەك يەنە بەزى كىنو ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلەپ، ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئاتاقلىق چولپانلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىشىنىڭ ئاساسىنى ياراتقان ئىدى.

## موسكۋادا بىرگە يېگەن لەغمەن

1995-يىلى، مېنىڭ موسكۋادىكى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياقلاپ، ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە شۇ ئورۇندا ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان كۈنلىرىم ئىدى. نامىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئاڭلاپ، ئۇنىڭ «گۈل ئايىم» ناخشىنى موسكۋا تېلېۋىزىيىسىدە ئورۇندىغان قىياپىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە ئالمۇتادىكى مەلۇم بىر دوستۇم ئارقىلىق ئۇنىڭ موسكۋادىكى ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئالدىم ۋە ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم. مېنىڭ ئۇيغۇرچە ئەھۋال سورىغىنىمدىن ھەيرانلىق ۋە ھاياجانلىق ئىپادىلىرىنى بىلدۈرگەن مۇرات مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە رازى بولدى.

كۆرۈشىشكە پۈتۈشكەن مېترو ئېغىزىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتىم،

توساتتىن «ئەسسالامەلەيكۇم!» دېگەن ئۇيغۇرچە ئەھۋال سوراش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئالدىمدا ئېگىز بويلۇق، ئۇزۇن چاچلىق، گەۋدىلىك ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىدىكى بىر يىگىت كۈلۈمسىرەپ پەيدا بولدى. مەن دەرھاللا ئۇنىڭ مۇرات ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم ۋە مەنمۇ جاۋابەن «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، سىز مۇراتمۇ؟ » دېدىم. «شۇنداق» دېدى ئۇ. بىز قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق، مەن مۇراتنىڭ ئۇيغۇرچە بىلگەنلىكىدىن خوش بولسامۇ، لېكىن بەزى سۆزلىرىمنى چۈشەنمەي قالمىسۇن دەپ رۇسچە سۆزلەشكە باشلىدىم، مۇرات كۈلۈپ تۇرۇپ، رۇس تىلىدا «مۇمكىن بولسا سىز ھەممە گەپلىرىڭىزنى ئۇيغۇرچە ئېيتسىڭىز، مەن ئۇزۇندىن بۇيان بۇ ئاۋازغا تەشنا ئىدىم، مېنىڭ ئۇيغۇرچەم ياخشى ئەمەس، لېكىن سىزدىن ئۆگىنىۋالاي» دېدى. شۇنداق قىلىپ، رۇسچە بىلەن ئۇيغۇرچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەشتۇق. بۇ چاغدا مەن مۇراتنى تونۇشسۇن دەپ ياتىقىمغا ۋەتەندىن ساياھەتكە ۋە ئوقۇشقا كەلگەن بىر قانچە ئۇيغۇر دوستلىرىمنى تەكلىپ قىلغان ئىدىم. مەن مۇراتنى ئۆيگە باشلاپ كىرگىچە ئۇلار لەڭمەنگە تەييارلىق قىلىپ قويۇپتۇ. سورۇنىمىز قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى.

مۇرات ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان موسكۋادا ياشاپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ باقمىغانلىقىنى، مۇنداق ئۇيغۇرچە تۈس ئالغان قاينام تاشقىنلىق مەنزىرىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. بولۇپمۇ، ئارىمىزدىكى لەڭمەنگە ئۇستا دوستىمىزنىڭ ئىنچىكە تارتقان چۆپلىرى، كېلىشتۈرۈپ قورۇغان قورۇمىسى مۇراتقا بەكلا يېقىپ كەتتى، ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقنى تەلەپ قىلغان مۇرات ئۆزىنىڭ بۈگۈن لەڭمەندىن كۆپرەك يەپ قويىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن لەڭمەنگە ئامراق ئىكەنلىكىنى، بىراق لاتىش مىللىتىدىن بولغان ئايالىنىڭ لەڭمەن ئېتەلمەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئانىسى ئېتىپ بەرگەن ئاشۇ لەڭمەنلەرنى دائىم سېغىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىرىپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇيغۇر لەغمەنسىز ياشىيالمىسا كېرەك، مەن مۇنداق ئۇيغۇر

ھاياتىدىن بۇرۇنلا ئايرىلىپ، باشقا بىر مىللەتلەرنىڭ جەمئىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن بىر قانچە ئونلىغان ئۇيغۇرنىڭ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ لەۋمىنىنى سېغىنىدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى باشقا مىللەت بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بولسا ئاشۇ باشقا مىللەتتىن بولغان ئاياللىرىغا ئالدى بىلەن لەۋمەن ئېتىشنى ئۆگىنىش تەلپى قويىدىغانلىقىنى، لەۋمەن ئېتەلمىسە، ھېچ بولمىغاندا تەييار چۆپ سېلىپ، لەۋمەن يېگەندەك ھېسسىياتقا كېلىدىغانلىقلىرىنى، باشقا مىللەتكە تەگكەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بولسا ئەرلىرىنى لەۋمەنگە ئامراق قىلىۋەتكەنلىكلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم.

ھېس قىلىشىمچە دۇنياغا تېرىقتەك چېچىلىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارىسىغا چۆكۈپ كەتكەن ھەمدە باشقا مىللىي مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىككى نەرسىسىنى يەنى بىرى ئۆز ئانا تىلىدىكى مىللىي كىملىكنى ئىسپاتلايدىغان «مەن ئۇيغۇر» دېگەن ئەقەللىي جۈملە بىلەن ئۆز مىللىي تاماقلىرىنىڭ بىرى بولغان لەۋمەننى ئۇنتۇپ قالمىغان. مەن بۇنىڭغا بولسىمۇ، شۈكرى دېدىم، ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇمىغىن مىللەتتە يەنىلا ئۈمىد بار! ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ يامىنى ئۆزىنى ئۇنتۇش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇشتۇر! مىللىي كىملىك بىلەن مىللىي روھ زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. بىر مىللەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئالدى بىلەن ئۇ مىللەتنىڭ تىلىنى ئۇنتۇلدۇرۇش، ئۇنىڭغا ئۇلاپ، مىللىي روھىنى، ئاخىرىدا بولسا مىللىي كىملىك تۇيغۇسىنى يوقىتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر بىر مىللەت مىللىي تىلى، مىللىي روھى ۋە مىللىي كىملىك تۇيغۇسىنى مۇستەھكەم ساقلاپ قىلالىسا، ھامان ئۆز كېلەچىكىنى تاپىدۇ.

مۇرات بىزگە سەنئەت پائالىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ دائىم قازاق سپونسورىنىڭ (ئىقتىسادىي كاپالەتچىسى) تەلپى بويىچە ئۆزىنى قازاقىستانلىق دەپ يۈرۈشكە ھەتتا بەزى يەرلەردە قازاق

دېيىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئۇ چاغدا مۇرات تېخى كەڭ تونۇلمىغان بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللايدىغان كىشىلەرگە موھتاج ئىدى. ئۇ، مېنىڭ تەسلىكتە ئاشۇ قازاق سپونسورنى تاپقان ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە؛ ئۇ ئاخشاملىرى موسكۋانىڭ كەچلىك كۇلۇبلىرىدا ناخشا ئېيتىپ، تۇرمۇش كىرىمىنى ھەل قىلىدىكەن ۋە ئۆزىنىڭ ناخشىلىرىغا سۈرەت كىرگۈزۈش ئارقىلىق تېلېۋىزىيە ئەركانلىرى ئارقىلىق كەڭ تونۇلۇشىنىڭ يوللىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىكەن.

زور مىقداردا ئىقتىسادىي مەبلەغنىڭ بولماسلىقى ئۇنىڭ تالانتىنىڭ كەڭ تۈردە نامايان قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا ئىكەن، «ئەگەردە ئۇيغۇرلاردىن ئۆز مەدەنىيىتى ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىدىغان بىرەر باي چىقىپ قالغان بولسا، سىزنىڭ تونۇلۇشىڭىزغا پايدىسى تېگىپ قالار ئىدى» دېدىم مەن مۇراتقا. ئۇ، «ئىنشا ئاللا» دەپ جاۋاب قايتۇردى ئۇيغۇرچە قىلىپ. بىز ھەممىمىز ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلىرىمىزنى بىلدۈردۇق. مەن مىسكىن مىللەتلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئاشۇنداق بىر-بىرىگە قۇرۇق تىلەك تىلەش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويۇمغا كەلتۈرۈپ خىجىللىق ھېس قىلدىم. ئامال قانچە؟ ئەينى ۋاقىتتا موسكۋادا قازاقىستانىنىڭ «ئا-ستۇدىيە» ناملىق بىر گۇرۇپپىسى خېلى نام چىقىرىپ قالغان ئىدى. مۇراتتەك ئاۋازى يوق قازاق ناخشىچىسى باتىرخان پات-پاتلا تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق چولپانلىرى قاتارىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گىرۇزىيىلىك، بېلارۇسىيىلىك ۋە ئۇكرائىنىيىلىك بىر قانچە ناخشىچىلارمۇ تېزدىن شۆھرەت قازىنىپ كەتتى. خەلق ئىچىدە بولۇۋاتقان سۆز-چۆچەكلەردە بۇ چولپانلارنىڭ رۇسىيە سەھنىسىدە تونۇلۇشىدا ئۆز جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئاتاقلىق بايلىرىنىڭ مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان بىچارە مۇراتقا كىممۇ يار-يۆلەك بولسۇن؟ ئۆز كۈچىگە تايانماي نە چارە؟ چۈنكى، ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئۇنىڭ مىللىي جۇمھۇرىيىتى

يوق — دە؟ مۇرات شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ تەلەيسىزلىكىدىن بەكمۇ ئېچىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئەمما، ئۇ چولپانلار تېزدىنلا غايىب بولدى، كىشلەر ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئۇنتۇپ بولدى.

پاراڭلىرىمىز جەريانىدا مۇراتقا مەن ئانا ۋەتەنىدىكى ئۇيغۇر سەنئىتى جۈملىدىن مىللىي ناخشا-مۇزىكا ۋە ياشلاردىكى يېڭىچە يۈزلىنىش، ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ زامانىۋى ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىغا بولغان تەسىرى ۋە باشقا ئەھۋاللار ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم. بىراق، مۇرات ۋەتەنىدىكى بۇ يېڭىچە تەرەققىياتتىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى، ئەمما دادىسى ئېيتىپ بەرگەن كونا ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى ۋە بىر قىسىم ئۆزبېكچە، تۈركچە ناخشىلارنى ئېيتىشنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۆپرەك غەربچە بولۇپمۇ، ئىنگلىزچە ناخشىلارغا ئىشتىياق باغلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مۇرات ھەقىقەتەن ئىنگلىزچە ناخشىلارنىمۇ ياخشى ئېيتاتتى. ئۇ، 90-يىللارنىڭ بېشىدا ئالمۇتادا ئۆتكۈزۈلگەن «ئاسىيا تاۋۇشى» ناخشا فېستىۋالىدىمۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ ئىنگلىزچە ناخشا ئېيتقان ئىدى.

مۇرات بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىمىزدە مەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يۈزەكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا «گۈل ئايىم» ناخشىسىدىن باشقا ئۇيغۇرچە ناخشىلارنىمۇ موسكۋا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىش تەكلىپىنى بەرسەم، ئۇ «ئۇيغۇرچە ناخشا بىلەن داڭ چىقارغىلى بولمايدۇ، مەن ‹گۈل ئايىم› ناخشىسىدىن باشقا ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتمايمەن. مۇشۇ بىرسى يېتىدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىن مەن، ئۇنىڭ خۇددى باشقا نۇرغۇنلىغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدا مەۋجۇت ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە ئېرەڭسىز ۋە ياكى بەرىبىر دەپ قاراشتەك ئورتاق ھېسسىياتنى، قىسقىسى بارلىق دېگۈدەك رۇس ئەمەس مىللەتلەردە مەۋجۇت

رۇس مەدەنىيىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈش، پەقەت رۇس مەدەنىيىتى ئارقىلىقلا دۇنياغا تونۇلۇشقا بولىدۇ دەيدىغان خائىنشلارنىڭ ئىپلاسلىقىنى سېزىنۋالغان ئىدىم. ئەلۋەتتە، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقى بولماستىن، ئاشۇ دەۋرنىڭ خاتالىقى ھەم دەۋرنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان سوغىسى ئىدى. بەلكى بۇ كوممۇنىزم قالپىقى ئاستىدىكى ئۇلۇغ رۇس مىللەتچىلىك ئىدىيىسى يوشۇرۇنغان يەتمىش يىللىق تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئە ئىدى. مەن مۇراتنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۇيغۇر روھىيىتىگە تولۇق قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلدىم ۋە ئىشەندىم. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ سۆزىنىڭ يەنىلا مەنتىقىسى بار ئىدى.

نوپۇس ۋە سىياسىي جەھەتتە مۇتلەق ئاجىز ئورۇندا قالغان بىر مىللەتنىڭ پەقەت ئاشۇ ھەر جەھەتتىن ھاكىم مىللەتنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىپ چىقىش ۋە ئۆزىنى تىكلەش ھەم قۇتۇلدۇرۇش يولىنى تاللىشى مەجبۇرىيەتتۇر خالاس! مۇرات دەل شۇنداق قىلدى! مەن تاكى 1996-يىلىغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىر قانچە قېتىم كۆرۈشتۈم ۋە تېلېفونلىشىپ تۇردۇم. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئارزۇلىرى ۋە تىرىشچانلىقلىرى 1997-يىلىدىن كېيىن بىردىنلا ئەمەلگە ئاشتى. ئۇنىڭ نامى ھەقىقەتەن بىردىنلا پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇققا كەڭ تونۇلدى. ئۇ، «تامبوۋغا بارماقچى بولغان بالا» ناملىق ناخشىسىنى ئېيتىپ، داڭ چىقاردى. ئۇنىڭ بۇ ناخشىسى رۇسىيە جۈملىدىن پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىدىكى ياشلارنىڭ ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ۋە ئاڭلايدىغان ناخشىسىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تېلېۋىزىيە قانالللىرى تەرىپىدىن ھەر كۈندىكىدەك نەچچە قېتىملاپ كۆرسىتىلىپ، ئۇنىڭ ئوبرازى ۋە ناخشىلىرى كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىراتلار قالدۇردى. مۇرات ناسىروف ئارقىدىنلا ئاتاقلىق رۇس ناخشىچىسى ئاپىنا بىلەن بىرگە «ئايدىڭ كېچە» ناملىق ناخشىسىنى ۋە «مەن دېمەك سەندۇر» ناملىق

ناخشىسىنى ئېيتىپ، ناخشا ھەۋەسكارلىرىنى يەنە بىر قېتىم زىل-زىلىگە سالدى. ئۇنىڭ بۇ ناخشىسى مەخسۇس كۆرۈنۈشلەر بىلەن كىرۇشتۇرۇلۇپ، تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا كۆرسىتىلدى. ھەتتا، ئۇنىڭ ئاتاقلىق رۇس ناخشا چولپىنى، گۈزەل رۇس قىزى ئاپىنا بىلەن بولغان رومانتىك مۇھەببەت ھېكايىسى كىشلەر ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئايلاندى. ئەپسۇسكى، بۇنداق ئىش بولمىغان ئىدى.

مۇرات ناسىروف ھەققىدە رۇسىيىدىكى جۇملىدىن مۇستەقىل دۆلەتەر ھەم دوستلۇقىدىكى تېلېۋىزىيە، رادئو كومپانىيىلىرى مەخسۇس پروگراممىلارنى ئىشلەپ تارقاتتى. گېزىت، ئىنتېرنېت سەھىپىلىرى ۋە ژۇرناللار بولسا تۈرلۈك ماقالىلەرنى ۋە باھالارنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىنتېرنېت تورلىرىدىمۇ مۇرات ناسىروف ئۈچۈن مەخسۇس سەھىپىلەر ئېچىلدى.

مۇرات ناسىروف خۇددى بۈگۈنكى كۈندىكى رۇسىيە ناخشا چولپىنى ۋتاس كەبى چولپانغا ئايلىنىپ، ھەممە كىشى ئۇنىڭ نامىنى بىلىپ كەتتى، تېلېۋىزور ئېكرانىدا رۇسقا ئوخشمايدىغان، ۋە ياكى كاۋكازلىققا ئوخشىمايدىغان، ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىدىكى ياش يىگىتنىڭ مۇڭلۇق ۋە سۈزۈك ئاۋاز بىلەن چاققان ھەرىكەتلىرى بىرلەشكەن كۆرۈنۈشلىرى پەيدا بولغاندا، كىشلەر بۇ كىم؟ دېگەن سوئالنى قويماي تۇرالمايتتى. ئۇيغۇر دېگەن مىللەت ئىسمىنى ئاڭلىغاندا كىتابخۇمار رۇسلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى كىتاب ئىشكاپلىرىدىكى كىتابلىرى ئارىسىدىن ۋە ياكى كۇتۇپخانىلاردىن بۇ مىللەتكە ئائىت كىتابلارنى ئىزدەپ ئوقۇپ بېقىش ئىستىكى قوزغالماي تۇرالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. بەلكى، ئۇيغۇرلارنى ياخشى بىلىدىغان ئاشۇ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالىملار، خەنزۇشۇناسلار، رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەت بېرىدىغان سىياسەتچىلەر مەزكۇر ئۇيغۇر چولپاننى تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا كۆرگەندە، دەرھال تارىختا رۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىمپېرىيىلىرى تەرىپىدىن دائىم

قۇربان قىلىنغان، دىپلوماتىك ئويۇنلار قەرتى قىلىپ ئوينالغان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ياراتقان، رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن پىرزىۋالسكىي، پېترووۋ، گرۇم گرجىمايلو ۋە باشقا ئونلىغان كىشىلەر زىيارەت قىلىپ، خەرىتىسىنى سىزغان ئاشۇ تۇپراقنىڭ ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ئەسلىرىگە كەلتۈرۈشۈپ، ئازراق بولسىمۇ خىجىللىق ھېس قىلىشقاندۇ؟

بىر مەزگىل رۇسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدا «مۇرات ناسىروف!» دېگەن ئىسىم تولىمۇ ياڭراق ۋە يېقىملىق ھالدا ھەممىلا يەردە ئاڭلىنىشتەك تارىخىي سەھىپە ئېچىلدى. قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە باشقا جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئۇيغۇرلار بۇ ئىسىم بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆنسايىن خاراپلىشىۋاتقان سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورنىغا ئازراق بولسىمۇ روھى ئوزۇق بەرگەندەك ھېس قىلىشتى، ئۇلار باشقا ھاكىم مىللەت كىشىلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىدە مۇرات ناسىروف ھەققىدە سۆز بولسا، دادىللىق بىلەن «ئۇ ئۇيغۇر! مۇرات ناسىروف ئۇيغۇر!» دەپ ئېيتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى خوش قىلىشاتتى.

ھەقىقەتەن، بۇ مەزگىللەردە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە مۇرات ناسىروفتەك كەڭ تونۇلغان ۋە زور شۆھرەت قازانغان ياش ناخشا چولپانلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرى دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئاز سانلىق مىللەت دەپ ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى مۇرات مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئۆزبېكلەر، قازاقلار، قىرغىزلار، تۈركمەنلەر ۋە باشقىلارنىڭ چولپانلىرى يېتەلمىگەن ئارزۇلارغا يەتتى. ئۇ، ئالمۇتا ياكى تاشكەنت ئەمەس بەلكى، موسكۋا سەھنىسىنى ئاساس قىلىپ پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا كەڭ تونۇلۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىدى ھەم بۇ پۇرسەتنى ئۆز تالانتى بىلەن ياراتتى. چۈنكى، موسكۋا سەھنىسىدە تونۇلالمىغان، ئۇ

يەردىكى چولپانلار قاتارىغا كىرەلمىگەن كىشى پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىغا تونۇلالمايدۇ، پەقەت ئۆز دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالىدۇ خالاس! خۇددى، ئۆزبېكىستاننىڭ ئاتاقلىق چولپىنى يۇلتۇز ئوسمانوۋا ئۆز جۇمھۇرىيىتىدە پادىشاھ كەبى شۆھرەتكە ئېرىشكىنى بىلەن ئۇنىڭ موسكۋا سەھنىسىگە چىقالىشى قىيىن بولغىنىدەك بىر ئىش! ئەلۋەتتە، ئۆزبېكىستاننى زىل-زىلىگە سالغان، ئۆزبېكىستان ناخشىچىلىقىنىڭ شاھى دەپ تەرىپلىنىۋاتقان يۇلتۇزخان ئوسمانوۋانىڭمۇ ئۇرايىماخۇن ئىسىملىك قەشقەرلىك ئۇيغۇر كىشىنىڭ قىزى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزبېكىستانلىق ئۇيغۇرلار گۇۋاھلىق بەرمەكتە. ئۆزبېكىستاندا ئۆزىنى ئۆزبېك دەپ ئاتىۋالغان مۇنداق مەشھۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىلا ساھەدە كۆپلەپ بارلىقى سىر ئەمەس.

## مۇرات كومپوزىتور ۋە شائىر

مۇرات ناسىروف ئۆزىگە شان شەۋكەت ئېلىپ كەلگەن مەزكۇر ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىشلىگەن، سۆز تېكىستىنى ئۆزى يازغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق كوپ تەرەپلىمىلىك تالانتى بىلەن رۇسىيە ناخشا-مۇزىكا ساھەسىدىكى ئەرباپلارنى قايىل قىلدى. مۇرات ناسىروف ھازىرغىچە «مېنىڭ تارىخىم»، «ئويغاتقىن مېنى»، «كىمدۇر بىرى ئەپۇ قىلدۇ»، «بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن بولمىغان»، «قالدىم يالغۇز» قاتارلىق بەش CD پلاستىنكىسىمۇ ئىشلەپ چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭ پلاستىنكىلىرى كەڭ بازار تاپتى.

موسكۋادىكى ئاتاقلىق ئىنتېرنېت گېزىت لىرىدىن بىرى «لىرىكس.رۇ» دا «مۇرات ناسىروف دۇنيادىكى ئەڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە مۇرات ناسىروفنىڭ مۇخبىرغا بەرگەن سۆھبىتى ئېلان قىلىنغان. ماقالىنىڭ ئاپتورى رۇسىيە مۇزىكا ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇرات ناسىروفقا بەرگەن

باھاسى ئۈستىدە توختىلىپ، «ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، كىشىگە يېنىك، يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ. مۇزىكىلىرى لىرىك ۋە يۇمشاق بولۇپ، كۈچلۈك كەسپىي سەۋىيە ئىپادىلەنگەن» دەپ يازغان ئىدى.

مۇرات ناسىروف مەخسۇس كومپوزىتورلۇق ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ رۇس ناخشىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى چۈشىنىپلا قالماي، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان مۇزىكىلىرىنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن ھەم تەتقىق قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئۆزى ئىشلەش بىلەن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن سۆزىنى ۋە مۇزىكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرالىغان. قانداقتۇر، باشقىلار ئىجاد قىلىپ بەرگەن ئاھاڭ بىلەن باشقىلار يېزىپ بەرگەن تېكىستقا ناخشا ئېيتىشتىن ساقلانغان. ئەلۋەتتە، مۇنداق كۆپ قىرلىق تالانتلىق چولپانلار رۇسلار ئىچىدە ۋە دۇنيا يۈزىدە كەم ئۇچرايدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ رۇسىيە ناخشا پادىشاھى ئاللا پۇگاچېۋا، فىللىپ كىركىروپ قاتارلىق كۆپلىگەن چولپانلارغا مۇزىكا ۋە سۆز تېكىستى يېزىپ بېرىشكىمۇ باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى خاتىرە خانىمنىڭ ئېيتىشىچە ئاللا پۇگاچېۋا ۋە باشقا چولپانلار مۇراتنى قەۋەت ياخشى كۆرىدىكەن. يېقىنقى ۋاقىتلاردا رۇس ناخشىچىلىقىدا شەكىللەنگەن مىللىيچە پۇراقنى ئارىلاشتۇرۇش ئېقىمىدىن پايدىلانغان مۇرات بەزىدە ئاشۇ ئاتاقلىق رۇس چولپانلىرىغا مۇزىكا ئىشلەپ بەرگەندە ئازراق ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە پۇراقنى كىرگۈزۈشكە ھەتتا ئۇلارغا ئۇيغۇر ئاھاڭلىرى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشكە ئۈلگۈرگەن. بەزى ئاتاقلىق رۇس چولپانلىرى مۇراتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇيغۇرچە لەغمەن ۋە مانتا يەپ كېتىدىغان بولغان. مۇراتنىڭ ئۆيىنىڭ تاملىرىغا تۈرلۈك ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئېسىلغان بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەن كىشى خۇددى بىر مۇزېيغا كىرگەندەك بولۇپ قالىدىكەن.

مۇرات ناسىروف ئۆزىنىڭ بەش ئالبومىدىكى ناخشىلارنىڭ

تېكىستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئۆزى يازغان، مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىشلىگەن. ئۇ، باشقىلارنىڭ يېزىپ بەرگەن مۇزىكىسى بىلەن سۆزىگە ناخشا ئېيتىشنى ياقتۇرمايدۇ.

## مىللىي روھقا چوڭ قەدەم بىلەن قايتىش

ئاتا-ئانىدىن، ئەجدادتىن قالغان ئەسلى قان بىلەن مىللىي تۇيغۇ ۋە مىللىي روھ زىنچ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۆز دۆشمەنلىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇغان قەھرىمان مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىسى، بىر قولىدا راۋاب، بىر قولىدا مىلتىقنى كۆتۈرۈپ، ئاقسۇ جەڭ مەيدانلىرىدا قان كېچىپ جەڭ قىلغان، جەڭ تىنجىغاندا بولسا، مىللىي ئارمىيە جەڭچى-ئوفىتسېرلىرىگە روھ بېغىشلايدىغان، ئۇلارنى ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۇچۇن جان پىدا قىلىشقا ئۈندەيدىغان ناخشىلارنى ئېيتىپ، مىللىي ئىنقىلابقا ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان ئىسمائىل ئاكىنىڭ مىللىي روھىي دۇنياسى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرى بەش بالىسىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان مۇراتنىڭ تومۇرلىرىدا ھامان خۇددى ئىلى دولقۇنلىرى كەبى مەۋج ئۇرۇشقا نېسىپ بولدى.

مۇرات بارغانسېرى رۇس ناخشىچىسى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ناخشىچىسى بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. مانا بۇ مەرھۇم ئىسمائىل ئاكىنىڭ ئارزۇسى ئىدى، دېمىسمۇ، ئۇ ماناس دەرياسىدا مىلتىقى بىلەن راۋابىنى مەھكەم تۇتۇپ، تۆت يىل ياتقان كۈنلىرىنى ئەسلىگىنىدە خۇددى باشقا سەپداشلىرىغا ئوخشاشلا ئازابلىناتتى، ئۆكۈنەتتى، «دائىم ھەي-ئىسىت ئاشۇ چاغلار!» دەيتتى. مۇرات موسكۋاغا ماڭغاندا، ئىسمائىل ئاكا «قېنى بار، يىگىت بولغاندىكىن ئۆز يولۇڭنى تاپ! لېكىن ئۇيغۇرلۇقۇڭنى ھەرگىز ئۇنتۇما! مۇمكىن بولسا ئاشۇ كۆك-كۆزلەرنى ياڭراق ناخشىلىرىڭ بىلەن بويسۇندۇر» دەپ جېكىلىگەن ئىكەن. بۇ سۆزلەرنى ئىسمائىل ئاكا ھايات ۋاقتىدا زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغاندا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

مۇرات ئاتا ئارزۇسىنى ئاقلىدى! ئانا سۈتىنى ئاقلىدى! ئۇنىڭ شۆھرەت قازانىۋاتقان پەيتلىرىدە دادىسى ئىسمائىل ئاكا بۇ ئالەمدىن خوشلاشتى، بۇ يوقىتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ئۇنىڭ ناخشا-مۇزىكا ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بۇرۇلۇشىنى پەيدا قىلدى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ، ئالمۇتىغا يېتىپ كەلگەن مۇرات دادىسىنىڭ نەزىرىنى بەردى، ئۇنى ھەيرانلىق ھېس قىلدۇرغان بىر نۇقتا شۇكى، نەزىردە ئۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ناھايىتى زور ساندىكى ئۇيغۇرلارنى كۆردى، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىۋاتقان، تۇشمۇ-تۇشتىن ھال سوراۋاتقان ئۇيغۇرنى كۆردى. بۇ، يۈرىكى ئازابقا چۆمگەن مۇراتقا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتىكى، ئۇ ئۇيغۇر بولۇشنىڭ نەقەدەر شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلۇق دېمەكلىك ئىنسانپەرۋەرلىك، ئۆزئارا مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەت شۇنداقلا ئىتتىپاقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ، ھەتتا ئۆزىنى ئۇزۇن يىللار موسكۋادا ياشاپ، ئۇيغۇرلۇقىنى يوقىتىپ قويغاندەك، دادىسىدىن مىراس قىلغان ئۇيغۇر روھىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ئۆزىگە بەك ئېچىندى. ئۇ، دادىسىنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭغا ئاتاپ ئوقۇلغان قۇرئان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، دادىسىنىڭمۇ دائىم نامىزىنى تاشلىمايدىغانلىقى ۋە شۇنداق چىرايلىق خەتمە-قۇرئان قىلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. كىچىك ۋاقىتلىرىدا دادىسىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازدا قىلغان قۇرئان-تىلاۋەتلىرى مۇراتقا بەك كۈچلۈك تەسىر قىلغان بولۇپ، ئۇ دادىسىدىن ئازراق قۇرئان سۈرىلىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالغان ئىدى.

مۇرات بىر ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. دادىسىدىن ئۆگەنگەن سۈرىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇيدىغان بولدى، ئۇ ئۇيلىدىكى مۇشۇنداق قىلغاندا، دادىسىنىڭ روھىنى تېخىمۇ خوش قىلالايدۇ، ئۇيغۇر ئۈچۈن پەقەت ئۇيغۇر بولۇشلا يەتمەيدۇ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلۇق مىللىي روھ بىلەن مۇقەددەس بىر ئېتىقاد بولۇشى كېرەك! مانا بۇ ئىككى نەرسە ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى! مۇراتنىڭ

دادىسى ئىسمائىل ئاكا ئەلۋەتتە، ناخشىچى بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە 30 پارە قۇرئاننى تولۇق يادلىغان كىشى بولغاچقا، ئالمۇتادىكى دىنىي پائالىيەتلەردە كۆپىنچە هالدا شۇ كىشى خەتمە قۇرئان قىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

مۇرات دادىسىنىڭ روھىنى خوش قىلىشنىڭ يەنە بىرى ئۇيغۇرلۇققا قايتىش ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ناخشىچىسى سۈپىتىدە تونۇلۇش ۋە ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى رۇسىيە ھەم دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

ئۇ، دادىسىغا بېغىشلاپ، ئۇيغۇرچە ناخشا ئىجاد قىلىشقا كىرىشتى. بۇ جەھەتتە ئالمۇتا ۋە يەركەتتىكى ئۇيغۇر مۇزىكانتلار بىلەن ھەمكارلىق ئورناتتى، ئۇيغۇر يېزىلىرىغا بېرىپ، ئۇيغۇر ھاياتىنى ۋە ئاھاڭلىرىنى ئۆگەندى. بۇ جەريانىدا ئۇ، يەركەتتىكى «يەركەت بۇلبۇللىرى» ناملىق گۇرۇپپىنىڭ چالغۇچىسى پولات مۇرات ئۇچۇن كۆپ پىداكارلىق كۆرسەتتى، ئۇ مۇراتقا ئۇيغۇر ئاھاڭلىرىنى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى توپلاشقا ياردەملەشتى. ئاخىرى، مۇرات ناسىروف 2004-يىلى دادىسىغا بېغىشلاپ «قالدىم يالغۇز» ناملىق ئۆزىنىڭ تۇنجى ئۇيغۇرچە ناخشا ئالبومىنى تەييارلاپ موسكۋا شەھىرىدە نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇ رۇسىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇرچە ئۈن پلاستىنكىسى بولۇپ، مەزكۇر پلاستىنكا موسكۋا ۋە رۇسىيە بازارلىرىدا تارقالدى. مانا ئەمدى، رۇسلار ئۇيغۇرچە ناخشا پلاستىنكىسى سېتىۋېلىپ ئاڭلايدىغان مەنزىرە شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە پلاستىنكىسى تارقىتىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن تېلېفونلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. يىراق ئۇكيان قىرغىقىدىن كەلگەن ئاۋازىمنى ئاڭلىغان مۇرات ماڭا دادىسىغا بېغىشلاپ ئۇيغۇرچە ناخشا ئىجاد قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

مۇرات ناسىروف ماڭا ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ، ئۇيغۇرچە ناخشا ئالبومى

چىقارغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، بۇنىڭغا دادىسىنىڭ ۋاپاتىنىڭ مۇھىم سەۋەب بولغانلىقىنى شۇنىڭ بىلە بىر ۋاقىتتا قانداقتۇر بىر روھى كۈچ ئۇنى ئۆز مىللىتىگە قايتىشقا، ئۇنى تېخىمۇ سۆيۈشكە ئۈندەۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتتى. مەن مۇراتنى ئۇيغۇرلۇققا قايتۇرغان ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى كۈچەيتكەن ئاشۇ مىللىي روھ ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم.

بۇنىڭدىن 10 يىللار ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما تېخى ئۇيغۇرلۇققا تولۇق قايتمىغان مۇرات بۈگۈنكى كۈندە ھەممىلا يەردە «مەن ئۇيغۇر!» دەيدىغان، مەيلى چەت ئەللەردە بولسۇن ۋە ياكى رۇسىيە ھەم باشقا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ سەھنىلىرىدە بولسۇن چوقۇم ئۇيغۇرچە بىر-ئىككى ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتماي قالمايدىغان شۇنىڭدەك ئاشۇ ئۇيغۇرنى ئاڭلاپ باقمىغان تاماشىبىنلارغا «مەن ئۇيغۇر» دەپ ئۆزىنى ۋە ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمىسە كۆڭلى ئۇنىمايدىغان مۇراتقا ئايلانغان ئىدى. رۇسىيە گېزىتلىرىنىڭ مۇرات ھەققىدە ئېلان قىلغان ھەممە ماقالىلىرىدە، ئۇنىڭ «مەن ئۇيغۇر»، «دادام ئىسمائىل سوپى قەشقەردىن» دەپ تونۇشتۇرىدىغان جۈملىلەر ئورۇن ئالغان. مۇرات بىر ئىنتېرنېت گېزىتىنىڭ مۇخبىرىگە مۇنداق دەپ بىلدۈرگەن.

«مەن ئۇيغۇر، دادام رەھمەتلىك ئىسمائىل سوپى ناسىروف قەشقەردە تۇغۇلغان، ئانان خاتىرە غۇلجىدا تۇغۇلغان، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇرلۇقىمدىن پەخىرلىنىمەن، مەن موسكۋا ۋە ئالمۇتىلاردا ياشايمەن، باشقا ئەنئەنىلەرنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۆز ئەنئەنەمنى سۆيۈش بىلەن ياشايمەن.» مانا بۇ مۇراتنىڭ يۈرىكىدىن چىققان سۆزلەردۇر

مۇرات ناسىروف يېقىنقى ۋاقىتلاردا موسكۋادىكى مەركىزىي تېلېۋىزىيە قانالىلىرىدىكى چولپانلارنى تونۇشتۇرۇش سەھىپىسىدە دائىم كۆرۈنۈپ تۇرغان. ئۇ، ئۆزى بىلەن تورلۇك ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى بىرگە ئېلىپ چىقىپ، تېلېۋىزىيە كۆرگۈچىلەرگە ئۇيغۇر مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى، ئۇيغۇر سەنئىتىنى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى تونۇشتۇرغان، بىر قېتىملىق چولپانلار

پروگراممىسىدا ئانىسى بىلەن بىرگە ئۇيغۇرچە لەگىمەن، مانتا قاتارلىق مىللىي تاماقلارنى ئېتىشنى كۆرسەتكەن.

مۇراتنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ لاتىش مىللىتىدىن بولغان ئايالى ئۇنىڭ ئەڭ سەممىي ۋە ئەڭ يېقىن قوللىغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ئايالىغا ئۇيغۇرچە ئۆگەتكەندىن سىرت يەنە ئۇيغۇرچە ناخشىلارنىمۇ ئۆگەتكەن. ئۇلار دائىم سەھنىلەردە ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى جور بولۇپ ئېيتىدىكەن. مۇرات ھەتتا ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە تاماقلارنىمۇ تەييارلاشنى ئۆگىتىپ قويغان.

## مۇراتتىن تۇغۇلغان ئويلار

مۇرات ناسىروف خۇددى ئۇ ئۆزى موسكۋا مۇخبىرىغا ئېيتقاندەك «دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ئۇيغۇردۇر!». ئۇنى ھېچ بولمىغاندا مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدىكى 300 مىليون ئەتراپىدىكى خەلق بىلىدۇ، ئۇنىڭ نامى يەنە ياۋروپا مەملىكەتلىرى، ئامېرىكا ۋە ئۇيغۇر دىيارىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تونۇلغان.

شۇنىڭغا ھەيرانلىق ھېس قىلىمەنكى، بەزىدە ئۇيغۇر مىللىتى ھەققەتەن تالانتلىق خەلقمۇ دېگەن سوئالنى قويغۇم كېلىدۇ. ھۆكۈمەت ستاتىستىكىلىرى بويىچە ئەينى ۋاقىتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە نوپۇس جەھەتتە 60-ئورۇنلاردا تۇرغان، ئانا ۋەتىنىدىكى ئۆز قېرىنداشلىرىدىن كەم دېگەندە 30-40 ھەسسە ئاز ھېسابلىنىدىغان شۇنىڭدەك قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستانلاردىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدىغان ئۇيغۇرلاردىن نېمە سەۋەب بىلەن شۇنچە تالانتلىق ئادەملەر كۆپلەپ يېتىشىپ چىقالىدى؟ بۈگۈنكى كۈندە قازاقىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇرلاردىن مۇرات ناسىروفتىن باشقا يەنە دىلناز ئەخمەدىيېۋادەك ئاتاقلىق ئارتىستلار،

«دەرۋىشلەر» كەبى مەشھۇر گۇرۇپپىلار مەيدانغا كەلگەندىن سىرت يەنە زاكىر توختىيېۋ، ھېيتاخۇنوپ، ئابدۇللايېۋ قاتارلىق نەچچە ئونلىغان چامباشچىلىق، تاكۋاندۇ ھەم بوكس تۈرلىرى بويىچە دۇنيا چېمپىيونلىرى، ياۋروپا چېمپىيونلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە كەڭ تونۇلدى.

ئۇيغۇرلاردىن چىققان ماخمۇت ئومەروپ 50-يىللاردىلا ئىككى قېتىم ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، قارىغا ئېتىش بويىچە بىر قېتىم چېمپىيون يەنە بىر قېتىم يېڭى رېكورت ياراتقۇچى بولغان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ئەڭ ماھىر قارىغا ئاتقۇچىسى ھېسابلانغان ئىدى. ماخمۇت ئومەروپ پەقەت ئولىمپىك چېمپىيونى بولۇپلا قالماستىن بەلكى، لېنىنگراتتىكى ھەربىي مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، تۇنجى ئۇيغۇر مېدىتسىنا پەنلىرى دوكتورلىرىدىن ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ 30 نەچچە يېشىدىلا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار بوكس ماھىرى ئابدۇراخماننىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتناشقانلىقىدىن پەخىرلەنمەكتە، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ماھىرى ماخمۇت ئومەروپ بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپلا قالماستىن بەلكى، ئولىمپىك چېمپىيونلىق شۆھرىتىگە سازاۋەر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئولىمپىك تارىخىنىڭ تۇنجى بېتىنى يازغان ئىدى. ئۇيغۇرلار بۇ نامنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، جۇڭگونىڭ قارىغا ئېتىش ماھىرى شۈ خەيفېڭ 1984-يىلى جۇڭگو ئۈچۈن تۇنجى ئولىمپىك ئالتۇن مېدالىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن جۇڭگو ئولىمپىك تارىخىدىكى تۇنجى شەخسكە ئايلانغان ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇر ئوغلى ماخمۇت ئومەروپ شۈ خەيفېڭدىن 30 يىللار ئىلگىرى بۇ قەدەمنى باستى.

ماخمۇت ئومەروپ دۆلەت تەۋەلىكىدىن ئېيتقاندا مەيلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقلىق بولسۇن، ئۇنىڭ قازانغان غەلىبىسى ئۆزى تەۋە بولغان دۆلەتكە مەنسۇپ بولسۇن، لېكىن مىللىي كىملىك جەھەتتىن ئۇ ئالدى بىلەن

بەربىر ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپتۇر، شۇڭا ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر تەنتەربىيە تارىخىدا ئالتۇن خەت بىلەن يېزىلىدۇ خالاس!

شۇنىڭغا ئوخشاش قازاقىستانلىق ئۇيغۇر يىگىتى سەھرىدىن يۈسۈپوۋ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى دۇنيا كىنو پايتەختى هوللىۋودتا ئۆتكۈزۈلگەن مىللىيچە ناخشا-مۇزىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، كونا قەشقەر راۋابى بىلەن ئۇيغۇرچە ناخشا-مۇزىكا ئورۇنلاپ، بىرىنچى ئورۇنغا سازاۋەر بولغان ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ نەتىجىسى قازاقىستان دۆلىتىنىڭ بولسىمۇ، ئەمما سەھرىدىن يۈسۈپوۋ ئالتۇن مېدالنى قازاق مۇزىكىسىنى، قازاق دومبۇراسى بىلەن ئورۇنلاپ ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى، قەشقەر راۋابى بىلەن ئورۇنلاپ ئالدى. ئۇ، ئېتنىك كىملىك جەھەتتىن يەنىلا ئۇيغۇرغا مەنسۇپ بولىدۇ. قىسقىسى ماخمۇت ئۆمەروپ، مۇرات ناسىروف، قۇددۇس غوجامياروپ، ئەزىز دۇگاشېۋ، سەھرىدىن يۈسۈپوۋ ۋە دىلناز ئەخمەدىيېۋا قاتارلىقلار شۇنىڭدەك بۇ يەردە ئىسمى ئاتالمىغان ئاشۇ قازاقىستانلىق، ئۆزبېكىستانلىق نەچچە ئونلىغان، نەچچە يۈزلىگەن مەشھۇر ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئوخشاشلا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. ئاتوم-يادرو ئالىمى ئىسكەندەر رەخىموپ، ئوپتىكا ئالىمى دىمىر ساتتاروپ، ئالەم تېخنىكىسى ئالىمى تىلمان كەرىمبايېۋ ۋە پىلولوگىيە پەنلىرى ئالىمى مۇرات ھەمرايېۋ قاتارلىق نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر ئالىملىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان ئىلىم ئەربابلىرىدۇر. مانا بۇ ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئانا ۋەتىنىدىكى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىغا ئوخشاش، بۇ سەنئەتكارلار ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى سەنئەتكارلارغا ئوخشاش ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ، ئۇيغۇر تالانتىنىڭ، ئۇيغۇر قابىلىيىتىنىڭ گۇۋاھچىلىرى خالاس!

تەخمىنەن قىلىشىچە ھازىر مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقى، جۇڭگو، ياۋروپا ئەللىرى، ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرى (تۈركىيە، سەئۇدى ۋە باشقىلار)، ياپونىيە ھەمدە شىمالىي ئامېرىكا قاتارلىق مەملىكەتلەردە

ئىلمىي تەتقىقات قىلغان ھەم قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئالىملىرى جۇملىدىن دوكتورلىرىنىڭ سانى 1000 دىن ئاشىدۇ. بىراق، بۇلارنىڭ تەخمىنەن 80% دىن ئارتۇقراقى چەتئەللەردە دېيىشكە بولىدۇ.

يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر يىگىت-قىزلىرى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان نەتىجىلەر، ئۇلاردىكى ئىرادە ۋە جاسارەت ھەققەتەن ئۇيغۇرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى، ئەسلى روھى كىملىكىنى نامايان قىلماقتا. مەن بۇلارنى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۈچەيتىلىۋاتقان روھى ئاجىزلىققا قارشى جەڭ ئېلان قىلىش دەپ چۈشىنىمەن. ئۇيغۇرلاردا قوزغالغان دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىش قىزغىنلىقى كىشىنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. پەلەك شاھى ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشانى بويسۇندۇرۇش روھىدىن تۇغۇلغان روھ يەنە ئابلا مەجىن، ئەسقەر شۇنىڭدەك كىچىك ئادىلجان ۋە سەمەت ئىمىن كەبى باتۇرلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئادىل ھوشۇر، ئابلا مەجىن ۋە سەمەت ئىمىن ھەم باشقىلار جۇڭگودىكى بىر مىليارد 300 مىليون ئادەمنىڭ ئىچىدىكى يېگانە باتۇرلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، دۇنيادىكى بەش مىليارد ئادەمنىڭ يېگانە باتۇرلىرى ئىدى. بۇنداق باتۇرلۇق تەكلىماكانغىلا بەخش ئېتىلگەن بولۇپ، قېنى كىملەر ھازىرغىچە ئۇلار بىلەن كۈچ سىنىشالىدى؟ قېنى دۇنيا سىياسىي خەرىتىسىگە ئۆز ئورنىنى يازغان ئەزىمەتلەر؟

«بوكس شاھى» دەپ نام ئالغان ئابدۇشۈكۈرمۇ بىر مەزگىل دۇنيا سەھنىسىدە بولمىسىمۇ، ئەمما دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئادەملەر ئارىسىدا يەنى جۇڭگودا «شاھلىق» ئالتۇن كەمىرىنى باغلىدى ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ مۇشتى، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرنىڭ مۇشتى ئەمەسمۇ؟ تەكلىماكان مەلىكىسى گۈلزۆھرە ئۇيغۇرنىڭ تەكلىماكانىنى ئۇيغۇر ئۆزى بويسۇندۇرۇش ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. گۈلزۆھرە روھى ئەمەلىيەتتە تارىخىمىزدىكى قەھرىمان خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ يەنى ئامانىنساخانىنىڭ، نۇزۇگۇمنىڭ، مايىمخانىنىڭ ۋە ھەرەمباغ جەڭ

مەيدانلىرىدىكى رىزۋانگۈللەرنىڭ روھىنىڭ يىگى ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ئىككى روھنىڭ ئاخىرقى مۇددىئاسى بىر ئىدى. گۈلزۆھرە روھى ئۈرۈمچى ۋە ئىچكىرى جۇڭگو شەھەرلىرىنىڭ قاۋاقخانىلىرىدا، مېھمانخانىلىرىدا يېرىم يالىڭاچ بەللىرىنى تولغاپ، ئۇسۇل ئويناپ، خېرىدار كۈتۈش قىسمىتىگە دۇچار بولغان ئاشۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ روھىيىتىگە ئېلان قىلىنغان جەڭ بولۇپ، ئەسلىدە ئاشۇ قىزلارنىڭ قېنىدىمۇ ۋە روھىيەت قاتلىمىدىمۇ تەكلىماكاننى بويسۇندۇرالايدىغان گۈلزۆھرە روھى يوشۇرۇنغان ئىدى. ئەپسۇسكى، ئاچچىق رېئاللىق، ئۆز روھىيىتىنى قۇربان قىلىشتەك روھىي ئاجىزلىق ۋە روھىي ئەسىرلىك مىكروبلىرى ئۇيغۇر قىزلىرىنىلا ئەمەس بەلكى ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىمۇ كېسەللىككە دۇچار قىلماقتا. گۈلزۆھرەنىڭ كۈرىشى، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى ئۆز ئاياللىرىغا، ئۆز ھەدە-سىڭىللىرىغا ھەم ئۆز ۋىجدانىغا سادىق بولۇشقا چاقىرىپ چالغان ئاخىرقى سىگنال بولسا كېرەك.

ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنىڭ بايراقدارى سۈپىتىدە ھەر زامان تۇرداخۇننى، پاشا ئىشانى ۋە باشقا يۈزلىگەن نامايەندىلىرىمىزنى ھۆرمەتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا دائىملا ياش ناخشىچى ئەركىن ئابدۇللانى مۇرات ناسىروفقا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكىرى جۇڭگو شەھەرلىرىدىكى مۇسابىقىلەردە غالىپ كېلىپ، مىليونلىغان ئىخلاسمەنلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزىگە مەھلىيا قىلىشى مېنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇنىڭ «دۆڭ كۆۋرۈك ھەققىدىكى پاراڭلار» ۋە باشقا ناخشىلىرى ئارقىلىق ئۆز كەسپداشلىرىنىڭ دولاننى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئەتە-ئۆگۈن بولسا، «سادىر پالۋان»، «ئايشەمگۈل»، «ئاللا خالىدەم» قاتارلىقلارغىمۇ ئىگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە سادىر پالۋان ۋە ياكى خالىدەم دەپ ئىسىم قويۇۋېلىشىدىن مۇداپىئە كۆرمەكچى بولغان پىداكارلىقى مېنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈردى.

قىسقىسى، ئۇيغۇرغا مىڭلىغان سادىر پالۋانلار، مىڭلىغان مۇرات

ناسىروف ۋە ئەركىن ئابدۇللالار كېرەك. سادىر ناخشىسى ئىلى ۋادىسىدىلا ئەمەس بەلكى، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدا، پۈتۈن جۇڭگودا، پۈتۈن دۇنيادا ياڭرىشى كېرەك ئىدى، ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇيغۇر ئۆز ئىسمى-جىسمىگە لايىق بولالايدۇ خالاس، ئۇنداق بولمايدىكەن تالانتلىق ياش ئارتىس ۋە يازغۇچى راخمانجان يازغان، ئەركىن ئابدۇللا ئىپىتقاندەك «دۆڭ كۆۋرۈكتىن كېلىدىغان ھەقىقى ئۇيغۇر ھىدى» بىلەن روھلىنالمايمىز. بەلكى، دۆڭ كۆۋرۈككە كەلگەن كىشىلەرنى خۇددى قەدىمى ئاسارە-ئەتىقىلەرنى ۋە ياكى ئىپتىدائىي بىر قوۋمنى زىيارەت قىلغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىمىز خالاس. دۆڭ كۆۋرۈكتىن ئەسلى كېلىشكە تېگىشلىك ھىد، كاۋاب-سېرىق ئاشلارنىڭ ھىدى، دۆڭ كۆۋرۈكتىن كېلىدىغان ئاۋاز، سولغۇن چىرايلىرىنى ئۇپا-ئەڭلىك بىلەن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ۋە قوللىرى سازلىرىنىڭ پەدىلىرىدە بولسىمۇ، ئەمما خىياللىرى باشقا يەردىكى ئاشۇ كۆزلىرىدىن ئەنسىرەش بىلەن چۈشكۈنلۈك سېزىلىپ تۇرغان ناتىۋان سازچىلارنىڭ ناخشا سادالىرى ئەمەس بەلكى، سادىرنىڭ ئارغىمىقى ئاستىدىن چىققان توپا-چاڭ ھىدى بىلەن ئۇنىڭ ياڭراق ۋە مەرد ناخشا سادالىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس....

مۇرات ناسىروفنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز مىللىتىگە قايتىپ كېلىشى، ئۇنىڭ رۇسىيە چولپىنىدىن ئۇيغۇر چولپىنى بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكى، مېنى ئويغا سالدى ۋە قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا ئۈندىدى. مېنىڭچە ئۆز ئۆتمۈشى ۋە مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەنمىگەن بىر مىللەتنىڭ قاراڭغۇلۇقتا، روھىي ۋە ماددىي خارلىقتا قېلىشى تەبىئىي، ئۆز روھىنى ساقلىمىغان ۋە ئۇنى قۇتۇلدۇرمىغان مىللەت بەئەينى ھاسىسىنى يوقىتىپ قويۇپ قايىقتا قەدەم بېسىشنى بىلمەي، گاڭگىراپ قالغان ھەتتا باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن ئايرىلغان ئەما كىشىگە ئوخشايدۇ.

مۇراتنىڭ قايتىپ كېلىشى، ئەسلى تومۇردىكى قانىڭ ۋە قەلبىدىكى

روھىنىڭ غەلىبىسى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى تاللىشى ئىدى. مۇرات ئۆز خەلقىنى قانچە سۆيسە، ئۆز خەلقى مۇراتنى شۇنچە سۆيدى. ئۆتكەن يىلى ئالمۇتادىكى قازاقىستان ئۇيغۇر بايلىرى كۇلۇبى تەشكىللىگەن «ئىلھام مۇكاپاتى» بېرىش مۇراسىمىدا باھالىغۇچىلار بىردەك ھالدا ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سەنئەت ۋە ناخشا-مۇزىكا ساھەسى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك «ئىلھام مۇكاپاتى» بەردى.

مۇرات، قەشقەر پەيزىۋات ۋە مارالبېشىدىكى يەر تەۋرەشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، موسكۋادىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەردە مەخسۇس خەيرى ساخاۋەتلىك ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، ۋاپات بولغان ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىغا ماتەم بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇق بۇرچىنى ئادا قىلدى.

## ئانا ۋەتەن، ئانا تىل ۋە ئانا مەدەنىيەت روھى

رۇسىيە ناخشا چولپىنى، رۇسىيە ۋە ئۇيغۇر سەنئەت تارىخىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالغان ئۇيغۇر يىگىتى مۇرات ناسىروف ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇلىرىنىڭ بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تۇپراقلىرىنى كۆرۈش، دادىسى تۇغۇلغان ئەزىزانە قەشقەرنىڭ تۇمەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى بىر يۇتۇم ئىچىش، بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، شۇ يەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ زاتلىرىغا ئاتاپ دۇئا قىلىش، ئەگەر مۇمكىن بولسا، «قالدىم يالغۇز» ناخشىسىنى ئۇرۇمچى، قەشقەر ۋە غۇلجا سەھنىلىرىدە ئېيتىش ئىكەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەرگىنىدە ئۇيغۇرنىڭ مۇساپىرلىق تارىخىمىزنى ۋە ئۇيغۇرنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇساپىر بولغانلىقىنى ئەسلىگىم كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئانا ۋەتەنلىرىدىن ئايرىلىپ، تاشقى دۇنيادا ماكانلىشىپ قېلىش تارىخى خېلى ئۇزۇن. ئەڭ

قەدىمكى ۋاقىتلارنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت يېقىنقى ئۈچ ئەسىردىن سۆز باشلىغىنىمىزدا تاكى ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ چەت مەملىكەتلەرگە كۆچۈش دولقۇنىنى ئالتە قېتىمغا ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن.

تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلار 1759 - 1760 - يىللىرىدا چاۋ خۇي باشچىلىقىدىكى مەنچىڭ قوشۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ فېئوداللىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش جەريانىدا قەشقەرىيىگە باستۇرۇپ كىرگەندە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىلىرى مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، قوشنا پەرغانە ۋادىسى، يەتتە سۇ ۋە باشقا جايلارغا قېچىپ بېرىپ ماكانلاشقان ئىدى. ئەنە شۇ يىللاردىن تارتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مەملىكەتلەرگە بولۇپمۇ، قوشنا تۇپراقلارغا كۆچۈپ كېتىپ ماكانلىشىپ قېلىشى ھېچ توختىمىدى. ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇن 19 - ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدىكى جاھانگىر غوجىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغانغا توغرا كەلگەن بولۇپ، 1825 - 1830 - يىللىرىدا زور ساندىكى قەشقەرىيە ئاھالىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتتى. ئۈچىنچى قېتىملىق دولقۇن 19 - ئەسىرنىڭ 70 - 80 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. مەلۇمكى، 1864 - 1865 - يىللىرىدا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مەنچىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭلار پارتلىدى. ئىلگىرى كېيىن كۈچا قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولۇپ، ئىلگىرى كېيىن ئۇلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. ئەمما، 1865 - يىلىدىن ئېتىبارەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ياقۇپ بەگنىڭ باشلامچىلىقىدىكى يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىردى. زو زوڭتاڭ 1877 - 1878 - يىللىرى قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرغاندا، يەنە بىر قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنى قوزغالدى. بۇ ھەقتە ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرىيىگە كەلگەن چار پادىشاھ ئەلچىسى گېنېرال كروپاتكىن ۋە باشقىلار ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ.1881 - يىلى «جۇڭگو - رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، رۇسىيە 10 يىل بېسىۋالغان ئىلى مەنچىڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇلغاندا، ئىلى

ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن 50 مىڭ، تۇڭگانلاردىن 5 مىڭ ئەتراپىدا كىشى مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆز ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ، كوللېكتىپ ھالدا يەتتە سۇغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى. بۇ ھەقتە ئېلى خەلقى ئارىسىدا ئاتاقلىق «كۆچ-كۆچ» ناخشىسىمۇ پەيدا بولغان بولۇپ، خەلق ئۇنى تېخى ئۇنتۇلۇپ كەتكىنى يوق.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 4-قېتىملىق كۆچۈشى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولۇپ، بۇ چاغدىكى كۆچۈشنىڭ خاراكتېرىدە ئازراق پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ مەزگىلدە ياۋ زېڭشىنىڭ قاتارلىق مىلىتارىستلار ئۇيغۇر يەرلىرىنى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن قوشنا ئەللەردىن كۆپ ئارقىدا قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ نادان قالدۇرۇپ باشقۇرۇش سىياستى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا ھەر جەھەتتىن قالاق قالدۇرۇلغان ئىدى. بۇ چاغدا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى بولۇپمۇ قەشقەر تەۋەسىدىن ھەر يىلى ياز ئايلىرىدا قوشنا پەرغانە ۋادىسىغا ۋە يەتتە سۇغا بېرىپ، تۈرلۈك مەدىكارچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تىجارەت قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاشتى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدەملىرى يىراق ياۋروپا شەھەرلىرى ھەتتا موسكۋا، سانكتپېتېربۇرگقىچە يېتىپ بېرىپ، مەلۇم ساندىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى شۇ جايلاردىكى زاۋود، كارخانا قاتارلىق جايلاردا قارا خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار رۇسىيە تۇپراقلىرىدا ماكانلىشىپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇ ياقلاردا قېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىنقىلابلارغا قاتنىششى، شۇنىڭدەك يەنە ئابدۇللا رۇزباقىيېۋ تەشكىللىگەن ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا قايتىپ بارسا، مىلىتارىستلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرىشى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىدا دۇچ كېلىۋاتقان قالاق ۋە

مۇستەبىت تۈزۈمنى كۆرۈشنى خالىمىغانلىقى ھەم يەرلىكلەر بىلەن ئۆي-ئوچاقلىق بولۇش ھەم باشقىلاردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ بەشىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش دولقۇنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-60-يىللىرىدا قوزغالغان بولۇپ، جۇڭگو رەسمىي مەلۇماتلىرىدا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكى سۆزلەنسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ك گ ب ئورگىنىنىڭ بىر قىرغىز پولكوۋنىكى ك گ ب ھۆججەتلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، 1955-يۇلدىن 1963-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تەخمىنەن بىر مىليوندىن ئەتراپىدا ئادەمنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى يازىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇتلەق كۆپ سانى ئۇيغۇرلار ئىگىلەيدىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ 6-قېتىملىق چەت مەملىكەتلەردە ماكانلىشىشى دولقۇنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلىنىپ، 90-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇ قېتىمقى دولقۇن ئىلگىرىكىدىن تۈپتىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇرۇنقىدەك ئوتتۇرا، جەنۇبىي ۋە غەربىي ئاسىياغا كۆچۈشتەك ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى مەملىكەتلەرگە، شىمالىي ئامېرىكىغا كېلىپ يەرلىششكە باشلىدى. ھازىر ياۋروپانىڭ ھەر قانداق بىر يېرىگە بارسىڭىز ئۇيغۇرنىڭ دۇتار ئاۋازىدىن چىقىۋاتقان ئاچچىق ۋە مەغرۇر ئاۋازلىرىنى ئاڭلىيالايسىز، ھېچقاچان ئۇيغۇرنىڭ ئايىغى تەگمىگەن بۇ زېمىنلاردىكى كىشىلەر تەكلىماكاندىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان بۇ قارا كۆزلۈك ئىنسانلار توپىغا ھېسداشلىق ئارىلاشقان مېھرىبانلىقلىرىنى ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر كىشىلىك ئۆز نىيىتى ئۆزلىرى تاپالايدىغان ئىقتىدارىنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارغا پۇرسەتلەر يارىتىپ بەردى.

ئەلۋەتتە، بۇ يېڭى دولقۇننى تەشكىل قىلغۇچىلارنىڭ تەركىبى تۈرلۈك بولۇپ، بۇ دولقۇن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۈملىدىن

تەكلىماكانغا دۆملەنگەن روھنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تونۇشلۇق بولمىغان غەرب دۇنياسى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنى باغلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ تونۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ دولقۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان تەكلىماكانغا قاپسىلىپ قالغان ئاۋازىنى يىراق شىمالىي مۇز ئوكيادىن تارتىپ، ئاتلانتىك ئوكيان، تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيان بويلىرىغىچە يەتكۈزۈشتە ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئۆچىرىلمەس بەتلىرىنى ياراتتى ۋە ياراتماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق كۆچۈش دولقۇنلىرىدا ئىلگىرىكى ئۈچ قېتىملىق دولقۇننىڭ ۋەكىللىرى ھېسابلانغان سانسىزلىغان ئۇيغۇرلار ئۆزى بارغان يەرلەردىكى ئاساسلىق خەلقلەرگە سىڭىپ تۈگىدى. ئەمما، ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پەرغانە ۋادىسىنىڭ نۇرغۇن شەھەر ۋە يېزا قىشلاقلىرىغا بارسىڭىز، ئۆزىنى ئۆزبېك دەپ ئاتاپ، ئاللىقاچان مىللىي كىملىكىنى ئۆزگەرتكەن كۆپلىگەن ئاشۇ دولقۇننىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىن ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى سۆھبەتلەر جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى پەخىرلىنىش بىلەن يادلىغانىنى ئۇچرىتىسىز. ئەمما، كېيىنكى كۆچۈش دولقۇنلىرىنى تەشكىل قىلغۇچىلار بولسا، ئۆز مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قالدى ۋە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن تىرىشماقتا.

ئەلۋەتتە، غەرب مەملىكەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇرچە ئۆگىتىش، ئۇيغۇرچە كىيىندۈرۈش، مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئاڭدىن تەربىيە بېرىشكە ئەھمىيەت بەرمەكتە. بۇ يەردە مەزكۇر تېما ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىشنى مۇددىئا قىلمايمەن. ئومۇمەن، دېمەكچى بولغىنىم، بايانىمىزدىكى باش قەھرىمان مۇرات ئاشۇ كېيىنكى ئۇيغۇر مۇساپىرلار دولقۇنىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش سانسىزلىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر

ياشلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ۋە ياكى بوۋىلىرى تېخى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ۋەتەنىدىن كۆچۈپ چىققان بولغاچقا، ئۇلار قويۇق ئۇيغۇر مىللىي پۇرىقى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىشكە، ئاتا-ئانىسى ۋە ياكى بوۋىلىرىنىڭ كىچىكىدىن سىڭدۈرگەن ئۇيغۇرلۇق تۇيغۇسى بىلەن ئۆزلۈكلىنىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى.

كۆچلۈك رۇس سياسىي ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى كۆچۈپ چىققان يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىمۇ يوق قىلالمىغان بولۇپ، قازاقىستان تەۋەسىدىكى ئۆزلىرىنى «يەرلىك» لەر دەپ ئاتايدىغان بۇ گۇرۇپپىمۇ ئوخشاشلا ھېچ قاچان ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىدىن تانمىغان ئىدى. سوۋېتلار يىمىرىلگەندىن كېيىن بولسا، ئۇلاردىكى ئانا ۋەتەن تۇيغۇسى ۋە چۈشەنچىلىرى ئۆزگىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى» دەپ پەخىرلىنىدىغان تۇيغۇسىنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇر» لۇق روھىنى دەسسەتتى. ئۇلاردا ئۆزلىرىنى ئانا ۋەتەننىڭ تەقدىرى بىلەن باغلاش، ئانا ۋەتەننى سۆيۈش، ئانا تىلنى سۆيۈش چۈشەنچىلىرى كۆچىيىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئۇلاردىكى بۇرۇنقىدەك ئۆزلىرىنى 50-60-يىللاردا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەك شەرەپلىك، ۋە ئېسىل قىسمى يەنى «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى» دەپ قارايدىغان سۇنئىيلىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يوق بولۇشى بىلەن يوقالدى. 90-يىللاردا كۈچىيىشكە باشلىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە باشقىلارنىڭ مىللىي كىملىك ھەم مىللەتپەرۋەرلىك ھەركىتى تەبىئىي ھالدا، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. نەتىجىدە، دۇنيا يۈزىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ۋە ياشىغان يەرلىرى پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ «ھەممىسىنىڭ تەقدىرى بىر، ھەممىسى بىر ئۇيغۇر» دەيدىغان چۈشەنچىلەر ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

دېمەكچى بولغىنىم، دۇنيانىڭ نەرىگە بارسىڭىز، ئۇيغۇرنىڭ ئۆز كىملىكى ئۈچۈن ئورتاق كۆرۈشۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىدىيىلىرىنىڭ

بارغانسېرى ئورتاقلىشىۋاتقانلىقىنى شۇنىڭدەك بىر گەۋدىگە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇيغۇرلاردىكى ئانا ۋەتەن، ئانا تىل، ئانا مەدەنىيەت ئىدىيىلىرى چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخىي ۋەتىنىگە بولغان سۆيگۈسى ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن يىغلاش ھەم بەدەل تۆلەش خاھىشىنى پەيدا قىلدى.

مۇرات ناسىروف ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئەزىمەتلەر ئەنە شۇ ئۇيغۇرلاردىكى روھنىڭ ھامىسى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پەيدا بولغان ئۇيغۇرلاردىكى جىنس رېكورتى يارىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «يېڭىلىق يارىتىش»، «ئالەمشۇمۇل نەتىجە يارىتىش» ھەرىكىتى ئۇيغۇرلاردىكى شەخسىي كىملىك سۆيگۈسى ئەمەس بەلكى، ئورتاق مىللىي سۆيگۈنىڭ بەدەللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادىل ھوشۇر باشلىغان بۇ ھەر ساھەلەردە كۆرۈلۈۋاتقان يېڭىلىقنى دادىللىق بىلەن «ئۇيغۇرلاردىكى بىر يېڭى دولقۇن» دەپ ئىپتىساق خاتالاشمايمىز. بۇ ئەمەلىيەتتە، 20-ئەسىرنىڭ 30- ۋە 40-يىللىرىدا قوزغالغان كەڭ كۆلەملىك ئۆزىنى ئازاد قىلىش، روھى قۇللۇق ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، ئىسمى-جىسمىغا لايىق سىياسىي مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش دولقۇنىنىڭ يېڭىچە ۋە ئۆزگىچە ۋارىيانتى خالاس!

## خاتىمە

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ 20-ئەسىردە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى بىلەن ئۇچرىغان ئېغىر مۇسىبەتلىرىنى ھېچ ئۇنتۇيالمىغان ھالدا 21-ئەسىرگە قەدەم قويدى. 20-ئەسىردە سانسىزلىغان قۇربانلىرى بەدىلىگە ئاخىرقى غايىلىرىگە يېتەلمەي قالغان ئۇيغۇرلار 21-ئەسىردە ئۆز غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالامدۇ يوق بۇ ئالدى بىلەن ھەر بىر ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ھېسابلىغان ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىغا باغلىق، ئۆز ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇش

بىلەن كىلەچىكىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئادەملەر بىلەن توشقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئوخشاشلا تېخىمۇ ئېغىر بەختسىزلىكلەرگە گىرىپتار بولۇشى مۇقەررەر (خۇدا ساقلىسۇن!).

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مۇساپىلىرىدىن قارىغاندا، ھەر بىر ئەسىردە ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلغان تەھدىتلەر ھەر خىل شەكىلدە بولغانكى، 21- ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى تېخىمۇ ئېغىر تالاش، رىقابەت ۋە كىرىزىس خاراكتېرلىك ھەيۋىگە توغرا كەلدى. ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ زېمىندا بىر قانچە مىڭ يىللاردىن بۇيان سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە نوپۇس جەھەتتە يۇقىرى سالماقنى ھەمدە باشلامچىلىق سالاھىيەتنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلار 21-ئەسىردە بۇ سالاھىيىتىنى ساقلاپ قالالامدۇ يوق؟

20-ئەسىردە ئۆز ئىستىقبالىنى قولغا كەلتۈرگەن نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر 21-ئەسىردىن تېخىمۇ زور ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە. ئۇلار 21- ئەسىردە ئۆز زېمىنىدىن ۋە ئۆز رايونىدىن ھالقىپ، دۇنياۋى تەسىر كۈچكە ئىگە بولۇش سەۋىيىسىگە يېتىشكە تىرىشىپ، 21-ئەسىرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەسىرى بولىدىغانلىقىنى جاكارلىماقتا. ئەمما، ئۇيغۇر مىللىي ئەخلاق چۈشەنچىلىرىگە كىرىزىس ئېلىپ كەلگەن 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغۇسىدىلا 20-ئەسىرنىڭ دەھشەتلىك ۋاباسى ھېسابلىنىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن ئەيدىز كېسلى ھەتتا ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان ئەڭ چەت يېزىلارغىچە يېتىپ كەلدى. ئەزەلدىنلا ئىسلام دىنىي ئەخلاقى ۋە مىللىي ئەخلاق قاراشلىرىغا باي بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ لۇغىتىدە بۈگۈنكى كۈندە «ئاق تاماكا» بىلەن «ئەيدىز» دائىم قوللىنىلىدىغان سۆز سۈپىتىدە يەر ئالدى. ئامېرىكا ئالىمى جۇستىن رۇدېلسون ئەپەندىنىڭ تەبىرى بويىچە ئالغاندا، «ئەيدىز بۈگۈنكى كۈندە ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت سۈپىتىدە يوقۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى ئەگەر ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، ئەيدىز بىلەن زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى پۈتۈن ۋۇجۇد بىلەن كۈرەش قىلىشى كېرەك ».

21-ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن دەسلەپكى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيادا ئورتاق ئەدەبىي تىللىق رولىنى ئوينىغان ئۇيغۇر-تۈركىي تىلى، ئەرەبلەرنىڭ، پارسلارنىڭ، قىتانلارنىڭ، موڭغۇللارنىڭ ھەمدە مانجۇلارنىڭ ھۆجۇملىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، تەككەمۇللاشقان ھەم زامانىۋى پەن-تېخنىكا تىلى ۋە سىياسەت تىلى بولۇپ، 20-ئەسىردە قايتا قەد كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار خىمىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زامانىۋى پەنلەر ھەم مېدىتسىنا ھەتتا كومپيۇتېر-ئۇچۇر تېخنولوگىيىسىدىن ئىبارەت يېڭى ۋە نازۇك تېخنىكىلىق پەنلەرنىمۇ ئۆز تىلىدا ئۆگىنىش ھەم ئوقۇتۇش، تەتقىق قىلىش شۇنىڭدەك ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى 2000 نەچچە مىللەتنىڭ ئىچىدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ يۈز مىللەتنىڭ قاتارىغا كىرىش بىلەن جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەت دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاساسىي مىللەت، كۆپ سانلىق مىللەت شۇنىڭدەك دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدە يەنىلا كۆپ سانلىق مىللەت ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلى 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىلا تارىختا كۆرۈلمىگەن رىقابەت ۋە شاللىنىۋېتىلىش تەھدىتىگە دۇچ كەلدى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلى-يېزىقىنى بىلىش مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارىلىپ، مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيا ئىنسانلىرى بۇ تىلنى بىلگەنلىكىدىن پەخىرلەنگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزلىرى ئېتىبارسىز قالدۇرماقتا ۋە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشتىن نومۇس قىلىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىللىرىنى قەدىرلىمەسلىكىنى ھېس قىلغان سىياسەتچى ئەربابلار ئاشكارا ھالدا «ئۇيغۇر تىلىدا پەن-تېخنىكا ئۆگىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى، بازار ئىگىلىكىگە تېخىمۇ ماسلاشقىنى بولمايدىغانلىقىنى» تەكىتلىمەكتە، سىياسەت ۋە جەمئىيەت خاراكتېرلىك

شەكىللىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ رولىنى چۈشۈرۈش دولقۇنى، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋە ئەلىشىر ناۋايىنىڭ شۇنىڭدەك 1944-يىلدىن 1949-يىلغىچە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى دائىرىسىدە سىستېمىلىق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىلىرىنى بەش يىل باشقۇرۇش بىلەن ھەممىگە قابىل ۋە لايىق تىل ئىكەنلىكى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلانغان ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شۇنىڭدەك بۇ تىلنى قوغداش ئۈچۈن جانلىرىنى قۇربان قىلغان يۈز مىڭلىغان قۇربانلارنىڭ تىلىغا تەھدىت يەتمەكتە.

تىلدىن ئىبارەت مىللەتنىڭ قەلب ئەڭگۈشتەرىدىن ئايرىلىپ قالغان مىللەتنىڭ ئىستىقبالىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، خالىسىڭىز، رۇسلاردىن، ياپونلاردىن، فرانسۇزلاردىن ۋە خەنزۇلاردىن ئۆز تىلىڭىزنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا تىلنى ئىشلىتىشنى، ئۆز تىلىڭىزنى ئۇنتۇشنى خالامسىز دەپ سوراپ بېقىڭ، ئۇلار بەلكى بۇ سوئالىڭىزغا چىرايلىق گەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇشتى بىلەن جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، باشقا بىر تىلنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن ئۇ تىلنى ئۆزىنىڭ مائارىپىغا ۋە كۈندىلىك پائالىيەتلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدۇرۇشنىڭ ئاسمان-زېمىن پەرقى بار.

21-ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇيغۇرلار يەنە ئىنتايىن كۈچلۈك بازار رىقابىتى، مەدەنىيەت رىقابىتى ھەم مىللىي ئاڭ ۋە غۇرۇر رىقابەتلىرىگە دۇچ كەلدى. ئۇيغۇرلارغا بۇ رىقابەتلەردە غالىپ چىقىشتىن باشقا چىقىش يولى يوق، ئەگەر ئۇتتۇرسا، ئاقىۋەتنى ھەر قانداق شەكىلدە تەسۋىرلەش مۇمكىن. لېكىن، خۇشاللىنارلىق بىر نۇقتا شۇكى، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆزلىرىنى ھېچ كىمدىن كەم سانىماسلىق روھى مىللىي پىخىكىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى باشقا خەلقلەردىن ئارتۇق تۇرىدىغان يېقىندىن بۇيانقى نەتىجىلىرى ئارقىلىق دادىللىق بىلەن «21-ئەسىر بىزنىڭ ئەسىرىمىز بولىدۇ» دەپ ئېيتىشقا ھەقلىق.

ئۇيغۇر دىيارى جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىم ۋە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. ئۇيغۇر دىيارى 21-ئەسىردە يېڭى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولۇش رولىنى ئۆتەيدۇ. جۇڭگونىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان ئېنېرگىيە ئېھتىياجى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى شۇنىڭدەك خەلقئارا ھەربىي-سىياسىي ئىستراتېگىيىسى ئۇيغۇر دىيارى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، نۆۋەتتە، قازاقىستان بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى نېفىت توشۇش تۇرۇبىسى ئىشقا كىرىشتى. بۇ يول جۇڭگونىڭ نېفىتكە بولغان ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشتىكى ناھايىتى مۇھىم ۋاستە. 2011-يىلىدىن ئېتىبارەن گاز ئاقتۇرۇلىدىغان رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى تەبىئىي گاز تۇرۇبىسىمۇ ئۇيغۇر دىيارىدىن ئۆتىدۇ.

تۆمۈر يول قاتنىشى جەھەتتىنمۇ، قەشقەر-قىرغىزىستان-ئۆزبېكىستان تۆمۈر يولى تۇتاشتۇرۇلسا، ئۇ چاغدا جۇڭگونىڭ بىۋاسىتە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق غەربىي ئاسىياغا ھەمدە كاۋكازىيە رايونى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەگەردە پاكىستانغا تۇتىشىدىغان تۆمۈر يول مەيدانغا كەلسە، جۇڭگو ئۇيغۇر دىيارى ئارقىلىق پاكىستاننىڭ كاراچى پورتىغا ئاندىن كېيىن ھىندى ئوكيانغا چىقىپ، ھىندى ئوكيان بويىدىكى نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى بۇ يول ئارقىلىق قىسقا ۋاقىت ھەم قىسقا مۇساپە بىلەن جۇڭگوغا توشۇپ كېلەلەيدۇ شۇنىڭدەك تاۋار ئالماشتۇرۇشتا ۋە سودىدا يەنە يېڭى مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇر دىيارى جۇڭگونىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيا جۇملىدىن ياۋروپا بىلەن بولغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئالاقىلىرىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇپلا قالماستىن بەلكى، كەلگۈسىدە جۇڭگونىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەتلىرىدىكى مۇھىم ۋاستىلىك رولىغا ئېرىشىدۇ. شۇڭا، جۇڭگو ئىستراتېگىيىچىلىرى «شىنجاڭ گۆھەر زېمىن» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن تاشقى دۇنيا ئارىسىدىكى شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بەلۋاغقا

جايلاشقانلىقىدەك ئەۋزەللىكىنى ۋە رولىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەۋزەللىكلىرى ۋە رولىرىدىن قانداق پايدىلىنىش يوللىرىنى تېپىپ چىقالىسا، بۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بەخت ئېلىپ كېلەلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئارزۇلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن بەدەل تۆلەش كېرەك، ئادىل ھوشۇر سەنشىيا بوغۇزىغا تارتىلغان تۆت يۈز مېتىر ئېگىزلىكتە مېڭىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە تەييار ئىدى. چۈنكى، ئۇمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئادەم بولغاچقا، ئاشۇ ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ھېچنېمىسى قالماس ئىدى. ئابلا مەجۇنمۇ خۇددى شۇنداق!

گۈل زۆھرە بەلكى تەكلىماكاندىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئوخشاشلا ئادىل ھوشۇردىن قېلىشمايدىغان خەتەرگە تەۋەككۈلچىلىك قىلدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق بەدەل تۆلەش روھى بىلەن ئۆزىنىلا ئەمەس بەلكى مىللىتىنى تونۇتتى، بۇ مىللەتنىڭ دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر ئۆزلىرىنى ئىلغار ۋە بۈيۈك ھېسابلىغان ئىنسانلار توپىدىن قېلىشمايدىغان، ھەممىگە قادىر ۋە لايىق بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى! مانا بۇ ئۇيغۇرغا كېرەك روھ! شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن ئۆز باتۇرلىرى، ئۆز ئالىملىرى، سەنئەتكارلىرى، قىسقىسى ئۆز مىللىتى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلغان ئادەملىرىنى قەدىرلەشكە ۋە سۆيۈشكە شۇنىڭدەك ئۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىر خەلقتۇر.

ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۇيغۇرسىز قالغان، يۇرت ئۈچۈن يۇرتسىز قالغان، ئانا تىلى ئۈچۈن تىلسىز قالغان، پاك روھى ئۈچۈن جانسىز قالغانلارنىڭ مۇرات-مەخسەتلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، چۈنكى تارىخ ئەڭ ئادىل سوتچىدۇر! چۈنكى تارىخ ھېچ قاچان كۆز يېشىغا ئىشەنمىگەن ھەم ئىشەنمەيدۇكى، بۇ خۇددى ئادىل ھوشۇرنىڭ پەلەكنى بويسۇندۇرۇش روھى تارىخ ياراتقاندەك بىر ئىش، ئىشىنىمەنكى، ياش تالانتلىرىمىز ئەركىن بىلەن راخمانجانلار خىتاب قىلغاندەك دۆڭ كۆۋرۈكتىن كېلىدىغان ئۇيغۇر ھىدى ئەبەدىيلىك بولغۇسى! ھەم بۇ ھىد خۇددى تارىختا سۇلتان سۇتۇقتەك، باتۇر

تەگرىقۇتتەك، مويۇنچۇردەك قەھرىمان ئەجدادلىرىمىز دۇنياغا يايغاندەك يەنە دۇنياغا يېيىلغۇسى!!

ئۇيغۇر ناخشىلىرىدىن شۇنداق پۇراقلار كەلسۇنكى، ئۇنىڭدا ئاجىزلارنىڭ يىغىسى بىلەن بىچارىلەرچە ئىڭرىشى ئەمەس، بەلكى مەردانە نەرىلەر، جاسارەت ۋە ئۈمىدۋارلىقلار مەۋجى ئۇرسۇن، سەنئەت بىلەن بىرگە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ھامان سەنئەت بىلەن ئۆزىنى تۇيىدۇ ۋە سەنئەت بىلەن ئۆزىنى تەربىيىلەيدۇ. ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ۋە يوقاتماسلىق ئاساستا باشقا مىللەتلەرنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا سىڭدۈرۈش كېرەككى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ مۇزىكىلىرىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالماسلىق كېرەك. قوبۇل قىلىپ پايدىلىنىش بىلەن كۆچۈرۈۋېلىشنىڭ ئارىسىدا زور پەرقلەر مەۋجۇت. ناخشا ـ مۇزىكىدىكى تەرەققىياتمۇ بىر مىللەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە راۋاجلىنىش يۆلۈنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرىدۇر

ئىشىنىمەنكى، مۇراتنىڭ ئىلى ۋە تۇمەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىش ئارزۇلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، يالغۇز مۇراتنىڭلا ئەمەس بەلكى، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئون مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان، مىليونلىغان مۇراتلارنىڭ مۇرات ـ مەقسەتلىرى چوقۇم رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

# مۇرات ناسىروفنىڭ ۋاپاتىغا ئىككى يىل توشقاندا

ئاتاقلىق ئۇيغۇر ناخشىچىسى، كومپوزىتور، رۇسىيە سەھنىسىدىكى تونۇلغان چولپانلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان مۇرات ناسىروفنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئىككى يىلدىن ئاشتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى يىل ھەممىلا ئادەم ئۈچۈن ئۇنچە تېز ئۆتكىنى يوق، بەلكى مۇراتنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئانىسى، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، دوستلىرى شۇنىڭدەك مىڭلىغان مۇخلىسلىرى ئۈچۈن بۇ ئىككى يىل بەلكى 20 يىلغا تەڭ بولۇشى مۇمكىن!

مۇرات ناسىروف جىسمانىي جەھەتتىن ئارىمىزدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جاراڭلىق، سۈزۈك ۋە يارقىن ئاۋازى قۇلىقىمىز تۈۋىدە ئۈزلۈكسىز ياڭرىماقتا، قەشقەر راۋابىنى چىڭ تۇتۇپ، جىددىي قىياپەتتە قاراپ تۇرغان سىيماسى كۆز ئالدىمىزدا پارلاپ، ئۇ خۇددى ھاياتتەك، يەنە شۇ رۇسىيە ۋە باشقا ئەللەر سەھنىلىرىدە «گۈلايىم» ناخشىسىنى ئورۇنداپ، ھەر ئىرق ۋە ھەر خىل تىللارغا تەۋە ئىخلاسمەنلەرنى ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۇيغۇر ئاھاڭى بىلەن مەستخۇش قىلىپ، ئۇسسۇلغا سېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرمەكتە.

مۇرات ناسىروفنىڭ ھايات ۋاقتىدا ھەر قاچان ۋە ھەر يەردە دائىم جاكارلاپ تۇرغان «مەن ئۇيغۇر پەرزەنتى!»، «ئۇيغۇر ناخشىچىسى!»، «دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق ئۇيغۇر!» دېگەن خىتابلىرى ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۆز مىللىتىنى تېخىمۇ سۆيۈشكە، ئۇلار دۇنيانىڭ ھەر قانداق بۇلۇڭ-

پۈچقىقىدىكى ئۇيغۇرسىز ماكانىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى ۋە «ئۇيغۇر» دېگەن مۇقەددەس نامدىن پەخىرلىنىپ، قەددىنى تىك تۇتۇپ ياشاشقا ئۈندىمەكتە!

مۇرات ناسىروف ئارىمىزدىن كەتتى! لېكىن، ئۇنىڭ مەنىۋى بايلىقلىرى، ئۆز كىملىكىنى ئۇنتۇماسلىق ۋە سۆيۈش روھى ئەبەدىيلىك مىراس بولۇپ قالدى. ئەنە شۇ روھ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئۇيغۇر خەلقى ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئەسلەپ كەلدى، ئۇنى سېغىندى، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى، ياۋروپا تۈزلەڭلىكىدىن تارتىپ تارىم ئويمانلىقىغىچە بولغان بىپايان جۇغراپىيىلىك بوشلۇقتىكى ھەر مىللەت ئىنسانلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇرات ھەققىدىكى ئەسلىملىرى، سېغىنىشلىرى ۋە تىلەكلىرىنى رۇس، ئۇكرائىن، مولدوۋان، ئىنگلىز، ئۇيغۇر، قازاق، تۈرك، تاتار، ئۆزبېك، قىرغىز، خەنزۇ ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك تىللاردىكى تور بەتلەر، گېزىت-ژۇرناللار، رادىئو دولقۇنلىرى ھەم تېلېۋىزىيە قانالىرى ئارقىلىق ئىزچىل ئىپادىلەشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

مۇراتنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا ئىككى يىل توشقان بۇ كۈنلەردە مۇراتنى ئەسلەش ۋە ئۇنى سېغىنىش پەقەت ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ھەم يېقىنلىرى بىلەنلا چەكلەنگىنى يوق دەپ كەسكىن ئېيتىشقا ھەقلىقمەن!. ئەلۋەتتە، ياۋروپا ئاسىيانىڭ بىر بۇرجىكىگە جايلاشقان ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مۇرات ناسىروفنىڭ نامىنى بىرەر ئورۇن، كوچا ۋە ياكى مەكتەپكە قويۇپ، ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئارزۇلىرى تېخىچە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرى تولۇق ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەزكۇر ئىككى يىل جەريانىدا مۇراتقا بېغىشلىغان كۆپلىگەن پائالىيەتلەرنى قىلدى. بولۇپمۇ، ئۇلار ئۈزلۈكسىز مۇرات ناسىروف نامىدا مۇكاپات تەسىس قىلىپ، ئالمۇتادىكى جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىدا ياش ناخشىچى ۋە مۇزىكانتلار ئارىسىدىن تالانت ئىگىلىرىنى تاللاش ۋە تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان ناخشا-مۇزىكا

مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىگەنلەرگە مەزكۇر مۇكاپاتنى تارقىتىش، ئالمۇتا شەھىرىدىكى مۇراتنىڭ قەبرىسىگە مۇراتنىڭ مىس ھەيكىلىنى ئورنىتىش ھەمدە 100 مىڭ دوللار ئەتراپىدا پۇل توپلاپ، مۇراتقا بېغىشلانغان خەلقئارالىق خاراكتېردىكى كونسېرت ۋە باشقا پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك ۋە كۆپ مەزمۇندىكى پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك ۋە پەخىرلىك پەرزەنتلىرىگە ئىگە چىقالايدىغان ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى.

مۇرات ۋاپات بولغانلىقىغا ئىككى يىل توشقان بۇ كۈنلەردە رۇسىيە مەتبۇئاتلىرى قايتىدىن مۇرات ناسىروف ھەققىدىكى ماقالە ۋە ئەسلىمىلەرنى كۆپلەپ ئېلان قىلدى. مۇرات ناسىروف يەنە بىر قېتىم مەتبۇئاتلارنىڭ قىزىق تېمىسىغا ئايلاندى.

2009-يىلى 3-ئاينىڭ 12-كۈنى دۇنيانىڭ ئەڭ مەشھۇر چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان موسكۋادىكى داڭلىق ناخشا چولپانلىرى، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، مۇراتنى چىن يۈرىكىدىن ئەسلەپ، ئۇنى خاتىرىلىدى ھەتتا ئۇيغۇرچە ناخشا ئورۇنداش ئارقىلىق مۇرات ناسىروف ۋە ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىنى قەدىرلەش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

رۇسىيە مەتبۇئاتلىرىدىكى، جۈملىدىن داڭلىق مەتبۇئاتلاردىن «يېڭى خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ ئۇچۇرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇرات ناسىروفنى خاتىرىلەش كېچىلىكى موسكۋا شەھىرىدىكى «موسكۋا خەلقئارا مۇزىكا ئۆيى» دەپ ئاتالغان ئورۇننىڭ تىياتىر زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، پائالىيەتكە رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق سىياسىيونلىرىدىن بىرى، پارلامېنت ئەزاسى، رۇسىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سابىق رىياسەتچىسى شۇنىڭدەك مۇرات ناسىروفنىڭ يېقىن دوستى، بۇرىيات مىللىتىدىن بولغان ئالېكساندىرا بۇراتايېۋا رىياسەتچىلىك قىلغان.

رۇسىيىنىڭ «نيۇسمۇسىك. رۇ» تورىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، مەزكۇر كېچىلىككە مۇرات ناسىروفنىڭ هاياتى ۋاقتىدىكى دوستلىرى، كەسپداشلىرى ھەمدە ئۇنىڭ بىر قىسىم مۇخلىسلىرى قاتناشقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇگۈنكى رۇسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا كەڭ تونۇشلۇق چولپانلاردىن ئالىيونا ئاپىنا، مارىنا خلېبنوكوۋا، پاۋېل پاسكال، نىكولاي تۇرباچ شۇنىڭدەك موسكۋا ياشايدىغان دانىيىلىك ناخشىچى توماس نوۋاگرىن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە ئون چولپان بار ئىدى، ئۇلار مۇرات ناسىروفنىڭ «سەن دېمەك مەن»، «تامبوفقا بارماقچى بولغان بالا»، «مېنىڭ تارىخىم» قاتارلىق ئونلىغان ناخشىلىرىنى ئورۇندىدى، بۇلاردىن باشقا يەنە تونۇلغان گۇرۇپپىلاردىن «دوكتور ۋاتسون»، «ئا-ستۇدىيا» قاتارلىقلارنىڭ چولپانلىرىمۇ مۇراتقا بېغىشلىغان ۋە ياكى ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئورۇنداپ، ناخشا كېچىلىكىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.

مەزكۇر خاتىرە كېچىلىكىدە باشتىن ئاخىرى مۇرات ناسىروفنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ئېكران ئارقىلىق تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، رىياسەتچى بۇراتايىۋا خانىم بىلەن پاسكال مۇرات ناسىروفنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكى تەكىتلەپ، ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتىغا يۇقىرى باھا بەردى.

ئەڭ ئەھمىيەتلىك نۇقتا شۇكى، مەزكۇر ناخشا كېچىلىكىدە مۇرات ناسىروفنىڭ ھايات ۋاقتىدا «قالدىم يالغۇز» ناملىق تۇنجى ۋە ئاخىرقى ئۇيغۇرچە ناخشا توپلىمىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي سەنئىتىنى رۇسىيىلىكلەرگە بىلدۈرگەنلىكى ۋە ئۇنى ئۆز خەلقىگە ئەبەدىيلىك سوۋغا قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدى. ئەلۋەتتە، مۇرات ئەينى ۋاقىتتا مەزكۇر توپلامنى تارقاتقاندا ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى ۋە سەنئەت بازىرىدىكى ئەربابلار ھەيرانلىق ھېس قىلىشقان بولۇپ، رۇسىيە مەتبۇئاتلىرىدا بۇ ھەقتە كۆپ ئىنكاسلار پەيدا بولغان.

رۇسىيىلىكلەرنى ھەيران قالدۇرغان نۇقتا مۇراتنىڭ مەزكۇر ئۇيغۇرچە ناخشا توپلىمىنى كۆپ ئىقتىساد سەرپ قىلىپ نەشر قىلغان بىلەن موسكۋا سەنئەت بازىرىدا سودا قىممىتى يارىتالمايدىغانلىقىدەك قىيىنچىلىقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مەزكۇر قەدەمنى بېسىشى بولۇپ، رۇسلار پەقەت مۇرات ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا بۇنىڭ ئەسلىدىن مۇراتنىڭ ماددىي مەنپەئەت ۋە پايدا كۆزلەش ئەمەس بەلكى، ئۆز خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش روھى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى.

موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن مۇرات ناسىروفقا بېغىشلانغان مەزكۇر كېچىلىكتە ئەنە شۇ روھتىن تەسىرلەنگەن رۇس چولپانلىرىدىن ۋىكتورىيا مورروزوۋا بىلەن ئۇنىڭ ئېرى يەنى ناخشىچى ئانتون ماكارسكىي بىرلىكتە مۇرات ناسىروفنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئېيتىپ مىراس قالدۇرغان، ئەمما تېخى ھازىرغىچە تېخى ئېلان قىلىنمىغان «سېنى سۆيىمەن» ناملىق ناخشىسىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئورۇندىغاندا ھەممە ھاياجان بىلەن چاۋاك چېلىشقان.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇرات ھايات ۋاقتىدا سەھنىلەردە دائىم ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتىشنى ئادەت قىلغان بولۇپ، ئايالى ناتالىياغا بىر قىسىم ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى ئۆگىتىپ، ئۇنى سەھنىدە ئۆزىگە جور بولۇشقا ئادەتلەندۈرگەن، ھەتتا ئۇ ئالمۇتا سەھنىسىدە «قالدىم يالغۇز» ناخشىسىنى ئېيتقاندىمۇ، ناتالىيا ئۇنىڭغا جور بولغان شۇنىڭدەك 2004 ـ يىلى 4-ئايدا مۇرات بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكىنىمدە ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە توختالغاندىمۇ، ئايالىنىڭ ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ئىدى. بۇ كونسېرتقا يەنە قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ناخشا چولپىنى دىلناز ئەخمەدىيېۋامۇ تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مۇرات ناسىروفنىڭ بىر قانچە ئۇيغۇرچە ناخشىلىرىنى ئېيتقان.

مۇرات ناسىروف دىلناز خانىم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك شەخس بولۇپ، دىلناز بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق تېلېفون

سۆھبەتىمدە ئۇ ئۆزىنىڭ مۇراتنى ئەڭ يۇكسەك ئورۇندا كۆرىدىغانلىقى ۋە مۇراتنىڭ ئەسلى مەقسىتىنىڭ ئۆزىنى موسكۋا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىپ، قازاقىستاندىن ھالقىغان ۋە پۈتۈن رۇسىيە ھەم مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا تونۇلغان ناخشا چولپىنى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەنلىكى ۋە بۇ يولدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. دېمىسمۇ، بۇ ئىككى چولپاننىڭ ھەمكارلىقى بىر مەزگىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، بىراق ئۇزۇنغا بارمىدى. ئەمما، دىلناز مۇراتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىجادىيىتى «رومىيو-جۇلىتا» ناملىق ناخشىسىنى ئېيتىش شەرىپىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇ مەزكۇر ناخشىغا ئەڭ ياخشى كۆرۈنۈشلەرنى كىرىشتۈرۈپ، ئېكرانغا ئېلىپ چىقتى. ئەسلىدە مۇرات ھايات ۋاقتىدا بۇ گۈزەل ناخشىنى موسكۋادىكى داڭلىق تاتار چولپان ئالسۇنىڭ ئورۇندىشىنى ئارزۇ قىلغان ئىكەن، بىراق ئاخىرىدا ئۇيغۇر چولپىنى دىلنازغا ئېيتىش نېسىپ بولغان.

موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن كونسېرتنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ئارتىسلار سەھنىگە چىقىپ، ھەممە بىرلىكتە مۇرات ناسىروفنىڭ «سەن بۇ مەن» ناملىق ناخشىسىنى خور قىلىپ ئېيتىپ، ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان.

رۇسىيىنىڭ پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا داڭلىق ناخشا چولپىنى ئالىيونا ئاپىنا مۇراتقا يۇقىرى باھا بېرىش بىلەن كونسېرتنىڭ خۇلاسىسىنى چىقىرىپ، «مۇرات بىز بىلەن بىرگە! ئۇ ئۆزىنىڭ مانا بۇ ناخشىلىرى بىلەن ئەبەدىي بىرگە ياشايدۇ!» دەپ جاكارلىغان.

90-يىللارنىڭ ئاخىرىدا مۇرات داڭلىق گۈزەل چولپان ئالىيونا ئاپىنا بىلەن «ئايدىڭ كېچە» ناملىق ناخشىنى ئورۇنداپ، رۇسىيە سەھنىسىنى زىلزىلىگە سالغان بولۇپ، بۇ ئىككى چولپاننىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە مۇھەببىتى ھەققىدە ئۇسەك سۆزلەر تارقالغان ئىدى. ئالىيونا بىلە مۇرات بۇ سۆزلەرنى رەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنىڭ ساپلىقى ۋە ئەبەدىيلىكىنى

جاكارلىغان، ھەقىقەتەن ئالىيونا ئاپىنا مۇرات ۋاپات بولغاندا ئەڭ قايغۇرغان كىشى سۈپىتىدە، ئالمۇتاغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشكەن شۇنىڭدەك مۇراتقا بېغىشلانغان كونسېرتتا مۇرات ھەققىدىكى ناخشىلارنى ئورۇنداپ، كۆرۈرمەنلەرنى تارامىلاپ ياش تۆكۈشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى.

مۇرات ناسىروف 2007-يىلى، 1-ئاينىڭ 19-كۈنى موسكۋادىكى ئۆز ئۆيىنىڭ بالكونىدىن چۈشۈپ كېتىپ، 38 يېشىدا ئىنتايىن سىرلىق تۈردە ۋاپات بولدى. بۇ خەۋەر پۈتۈن رۇسىيىنى زىلزىلىگە سالدى، سانسىزلىغان ئادەملەرنى يىغلاتتى، سانسىزلىغان ئادەملەر بۇ ئۆلۈم توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارغا ئىشەنمىدى. مۇراتنىڭ ھەيران قالارلىق ۋە سىرلىق قازاسى رۇسىيىلىكلەرنىڭ كاللىسىدا «ئىچىلماس سىر» تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلار دەرھال ئۆز تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان سىرلىق پاجىئەلەرنى ئەسلەپ، ئېغىر خورسىنىشتى. ئەنە شۇ سىرنى پاش قىلىشقا ئادەتتىكى دېلو رازۋېدچىكلىرىلا ئەمەس بەلكى، رۇسىيە ۋە باشقا مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا تەۋە ئەللەرگە تونۇلغان ئالدىن پەرەز قىلىش ۋە قىياس قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە رەمباللىرىمۇ قاتنىشىپ، مۇراتنىڭ سىرلىق ئۆلۈمى ھەققىدە ھەر خىل قىياسلارنى قىلىپ بېقىشتى. مەزكۇر ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرى ھېسابلانغان رەمباللارنىڭ مۇراتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، مۇرات ئولتۇرغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ سالغان رەملىرى ۋە ئېيتقان قىياسلىرى تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرى ئارقىلىق كۆرسىتىلدى. بىراق، مەيلى ئىقتىدارلىق رەمباللار بولسۇن ۋە ياكى دېلو راۋزېدچىكلىرى بولسۇن ئىككى يىلدىن بېرى ھېچكىممۇ مۇراتنىڭ ئۆز ئەجىلى بىلەن «تاسادىپىي بەختسىز ھادىسىدە» قازا قىلدىمۇ؟ ياكى «نامەلۇم ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدىمۇ؟» دېگەن سوئالغا ئېنىق ۋە پاكىتلىق جاۋاب بېرەلمىدى، ساقچىلارنىڭ «مۇرات ناسىروف تاسادىپىي بەختسىز ھادىسە بىلەن ئۆلدى» دېگەن يەكۈنى كىشىلەرنى تېخىمۇ قايىل قىلالمىدى.

خەيرىيەت! مۇرات بۇ دۇنيا بىلەن ئۇمىد ۋە ئىشەنچىنى يوقاتمىغان ھالدا سىرلىق خوشلاشتى! بۇ سىرنى ئاللاھ بىلىدۇ ۋە مۇرات ئۆزىلا بىلىدۇ! ئەگەردە بۇ ئۆلۈم ھەقىقەتەن سىرلىق دەپ قارالغاندا، ئۇنى نامەلۇم كۆرۈنمەس «كۆلەڭگىلەر» بىلىدۇ خالاس!

مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر تالانتلىق ئادەملەر بىر مىللەتنىڭ بايلىقى! تالانت ئىگىلىرى بىر مىللەتتە ساناقسىز بولمايدۇ، ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆزى ئىچىدىن چىققان ھەقىقىي تالانت ئىگىلىرىنى ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي كىملىكى ۋە ئىززەت ھۆرمىتىنى تىكلەشتىكى روھىي مەنبەسى قىلىدۇ، بىراق، ئۆز مىللىتى ئۈچۈن تەر تۆكمىگەن ۋە ياكى ئۆزىنىڭ شۇ مىللەت پەرزەنتى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئالىي روھتىن سۆيۈنۈشىنى ۋە باشقىلارغا سۆيدۈرۈشىنى بىلمىگەن تالانتلىقلارنىڭ «بايلىق» بولالىشى ناتايىن!

مۇرات نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ سۆيگۈسىگە ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلىدى؟ چۈنكى، ئۇ ئۆز مىللىتىدىن ئايرىلىپ ۋە ئۇيغۇر ۋەتىنى ھەم مەدەنىيىتىدىن شۇنچە يىراقتا ياشاپمۇ ئۆز مىللىتىنى سۆيدى ۋە باشقىلارنى سۆيۈشنىمۇ ھەم سۆيدۈرۈشنىمۇ بىلدى! سەنئەتنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ئارقىلىق ئاجىز بىر خەلقنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ۋە ئارزۇلىرىنى نامايان قىلدى. ئەلۋەتتە، شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى، ئۇنىڭ ئېيتقان ئۇيغۇرچە ناخشىلىرى ئۆز مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي سەنئەت پۇراقلىرى بىلەن تولغان ماكاندا ياشاپ، مەزكۇر مىللىي پۇراقلارغا كۆنگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگىلا يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلۇشى ناتايىن! كىچىككىدىن ئۆز تىلى ۋە ئۆز مەدەنىيەت ھەم سەنئەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن كۆپلىگەن ناخشىچىلار بار. مۇراتنىڭ ئۇيغۇرچە ناخشىلىرىدا ئۇيغۇر پۇرىقى ياۋروپا پۇراقلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ دەل مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقى خەلقلىرىنى ئۇسسۇلغا سالالىغان تەرىپى، ئۇيغۇر پۇرىقى بولسا، ئۇيغۇرلارنى سۆيۈندۈرگەن ۋە رازى قىلغان تەرىپى

بولۇپ، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا كىچىكىدىن قەشقەر ۋە ئىلى ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، ئاشۇ پۇراقتىلا يېتىشكەن ناخشىچىغا قويغان تەلەپنى تېڭىشقا بولمايتتى، بۇ نۇقتىنى ئۇ ئۆزىمۇ ياخشى بىلەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ھېچقاچان كۆرمىگەن تارىخى ۋەتىنىدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي پۇراقتىكى ناخشىلىرىنى ئاڭلاشنى، ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. مەن ئىلگىرى ئېلان قىلغان «مۇرات ناسىروف ۋە مەن» ماۋزۇلۇق ئەدەبىي خاتىرەمدە 1995-يىلى موسكۋادا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان ۋە بىرگە لەگمەن يېگەن چاغلاردا قىلىشقان سۆھبەتلىرىمنى ئەسلەپ ئۆتكەن ئىدىم. ئەنە شۇ چاغدىكى سورۇندا مۇرات ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مۇزىكانت دوستىمىز شاۋقۇنىنىڭ ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالغان دۇتتارلىرى ۋە ئېيتقان خەلق ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ كۈچلۈك ھاياجانلانغان ئىدى.

2004-يىلى، 4-ئايدا مۇرات بىلەن يېزىشقان ئېلخەتلەر ھازىرمۇ خاتىرەمدە تۇرۇپتۇ، مەن ئۇنى ئامېرىكىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدىم، ئۇ بۇ تەكلىپىمنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالغان ھەمدە ئەگەردە ئامېرىكىغا بارغاندا ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتىپ بەرسە ئاڭلىغۇدەك ئۇيغۇرلار بارمۇ؟ دەپ سورىغان شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ نيۇ-يورك قاتارلىق رۇسلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەرگە بىر قانچە قېتىم كېلىپ ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئۇ يەردە رۇسچە ۋە ئىنگلىزچە ناخشىلارنى ئورۇندىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى يۇزلىگەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئادەملەر، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۇنى كۈتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ياقتۇرىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگىنىمدە يەنە بىر قېتىم ھاياجانلانغان شۇنداقلا ئامېرىكىدىمۇ ئۇيغۇرلار ياشايدىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، نەگىلا بارايلى ئۆزىمىزنى ئۇنتۇمايلى، دېگەن مەزمۇندا سۆزلىگەن ئىدى.

2006-يىلى، مۇراتنىڭ ئالمۇتادىكى دوستى، «يەركەت بۇلبۇللىرى» ئانسامبىلىنىڭ يېتەكچىسى، كومپوزىتور پولات ھېزىموف قاتارلىقلار بۇ يەرگە كەلگەندە، مۇراتنىڭ ماڭا ئېيتقان سالىمىنى يەتكۈزگەن شۇنىڭدەك يەنە مېنىڭ مۇراتقا سۆزلىگەن ۋىدىئو كۆرۈنۈشۈمنى ئېلىپ كېتىپ، موسكۋادا ئۇنىڭغا قويۇپ بېرىپ، ئاڭلاتقاندا ئۇ كېيىن چوقۇم ئامېرىكىغا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن. ھەقىقەتەن، 2007-يىلى، مۇرات ۋاپات بولۇشتىن بىر ئاي ئىلگىرى بۇ قېتىم چوقۇم ئائىلىسى بىلەن بىرگە ئامېرىكىغا كېلىش ۋە بۇ يەردە ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى ئېيتىشنى قارار قىلغان، ئەپسۇسكى، ئۇ مانا شۇنداق كۆپلىگەن پىلانلارنى تۈزۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا «مۇرات ناسىروف ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى» دېگەن خەۋەر پەيدا بولدى، رۇس گېزىتلىرىدىن مەرھۇمغا ئائىت ئېلان قىلىنغان ھەر قانداق بىر ئۇچۇر ۋە مەلۇماتنى قالدۇرماي ئوقۇدۇم، تەھلىللەر يۈرگۈزدۈم، ئاكىسى، ئايالى ۋە دوستلىرى بىلەن سۆزلەشتىم، پەقەت بىرلا جاۋاب، «مۇرات ھەرگىز ئۆزىنى ئۆلتۈرمەيدۇ!» ھەقىقەتەن، شۇنداق چوڭ ئىجادىيەت ۋە خۇشال ئائىلىۋى ھايات پىلانلىرىنى تۈزگەن ئادەم ئاشۇ بەزى خەۋەرچىلەر يازغاندەك «ئىجادىيەت كرىزىسى تۈپەيلىدىن» بىراقلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالامدۇ؟ ئىككى ئوماق بالىسىنى كۆز ئالدىدا تاشلاپ شۇنداق قىلامدۇ؟

مۇرات ناسىروفنىڭ «مېنىڭ تارىخىم»، «كىمدۇر بىرى كەچۈرىدۇ»، قاتارلىق بەش پلاستىنكىسى رۇسىيە زامانىۋى سەنئەت تارىخىدىن ئورۇن ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۇ «تامبوفقا بارماقچى بولغان بالا» ناملىق ناخشىسى بىلەن كىشىلەرگە ئۇنتۇلماس تۇيغۇ ئاتا قىلدى. مۇراتنى رۇسىيىنىڭ تامبوف شەھىرىدىكى ئادەملەر تېخىمۇ ياخشى بىلىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ نامى بۇ شەھەر بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن تامبوۋ شەھىرىدىكى رۇسلار ۋە باشقىلار ئۆز شەھىرىنىڭ داڭقىنى چىقارغان بۇ ئۇيغۇر ئەزىمەتنى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭغا خۇددى تارىختىكى رۇس قەھرىمانلىرى كەبى ھەيكەل ئورنىتىش ئۈمىدلىرىدە بولۇشقانلىقى ھەققىدىمۇ ئۇچۇرلار پەيدا

بولغانلىقى مەلۇم.

مۇرات بۇ يىل 12-ئايدا 40 ياشقا كىرەتتى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا، دادىسى، سابىق مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى، ئاقسۇ جەڭ مەيدانلىرىدا دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان، ماناس دەرياسى بويىدا بىر قولىدا راۋاب كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قولىدا مىلتىقىنى چىڭ تۇتۇپ، دۈشمەنىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ، تۆت يىل ئۆز ئازاد ھۆكۈمىتىنى قوغدىغان ئىسمائىل ناسىروف ئەپەندىدىن ئۆگىنىۋالغان قۇرئان سۈرىلىرىنى دائىم يادلاپ، قۇرئاننى شۇنچە ياخشى قىرائەت قىلىشنى ئۆگەنگەن ئىكەن. ئۇ ھەتتا ئايالى ناتالىياغا مەن 40 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ھەقىقىي مۇسۇلماندەك بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ، تەرتىپ، قائىدە بىلەن يۈرىدىغان ئادەم بولىمەن، دېگەن. ئۇ ھەتتا دادىسىنىڭ يۇرتى قەشقەر، ئانىسىنىڭ يۇرتى غۇلجىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىنى كۆپ قېتىم ئېيتقان ئىكەن، مۇرات تارىخ خۇمارى بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت نەشر قىلىنغان بارلىق كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، ئوقۇغان، ئۇيغۇرلار كىملەر؟ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى ئورنى قانچىلىك؟ نېمە ئۈچۈن قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئېرىشەلىگەن پۇرسەتلەرگە شۇنچە ئۇزۇن ۋە مۇقەددەس تارىخى بار ئۇيغۇرلار يېتەلمىدى؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىگەندىن سىرت ئۆزى بىلەن ئالاقە قىلغان ۋە دوستلاشقان رۇسىيە ناخشا چولپانلىرى ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، سەنئىتى، مەدەنىيىتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئاشۇرغان، ھەتتا مۇراتنىڭ ئانىسى خاتىرە خانىمنىڭ ئېيتىشىچە، مۇرات بىر مەزگىل پارلامېنت ئەزاسى بولۇش نىيىتىگە كېلىپ، رۇسىيە پارلامېنتىغا كىرىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاتا-ئانىسى ۋە بەزى دوستلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن سەنئەت يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. شۇ سەۋەبتىن مۇراتنىڭ ئايالى ناتالىيا خانىمنىڭ «مەن ئۇيغۇر خەلقىنى مۇرات ئارقىلىق بىلدىم ۋە سۆيدۈم» دېگەنلىكى

بىكار ئەمەس!

مۇراتنىڭ ۋاپاتىغا ئىككى يىل بولغان بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە يەنە شۇنداق ئويغا كەلدىمكى، مۇرات ئۇيغۇر روھىدىن تۇغۇلۇپ، ئۇيغۇر روھىغا قايتتى، ئۇيغۇر سەنئەت بۇلىقىدىن سۇ ئىچىپ، ئۇيغۇر سەنئەت ئېتىزىنى سۇغاردى، ئۇيغۇر مۇھىتىدىن ئايرىلىپ، باشقا مىللەت مۇھىتىدا ياشاپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆتكۈزسىمۇ، ھەتتا باشقا مىللەت بىلەن ئائىلە قۇرۇپ، پەرزەنتلىك بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۇيغۇرلۇق روھى بوشاشمىدى، ئەكسىچە كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى ۋە ئاقىۋەتتە ئۆز خەلقىگە بولغان ھۆرمەت سوۋغىسى سۈپىتىدە «قالدىم يالغۇز» پلاستىنكىسىنى مىراس قىلىپ، ئۆزىنىڭ يالغۇز قالمىغانلىقىنى، 10 مىليون ئۇيغۇر خەلقى بىلەن مەڭگۈ بىرگە ياشايدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. قىسقىسى مۇراتنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەڭ چوڭ سوۋغىسى ئۇنىڭ سەنئەت مۇخلىسلىرىنى بويسۇندۇرغان يېقىملىق ناخشىلىرىلا ئەمەس بەلكى، ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە، ئۆز يۇرتىدا تۇرۇپ، ئۆز تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان ۋە قەدىرلىمەيۋاتقانلارغا قالدۇرغان «مەن ئۇيغۇر!» دېگەن خىتابى خالاس!

# ئوش پاجىئەسى قىزىل ئىمپېرىيىنىڭ مىراسى

قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئوش ۋە جالال-ئاباد ئوبلاستلىرىدا يۈز بەرگەن ئىككى قېرىنداش خەلق—ئۆزبېكلەر بىلەن قىرغىزلار ئارىسىدىكى قانلىق ئېتنىك توقۇنۇش كىشىلەرنى مەزكۇر ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تۈپ سەۋەبلەر ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلماي تۇرمايدۇ. ھازىرغىچە بۇ ھەقتە تۈرلۈك كۆز قاراشلار ۋە پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق مەزكۇر ۋەقەنىڭ ئۈچىنچى كۈچلەرنىڭ سىياسىي ئويۇنىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىدى. ھەتتا، ئۆزبېكىستان پرېزىدېنتى ئىسلام كەرىموف مەزكۇر ۋەقەنىڭ «ئېتنىك توقۇنۇش ئەمەسلىكى» نى كۆرسىتىپ، «بۇ ئۈچىنچى كۈچ تەرىپىدىن ئويۇشتۇرۇلغان» دەپ تەبىر بەردى. قىرغىزىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مىللىي بىخەتەرلىك ئورگىنى بولسا، مەخسۇس ئوش ۋەقەسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ئېلان قىلىپ، كەرىموفنىڭ بۇ پىكرىنى كۈچكە ئىگە قىلىپ، ئوش ۋەقەسىنى ئۆزبېكىستان ئىسلام ھەرىكىتى قاتارلىق «ئىسلامىي تېرروررچى كۈچلەر» نىڭ ئاستىرتتىن سابىق پرېزىدېنت قۇرمانبەك باقىيېف ئائىلىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ پەيدا قىلغانلىقىنى دەلىللىدى.

يېقىندىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا مەتبۇئاتلىرىدا ئېتنىك توقۇنۇشقا پىلتا ياققىچۇلارنى ئىزدەپ تېپىش ۋە جازالاش پىكىرلىرى كۈچەيگەن بولۇپ، ئۆزبېكلەر ۋە قىرغىزلار ئىچىدىن بىر قىسىم كىشىلەر نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئوش ۋەقەسىنى خەلقئارالىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش تېخى ھەقىقىي يۈرۈشكىنى يوق. مەتبۇئاتلاردا يەنە ئوش ۋەقەسىدە

پەقەت ئۆزبېكلەرنىڭلا ئۆلمىگەنلىكى، بەلكى نۇرغۇن قىرغىزلارنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇرلار كۆپىيىشكە باشلىغان.

بىراق، دەلىللەشلەر ئوش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان «ئۇچىنچى كۈچ» زادى قايسى كۈچ دېگەن سوئالنى قانائەتكە ئىگە قىلالمىغان بولۇپ، بۇ سىرلار بەلكى مەخپىي تېپىشماقلار ئامبىرىغا كىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، تاشقى ئامىلنىڭ ۋە ياكى ئۈچىنچى بىر كۈرۈنمەس كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ۋە بۇ ۋەقەدە مەلۇم بىر تاشقى ئامىلنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىدە شەك يوق، لېكىن ئىچكى ئامىل ھامان ھەممىدىن مۇھىم. چۈنكى، ئەگەردە كۈچلۈك ئىچكى سەۋەب بولمىسا، تاشقى تەسىرلەرنىڭ ئۈنۈمى بولۇشى ناتايىن. ئوشتىكى مىللىي توقۇنۇشنى قانداق چۈشەندۈرۈشتىن قەتئىينەزەر بەرىبىر ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، 400 مىڭغا يېقىن ئادەمنىڭ مۇساپىرلىق يولىغا مېڭىشى ۋە 100 مىڭ ئەتراپىدا ئادەمنىڭ ئۆز ماكانىنى تاشلاپ قوشنا دۆلەت تەۋەسىگە ئۆتۈپ، پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولۇشى مەزكۇر توقۇنۇشنىڭ نەقەدەر كەڭ كۆلەملىك ۋە دەھشەتلىك بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئامېرىكا ئاخبارات ۋاستىلىرىدە شاھىتلارنىڭ ئۇچۇرلىرى ئاساسىدا ئوشتىكى توقۇنۇشنىڭ قىرغىنچىلىق تۈسى ئالغانلىقى، ھەر خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان قىرغىز ياشلىرىنىڭ ئۆزبېك مەھەللىرىگە كىرىپ ئۆزبېكلەرنى ئوققا تۇتقانلىقى، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرگەنلىكى، ھەتتا كىچىك باللارغىچە ئۆلتۈرگەنلىكىدەك ۋەھشىيانە قىلمىشلارغا ئائىت مەلۇماتلار پەيدا بولدى. ھەتتا، توقۇنۇشقا قاتناشقان قىرغىز ياشلىرىنىڭ رۇسلارغا، ئۇ يەردە سودا قىلىۋاتقان خىتايلارغا ۋە باشقا مىللەتلەرگە چېقىلماستىن، بەلكى پەقەت ئۆزبېكلەرنىلا ھۇجۇم نىشانى قىلغانلىقى مەلۇم.

ئوشتىكى قىرغىنچىلىققا ئائىت سۈرەتلەردە «ئۆزبېكلەرگە ئۆلۈم»، «سارتلارغا ئۆلۈم» دېگەندەك خىتابلارنىڭ تاملارغا، ماشىنىلارغا چوڭ خەتلەر بىلەن يېزىلغانلىقى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە،

پەرغانە ۋادىسىدا ئۆزبېكلەر بىلەن قىرغىزلارنىڭ بۇ خىل شەكىلدىكى قانلىق توقۇنۇشى بىرىنچى قېتىم يۈز بەرگەن ئەمەس. بۇنداق توقۇنۇش تۇنجى قېتىم 1990-يىلى ئوش ۋە ئۆزگەند رايونلىرىدا يۈز بېرىپ، خېلى كۆپ ساندا ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. بىراق، سابىق قىرغىزىستان پرېزىدېنتى ئەسقەر ئاقايېفنىڭ كۆرسىتىشىچە، ھازىرغىچە ئاشۇ ۋەقەدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ھەقىقى سانى ھېچقاچان ئېنىقلاپ چىقىلمىغان. ئەنە شۇ ۋەقەنىڭمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەلۇم كۆرۈنمەس كۈچلەر تەرىپىدىن سۈنئىي رەۋىشتە كەلتۈرۈپ چىقىرىلغانلىقى، بۇ كۆرۈنمەس كۈچنىڭ مەخسۇس ئورگانلار ئىكەنلىكى پەرەز قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق بۇ سىرنى تاكى ھازىرغىچە مۇستەقىل قىرغىزىستان ۋە ياكى ئۆزبېكىستاننىڭ ھېچقايسىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقارغىنى يوق.

مەيلى، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەرغانە ۋادىسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلانغان بۇ جايدا قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىككى قېتىم قانلىق ۋەقە كېلىپ چىقتى؟ ئالدىنقىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جان تالىشىۋاتقان پەيتىگە توغرا كەلگەن بولسا، كېيىنكىسى مەركىزي ئاسىيا مۇستەقىل تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر مەيدانغا كەلگەن، جۈملىدىن قىرغىزىستاننىڭ مۇستەقىل دۆلەتچىلىك يولىغا ماڭغىنىغا 19 يىل بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھاكىمىيەت، ئىقتىسادىي كاپالەت ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەشلەر ئەۋجى ئالغان، خەلق تۇرمۇشى ئەڭ كەمبەغەل بىر ھالغا چۈشۈپ، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى قايتىدىن مەۋھۇم ھالغا قالغان بىر پەيتكە توغرا كېلىپ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت سوزۇلغان، كەڭ دائىرىلىك ۋە تېخىمۇ دەھشەتلىك ھالدا تەكرارلاندى؟

تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە خىتاي كونتروللۇقىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت تۆت دۆلەت تۇتاشقان پەرغانە ۋادىسى بۆگۈنكى كۈندە ئىسلامىي دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي مەدەنىيەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزي ئاسىيا رايونىنىڭ باشقا

جايلىرىغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئالاھىدە بىر نۇقتا بولۇپ، 2005 ـ يىلىدىكى ئەنجان ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۆزبېكىستاندىكى ھاكىمىيەتلەر قاتتىق تۈزۈمگە قارىغاندا، كۆپ دېموكراتىك ئەركىن ھېسابلانغان قىرغىزىستاننىڭ ئوش رايونى ئۆزبېكىستانغا دېموكراتىك پىكىرلەرنىڭ تارقىلىدىغان بازىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئەنجاندىكى باستۇرۇشتىن قاچقان كىشىلەر ئوش تەۋەسىگە قېچىپ ئۆتۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئىدى.

قىرغىزىستاندىكى، جۈملىدىن ئۆزبېكىستانغا قوشنا ئوش ۋە جالال-ئابادتىكى ئۆزبېكلەر قوشنا دۆلەتتىكىگە قارىغاندا، دېموكراتىك ھوقۇقلاردىن بەكرەك بەھرىمەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوش رايونىدا ئۆزبېك تىلىنى رەسمىي سالاھىيەتكە ئېرىشتۈرۈش، ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا دەرسلىك چىقىرىش ۋە مائارىپ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ھەمدە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا مەلۇم نىسبەتتە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش يوللىرىدا بىر قىسىم پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى ھەمدە بۇ ھەقتىكى ئۆز قاراشلىرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

ئۆزبېكلەرنىڭ چۈشىنىشى بويىچە ئالغاندا، ئۇلار ئوش ۋە جالال-ئاباد رايونلىرىدا قەدىمدىن تارتىپلا ياشاپ كېلىۋاتقان كۆپ سانلىق خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىلى-مەدەنىيىتى ۋە ھوقۇقلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. بىراق، ئۆزبېكلەرنىڭ بۇ خىل تەلەپلىرى بىر قىسىم مىللەتچىلىك ھېسسىياتى كۈچلۈك قىرغىزلار ۋە قىرغىز زىيالىيلىرىنىڭ نارازىلىق رېئاكسىيىسىنى قوزغىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئوش ۋە جالال-ئابادتىن ئىبارەت بۇ تۇپراق قىرغىزلارنىڭ زېمىنى، زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان قىرغىزلار كەمبەغەل ۋە ئۆي-ماكانسىز، ئەمما ئۆزبېكلەر ۋە باشقىلار ئۆي-ماكانلار ۋە بايلىقلارغا ئىگە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن قىرغىزلارغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك .

بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ يېقىنقى ۋاقىتلاردا توقماقتا ۋە بىشكەك

يېنىدىكى مايوفكا يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن ئېتنىك خاراكتېرنى ئالغان توقۇنۇشلاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقى مەلۇم. لېكىن، ئوش ۋەقەسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئارىلىشىشىنى قوزغىغان مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى بىر قېتىملىق ئەڭ دەھشەتلىك ئېتنىك توقۇنۇش بولۇپ، بۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى بۇ يېڭى جۇمھۇرىيەتلەرگە بىر قاتار مەسىلىلەر قاتارىدا، مۇرەككەپ ئېتنىك، چېگرا ھەم تۇپراق مەسىلىلىرىنى مىراس قىلىپ قالدۇرغانلىقى، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئۆز نۆۋىتى بىلەن قەدەم-قەدەم گەۋدىلىنىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مۇناسىۋەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئەگەردە، ئوش ۋەقەسىنى ئېتنىك قىرغىنچىلىق تۈسى ئالغان ھەقىقىي ئېتنىك توقۇنۇش دەپ ئېتىراپ قىلغاندا، ئېتنىك كېلىپ چىقىش ۋە تەرەققىيات مۇساپىلىرى، تىلى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى ئۇنچىۋالا زور پەرققە ئىگە ئەمەس، دىنىي جەھەتتىن ئوخشاشلا ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ، ئۆزبېكلەر بىلەن قىرغىزلار ئارىسىدىكى مۇنچىۋالا كۈچلۈك ئۆچمەنلىك ۋە زىددىيەت نەدىن كەلدى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى تەبىئىي. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئاساسلىقى ئۈچ خىل ئامىل بار بولۇپ، بۇلار تارىخىي، ئېتنو-سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئامىللاردىن ئىبارەت. تارىخىي ئامىل بىلەن ئېتنو-سىياسىي ئامىل ئارىسىدا باغلىنىش مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئىقتىسادىي ئامىلغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئەگەردە يۇقىرىقى ئىككى ئامىل بولمىغان بولسا، بەلكى نوقۇل ئىقتىسادىي ئامىلنىڭ مۇنچىۋالا دەھشەتكە سەۋەب بولۇشى ناتايىن. شۇڭا مەن بۇ يەردە ئىقتىسادىي ئامىلغا قارىغاندا، تارىخىي ۋە ئېتنو-سىياسىي ئامىلنى ئاساسلىق دەپ ھېسابلايمەن. چۈنكى، تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن سىياسىي تۈزۈم قىرغىزلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ ئارىسىنى بىر-بىرىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى ئايرىم ئېتنىك كىملىك، دۆلەت ۋە تۇپراق كىملىكى ھەمدە مەدەنىيەت كىملىكىنى شەكىللەندۈردى ۋە بارغانسېرى كۈچەيتىۋەتكەن

ئىدى. تارىخىي جەرياندا كېلىپ چىققان ۋە ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىلگەن مانا بۇ كىملىك تۈيغۇلىرى توقۇنۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدىن ئىبارەت خالاس .

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى، تۈركىستان مەسىلىسى تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور ئەخمەت ئەندىجانىمۇ ئوش ۋەقەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرىنىڭ تارىخىي سەۋەب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان تارىخىي سەۋەبمۇ ئوخشاشلا سۇنئىي رەۋىشتە پەيدا قىلىنغان مىللىي كىملىك بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بۇ خىل كىملىك تۈيغۇسى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن سۇنئىي رەۋىشتە پەيدا قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا ئەسلىدىن مەۋجۇت بولغان «تۈركىستان» دىن ئىبارەت تۇپراق تەۋەلىك كىملىكى بىلەن «تۈرك» ياكى «مۇسۇلمان» دىن ئىبارەت ئېتنو-مەدەنىيەت كىملىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن .

## 1.تارىخىي كەچمىشلەردىن ئەسلىمە

تارىخنى ئەسلەش، بۈگۈنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئۆتمۈش ۋە بۈگۈن ئېتنىنىڭ باشلىنىشىدىن ئىبارەت.

ئەگەردە، 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي مۇسۇلمان سىياسىيونلىرى ۋە مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ ئورتاق تۈركىستان سىياسىي كىملىكىنى تىكلەش غايىسى ئەمەلگە ئاشقان بولسا، بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان، ئاڭ-ساپا ئۆسكەن بۇ كۆلەمدە دەھشەتلىك ئوش ۋەقەسى، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەت دەۋرىگە مەنسۇپ، ياۋايىلىق تۈسىنى ئالغان قانلىق قىرغىنچىلىق، باسقۇنچىلىق ۋە شەھەر مەھەللىلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشتەك ۋەھشىيلىكلەر يۈز بەرمىگەن بولار ئىدى. تىلى، دىنىي ئېتىقادى،

مەدەنىيىتى ۋە تارىخىي مۇساپىلىرى ئوخشاش بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يىلتىزدىن ئاپىرىدە بولغان، تۇغقان خەلقنىڭ مۇنداق بىر-بىرىگە ئەشەددىي ئۆچمەنلىك قىلىشى، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى سوۋېت ئامىللار تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ ئۇزاق مۇساپىلىك پىلانلاش ۋە ئىستراتېگىيىلەرنىڭ يەكۈنىدىن ئىبارەت. ئوش قەتلىئامى بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىستان غايىسىنىڭ ماتەم-مۇراسىمىنىڭ داۋامى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىستان غايىسىنى يوقاتقان سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن كېسەل مىكروپىنىڭ قايتىدىن ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشىدۇر.

مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئەڭ مۇنبەت، ئەڭ باياشات، ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت ۋە دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر پارچىسى ھېسابلىنىدىغان پەرغانە ۋادىسى تارىختىن بېرى باكتېرىيە خانىدانلىقى، كېيىنكى كۆك تۈركلەر ئىمپېرىيىسى، سامانىيلار ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاي خانلىقى شۇنىڭدەك كېيىنكى ۋاقىتلاردا تىمۇرىيلار ھەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 18-ئەسىرگە كەلگەندە قوقان شەھىرىنى پايتەخت قىلغان قوقان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. ئىككى ئەسىر ۋاقىت سەلتەنەت سۈرگەن قوقان خانلىقى( 1709-1876) 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغان بولۇپ، مەزكۇر دۆلەت پۈتۈن غەربىي تۈركىستاننى بىرلىككە كەلتۈردى.

قوقان خانلىقىنىڭ كېڭىيىش ۋە تۈركىي قەبىلىلەر تۇپراقلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرەشلىرى جەريانىدا ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن غەربىي تۈركىستاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئولتۇراق ھەم كۆچمەن تۈركىي ئاھالىلىرى چوڭ قارشىلىقسىز بۇ خاندانلىققا بەيئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تىمۇرىيلاردىن كېيىن ئەڭ ئۇزۇن مەۋجۇت بولغان خاندانلىققا ئايلىنالىدى. قوقان خانلىقىنىڭ چەگرىلىرىنى ھازىرقى غەربىي

تۈركىستاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جەنۇب تەرەپتە قەشقەرىيىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ بۇ زېمىننى بېسىۋالغان مانجۇ-چىڭ سۇلالىسىگە ھەر خىل بېسىملارنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قەشقەرىيىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇستەقىللىق قوزغىلاڭلىرىغا ئارقا سەپلىك رولىنى ئوينىغان ئىدى .

قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تارتىپ ئېتنو-مەدەنىيەت ۋە دىنىي جەھەتتە بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ھەتتا ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ كەلگەن غەربىي تۈركىستان 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە رەسمىي تۈردە سىياسىي جەھەتتىن پارچىلىنىش ۋە ئېتنو-مەدەنىيەت جەھەتتىن ئايرىلىشقا قاراپ يۈزلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەزكۇر تۇپراقلارغا قەدەم بېسىشىدىن باشلانغان ئىدى. مەلۇمكى، 15-ئەسىردە كىچىككىنە موسكۋا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان موسكۋا كىنەزلىكى، 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئىۋان گروزنىي دەۋرىدە ئەتراپقا كېڭىيىشكە قاراپ يۈزلەندى. موسكۋا دۆلىتىنىڭ بىرىنچى نىشانى ئالدى بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قازان(1438-1152)،قىرىم (1783-1141) )ۋە ئاستىراخان(1459-1556) خانلىقلىرىنى يوقىتىپ، ئالتۇن ئوردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خانلىقلار ئارقىلىق سلاۋيانلارنى ئۇزۇن ئەسىر قۇل قىلغان تۈركىي-تاتارلارنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىۋان گروزنىي 1552-يىلى 150 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى بىلەن قازان شەھرىنى كۆيدۈرۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئارقىلىق قازان خانلىقىنى يوق قىلدى ۋە ئارقىدىنلا 1556-يىلى ئاستىراخانا خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى. ئەمما، قازان ۋە ئاستىراخاننىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىتتىپاقداش بولمىغانلىق خاتالىقلىرىنى سادىر قىلماي، ئەكسىچە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە تەۋە بولۇشنى قوبۇل قىلغان قىرىم خانلىقى بولسا، ئىۋان گروزنىينىڭ ھۇجۇملىرىنى تارمار كەلتۈرۈپلا قالماستىن بەلكى، موسكۋاغا ھۇجۇم قوزغاپ، موسكۋا شەھرىنى

كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، رۇسلارنىڭ قازاندا قىلغانلىرىغا جاۋاب بېرىش تارىخنى ياراتتى. ئەمما، رۇسلار قازان ۋە ئاستراخاننى بويسۇندۇرغاندىن ۋە قىرىم خانلىقى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن كەڭ قىپچاق دالاسىغا ھەم تۈركىستان تۇپراقلىرىغا يول ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە تەڭ كېلەلمىگەن موسكوۋا دۆلىتى غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلەرگە ئۇرۇش قىلغاننىڭ ئورنىغا بىپايان سىبىرىيە ھەمدە مەركىزىي ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ، يېڭى زېمىنلارنى ئىگىلەش ئۈچۈن بۇ جايلار بىلەن تۈرلۈك ئالاقىلەرنى ھەمدە ئۇچۇر توپلاشنى باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن سىبىرىيىدىن باشقا مەركىزىي ئاسىيا تۇپراقلىرىغا ئاسان قەدەم باسالمىدى. 18-ئەسىرگە كەلگەندە پېتىر بىر ياۋروپالىقلاردىن ئۆگىنىش ئىسلاھاتى قوزغاپ، ئەڭ كۈچلۈك دېڭىز پىلوتىغا ئىگە بولدى شۇنىڭدەك ئىلىم دەرگاھلىرىنى قۇرۇپ، رۇسلارنى ئورمانلاردىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى قالاق تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن ئۆزگەرتتى. پېتىر بىرنىڭ ئىسلاھاتى رۇسلارنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بىلە ئۇرۇش قىلىش سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈپلا قالماستىن بەلكى مەركىزىي ئاسىيا تۇپراقلىرىغا يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قازاق يايلاقلىرىنى تامامەن ئىگىلىگەن رۇسلار 1865-يىلىغا كەلگەندە تۈركمەن تۇپراقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، غەربىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئاھالە زىچ، باي ۋە مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىگە تەھدىت پەيدا قىلدى.

رۇسلار پېتىر بىر دەۋرىدىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى مەغلۇپ قىلىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن مەركىزىي ئاسىيا ۋە سىبىرىيىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بۇ خەلقلەرنى ئۆگىنىش ھەم تەتقىق قىلىش شۇنىڭدەك ئۇلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئىگىلەشكە كىرىشكەن بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۇلار ئارىسىدىن تۈركىستاننىڭ تارىخى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتى، مەدەنىيىتى ھەمدە

دۆلەت ۋە ھەربىي تۈزۈملىمىلىرىنى ياخشى چۈشەنگەن خادىملار ۋە ئالىملار يېتىشىپ چىققشقا باشلىدى. ئۇلار تۈركىستانىنىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسىنى ئېنىق بىلگەن بولۇپ، شەرقشۇناس پوپ ياكىنىف بىچۇرىنىنىڭ 19-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، تۈركىستان غەربتە ئوتتۇرادىن تارتىپ، شەرقتە قۇمۇلغىچە بولغان كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

رۇس مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، ئادەتتە تۈركىستانىنىڭ رۇسىيە ئىشغالىيىتىدىكى قىسمى غەربىي تۈركىستان، مەنچىڭ ئىشغالىيىتىدىكى قىسمى شەرقىي تۈركىستان دەپ قارالغان بولۇپ، دەسلەپكى رۇس ئالىملىرى شەرقىي تۈركىستانىنى شەرقىي تۈركىستان، خىتاي تۈركىستانى، قەشقەرىيە ۋە ياكى كىچىك بۇخارا دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان بولسىمۇ، بىراق شەرقىي تۈركىستان ئاتالغۇسى باشتىن ئاخىرى رەسمىيلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلگەن ئىدى. رۇسلار 1865-يىلى، تاشكەنتنى ئىشغال قىلىپ، تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقىنى تەسىس قىلىش ھەمدە ئارقىدىن 1876-يىلى، قوقان شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، غەربىي تۈركىستان رايونىدا ئىككى ئەسىر ۋاقىت قۇدرەتلىك كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزكۇر خانلىقنى مۇنقەرز قىلىش بىلەن پۈتۈن غەربىي تۈركىستانغا نىسبەتەن بىر تۇتاش ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىشى پۈرسىتىگە ئېرىشتى. چار رۇسىيە مانا شۇ مەزگىلدە ياقۇپبەگ رەھبەرلىكىدىكى قەشقەرىيە دۆلىتىنى ئۆزىنىڭ تۈركىستانىنى ئىگىلەش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ زور توسقۇ دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، بىرىتانىيىنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى بىرلىكتە ئېتىراپ قىلىش ۋە ياكى بىتەرەپ دۆلەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش تەشەببۇسلىرىنى رەت قىلىپ، ئاستىرتتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنى يوق قىلىشىنى قوللىغان ئىدى. قوقانىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىدىن كېيىن، چار رۇسىيە قەدەم-قەدەم ئالاي تاغلىرىدىكى قىرغىزلارنى بويسۇندۇرۇپ، قەشقەرىيىنىڭ بوسۇغىسىغا

يېتىپ كەلگەندە ياقۇپ بەگ كورلىدا زەھەرلىنىپ، زو زوڭتاڭ قوشۇنلىرى شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

1878-يىلى زو زوڭتاڭ قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەرىيە دۆلىتىنى ئۇزۇل-كېسىل مۇنقەرز قىلغاندا، چار رۇسىيە بۇ قانلىق پاجىئەلەرنى كۆزىتىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇ قەشقەرىيىگە كەلگەن رۇس رازۋېتچىكى، گېنېرال كروپاتكىننىڭ يەكۈنى بويىچە مەركىزىي ئاسىيادىكى «ئەڭ ئاخىرقى قۇدرەتلىك مۇسۇلمان دۆلىتى» نىڭ مۇنقەرز قىلىنىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇغ بىرىتانىيە، مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى ۋە چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر مەيدان كۈچ سىنىشىدىغان سەھنىسىگە ئايلانغان ئىدى. قوقان خانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەرغانە ۋادىسى، جۇملىدىن غەربىي تۈركىستاننىڭ مۇنقەرز قىلىنىشى، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاپانچ ۋە مەنىۋى كۈچتىن ئايرىلىپ قېلىشى ئىدى. مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ 1884-يىلىغا كەلگەندە بۇ جايدا چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدىكىگە ئوخشاش ئۆلكە تۈزۈمى بىلەن ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئورنىتىشى بىر پۈتۈن تۈركىستاننىڭ رەسمىي رەۋىشتە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئىككى ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي خەرىتىسى كىرگۈزۈلۈشى ھېسابلىنىدۇ. چار رۇسىيە بىلەن مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى ھەمدە ئۇلاردىن كېيىنكى ھۆكۈمەتلەر مەزكۇر تۇپراقلارنى ئەبەدىي ئۆز مۇستەملىكىسى سۈپىتىدە ساقلاش ئۈچۈن بىر-بىرى بىلەن ماسلاشقان ھالدا ئۆزئارا ئىستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەتلەر ئورناتقان، بىر-بىرىنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تاكتىكىلىرىنى ئۆگەنگەن ھەمدە بىر-بىرىدىن تەجرىبە-ساۋاقلار يەكۈنلىگەن ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ يەنە ئۆزگىچە بولغان باشقۇرۇشقا خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە دۆلەتچىلىك ئالاھىدىلىكلىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، رۇسلار قانداقلا بولمىسۇن، ئۆزلىرى بېسىۋالغان تۇپراقلانىڭ ئەسلى نامىنى ئۆزگەرتمىدى. ئەنە شۇنىڭ مىسالى شۇكى، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەسلى نامى

بولغان تۈركىستان ئاتالغۇسىنى ئۆزگەرتمەستىن ئۇنى يەنىلا «تۈركىستان» دەپ ئاتىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىدارە قىلىش ئاپپاراتىنىڭ نامىنى «تۈركېستانسكوە گۇبېرناتورستۋو» ، يەنى ، تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقى(ئۆلكىسى) دەپ ئاتىدى. كېيىن، يەنە «تۈركېستانسكىي كراي» يەنى تۈركىستان چېگرا ئۆلكىسى دېگەن نام بىلەن ئاتىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە مەزكۇر زېمىننىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋەتىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ھېسابلىناتتى. بىراق، چىڭ ئىمپېرىيىسى بولسا، بۇنداق يول تۇتمىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقلەرنىڭ ئۆز زېمىنىنى ۋە ئۆزلىرىنى قانداق ئاتاشتىن قەتئىي نەزەر، بۇ زېمىننى خىتايچە «شىنجاڭ» دەپ ئاتىدى .

شەرقىي تۈركىستاننى ئۆلكە سىستېمىسى بويىچە ئىدارە قىلىش چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ رۇسلارنىڭ غەربىي تۈركىستاننى ئۆلكە شەكلىدە ئىدارە قىلىشىدىن ئالغان ئۆرنەكتۇر.

چار رۇسىيىنىڭ تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقى تەخمىنەن 52 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، 1917-يىلى سانكتپېتېربۇرگتا پارتلىغان بولشېۋىكلار ئىنقىلابى نەتىجىسى تارىخ سەھىپىسىدىن چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرنىڭ سىياسىي ۋە ئېتنىك مۇناسىۋەتلەر سەھنىسىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن رۇسىيىنىڭ مىللىي رايونلىرىدا بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەت تەركىبىدە قېلىش ياكى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت تۈزۈمگە مېڭىش يولىنى تاللاش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى. بىراق، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق يولىنى تاللىشىغا نىسبەتەن ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە چەكلەش پوزىتسىيىسى تۇتقان بولۇپ، بۇ ئەھۋال لېنىن رەھبەرلىكىدىكى كوممۇنىستلارغا پۇرسەت ياراتقان ئىدى. بولشېۋىكلار رۇسىيىنىڭ مىللىي رايونلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەش

ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولۇپ، لېنىن رۇسىيىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن بىر يولىنىڭ «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە مەزكۇر مەسىلىنى ھەل قىلىشتا فېدېراتسىيىلىك تۈزۈمنىڭ كېرەك ئەمەسلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، كوممۇنىستلار ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن دەسلەپكى ۋاقىتتا لېنىن مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى يەنە تەكىتلىدى شۇنىڭدەك 1917-يىلى نويابىردا ئېلان قىلىنغان بولشېۋىكلارنىڭ سىياسىي خىتابنامىسىدا رۇسىيىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقى، ھەتتا بۇ خەلقلەر خالىسا رۇسىيىدىن ئايرىلىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى جاكارلاندى. سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇزۇن مەزگىل چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان رۇس ئەمەس خەلقلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تەشەببۇسلىرى كاۋكازىيە، ئىدىل-ئۇرال ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى خەلقلەرگە زور ئىلھام بولغان بولۇپ، چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ۋەيران بولغان ھەمدە رۇسلارنىڭ سىياسىي قاتلىمىدا ئىدېولوگىيىلىك بۆلۈنۈش كۆچەيگەن پۇرسەتتىن پايدىلانغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى رۇسىيىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش يولىغا ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا ئىدىل-ئۇرال، مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي زىيالىيلىرىنىڭ ئاساسلىق غايىسى بىرلىككە كەلگەن مۇسۇلمان تۈركىي جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل خاھىش مەيلى كوممۇنىستىك ئىدىيىگە مەنسۇپ زىيالىيلاردا بولسۇن ۋە ياكى تۈركچىلىك ئىدىيىسىگە تەۋە بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق ئىدى.

1917-يىلى، فېۋرالدا چار پادىشاھ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، چار

پادىشاھنىڭ تۈركىستان ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىندى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. مەزكۇر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى پۈتۈنلەي رۇسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا مىللەتلىرى ئىگىلىگەن بولۇپ، تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بۇنىڭ تەركىبىدىن ئورۇن ئالمىدى. 1917-يىلى، ئۆكتەبىردە لېنىن رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىكلار ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، تاشكەنتتىكى كوممۇنىستلارمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇردى. بۇ ۋاقىتتا تۈركىستاندا يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي-سىياسىي تەشكىلاتلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، تۈركىستاندا ئالدى بىلەن جەدىدلەرنىڭ «شوراي ئىسلامىيە» تەشكىلاتى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 3-ئايدا تاشكەنتتە «مۇسۇلمان ئەمگەكچىلىرى ئىتتىپاقى» دەپ ئاتالغان بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈركىستان كومىسسارلىرى كېڭىشى قۇرۇلغان بولۇپ، رۇس شوۋىنىستىك ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ مەزكۇر كېڭەشكە يەرلىك خەلقتىن بىرمۇ ئەزا قوبۇل قىلىنمىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، تاشكەنتتە تۈركىستان ئۆلكىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ 3-قېتىملىق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، تۈركىستانغا مۇختارىيەت تەلەپ قىلىش پىكىرلىرى مەيدانغا چۈشكەن بولسىمۇ، بىراق، كوممۇنىستلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. خەلق كومىسسارلار كېڭىشى تۈركىستاننىڭ رۇسىيىدىن ئايرىلىشىغا ۋە ياكى تولۇق ئاپتونومىيە ئېلىشىغا ئەشەددىي قارشى چىققان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە يەرلىك تۈركىي خەلقلەر بىلەن چار رۇسىيە دەۋرىدىن ئېتىبارەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان رۇسلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. تۈركىستان مىللەتپەرۋەرلىرى بىلەن رۇس كوممۇنىستلىرى ئارىسىدىكى تۈركىستاننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك كۈرەش ئاخىرىدا مۇستاپا چوقاي باشلىق تۈركىستان مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ قوقاننى بازا قىلىپ، تۈركىستان مۇختارىيىتىنى جاكارلىشىغا ئېلىپ كەلدى .

بىراق، 1918-يىلى، 3-ئايدا تاشكەنتنى مەركەز قىلغان كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتى موسكۋانىڭ ياردىمى بىلەن تۈركىستان ئاپتونوم ھۆكۈمىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، سابىق چار رۇسىيىنىڭ تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ بارلىق زېمىنلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇخارا ئەمىرلىكى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى، خىۋە خانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا ئۈچ ئايرىم دۆلەت مەيدانغا كەلدى. مەزكۇر ئۈچ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىچىدە تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تولۇق كوممۇنىستلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى جۇمھۇرىيەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى موسكۋادىكى سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇخارا ۋە خارەزم خەلق جۇمھۇرىيەتلىرى تاكى 1924-يىلىغىچە مۇستەقىل ھاكىمىيەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

1922-يىلى، لېنىن بىر قىسىم جۇمھۇرىيەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قۇردى. ئارقىدىن ئۇ مەركىزىي ئاسىيا رايونىنى تولۇق ئىدارە ئاستىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، مەركىزىي ئاسىيادا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى بەرپا قىلىش ۋە مىللىي چېگرىلارنى ئايرىش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، 1924-يىلىغا كەلگەندە مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا ئۆزبېك، تۈركمەن، قارا قالپاق، قازاق، قىرغىز، تاجىك ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق ئېتنىك تەركىبلەرنى ئايرىپ چىققاندىن كېيىن ئالدى بىلەن تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى، ئارقىدىن بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە خارەزم خەلق جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ تۇپراقلىرىدا ئۆزبېكىستان سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى، تۈركمەنىستان سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى تەركىبىدە تاجىكىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى.

1925-يىلى، قىرغىزلار ئۈچۈن قارا قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇپ، ئۇنى رۇسىيە سوتسىيالىستىك فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىگە قوشتى. بىراق، 1926-يىلى، قارا قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، قىرغىز ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئەسلىدە قوقان خانلىقىنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلانغان پەرغانە ۋادىسىدىكى ئوش ۋە جالال-ئاباد ئوبلاستلىرى قىرغىز ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇپ بېرىلدى.

ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنت شەھىرىگە يېقىن جايلار قازاقىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە قىلىپ بېرىلدى. ئەمما، 1929-يىلىغا كەلگەندە موسكۋا پۈتۈن تۈركىستاننى يەنە بىر قەدەم پارچىلاش ۋە ئۆزىنىڭ ئافغانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي ئاسىيا سىياسىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئېھتىياجى نەتىجىسىدە تاجىكىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى ئۆزبېكىستاننىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىن ئايرىپ چىقىپ، ئۇنى ئۆز ئالدىغا تاجىكىستان سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

بىراق، موسكۋا يەنە ماھىرلىق بىلەن خەرىتە ئويۇنى ئويناپ، تاجىكلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن سەمەرقەند بىلەن بۇخارا شەھەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلارنى ئۆزبېكىستانغا، ئۆزبېكلەر كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن خوجەنت قاتارلىق جايلارنى تاجىكىستانغا ئايرىپ بەردى.

ئوش بىلەن جالال-ئاباد شەھەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئەزەلدىن ئولتۇراق ھاياتتىكى تۈركىي خەلقلەر، يەنى ئۆزبېكلەر ۋە ئۇيغۇرلار زور سانلىقنى ئىگىلىگەن ئىدى. قىرغىز قەبىلىلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياشايتتى.

## 2.زېمىننى پارچىلاشتىن روھى پارچىلاشقا

سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ مانا شۇنداق پارچىلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەر خىل ئايرىم تۈركىي خەلقلەر ۋە تۈركىي مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق مەزكۇر رايوندا ئەزەلدىن ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن ئورتاق «تۈرك» ، « مۇسۇلمان» مىللىي ۋە دىنىي كىملىكى ھەم «تۈركىستان» زېمىن كىملىك تۇيغۇسىنى ئاجىزلاتتى. نەتىجىدە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ زېمىندا ئايرىم مىللەتچىلىك خاھىشلىرى باش كۆتۈرۈپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا چىققان «تۈركچىلىك» ۋە «ئورتاق تۈركىي جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش خاھىشلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. سوۋېت رۇسىيىسى ئارقىدىنلا تۈركىستان كەلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان» دېگەن جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇنى تىكلىدى. بىر تەرەپتىن پانتۈركىزمغا قارشى كۈرەشنى قىلىشنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئايرىم مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ئورتاق «سوۋېت خەلقى» ئىدىيىسىنى تىكلىدى. رۇس شوۋىنىزمىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، يەرلىك خەلقلەرگە قارىتا رۇسلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسى يۈرگۈزۈلدى. نەتىجىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۆز تارىخى ،ئۆزئارا ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت باغلىنىشلىرىنى چۈشەنمەيدىغان ھەم بىلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالدى.

بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن بولسا، ھەر قايسى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مىللىي كىملىك ۋە سىياسىي كىملىك تىكلەشكە ئەھمىيەت بېرىش جەريانىدا مىللەتچىلىك خاھىشلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە يول قويىدى. قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق بولغان مەدەنىيەت نامايەندىلىرى، سىياسىي ئەربابلارنى ئۆز ئالدىغا قىلىپ بېكىتىپ، ئۇلارنى

مىللىي سىمۋوللارغا ئايلاندۇرۇش خاھىشلىرى ئەۋجى ئالدى. مائارىپ ساھەسىدە بولسا، بۇرۇنقى سوۋېت ئىدېئولوگىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بولغان ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى تۈزۈلدى شۇنىڭدەك ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تارىخلىرى ئايرىم تۈزۈلۈپ، مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلدى. 20 يىللىق مۇستەقىللىق جەريانىدا يولغا قويۇلغان بۇ بىر قاتار ئايرىم مىللەتچىلىك تەربىيىلىرى ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى پەرق ھەم ئايرىمچىلىق چۈشەنچىلىرىنى ئاشۇرۇشتا رول ئوينىدى.

جۇغراپىيىۋى سىياسەت جەھەتتە، ھەر قايسى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى بارغانسېرى بىر-بىرىدىن يىراقلىشىپ، ئۆزئارا چېگرالىرىنى ئېنىقلاش ھەمدە بېكىتىش ھەتتا تاقاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تارىختىن بۇيان چېگرا ئۇقۇمى بولمىغان بۇ خەلقلەر ئارىسىدا بۆلۈنۈش ھەم ئايرىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

مىسالغا ئالساق، قىرغىزىستاننىڭ ئوش ۋە جالال-ئاباد ئوباستلىرىنىڭ تۇپراقلىرى ھەتتا ئېتىز-ئېرىقلىرى ئۆزبېكىستان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەت ئارىسىنىڭ بەزى جايلىرىنى پەقەت كىچىك بىر ئېرىقلار ئايرىپ تۇراتتى. ئەسلىدىن بىر بولغان بىر مەھەللە ياكى بىر يېزا ئىككى جۇمھۇرىيەتكە ئايرىلىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت بولۇپ، تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر شەكىللەنگە قەدەر بىر-بىرىنىڭ قوي-كالىلىرى ئۆزئارا ئۆتۈپ كېتىش، ئۆزئارا ئەركىن بېرىپ ئېلىش ھېچقاچان چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان، كۆپلىگەن ئائىلىلەر چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئايرىلىپ ياشىغان.

مۇستەقىللىق ئىدىيىلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى چېگرا ئۇقۇمىمۇ كۈچەيدى، ئەزەلدىن ئۆزئارا چېگرا تۇيغۇسى بولمىغان خەلقلەر ئارىسىدىكى باردى-كەلدىلەر قىسقىرىش ھەتتا

كېسىلىشكە يۈزلەندى. ئۆزبېكىستان بىلەن تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان بىلەن قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان بىلەن قازاقىستان ئارىسىدىكى چېگرىلاردا دائىم كىچىك كۆلەملىك توقۇنۇشلار، مىنا كۆمۈپ قويۇش بىلەن بىر-بىرىنىڭ چېگرا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئادەملەر ۋە چارۋا-ماللار پارتلاپ ئۆلۈشتەك قىسمەتلەر كېلىپ چىقتى. ھەتتا، بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدا چېگرىلار تاقىلىش ۋە ياكى قاتتىق چەكلىمە قويۇش ئەھۋاللىرى نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا سودا-سېتىق قىلىش ۋە بېرىپ كېلىشلىرى چەكلىمىگە ئۇچرىدى .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەزكۇر ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ ياشىغان خەلقلەر ئەزەلدىن بىر-بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆزئارا ھەل قىلىپ كەلگەن بولۇپ، دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئولتۇراق ھاياتتىكى خەلقلەر مېۋە-چېۋە، كۆك-تات ۋە ئاشلىق قاتارلىق يېمەك-ئىچمەك ھەمدە قول-سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى قوشنا كۆچمەن ھاياتتىكى خەلقلەرگە يەتكۈزسە، چارۋىچى خەلقلەر گۆش، يۇڭ قاتارلىق ھەر خىل مەھسۇلاتلىرىنى ئولتۇراق ھاياتتىكى خەلقلەرگە يەتكۈزەتتى. بىراق، مەركىزىي ئاسىيادىكى لېنىن ۋە ستالىن سۈنئىي تۈردە پەيدا قىلغان مەزكۇر زېمىن ۋە ئېتنىك پاسىللىرى بۇ زېمىندىكى خەلقلەرنىڭ بۇ خىل ئۆزئارا باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قەدەم-قەدەم بۇزۇلۇپ تاشلىنىشىغا ئاساس ياراتتى .

تولۇق پاكىتلار ئاساسىدا ئېيتىشقا بولىدۇكى، قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھىرىدە يۈزبەرگەن 11-14-ئىيۇندىكى ئېتنىك توقۇنۇش ئەنە شۇ 70 يىللىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي ئايرىمچىلىق سىياسىتى ۋە كېيىنكى 20 يىللىق مۇستەقىللىق دەۋرىدە قانات يايدۇرۇلغان ئايرىم مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ نەتىجىسى خالاس.

ئەگەردە، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىستاندىكى ھەر قايسى يەرلىك خەلق زىيالىيلىرى ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان ئورتاق تۈركىستان

قۇرۇش ئىدىيىسى ئەمەلگە ئاشقان بولسا، بۈگۈنكى بۇ خىل ئايرىمچىلىقلار بولمىغان بولار ئىدى. ھېچ بولمىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن دەسلەپكى يىللاردا باش كۆتۈرگەن ئورتاق تۈركچىلىك پىكىرلىرىنى ئاساس قىلغان تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر فېدېراتسىيىسى قۇرۇش پىكىرلىرى ئەمەلگە ئاشقان بولسا، ۋە ياكى كېيىنكى يىللاردا قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ئوتتۇرىغا قويغان مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، خۇددى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئوخشاش سىياسىي-ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلىنىش تەشەببۇسى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسا، بەلكى ئوش تراگېدىيىسى مەيدانغا چىقمىغان بولار ئىدى.

### 3.كونا «ئاكىلار» نى سېغىنىش

بۈگۈنكى كۈندىكى مەركىزىي ئاسىيا كوپ خىل خەلقئارالىق ۋە رايون خاراكتېرلىك ئىتتىپاق ھەم تەشكىلاتلارنىڭ رامكىسى ئاستىدا بولۇپ، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە تاجىكىستان ھەمدە تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيەتلىرى ئۆزگە خاس بولغان تاشقى سىياسەت يۈرگۈزمەكتە.

11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئافغانىستاننى بازا قىلغان تالىبانلار ۋە خەلقئارا تېررورچىلىققا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياستى مەيدانغا كەلدى. چۈنكى، ئامېرىكا قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاندا ھەربىي بازا قۇرغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بۇ رايوندا دېموكراتىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دىكتاتورلۇق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىش پىكىرلىرىمۇ كۈچەيدى. رايوننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە چېكىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان خىتاي بىلەن قوشنا بولۇشى مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە خىتاي بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن ئىلھام ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى نەتىجىسىدە خىتاي ئۇيغۇرلار بىر قەدەر زىچ جايلاشقان ھەمدە بۇ پائالىيەتلەر روناق تاپقان قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن سىياسىي ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن خىتاي ئالدى بىلەن رۇسىيە بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، چېگرا ئىختىلاپلىرىغا خاتىمە بېرىش شوارى ئاستىدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى بەرپا قىلدى. گەرچە مۇستەقىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا رۇسىيىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تەسىرى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن ھەمدە تېخى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل تاشقى سىياسىتىنى بەلگىلەشكە قادىر بولالمىغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى تەبىئىي ھالدا رۇسىيىنىڭ باشلامچىلىقىدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا قاتناشتى.

بۇ دەل چېچەن ئۇرۇشى پارتلاپ، رۇسىيىنىڭ مىللىي رايونلىرىدا ئىگىلىك ھوقۇق خاھىشلىرى كۈچەيگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇسىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كۈن تەرتىپكە كەلگەن پەيت بولغاچقا رۇسىيە خىتاينىڭ قوللىشىغا موھتاج ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىمۇ خىتاي بىلەن بولغان چېگرا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىكلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئىنتىلەتتى. خىتاينىڭ ئېھتىياجى بولسا، قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋجى ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۆز مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. مانا مۇشۇنداق تۈرلۈك ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەتلەر مەركىزىي ئاسىيادا شاڭخەي گۇرۇھىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن ئايرىم سىياسىي-ئىقتىسادىي ئالاقىلەرنى كۈچەيتتى. ئۇلار ئارىسىدا تەبىئىي گاز نېفتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېنېرگىيە كېلىشىملىرى تۈزۈلدى ۋە

نېفىت ھەم تەبىئىي گاز تۇرۇبىلىرى ياتۇقۇزۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى .

مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرى بىر ياقتىن ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. بولۇپمۇ، ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى رۇسىيە بىلەن خىتايغا ياقمىغان بولۇپ، موسكۋا بىلەن بېيجىڭنىڭ ئامېرىكىنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە قارشى تۇرۇشتىكى مەيدانى ئورتاق بولسىمۇ، لېكىن رۇسىيە يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بۇ جايدا خىتاينىڭ كۈچلۈك ئورۇننى ئىگىلىشىنى خالىمايتتى. خىتاينىڭ مەركىزىي ئاسىيا ئېنېرگىيىسىنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلەشكە ئىنتىلىشى رۇسىيە ئۈچۈن خىرىس بولۇپ، يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان رۇسىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىنى كۈچەيتىش، كوللېكتىپ بىخەتەرلىك كېلىشىمى تەشكىلاتى ۋە ياۋرو-ئاسىيا تاموژنا ئىتتىپاقىنى تەسىس قىلىش يوللىرى بىلەن مەركىزىي ئاسىيادىكى بۇ دۆلەتلەرنى قايتىدىن ئۆز تەسىر كۈچ دائىرىسى ئىچىگە ئېلىپ كىردى. رۇسىيە كېرەك بولغاندا، شاڭخەي گۇرۇھى ئارقىلىق، كېرەك بولغاندا، ئۆزى باش بولغان، ئەمما خىتاي كىرمىگەن مەزكۇر رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىنى مونوپول قىلىپ كەلدى.

بۇ يىل 7-ئاپرېلدا بىشكەكتە يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە مەيدانغا چىققان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئالدى بىلەن رۇسىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئالدى بىلەن موسكۋا بىلەن ئالاقە ئورناتتى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى قىرغىزىستاننى ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

رۇسىيە قىرغىزىستانغا 20 مىليون دوللار ياردەم ۋە 30 مىليون دوللار قەرز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بىراق، باش مىنىستىر پۇتىن قىرغىزىستاندا بولۇۋاتقان ئىشلار ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق شارائىتىدا ئۇلارنىڭ رۇسىيىدىن ياردەم سورىغانلىقىنى تەكىتلىگەن .

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان بىرىنچى كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىزچىل تۈردە رۇسىيىنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى ھەمكارلىق نىشانى سۈپىتىدە بېكىتكەن بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ چۈشىنىشىچە، ئەگەردە رۇسىيە بۇ ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ ئورنى قانۇنلاشقان بولىدۇ ھەمدە باشقا دۆلەتلەرمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئارقىدىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ قىرغىزىستانغا ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 14-ئاپرېل كۈنى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە مەركىزي ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە ياردەمچىسى روبېرت بلېيك بىشكەككە يېتىپ كېلىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرى روزا ئوتۇنبايېۋا بىلەن سۆزلەشكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا بولسا، ئامېرىكىنىڭ قىرغىزىستانغا ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بېرىدىغانلىقى مەلۇم بىلدۈرۈلگەن ئىدى. روزا ئوتۇنبايېۋا ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان كېلىشىملەرنى داۋاملىق كۈچكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. روزا ئوتۇنبايېۋا يەنە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خىللارىي كلىنتون خانىم بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەن شۇنىڭدەك ئامېرىكىنىڭ بىشكەكتىكى ئەلچىسى بىلەنمۇ ئۇچراشقاندا، ئۇ، ئامېرىكىنىڭ قىرغىزىستانغا بېرىلىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىنىڭ كېڭەيتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى .

ۋاشىنگتوندىكى ئۆزبېك ئانالىزچى، ئەلشىر خەمىدوۋ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى سىياسىتىنى تەھلىل قىلىپ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھازىر ئامېرىكا ۋە رۇسىيىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقى، چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ تەسىرى ۋە كۈچىنىڭ ھازىرچە تېخى يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، بولۇپمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن ناچار ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

بىراق، قىرغىزىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى رۇسىيە ۋە ئامېرىكىدىن

ياردەم سورىغان بولسىمۇ، ئەمما قوشنىسى ختايدىن ھېچقانداق ياردەم سورىمىدى شۇنىڭدەك ختايمۇ قىسمەن ياردەمدىن باشقا ھېچقانداق چوڭ ياردەم بېرىش ۋە ياكى قوللاش پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرمىدى .

ھەتتا، سابىق پرېزىدېنت قۇرمانبەك باقىيېف ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرمەي، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشماقچى بولغاندا، رۇسىيە، ئامېرىكا ۋە قازاقىستان تەرەپنىڭ بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشى بىلەن باقىيېف قىرغىزىستاندىن ئايرىلغان ئىدى .

قىرغىزىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تېخى ئۆزىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بولالماي تۇرۇپ، 11-14-ئىيۇن كۈنلىرى ئوش ۋە جالال ئابادتا ئېتنىك توقۇنۇش كېلىپ چىققاندا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەھبىرى روزا ئوتۇنبايېۋا يەنە ئالدى بىلەن رۇسىيىدىن ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ ۋەزىيەتنى تىنچلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق رۇسىيىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ئارقىدىنلا قىرغىزىستاندىكى 76 پارتىيە ۋە ئاممىۋى تەشكىلات بىرلىكتە رۇسىيىنىڭ قوشۇن كىرگۈزۈشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق موسكۋا ھەرگىز بۇ قەدەمنى باسمىدى.

12-ئىيۇن كۈندىكى ئىسلام كەرىموف بىلەن دمىترىي مېدۋېدېۋ ئارىسىدىكى تېلېفون سۆھبىتىدىن كېيىن، ئۆزبېك-قىرغىز چېگرىلىرىدا تانكىلار بىلەن ھەيۋە قىلىپ تۇرغان ئۆزبېكىستان قوشۇنلىرى بىردىنلا چېگرىلىرىنى مۇساپىرلارغا كەڭ ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارنى تۇشمۇ-تۇشتىن قوبۇل قىلدى ھەتتا مۇساپىرلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ ئوق چىقىرىۋاتقان باندىتلارنىڭ برونېۋىكنى نىشانغا ئالماي، پەقەت ئۇنىڭ يېنىغا قارىتىپ ئوق ئېتىش بىلەن برونېۋىكنى ئارقىغا قېچىشقا مەجبۇر قىلىش تاكتىكىسى قوللاندى.

پەرغانە تورىنىڭ ۋىدىئو خەۋەرلىرىدە غەزەپلەنگەن ئۆزبېك ياشلىرى سۆزلەپ، رۇسىيە ھۆكۈمىتىدىن ھەربىي ياردەم سوراش بىلەن بىرگە رۇسىيە

تەرەپتە تۇرۇپ قىرغىزلارغا قارشى جەڭ قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ رۇسىيىگە سادىق بولىدىغانلىقى ۋە رۇسىيىنىڭ ئۆزلىرىگە ئىگە چىقىشىنى تەلەپ قىلدى.

نېمە دېگەن دراماتىك كۆرۈنۈشلەر ـ ھە؟، غالىپ چىققان ھۆكۈمەتمۇ موسكۋانى چاقىرماقتا، ۋەيران بولغانلارمۇ موسكۋاغا ئىنتىلمەكتە.

بۇ ئىنتىلىشمۇ ياكى ئىنتىلدۈرۈشمۇ؟ بۇ سوئالغا بەك ئاشۇ ئىنتىلگۈچلەرنىڭ ئۆزلىرى ئەڭ توغرا جاۋاب بېرەلىسە كېرەك؟ !

قىرغىزىستان ۋەزىيىتى پرېزىدېنت دمىتري مېدۋېدېۋنىڭ ۋاشىڭتون سەپىرىدە پرېزىدېنت باراك ئوباما بىلەن بولغان سۆھبەت ئۈستىلىگە چۈشكەن بولۇپ، ئامېرىكا بىلەن رۇسىيىنىڭ ھېچقايسىسى ئېتنىك توقۇنۇش رايونىغا قوشۇن ئەۋەتمەسلىك، ئەمما ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ھەمكارلىشىش مەيدانى بىلدۈرۈلدى. بىشكەك ۋە ئوش ۋەقەسىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر كۆرۈنۈشلىرى مەركىزىي ئاسىيادا ۋاشىڭتون بىلەن موسكۋانىڭ ھەمكارلىق تارىخىي دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقى، بۇ رايوننىڭ تەرتىپىنى بەلگىلەشتە ئۇلارنىڭ بىرلەشمە ئاۋاز كۈچى شەكىللەنگەنلىكىنى ئىپادە قىلسا كېرەك.

ھازىر قىرغىزىستاننىڭ ماناس ئايرودرومىدا ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستانغا ھەربىي ئەسلىھەلەرنى يەتكۈزۈش مەركىزى، رۇسىيىنىڭ بىشكەك شەھىرى يېنىدا ھاۋا ئارمىيە بازىسى مەۋجۇت بولۇپ، بىشكەك بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭلا ساقلىنىپ قېلىنىشىنى خالايدىكى، ئەمما ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭ بۇ يەردە يەنە بىر يېڭى بازا بەرپا قىلىشىنى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ ھەم كەلتۈرۈشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

## 4.رېئاللىقتىن يىراق ئەمەس تىلەكلەر

ھازىر قىرغىزىستاندا ۋەزىيەت مۇقىملاشقان ۋە يېڭى ھۆكۈمەت قانۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ دۆلەتتىكى ئېتنىك زىددىيەتلەر ۋە سابىق پرېزىدېنت باقىيېف تەرەپدارلىرى بىلەن يېڭى ھۆكۈمەت ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ يەنىلا ئۆتكۈر ئىكەنلىكى مەلۇم.

قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييېف ئالمۇتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا بىخەتەرلىكى ۋە ھەمكارلىقى تەشكىلاتىنىڭ يىغىنىدا قىرغىزىستان ۋەزىيىتىنىڭ ھازىرچە مۇقىملاشقانلىقى ھەققىدە گەپ قىلىشىنىڭ تېخى بالدۇر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ھەمدە مەزكۇر تەشكىلات قىرغىزىستانغا بىرلىكتە خەلقئارالىق ساقچى گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ۋەزىيەتنىڭ داۋاملىق مۇقىملاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى قارار قىلغان بولسىمۇ، بىراق قىرغىزىستان تەرەپ بۇ تەكلىپنى رەت قىلغان ئىدى .

كىشىلەر ئوشتا يۈز بەرگەن ئېتنىك توقۇنۇشنىڭ باشقا جايلاردا ھەمدە باشقا جۇمھۇرىيەتلەردىمۇ تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە. چۈنكى، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، سوئىي سىزىلغان چېگرىلار ۋە ئېتنىك خەرىتىلەر تۈپەيلىدىن ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىكى قازاقلار بىلەن ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار بىلەن ئۆزبېكلەر، تاجىكلار بىلەن ئۆزبېكلەر، ئۆزبېكلەر بىلەن قارا قالپاقلار، ئۆزبېكلەر بىلەن تۈركمەنلەر، تاجىكىستان تەۋەسىدىكى ئۆزبېكلەر بىلەن تاجىكلار، قازاقىستان تەۋەسىدىكى ئۆزبېكلەر بىلەن قازاقلار، قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار، قازاقلار بىلەن رۇسلار ھەم باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئېتنىك توقۇنۇش چىقىرىش تولىمۇ ئاسان ئىش. بۇ دۆلەتلەردىكى ئېتنىك توقۇنۇش «ئويۇنىنى» نىيىتىنى بۇزغان ئەتراپتىكى ھەر قانداق بىر كۈچ خالىغان ۋاقىتتا ئوينىيالايدۇ. شۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن ئىسلام كەرىموف، نۇرسۇلتان نازارباييېف ۋە ھەم سابىق پرېزىدېنت ئەسقەر ئاقاييېف قاتارلىق بۇرۇنقى سوۋېت دەۋرىدە بۇ مەسىلىلەردە مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رەھبەرلىرى ئۆز

جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى مىللىي مەسىلىگە نازۇك ۋە ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلغان ھەم قىلماقتا. ئەسقەر ئاقايېف ئۆز دەۋرىدە «قىرغىزىستان بىزنىڭ ئورتاق ئۆيىمىز» دېگەن شوئار ئاستىدا مىللەتلەرنىڭ ئۆملۈكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا تىرىشقان ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەبىلە ۋە جەمەت تۇيغۇسىمۇ زىددىيەتلەرنىڭ يەنە بىر ئامىلى بولۇپ، بىر پۈتۈن قىرغىز مىللىتى جەنۇبىي ۋە شىمالىي قەبىلىلەر تۈپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئارىسىدا كۆپلىگەن زىددىيەتلىك ئامىللار بار. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاكتىكىسى بويىچە ھاكىمىيەت دائىم بەزىدە شىمالىي قىرغىز قەبىلىلىرىدىن چىققان كىشىگە بېرىلسە، گاھىدا جەنۇبلىققا بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن تاكى قۇرمانبەك باقىيېف دەۋرىگىچە قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى ئاساسىي جەھەتتىن شىمالىي قەبىلىلەرنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەن ئىدى. شۇنى، ئەسكەرتىش كېرەككى، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى 19-ئەسىردە چار رۇسىيە قوشۇنلىرى ئىسسىق كۆل بويىغا كېلىپ، ئالدى بىلەن شىمالىي قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، بىراق جەنۇبىي قەبىلىلەر قوقان خانلىقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، رۇس قوشۇنلىرى بىلەن قارشىلاشقان ئىدى.

قازاقىستاندا بولسا، نازاربايېف جەمەتى بىلەن باشقا گۇرۇپپىلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلاردىن باشقا ھاكىمىيەت سوۋېت تاكتىكىسى بويىچە كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلۇغ يۈزگە تاپشۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا يۈزى ۋە باشقا قەبىلىلەر چەتتە قالدۇرۇلغان.

ئۆزبېكىستاندا بولسا، سەمەرقەنتلىك، ۋادىلىق ۋە خارەزملىق گۇرۇپپىسى مەۋجۇت بولۇپ، سوۋېت تاكتىكىسى بويىچە ئۆزبېكىستاننىڭ بىرىنچى قوللۇق ئورنىنى سەمەرقەنتلىككە تاپشۇرسا، ئالىي كېڭەش ۋادىلىق ياكى تاشكەنتلىكلەرگە بېرىلىپ، خارەزملىكلەرگە باشقا ھوقۇقلار تەقسىم قىلىنغان. نۆۋەتتە، ئۆزبېكىستاندا سەمەرقەندلىكلەر

ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئىسلام كەرىموفنىڭ ئۆزىمۇ سەمەرقەندلىك ئىدى.

ئۆزبېكىستاندىكى قارا قالپاقىستان جۇمھۇرىيىتى بولسا، 70 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىك سالاھىيىتىنى ساقلىماقتا ھەمدە ئارال كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بىلەن قارا قالپاقلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئارقىدا قېلىشىنى تاشكەنتنىڭ كۆڭۈل بۆلمەسلىكىدىن كۆرىدۇ ھەمدە قارا قالپاقلار ئارىسىدا قازاقىستانغا تەلپۈنۈش ھەم ئۆزلىرىنى ئەسلىدە قازاقلار بىلەن بىر خەلق دەپ ھېسابلاش ئىدىيىسى مەۋجۇت.

بۈگۈنكى مەركىزىي ئاسىيادا زىددىيەتلەر يېتەرلىك كۆپ ۋە مۇرەككەپ، بۇ زىددىيەتلەرنىڭ ئەڭ خەتەرلىكى ئىچكى ئايرىمچىلىقلار ئەمەس بەلكى ئېتنىك ئايرىمچىلىق بولۇپ، ئوش ۋەقەسى بۇنى تولۇق ئاشكارىلىدى. 100 دىن ئارتۇق ھەر خىل مىللەت ۋەكىللىرى ياشايدىغان مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئاساسىي ئاھالە تەركىبى يەنىلا تۈركىي تىللىق خەلقلەر بولۇپ، بۇ خەلقلەر مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ كاپالىتى. ئوش پاجىئەسىنىڭ تەكرارلانماسلىقى شۇنىڭدەك مەركىزىي ئاسىيادا مۇقىم ۋە گۈللەنگەن جەمئىيەت يارىتىش ئۈچۈن ئورتاقلىشىپ يول تېپىش كېرەك. بەلكى، بىردىنبىر يول ئالدى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ئۆزلىرى بىرلىكتە يېڭىچە «مەركىزىي ئاسىيا» نامى ۋە ياكى تارىخىي ئورتاق نام «تۈركىستان» نامى ئاستىدا ئورتاق مىللىي ئىدىيولوگىيىسى بەرپا قىلىش.

ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ۋە ياكى باشقا مۇۋاپىق خىلدىكى بىر سىياسىي، ئىقتىسادىي گەۋدە ھاسىل قىلىپ، بىر-بىرىنىڭ بايلىقلىرى ۋە ئەۋزەللىكلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەڭ تەرەققىي قىلىش.

مائارىپ، تارىخ، سەنئەت، ئەدەبىيات ھەم باشقا تەرەپلەردە ئورتاق

پروگراممىلارنى بەرپا قىلىپ، ئورتاق مەدەنىيەت بايلىقى ئىدىيىسىنى بەرپا قىلىش ۋە كۈچەيتىش.

دىنىي جەھەتتە ھەممىسىنىڭ ئورتاق ھالدا ئىسلامنىڭ سۈننى مەزھىپىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ۋە ئەزەلدىن بۇلار ئارىسىدا دىنىي مەزھەپ زىددىيىتى بولمىغانلىقىدەك تەرەپلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئورتاق مۇفتىلىك ھەمدە دىنىي تەربىيە پروگراممىسى تەسىس قىلىپ، دىنىي قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىش .

مانا مۇشۇ بىر قاتار چارە-تەدبىرلەر ئارقىلىق باي ۋە گۈللەنگەن، تىنچ ۋە مۇقىم مەركىزىي ئاسىيانى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

ئۇش پاجىئەسى پەقەت قىرغىزىستانغىلا ساۋاق بولماستىن بەلكى پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىغا چوڭقۇر ساۋاق!

2010-يىل 7-ئاي

# تۈركىستان مۇختارىيىتىدىن مۇستەقىل تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىغىچە

## مۇقەددىمە

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر ئۇرۇپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غۇنچە چىقارغان ئورتاق تۈرك دۆلەتچىلىك غايىسى سابىق چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىدىل-ئۇرال بويلىرىدىن تارتىپ، تاكى شەرقىي تۈركىستانغىچە بولغان بىپايان ياۋرو-ئاسىيا تۇپراقلىرىدىكى ئىلغار، مەرىپەتپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەرلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالدى.

تۈركچىلىك، يەنى، ئورتاق تۈرك مىللىي كىملىكى چۈشەنچىسى ئەسلىدىن بىر يۇقىرى ئاڭ-سەۋىيە ۋە چۈشەنچە تەلەپ قىلىدىغان ئىدىئولوگىيە بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈركىي مىللىي كىملىك تۇيغا مەنسۇپ بولغان ئولتۇراق ۋە كۆچمەن ھاياتتىكى بارلىق ئاۋام خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنى بىردىنلا قوبۇل قىلىشى ھەم مەزكۇر مىللىي ئىدىئولوگىيە ئۈچۈن ئورتاق قۇربان بېرىش يولىنى تاللىشى ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسىيىدە پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ، ئەركىن پىكىر قىلىش شارائىتى تۇغۇلۇپ، دېموكراتىك ئىسلاھات ئىدىيىلىرى مەيدانغا چىققاندا، تۈركچىلىك ئىدىيىسىنى كەڭ يېيىش ۋە مەزكۇر ئىدىيىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان مۇستەقىل دۆلەتچىلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش

پۈرستى تۇغۇلدى. قىرىمدىن تارتىپ، تاكى ئىدىل-ئۇرال بويلىرىغىچە، كاۋكازىيىدىن تارتىپ، كاسپى بويى ۋە قازاق دالاسى ھەم تۈركىستان تۇپراقلىرىغىچە بولغان كەڭ جۇغراپىيىلىك بوشلۇقتا مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى قوزغىلىپ، مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ ئىدېيولوگىيىلىك ئاساسى قانىتىنى تۈركچىلىك ئىگىلىدى. مەزكۇر ئىدىيە ئوسمانلى تۈركلىرى، ئۇكرائىنىيىدىكى قىرىم تاتارلىرى، كاۋكازىيىدىكى ئەزەرى، قۇمۇق، بالقار ۋە قاراچايلار، ئىدىل-ئۇرالدىكى تاتار ۋە باشقۇرت ھەم غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، قاراقالپاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا تېز يېيىلىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي ۋە سىياسىي ئىدىيىلىرى تەركىبىدىن ئورۇن ئالدى.

20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياۋرو-ئاسىيادىكى بىر قانچە ئىمپېرىيىلەر تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، تارىخ سەھىپىسىدىن چۈشۈپ، بۇلارنىڭ خارابىلىرى ئورنىدا يېڭى جۇمھۇرىيەتچىلىك ئىدىيىلىرى جۇش ئۇردى. شەرقىي ئاسىيادا ئالدى بىلەن مانجۇلارنىڭ چىڭ ئىمپېرىيىسى غۇلاپ، سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى خىتاي مىللىي دۆلەت ئىدىيىسىنى ئاساسىي نەزەرىيە قىلغان خىتاي مىللىتىنىڭ ھاكىمىيىتى تىكلەندى. ئارقىدىن رۇسىيىدە پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ، چار رۇسىيىنىڭ خارابىسىنى ئاستا-ئاستا كوممۇنىستلار ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى نامى ئاستىدىكى بىر ھاكىممۇتلەق دۆلەت مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلە ئوخشاش ۋاقىتتا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسىم تۇپراقلىرىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قەد كۆتۈردى .

ياۋرو-ئاسىيادىكى مەزكۇر ئۈچ ئىمپېرىيىنىڭ يوقىلىشى نەتىجىسىدە مەزكۇر ئىمپېرىيىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش، ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىق يولى ئېچىلغان بولۇپ، رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدىكى ناھايىتى ئاز

ساندىكى بىر قىسىم ياۋروپا مەملىكەتلىرى تولۇق مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسىم مىللەتلەر بەربىر سوۋېت ئىتتىپاق دېگەن نام ئاستىدىكى يېڭى قىزىل ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى. بىراق، ئۇلار چار رۇسىيە دەۋرىدىكىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆز مىللىي ئىتتىپاقداش ۋە ياكى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، ئىككىنچى قەدەمدە تولۇق مۇستەقىللىققە ئېرىشىشىنىڭ قانۇنىي ئاساسىغا بولسىمۇ ئىگە بولدى .

چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەيران بولۇشى ئوخشاش ئۇنىڭ بېسىۋالغان تۇپراقلىرىدىكى ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل ۋە جەنۇب تەرەپتىكى بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ قۇتۇلۇش ۋە ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت قۇرۇش پۇرسىتى ئاتا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پۇرسەتتىن پەقەت موڭغۇللارنىڭ شىمالىي تەرەپتىكى قىسمىلا بەھرىمەن بولالىدى. تىبەتلەر بولسا، مۇستەقىل دۆلەت كەبى ئۆزىنى ئىدارە قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ تەلىيى كاج كەلگىنى ئۇيغۇرلار بولۇپ، پەقەت قۇمۇل تاغلىرىدا تۆمۈر خەلىپىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى ئۆزىگە كېلىۋاتقان پۇرسەتتىن مەھرۇم بولدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ نۇرغۇن تۇپراقلىرى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئارىلىشىشلىرى تۈپەيلىدىن قولدىن كەتتى شۇنىڭدەك ئەڭ ئاخىرىدا ھازىرقى ئاناتولى ۋە ئىستانبۇل ئەتراپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىيە تۇپرىقىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلدى .

لېكىن، چىڭ ئىمپېرىيىسى يىقىلىپ، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم خارابىسىدە، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي مىللەتارىستلىرى ۋە مىللەتچىلىرىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىشى، چار رۇسىيە ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ خارابىسىدە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىشى ئاسانغا چۈشمىدى. بۇ جەريانلار تولىمۇ مۇرەككەپ باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بۇ ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان

ئىنساننىڭ ئۆلۈمى، خانىۋەيران بولۇشى بەدىلىگە ئەمەلگە ئاشتى.

مېنىڭ تۆۋەندە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغىنىم، يېڭى سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ سابىق چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ خارابىسى ـ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز ھاكىمىيىتى تىكلەش يولىدىكى كۈرەشلىرى شۇنىڭدەك تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئورتاق تۈركچىلىك ئىدېيولوگىيىسى ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇش كۈرىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلانغان تۈركىستان مۇختارىيىتى ھەققىدە بايان قىلىش ۋە قىسمەن يەكۈنلەرنى چىقىرىشتىن ئىبارەت .

## 1.چار رۇسىيىنىڭ يىمىرىلىشىدىن تۇغۇلغان پۇرسەتلەر

1917-يىلى، فېۋرالدا چار پادىشاھ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، كېرېنسكىي رەھبەرلىكىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى. ئۇلارنى دېموكراتىك ھاكىمىيەت دەپ ئاتاپ رۇسىيىنى قاشقالىق ۋە كرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن رۇسىيە ئانارخىست دېموكراتلىرى تېخى غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپلا، پۇرسەتپەرەس بولشېۋىكلار( كوممۇنىستلار) تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. 1916-يىلى، تۈركىستاننىڭ تاشكەنت ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەنجان قاتارلىق شەھەرلەرنى زىيارەت قىلىپ، ھەتتا مەسچىتلەرگە كىرىپ، يەرلىك مۇسۇلمان جامائەتلىرىگە ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى، دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ھەمدە چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايونغا قاراتقان قاتتىق ۋە كەمسىتىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە كۈچ چىقىرىش ۋەدىلىرىنى بەرگەن كېرېنسكىي پۈتۈن رۇسىيىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەندە بۇ ۋەدىلىرىدە ھەققىدە جىم تۇرۇۋالغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بەرىبىر ئاغدۇرۇلۇشتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

بۇ ۋاقىتتا رۇسىيىنىڭ چەت مىللىي رايونلىرىدا بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەت تەركىبىدە قېلىش ۋە ياكى ئاپتونومىيىگە ئىگە بولۇش، ياكى بولمىسا دۆلەت ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى تاللاش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى. فېۋرال ئىنقىلابىدىن سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، 1917-يىلى، ئۆكتەبىردە لېنىن رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىكلار سانكتپېتېربۇرگدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، رۇسىيە، جۈملىدىن ئىنسانىيەت تارىخى يېڭى بىر باسقۇچقا، يەنى، دۇنيا ئىككى ئىدېئولوگىيىلىك لاگېرغا بۆلۈنۈپ، ئۇزۇن يىللار بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىش شۇنىڭدەك بىر دۆلەتتىكى بىر مىللەت، بىر خەلق ئىككى ئىدېئولوگىيىلىك ئېقىم ئۈچۈن بىر-بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئىچكى ئۇرۇش ئىچىدە خانىۋەيران بولۇشتەك ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي جاھالەتلىك يىللىرىنى باشتىن كەچۈردى .

ئەلۋەتتە، رۇسىيىدىكى ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى پەقەت تۈركىي خەلقلەرنىڭلا ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈنلا تۈرتكە بولغان ئەمەس، بەلكى مەزكۇر پۇرسەتتىن سابىق چار رۇسىيىنىڭ مۇستەملىكىسىدە بولغان بارلىق خەلقلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پايدىلىنىشقا تىرىشقان ئىدى.

رۇسىيە كوممۇنىستلىرى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇزۇن مەزگىل چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان رۇس ئەمەس خەلقلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى» نى ئېتىراپ قىلىپ، «مىللەتلەرنىڭ خالىسا ئايرىم دۆلەت قۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بولشېۋىكلار 1917-يىلى، نويابىردا ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپلا، رۇسىيىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرى ھەققىدە خىتابنامە ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا مىللەتلەرنىڭ تەڭ باراۋەرلىكى، ئىگىلىك ھوقۇقى بارلىقى،

ئۇلارنىڭ تاكى رۇسىيىدىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرغىچە بولغان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش ھوقۇقلىرى ئېتىراپ قىلىندىغانلىقى جاكارلانغان. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ مۇنداق ئىدىيىنى جاكارلىشىدىكى مەقسەت رۇسىيىنىڭ بارلىق رۇس ئەمەس مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان جايلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە تارتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئاساسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ تەشەببۇسلار كاۋكازىيە، ئىدىل-ئۇرال ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى خەلقلەرگە زور ئىلھام بولغان بولۇپ، چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ۋەيران بولغان ھەمدە رۇسلارنىڭ سىياسىي قاتلىمىدا ئىدېئولوگىيىلىك بۆلۈنۈش كۈچەيگەن پۇرسەتتىن پايدىلانغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى رۇسىيىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش پۇرسىتى پىشىپ يېتىلدى دەپ ھېسابلاپ، كۈرەش سېپىگە ئاتلاندى.

نەتىجىدە، ئىلگىرى- كېيىن كاۋكازىيە، ئۇكرائىنىيە، بېلورۇسىيە ۋە باشقا رايونلاردا ئايرىم بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. ھەتتا، رۇسىيىنىڭ يىراق شەرقلىرىدە رۇسلار ئۆزلىرى قۇرغان ئايرىم جۇمھۇرىيەتلەر باش كۆتۈردى .

مەزكۇر پۇرسەتتىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىرى لاتۋىيە، لىتۋا، ئېستونىيە، فىنلاندىيە بولۇپ، ئۇلار تولۇق مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئۆز مۇستەقىللىقىنى قوغداپ قالالىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇكرائىنىيە باشقا رايونلاردىكى باشقا يىگى ھاكىمىيەتلەر قايتىدىن سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قىلىپ، ئۆز مۇستەقىللىقلىرىنى ساقلاپ قالالمىدى.

بۇ ۋاقىتتىكى مەركىزىي ئاسىيا ۋەزىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، 1917-يىلى، فېۋرالدا چار پادىشاھ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، چار پادىشاھنىڭ تۈركىستان ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇنىڭ

ئۇرنىغا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىندى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. مەزكۇر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى پۈتۈنلەي رۇسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا مىللەتلىرى ئىگىلىگەن بولۇپ، تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بۇنىڭ تەركىبىدىن ئورۇن ئالمىدى. شۇ يىلى، لېنىن رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىكلارنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن تەڭ تاشكەنتتىكى كوممۇنىستلارمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇردى.

بولشېۋىكلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئاۋام پۇقرالىرى ۋە بىر قىسىم زىيالىيلىرى ئارىسىدا كوممۇنىستىك ئىدىيىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، مەلۇم ساندا ئاۋام ۋە كەمبەغەل تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلار ئارىسىدىن تۇنجى كوممۇنىستلارنى يېتىشتۈردى. مەزكۇر يەرلىك كوممۇنىستلار بولسا، ئۇستىلىق بىلەن كەشىپ قىلىنغان «مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئايرىم ياچېيكىلار تەسىس قىلىنىپ، ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ʼغا يەرلىك «مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى» دىن سېكرېتارلار بەلگىلەندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇ نۇقتىنى تەكىتلەش زۆرۈركى، چار رۇسىيىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە كوممۇنىستلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن دەسلەپكى چاغلىرىدا تۈركىي-مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ ئازادلىقىنى ۋە مۇستەقىل دۆلەتچىلىكىنى تەمىن ئېتىشنى مەقسەت قىلىدىغان تۈرلۈك پارتىيە -گۇرۇھلار، ئاممىۋى ۋە سىياسىي جەمئىيەتلەر ھەمدە ئىشچىلار ۋە دېھقانلار ئۇيۇشمىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مىللىي مۇستەقىللىق ۋە گۈللىنىش ئىدىيىسىگە مەنسۇپ، رۇسىيىدە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان قازاق مىللەتپەرۋەر زىيالىيلىرىدىن ئاخمەت بايتۇرسۇنوف، ئالىخان بۆيكەخانوف ۋە مىرجاقىپ دۇلاتوف قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى «ئالاش -ئوردا» پارتىيىسى ھەم ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئالاش ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى، بۇخارانى بازا قىلغان ۋە تۈركىيىدە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان ئابدۇ ۋاھىد بۇرھانوف، فىترەت، ئوسمان خوجايېۋ

قاتارلىق ئۆزبېك-تاجىك ياشلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدىكى «ياش بۇخارالىقلار» تەشكىلاتى، خىۋە خانلىقىنى بازا قىلغان «ياش خىۋەلىكلەر» پارتىيىسى مەيدانغا كەلدى. بۇ گۇرۇپپىلار مىللەتپەرۋەرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلاردا تۈركىيە ھەتتا غەربكە تەلپۈنەتتى.

بۇلاردىن باشقا يەنە تۈركىستان جەدىدلىرىنىڭ تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە قۇرۇپ، تۈركىستاننىڭ كۆپ جايلىرىغا كېڭەيتكەن، مۇنەۋۋەر قارى باشچىلىقىدىكى تۈركىستاندا خۇددى، تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان ۋە ياكى مىسىردىكىگە ئوخشاش بىر ھاكىمىيەتنى قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان «شورا-ئى ئىسلامىيە» پارتىيىسى، جەدىدلەرگە قارشى، قەدىمىيچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان، تۈركىستاندا تولۇق شەرىيەت سوتى بولغان ھەمدە رۇسىيە تەۋەسىدىكى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، سىرالى لاپىن يېتەكچىلىكىدىكى كۆچلەرنىڭ «شوراي ئۆلۇما» پارتىيىسى قاتارلىق پارتىيە ۋە تەشكىلاتلار مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

بۇ ۋاقىتتا يەنە تۈركىستاننىڭ بىر قىسمى ھېسابلانغان يەتتە سۇ ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك ۋە تۇڭگانلارمۇ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشقان بولۇپ، 1917-يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيىدا ئۇيغۇرلارنىڭ «تارانچى كومىتېتى» تەسىس قىلىندى. بۇ تەشكىلاتنى دەسلەپتە سودىگەر ئابدۇساتورروف ئىسمىلىك كىشى باشقۇرغان بولسا، ئۇزۇن ئۆتمەي دىنىي ئۆلۇما مەروپ مەسئۇدى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىنى زىممىسىگە ئالدى ۋە تۇڭگانلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى شىلازا مايىق ئىسىملىك كىشىنىڭ باشچىلىقىدا بىر قىسىم تۇڭگانلارنى قوبۇل قىلىپ، تەشكىلات نامىنى «تارانچى-تۇڭگان كومىتېتى» دەپ ئۆزگەرتتى.

تارانچىلار، يەنى، ئۇيغۇرلار مەزكۇر كومىتېت تەركىبىدىكى ئاساسىي كۈچ بولۇپ، بۇ تەشكىلات ئالمۇتا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەمدە ئالمۇتىدىن تارتىپ تاكى يەركەنتكىچە بولغان كەڭ ئۇيغۇر يېزا-قىشلاقلىرىدا تېزدىن

يىلتىز تارتتى، ئەمما يەركەتتىكى تارانچى-تۇڭگان كومىتېتى ئەڭ كۈچلۈك پائالىيەت ئاساسى ياراتقان بولۇپ، بۇ تارماقنى ئاتاقلىق ئۇيغۇر زىيالىيسى ھۈسەيىن يۇنۇسوف باشقۇرغان. لېنىن رۇسىيىسى بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشقان بۇ زات، كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ غۇلجىغا قېچىپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا تارانچى-تۇڭگان كومىتېتىنىڭ يەتتە سۇ ئوبلاستلىق بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ تونۇلغان ئىدى. ئۇيغۇر جەدىدچىلىك ئېقىمىغا مەنسۇپ، مەرۇپ مەسئۇدى بىلەن ھۈسەيىن يۇنۇسوف 1918-يىلى سوۋېت ھاكىمىيىتى يەتتە سۇدا ئورنىتىلغاندا، ئۇيغۇرلارنى بۇ ھاكىمىيەتكە بويسۇنماسلىققا چاقىرغان. مەسئۇدىچىلار يېزىلارغا بېرىپ، خەلقنى سوۋېتلەرگە قارشى قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىش كېرەك دەپ تەشۋىقاتلار ئېلىپ بارغان. ئەينى دەۋردە تارانچى-تۇڭگان كومىتېتىنىڭ كاتىپى بولغان، كېيىنكى مەشھۇر سوۋېت ئۇيغۇر رەھبىرى ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ قارشى بويىچە ئالغاندا، تارانچى كومىتېتىنىڭ غايىسى ئۇيغۇر خەلقنى 1864-يىلىدىكى ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىلى سۇلتانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. بىراق، تارانچى كومىتېتىنىڭ سوۋېتلەرگە قارشى تەشەببۇسى نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتى جايلاشقان ئالمۇتا قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىدىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە 1918-يىلى، ماي ئېيىدا ئۇيغۇر مەھەللىرىگە ھۇجۇم قوزغاپ، مەخسۇس ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، 15-20 مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈشتەك «ئاتۇ پاجىئەسى» كېلىپ چىققان ئىدى .

ھۈسەيىن يۇنۇسوفنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئۇ غۇلجىغا قاچقاندىن كېيىن داۋاملىق تۈردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقارتىش ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، ئىلى مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان بولۇپ، 1934-يىلى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىنغاندا، خوجا نىياز ھاجىم

قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان شۇنىڭدەك شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تاشكەنتكە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش ھەققىدە تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن سۆزلىشىشكە ئەۋەتىلىپ، تاشكەنت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشلىقى بىلەن مەخسۇس ئوقۇغۇچى ئېلىپ كېلىش مەسىلىسىدە سۆھبەتلەشكەن. بەلكى، 1934-1937-يىلىدىكى شېڭنىڭ ئۈچ قارار ئوقۇغۇچىنى تاشكەنتكە ئەۋەتىشكە ئائىت ئالاقە ئىشلىرىنى رۇس تىلىغا پىششىق بىلگەن بۇ زات بېجىرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ستالىنچىلار، ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ كونا رەقىبى ھۆسەيىن يۈنۈسوفنى شېڭ شىسەينىڭ قولى بىلەن يوقاتقان بولۇپ، 1937-يىلى، خوجا نىياز ھاجىم قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە زىيالىيلار بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئۆتەپ، تاشكەنتكە ئەۋەتىلگەندە، ئۇيغۇر ئالىمى بۇرھان قاسىموف بىلەن كوپ سۆھبەتلەردە بولغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى چىققانلىقىدىن پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىكەن. بىراق، بۇ چاغدا ئۇ تېخى ستالىنچىلارنىڭ 1937-يىلىغا كەلگەندە خوجا نىياز ھاجىم ۋە ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى بىكار قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ قولى بىلەن ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ستالىنچىلارنىڭ ئالدىشى بىلەن قورال تاشلاپ، شېڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇرۇمچىگە كېلىپ، باشلىقلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ئەربابلارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن .

ھۆسەيىن يۈنۈسوف ۋە مەرۇپ مەسئۇدى باشچىلىقىدىكى تارانچى-تۇڭگان كومىتېتى ئالمۇتىنى مەركەز قىلغان «ئومۇمىي مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى» نىڭ تارمىقى بولغان بولۇپ، «ئومۇمىي مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى» دەپ ئاتالغان ئالمۇتىدا تەسىس قىلىنغان بۇ تەشكىلاتنى تاتارلاردىن زەينىدىن ھاجى تازىدىنوف باشقۇرغان ، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مۇددىئاسى يەتتە سۇدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي

قوۋملارنى مەركىزىي رۇسىيە، يەنى ئىدىل-ئۇرال بويلىرىدىكى تاتارلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ۋە ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىدى. ئۇلار، ئالمۇتىدا ئومۇمىي مۇسۇلمانلار نامايىشلىرىنى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پلاكاتلىرى مەركىزىي رۇسىيىدىكى تاتار بۇرجازىيىسىنىڭ مىللىي مەدەنىي ئاپتونومىيىسى توغرىسىدىكى شوئارلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى .

يەتتە سۇدىكى قازاق، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆزبېكلەر تەشكىللىگەن «شوراي ئىسلامىيە» تەشكىلاتىنىڭ تەسىرىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ئۆزئارا ئالاقە ۋە ھەمكارلىق بار ئىدى. مەزكۇر تەشكىلات پەرغانە ۋادىسىدىكى شوراي ئىسلامىيىنىڭ تارمىقى بولۇپ، مەۋقە جەھەتتىن بىردەك ئىدى .

بۇ ۋاقىتتا يەنە يەتتە سۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ۋە ئازادلىق مەسىلىلىرىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، بىرلەر شوراي ئىسلامىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قوللىسا، يەنە بىرلەر تارانچى-تۇڭگان كومىتېتىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قوللىدى. لېكىن، پۈتۈن رۇسىيە مىقياسىدا داۋاملىشىۋاتقان ھەمدە ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلانغان ئىشچىلار، ئەسكەرلەر ۋە دېھقانلار بىر تەشكىلاتقا ئۇيۇشۇش يۈزلىنىشىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بىر قىسىم يېڭىچە مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن ھەمدە تاتار ۋە رۇس ئىشچىلار ھەم زىيالىيلار قوشۇنى بىلەن مەلۇم رەۋىشتە ئۇچراشقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئىشچىلىرىمۇ رۇسىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش ئىشچىلار ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، ئىشچى ۋە ئەمگەكچى ئۇيغۇرلار كۈچى ئارقىلىق ھوقۇقلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلماقچى بولدى. نەتىجىدە، 1917-يىلى، 5-مايدا ئالمۇتا شەھرىدە بارى شاغابۇدىنوفنىڭ رەئىسلىكى، ئابدۇللا روزىباقىيەۋنىڭ سېكرېتارلىقىدا «مۇسۇلمان ئىشچىلىرىنىڭ بىرلەشمە ئىتتىپاقى» ناملىق بىر تەشكىلات قۇرۇلۇپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئادەم

سانى 600 گە يەتتى.

بۇ تەشكىلاتقا تارانچى-تۇڭگان كومىتېتىغا قاتناشقان ۋە كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلغان بىر قىسىم زىيالىيلار ئاكتىپ رول ئوينىغان بولۇپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، سوپى زارۋاتوف، تېيىپ ھاجى سابىتوف، يۈسۈف ئەخمەتوف، مۇسا روزىيېف، ھەمراھ فەرىدىنوف ۋە باشقىلار رەھبىرى خاراكتېرلىك شەخسلەر ئىدى .

شۇ ۋاقىتتا يەنە ياركەنتتە غاپپاروف قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە 400 نەپەر، ئۇيغۇر، رۇس ۋە قازاقتىن تەركىب تاپقان ئىشچىلار ئەتىترىتى قۇرۇلغان .

بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى 1918-يىلىدىن كېيىن يەتتە سۇ رايونىدىكى دەسلەپكى «مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى» غا ئايلانغان بولۇپ، 1918-يىلىنىڭ بېشىدا يەتتە سۇ رايونىدا مۇسۇلمانلارنىڭ 72 ئەزادىن تەركىب تاپقان تۇنجى كوممۇنىستىك پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغاندا، مەزكۇر ياچېيكىنىڭ 44 نەپەر ئەزاسى ئۇيغۇر، 9 نەپىرى قازاق، 18 نەپىرى تاتاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇيغۇرلار يەتتە سۇدىكى دەسلەپكى ۋە ئەڭ كۆپ سانلىق كوممۇنىستلاردىن بولغان ئىدى .

سوۋېت ھاكىمىيىتى يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق غەربىي تۈركىستاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئىشچىلار ئەتىترياتلىرىدىن باشقا تەشكىلاتلار ۋە پارتىيىلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ( بولشېۋىكلاردىن باشقا) «ئەكسىيەتچىل» ، «پان-ئىسلامىست ۋە پان-تۈركىست» قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى جازالاندى، كوممۇنىستلار بىلەن ھەمكارلاشقانلىرى بولسا، ئەڭ ئاخىرىدا 1937-1938-يىللىرىدىكى چوڭ تازىلاشتا باشقا كوممۇنىست رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە يوقىتىلدى.

1917-يىلىنىڭ بېشىدىن تاكى 1918-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەركىزىي ئاسىيادا يۈز بەرگەن تەشكىلات پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغاندىن

سىرت يەنە، 1917-يىلى، 3-ئايدا تاشكەنتتە «مۇسۇلمان ئەمگەكچىلىرى ئىتتىپاقى» دەپ ئاتالغان بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈركىستان خەلق كومىسسارلىرى كېڭىشى قۇرۇلغان بولۇپ، رۇس شوۋىنىستىك ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ مەزكۇر كېڭەشكە يەرلىك خەلقتىن بىرمۇ ئەزا قوبۇل قىلىنمىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، تاشكەنتتە تۈركىستان ئۆلكىسى مۇسۇلمانلىرىنىڭ 3-قېتىملىق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، تۈركىستانغا مۇختارىيەت تەلەپ قىلىش پىكىرلىرى مەيدانغا چۈشكەن بولسىمۇ، بىراق، كوممۇنىستلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. خەلق كومىسسارلار كېڭىشى تۈركىستان نىڭ رۇسىيىدىن ئايرىلىشىغا ۋە ياكى تولۇق ئاپتونومىيە ئېلىشىغا ئەشەددىي قارشى چىققان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە يەرلىك تۈركىي خەلقلەر بىلەن چار رۇسىيە دەۋرىدىن ئېتىبارەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان رۇسلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. تۈركىستان ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىۋالغان تاشكەنتتىكى رۇس كوممۇنىستلىرى گەرچە ئۆزلىرىنى پۈتۈن رايوننى ئىدارە قىلىدىغان ھۆكۈمەت دەپ جاكارلىسىمۇ، بىراق ئۇلاردا مىللەتچىلىك خاھىشلىرى كۈچلۈك بولغاچقا لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سانكتپېتېربۇرگ ۋە موسكۋانى مەركەز قىلغان رۇسىيە بولشېۋىك داھىيلىرىنىڭ مىللەتلەر تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش شوارلىرىغا ئۈمىد باغلىغان يەرلىك خەلقلەرنى ھەمكارلىشىش ۋە ياكى ھاكىمىيەتكە قاتناشتۇرۇشتىن نېرى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغاچقا يالغۇز قالدى ھەمدە تاشكەنتتىن باشقا جايلارنى ئىدارە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. مىللەتچىلىك شۇ دەرىجىگە بارغانكى، رۇس كوممۇنىستلىرى تاشكەنتتە تەسىس قىلغان تۈركىستان سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ 14 كىشىلىك ھەيئەت ئەزاسىنىڭ ھەممىسى رۇسلار بولۇپ، بۇ ھۆكۈمەت ھەيئىتىگە بىرمۇ يەرلىك مىللەت كىشىسى كىرگۈزۈلمىگەن.

تۈركىستان مىللەتپەرۋەرلىرى بىلەن رۇس كوممۇنىستلىرى ئارىسىدىكى تۈركىستاننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك كۈرەش ئاخىرىدا مۇستاپا چوقاي باشلىق تۈركىستان مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ قوقاننى بازا قىلىپ، تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ، ئۆزلىرىنى تۈركىستاننىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى دەپ جاكارلاش بىلەن تاشكەنتتىكى رۇس كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلمىدى. بىراق، مۇستاپا چوقاي ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن يەنىلا لېنىن ۋە ستالىن رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىكلارنى تاشكەنتتىكى كوممۇنىستلاردىن پەرقلىق دەپ ھېسابلاپ، تۈركىستان مۇختارىيىتىنى ۋاقتىنچە تولۇق مۇستەقىللىق ئېلىشتىن ئىلگىرى رۇسىيە سوتسىيالىستىك فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدىكى ئاپتونوم ھۆكۈمەت دەپ ئېلان قىلغان شۇنىڭدەك سانكتپېتېربۇرگنىڭ ئۆزلىرىنى تونۇشىنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، موسكۋا بىلەن تاشكەنتنىڭ نىيىتى ھەم ماھىيىتىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كېچىكىپ چۈشەنگەن ئىدى. لېكىن، مۇستاپا چوقاي تۈركچىلىكنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ئىسمائىل گاسپىرالىنىڭ غايىسىنى مەدەنىي يول بىلەن ئەمەس، سىياسىي يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلگەن تۇنجى تۈركىستان كۈرەشچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرىنچى قېتىم بارلىق تۈركىي قوۋملارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن مىللىي ھاكىمىيەت بەرپا قىلىشنىڭ سىناق-تەجرىبىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ ئىدىل-ئۇرالدىن تاكى قۇمۇلغىچە بولغان جۇغراپىيىلىك بوشلۇقنى بىر ئېتنىك-سىياسىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان تۈرك مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ گايىۋى ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ قالماستىن بەلكى، تۈركىستاننىڭ ھاما رۇس ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىللىق يولىغا ماڭىدىغانلىقى ۋە ئاخىرىدا مۇستەقىل دۆلەتچىلىكلەرنىڭ قەد كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلدى ۋە ئىشەنچىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يوقاتمىدى .

مۇستاپا چوقاي سىناق قىلغان تۇنجى ئورتاق زامانىۋى تۈركىستان ھۆكۈمىتى گەرچە پەقەت 60 نەچچە كۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان بولسىمۇ، بىراق 74 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 60 نەچچە كۈنلۈك مەزكۇر بوۋاق ھۆكۈمەتنىڭ مەنىۋى خارابىسى ئۈستىدە مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. بەلكى، مۇستاپا چوقاي باشلىق مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان تۈركىستان كۈرەشچىلىرىنىڭ روھى بۈگۈندىن خۇش بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئۇلارنىڭ روھلىرى مەزكۇر غايە ئۈستىدە ئورتاق تۈركىستان ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا ئايرىمچىلىق، مەنمەنلىك ۋە مەھەللىۋى نىزا ئۇرۇغلىرى چېچىلىپ، بىر-بىرىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقان ھازىرقى رېئاللىقتىكى تۈركىستاننى كۆرگەندە قانچىلىك قورۇنۇۋاتقانلىقىنى بىر ئاللاھ بىلىدۇ .

20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىغىچە مۇستاپا چوقاي باشچىلىقىدىكى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن پۈتۈن تۈركىستان، ئىدىل-ئۇرال، كاۋكازىيە ۋە قازاق دالالىرىدا ئىلگىرى كېيىن بىر قاتار تۈركچىلىك، مىللىي ئازادلىق ئىدىيىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان تاتار-باشقۇرت مىللىي ھۆكۈمىتى، ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتى، ئالاش ئوردا مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى، خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق ھاكىمىيەتلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئاخىرىدا كۈنسايىن قۇدرەت تاپقان سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ھەربىي-سىياسىي ھۇجۇملىرى ئاستىدا ۋەيران بولۇپ ۋە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ تەركىبى قىسمىغا قېتىلىپ كەتتى.

تۈركىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدا بولسا، تاكى 1931-يىلغىچە جاھالەت ھۆكۈم سۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقى ياك زېڭشىڭنىڭ «تۆۋە ئىستىغبار ھۇجرىسى» دا ئولتۇرۇپ ئويلاپ تاپقان «دۆتلەشتۈرۈش»، «بىر-بىرىگە سېلىش»، ۋە «قوشنا ئەللەردىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىنى مەسچىتلەر ئارقىلىق توسۇش» قاتارلىق بىر يۈرۈش ھىيلە-نەيرەڭلىرىدىن مەست

بولۇپ، دۇنيادىن يىخەۋەر، بەخىرامان ئۇيقىدا يېتىشقا مەجبۇر بولغان، سىرتقى دۇنيادىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەر تېپىپ، مىللىتىنىڭ قاششاقلىقىدىن ۋۇجۇدى ئۆرتەنگەن ئاز ساندىكى مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ «ئويغان ئۇيغۇر!» دېگەن خىتابلىرىنى ئاڭلىمىغان ئىدى.

ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا بالدۇر ئويغانغان ئۇيغۇرلاردىن بىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ شۇ دەۋر ھەققىدىكى تەسۋىرى بويىچە ئالغاندا، خەلقنىڭ ئويغىنىشى ۋە گۈللىنىشى خالىمايدىغان ھۆكۈمەت ۋە يۇرتنىڭ نوپۇزلۇق مەنپەئەتپەرەستلىرى مىللەتنى ئويغىتىشقا ئىنتىلگەن كىشىلەرنى، زىيالىيلارنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرغانلىقتىن ئۇلارنىڭ خەلقنى ئويغىتىشقا ئائىت پىكىرلەرنى ئېغىزدىن چىقىرىشى ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئىدى، يۇرتنىڭ نوپۇزلۇق ئاخۇنلىرى باي ۋە بەگلىرى ياڭ زېڭشىنىڭ سىياسىتىدىن بەك رازى بولۇشتى. چىن ھۆكۈمرانلىرىدىن بۇ چاققىچە ھېچقانداق بىر كەڭچىلىكنى كۆرمىگەن بۇ كىشىلەر ئۇنى سەممىي بىر ئىسلام ھىمايىچىسى ۋە ئىنساپلىق ھۆكۈمدار دەپ قارىدى.

بۇغرا ئېيتقاندەك ئەنە شۇ نادانلىق تۈپەيلىدىن، تۈركىستان مۇختارىيىتى دۇنياغا كەلگەندە، بىر قانچە مىليون ئۇيغۇر خەلقى ئوز قوشنىسى پەرغانىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن بىخەۋەر نادانلىق، ئۇيقۇ ئىچىدە ياتقان بولۇپ، ياڭ زېڭشىڭ ئۆزىنىڭ بىر قانچە مىڭ كىشىلىك ئەپيۇنكەش ئەسكەرلىرى بىلەن بىر قانچە مىليون ئۇيغۇرنى كولدۇرلىتىپ خاتىرجەم ئىدارە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

قەشقەرىيىنىڭ ناھىيىلىرىدە پەقەت بىر خىتاي ھاكىم ئۆزىنىڭ بىر قانچە ئون نەپەر ئەسكىرى بىلەن بىر قانچە يۈز مىڭ ئادەمنى باشقۇردى. قىسقىسى، ياڭ جياڭجۈن ئۇيغۇرلارنى ئەسكەر بىلەن ھىيلە بىلەن سېھىرلەپ تاشلىغان بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن، ھەر قانداق قاراڭغۇ كېچە ھامان ئاخىرلىشىدۇ، ھەر قانداق

شىرىن ئۇيقۇ ھامان تۈگەيدۇ، ھەر قانچە ئۇيقۇچان ئىنسان ھامان بىر كۈنى ئويغىنىدىغان بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، 1931-يىلى، 2-ئايدا قۇمۇل تاغلىرىدا ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئۇيقۇچان ئىنسانلارنى ئويغىتىۋەتتى، تاڭغا تەلمۈرۈپ ئۇخلىماي ياتقانلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتتى، ھەر قاچان سەگەك ۋە ھەرىكەت ئىچىدە يۈرگەن ئوغلانلارنى ئەركىنلىك كۈرەش مەيدانىنىڭ بىرىنچى سېپىغا ئاتلاندۇردى.

نەتىجىدە، ئىدىل-ئۇرال، كاۋكازىيە ۋە غەربىي تۈركىستاندا ئۆچۈرۈلگىنىگە ئون نەچچە يىللار بولغان ئورتاق تۈركىستان يانغىنى قايتىدىن تارىم-جۇڭغارىيە-قۇمۇل ۋادىلىرىدا لاۋۇلداپ، مۇستاپا چوقاي تەسىس قىلغان تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى نۇسخىسى-شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلدى. قەشقەردە قۇرۇلغان بۇ جۇمھۇرىيەت پارىژدا سىياسىي ھىجرەتتە ياشاۋاتقان قازاق پەرزەنتى مۇستاپا چوقاينىڭ ئۈمىد شاملىرى ئۆچەي دەپ قىلىپ، خىرەلىشىۋاتقان قەلبىنى يورۇتقان شۇنىڭدەك ئۆزى تاللىۋالغان غايىنىڭ ھامان بىر كۈنى رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرگەن ئىدى.

## 2. ئورتاق تۈركىستان ئارزۇسىنىڭ تۇنجى رىيالى

ئەسلىدە رۇسىيە دۇماسىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن تەيىنلەنگەن ئەزاسىلىق سالاھىيىتى بىلەن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، مەلۇم دەرىجىدە سىياسىي كۈرەش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان قانۇنشۇناس مۇستاپا چوقاي ھەم ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرى تاشكەنتتىكى كوممۇنىستلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قەتئىي بويسۇنماي، 1917-يىلى، 9-12-دېكابىر كۈنلىرى، «شوراى ئىسلامىيە» تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوقان شەھىرىدە 4-قېتىملىق تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. بۇ قۇرۇلتايغا ھەر قايسى جايلاردىن 200 دىن

ئارتۇق ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ئاۋاز بېرىشى بىلەن تۈركىستان مۇختارىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى تاشكەنتنى مەركەز قىلغان تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ھازىرقى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان ۋە قازاقىستاننىڭ بىر قىسمى كىرگەن بولۇپ، ئەمما، 1865-يىلى تۈركىستان گېنېرال گۇبېرناتورلۇقى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن تاكى 1918-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىستان ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىدىن باشقا يەنە بۇخارا رايونىنى ئىدارە قىلىدىغان بۇخارا ئەمىرلىكى، خارەزم رايونىنى ئىدارە قىلىدىغان خىۋە خانلىقى مەۋجۇت بولۇپ، قالغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئوبلاست تەسىس قىلىنغان. يۇقىرىقى ئىككى خانلىق رۇسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بولۇپ، چار رۇسىيىنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدىكى ھاكىمىيەتلەر ئىدى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى خانلىقنىڭ تاشقى ئالاقىلىرىنىلا كونترول قىلغان بولۇپ، ئىچكى ئىشلىرىغا، ئىدارە شەكىللىرىگە ئارىلاشمايتتى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەخەسسىسى غاپپاروفنىڭ مەلۇماتىچە، 1913-يىلىدىكى رۇسىيىنىڭ سانلىق مەلۇماتى بويىچە ئالغاندا، بۇخارا ئەمىرلىكى ۋە خىۋە خانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان پۈتۈن تۈركىستان ئاھالىسى 9.5 مىليون بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركلەر 88.4% نى، تاجىكلار 6.9% نى، رۇسلار 3،7% نى تەشكىل قىلغان.

يەنە بىر يەرلىك مۇتەخەسسىس شەمشىدىنوفنىڭ مەزكۇر نىسبەتنى مىللەتلەر بويىچە ئايرىشى بويىچە ئالغاندا، بۇ ۋاقىتلاردىكى ئاھالىنىڭ 39.2% نى ئۆزبېكلەر، 19.5% نى قازاقلار، 13.5% نى قىرغىزلار، 9.1% نى تاجىكلار، 4.9% نى تۈركمەنلەر، 1.3% نى قاراقالپاقلار، 1% نى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان. بۇنداق بولغاندىمۇ، تۈركىي خەلقلەر 80% ئەتراپىدا بولۇپ چىقىدۇ.

مۇستاپا چوقاي قاتارلىق تۈركىستان مىللەتپەرۋەرلىرى بىرلىكتە تەسىس قىلغان تۈركىستان مۇختارىيىتى ھۆكۈمىتى مانا شۇنداق ئېتىنىك تەۋەلىك جەھەتتىن تۈركىي خەلقلەر 88% ئىگىلىگەن پۈتۈن تۈركىستانىنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، بۇ زېمىنىدىكى خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان تۈنجى ئۇرۇنۇش ئىدى.

مەزكۇر ھۆكۈمەت قوقاندا قۇرۇلۇپ، شۇ يەرنى بازا قىلغانلىقى ئۈچۈن قوقان ھۆكۈمىتى دەپمۇ ئاتالدى. لېكىن، تۈركىستان مۇختارىيىتى دەپ ئاتىلىش ئادەتكە ئايلانغان ئىدى. 9-12-دېكابىر كۈنلىرىدىكى قۇرۇلتاي نەتىجىسىدە قۇرۇلغان تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە قانۇن ھاكىمىيەت ئورگىنى «ۋاقىتلىق خەلق كېڭىشى» سايلاپ چىقىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا 54 ئادەم ئەزا بولدى، ھۆكۈمەت تەركىبى 12 ئەزادىن تەركىب تاپتى. تۈركىستانلىقلار تاشكەنتتىكى رۇس مىللەتچى كوممۇنىستلىرىغا قارىغاندا، دېموكراتىك بىر ئۇسۇل ھەم چارە قوللانغان بولۇپ، 54 كىشىلىك خەلق كېڭىشىنىڭ 36 نەپەر ئەزاسى يەرلىك مىللەتلەردىن، 18 نەپىرى رۇسلاردىن تەركىب تاپتى.

تۈركىستان مۇختارىيىتى 1918-يىلى، 20-مارتتا رەسمىي پارلامېنت تەسىس قىلىش ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنى خەلق يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق سايلاش، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى مۇسۇلمانلاردىن، ئۈچتىن بىر قىسمىنى باشقا مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەردىن تەيىنلەش قارار قىلىنغان.

تۈركىستان مۇختارىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە دەسلەپتە، رۇسىيە دۆلەت دۇماسىنىڭ سابىق ئەزاسى، ئىنژېنېر، قازاقلاردىن كېلىپ چىققان مۇھەممەدجان تىنىشپايېۋ، مۇاۋىنلىكىگە تاتارلاردىن قانۇنشۇناس ئىسلام شاگاخمەتوۋ سايلانغان .

مۇستاپا چوقاي ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا، ماگدى چانىشېف (تاتار) ھەربىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، ئۆزبېكلەردىن ئەبەيدۇللا خوجا جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىغا، ئاگرونوم ھىدايەتبەك يۇرغۇللى ئاغا يەر ۋە سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىقىغا، ئابىدجان ماخمۇد ئىشلەپچىقىرىش مىنىستىرلىقىغا، قازاقلاردىن قانۇنشۇناس ئابدۇراخمان بەل ئۇرازاي ئىچكى ئىشلار مۇاۋىن مىنىستىرلىقىغا، يەھۇدىيلاردىن سولومون گېرسفېلد مالىيە مىنىستىرلىقىغا، ئۆزبېكلەردىن كىچىك ئېرگەش قوراللىق كۈچلەرنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن.

بۇلاردىن باشقا يەنە، ئابىدجان ماخمۇد قوقان شەھەر ئىچكى ئىشلار ئورنىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، مىر ئادىل مەرغىلان ۋە پەرغانە ۋىلايىتى كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، ناسىرخان نامەنگان ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى رۇسىيە، تۈركىيىدە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رۇسىيىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مەخسۇس قانۇنشۇناسلىق فاكۇلتېتلىرىنى تاماملىغانلار ھەم رۇسىيە دۇماسىنىڭ ئەزاسى بولغانلار بار بولۇپ، ھۆكۈمەت رەئىسى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى تۆمۈر يول ياساش ئىنژېنېرى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئىچىدە زور ئابرۇيى قازانغان ھەمدە قازاق دالاسىغا ۋاكالىتەن رۇسىيە دۇماسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان ئەرباب ئىدى.

لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي قوقان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پىكىر ئىختىلاپ كېلىپ چىققان بولۇپ، ھۆكۈمەت رەئىسى مۇھەممەدجان تىنىشپايېۋ تەرەپدارلىرى بىلەن مۇستاپا چوقاي تەرەپدارلىرى ئارىسىدا تۈركىستان مۇختارىيىتىنىڭ پۈتۈنلەي رۇسىيىدىن ئايرىلىش ۋە ياكى ۋاقىتىنچە رۇسىيە تەركىبىدىكى مۇختارىيەت سۈپىتىدە قېلىش شۇنىڭدەك

تاشكەنتتىكى كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىش ياكى قىلماسلىق مەسىلىلىرىدە پىكىر ئىختىلاپى كېلىپ چىققان.

ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىمۇ بىر ئاز مۇرەككەپ بولۇپ، تۈركىستاننىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى بەلگىلەشتە رۇسىيە، تۈركىيە ۋە گېرمانىيە -ياۋروپا تەرەپدارلىقىنى تۇتىدىغان تۈرلۈك كۆز قاراشلار مەۋجۇت ئىدى .

بۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە جەدىدچىلەر ۋە قەدىمچىلەرنىڭ پىكىر ئىختىلاپىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بولشېۋىكلار ۋە تاشكەنت ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەن رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللەتچىلىككە قارشى مەيدانى ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. ئەمما، بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ زىددىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، مۇستاپا چوقاي ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچىيىشىگە سەلبىي تەسىر يەتكۈزگەنلىكىنى تەنقىد قىلغان.

مۇھەممەدجان تىنىشپايېۋ قاتارلىقلار بولسا، مۇستاپا چوقاي قاتارلىقلارنىڭ تاشكەنتتىكى رۇس كوممۇنىست ھاكىمىيىتىگە قاتتىق مۇئامىلە قىلىشىغا نارازى بولغان، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ بەزى قارارلىرىنىڭ تاشكەنتتىكى رۇس بولشېۋىكلىرى بىلەن ئارىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ دەپ قاراپ، 1918-يىلى، يانۋارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھۆكۈمەت رەئىسلىكىدىن ئىستېپا بەردى.

مۇھەممەدجان تىنىشبايېۋ ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن كېڭەشنىڭ سايلىشى بىلەن مۇستاپا چوقاي ھۆكۈمەت رەئىسى بولۇپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. مۇستاپا چوقاي ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قوقاندىكى تۈركىستان ئىشچى-دېھقانلار قۇرۇلتىيى تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سانكتپېتېربۇرگدىكى سوۋېت مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللىدى. قۇرۇلتاينىڭ مەركەزگە

يوللىغان باياناتىدا مەركەزدىن تاشكەنتتىكى چەتئەللىك ھەربىي كۈچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان سوۋېت خەلق كومىسسارلىرىنى تارقىتىۋېتىش تەلەپ قىلىنغان .

بىراق، ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبىرى يوسىف ستالىن ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ، «يەرلىك كىشىلەر ئۆز ئىچكى ئىشلىرىدا مۇختارىيەتكە ئىگە، ئەگەر تۈركىستاندىكى دېھقان ۋە ئىشچىلار قوراللىق كۈچكە ئىگە بولساڭلار، چەتئەللىك دەپ بىلگەن تاشكەنت سوۋېت خەلق كومىسسارلىرىنى تارقىتىڭلار» دەپ قورالسىز تۈركىستانلىقلارنى قوراللانغان مۇنتىزىم كۈچكە ئىگە تاشكەنتتىكى بولشېۋىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ ستالىننىڭ تاكتىكىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ھېچقاچان تاشكەنتتىكى بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى خالىمايتتى .

مۇستاپا چوقاي تەرەپدارلىرى بىر تەرەپتىن لېنىن قاتارلىقلارنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش چاقىرىقلىرىغا ئىشەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن رۇسىيە كوممۇنىستلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان كادىرلار قوشۇنى جەھەتتىن تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، ھەربىي-ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئاجىز ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى نەزەرگە ئېلىپ، ۋاقتىنچە رۇسىيە دېموكراتىك فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى تەركىبىدە تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، «تولۇق مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئاسان ئەمەس، چۈنكى، بۇنىڭ ئۈچۈن كادىرلار يوق ۋە تەجرىبە يوق، ئەڭ مۇھىمى كەلگۈسى مۇختارىيەتنى قوغدايدىغان ئارمىيە يوق. رۇسىيە گەرچە ئاجىزلاشقاندەك بولسىمۇ، لېكىن بىزدىن ناھايىتى كۈچلۈك. بىز رۇسىيە بىلەن تىنىچ ۋە دوستانە ئۆتۈشىمىز لازىم. بۇنى جۇغراپىيىمىز بەلگىلىمەكتە. مەن

سوۋېتلەرنىڭ سىياسىتىنى قوبۇل قىلمايمەن، ئەمما بولشېۋىكلارنىڭ ۋەيران قىلىش كۈچىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن» دېگەن .

بىراق، قوقان ھۆكۈمىتى تۈركىستانىنىڭ تەقدىرى ۋە تاشقى سىياسىي يۆنىلىشى، سوۋېت كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىگە قانداق مۇئامىلە تۇتۇش مەسىلىسىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن سىياسىي يۆنىلىشكە ئىگە بولالمىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا «شوراي ئۆلەما» نامىلىق جەدىدچىلەرگە قارشى، قويۇق دىنىي پىكىرگە ئىگە تەشكىلات تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى تەركىبىگە كىرىشنى رەت قىلىپ، تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئاممىۋى جەھەتتىن ئاجىزلىشىشىدىكى ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بىراق، تۈركىستان مۇختارىيىتى تۈركىستاندىكى كەڭ خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، 1917-يىلى، 13-دېكابىر كۈنى تاشكەنتتە تۈركىستان مۇختارىيىتىنى قوللاش نامايىشى بولغاندا، كوممۇنىستىك ھۆكۈمەتنىڭ ئوقىغا تۇتۇپ، باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان. چوقاي بۇ كۈننى ماتەم كۈنى قىلىپ بېكىتكەن .

ھەر تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى نەزەرگە ئالغان مۇستاپا چوقاي باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت 1918-يىلى، مارت ئېيىدا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق پارلامېنت تەسىس قىلىش ۋە پارلامېنت تەركىبىگە يەرلىك مۇسۇلمان خەلقلەر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىنىمۇ كىرگۈزۈپ، تۈركىستاندا تۇنجى پارلامېنت ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى پىلانلىدى. بىراق، تۈركىستان مۇختارىيىتىنىڭ تاشكەنتتىكى كومىسسارلار سوۋېتىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۆز ئالدىغا پۈتۈن تۈركىستاننى بىرلىككە كەلتۈرگەن بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئىنتىلىشى رۇسىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. تاشكەنتتىكى كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى مۇستاپا چوقاينى تۈركىستان مۇختارىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە بويسۇنۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئالىي مەرتىۋە بېرىدىغانلىق ھەققىدە يۇمشاق ۋە قاتتىق چارىلەرنى

قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى رەت قىلدى .

## 3.قەتئىي تىز پۈكمەي ئۆلۈش ــ تۈركىستان مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ تاللىۋالغان يولى

تاشكەنتتىكى رۇس بولشېۋىكلىرى مۇستاپا چوقايدىن ئۆزلىرىنى تۈركىستاننىڭ قانۇنىي ھۆكۈمىتى دەپ تونۇش، قوقان ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قوللاردىكى قورال-ياراقلارنى يىغىشتۇرۇپ تاپشۇرۇش، مۇستاپا چوقاينىڭ دەرھال تەسلىم بولۇشى ھەققىدە قوقان ھۆكۈمىتىگە ئۇلتۇماتۇم تاپشۇردى. بىراق، چوقاي بۇ ئۇلتۇماتۇمنى قەتئىي رەت قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا تاشكەنتتىكى قىزىل ئارمىيە قوقان شەھىرى بوسۇغىسىغا يېتىپ كېلىپ، شەھەرنى قاتمۇ-قات قورشاۋغا ئالغاندىن كېيىن، ئاخىرقى قېتىم تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى بىكار قىلىشقا، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. مۇستاپا چوقاي، ھېچقانداق مۇنتىزىم قوراللىق كۈچكە ئىگە بولمىغانلىقىغا قارىماي، ئىلغار قوراللار ۋە توپ زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ۋە پىيادە قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ھەيۋىسى ئالدىدا ئوخشاشلا تىز پۈكمىدى. ئۇ، تەسلىم بولۇش ۋە رۇس بولشېۋىكلىرىنىڭ تۈركىستانلىقلار ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن بىر مىللىي خىيانەت دەپ بىلدى.

لېنىن ۋە ستالىن قاتارلىق سوۋېت بولشېۋىكلىرىنىڭ دەسلەپكى ئازادلىق ۋەدىلىرىگە ئۈمىد باغلىغان تۈركىستان مۇختارىيەتچىلىرى قوقان شەھىرىدە يۈكسەك ئارزۇ-ئارمانلىرى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىۋاتقان پەيتتە، لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت رۇسىيىسى ھۆكۈمىتى تۈركىستان مۇختارىيەت

ھۆكۈمىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولۇپ، مەخپىي تۈردە تاشكەنتتىكى بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىگە ھەربىي كۈچلىرىنى ئەۋەتىپ، تۈركىستان مۇختارىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. موسكۋا 11 پويىزدا زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان قىزىل ئارمىيە قوشۇنىنى تاشكەنتكە ئەۋەتتى. موسكۋادىن كەلگەن مەزكۇر زور قوشۇن تاشكەنتتىكى قىزىل ئارمىيە قوشۇنى ۋە ئەرمەنلەرنىڭ يەرلىك قورallıق گۇرۇپپىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، 1918-يىلى، 9-يانۋار كۈنى گېنېرال ئوسىپوۋنىڭ قوماندانلىقىدا قوقانغا ھۇجۇم باشلىدى. 29-يانۋار كۈنى قوقان ۋەيران قىلىندى، ئەينى ۋاقىتتىكى قوقان ئاھالىسى 150 مىڭ بولۇپ، پەقەت 60 مىڭ ئادەم ئېشىپ قېلىپ، قالغانلىرى ئۆلدى ۋە ياكى قېچىپ كەتتى، ھەتتا 4-7-فېۋرال كۈنلىرىدىكى جەڭلەردىلا 15 مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. قىزىل ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگەن ئەرمەنلەر شەھەردە چوڭ قەتلىئام ئېلىپ باردى.

قىزىل ئارمىيىنىڭ ھۇجۇملىرىدا قوقان شەھىرىدىكى كۆپلىگەن بىنالار، باسمىخانا، دوختۇرخانا، مەسچىت ۋە مەدرىسە قاتارلىقلار ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. قوقان شەھىرىدىكى 11 مىڭ قورا-جاي، 37 مەسچىت،11 مەدرىسە ۋە بانكا، ماگازىن، سودا دۇكانلىرى ۋە بازارلار ھەم مەكتەپلەر كۆيۈپ كۈلگەن ئايلانغان. شەھەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى خارابىغا ئايلانغان.

«ئۇلۇغ تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 1918-يىلى، 2-ئاپرېلدىكى سانىدا «ھازىر مىڭلىغان قوقانلىقلار كىيىم-كېچەكسىز، يېمەكسىز ۋە قانسىز ھالەتتە قالدى بۇنداق ئەھۋال ھەتتا ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ بولمايدۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ ئېنىق سانى مەلۇم ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئادەملەر ئەسىرگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئەزالىرىمۇ بار» دەپ يېزىلغان .

قوقان ھۇجۇمىدا بولشېۋىكلار زەمبىرەكلەرنى ئىشقا سېلىپلا قالماستىن

بەلكى يەنە ئايروپىلانلارنى ئىشقا سالغان. نەتىجىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق تىنچ ئاھالە ئۆلگەن.

ئۈچ كۈنگە سوزۇلغان قاتتىق بومباردىمان، ھۇجۇم ۋە كوچا جەڭلىرىدىن كېيىن قىزىل ئارمىيە قوقان شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك قىرغىن ئېلىپ باردى. قوقان شەھرىدە ئېلىپ بېرىلغان قەتلىئام ۋە ۋەيران قىلىشنىڭ نەقەدەر دەھشەتلىك بولغانلىقىنىڭ ئىپادىلىرىنى ئەلىخان تۆرە ساغۇنىمۇ ئۆزىنىڭ ۋەقە يۈز بېرىپ بەش-ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن قوقانغا قىلغان سەپىرىدە كۆرگەن ۋە ھېس قىلغانلىقىنى خاتىرىلەش بىلەن مەزكۇر قىرغىنچىلىقنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى چىڭگىزخان ئىستىلاچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان ۋەيران قىلىشىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ .

شۇ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، قوقاننىڭ ئاھالىسى بىراقلا ئازلاپ كەتكەن بولۇپ، قوقاننىڭ ئاھالىسى 1897-يىلى، 120 مىڭ بولغان بولسا، 1926-يىلى 69 مىڭغا چۈشۈپ قالغان.

قوقاننىڭ ۋەيران قىلىنىشىغا ئائىت ماتېرىياللاردا قوقاننىڭ زادى قاچان ئېلىنغانلىقىنىڭ كۈنى ئېنىق ئەمەس، بەزىدە رۇسلارنىڭ ھۇجۇمىنىڭ 6-فېۋرالدا باشلانغانلىقى يېزىلىدۇ. بېزىلەر 9-يانۋاردا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرىدە قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ئاخىرقى قېتىم قوقان شەھرىگە 19-فېۋرال ھۇجۇم قىلغانلىقى، ئېرگەشكە تەسلىم بولۇش ئۇلتۇماتۇمى تاپشۇرۇلغاندا ئۇنىڭ رەت قىلغانلىقى ھەمدە 22-فېۋرال كۈنى ئۇلارنىڭ تەل-تۆكۈس يوقىتىلغانلىقى يېزىلىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، رۇس قىزىل ئارمىيىسى قوقان ھۆكۈمىتىنى دەسلەپتە تارمار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئېرگەش باشچىلىقىدىكى قالدۇق كۈچ ئاخىرغىچە قوقاننى قوغداپ، ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئېرگەش كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇزۇنغا سوزۇلغان قوراللىق قارشىلىق ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

قوقاننى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان مەزكۇر ئۇرۇش بولشېۋىكلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق ئەڭ دەھشەتلىك، ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك ھەربىي ھۇجۇمى بولۇپ، ئۇنىڭ دەھشىتىدىن ھەتتا لېنىنمۇ ئەپسۇسلىنىشقا مەجبۇر بولغان، گەرچە ئۇ ئاستىرتىن تاشكەنت كوممۇنىستلىرىنى قوللاپ، تۈركىستان مۇختارىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ، بىراق ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشقا ئاشۇرۇلغان بۇ دەھشەتلەرگە كۆز يۇمۇشقا ئامالسىز قالغان. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە كوممۇنىستلار تېخى پۈتۈن رۇسىيىدە غەلىبە قازانمىغان ئەھۋال ئاستىدا كوممۇنىستلارنىڭ خەلق ئىچىدە مەلۇم ئابرۇيغا ئىگە بولۇشىنى خالايتتى خالاس. لېنىننىڭ 1918-يىلى، ئاپرېل ئېيىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە تۈركىستان كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى پ. ئا. كوبزوۋغا يازغان خېتىدە «تاشكەنت كوممۇنىستلىرى سوتسىيالىست-ئىنقىلابچىلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا دۆتلەرچە قىلىق قىلدى. جۈملىدىن ئۇلار ئۆزلىرى بىلمەيدىغان پۈتۈنلەي سوتسىياللاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ئۇرۇش بىلەن بۇخارا ئېلىنىپ، نومۇسلۇق كولېسوف تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈلدى. ئەنجانلىق داشناقلار بىلەن، يەنى ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالچىلار بىلەن ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمۇ تۈزۈلۈپ، قوقاننى گۇمران قىلدى...» دەپ يېزىش ئارقىلىق تۈركىستاندىكى رۇس بولشېۋىكلىرىنى تەنقىد قىلغان ئىدى .

مۇستاپا چوقاي باشلىق بىر قىسىم ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قېچىپ قۇتۇلدى. زور كوپ سانلىقى كوممۇنىستلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. گەرچە بولشېۋىكلار تۈركىستان مۇختارىيىتىنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن تاكى 1930-يىللارغىچە بولغان ئون نەچچە يىللىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتى تۈركىستان خەلقىنىڭ قوراللىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى «باسمىچىلار»

ھەرىكىتى دەپ ئاتاپ، بۇ ئومۇمىي خەلق قوراللىق ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن م. فرۇنزىنىڭ قوماندانلىقىدا 200 مىڭ ئەتراپىدا قىزىل ئارمىيە ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشقا سالدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قىزىل ئارمىيە بۇخارا تەۋەلىكىدە ئەنۋەر پاشا قوشۇنلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقلىرىغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئاتالمىش باسمىچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈچى تاكى 1930-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە قىزىل ئارمىيىنى پاراكەندە قىلدى. ئاخىرقى قوراللىق ئۆزبېك، قىرغىز ۋە باشقا خەلق پىداكارلىرى پامىر ـ تەڭرى تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىپ، 1931-1934-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا داۋاملاشقان مىللىي ئىستىقلالىيەت ئىنقىلابىغا ئىشتىراك قىلدى. قىرغىزلاردىن چىپاق قازى ۋە جانىبەك، ئۆزبېكلەردىن سېيىتۋالدىجان ۋە يۈسۈپجان قۇر بېشى قاتارلىقلار ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەسكەر ۋە كوماندىرلىرى شۇنىڭدەك شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ئىشتىراك قىلغان بىر قىسىم مەمۇرىي ۋە مەدەنىي-مائارىپ ھەم باشقا ساھەدىكى ئۆزبېكلەر ئەنە شۇ تۈركىستان مۇختارىيىتىنى كۆرگەن ۋە سوۋېت رۇسىيىسىنى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنى ھېسابلىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى ھاياتلىق ۋە قۇتۇلۇش يولى دەپ ھېسابلىغان ئىدى. ستالىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى يوقىتىشى ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ تۈركىستان مۇختارىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق تەسىرىنى تازىلاشتىن ئىبارەت ئىدى خالاس! سوۋېت رۇسىيىسى غەربىي تۈركىستاندا تۈركىستان ئاتالغۇسى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى دۈشمەن ئاتالغۇ كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ، بۇ يۇرتنى ئاران تىنجىتقان چاغدا، قوشنا شەرقىي تۈركىستاندا مەزكۇر ئاتالغۇ بىلەن يېڭىدىن تۈركچىلىك ۋە ئىسلامىي ئىدىيە بىلەن قوراللانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ستالىنىنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىنى قوبۇل قىلغان بىر ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟

# خاتىمە

تۈركىستان مۇختارىيىتى تارىخ سەھىپىسى كىرىپ كېتىش بىلەن تاللىغان يولىدىن يانماي، 13 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ياۋروپا تۇپراقلىرىدا يەنىلا شۇ غايىسى يولىدا سىياسىي تەشۋىقات كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرغان مۇستاپا چوقاي باشلىق تۈركىستان كۈرەشچىلىرى 1917-يىلىدىكى ئۆزلىرىنىڭ 64 كۈنلۈك ئۆمرى قىسقا ھۆكۈمىتىنى سېغىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى ساددىلارچە مۇختارىيەت يولىنى تاللىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈرەش مۇساپىسى ۋە ئاخىرقى غايىسى ھەققىدە مۇنداق خۇلاسە چىقارغان «تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى يىقىلدى، بۇنىڭ بىلەن تەڭ مۇختارىيەت پىكرى يىقىلدى، يوقالدى. بۈگۈن يالغۇز ئىستىقلال، مۇستەقىل تۈركىستان پىكرى ھاكىمدۇر.»

مۇستاپا چوقاي باشلىق ئورتاق تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ كۈرەشلىرى گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ دۇنياۋى ئۇرۇشقا تۇغرا كەلدى. ئۇلار گىتلېرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كونا دۈشمىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋەيران قىلىۋاتقان مەنزىرىسىدىن قانچىلىك ھۇزۇرلانغانلىقى نامەلۇم. بىراق، ئورتاق تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت سوۋېت ئىتتىپاقى ئەشەددىي ئۆچ كۆرىدىغان بىر ئىدىيىنىڭ مەۋجۇتلۇقى گىتلېرنى تېخمۇ بەكرەك ھوزۇرلاندۇرغانلىقى مەلۇم. 1941-1945-يىللىرى گىتلېر گېرمانىيىسى بۇ ئىدىيىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزۈل-كېسىل گۇمران قىلماقچى بولۇپ، بىر قانچە يۈز مىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىق، كاۋكازىيىلىك، ئىدىل-ئۇراللىق تۈركىي قېنىغا مەنسۇپ ئەركەكلەردىن قوشۇن تەشكىللىگەن، مۇستاپا چوقاي، ۋەلى قەيۇمخان قاتارلىق ئەربابلار گىتلېرنىڭ ياردىمى ئاستىدىكى كەلگۈسى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى كۆرىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇستاپا چوقاي ھەر قانداق

ئىرقچى ھۆكۈمەتتىن ھېچقاچان ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى ئالدىن ھېس قىلغان بولسىمۇ، بىراق تاكى ھازىرغىچە ئېنىق بولمىغان سىرلىق ئۆلۈم تۈپەيلىدىن بۇ دۇنيادىكى كۈرەشلىرىدىن ئايرىلغان ئىدى .

مۇستاپا چوقاي قاتارلىق تۈركىستان ئەزىمەتلىرى بۇنىڭدىن 90 نەچچە يىل ئىلگىرى بىر-بىرىنى ئېتىنىك جەھەتتىن ھېچ ئايرىماي، ئورتاق بىر دۆلەت ئۈچۈن كۈرەش مەيدانىغا چىقىپ، ئۆزلىرىدىن كۈچلۈك رەقىپلىرىگە تىز پۈكمەي، ئۇلارنىڭ توپ-زەمبىرەكلىرى ئاستىدىكى تەسلىم بولۇش ئولتۇماتوملىرىنى رەت قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئۆلۈم ۋە خانىۋەيرانچىلىق يولىنى تاللىۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق غايىسى ئورتاق تۈرك بايرىقى ئاستىدا ئەمەس، ئايرىم ـ ئايرىم مىللىي بايراقلار ئاستىدا ئەمەلگە ئاشقان بۇ كۈنلەردە «مەن پالانچى، سەن پوكۇنچى، سېنىڭدىن مەن ئۇلۇغ، سەن كىم، مەن كىم؟ مەھمۇت قەشقىرى بىزنىڭ، ناۋايى بىزنىڭ، بىز ماناسنىڭ ئەۋلادى، بىز ئەمىر تىمۇرنىڭ ئەۋلادى، ئاباي بوۋىمىز ئەڭ ئۇلۇغ، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىز نوچى» دېگەن تار ۋە مەھەللىۋى مىللەتچىلىكلەر ئەۋجى ئالدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى مەزكۇر رېئاللىقى بۇ خەلقلەرنىڭ تېخى ئاشۇ 90 يىل ئىلگىرى تۈركىستان مۇختارىيىتىنى قۇرغان ئەجدادلىرىچىلىك ئىلغارلىقتا، ئالىي چۈشەنچىگە ۋە ئاڭ-تەپەككۇرگە يېتەلمىگەنلىكى، بەلكى 21-ئەسىرگە خاس يېڭىلىقلاردىن بەھرىمەن بولسىمۇ، بىراق 80-90 يىللار ئىلگىرى مەنىۋى سەۋىيىسىدىن يىراقلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە قازاقلار مۇستاپا چوقاينى سېغىنماقتا ۋە ئۇنى ئۇلۇغلىماقتا. 21-ئەسىر قازاقلىرى مۇستاپا چوقاينى ئۇنىڭ غايىسى ۋە ئىدىيىسىگە خىلاپ ھالدا، ئۇنىڭ بۈگۈنكى مۇستەقىل قازاقىستاننى ئارزۇ قىلغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلغان قازاق مىللەتچىسى سۈپىتىدە چۈشەندۈرمەكتە.

تۈركىستان مۇختارىيىتى ئەمەلىيەتتە تۈركچىلىك ئىدىيولوگىيىسىنىڭ

تۇنجى قېتىم سىياسىي مەۋقە بىلەن مەيدانغا چىقىپ، مەزكۇر ئىدىيە ئاستىدا بىر ھاكىمىيەت قۇرۇش تەجرىبە-سىنىقىدىن ئىبارەت. چوقاي ئېيتقاندەك ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلىدىغان كەڭ كادىر كۈچىنىڭ بولماسلىقى، بولۇپمۇ، ئۆزىنىڭ زامانىۋى ھەربىي قوشۇنىنىڭ بولماسلىقىدىن ئىبارەت بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىستان خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي-سىياسىي ئاڭ جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىقى، خەلقتە ئومۇمىي يۈزلۈك تۈركچىلىكنى ئاساس قىلغان مىللەتپەرۋەرلىك ئىدېئولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىپ بولۇنمىغانلىقى، ئەكسىچە مەھەللىۋى كىملىك ۋە زىددىيەتلەرنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە موسكۋا ۋە تاشكەنتتىكى ھەربىي-سىياسىي كۈچى بار كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى مەزكۇر ھاكىمىيەتنىڭ خەلق ئىچىدە كەڭ يىلتىز تارتىشى، ئۆز ئىدىيىلىرىنىڭ كەڭ تەشۋىق قىلىپ، خەلقتە بۇ خىل مىللىي ئىدېئولوگىيىنىڭ ئومۇملىشىش ھەمدە دىنىي ئىدىيە ۋە كىملىك بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن مەزكۇر ھۆكۈمەتنى تېز يوقىتىش ئىستراتېگىيىسى بەلگىلىگەن ئىدى.

يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، تۈركىستان مۇختارىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىدىكى يەنە بىر رېئال سەۋەب شۇكى، ھۆكۈمەت تەركىبىدە ھەر خىل يۆنىلىش ھەم ھەر خىل چەتنىڭ كۈچىگە تايىنىش تەرەپدارلىرى بار ئىدى. بۇ پىكىرلەر دائىم توقۇنۇشقان بولسا، يەنە جەدىدچىلەر ئېقىمى بىلەن ئەنئەنىچىلەر جۇملىدىن «شوراي ئىسلامىيە» بىلەن «شوراي ئۆلەما» پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، ئىككىنچىسى ھۆكۈمەتنىڭ پائالىيەتلىرىگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى.

مۇستاپا چوقايمۇ بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ زىددىيىتىنىڭ تۈركىستان مۇختارىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى سەلبىي ئامىل بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى.

مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر تۈركىستان مۇختارىيىتى

ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق رەسمىي رەۋىشتىكى ئۇرۇنۇشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ باسقان ئىزى ۋە غايىسى گەرچە ئۇ تۇنجۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، تاكى 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا «باسمىچىلىق» دەپ نام بېرىلگەن مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە، 30-40-يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابلىرىغا مىراس بولۇپ قالدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ غايىسى 40-يىللاردىكى دۇنياۋى ئۇرۇش ئېقىمىغىمۇ كىرىپ كەتكەن بولسا، 90-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىپ مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مىللىي ئىدىيىلەرنى تىكلىشىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، بۈگۈنكى بىر قىسىم قۇدرەتلىك بولۇشنى خالايدىغان تۈرك دۇنياسى رەھبەرلىرى ھەم ئاشۇ كونا ئىدىيىنى سىغىنىدىغان ھەم ئۇنى چەتكە قاقمايدىغان بىر قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا زىيالىيلىرى ئورتاق تۈركىستاننىڭ ۋە ياكى ئورتاق تۈرك دۇنياسىنىڭ يېڭىچە، زامانغا خاس مودېللىرىنى ئىزدىمەكتە. بۇ يولنى ئەڭ غەربتە مۇستافا كامال ئاتا تۈركتىن، ئەڭ شەرقتە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، مەسئۇد سەبىرى ۋە ئەيسا ئالىپتېكىنغىچە ، كاۋكازىيىدە ئەلچىبەيدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام كەرىموف ۋە نۇرسۇلتان نازارباييېفقىچە بولغان رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نۆۋەت بىلەن بېسىپ باقتى ھەم ئۇرۇنۇپ باقتى. نازارباييېف گەرچە ئاشكارا ھالدا ئۆزىدىن 90 يىل ئىلگىرى بۇ سىناقنى قىلغان مىللەتدىشى مۇستافا چوقاينى بۈگۈنكى كۈندە ئاشكارا ۋە رەسمىي يوسۇندا مەدھىيىلەپ باقمىغان بولسىمۇ، بىراق چوقاينىڭ غايىسىنىڭ باشقا بىر خىل، يېڭىچە ۋارىيانتى- «مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ، ئورتاق پۇل چىقىرىش، ئورتاق چېگرا، ئورتاق مۇداپىئە ۋە ئورتاق بازا ھەم بايلىقلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، 50 نەچچە مىليون نوپۇسلۇق قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى .

نۇرسۇلتان ئەبىش ئوغلى تېخى ھايات تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆچۈن ئورنىتىلغان ئەنقەرەدىكى چوڭ ھەيكەلنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىدا پرېزىدېنت ئابدۇللا گۈلنىڭ ئۇنىڭ «تۈرك دۇنياسى ئۆچۈن قوشقان تۆھپىسى» نى مەدھىيىلىشى بىكار بولمىسا كېرەك ؟ !

ئاچچىق تارىخىي ئەسلىمىلەر ۋە مۇساپىلەر «بۆلۈنگەننى بۆرە يەيدۇ» دېگەن ئاتالار سۆزىنىڭ پەقەتلا بىرلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەسلىكى، بەلكى ئۇنىڭ بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ ئۇلگىلىك ماقال-تەمسىلى ئىكەنلىكى، ئەپسۇسكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەزكۇر ئاتالار سۆزىگە دائىم خىلاپلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئەسكە سالىدۇ.

## پايدىلانمىلار:

ئو. ۋولوبېيېۋ. كېڭەشلەرنىڭ رۇسىيە جۇمھۇرىيىتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغىچە. Rusmeprie.ru

ئو. ۋولوبېيېۋ. شۇ ماقالە.

مىخائىل كالشېۋسكىي. بولشېۋىكلارنىڭ خارەزىم تەجرىبىسى. Ferghana.ru (رۇسچە)

باخىت سادىقوف. تۈركىستان جەدىدلىرى، 2-باب. كونتىنېنت ژۇرنىلى. (قازاقىستان. رۇسچە)

ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ خاتىرىلىرى. تارانچى كومىتېتى. ئا. م. روزىباقىيېۋ. م. روزىباقىيېۋا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى. 1987. ئالمۇتا.87-بەت (ئۇيغۇرچە)

شۇ كىتاب.87-88-بەتلەر.

شۇ كىتاب.88-بەت

شۇ كىتاب. 88-بەت

شۇ كىتاب.87-بەت.

ئا. روزىباقىيەۋ، بۇرھان قاسىموف. ئالمۇتا. 1992-يىلى، 18-بەت

ئا. روزىباقىيەۋ، بۇرھان قاسىموف. ئالمۇتا. 1992-يىلى، 19-بەت

ئا. روزىباقىيەۋ، م. روزىباقىيەۋا، شۇ كىتاب.88-بەت

شۇ كىتاب.84-بەت

م. رۇزىيەۋ. قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى. ئالمۇتا، «قازاقىستان» نەشرىياتى.1976. 124-بەت. (رۇسچە)

م. رۇزىيېۋ. شۇ كىتاب. 129-بەت

مۇستاپا چوقاي ھەققىدە يېزىلغان ۋىكىپەدىيا ئېنسىكلوپېدىيىسىدىكى مەلۇماتتىن ئېلىندى .

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا. شەرقىي تۈركىستان تارىخى.370-378-بەتلەر.

مىخائىل كالىشىۋسكىي. بولشېۋىكلارنىڭ خارەزىم تەجرىبىسى. Ferghana.ru (رۇسچە)

ك. ئا. گافۇروف. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىنتېرناتسىوناللىق ئىتتىپاقلىق ئۇچۇن كۈرەشلىرى.1917-1924-يىللىرى. موسكۋا.1972.21-22-بەتلەر.

ر. ت. شامسۇتدىنوۋ. ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېتلار ۋە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى،1917-1925 يىللىرى// تارىخ مەسىلىسى ژۇرنىلى، 1986. 3

ياش تۈركىستان مەجمۇەسى. 1930-يىلى، دېكابىر، 13-سان، ئىستانبۇلدىكى يېڭى تويلام نەشرى.6-بەت. پروف. در. ئاھات ئاندىجانى. چەتئىلدىكى باغىمسىزلىق ھەرىكىتى. تۈركىستان مۇجادەلەسى. ئىستانبۇل.2003. 43-بەت

سالاۋات ئىسخاكوۋ. 1917-يىلىدىكى مەركىزىي ئاسىيادىكى رۇس ئىنقىلابى ۋە تۈركلەر. ترانسكاسپى مەجمۇەسى.26-نويابىر.2000-يىلى.(رۇسچە)

بۇ كىشىنىڭ مىللىي كىملىكى بىراق ئېنىقسىز. ئەلىخان تۆرە ساغۇنى ئۇنى پولەك مۇسۇلمانلىرىدىن دەپ يازىدۇ. ئەلىخان تۆرە ساغۇنى. تۈركىستان قايغۇسى. توشكەنت.2003. شەرق نەشرىياتى. 54-بەت

شۇ ماقالە ۋە ياش تۈركىستان مەجمۇئەسى. 1930-يىلى، 13-سان. 6-بەت.

سالاۋات ئىسخاكوۋ. شۇ ماقالە ۋە دەۋلەت تىنىشپايەۋنىڭ «مۇھەممەدجان تىنىشبايەۋ. قازاق خەلقىنىڭ تۇنجى ئىنژېنېرى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىگە قارالسۇن. www.tynyshpayev.kz

شۇ ماقالە.

باخىت سادىقوف. تۈركىستان جەدىدلىرى، 2-باب. كونتىنېنت ژۇرنىلى.( قازاقىستان. رۇسچە)

تارىخىي ئەسلىمىلەر. ياش تۈركىستان. 1930-يىلى، 13-سان. دېكابىر .

ياش تۈركىستان، 13-سان .

باخىت سادىقوۋ، مۇستاپا چوقاي. ئالماتا ،2004-يىلى نەشرى، ۋىكەپەدىيادىكى مۇستاپا چوقاي ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشقا قارالسۇن. (رۇسچە)

سالاۋات ئىسخاكوۋ.. تۈركىستان قوقان ئاپتونومىيىسى (1917-1918) www.forum.turan.info

ياش تۈركىستان. 13-سان .

تۇرار رىسقۇلوۋ. تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقى ۋە ئىنقىلابى. تاشكەنت.1925-يىلى. بۇ ئۇچۇر تۈركىستان مۇختارىيىتىگە ئائىت بىر قىسىم ماقالىلەردە ئەسلىتىلىدۇ.

رۇسىيىدىكى گىراژدانلار ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى مىللىي مەسىلە.
http://bril2002.narod.ru/gr_pat1.html

پىروف. در. ئاھات ئاندىچانى. چەدىدىزمدەن باگىمسىزلىگا ھارىچتە. تۈركىستان مۇچادەلەسى. ئىستانبۇل.2003. 46-بەت

سالاۋەت ئىسخاكوۋ، تۈركىستان قوقان ئاپتونومىيىسى (1917-1918)

ر. ئابدۇللايېۋ. زىددىيەتلىك تارىخىي خىرونىكا. شەرق يۇلتۇزى. 1995-يىلى 11-12-سان.201-بەت (ئۆزبېكىستان)

سالاۋات ئىسخاكوۋ.. تۈركىستان قوقان ئاپتونومىيىسى (1917-1918)
www.forum.turan.info

ئەلىخان تۆرە ساغۇنى. تۈركىستان قايغۇسى. توشكەنت. 2003. شەرق نەشرىياتى. 54-بەت

رۇسىيىدىكى گىراژدانلار ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى مىللىي مەسىلە .
http://bril2002.narod.ru/gr_pat1.html.

ئى. ۋ. پوگورەلسكىي. خىۋە ئىنقىلابى ۋە خارەزىم خەلق سوۋېت جۇمھۇرىيىتى.1917-1924-يىللىرى www.kungrad.com

ياش تۈركىستان. 13-سان.1930-يىلى، 8-بەت

2010-يىل 8-ئاي

# نەبجان تۇرسۇن ئەسەرلىرى

## 1 - توپلام

**2010 - يىل 8 - ئايدا تۇنجى قېتىم رەتلەندى.**

**2010 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تارقىتىلدى.**